ئۇيغۇر هازىرقى زامان پوۋېستلىرىدىن نەمۇنىلەر



# تاش شەھەردىكى ئايال

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تاش شەھەردىكى ئايال

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: ئابلىمىت ئوسمان

ISBN 978-7-228-15446-3

定价 :37.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

ئۇيغۇر هازىرقى زامان پوۋېستلىرىدىن نەمۇنىلەر

رەيھان

# تاش شەھەردىكى ئايال

(پوۋېستلار)

تۈزگۈچى: شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

城市女人的故事：维吾尔文/新疆作协编．一 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.5
(维吾尔中篇小说精选)
ISBN 978－7－228－15446－3

Ⅰ.①城 … Ⅱ.①新 … Ⅲ.①中篇小说 一 小说集 一 中国 一 当代 一 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 097610 号

| | |
|---|---|
| 策　　划 | 阿地力江·阿不都沙拉木 |
| 责任编辑 | 古丽巴哈尔·艾海提 |
| 责任校对 | 热娜古丽·阿不力米提 |
| 特约校对 | 万里·再顿 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆翼百丰印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米 32 开本 |
| 印　　张 | 14.75 |
| 版　　次 | 2012 年 8 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2012 年 8 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 册 |
| 定　　价 | 37.00 元 |

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


قۇملۇقنىڭ چۇشى ..................... خالىدە ئىسرائىل 1

ئايتولۇن ........................ زۇلپىيە كۆلتېگىن 70

تاش شەھەردىكى ئايال ................ گۈلباھار ناسىر 177

ناتىۋان مەھبۇس ..................... ماھىنۇر ئابدىلىم 226

ئازغان ئايال .................... مېھرىگۈل ئابلىز 269

ھىجران ......................... ھەبىبە مۇھەممەد ئەيسا 331

كۆڭۈل تىنغان كېچە ............. مەدەنىيەت قەييۇم رەئىسى 409




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خالىدە ئىسرائىل

# قۇملۇقنىڭ چۈشى

پايانسىز سۇر رەڭ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇر-
غان ئاق باش تاغلار گويا ئانا زېمىنىنىڭ قاتار ئەمچەكلىرىگە
ئوخشايدۇ. چوققىلاردىن خۇددى ئانا سۈتىدەك جىرغىغان قار سۇ-
لىرى يىغىلىپ، بىر ئۇلۇغ ئېقىن ھاسىل قىلىپ تاغ -
جىرالاردىن توسۇن ئاتتەك چاپچىپ، ئويناقلاپ چۈشۈپ، ئاشۇ پا-
يانسىز قۇملۇق قوينىدا ئاجايىپ ئاۋات يۇرت - مەھەللىلەر، ياپ-
يېشىل بوستانلىقلارنى ھاسىل قىلىدۇ. ئارباغ — مۇشۇ قۇم-
لۇقتىكى يۇرتلارنىڭ بىرسى.

قەدىمدىن بۇ يۇرتلاردا ئاشۇ تاغ سۈيىگە ئوخشاش تىرىك،
مەرد - مەردانە ۋە ئاجايىپ ئەركىن ئادەملەر ئۆتكەن، ئاجايىپ
ۋەقەلەر يۈز بەرگەن.ئاشۇ ئادەملەر ھەققىدە سانسىز قوشاق -
داستانلار، رىۋايەتلەر توقۇلغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېغىزدىن -
ئېغىزغا، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا تارقىلىپ تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ
كەلگەن بولسا، بەزىلىرى ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇپ كىشى-
لەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەندى. ئەمما، زېمىن ئۇلارنى ئۇن-
تۇمايدۇ، ئۇ خۇددى دۇنيانىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى تولا كۆرگەن
مېھرىبان، خىيالچان ئانىغا ئوخشاش ئۆز قۇچىقىدا ياشاپ ئۆتكەن
پەرزەنتلىرىنى، مەيلى ئۇ ۋاپادار، كۆيۈمچان بولسۇن ياكى گۇ-
ناھكار، تاش يۈرەك بولسۇن بەرىبىر ئەسلەيدۇ، چۈشىدە پات -
پات ئۇلارنى كۆرىدۇ ...

# 1

گۈلنى گۈلگە بەرمىدىلە،
گۈلنى تىكەنگە بەردىلە.
گۈل خىلىنى تاپقۇچە،
قېرى بىغەمگە بەردىلە.

— خەلق قوشاقلىرىدىن

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئارىباغدىكى مۆتىۋەرلەرنىڭ بىرى بولغان باھاۋۇدۇناخۇن يۇزبېشىنىڭ ئۆيىدە بەش ئوغۇلدىن كېيىن بىر قىز دۇنياغا كەلدى. باھاۋۇدۇناخۇن نۇرغۇن كىتاب ئاختۇرۇپ، ئاخىر ئەتىۋارلىق پەرزەنتىگە ھەۋزىخان دېگەن ئىسمىنى قوبۇل كۆردى.

ھەۋزىخان كىچىكىدىن ئاكىلىرى ۋە باشقا ئوغۇل باللار بىلەن ئويناپ چوڭ بولدى. ئۇ تەڭتۇشلىرى بىلەن ئوشۇق ئوينايتتى، چېلىشىش، بەيگىلەرگە چۈشەتتى، يېنىغا پىچاق ئېسىپ يۈرەتتى، شۇڭا ئۇنى ھېچكىممۇ قىز بالىدەك كۆرمەيتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ شۇنداق بىر زامانلار كەلدىكى، تەبىئەت خۇددى ئۇستا سەنئەتكاردەك ھەۋزىخانغا رەڭ، ھۆسن، قىزلىق لاتاپەت بەخش ئەتتى. ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ، يۇملىشىپ يۈرگەن چوڭ يىگىتلەر ئۆز ۋاقتىدىكى ئەركەكزەدەك قىزنىڭ قاچانلاردا، قانداقلارچە كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك چىرايلىق قىز بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيماي قېلىشتى. سەزگەن چاغلىرىدا بولسا بىردىنلا ئەس ـ ھوشلىرىنى يوقىتىشىپ، بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ ھەۋزىخانغا بەس ـ بەستە ئاشىق بولۇشتى، ئەمما ھەۋزىخان ئۇلارغا كۆز قىرىنى سېلىپ قويمىدى. يېقىن ـ يىراقتىكى بايلارنىڭ ئوغۇللىرى، خوتۇنى ئۆلگەن زېمىندارلارمۇ ھەۋزى-

خاننىڭ نەزىرىگە چۈشمىدى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ھېچكىم ئويلىمىغان يەردىن قوشنا مەھەللىدىكى ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان بىر كىشىگە ياتلىق بولۇۋىدى، ئىچ پەش تارتىپ يۈرگەنلەر لىۋىد-نى چىشلەپلا قالدى. كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى بېسىلىپ - بېسىق-ماي تۇرۇپ، ئۇ ئېرىدىن سۆزىنى ئېلىپ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى - دە، شۇ پېتى ئولتۇرۇپلا قالدى. ھېلىھەم تەمەدە يۈرگەنلىرىدىن بەزىلىرى: ئەمدىغۇ گېپىمىز يەردە قالماس دېيىشىپ قايتا ئېغىز ئېچىپمۇ باققانىدى، ھەممىسى باھاۋۇدۇناخۇننىڭ ئالدىدىن: «قى-زىمىز دۇنيادىن ئەرگە تەگمەي ئۆتىمەن دەپ تۇرۇۋالدى، خاپا بو-لۇشمىسىلا» دېگەن ئۆزرە بىلەن قايتىشتى. ئەمما، بۇ گەپكە ھېچكىم چىنپۇتمىدى. خۇدايا توۋا، دۇنيادا ئېرىمەيدىغان توك، ئېچىلمايدىغان گۈل، ئەرگە تېگىشنى ئويلىمايدىغان چوكان بولامدۇ؟ باھار كەلگەندە، قۇياش يەر - جاھاننى ئىللىتىشقا باش-لىغاندا، قارا يەر ئاستىدا ئۇرۇقلارنىڭ بىخلىنىشىنى، ئۇچەكلەر-دىكى قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ جانلىنىشىنى، باھار سۇلىرىنىڭ شاۋقۇنلاپ ئېقىشىنى توسقىلى بولامدۇ؟ ئادەممۇ شۇنىڭغا ئوخ-شاشقۇ، قەلبىدە مۇھەببەت تاشقىنى كۆتۈرۈلگەندە ئۇنىڭ قۇدد-رىتىگە نىمە تەڭ تۇرالايدۇ؟...

تەبىئەتكە باھار نەچچە كېلىپ كەتتى، تالاي سۇلار ئاقتى، گۈللەر نەچچە ئېچىلىپ، توزۇدى... ئەمما، ھەۋزىخاننىڭ كۆڭلى-دىكى مۇز ئېرىمىدى.

* * *

ھەۋزىخان ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى توپىلاڭ يولغا نەچچە قېتىم چىقتى. چىقار چاغدا قانداقتۇر بىر ئۈمىد ئىلكىدە قۇشتەك ئۇ-چۇپ چىقاتتى - يۇ، بىرھازادىن كېيىن چالمىسى سۇغا چىلە-شىپ، لەسسىدە بولۇپ يېنىپ كىرەتتى. ھازىر ئۇ يەنە لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، خىيالىدىن بىرى ئۇنىڭغا سەپسىلىپ ئىچىدە

كۆلۈپ ئولتۇرغان ھەمراخان سۆز ئېچىپ قالدى:
— نېمە بولدىڭىزاي، خېنىم؟ داراسكالنىڭ سوققىسىدەك جا-يىڭىزدا ئولتۇرالمايلا قالدىڭىزا؟
— دادىكام كېلىپ قالارمىكىن دەپ ...
— ھا - ھا - ھا ... ماۋۇ گەپنى ! ساي[1] تېخى دادىكىڭىزنىڭ نېرىسى ئون بەش كۈن، بولمىسا بىرەر ھەپتىسىز يانالمايدىغان-لىقىنى دېگەنىدىڭىز ماڭا؟ دېسەم - دېمىسەم ھېلىقى ... ھېلىقى ئابدۇللا بۇرۇتنىڭ يولىغا قاراۋاتىدىغانسىز ھەرقاچان؟
ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان ھەۋزىخان خۇددى بىر ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك بويىنىغىچە قىپقىزىل بولۇپ كەتتى.
— ئۆتەپ بېرىڭا نېرى، كىم كۆرۈپتۇ ئۇنى ...
— سىلى كۆرمەي كىم كۆرەتتى، ئۆتكەن قېتىم چۆنەكلىك-تىكى كەپىدە كىم بىلەن مۇڭداشتىلا؟ راستىلىرىنى دېسىلە قېنى؟
ھەۋزىخان سەكرەپ قوپۇپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى. ئاغزى كۆلۈپ تۇرسىمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىدىن تېخىمۇ خىجىل بولۇپ، ھوي-لىنىڭ بۇلۇڭىدىكى قېرى ئۈجمە تۈۋىگە باردى. قېرى ئۈجمە نېمە ئىشلارنى ئېسىگە سالدىكىن، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي تېخىمۇ بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى.
— جېنىم ئادىشىم، ھەۋزىخېنىم، ئويناشقانغىمۇ يىغلىغۇ-لۇقمۇ ئەمدى؟ بولدى، مەن ناماقۇل. ئادىشىمنى يىغلاتقان ئاغزىم قۇرۇپ كەتسۇن، ئىلاھىم!
ھەمراخان ئۇنى ئارقا تەرىپىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە قارىتىپ ياشلىرىنى سۈرتتى، بارماقلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ گېلىنى سو-زۇپ: «جۇگۇ... جۇگۇ، يىغلىمىڭا، ئۇز خېنىم» دەپ يالۋۇردى.
ھەمراخاننىڭ قىلىقىغا قاراپ ھەۋزىخان كۆزلىرى ياش پېتى كۈل-دى، ئىككىيلەننىڭ كۈلكىسى قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇلار قوللىرىنى تۇ-

[1] ساي — ھېلىقى، باياتىن (يەرلىك شېۋە).

www.uyghurkitap.com

تۇشۇپ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، قايتىدىن چاقنىڭ ئالدىغا ئولتۇرۇشتى. چاق غۇيۇلداپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ھەمراخان ھەۋزىخاننى ناخشا ئېيتقۇزالمىغاندىن كېيىن ناخشىنى ئۆزىلا باشلىۋەتتى:

ئوت كۆيىدۇ ئىچىمدە،
دەردنى ئۆزۈم بىلەرمەن.
كۆزۈمدىن ئاققان ياشقا
كېمە سېلىپ ئۆتەرمەن.
ئاللا ـ ئاللا، ۋاي باللا،
يارىم سېنى كۈتەرمەن.
...

ھەمراخان ناخشىنى ۋاي دېگۈدەك ئېيتالمىسىمۇ، ئۇنىڭ ناخشىسىدا ئەردىن ئايرىلغان چوكانلاردىلا بولىدىغان بىر مۇڭ، شۇنداقلا ئوتتەك بىر تەشنالىق بار ئىدى. ئەنە شۇنىڭ ئۆزىلا يۈرەكنى تىترىتەتتى. بېشىنى چۆكۈرۈپ ئولتۇرغان ھەۋزىخاننىڭ كۆزلىرى ناخشا بىلەن تەڭلا يەنە لىققىدە ياشقا تولدى. ئىككىسى ئۇزاققىچە شۇ ھالەتتە ئولتۇرۇشتى. قارىماققا ئىككىسى خۇددى بىر شاختا چۈشكەن ئالمىغا، يانمۇيان ئېچىلغان گۈلگە ئوخشايتتى. ئىككىلىسىنىڭ چىرايىدىن بالىلىق كەتمىگەن، قەلبلىرى تېخى يۇمران ئىدى. پەقەت سىنچىلاپ قارىغاندىلا، ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشتىلا ئەمەس، مىجەز ـ خاراكتېرىدىمۇ بىر ـ بىرىگە زادى ئوخشىمايدىغانلىقى سېزىلەتتى.

ئېگىز تال چىۋىقتەك زىلۋا، قارا چاچ، قارا كۆز، ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىل كەلگەن ھەۋزىخاننىڭ كۆزلىرىدىن بىر ئوت چاقنايدۇ. قېرىلار ئۇنى يۈرەكتىكى يالقۇننىڭ شولىسى دېيىشىدۇ. دېمىسىمۇ شۇنداق، ئۇ يىغلىسا پۈتۈن ۋۇجۇدى يىغىغا، كۈلسە پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈلكىگە ئايلىنىدۇ. بىرەرسىگە مېھرىنى بەرسە يۈرىكىنىمۇ ئىككى قوللاپ تۇتىدۇ. نەپرەتلەنگەن نەرسىد-

سىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتمىگۈچە توختىمايدۇ. ئوتتۇرا بوي،
تولۇقىنا كەلگەن ھەمراخان بولسا ھەممە جەھەتتىن ھەۋزىخاد-
نىڭ تەتۈرسى. ئۇنىڭ ئۇزۇن - ئۇزۇن، قويۇق سېرىق كىرپىك-
لەر ئوراپ تۇرغان، بىر قارىسا سېرىق، بىر قارىسا كۆك، بىر قا-
رىسا قوڭۇر كۆرۈنىدىغان كۆزلىرىدىن ئىللىق بىر نۇر ئاقىدۇ.
ھەۋزىخان قانچىكى تۈز، كەسكىن بولسا، ھەمراخان شۇنچە
رايىش، كۆتۈرۈشچان. ئۇ مەھەللىنىڭ نېرىقى چېتىدىكى كونا
كەپىدە ئولتۇرىدىغان غېرىب تۇل خوتۇننىڭ قىزى. ھەۋزىخان
بىلەن ھەمراخان كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولدى. بىر
مولللىنىڭ قولىدا ساۋاق ئالدى، مۇشۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە ھەر
ئىككىسىلا ئون سەككىزگە كىرەر - كىرمەي بىر قېتىمدىن
ئەرگە تېگىپ ئاجرىشىپمۇ بولدى.
—— تۇفى! ئەر دېگەن شۇنداق بولسا، دۇنيادىن ئەرسىز ئۆتۈپ
كەتمىسەم ئادەم بالىسى بولماي كېتەي.
ئىككى دوست قايتا تېپىشقان كۈنى ھەۋزىخان شۇنداق دېدى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى ئەتىدىن - كەچكىچە ھەۋزىخاننىڭ
ئۆيىدە يىپ ئېگىرگەچ گۇڭۇر - مۇڭۇر مۇڭدىشىپ كۈننى كەچ
قىلىدىغان بولدى. ھەمراخان ئەتىگىنى - ئاخشىمى ئېتىزلىقنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى يالغۇز ئاياغ يولدا، جىگدىلىكتە ئالدىنى توسۇۋې-
لىپ، مەيدىسىنى سىلاپ، يوتىسىنى چىمداپ ئوينىشىدىغانلارنى
نېرى تۇر دېمەيتتى. كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنگىنى بىلەن كۆڭلى-
نى خۇش قىلىپ، ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك يۈرۈۋېرەتتى. ھەۋزى-
خان بولسا ئالدىغا كەلگىننى چىشلەپ، ئارقىسىدىن كەلگىننى
تېپىپ دېگەندەك ھېچقاندىقىنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايتتى. تالا -
تۈزگە چىققان ۋاقىتلىرىدىمۇ ئارتۇقچە ئېچىلىپ - يېيىلىپ
كەتمەيتتى. دەسلەپتە يەڭگىلىرى قولىقىغا كۇسۇرلىشىپ ئۇنى
قىزىتماقچىمۇ بولدى. لېكىن، ئۇنىڭغا ھەرقانداق گەپ كار قىلد-
مىدى. ئەمما، يېقىندىن بېرى ئۇنىڭدا قانداقتۇر بىر ئۆزگىرىش
يۈز بەردى. بۇ ئۆزگىرىشنى ھەمراخانلا ئەمەس، ئۆيدىكىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەممىسى سەزدى.

يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ ناخشىسى كۆپىيىپ كەتتى ھەم بەكلا مۇڭلۇق بولۇپ كەتتى. باغدا ئوت ئوتاۋېتىپ ياكى يىپ ئېگىرىۋېتىپ ناخشىنى شۇنداق باشلايدىغان بولسا، ھەممەيلەن مېڭىۋاتقان يولىنى، قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ، قېتىپ تۇرۇپ ئاڭلايدۇ. ناخشىدىكى دەرد ـ ئەلەمدىن يۈرەكلىرى ئېزىلىپ خورسىنىشىدۇ، كۆڭۈللىرى قانداقتۇر شۇملۇقنى تۇيغاندەك ھەۋزىخاندىن ئەنسىرىشىدۇ.

يەنە بىرسى، ئۇ يېقىندىن بۇيان تولا خىيال قىلىدىغان، كېچىلىرى يىغلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىر تۇغقانلىرىلا ئەمەس، قېرى دادىسىمۇ ئەزەلدىن بىر ئىشقا ئۇنچە ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيدىغان ھەۋزىخانىنىڭ بۇ ھالىدىن ھەيران ئىدى.

ھەممىدىن قىزىقى، ئۇ ئىلگىرى زادىلا پەرداز قىلمايتتى. كىچىككىنە يەڭگىلىرى تۇتۇپ بېسىۋېلىپ تۇرۇپ ئوسما قويۇپ قويسا، يۇيۇپ چىقىرىۋېتىمەن، دەپ ئۆستەڭ بويىدا يېرىم كۈن ئولتۇرۇۋالاتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ قاشلىرىغا ئوسمىنىڭ نېمە كېرىكى. ئەمدى بولسا ئوسما قويۇپ زېرىكمەيدۇ، يېنىدىن ئۇپا بىلەن ئالىقانچىلىك ئەينەكنى ئايرىمايدۇ. كۈندە بىر ئېگىن يەڭگۈشلىمەي قويمايدۇ. ھەۋزىخان، ھەي ھەۋزىخان ...

چاق غۇيۇلدايدۇ، ھەۋزىخان يىپ ئېگىرىۋاتامدۇ ياكى يىپ ھەۋزىخاننى ئېگىرىۋاتامدۇ، ئۇ بۇنى ئۇقمايدۇ. بارماقلىرى ئادەت كۈچىدىنلا مىدىرلايدۇ، بىلەكلىرى گاھ سوزۇلىدۇ، گاھ يىغىلىدۇ، بارغانسېرى دۈۋىلىنىشىپ سېۋەتكە تولۇۋاتقان ئاپپاق يىپلار، تۇتام ـ تۇتام پاختىلار ئۇنىڭغا ئانىسىنى ئەسلىتىدۇ.

ئۇ كىچىككىنە ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا مۇشۇ يىپلار، پاختىلارغا قاراپ ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشنى، ئانىسىنىڭ زادىلا تۈگىمەيدىغان ناخشىلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئانىسىمۇ ئۇنى جېنىدىن ئەزىز بىلەتتى. ئۆمرىدە ئارىباغدىن چىقىپ باقمىغان، ئېرى بىلەن باللىرىدىن باشقا كىشىنى بىلمەيدىغان بى-

چاره ئايال يالغۇز قىز تەلەيسىز بولىدىكەن، چىچىنىڭ ئۇچى ئۇستىگە قايرىلىپ تۇرىدىغان قىز تەلەيسىز بولىدىكەن، دىگەنـدەك سۆزلەرگە خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنەتتى. بىكار تۇرماي ھەۋزىخاننىڭ چاچلىرىغا، بوينىغا قاتار ـ قاتار تۇمار، كۆز مونـچاقلارنى ئېسىۋەتتى، پات ـ پات ئىسرىق سالدۇراتتى.

«بىر تاللا قىزىمنىڭ بەختى ـ پېشانىسىنى يورۇق قىلارسەن، خۇدايىم...» ئاخشىمى ئۇخلاش ئالدىدا ئۇ پات ـ پاتلا ئانىسىنىڭ شۇنداق دەپ پىچىرلاپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ قاپقارا، بۇدۇر چاچلىرىنىڭ ئۇچى ئۇستىگە قايرىلىپ تۇرۇشى ئانىنى دەھشەتكە سالاتتى. ئۇ ھەر قېتىم قىزىنىڭ بېشىنى تاردىغاندا چاچلىرىنى يېلىم بىلەن پاتلاپ ئەينەكتەك پارقىرىتىۋېتەتتى. ئىككى كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەي چاچلىرىنىڭ ئىككى ئۇچى ئۇستىگە قايرىلىۋالاتتى، ئارقىدىن بوينىدا، چېكە ـ ماڭلايلىرىدا سان ـ ساناقسىز دۇگىلەك ھالقىلار پەيدا بولاتتى. ئانا ۋەھىمىگە چۈشۈپ ھەۋزىخاننى يەنە قاچان قارىسا يېلىم ئۆكسۈمەيدىغان چۆچەكنىڭ ئالدىغا سۆرەيتتى...

قارىغاندا، كونىلارنىڭ شۇ گەپلىرى قارىسىغا ئېيتىلغان ئەمەس ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ راستلا تەلەيسىز بولمىسا...

خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ھەۋزىخاننىڭ تېنى شۈركۈنۈپ، ۋۇجۇدىنى بىر تىترەك بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى.

ئانا كۆرپىنىڭ ئۇستىدە ئاغرىقتىن تولگۇلگىنىچە ياتتى. ئۇنىڭ رومىلى بىر چەتتە قالغان، چېچى خۇددى بىر تۇتام ئۇچقا ئوخشايتتى. ئۇ مېنى ئۆز ھالىمغا قويۇڭلار، ئەمدى ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن، دەپ تېۋىپقىمۇ، داخانغىمۇ كۆرۈنۈشنى خالىمىدى. ھەۋزىخان بولسا، بىرەر ئايدىن بېرى ئانىسىنىڭ بېشىدىن قوپمىدى. ئاشۇ كۈنى — ئۇ كۈن ھەۋزىخاننىڭ خاتىرىسىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن — ئانا ئەتىگەندىن تارتىپلا بۆلەكچە جانلىنىپ قالدى. تەكيىنى، كۆرپىنى تۇتۇپ ھەۋزىخانغا ئېسىلىپ

www.uyghurkitap.com

ئورنىدىن تۇرماقچى، ئىشىك ئالدىغا چىقماقچى بولدى. تۈڭلۈك-
تىن ئېقىپ چۈشكەن سۈتتەك ئاپپاق، ئىللىق بىر پارچە نۇر ئا-
نىنىڭ قانسىز، بىر تېرە ــ بىر سۆڭەك بولۇپ كەتكەن كىچىك-
كىنە قوللىرىدا تىترەيتتى. ھەۋزىخاننىڭ كۆڭلىدە ئاشۇ نۇرغا
ئوخشاش سىرلىق بىر ئۈمىد پەيدا بولدى: «خۇدانىڭ رەھمى كې-
لىپ ئانامنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بەرسە، مۇشۇنىڭ بىلەن ئۇ
كۈندىن ــ كۈنگە ماغدۇرىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتسە ئە-
جەب ئەمەس...»

ھەۋزىخان ئۇنى يۆلەپ ھويلىغا ئېلىپ چىقتى. ئۈجمىنىڭ
تېگىگە كىگىز، كۆرپە سېلىپ ئۇنى شۇ يەردە ياتقۇزدى. ئارقىدىن
يەڭگىلىرى كىچىككىنە ياغاچ تاۋاقتا ئۇسۇپ ئېلىپ كەلگەن شو-
ۋىگۇرۇچنى بىر قوشۇق ــ بىر قوشۇقتىن ئىچۈردى. خېلىدىن
بېرى ئۇ ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك ئىچىلىپ ــ يېيىلىپ باقمىغان،
كۆڭلى مۇنچىلىك تاماق تارتىپ باقمىغانىدى.

— ياز يورۇغلى نەۋاق... چېچەكلەر ئېچىلغاندۇ، يەر ــ جاھان
كۆكەرگەندۇ... ماۋۇ يەڭگىلىرىڭ بىلەن ئۇكىلىرىنىڭ بولغاندى-
كىن، بۇگۈن چىقىپ ئاداشلىرىڭ بىلەن ئويناپ كۆڭلۈڭنى ئې-
چىپ كەلگىنە، بالام، — دېدى ئانا چەكسىز مېھرىبانلىق بىلەن
ئۇنىڭ چېكە چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ھەۋزىخان ئانىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن يىغىراق كۆڭلىكىدىن
بىرنى كىيىپ، پەرەنجىسىنى ئارتىپ تالاغا چىقتى. دىمىسىمۇ،
ئەتراپ ئۇنىڭغا باشقىچە چىرايلىق كۆرۈندى. ئۈستەڭ بويى تە-
رەپتىن كاككۇكنىڭ ئاۋازى كېلەتتى. ھەر يىلى پەقەت ئەتىياز-
دىلا ئاڭلىنىدىغان بۇ ئاۋاز نېمانچە يېقىملىقتۇ... ئۇنىڭغا كاك-
كۇك ئۆزىنى چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ يول بويىدىكى
دوڭغاق سۆگەتتىن ئىككى تال يوپۇرماقنى ئۈزۈۋالدى ــ دە، جۇپ-
لەپ لەۋلىرى ئارىسىغا ئېلىپ پۈۋلەپ كاككۇكنى دورىماقچى
بولدى، ئەمما دورىيالمىدى، تېرىكىپ يوپۇرماقلارنى تاشلىۋېتىپ
ئۈستەڭ بويى تەرەپكە ماڭدى.

سۇ ئېتىزلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن چوڭقۇر يار تۈۋىدە ئاقاتتى. يىراقتىن پەقەت ئۇنىڭ بوغۇق گۈرۈلدىگەن ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى، ئۆزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ھەۋزىخان چىڭدىلىپ كەتكەن يالغۇز ئاياغ يول بىلەن سۇ بويىغا چۈشتى. سۇنىڭ خېلى ئىچكىرىسىدە چوقچىيىپ تۇرغان يوغان بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ يۈزىنى، قولىنى يۇدى. قوپۇپ پەرەنجىسى بىلەن يۈزىنى ئېرتىۋېتىپ، ئۆستەڭنىڭ نېرىقى قېتىغا — يارنىڭ ئۈستىدىلا ئوتلاپ يۈرگەن قوڭۇر موزايغا، كۈن نۇرىدا پارقىراپ كۆرۈنىدىغان سارغۇچ يېشىل بۇغدايلىقلارغا قارىدى. بۇغدايلىق يىراقتىكى تاملىرى ئېگىز چوڭ باغنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئاخىرلىشاتتى. كاككۇك ئاۋازى ھەۋزىخانغا ئەمدى ئاشۇ باغدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

ھەۋزىخان تىزىغا كېلىدىغان سۇنى كېچىپ نېرىقى قاتقا ئۆتتى. بۇغدايلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئادەمسىز يالغۇز ئاياغ يولدا پەرەنجىسىنى ئېلىۋېلىپ، باللارغا خاس ئىنچىكە ئاپپاق بويىنىنى، چىرايلىق ئىككى ئۆرۈم چېچىنى چىقىرىپ مەخمەل بۆكى بىلەنلا ماڭدى. ئۇدۇل تەرەپتىن غۇر - غۇر شامال كېلەتتى. ئېتىز قىرىدا ئۇ يەر - بۇ يەردە سۆسۈن، سېرىق ئېچىلغان ئۇششاق ياۋا گۈللەر دىڭگىيىپ تۇراتتى. ھەۋزىخان ئېڭىشىپ ناخشا ئېيتقاچ، ئوغلاقتەك سەكرەپ تۇرۇپ، ياۋا گۈللەردىن بىر تۇتام تېرىۋالدى. ئۇ ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ، باغنىڭ تۈۋىگە قانداقلارچە كېلىپ قالغىنىنى سەزمەيلا قالدى، ئۇدۇلدا باغنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چىقىپ تۇرغان يوغان بىر تال شاختا غۇچچىدە بولۇپ كەتكەن غورىلارغا كۆزى چۈشتى.

بۇلتۇر دەل مۇشۇنداق ئۆرۈك چېچىكى ئەمدىلا تۆكۈلگەن كۈنلەردە ئۇ ھەمراخان بىلەن قوشنا مەھەللىگە مەشرەپكە كېتىۋېتىپ، مۇشۇ شاختىكى غورىلارنى كۆرۈپ ھەيران قالغان، ئۇ شاختا ئېسىلىشىغىلا، باغدىن يوغان بىر ئىت چىقىپ ئۇلارنى

خېلى يەرگىچە قوغلىغان. شۇ قاچ ـ قاچتا ھەۋزىخاننىڭ
قۇلىقىدىكى ئالتۇن سۆكىسىنىڭ بىر پېيى چۈشۈپ قالغا-
نىدى. ھەۋزىخان شۇ تاپتا ئالدىنقى كۈنى ئانىسىنىڭ: «ئە-
جەبمۇ غورا سالغان ئاش ئىچكۈم كېلىپ كەتتىيا» دېگىنىنى
ئېسىگە ئالدى.

بۈگۈن باغ ئىشىكى خۇددى بىرسىنى ساقلاپ تۇرغاندەك قىيا
ئوچۇق ئىدى.

چۆچەكلەردىكىدەك گۈزەل بىر باغ، يۇقىرىغا قاراپ سوزۇلغان
تار يولنىڭ ئىككى قاسنىقى مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن چۈمكەل-
گەن، دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىدىن سۇنىڭ شىلدىرلاپ ئاققان ئاۋا-
زى، قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ئاڭلىناتتى، قانداقتۇر بىر قۇش
سۈزۈك ئاۋازدا ئىككى قېتىم سايراپ قويۇپ، خۇددى ئۆز ئاۋازىغا
مەپتۇن بولۇپ كەتكەندەك جىمىپ قالدى. يەنە بىر قۇش ئۇنىڭغا
جاۋاب بەرگەندەك قىلىپ بىرھازا چۇرۇقلىدى:

— كاككۇك!... كاككۇك!...

ھەۋزىخان باش ئۈستىدىنلا ئاڭلانغان كاككۇكنىڭ ئاۋازىدىن
چۆچۈپ كەتتى. ئۇ كاككۇكنىڭ ئاۋازىنى مۇنداق يېقىندىن، ئو-
چۇق ئاڭلاپ باقمىغانىدى. بۇ ئۇنىڭغا خۇددى دەردلىك خورسى-
نىشتەك بىلىندى، ئارقىدىنلا قانداقتۇر بىر قۇشنىڭ قانات قاق-
قان ئاۋازى، دەرەخ شاخلىرىنىڭ شىلدىرلىشى ئاڭلاندى ـ دە،
ئەتراپنى جىمجىتلىق باستى. ھەۋزىخاننى قورقۇنچ ئورىۋالدى.
شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ كەلگەن يولى بىلەن قاچماقچى بول-
دى، ئىككى قەدەم ئېلىپ بولۇپ يەنە توختاپ قالدى، «توختا، نې-
مىدىن قورقىمەن! ئالدىمغا خىزىردەك بىر بوۋاي چىقىپ قالامدۇ
تېخى... يەنە بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ باقاي...»

ئۇ تۇيۇقسىز پېشايۋانلىق كاتتا بىر ئۆينىڭ يېنىدىنلا چىقىپ
قالدى. پېشايۋاندا قىسقا ساقاللىق ئەللىك ياشلاردىكى تەمبەل
بىر ئەر كىشى قاتار ـ قاتار ئېسىۋېتىلگەن قەپەسلەرگە ئېڭىشىپ
تۇراتتى. ئۇ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ دەرھال بۇرۇلۇپ قارىدى. بۇ-
رۇلغان چېغىدا ئاق يەكتىكىنىڭ ئالدىدىن يۇڭلۇق قىپقىزىل
مەيدىسى كۆرۈنۈپ كەتتى. ھەۋزىخانغا ئەجەبلەنگەن قىياپەتتە

بىردەم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ھىجىيىپ:
— كەلسىلە خېنىم، كەلسىلە، پېقىرنىڭ كەپىسىگە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەندۇ سىلىنى؟ — دېدى. ھەۋزىخانىنىڭ ئېغىز ئېچىشىنىمۇ كۈتمەي ئارقىسىغا قاراپ توۋلىدى، — روزاخۇن، ھوي روزاخۇن! چاققان بول، بىر تۇمۇچۇق ئۇچۇپ كەلدى، ساراي ئۆيگە كۆرپە سال!
ھەۋزىخان ئالدىدىن توغرا توسۇپ تۇرغان ئەر كىشىنىڭ زورى بىلەن پۇتىنى ئىشىكتىن ئالدى ـ يۇ، كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى. ئاڭغىچە ئېگىز بوي كەلگەن، كوسا ئادەم تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ سۇپىغا كۆرپە سالدى، پەگادىن كىچىككىنە بىر قارا چۆگۈننى ئېلىپ، ھەۋزىخانىنىڭ چىرايىغا كۆز قىرىنىمۇ سالماي، قانداق كىرگەن بولسا شۇنداق چىقىپ كەتتى.
ھەۋزىخان ئىشىك تۈۋىدىن نېرى ئۆتكىلى ئۇنىماي ھېلىقى سا ـ قاللىققا:
— كايىمىسىلا، ئاكا، ھۇزۇرلىرىغا كېسەل ئانام ئۈچۈن كەلدىم ... غورا سالغان ئاش ئىچكۈم بار، دېۋىدى، — دېدى.
— ۋاي شۇنچىلىك ئىشمىتى، خېنىم! غورا دېگەن تولا نېمە. ئاۋۋال بىر ئولتىرىدىن چاي ئىچەيلى. قېنى، چاي قايىنغۇچە پۇتلىرىنى سۇنۇپ بىردەم ئارام ئېلىۋالمامىلا؟
ئەر كىشى سۆزلىگەچ مەرەپتىن يوغان تەكىيىدىن ئىككىنى ئېلىپ، كۆرپە ئۈستىگە تاشلىدى. ھەۋزىخان ھودۇقۇپ قالدى، ئاۋازى خۇددى ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك تىترەيتتى:
— ياق، ياق... خۇش بولۇپ كېتەي، مەن ئالدىرايتتىم...
ساقاللىق ھى ـ ھىلاپ كۈلگىنىچە يەرگە چۈشتى. كات سانىدۇقى ئۈستىدىن بىر مىس لېگەننى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى:
— بۇنىڭغىمۇ ماقۇل، ئۇز خېنىم. سىلى ئۈچۈن بىر لېگەن غورا ئەمەس، بىر لېگەن تىللا دېسىلىمۇ تېپىلىدۇ دېسىلە...
ئۇ دەرەخلەر ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولغاندىن كېيىنلا ھەۋزىخان سەل يېنىكلەشكەندەك بولدى. ئۇ كۆرپىنىڭ بىر بۇرجىكىگە

uyghurkitap.com

قورۇنۇپقىنا ئولتۇردى. كەينىدىن يەنە سەكرەپ قوپۇپ ئابايىقى تەكىينى مەرەپكە ئېلىپ قويدى. سىرتقا چىقىپ باقماقچى بولۇپ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ نېمىشقىدۇر يەنە كەينىگە قايتتى. قانچىد- لىك ئولتۇردىكىن، ئۇشتۇمتۇت ئارقا تەرەپتىن «تىرىق - تىد- رىق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇشىغا، يوغان بىر جۈپ قول ئۇنى ئارقا تەرىپىدىن مەھكەم قۇچاقلىۋال- دى. سىمدەك يېرىك ساقاللىق، يوغان قىپقىزىل چىراي ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىنلاپ كەلدى. كۆزلىرى قان قۇيۇلغاندەك قىپقىزىل ئىدى. ھەۋزىخان دەھشەتلىك ئاۋازدا چىرقىراپ بېشىنى ھەر يان ئېلىپ قاچاتتى، قاپقانغا چۈشۈپ قالغان قۇشتەك تېپىرلايتتى، قوللىرى بىلەن ھېلىقى بەتبەشىرە چىرايىنى تاتىلايتتى، ئۇتتۇر كەلگەن يېرىنى چىشلەيتتى. ئېيىقنىڭكىدەك كۈچلۈك قول ئۇ- نىڭ قوللىرىنىمۇ قوشۇپ چىڭ قۇچاقلىۋالدى، ئارقىدىن ئۇنى كۆرپىگە باستى... يەردە، سۇپا ئۈستىدە پۇرلەشكەن، چەيلەنگەن سىرىق، سۆسۈن گۈللەر چېچىلىپ قالدى...

چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرى يىرتىلغان ھەۋزىخان ئاخ- شىمى بىر ياغلىق غورىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئا- نىسى بىلەن يەڭگىلىرىگە كۆرۈنۈپ قويۇپلا ئاستا ئۆستەڭ بويىغا كەتتى. كېچىسى ئۇ ئۆستەڭدىكى ئەتىيازنىڭ مۇزدەك سۈيىدە كۆكرىكىگىچە چىلىنىشىپ ئۇزاققىچە تۇردى.

چولپان تۇغقان چاغ ئىدى. ئانىنىڭ كېسىلى ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ قالدى. ئۇ قىزىغا تىكىلگىنىچە ئۇنىڭغا ئېيتالمايۋات- قان قانداقتۇر سۆزلىرى باردەك بىر ھالەتتە جان ئۈزدى. غورا سالغان ئاشتىن بىر قوشۇقمۇ ئىچەلمىدى.

پۈتۈن بىر ياز، بىر قىش ھەۋزىخاننىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇ- مىدى. تۆككەن شۇنچە ياشلىرىغا، چەككەن دەرد - ئەلەملىرىگە ھېلىمۇ قۇرۇپ كەتمىدى. ئاخىر يەنە تەقدىرگە تەن بەرمەي بول- مىدى. ئارىدىن بىرەر يىلچە ئۆتۈپ، ھېلىقى چوڭ باغنىڭ غوجايد- نىدىن ئەلچىلەر كەلگەندە، ئۇ دادىسى، بىر تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلەد-

مىغان يېرىدىن چىقىپ بۇ تويغا رازىلىق بىلدۈردى.
ھەۋزىخاننىڭ ئېرى ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى مەككە - مە-
دىنە تەرەپلەردە مۇساپىرچىلىقتا ئۆتكۈزگەن، بەش - ئالتە يىلنىڭ
ئالدىدا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇشۇ چوڭ باغنى سې-
تىۋېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشى ئىدى. ئۇ ئەتراپتىكى
كىشىلەر بىلەن زادى بېرىش - كېلىش قىلمايتتى. دېھقانلار ھەر
كۈنى ئەتىگەندە ياكى كەچقۇرۇنلىرى بۇ باغدىن بەكمۇ مۇڭلۇق
قىرائەت ئاۋازىنى ئاڭلىشاتتى ۋە ئۇنى ئاجايىپ تەقۋادار، خىسلەت-
لىك ئادەم دەپ ھۆرمەتلىشەتتى. ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى. ھەۋزىخان
ئادەمزات كەم ئاياغ باسىدىغان بۇ باغدا قەپەستىكى قۇشلارنىڭ
ھەمراھلىقىدا ئالتە ئاينى ئۆتكۈزدى. باغنىڭ چوڭ يولغا قارايدىغان
تېمى تەرىپىدە بىر راۋاق بار ئىدى. ھەۋزىخان ھەر كۈنى ئاشۇ
راۋاقتا ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن - كەچكەننى تاماشا قىلاتتى. بىر كۈنى
بۇ يولدىن بىر ئاتلىق يولۇچى ئۆتتى. ئۇ يىگىرمە بەش - يىگىرمە
ئالتە ياشلاردىكى قارا قاش، قارچىغىدەك ئۆتكۈر كۆزلۈك، بۇرۇتى
ئۇستىگە قايرىلىپ تۇرىدىغان يىگىت ئىدى. ھەۋزىخان شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇنى پات - پات چۈشىدە كۆرىدىغان، كۆڭلى سىرتقا تەل-
پۈنىدىغان بولۇپ قالدى. جەننەتتەك باغ ئۇنىڭغا دوزاختەك كۆرۈ-
نەتتى. ئاخىر بىر كۈنى ئۇ ئېرىنىڭ ساراي ئۆيدە يەنە بىر ئايال بى-
لەن گىرەلىشىپ ياتقىنىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالدى. شۇ كۈ-
نىلا بوغجۇمىسىنى كۆتۈرۈپ دادىسىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى.
ئېرىنىڭ بۇ ئىشىغا ئارتۇقچە ئازابلىنىپمۇ كەتمىدى. ئەكسىچە،
ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىللەپ قالدى.

* * *

ھەۋزىخان دوستىنىڭ چاقنى توختاتقانلىقىنى، كېتىشكە جاب-
دۇنغىنىنىمۇ تۇيمىدى. ھەمراخان ئارقىسىغا ئۆتۈپ كاپپىدە قۇ-
چاقلىۋالغاندىن كېيىنلا ئەندىكىپ ھوشىنى تاپتى، كەينىگە ئالاق -
جالاق بولۇپ قاراپ، ئۇيالغىنىدىن قىپقىزىل بولۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بىچارە ھەۋزىخان، شۇنچىمۇ بولۇپ كېتەرسىلىمۇ؟ چوقۇم ئابدۇللا بۇرۇتنىڭ جىنى چاپلىشىپتۇ سىلىگە...

ھەۋزىخان چىداپ تۇرالماي ئىچ ـ قارنىنى تۆكۈۋەتتى:

— قانداق قىلاي، ماڭا بىر يول كۆرسىتىڭلار، جېنىم ئاداش... ئۈچ كۈندىن كېيىنلا كېلىمەن دەپ كەتكىلى ئۈچ ئاي بولدى. يا ئۆزى يوق، يا ئىككىلىك خېتى... ئاڭلىسام، ئارىغولدا ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيىدىغان بىر سەتەڭ بار ئىمىش يا...

— ئەنسىرىمەڭلا ئاداش، ئارىغولنىڭ سەتەڭلىرى سىلىنىڭ قولۇڭلىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ. مېنىڭچە، ئەتە مۇنداق قىلىـ لى، تازا جابدۇنۇپ ئىمامى ئەپتەر بازىرىغا بارىلى، بازارىغا بارـ ساقلا يا بىرەرسىدىن خەۋىرىنى ئاڭلايمىز، يا ئۆزىنى ئۇچرىتىـ مىز...

ھەمراخاننىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقتى، لەۋلىرىدە تەـ بەسسۇم ئويناپ، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىشقا باشلىدى. ھەمراخاننى ئۆزىتىپ قويۇپ، نېمىشقىدۇر يەنە ھېلىقى قىرى ئۇجمە تۈۋىگە كەلدى.

* * *

كۈن تۇغقاندا تۇغۇپمىدى
مەشۇقۇم سىزنى؟
ئاي تۇغقاندا تەۋرەتكەنمۇ
بۆشۈكىڭىزنى؟
— خەلق قوشاقلىرىدىن

بۇ ئەتراپتا ھېچكىمنىڭ ئۇجمىسى ھەۋزىخانلارنىڭ ئاق ئۇجـ مىسىگە يەتمەيدۇ. دانە ـ دانە ئاپپاق ھەم شېرىن، ئۇنىڭ ئۇستىـ گە شۇنچە بەرىكەتلىك. بۇ ھويلىدىكىلەردىن ئېشىپ پۈتۈن مەـ

ھەللىنى تويدۇرىدۇ. نە ـ نەدىن ئاياللار، ئۇششاق بالىلار كېلىپ ئىرغىتىپ يەپ كېتىشىدۇ. ھېچنەدە ئۇجمە قالمىغان چاغلاردىمۇ ئۇنىڭ باراقسان شاخلىرى ئارىسىدىن تېپىلىدۇ. ئاجايىپ خاسىيەتلىك دەرەخ بۇ.

ھەۋزىخان ئۇجمىگە چىقىۋېلىپ ئەڭ دانىلىق ھەم پىششىق ئۇجمىلەرنى تاللاپ يەۋاتاتتى. نېمىشقىكىن، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ يەرگە چۈشكەن ئۇجمىنى يېمەيتتى. بىر ئەرگە تەگكەن چوكان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بالىلىق ۋاقىتلىرىدىكىدەك شاخنىڭ ئۇچىغا چىقىۋالىدىغان ئادىتىنى تاشلىمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى بىلەن يوغان پۇتاققا ئەپچىل دەسسەپ، بىر قولىدا پۇتاقنىڭ سەل يۇقىرىسىنى تۇتۇۋېلىپ نازۇك بىر ھەرىكەت بىلەن ئوڭغا، سولغا، يۇقىرىغا، تۆۋەنگە سوزۇلاتتى، بىلەكلىرى سوزۇلغاندا سېرىق ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ يېڭى سىيرىلىپ چۈشۈپ، كۈمۈش بىلەزۈكى، بىلەزۈك بىلەن ئاپپاق بىلەكلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى. شايى روملى يەلكىسىگە چۈشۈپ قالغان، سەل چۇۋۇلۇپ توزۇغان، چىرايى ئەتراپىدا قاپقارا دولقۇنسىمان دائىرە ياساپ تۇرغان چاچلىرى ئۇنىڭ ئۆڭىنى تېخىمۇ ئاق ۋە نازۇك كۆرسىتەتتى. ئەمدى تۆۋەنكى بىر شاخقا تاشلانغان ھەۋزىخان قېلىن يوپۇرماقلار ئارىسىدىن سۇرەتتەك بىر چىرايىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇجمىدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. بۇ پات ـ پاتلا ئۇنىڭ چۈشىگە كىرىپ قالىدىغان، ئوڭىدىمۇ خىيالىدىن نېرى بولمايدىغان ھېلىقى يىگىت ئىدى. ئۇ ھەۋزىخانلارنىڭ ئۆيى يېنىدىكى توپىلاڭ يولدىن ئاتلىق ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا باش ئۈستىدە چىرايلىق بىر ياش چوكاننىڭ بىھوش ھالەتتە ئۆزىگە قاراپ قېتىپ قالغىنىنى بىلمەيتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ بېقىش خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. ئاتلىق يىگىت تاكى ئۇجمىنىڭ ئاستىغا كەلگۈچە ھەۋزىخان ئېسىنى يىغالمىدى. بىرقەدەم، ئىككى قەدەم... ئۆتۈپ كېتەيلا دەپ قالدى. بىر چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى سەزمىگەن ھالدا چاڭگىلىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇجمىنى يىگىتكە قارىتىپ ئاتتى. چۆچۈپ كەتكەن ئاتلىق يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان يېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدىن سېرىق ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن ياش ئايالنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى. قۇلىقىغا بىلەزۈك، چاچتەڭگىلەرنىڭ جىرىڭلىشى، ئايال كىشىنىڭ ئۈنىڭدىنمۇ سۈزۈكرەك كۈلكىسى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم ئارقىسىغا بۇرۇلغىنىدا، ئاپپاق بىلەكلىرى بىلەن شاخنى قايرىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئاق يۈزلۈك، قارا كۆزلۈك چوكاننى ئوچۇق كۆردى...

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ھەۋزىخان ھەر كۈنى ئۇجمىگە چىقىۋېلىپ يىگىتنىڭ يولىغا قارايدىغان، يىراقتىن يىگىتنىڭ قارىسىنى كۆرۈشى بىلەنلا قاپاق چۆگۈننى ئېلىپ سۇغا چىقىدىغان بولدى. يەڭگىلەر بولسا، ئۇنىڭ يېقىندىن بېرى سۇ ئەكېلىشكە نېمانچىۋالا ئامراق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران ئىدى.

چىڭقىچۈش ۋاقتى، قۇياش يەر - جاھاننى تونۇردەك قىزىتىماقتا ئىدى. ئېتىزلىقلار ئۈستىدىن، سايلىقتىن لوغۇلداپ ئىسسىق ھارارەت ئۆرلەيتتى. جەنۇب يېزىلىرىنىڭ «توپىسىغا كاكچا ياقسا پىشىدىغان» ۋاقىتلىرى دەل مۇشۇ ۋاقىتلار ئىدى. ئېتىزلىقلاردا تەرلەپ - پىشىپ ئىشلەيدىغان دېھقانلار، توپىلاڭ يولدا قاپاق كۆتۈرگەن قىز - چوكانلار كۆرۈنمەيتتى. پەقەتلا ھەۋزىخانلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى كونا جۇۋازخانىدىن توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان جۇۋازنىڭ مۇڭلۇق غىچىلدىشى سەھرا يېرىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

ئۇجمە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يۈزلىرى ئېسىلىپ، تاماقلىرى قۇرۇپ كەتكەن ھەۋزىخان قاپاق چۆگۈندىكى سۇنى ئۇتتۇر كەلگەن يەرگە سېپىۋەتتى - دە، ئۆستەڭ تەرەپكە، توغرىسى يىگىتنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن توپىلاڭ يولنىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنى كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەي، خۇددى كۆپكۆك چىمەن ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك ئاستا ماڭدى. تاكى ئات-

لىق يىگىت ئالدىغا يېتىپ كەلگۈچە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالالمى-
دى. يىگىتمۇ ئۇنىڭغا قارايتتى، كۆزلىرى ئوتتەك چاقنايتتى،
بۇرۇتى ئاستىدىكى لەۋلىرى مۇلايىم كۈلۈمسىرەيتتى. ھەۋزىخان
كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن يۈزىنى توسۇپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بو-
لۇۋىدى، يىگىت سۆز ئېچىپ قالدى:

— شۇنچە يەردىن سىزنى دەپ كېلىۋاتسام كۆزىڭىزنىمۇ سال-
مايسىزا؟ ماڭا بىر قاراڭا، ھەۋزىخان...

ھەۋزىخان يۈرىكى ئىسسىق بىرنەرسە قۇيۇلغاندەك شۇرىدە
قىلىپ، قوللىرىنى چۈشۈرۈپ يەرگە قارىۋالدى. بىر پەستىن
كېيىن كۆزلىرىنى يەردىن ئېلىپ ئۆزىگە تويماي قاراپ تۇرغان
يىگىتكە لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، يەنە كۆزىنى ئەپقاچتى.

— ئېتىمىنىڭ پېشانەمگە يېزىۋالمىغان، خەقلەر ئەجەب بى-
لىۋاپتۇيا...

— بەزىلەر ئۆز بولغاچ ئەل ئاغزىدا بىر ئىكەن. بىزدەك بىچا-
رىلەرنىڭكىنى ئانىمىز بىلەن دادىمىزدىن بۆلەك ئادەم ئۇقمايدى-
كەن، ئىسىت، بىزمۇ ئادەم بولۇپ قاپتىمىز...

— ئۆزلىرى شۇنچە ئىسسىقتا نەگە ماڭدىلىكىن؟

— بىر دېمەك، ئىچىممۇ، تېشىممۇ ئوت. ئۆلەي دېدىم. ئا-
ۋۇ كەپىدە ھاردۇق ئالغاچ تۇرسام سۈيىڭىزدىن بېرەرسىزمۇ،
ھەۋزىخان؟

ھەۋزىخان پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، گەپ قىلمايلا ئۆستەڭ
بويىغا كەتتى. ئابدۇللا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.

شۇ كۈنى ئىككىيلەن چۈنەكلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەپىدە
يېرىم كۈن مۇڭداشتى. ھەۋزىخان ئۇنىڭغا ئانىسى، بۇرۇنقى ئېرى
توغرىسىدا، ئابدۇللانى دەسلەپتە كۆرگەندىن تارتىپ ئېسىدىن
چىقىرالمىغانلىقىغىچە سۆزلەپ بەردى.

ئابدۇللا ئۇنىڭغا خۇددى ناھايىتى بۇرۇندىن تارتىپلا تونۇش-
تەك، ئۆزۈن ئايرىلىپ كېتىپ، قايتا ئۇچراشقان قەدىناسىدەك
تۇيۇلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئابدۇللامۇ ئۇنى ئۈجمە تۆپىسىدە كۆرگەندىن تارتىپ ئارد- غولدا بىردەممۇ تۇرغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالغىنىنى دەپ بەردى. كۈن قايرىلدى، كەپىنىڭ ئىچى قاراڭغۇلىشىشقا باشلى- دى. يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ھەۋزىخان ئابدۇللانىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان غەلىتە تىنچسىزلىقتىن دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالدى.

— جېنىم ھەۋزىخان، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، دەردىڭىزدە ئۆلەي دېدىم...

ئابدۇللانىڭ ئاۋازى بوغۇق چىقتى. ئۇ بىردىنلا ھەۋزىخاننىڭ بېشىنى ئىككى قولى بىلەن مەھكەم چاڭگاللاپ تۇتۇۋالدى، شۇ ھامان ھەۋزىخاننىڭ دىمىقىغا ئەرلەرگە خاس ئۆتكۈر تەر ئارىلاش پۇراق ئۇرۇلدى. ئابدۇللانىڭ كۆزلىرى يانغان، كۈچلۈك نەپەستىن بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلگەن، ئىككى مەڭزىدە بىر قىزىللىق يېلىنجاشقا باشلىغانىدى... ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ھەۋزىخانغا ئې- ڭىشتى، ئېڭىشتى - يۇ، قاتتىق بىر تەستەكتىن چايان چاققان- دەك ئەندىكىپ، كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇ- نۇپ چىقىپ كەتكەن ھەۋزىخان كەپىنىڭ ئىشىكىدە خۇددى قولى ئاغرىپ كەتكەندەك ئوڭايسىز ھالەتتە تۇراتتى.

— جاۋابىڭىز شۇ بولدىمۇ؟ سىزنى مۇنداق قىلار دەپ ئويلى- ماپتىكەنمەن...

— مەن ئۇنداق... سىز ئويلىغاندەكلەردىن ئەمەس...

— ئەمىسە قانداق قىلاي؟ يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرسىتەيمۇ يا؟

— مېنى ئەمرىڭىزگە ئېلىڭ، ئاندىن...

— ھەۋزىخان، سىز بىلمەيسىز، مېنىڭ پۇلۇم، مال - دۇنيا- يىم يوق. دادىڭىز ماڭا ھۆددەس بەرمەيدۇ...

— بەرمىسە ... بەرمىسە ئەپقاچمامسىز؟ ... زەپ دېۋەڭ ئىكەن ...

— كېتىڭىز كەپمۇ؟ ۋاقتى كەلگەندە يېنىۋالامسىز يا؟

— كېتىم كەپ، ئاۋۋال ئارىغا كىشى قويۇپ بېقىڭ...

ئۇلار ئەمدى قوغۇن پىلەكلىرىنىڭ ئارىسىدىكى قىردا يانمۇيان

ئولتۇردى. ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە تەلمۈرەتتى، بىر - بىرىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى، ھېچقايسىسىنىڭ ئاۋۋال قوزغالغۇسى كەلمەيتتى.

— ئابايا قولىڭىز ئاغرىدىمۇ، ھەۋزىخان؟

— ياق ... قولۇم ئەمەس، سىزگە ئىچىم ئاغرىدى.

— ئۇنداق بولسا، مانا ئېڭىكىمنى تۇتۇپ بېرەي، يەنە ئىككىنى ئۇرۇۋېتىڭا، جوگو - جوگو...

— ئۇرسا ئۇرغۇلۇق، ماڭا نېمە ئىدى، شۇغىنىسى ئېڭىكىڭىز ئاجراپ كەتسە، بۇ كېچىدە داۋا ئىزدەپ ئاۋارە بولمىسۇن دەيمىنا.

— داۋاسىمۇ تېپىلىپ قالار؟... — ئابدۇللا ھەۋزىخانىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

ھەۋزىخان يەرگە قارىۋالدى.

— خوش ئەمىسە، ھەۋزىخان، خۇدايىمغا ئامانەت، ئېيتىڭا، يەنە كۆرۈشەلەيمىزمۇ؟

ئابدۇللا ئورنىدىن قوپۇپ ئىتنىڭ ئالدىغا مېڭىۋىدى، ھەۋزىخانغا گويا يۈرىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەندەك بىلىندى. تىلى تۇتۇلۇپ ئارانلا گەپ قىلالىدى:

— كۆرۈشۈش نىيىتىڭىزلا بولسا...

ئابدۇللا ئاتقا مىنىپ بولغاندىن كېيىنمۇ خېلىغىچە ھەۋزىخانغا قاراپ تۇردى. كۆكتە ئاي ئۈزۈپ يۈرەتتى. تۇرۇم - تۇرۇم بۇلۇتلار دەريا دولقۇنلىرىدەك ئاقاتتى، ئات پۇشقۇراتتى، تېپچەكلەيتتى. سۈتتەك ئاي نۇرى ئاستىدا، كېچىنىڭ سىرلىق جىمجىتلىقىدا ئۇ خۇددى رىۋايەتلەردىكى تۇلپارلاردەك ئاجايىپ گۈزەل، ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە تىككىدە ئولتۇرغان نەۋقىران يىگىت بولسا، ئەنە شۇنداق تۇلپارنى مىنىپ يەتتە كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە باسىدىغان باتۇر پالۋانلارغا ئوخشايتتى. ئۇ يىراقلاپ كەتتى؛ ئاخىر غايىب بولدى. ھەۋزىخانىنىڭ قەلبىنى ئېيتقۇسىز پۇشايمان، ھەسرەت چۇلغىۋالدى. كېچىنىڭ غۇر - غۇر شامىلى كۇچەيدى. شوخ شامال تىترەپ تۇرغان نازۇك يوپۇر-

www.uyghurkitap.com

ماقلارنىڭ بەرگىدىن، يىراقتىكى قوم بارخانلىرىنىڭ ئاي نۇرىدا سۇتتەك پارقىراپ تۇرغان يۈزىدىن، ھەۋزىخاننىڭ مەڭزىدىن سۆيۈپ قاچاتتى. قايتىدىن كېلىپ ئۇنىڭ چاچلىرىنى چۇۋۇپ، رومىلىنى ئۇچۇراتتى. ھەۋزىخاننىڭ خىيالىمۇ تىنىمسىز شامالغا ئەگىشىپ يىراق - يىراقلارغا كېتەتتى...

ھەۋزىخان ئاجايىپ ئۇزاق ئىككى كېچە، ئۈچ كۈندۈزنى ئۆتكۈزدى. ئۇ كۈندۈزى مېڭىپ يۈرەتتى، كۈلەتتى. دادىسىغا، تۇغقانلىرىغا بىرنېمىلەرنى دەيتتى، ئەمما نېمە دېگىنىنى ئۆزى بىلمەيتتى. كېچىلىرىلا ئۇنىڭ ھەقىقىي ھاياتى باشلىناتتى. ئۇ ئۈيقۇ بىلەن ئويغاقلىقنىڭ، خىيال بىلەن چۈشنىڭ غۇۋا ئۆپۈقىدا ئابدۇللانى كۆرەتتى.

ئۈچىنچى كۈنى كېچىسى ئۇ تۇڭلۇكتىن چۈشۈپ تۇرغان ئاي شولىسىغا قاراپ ياتاتتى، تۇيۇقسىز ئۆگزە غىرىسلاپ قالدى. ئۆگزىدە كىمدۇر بىرسى ئاۋايلاپ مېڭىپ يۈرەتتى. ھەۋزىخان ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ كەتتى. ۋارقىرىماقچى، ئاكىلىرىنى ئويغاتماقچى بولدى - يۇ، كۆڭلى بىر ئىشنى سەزگەندەك بولۇپ، تىلى سۆزگە بارمىدى. تۇيۇقسىز تۇڭلۇكتىن بىر باش كۆرۈندى ۋە ئارقىدىنلا:

— ھەۋزىخان! ھەۋزىخان ... — دەپ ئاستا تۈۋلىدى.

ھەۋزىخان قىن - قىنىغا سىغماي قالدى. يۈرىكى ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەيتتى.

— ۋاي خۇدايىم! ئابدۇللامۇسىز؟ چاققان چۈشۈپ كېتىڭ، ئاكىلىرىم تۇيۇپ قالسا...

— مېنى يەنە ھەيدەۋاتامسىز؟ ئەمسە، مەن... مەن...

تۇڭلۇككە چاپلىشىپ تۇرغان يىگىتنىڭ ئاۋازى تىترەيتتى، ئۇ قوپۇپ كەتمەكچىدەك بىر ھەرىكەت قىلدى - يۇ، قوپالمىدى... ھەۋزىخان ئىشىكنى قانداق ئېچىۋەتكىنىنى، ئابدۇللانىڭ ئۆيگە قانداق كىرگىنىنى بىلمىدى. پەقەتلا ئالدىدا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئابدۇللانى كۆردى.

ئىككى تەن كۆچلۈك ھاياجاندىن لاغ ـ لاغ تىترەيتتى. بىھوش
بىر ھالەتتە بىر ـ بىرىگە تەلپۈنەتتى ـ يۇ، قەدىمىنى يۆتكەشكە،
سۆزلەشكە ھالى يەتمەيتتى. گويا ئىككىسى دۇنيانىڭ ئىككى چې-
تىدە تۇرغاندەك، بىر ـ بىرىگە يېتىش ئۈچۈن يۈز يىل كېتىدى-
غاندەك بىلىنەتتى... ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ ئېتىلدى، ئوت
بولۇپ يانغان تەنلەر كىرىشىپ، تىنىقلىرى قوشۇلۇپ كەتتى.
يىگىت قۇچىقىدا لاغىلداپ تىترەۋاتقان، ئېسەدەۋاتقان ھەۋزىخاذ-
نى خۇددى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك ئىككى قوللاپ كۆتۈ-
رۈۋالدى...
ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكى ئاقىرىشقا باشلىغاندا ئابدۇللا ئۆي-
دىن غىپپىدە چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا بوۋاينىڭ ئى-
شىكى غىچىرلاپ ئېچىلىپ، ئۇنىڭ يۆتەل ئاۋازى، ئاھ ـ ئۇھلىرى
ھويلىنى بىر ئالدى. ئۇ ئادىتى بويىچە لەنىتى يۆتەل بىلەن بەل
ئاغرىقىنى قوشۇپ تىللاپ، غۇدۇرىغىنىچە ئېغىل تەرەپكە كەتتى.
ھەۋزىخان مەستخۇش ھالەتتە كۆزلىرىنى چالا يۇمۇپ ياتاتتى.
ھاياجاندىن، شادلىقتىن قىنىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان يۈ-
رىكى تېخى ئىزىغا چۈشمىگەن، ئىككى مەڭزىدىكى قىزىللىق ―
سۆيۈشنىڭ ھارارىتى ئۆچمىگەنىدى. ئۆزىچە كۈلەتتى، ئۆزىدىكى
ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرگە ھەيران قالاتتى. ئىلگىرى خوتۇنلۇق
مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەش ئۈنىڭ ئۈچۈن چىدىغۇسىز مۇشەققەتلىك
ھاشار ئىدى. يۈرىكى مۇنداق سەكرەپ چىقىپ كېتىدىغاندەك
سوقمايتتى، ھېچقاچان مۇنداق شادلىق ھەم بەختىيارلىق تۇيغۇ-
سىغا چۆمۈلۈپ باقمىغانىدى. ۋۇجۇدىدا پەقەت ھايۋانلارچە بىر
خىل تەقەززالىق بار ئىدى، ئارقىدىن قەلبىدە نەپرەت، يىر-
گىنچلا قالاتتى. تاڭ ئاتار ـ ئاتماي ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ، بويىنى
سۇغا سېلىپ پاك ـ پاكىز بولغاندىن كېيىنلا يەڭگىللەپ راھەت-
لىنىپ قالاتتى. بۈگۈن بولسا تەن ـ تېنى، قوللىرىنىڭ ئۇچىغا
قەدەر بىر راھەت ئىلكىدە، كۆڭلىدە قىلچە قورقۇنچ، دېلىغۇللۇق
يوق. ئەكسىچە روھى ھەم تېنى بىردىنلا پاكلىنىپ، نۇرلىنىپ

www.uyghurkitap.com

كەتكەندەك يېڭىچە بىر سېزىم بار.
ئەتىگەنلىك داستىخان ئۈستىدە يەڭگىلىرى ھەۋزىخاننىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سېزىشىپ، ھەيران بولۇشتى.

* * *

ھەۋزىخان يېقىنلا بىر يەردە ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى. گويا نۇرغۇن ئاتلار نەگىدۇر چېپىشىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ چۆچۈپ قۇلاقلىرىنى سىرتقا تىكتى. ئەمما، ئابايىقى ئاۋازلار نەگىدۇر غايىب بولۇپ، ئەتراپ تىمەتاسلىقتا چۆمدى. قاراڭغۇلۇق قوينىغا مەشئۇم بىر جىمجىتلىق يېپىلماقتا ئىدى. بۇ جىمجىتلىقنىڭ ئارقىسىدا نېمىدۇر بىرنەرسە يوشۇرۇنغاندەك بىلىنەتتى.

كىمدۇر بىرسى جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىرىۋەتتى:

— ئوغرى! ئات ئوغرىسى، ۋاي، ئوغرىنى تۇتۇڭلار!

بىرسى پالاقشىپ يۈگۈرۈپ يەنە توختاپ قالدى. ئىشىكلەر غىچىرلاپ ئېچىلىپ ھەۋزىخاننىڭ ئاكىلىرى چاپانلىرىنى يېپىنچاقلىغىنىچە ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىشتى، نۇرغۇن كىشىلەر ھويلا، ئېغىل ئىشىكىنى ئېچىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئات ـ ئۇلاغ، جاندارلىرىنى ئېيدىتلاپ باقتى. ئۆرىتۆپە بولۇشتى، خېلى ئۇزاققىچە گۇدۇڭلىشىپ سۆزلەشتى. كېيىن ھەممىدىن دادىسىنىڭ بوغۇق يۆتەل ئاۋازى بېسىپ چۈشتى، ئۇ خىرقىراپ تۇرۇپ ئوغۇللىرىغا:

— قوغلىغىنىڭلار بىكار، كۆزى بار ئىكەن كاساپەتلەرنىڭ... بۇ ئەتراپتىكى ھەرقانداق ئات بىلەن ئۇلارنى قوغلاپ يېتەلمەيسىلەر. ئەمدىكى گەپ خوتۇن ـ بالىلىرىڭلارنى ئۆيدىن چىقارماڭلار، ئىزنى بۇزۇۋەتمىسۇن، — دېدى.

سەھەردە ئىزچى كەلدى. ئۇ تاغلىقلاردەك يوغان ئاق تەلپەك كىيگەن، چورۇق تارتقان، ئەللىك ياشلاردىكى پوقاق ئادەم ئىدى.

ئۇ تۇرقىغا خاس بولمىغان چاققانلىق بىلەن ئۆيلەرنىڭ ئەترا-
پىدا، ئۆگزىدە بىردەم ئايلانغاندىن كېيىن، ھەۋزىخاننىڭ ئاكىلى-
رىنى ۋە مەھەللىدىكى بىرنەچچە ئەرنى باشلاپ چوڭ يولغا چۈشۈپ
كەتتى. بىر توپ كۆڭلەكچان، يالاڭ ئاياغ ئاياللار بىلەن بالىلار
دەرۋازا تۈۋىدە تۇرۇپ، چاڭ توزۇتۇپ ئۇزاپ كېتىۋاتقان ئىز-
چىلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان
ھەۋزىخاننى نېمىشقىدۇر بىر خىل ئەنسىزلىك ئىلكىگە ئېلىۋال-
دى. ئىزچىلار يىراقلاشقانچە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشە كۈچە-
يىشكە باشلىدى. ئۇ ئىككى قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ، ئىچ -
ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان تىترەكنى باسماقچى بولاتتى - يۇ،
باسالمايتتى.

شۇ كۈنى كەچتە ھەمراخان ھەۋزىخاننىڭ يېنىغا كىرىپ
ئىزچىلارنىڭ ئابدۇللانى تۇتۇپ مىدىر - سىدىر قىلدۇرماي يا-
مۇلغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى يەتكۈزدى.

بىر ئۇقۇشماسلىقنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئەمما،
ھەۋزىخان ئېغىز ئاچالمايدۇ، ئېغىز ئاچسىلا ئاكىلىرى ئالدىدا
ئابدۇللانى تېخىمۇ چوڭ بالاغا تىقىدۇ.

يەنە ئىككى كۈن ئۆتتى، ئىزچىلار ئاتلىرىنىڭ ئات بېدىكلى-
رى تەرىپىدىن ياقا يۇرتلارغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكى توغرىسىدا
خەۋەر ئېلىپ قايتىپ كېلىشتى. ئەسلىدە ئۇلار ئابدۇللا بىلەن
ئاۋارە بولۇپ يۈرگەندە، ئوغرىلار بېدىكلەر بىلەن بىرلىشىپ
ئاتلارنى يۆتكەپ بوپتۇ. كېچىكىپ ئەقلىنى تاپقان ئىزچى پۇشا-
نىسىغا پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ: «ئەستاغپۇرۇللا، كۆرمەمدىغان،
مەزلۇم خەقنىڭ كاساپىتىدىن مۇشۇنداق بوپتۇ ئەمەسمۇ؟» دەپلا
قاپتۇ. باشقىلار بۇ توغرىسىدا قانچە ئېغىز تاتلىسىمۇ، قايتا
زۇۋان سۇرمەپتۇ.

ئات دەۋاسى بارا - بارا جىمىقتى. ئەمما، ھەۋزىخاننىڭ ئاكى-
لىرىنىڭ ئابدۇللاغا ساقلاپ كەلگەن خۇسۇمىتى يوقالمىدى. بو-
لۇپمۇ ئىزچىنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە گۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مان ئۆتىنى يېقىۋەتكەنىدى. ئۇلار يوشۇرۇنچە ھەۋزىخانغا كۆز -
قۇلاق بولۇشاتتى. پۇرسەت تېپىپ ئابدۇللانى راسا بىر بابلاشنى
كۆڭۈللىرىگە پۈكۈشكەنىدى. خۇددى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى
سەزگەندەك، ئابدۇللامۇ شۇ ئىشتىن كېيىن بۇ تەرەپلەرگە ئاياغ
باسمىدى. ھەۋزىخان بولسا بىر تۇغقانلىرىنىڭ كۆزىچىلا ئاچقى-
نىنى، قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيتتى، چاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ
ناخشىنى باشلايدىغان بولسا ئادەمنىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە
قىلاتتى.

* * *

بۈگۈن ھەۋزىخان ھەمراخان بىلەن بازارغا كىردى. بازار ئىنت-
تايىن قىزىغان، ئادەملەر تىقما - تىقما بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈ-
نەتتى. ئۇلار ئىككىسى يۈزىنى ئېتىۋالغان بولسىمۇ، ئەتراپىغا
ئېسەنگىرەپ قاراشلىرىدىن، سەل چەتكىرەك چىقىپ بىر - بىر-
رىگە قاراپ تەمتىرەپ توختاپ قېلىشلىرىدىن كىمىندۇر ئىز-
دەۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ھەر ئىككىلىسىلا
روھسىز، بوشاشقان، بازارچىلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يېتە-
شىپ، ئارقىغا تاشلاپ ئۆزاپ كېتىشىدۇ، ئۇلار بولسا بازار ئەترا-
پىنى چۆرگىلەپ كېتەلمەيدۇ.

— پال ئاچىمەن، پال! ھەي بەندىلەر، پېشانىغا يېزىلغاندىن
قۇتۇلۇپ بولماس ۋە لېكىن سەۋەب بىلەن سىپۇەتتە سۇ توختىماي
قالماس. ھەي بەندىلەر، ئاشىقنىڭ ئوتىدا ۋەيران بولغان مە-
شۇقلار، بىۋاپا دۇنيا سەۋداسىدا باغرى چاك بولغان بىچارىلەر...

يول ياقىسىدا كىرلىشىپ كەتكەن بوز كۆڭلىكىنىڭ يىرتىق-
لىرىدىن ئورۇق، قاپقارا بەدىنى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئەما پالچى
ئولتۇرىدۇ. ئالدىدىكى پۈچۈق ھېجىرغا بىرنەچچە تال سىرىق
مىس يارماق، داستىخانغا گىردە، كاكچىلار تاشلانغان. ھەۋزىخان
ئۇنىڭ ئالدىغا يۈكۈنۈپ، تاۋاقتا بىرنەچچە تال يارماق تاشلىدى.

ئەما ئاغزىدىن كۆپۈك قايناتتىپ ئىچىدە بىرنېمىلەرنى ئوقۇيتتى. ئۇ بىرھازاغىچە لەۋلىرىنى مىدىلدىتىپ ئاندىن ئۈنلۈك سۆزلەشكە باشلىدى:

— كۆردۈم، كۆرۈۋاتىمەن... ئالدىمدا بىر سېكىلەك ئولتۇرىدۇ، شۇنداق ئۇز، لەۋەن... پېشانىسىدىن دىلىنىڭ يورۇقلۇقى، تېگىنىڭ ئىسسىقلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ھەي ئىسىت... ئىسىت... بىچارە سېكىلەك كونداشىنىڭ قولىدا جېنىدىن ئايرىلىدىكەن، كونداشنىڭ...

— يۇم ئاغزىڭنى، ھۇ... شۇم ئېغىز قېرى! زۇۋانىڭمۇ كۆزۈڭگە ئوخشاش تۇتۇلۇپ قالار ئىلاھىم، زەھەر تىلىڭ قۇرۇپ كېتەر...

ھەمراخان پالچىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ بېرىپ تىللىدى، بېشىغا توقماق تەگكەندەك بوشىشىپ، جىمىقىپ كەتكەن ھەۋزىخاننى تارتىپ يولغا ئېلىپ چىقتى. ئىككىيلەن ئارقىسىدىن بىرسى قوغلاۋاتقاندەك ئىتتىك ـ ئىتتىك ماڭاتتى. ھەمراخان خېلى يەرگىچە پالچىنى تىللاپ ماڭدى. ھەۋزىخان بولسا ئۆز خىيالى بىلەن. ئۇ ئابدۇللانىلا ئويلايتتى، ئۇنى كۆرۈش تەقەززالىقىدا يۈرىكى ئوت بولۇپ ياناتتى. «ئۇ نېمىشقا يوق؟ مېنى ئۇنتۇپ كەتكەندىمۇيا؟»

كۆڭۈل ئەينىكىدە ئاشۇ بىرلا پىكىر تەكرارلىناتتى. ئوت تىلىدەك لوغۇلداپ، كېڭىيىپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئورىۋالاتتى. ئاشۇ لەنىتى خىيالنى ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا قۇدرىتى يەتمەيتتى.

ئۈشتۈمتۇت ئۇنىڭ ئالدى تەرەپكە مەقسەتسىز تىكىلگەن كۆزلىرى بىردىنلا چاقناپ كەتتى. قاراڭغۇلىشىۋاتقان يەر ـ جاھان ئۇنىڭ كۆزىگە يورۇپ كەتكەندەك كۆرۈندى. كۆپكۆك ئاسمان گۈمبىزى ئاستىدا بوز بەلباغدەك سوزۇلغان يولنىڭ چېتىدە بىر ئاتلىق كىشى ئۇلارغا ئالدىنى قىلىپ تۇراتتى. قارىغاندا، ئۇلارنى ساقلاۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ ئات ئۈستىدە تىككىدە ئولتۇرغان ئاشۇ قامىتىنى ھەۋزىخان ھەرقانداق جايدا تونۇۋالايتتى.

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەمراخان ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك ئۆتۈپ كەتتى. ھەۋزىخان بولسا تۇرغان جايىغا مىخلىنىپلا قالدى.

ئابدۇللا ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى:

— ھەۋزىخان!

...

ئۇ ئالدىراپ ھەۋزىخانغا ئېگىشتى:

— ھەۋزىخان، ماڭا نېمىشقا قارىمايسىز؟ مېنى مۇنداق قىيـ-نىماڭ، ئاران بالالىقتا بىر كۆرۈشەندە... مەن... راستىمنى ئېيتسام، مۇنداق ئۆتىۋېرىشكە چىدىمىدىم...

— چىدىمىغىنىڭىز يالغان، راست بولسا نەچچە ئاينىڭياقى بىر كۆرۈشۈشنىڭ كويىدا بولماسمىدىڭىز؟!

— ماڭا نېمىشقىمۇ ئىشەنمەيدىغانسىز؟ كېچىلىرى ئۆيىڭىز-نىڭ ئەتراپىدا چۆرگۈلەپ يۈرگىنىمنى، ئۆيىڭىزگە كىرەلمەي نېمە بولۇپ كەتكىنىمنى بىر ئۆزۈم بىلىمەن، ئاندىن قالسا خۇدا...

— ئەمىسە... — ھەۋزىخاننىڭ ئاۋازى تىترەيتتى.

— گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلسام... مېنى كەمبەغەل ئىكەن دې-مىسىڭىز، ئىككىمىز...

ھەۋزىخان جادۇ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى ـ دە، سەل نېرىدىكى جىگدىلىككە كىرىپ نەم قىرغا ئولتۇردى. ئابدۇللا ئۇنىڭ ئالدىدا يەرگە يۈكۈندى. قوللى-رىنى چىڭ تۇتۇپ، كۆزلىرىگە تەلمۈردى.

ئۇلار شۇ ھالدا ئولتۇرۇپ ئۇزاققىچە مۇڭداشتى. ئات ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا چۆرگۈلەيتتى، كېلىشكەن ئاياغلىرى ئاستىدا چۇلۇۋۇر خۇددى ئۇزۇن يىلاندەك سۆرۈلۈپ يۈرەتتى.

* * *

چۈش. پايانسىز جەزىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن

هارۋا يولى خۇددى چەكسىز كەتكەن زەر رەڭ لېنتىدەك پارقىراي-
دۇ. ئۇ گاھ قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا غايىب بولسا، گاھ زومچاق -
زومچاق يېشىللىقلار ئارىسىدا يوقاپ كېتىدۇ، تۇيۇقسىز يەنە كۆ-
رۈنۈپ يىراق - يىراقلارغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ. يول تىپتىنچ،
ئىنس - جىنسىز. كېيىن يولنىڭ نېرىقى چېتىدە كىچىككىنە
قارا چېكىت پەيدا بولدى، بارا - بارا زورايدى، ئاخىر ئۇنىڭ بىر
ئاتلىق كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. كۈننىڭ ئىسسىقلىقىغا
قارىماي، يوغان تەلپەكنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان بۇ كىشى ئاتنى
بىر خىل يورغىلىتىپ ئاربىاغ مەھەللىسىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ
مەھەللىنىڭ چېتىدىكى تۇل خوتۇننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ
ئاتتىن چۈشتى. ئىشىك ئالدىدا ئۈچ تۈپ ياڭاق دەرىخى بار ئى-
دى. ئېتىنى ياڭاق دەرەخلىرىنىڭ بىرسىگە باغلاپ ئۆيگە كىرىپ
كەتتى. ھايال ئۆتمەي، ئۆيدىن پەرەنجىلىك چاققانغىنا ئايال چىق-
تى. ئۇ كېيىكتەك چاققان قەدەملەر بىلەن مەھەللىنىڭ يۇقىرى-
سىغا يۈرۈپ كەتتى، ئۇ تولاراق قوناقلىقلارنى ئارىلاپ ماڭاتتى،
ئايىغى ئاستىدىن ھېلىدىن - ھېلىغا چېكەتكە، پاقىلار سەكرەپ
چىققاندا، چۆچۈپ ئۆزىنى ئۇياقتىن - بۇياققا ئاتاتتى. ئاخىر ئۇ
توپىلاڭ يولغا چۈشتى. يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى بىلەن قېرى ئۈجمى-
گە يۆلەپ سېلىنغان تامغا ياماشتى. ھەش - پەش دېگۈچە چەتتىن-
كى ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چۈشۈپ تۈڭلۈككە ئېڭىشتى. ئۇ يەردىن
خېلىلا چوڭ بىر بوغجۇمىنى كۆتۈرگىنىچە يولغا سەكرەپ چۈش-
تى. بىردەم توپا كېچىپ ماڭغاندىن كېيىن، قانداق كەلگەن بولسا،
شۇنداق تېزلىك بىلەن قوناقلىقلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى، باۋۇدۇناخۇننىڭ ھويلا ئىشى-
كى غىچىلداپ ئېچىلدى. سېرىق چېكىم گۈللۈك كۆك تاۋار كۆڭلەك
كىيگەن، پەرەنجىسىنى قولىدا كۆتۈرگەن ھەۋزىخان سىرتقا چىقىپ،
ئەتراپىغا ئالاڭلاپ قارىۋەتتى - دە، ئابايىقى ئايالنىڭ ئىزىدىن كەتتى.
يىراقتا دۇنيادىن خەۋەرسىز بىر توپ يالىڭاچ بالىلار سۇيى تۈرۈپ قال-
غان ئېرىقتا لاي ئويناۋاتتى. ئۇلار بەدەنلىرىگە، يۈز - كۆزلىرىگە قاپقارا

www.uyghurkitap.com

لاي سۇرتۇۋالغان بولۇپ، يىراقتىن خۇددى بىر توپ ھىندى بالىلىرىدەك كۆرۈنەتتى.

ھەۋزىخان شۇ ماڭغانچە ئابايىقى ئۈچ توپ ياڭاق تۈۋىگە كېلىپ توختىدى. ئۇ يەردە ئۇنى يوغان تەلپەك كىيگەن ئابدۇللا بىلەن بوغجۇما كۆتۈرگەن ھەمراخان ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۈن - تىنسىز بېرىپ ھەمراخاننىڭ قولىدىن بوغجۇمىنى ئالدى. ئابدۇللا ئۇنى ئاتقا مىندۈرمەكچى بولۇۋىدى، ئات تىپچەكلەپ كەتتى. ئابدۇللا بىر قولىدا ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقىنى چىڭ تۇتۇپ، يەنە بىر قولىنى ھەۋزىخانغا بەردى. ھەۋزىخان ئابدۇللانىڭ قولىغا تايىنىپ، پارقىراپ تۇرغان ئۈزەڭگىگە دەسسەپ چاققانلىق بىلەن ئاتقا مىنىۋالدى. ئارقىدىن ئابدۇللامۇ مىندى.

— خوش، جېنىم ئادىشىم، ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز، — ھەۋزىخاننىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى، بوغۇزىغا بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ ئاۋازى تىترىدى. ھەمراخان بولسا ھېچ نەرسە دېيەلمەي ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى ياپقىنىچە ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا يۈگۈردى.

## 2

كېچە - كۈندۈز تىنماي يىغلاپ،
قوينۇم تولدى كۆز ياشقا.
يەنە يىغلاپ نېمە قىلاي،
قارا كۆزنىڭ كۆڭلى باشقا.
— خەلق قوشاقلىرىدىن

ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھەۋزىخان بىلەن ئابدۇللا بۇ يىللارنى جاھاننىڭ بىر چېتىدە ئۆتكۈزدى. ئۇلار ئۆتكەن كۈنلەر ئۈچۈن پۇشايمان قىلغىنى يوق. ھال - كۈنى ھېچكىمدىن قالغۇسىز، ھايات زوقى ۋە خۇشاللىقى چەكسىز ئىدى. ئاخىر ئاتا - ئانا، ئەل - يۇرت يىراقى ئۇلارنى ئارىغولغا قايتۇرۇپ كەلدى. كېلىپ ئەتىسىلا ھەۋزىخان ئېرىنى ئېلىپ دادىسىنى يوقلاپ بار-

دى. دادىسى بىلەن ئاكىلىرى قۇچاق ئېچىپ كۈتۈۋالغاندا، ئابـدۇللانى «كۈيۈئوغلىمىز» دەپ ئەتىۋارلاپ، قىلغىلى قىلىق تاپالـمای قالغاندا، ھەۋزىخاننىڭ كۆڭلىنى بېسىپ تۇرغان يوغان بىر تاش يەرگە چۈشتى. ئۇنىڭ يەنە بىر خۇشلۇقىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ بىر تۇغقىنىدەك يېقىن كۆرۈپ ئەزىزلەيدىغان ھەمراخاننىڭ ئارىغولىغا ياتلىق بولۇپ، ھەۋزىخان بىلەن بىر مەھەللىلىك بولۇپ قالغىنى.

ھەمراخان قىز ۋاقىتلىرىدىكى قەددى ـ قامىتىنى يوقاتقان بولسىمۇ، يەنىلا چىرايلىق ئىدى. يول ماڭغاندا لىغىرلاپ تۇرىدىـغان تولۇق بەدىنى، ئالمىدەك چوقچىيىپ تۇرىدىغان كۆكسى ئۇـنىڭغا يېتىلگەن چوكانلارغا، ئانىلارغا خاس سالاپەت بەرگەنىدى. ئۇ كىچىك ئۆلۈپ كەتكەن ئىككى بالىسىنىڭ ئوت پىراقىنى ئۇنتۇپ، قايتىدىن ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ، ھايات پەيزىنى سۈـرۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ گەپ قىلغاندا قاقاھلاپ كۈلەتتى، چېقىر كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئەتراپىغا ئالاڭلاپ قارايتتى. ئەرلەرنى كۆرگەندە ھەر خىل خۇلقلارنى چىقىراتتى. شۇنىڭغا قارىماي ئۇ يەنىلا شۇنچە دىلكەش، كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە مۇلايىم، يېقىملىق ئىدى. قەدىناسلار قايتا تېپىشقاندىن بۇيان ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماي تېخىمۇ ئېچىل بولۇپ كېتىشتى. بۇ كۈنلەردە ھەۋزىخانغا ئۆز بەختىمۇ خۇددى ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئوخشاش تولغاندەك بىلىـنەتتى. ئەگەر ئۇلار بالىلىق بولسا، ئۇلارنىڭ بەختىگە بەخت قوـشۇلاتتى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ مۇرادى ھاسىل بولاتتى.

* * *

ئېتىزلىقلار ئارىسىدىكى يول، باغنىڭ سوقما تېمى، باغدىن سىرتقا چىقىپ تۇرغان شاختا غۇچچىدە غورا. ھەۋزىخان ئېگىزگە سەكرىدى. بولمىدى، يەنە سەكرىۋىدى، ئاخىر شاخنىڭ ئۇچىدىن

تۇتۇۋالدى، يەنە بىر قولىنى ئۇزارتىپ غورىلارنى ئۈزمەكچى بو-
لۇشىغا، يوغان بىر سېرىق ئىت ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئېتە-
كىنى چىشلىدى. ئۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا كۆچەپ بىرنى تەپتى. ئىت
تۆيۈقسىز قىزىل يۈزلۈك، ساقاللىق ئەر كىشىگە ئايلاندى. ئۇ
توختىماي ھىجىيىپ ھەۋزىخاننىڭ قولىغا ئېسىلاتتى. ھەۋزىخان
ئۇنىڭ قىزغۇچ، ھېسسىپتەك تولۇق بارماقلىرىنى چىشلىمەكچى
بولدى، ئەمما ئۇ ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ ئۆزگە ئارقىسىنى
قىلىپ تۇرغان ئابدۇللا ئىكەنلىكىنى كۆردى. توۋا، ئابدۇللا ئىش-
تانسىز ئىدى. ئۇنىڭ يالىڭاچ ساغرىسى، پاچاقلىرى شۇنچە ئو-
چۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھەۋزىخان خىلىغىچە چىڭ تۇتۇپ تۇرغان
شاخنى قويۇۋېتىپ، ئابدۇللاغا ئىشتان ئەكېلىپ بەرمەكچى بول-
دى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلدى.
شۇنچە تىرمىشىپ زادىلا قوپالمىدى...
ھەۋزىخان يۈرىكىنى تاشتەك ئېغىر بىرنەرسە بېسىپ تۇرغان
ھالەتتە ئويغاندى، گاڭگىراپ ئۆينىڭ تام ـ تورۇسىغا، بۇلۇڭ ـ
بۇلۇڭلىرىغا قارىدى. توغرا، بۇ ئۆي ئۇنىڭ ئارىغولدىكى يېڭى
ئۆيى. ئەمما، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە كۆزىنى ئېچىپلا ئۆزىنى تا-
مامەن يات بىر جايدا تۇرغاندەك سېزىدۇ. تۆت ئەتراپىغا، ئىشىك،
تۈڭلۈكلەرگە سىنچىلاپ قاراپ، ئۆزىنىڭ نەدىلىكىنى خېلى تەس-
تە ئەسكە ئالىدۇ. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھې-
لىقى چۈش ئۇنى ئويغا چۆمدۈردى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىدە ئوتتەك
تەشنالىقنى سەزدى. ئۇ خۇددى چاڭقىغان كىشىنىڭ سۇغا بولغان
تەشنالىقىدەك كۈچلۈك ئىدى ۋە بارغانسىرى كۈچەيمەكتە ئىدى.
شۇ چاغ ئۇنىڭ ھەمراخان بىلەن كۆرۈشكۈسى، ئۆزىدە بولۇۋاتقان
ئۆزگىرىشلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتقۇسى كەلدى. ئۇ چاي قايىنىتىۋې-
تىپ، ئېرى بىلەن چاي ئىچىۋېتىپ ھەمراخاننىڭ يولىغا قارى-
دى. چۈشكىچىمۇ قارىدى، بۈگۈن ھەمراخان قارىسىنىمۇ كۆر-
سەتمىدى. نېمە بولدىكىنە؟ ئادەتتە بۇ ۋاقىتقىچە ئون قېتىم بې-
شىنى تىقىپ بولاتتى. چۈشلۈك غىزا ئۈستىدە ئۇ ئېرىگە ئېغىز

ئاچتى:
— بۈگۈن ھەمراخانغا نېمە بولغاندۇ؟ ئاغرىپ قالغاندىمۇيا!
ئۇ ئابدۇللانىڭ ۋىللىدە قىزارغىنىنى سەزدى.
— ئۆيى بار ئادەم ... ئىشى چىقىپ قالغاندۇ، ھەرقاچان...
ھەمراخان كەچكە يېقىن كەلدى، يۈزىنى رومىلى بىلەن قىيا توسقىنىچە دەرۋازا تۈۋىدە بىردەم تۇرۇپلا كېتىپ قالدى. ھەۋزىخان ھەمراخاننى ئۇزىتىپ كەينىگە ئۆرۈلگەن چېغىدا يۈزى قىپ-قىزىل بولۇپ ئۆپكىدەك ئىسسىلغان ئابدۇللا بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قانداقتۇر بىر ئۇچقۇن چاقنايتتى. ئۇ ھەۋزىخانغا خۇددى يوچۇن ئادەمدەك قارىدى. ھەۋزىخان ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرقىنى، ئاشۇ كۆزلىرىنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرالمىدى.

*　*　*

سەرەتان مەۋسۇمى كىردى. ياز بويى ھەربىر تۈپ بۇغداينىڭ ئەتراپىدا نەچچە چۆرگۈلىگەن دېھقانلار تەييار بولۇپ قالغان ئەمگەك مېۋىسىنى يىغىۋېلىشقا ئالدىرىماقتا. ئورمىنىڭ ئىسسىقىنى ھېچ نەرسىگە تەڭلەشتۇرۇپ بولمايدۇ. ئۈستىدىن ئوتتەك كۈن قىزدۇرسا، بۇغدايلىقتىن گۈپۈلدەپ ئىسسىق ھور ئۇرۇلىدۇ. دېھقانلار بۇ ھارارەتنى ئۇپ دېيىشىدۇ. كۈندۈزى شۇنداق ئىسسىق بولغىنىغا قارىماي، ئاخشىمى مۇزدەك سالقىن بولىدۇ. ئايدىڭدىكى غۇر - غۇر شامالدا ئورما ئورۇماقنىڭ ئۆزى بىر راھەت. جىمجىت سالقىن كېچىدە قولاق سالىدىغان بولسىڭىز، بۇغدايلىقنىڭ بېسىق شاۋقۇنى ئىچىدىن «شىرت - شىرت»، «كىرت - كىرت» قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ. ئايدىڭدا يوغان ئورغاقلار ۋالىلدايدۇ. تۇرۇپلا بىرلىرى مۇڭلۇق ئاۋازدا ناخشا باشلايدۇ، پەريادقا، پىغانغا ئوخشايدىغان ئاھاڭ كېچە ئاسمىنىدا لەرزان سوزۇلۇپ، كىشىلەرنى ئاللىقانداق ئويلارغا سالىدۇ. ئۆتكەن ئىشلارنى، ئۆتۈپ

كەتكەن تالاي ئايدىڭ كېچىلەرنى ئەسلىتىپ، كۆڭۈلنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىرىغا يوشۇرۇنغان نازۇك ھېسسىياتلارنى ئۇرغۇتىدۇ. قاراڭغۇلۇقتا كىملەردۇر سوزۇپ ـ سوزۇپ: «ئاھ... دەردىما!»، «ئۇھ» دەۋېتىدۇ.

كىتىر ـ كىتىر، شىتىر ـ شىتىر ئاۋازلار تېخىمۇ ئەۋجگە چىقىدۇ. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە دەرىيادەك دولقۇنلىنىپ تۇرغان بۇغدايلار غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى دۆۋە ـ دۆۋە، باغلام ـ باغلام ئۇنچىلەر ئىگىلەيدۇ. ھارغان، ئاچقان، قاپاقلىرى بىر ـ بىرىگە چاپلىشىشقا باشلىغان دېھقانلار ئۇدۇل كەلگەن يەرگە، قورۇقراق قىرغا، ئۇنچە دۆۋىلىرىگە ئۆزىنى تاشلاپلا ئۆلۈكتەك ئۇيقۇغا كېتىشىدۇ، تاڭ سوزۇلۇپ، مەھەللە تەرەپتىن قىرى مەـ زىننىڭ تىترەك ئاۋازى ئاڭلانغاندا، كۆپچىلىك ھارغىنلىقتىن تاشتەك قاتقان، سىرقىراپ ئاغرىۋاتقان بەدىنىنى تەسلىكتە يۆتـ كەپ مەسچىتكە، ئۇ يەردىن ئۆيلىرىگە بارىدۇ. ناشتىدىن كېيىن يەنە كۈن تىكلەشكۈچە ئىشلەيدۇ.

ئورما مەن ـ مەن دېگەن دېھقاننى سىنايدىغان مەيدان. ئورـ مىغا بوش دېھقان ئەمەس.

ئەتىيازدا ئابدۇللا دەريا بويىدىكى تىكەنلىككە بۇغداي تېرىـ غاندا، دېھقانلار:

ـــ قاراپ تۇرۇڭلار، ئابدۇللاخۇن بۇ يەرگە بۇغداي تېرىپ تىـ كەن يىغىۋالىدۇ، ـــ دېيىشكەنىدى. كۈتمىگەندە بۇ يەرنىڭ بۇغدايلىرى ھەممىدىن بەكرەك ئوخشىدى. مانا ئورمىمۇ كەلدى. بۇغدايلارغا تازا ئورغاق سالىدىغان پەيتتە ئابدۇللانىڭ بەدىنىنى چىيقان يارىسى بېسىپ كەتتى. جاراھەت خۇددى پۇتۇن بەدىنىگە يىلتىز تارتىپ كەتكەندەك پۇتى ساقايسا بېلىدە، بېلى ساقايسا قولىدا كۆكلەۋەردى. بۇغدايلار بولسا تۆكۈلۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ ئارا تام قوشنىسى روزىمەتاخۇن ياردەملەشمەكچى بولۇۋىدى، ھەۋزىخان ئۇنىمىدى. ئۇنىڭغا قاراپ ئابدۇللامۇ بىرنەرسە دېيەلمەي قالدى.

روزىمەتاخۇن ئوتتۇز ئالتە ـ ئوتتۇز يەتتە ياشلاردىكى يوغان ـ يارپا ئادەم، ئۇنىڭ ئاق سېرىق چىرايىدا قىرغىزلارنىڭكىگە ئوخ-شاپ كېتىدىغان سارغۇچ قىسىق كۆزلىرى ھەيۋارلىق بىلەن چاقنايدۇ. چىرايلىقراق قىز ـ چوكانلارنى كۆرگەندە بولسا، بۇ كۆزلەر خۇمارلىشىپ يۇمۇلۇپ كېتىدۇ، قېلىن لەۋلىرىنى توخ-تىماي تەمشىتىدۇ. كىشىلەر ئۇنى «روزىمەت خوتۇنباز» دېيىشىدۇ.

ھەۋزىخانلار كۆچۈپ كەلگىنىگە ئۇزاق بولمىغان كۈنلەر ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ غەلۋىر سوراپ تام قوشنىسىنىڭ ھويلىسىغا كىردى. روزىمەتاخۇن ھويلىدا كەتمەن دەستىلەپ ئولتۇراتتى. ھەۋزىخان ئۇنى كۆرۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئالماقچى بولدى ـ يۇ، ئۈلگۈرەلمىدى. روزىمەتاخۇن ھىجىيىپ ئورنىدىن تۇردى:

ـــ بولدى، بولدى، بىزدىن قاچمىسىلا، ھەۋزىخان، بىز دېگەن ئۆز ئادەم ئەمدى...

ئۇ غەلۋىرنى ئۆزى ئاچىقىپ بەردى. تېخى ئۇنى ئىشىك ئالدى-غىچە ئۇزىتىپ ياغلىما سۆزلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى. ھەۋزىخان ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن خۇددى يۇزىگە پاسكىنا بىرنەرسە چاپلىشىۋالغاندەك بىزار بولۇپ، ھويلىسىغا يېنىپ كىرىۋالغۇچە كۆزى تۆت بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەۋزىخاننى يىراقتىن ئەگىپ يۈرىدى-غان، يوللاردا ئۇچرىشىپ قالغاندا ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. بىر قېتىم ھەۋزىخان ئۆيدە ئۇن تاسقاۋاتاتتى، «توككىدە» قىلىپ تۇڭلۇكتىن بىر تال چالما چۈشتى. ئارقى-دىنلا يەنە بىرسى تاسقاپ قويغان ئۇننىڭ ئۈستىگىلا چۈشتى. ھەۋزىخان قولىغا كالتەك ئېلىپ ئۆيىنىڭ كەينىگە چىقىشىغا، كىمدۇر بىرسى پالاق ـ پۇلۇق قىلىپ قاچتى. ھەۋزىخان جىگدە شاخلىرى ئارىسىدىن روزىمەتاخۇننىڭ كېلەڭسىز گەۋدىسىنى غىل ـ پال كۆرۈپ قېلىپ ئىچىدە كۈلدى.

ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ ھەۋزىخانلار بىلەن قېرىشقىنى
قېرىشقان. ئۇ پات ـ پاتلا ئۇلارنىڭ يېرىگە ماللىرىنى قويۇۋېتە-
دۇ. بىر قېتىم ئۇلار يەر سۇغىرىۋاتقاندا ئۇ ئېرىقنىڭ قېشىنى
قەستەن بۇزۇۋېتىپ، بىرمۇنچە سۇنى بىكارغا ئېقىتىۋەتتى. شۇ
قېتىم سۇ نۆۋىتىنى كۈتۈۋاتقانلار كەتمەن كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ
ئابدۇللانى ئۇرماقچىمۇ بولۇشقانىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى مۆھتەرەمخان
بولسا تايىنى يوقلا بىر خوتۇن. خۇشى تۇتسا ھەۋزىخان دېسە،
ھەۋزىخان دەپ قىلارغا قىلىق تاپالمايدۇ. تۇرۇپلا تۇمشۇقىنى
ئۇچلاپ، قاپاقلىرىنى سۈزۈپ تەتۈر قارايدۇ. لېكىنزە، ھەرقانداق
چاغدا ئېرى بىلەن ھەۋزىخانغا كۆز ـ قۇلاق بولۇشنى ئېسىدىن
چىقارمايدۇ. ھەۋزىخانمۇ «ساڭا قاراپ مەن، ئىشىككە قاراپ دەم»
دېگەندەك ئىش تۇتۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى تىنىمسىز ئۆزگە-
رىشلەرنى ئانچە پىسەنتىگە ئالمايدۇ.

ئايدىڭ ئاخشىمى ھەۋزىخان ئاق شايى ياغلىقىنى چېكىلەپ
تېڭىپ، قوش ئەستەرلىك نىمچىسىنى يېپىنچاقلاپ ئېتىزلىقتا
ئۆزى چىقتى. بۇغدايلار ئۆستەڭنىڭ نەم ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان
مەيىن شامالدا يېنىك چايقىلاتتى. تولۇق، ئېغىر باشاقلار ئۇنىڭ
قوللىرىغا، بىلەكلىرىگە سۈركىلەتتى، قىلتىرىقلىرى بىلەن غى-
دىقلايتتى، سەل نېرىدىن ئۆستەڭ سۈيىنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى
ئاڭلىناتتى. ئۆستەڭ بويىدىكى قاتار تېرەكلەر خۇددى پايانسىز
زېمىننىڭ قاراۋۇللىرىدەك بېسىق شاۋقۇن ئىچىدە سۈكۈتتە تۇ-
رۇشاتتى. تېرەكلەرنىڭ ئۈستىدە قارا مەرمەردەك ۋاللىداپ تۇرى-
دىغان ئاسماندا يۇلتۇزلار گويا سانسىز نۇرلۇق كۆزلەردەك زې-
مىنغا تىكىلگەنىدى.

ھەۋزىخان چاپىنىنى قىرغا تاشلاپ قويۇپ، قولىغا تۈكۈرۈپ
شارتىلدىتىپ ئورما ئورۇشقا باشلىدى... قانچىلىك ئورۇدىكى،
ئىككى بىلىكى سىرقىراپ ئاغرىپ، قوللىرى ھېچ نەرسىنى
سەزمەس بولدى. ئۇيقۇسى كېلىپ، بېشى ئېغىرلاشتى. بىر چاغدا
ئولتۇرغان يېرىگە موك چۈشتى ـ دە، قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. تۇ-

www.uyghurkitap.com

يۇقسىز ئۇنى ئېغىر بىرنەرسە بېسىۋالدى. يىرىك ساقاللىق ئې-
غىز ئۇنىڭ مەڭزىگە، لېۋىگە، بويۇنلىرىغا ئەسەبىيلەرچە سۆركى-
لەتتى. يوغان بىر قول ئاستا ـ ئاستا پەسكە سۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ
مەيدىسى ئۈستىدە بىردەم توختىدى، ئارقىدىن يەنە پەسكە سۈرۈ-
لۈشكە باشلىدى. تاشتەك قاتقان ھەۋزىخان مىدىر قىلالمايتتى،
كۆزلىرىنى ئاچالمايتتى. ئۇ خىيالىدا ئۆزىنى ئۆيىدە دەپ بىلەت-
تى. تۇيۇقسىز، ئۇ يات بىر نەپەسنى سەزدى. دىڭگىدە چۆچۈپ،
كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. قاراڭغۇلۇقتا ئۆزىگە بەكمۇ يېقىندىن
تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئوغرى مۈشۈكنىڭكىدەك بىر جۈپ كۆز-
نى تونۇپ، بەدىنىنى سوغۇق تەر باستى، يۇلقۇندى، سىلكىندى،
نەدىن كەلدىكىن، ئاجايىپ بىر كۈچنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۈستى-
دىكى ئادەمنى ئىرغىتىپ تاشلاپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەت-
تى. غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئورغاقنى ئىزدەشكە باشلىدى.
ئۇ بىسى پارقىراپ تۇرغان يوغان ئورغاقنى قولىغا ئالغاندا ئاباي-
قى ئادەم ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ئۇ باشقا بىرسى
ئەمەس، دەل روزىمەتاخۇن ئىدى.

* * *

ھەمراخان ئەتىگەندىلا بىر ئېتەك ئالما بىلەن بىر سىقىم
ئوسما كۆتۈرۈپ كەلدى. ھېجىر تاۋاقنى دۈم كۆمتۈرۈپ ئوسمىنى
سىققاندىن كېيىن، كۈپىنىڭ يېنىدىكى نەم يەردىن ئۆزى قا-
چانلاردىدۇر تىقىپ قويغان پەلكۈچنى تېپىپ كەلدى ـ دە، ھەۋ-
زىخاننىڭ ئەينىكىنى سۈپىغا تىكلەپ، ئوسما قويۇشقا باشلىدى.
ھەۋزىخان ئالما يېگەچ ئۇنىڭ ئوسما قويۇشىغا قاراپ ئولتۇردى.
ئۇ ئوسمىنى ھەمىشە شۇنداق ئىنچىكە ھەم ئەگىمەچ قويىدۇ.
قېشىغىلا ئەمەس، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا، كىرپىكلىرىگىمۇ قو-
يىدۇ. قىزىق، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئوسما شۇنداق يارىشىدۇ. كۆز-
لىرى يوغىناپ، قاش ـ كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك كۆرۈ-
نىدۇ. ھەمراخان ئوسمىنى قويۇپ بولۇپ، چىت كۆڭلىكىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئېتىكى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇردى. ھەۋزىخان ئەينەككە مەيۈس كۆز تاشلىدى، يېقىندىن بۇيان ئۇ ھەر قېتىم ئەينەك ئالدىغا كەلگەندە مۇشۇنداق مەيۈسلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئەينەكتە قاراپ تۇرغان ئورۇق، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، ئىككى مەڭزىنى قاپقارا داغ باسقان ئايال گويا تامامەن يات بىرسىدەك بىلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ھازىرغا قەدەر پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئايان. لېكىن، ئۇ ئالدىراپ خۇشال بولۇپ كەتمىدى. بۇ ھەقتە ئابدۇللاغا ئېغىز ئاچمىدى. ھەمراخان بىلەن بولسا خېلىدىن بېرى ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭلاشقىنى يوق. ئۇ ئۇسمىنى ھەمراخاننىڭ كۆڭلىنى دەپ نېرى - بېرىدىن قويۇپلا يۇيۇۋەتتى، ھەمراخان بولسا ھەۋەس بىلەن يەنە ئۈچ - تۆت قېتىم سۈلاپ ئاندىن يۇدى. ئۇنىڭ ئۇسمىسى بۈگۈنمۇ قانداق قويغان بولسا شۇنداق ئېچىپ قالدى.

— «ئۇسما ئامراققا ئەر ئامراق» دېگەن گەپ بىكار ئەمەس جۇمۇ، ھەمراخان، ئاي بولۇپ كەتتىڭلار، ئاي. مەھەللىنىڭ ئەر خەقلىرى خوتۇنلىرىغا قارىغىلى ئۇنىمىسا قانداق قىلغۇلۇق...

ھەمراخانغا ئامراقلىقى كەلگەن ھەۋزىخان ئۇنىڭ مەڭزىنى چىمداپ تۇرۇپ شۇنداق چېقىشتى.

— ئو ... ھوش، قويسىلا خېنىم، ئەر خەق دېگەننى، ئۇنىڭ بىر پۇللۇقى يوق... ساپلا ئۇجمە كۆڭۈل بىرنېمىلەر. كۆيدۈم - پىشتىم دەپ قولغا كەلتۈرۈۋالىدۇ، ئارقىدىن... — ھەمراخان گېپىنى يۇتۇۋېتىپ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى، — خوش ئاداش، مەن كېتەي. ھېلىقى گاداي بەك كۈنلەمچى بولۇپ كەتتى، سايەمدىنمۇ كۈنلەيدۇ، تالاغا چىقسامغۇ بولدى، سوراققا تارتماي قالمايدۇ...

— ھەرقانچە بولسىمۇ بىردەم ئولتۇرۇڭلا، ئوبدان ئاداش، بىردەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرمىز، ئۇزاق زامان بوپتۇ ئىككىمىز مۇڭداشمىغىلى. سىلىگە ساقلاپ قويغان شۇنداق جىق گەپلىرىم بار دەڭلا...

ھەمراخان يېنىپ سۇپىدا ئولتۇرۇشىغا، كوچىدىن ئابدۇللانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ روزىمەتاخۇن بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

ھەمراخان قوپۇپ ماڭدى. ئۇنى ئۇزىتىپ ئىشىككە چىققان ھەۋزىخان تەرى تۇرۇلگەن ھالدا كىرىپ كېلىۋاتقان ئابدۇللا بىلەن ئۇسۇشۇپ قالغىلى تاس قالدى.

— ماۋۇ بۇزۇق نېمىدەپ كەپتۇ، كۆزۈمگە سەت كۆرۈنۈپ!

ئابدۇللا ھەمراخانغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ئاغزىنى بۇزدى. ھەۋزىخاننىڭ ھەيرانلىقتىن يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىگە قارىمايلا بېرىپ سۇپىغا سوزۇلدى. تاكى ھەۋزىخان يۇزىدە جىگىردەك بىلەن يۇمغاقسۇت لەيلەپ تۇرغان ئۇگرىنى ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى. ئاشنى بىر ئېغىز گەپ قىلماي ئىچىپ، يەنە ئېتىزغا چىقىپ كەتتى.

... قاچانلاردىن تارتىپكىن ھەۋزىخان ئۆز بەختىنىڭ ئارىسىغا نېمىنىڭدۇر يوشۇرۇنغانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى، قانداقتۇر بىر ئەندىشە كېچە - كۈندۈز يۈرىكىنى سىقاتتى، پات - پاتلا چۈشى بۇزۇلۇپ قالاتتى، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ئاشۇ نامەلۇم نەرسىنىڭ ئۆز بەختىنى ۋەيران قىلىۋېتىشىدىن، ئۆمۈرلۈك داغدا قېلىشىدىن قورقاتتى. ئادەم مۇرادىغا يەتكەندە رىزقىمۇ تۈگەرىمىش. بەك قاملىشىپ كەتكەن ئىش چوقۇم بۇزۇلارىمىش... خۇدا ئۆزۈڭ پاناھىڭدا ساقلا. ھەۋزىخان ھەر قېتىملىق ناماز، دۇئالىرىدا چىن ئىخلاسى بىلەن شۇنى تىلەيتتى.

ئەمما، ئابدۇللا تۇرۇپ - تۇرۇپلا جىمىغۇر، سوغۇق، يات ھەم سۇرلۇك بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالاتتى. ھەۋزىخان ئابدۇللانىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈشتىن ئىككى كۆزى كور بولۇپ قېلىشنى ياكى ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرەتتى. چۈنكى، ئۇ ئابدۇللانى ھېلىھەم جېنىدىن ئەتىۋار كۆرەتتى. ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئۇنىڭ پۈتۈن سەزگۈ ئەزالىرى قۇلىقىغىلا مەركەزلىشەتتى. قاچانكى ھويلا ئىشىكى تاراقشىپ، تونۇش ئاياغ تىۋشى ئاڭلانغاندا گۇلقەقەلىرى ئېچىلاتتى. كۈلۈپ، يۈگۈرۈپ ئابدۇللانىڭ ئالدىغا چىقاتتى، قولىغا

سۇ بېرەتتى، ئۇنىڭ يوغان قوللىرى بىلەن ئاپتاپتا كۆيگەن قارامتۇل قىزغۇچ يۈزىنى، بويۇن ـ باشلىرىنى يۇيۇشىغا، باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئىشتىها بىلەن غىزا يېيىشىگە قاراپ تويمايتتى. ئابدۇللا ئېغىلدا، ھويلىدا ياكى ئۆگزىدە ئىشلەپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سايىدەك جىمجىت ئەگىشىپ يۈرەتتى. بەزىدە ئابدۇللا شارتتىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ، خىرىلداپ كۈلگىنىچە ئۇنى بېلىدىن قۇچاقلىۋالاتتى، كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈۋېلىپ ئۆيگە كىرىپ كېتەتتى...

ئەمما... ئۇ ھازىر گويا ئۆيدە ھەۋزىخانىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلمەيدۇ، سەزمەيدۇ ياكى بىلىشنى، سېزىشنى خالىمايدۇ. ھەۋزىخانغا كۈنلەپ ـ كۈنلەپ گەپ قىلمايدۇ.

* * *

ئۆيدە بوغداي ئۇنى ئۈزۈلۈپ قالغىلى خېلى كۈنلەر بولدى. ھەۋزىخان يوبدان بىلەن سىقىماقنى ئېتىۋېرىشتىن زېرىكتى. شۇڭا، ئابدۇللانىڭ قولى بوشىشىنى ساقلاپ تۇرماي، ئېشەككە بىر تاغار بوغداينى ئارتىپ تۈگمەنگە ماڭدى. ئېتىزلىقلار ئارىسىدىكى چىغىر يول كەنت سىرتىغا، يېقىنىدىلا ئېقىپ ئۆتكەن چوڭ سۇنىڭ ئىزى قالغان سايلىققا چىققاندىن كېيىن، كېڭىيىپ تەرەپ ـ تەرەپكە بۆلۈنۈپ يوق بولۇپ كېتەتتى. ھەۋزىخان ئۆستەڭنى بويلاپ ماڭدى، سەل نېرىدا بەش ـ ئالتە ياشلاردىكى ئىككى كىچىك بالا سۇ ئېقىتىپ كەلگەن شاخ ـ شۇمبا، دەرەخ يىلتىزلىرىنى تېرىۋاتاتتى. ئاق ياغلىق ئارتقان بىر ئايال ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئېڭىشىپ بىرنېمىلەر قىلىپ يۈرەتتى. ھەۋزىخان كىچىكرەك، چىرايلىق ئوغۇل بالىغا زەن قويۇپ قارىدى. ئۇ ئۆز بالىسىنىڭمۇ ئەنە شۇنداق چىرايلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

دۆڭدە چوقچىيىپ تۇرغان كونا تۈگمەن يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىناتتى. تۈگمەن بېسىق بولسا كېرەك، تۈگمەننىڭ تەسكەي

تەرىپىدىكى تام بويلاپ قويۇلغان يوغان كۆتەكتە ئۈچ ـ تۆت خوتۇن ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قوشنىسى مۆھتەرەمخانمۇ بار ئىدى. تۇگمەن ئىچىدە قېرى تۇگمەنچى بىلەن ئۈچ ياش يىگىت قول-لىرىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئوڭدا يېتىشاتتى. تۇگمەنچى بولسا سۇنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىنى بېسىشقا ئۇرۇنۇپ، ئۇنلۇك ئاۋازدا رۇستەم داستانىنىڭ جەڭ قىسىملىرىنى سۆزلىمەكتە ئىدى. يىگىتلەر ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھەۋزى-خانىنىڭ تاغىرىنى تامغا يۆلەكلىك تاغار ـ خالتىلارنىڭ يېنىغا تىزىپ قويغاندىن كېيىن يەنە جايىغا بېرىپ يېتىشتى.

ــــ ھەممىلىرى ھارمىغايلا.

ــــ ھارمىسىلا، ئۆزلىرى ئوبدان تۇرۇۋاتاملا؟

ئاياللار ئورۇنلىرىدىن سەل ـ پەل مىدىراپ ھەۋزىخانغا ئورۇن چىقىرىپ بېرىشتى. ئەمما، ھەۋزىخانىنىڭ كېلىشى بىلەن ئۈزۈلگەن پاراڭ قايتا ئۇلىنالمىدى. ئارىدا خېلىغىچە ئوڭايسىز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بىر ئايال زاغرا نان يەپ ئولتۇراتتى. ھەۋزىخانىنىڭ ئاشۇ ناندىن يېگۈسى كەلدى. ئايالغا قاراپ ـ قاراپ قويدى ـ يۇ، سوراشتىن ئۇيالدى.

ــــ ئاڭلىساق، ھەمرا بىلەن كۆڭۈللىرى يېقىن ئىكەن، ــــ دەپ خىڭگىلداپ گەپ باشلىدى بىر ئايال، ــــ ئۇ ھىدىققا دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپىمىز بار ئىدى...

ئۇ ئاغىچا يۇغۇچتەك قورۇق، بۇرنىنىڭ يېرىمىنى سىفلىس يەپ كەتكەن ئايال ئىدى. ھەۋزىخانىنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى تۇتتى:

ــــ ھەمراخانىنىڭ بۇزۇقلۇقىنى ھەر قايسىلىرى بىلىشىدىكەن-لىغۇ، تىل قىسىنچىلىقلىرى بولمىسا، گەپنى ئۆزىگە دېيىشسىلە. مەن خەۋەرچىلىكنى ئەپلەشتۈرەلمەيمەن.

ــــ بۇزۇق بولماي نېمە ئىدى ئۇ! ئارىباغقا كەلگەندىن بېرى كۈرسۈك ئىتتەك سوكۇلداپ ھېچكىمنىڭ ئېرىنى ساق قويمىدى.

ــــ ئېرى بار خوتۇنغا كەلسە ـ كەلمەس قارا چاپلىشۋەرمىسە-لە بولارمىكى، گەپنى قىلغان بىلەن ھۆددىسىدىن چىقماق تەس...

ئاياللار تۇشمۇتۇشتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى:

— مانا مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، بۇلتۇر قوناقلىقتا...

— مېنىڭ ئاشۇ مۆك ئېرىمنىمۇ بوش قويمىدى ئۇ قېرى قانجۇق.

— ئىست، ھەسناخۇن ئالتۇنغا بەرگۈسىز ئادەم ئىدى، ئاشۇ بۇزۇقنىڭ دەردىدە شوۋچى بولۇپ قالدى...

ھەۋزىخان قوپۇپ كەتمەكچى بولغانىدى، ئەمما ئۇلگۇرەلمىدى. گەپ ـ سۆزسىز ئولتۇرغان مۆھتەرەمخان مەسخىرە ئاھاڭدا سۆز ئېچىپ قالدى:

— باشقا ئادەمغۇ بىرنۆرى، ئەرلىرى ئابدۇللاخۇننىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشىغا بىر زەن قويۇپ باقسىلا.

ھەۋزىخان پېتىنى بۇزماي ئولتۇردى، ئەمما ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۆتكۈر بىر خەنجەر سانجىلىپ بولغانىدى.

— قايسى كۈنى ئېتىزلىقتا ئوت ئوتاۋاتسام، نېرى قاتتىكى جىگدىلىكتىن بىر ئەر بىلەن بىر مەزلۇم كىشىنىڭ گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاستا ماراپ باقسام، كىم دېمەيلا، ئاب-دۇللاخۇن بىلەن ھەمراخان ! توۋا ئابدۇللاخۇن ئۇنىڭ قولىنى ئار-قىسىغا قايرىپ تۇتۇۋاپتۇ، ئۇ بىر تۇرۇپ قېيىداپ قالغاندەك قى-لىدۇ، بىر تۇرۇپ ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ، ئىككىلىسى خۇددى بىر ـ بىرىنى يەۋېتىدىغاندەك قارىشىدۇ. چەتتە قاراپ تۇرۇپ يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدۇم. شۇنداقمۇ تۈزكورلۇق بولامدىغان، خەق سېنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرسۇنۇ، سەن قوپۇپ خەقنىڭ بېشىغا نىجاسەت تۆك... ھېلىقى يوغان سېرىق ئىتىمنى «ئاله پاچاقتىن» دەپ كۇشكۇرتىۋېدىم، ئىككىسىنىڭ ئاللا ـ توۋىسىنى چىقاردى تازا. ھى ـ ھى ـ ھى... ھا ـ ھا ـ ھا...

ئاياللار ھەمراخاننى ئىت ئەمەس، ئۆزلىرى تالاپ يۇخادىن چىققۇدەك بولۇپ كۈلۈشتى.

— ئابدۇللاخۇنمۇزە... ھېچكىمگە كۆز سالماي يۈرگەندەك قىلاتتى، ئەسلىي...

ھەۋزىخان تامىنى تۇتۇپ تەستە ئورنىدىن تۇردى، ئىشەكنى ھەيدەپ ئۆيىگە قايتتى.

*　　*　　*

كۈن غەربكە قىيسىيىپ، ئاستا ـ ئاستا يىراقتىكى قۇملۇق- نىڭ كەينىگە چۆكۈپ كەتتى، ئەتراپ گۇگۇم پەردىسىگە ئورالدى. ئاسماننىڭ قۇياش پېتىپ كەتكەن بۇرجىكى خۇددى ئوت كەتكەن- دەك قىزارغانىدى. ئۇ يەردە توپ ـ توپ قىزىل بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى.

قاراڭغۇلۇق، سىياھتەك قاپقارا، باش ـ ئۇچى، چېكى يوق قاراڭغۇلۇق. يەر ـ جاھان ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قېتىپ قال- غانىدى.

كېچە تەڭ بولغاندا، يەرنىڭ تېگىدىن ئاياغ تىۋىشى كەلدى ۋە بارغانسېرى كۈچەيدى، ئۇ ھەۋزىخاننىڭ قۇلاق تۈۋىدە توغرىراقى تومۇر ـ تومۇرلىرىدا ياڭراشقا باشلىدى. ئۇ قوللىرى بىلەن قۇ- لىقىنى ئېتىۋالدى، تۈگۈلۈپ كىچىككىنە بولۇپ كەتتى، قۇلىقى- نى مىڭ ئېتىۋالغىنى بىلەن بەرىبىر ئىدى، ئابدۇللا بەكمۇ خۇشۋاق، غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە كىرىپ كەلدى. كۈپتىن سۇ ئېلىپ غۇرتۇلدىتىپ ئىچتى.

— ھەۋزىخان! — دەپ بوشقىنا چاقىردى ـ دە، سادا چىقمى- غاندىن كېيىن كۆرپە بىلەن تەكىيىنى كۆتۈرۈپ ئۆگزىگە ئۇخ- لىغىلى چىقىپ كەتتى.

ھەۋزىخاننىڭ يۈرىكىگە بىر خەنجەر سانجىلىق. ئۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىنىماي قوچۇيدۇ. ھەۋزىخان ئازابتىن ئىڭرايدۇ، لاغ ـ لاغ تىترەيدۇ.

ئابدۇللانىڭ ئادىتى مۇشۇ. ھەر كۈنى تەڭ كېچىدە كېلىدۇ ـ دە، كۆرپە بىلەن تەكىيىنى كۆتۈرۈپ ئۆگزىگە ئۇخلىغىلى چىقىپ كېتىدۇ. كۈندۈزلىرى ھەۋزىخان ئالدىغا ئەكېلىپ بەرگەن ئاشنى

نىمىنى يەۋاتقىنىنى بىلمەيلا يەيدۇ. كۆزلىرى، لەۋلىرىدە خىيا-لىي بىر كۈلكە، تەگسىز بىر خۇشلۇق ئوينايدۇ.
بىر كۈنى ھەۋزىخان ئابدۇللاغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ ئىب-غىز ئاچتى.
— ھەمراخانغا نىمە بولدىكى، قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەيدىغان بولۇپ كەتتى...
ئابدۇللا دىگىدە چۆچۈپ، ھەۋزىخانغا ئەلەڭلەپ قارىدى، يۈز-لىرى ئېسىلىپ قىپقىزىل بولدى، كۆزلىرىنى ئىتتىك ئەپقېچىپ يوچۇن بىر ئاۋازدا:
— ئا... ئانىسىنىڭ ئۆيىگە... كەتتىمىكىن... — دىدى دۇ-دۇقلاپ.
ھەۋزىخان ئابدۇللانىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.
— ئابدۇللاخۇن، ئىككىمىز قانداق ئېلىشىپ - تېگىشكەن، ئەسلىرىدە بارمۇ؟
— ھەئە...
— ئابدۇللاخۇن، پەشلىرىگە ئېسىلغان كۈنۈمدىن تارتىپ ھالا بۇگۈنگىچە يۈزلىرىنى يەرگە قارىتىدىغان بىرەر ئىش قىلدىممۇ يا؟
— ياق...
— بىرەر كۈن ئىسسىقسىز قويدۇممۇ؟ ياقىلىرىنى كىر قىل-لىپ قويدۇممۇ؟ ياكى سىلىگە قاپاق تۇرۇپ باقىان يېرىم بارمۇ؟
— ...
— ئەمىسە ماڭا نىمىشقا قاپاق ئاچمايلا؟ نىمىشقا مىنىڭ يې-نىمدىن ئەرۋاھنى ياندىغاندەك ياناپ ئۆتۈپ كېتىلا؟ مەن سىلى-نىڭ ھالال جۈپتىلىرى، كۆيۈپ - پىشىپ ئالغان خوتۇنلىرىغۇ؟ ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات، مەنمۇ نەگە باردىڭىز، نەدە تۇردىڭىز دىمەي، سىلىمۇ ئېيتمىسىلا، لىكىن تاماشا مۇشۇ يەرگىچە بول-سۇنمىكى، بولمىسا...
— بولمىسا قانداق قىلىۋېتەرسەن؟
— سىلى كۆرسەتكەن تاماشىنى مەنمۇ كۆرسىتەلەيمەن!



www.uyghurkitap.com

— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، يەنە ئۆگزىگە چىقىپ كەتتى. شوتا ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا نالە قىلغاندەك غىچىلداپ كەتتى. ھەۋزىخان سۇپىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇ تىترەۋاتاتتى، ھۆركىرەپ يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن قوللىرىنى چىشلەيتتى. ئەمما، قوللىرىنىڭ ئاغرىقىنى سەزمەيتتى. ئۇ ھېلىلا ئاڭلىغان سۆزلىرىگە ھېچ ئىشىنەلمەيتتى. ئۆزىنى خۇددى بىر يامان چۈش كۆرۈۋاتقاندەك سېزەتتى. ئۇيقۇدىن ئويغىنىشى بىلەنلا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يالغان بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، بۇ چۈش ئەمەس ئىدى.

ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھەممىنى سېزىپ يۈرگەن بولسىمۇ، كۆڭلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە پىلىلداپ تۇرغان: «بەلكىم ھەممىسى يالغاندۇ، چۈشەنمەسلىكتۇ» دەيدىغان كىچىككىنە ئۈمىدمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئابدۇللا ئۇنىڭغا: «بۇ گەپلەر يالغان» دېگەن بولسىلا، ئۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ قالغان بولار ئىدى. ئەمما، ئابدۇللا ئۇنداق دېمىدى، يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمىدى ياكى ئەمدى ئۇ يولغا ماڭمايمەنمۇ دېمىدى. پەقەتلا «قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل» دېدى. ئاھ خۇدا! نېمە تارتقۇلۇقتۇ بۇ! بىچارە ئانا قىزىنىڭ بېشىغا مۇشۇ كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى بىلەمدىكىن، دۇنيادا ئانا كۆڭلىدەك تۈيغۇن نەرسە يوق ئىكەن... ئۇ يېقىندا كۆرگەن چۈشىنى، دادىسىنى، ئاكىلىرىنى ئويلىدى. دەردىنى ھېچكىمگىمۇ ئېيتالمايدىغانلىقىنى، بۇ دۇنيادا ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىدىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكىدىغان بىرەر كىشىنىڭ يوقلۇقىنى، ئۆزىنىڭ نەقەدەر يالغۇز، يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىنى ئىچ ـ ئىچىدىن ھېس قىلدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئۇ يەنە كىمگىمۇ ئىچ ـ باغرىنى تۆكەلەيدۇ؟ ئابدۇللاغىمۇ؟ ئابدۇللاغا ئۆزىنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىنى ئېيتسۇنمۇ؟ ياق، ئۇ ئابدۇللانى بالا ئارقىلىق ئۆزىگە باغلىۋېلىشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭغا ئابدۇللانىڭ بۇرۇنقىدەك شەرتسىز، ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتى كېرەك. زۆرۈر تېپىل-

www.uyghurkitap.com

غاندا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي يەنە بىر قېتىم دادىسىنىڭ ئالدىغا كېتىدۇ. ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقى، ھەتتا بۇ دۇنيادا ئۇلار ئىككىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئاپىرىدە بولغان بىر كىچىك جان بار ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرمايدۇ.

ئۇ ئەمدى ئابدۇللانى قايتۇرۇۋالالماسمۇ؟ ھەمراخاندا بار چىراي، خۇلق ئۇنىڭدا يوقمۇ؟ ئۇ لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىگىنىچە چوڭقۇر خىياللارغا چۆكتى.

* * *

سۈپىدىكى داق كىگىز ئۈستىگە چاپلىشىپ ياتقان ھەۋزىخان ھەر كۈندىكى ئاۋازنى يەنە ئاڭلىدى.

يەرنىڭ تېگىدىن كېلىدىغان بۇ ئاۋاز — ئابدۇللانىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ يۈرىكىنى جىغىلداتتى. ئۇنى ھەر كۈندىكىدىن ئۆتە قورقۇنچ، ساراسىمىگە سېلىپ قويىدى. بىراۋنىڭ ئىشىكنى سىلاشتۇرۇپ ئاچقان ئاۋازى، زەنجىرنىڭ بوشقىنا شىرىقلىشى، ئىشىكنىڭ غىچىلدىشى...

ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلاشتى، ھەۋزىخاننىڭ يېنىدا تېخىمۇ ئاستىلاپ يەنە يىراقلاپ كەتتى. شوتا غىچىلداپ نالە قىلىپ توختاپ قالدى. ئەتراپ بىردىنلا چەكسىز جىمجىتلىققا چۆمدى. ھەۋزىخان گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان كۆكرىكىنى كۈچ بىلەن بېسىۋېلىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى. شوتىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ تامدىكى سايىسىغا قاراپ بىرپەس تۇردى. يوتىسىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان ئىككى ئۆرۈم چېچىنى بىر - بىرىدىن چۇۋۇپ يەلكىسىگە سېلىندۇردى، ئىلگىرى ئابدۇللا ئۇنىڭ چاچلىرىنى چۇۋۇپ ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرىنى قوللىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سىلايتتى. يۈزىگە، لەۋلىرىگە سۈرەتتى، ئاھ... ئەمدىچۇ؟

ھەۋزىخان شوتىنى غىچىلداتماسلىققا تىرىشىپ، بالداقلى-

ـرىغا ئاستا دەسسىدى.
ئۆگزە ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى. بىر ياقتا قاتار قىلىپ
تىزىلغان يېڭى ئورۇلغان بېدىلەردىن چۇچۇمەل خۇش پۇراق
كېلىپ تۇراتتى. ھەۋزىخان كۆرپە ئۈستىدە پۈت ـ قوللىرىنى
كېرىپ ئوڭدىسىغا ياتقان ئابدۇللانىڭ يېنىغا تىز چۆكتى، قول-
لىرىنى مەيدىسىگە ئېلىپ ئۇنىڭ چىرايىغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق
تەلمۈردى.
ئۇ ئۇخلاپ ياتىدۇ. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ يېنىككىنە خورەك تار-
تىپ قويىدۇ، لەۋلىرىدە ئۆزگىچە بىر خاتىرجەملىك، بەخت
جىلۋىلىنىدۇ. ئوچۇق ياقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يوڭلۇق
كەڭ كۆكرىكى كۈچلۈك نەپەسكە ئەگىشىپ، دەم كۆتۈرۈلۈپ،
دەم چۈشىدۇ. بىلەكلىرى خۇددى بىرسىنى قۇچاقلاشقا تەي-
يارلانغاندەك ئىككى ياققا تاشلانغان، يېرىم يۇمۇلغان بارماقلى-
رى ئۆزىچە قىمىرلاپ قويىدۇ. بىر ۋاقىتلاردا مۇشۇ قوللار ئۇ-
نىڭغا تەۋە ئىدى، ئۇنى ئۈستىخانلىرىنى سۇندۇرۇپ قويغۇدەك
دەرىجىدە چىڭ قۇچاقلايتتى، كۆتۈرۈۋالاتتى. ئەمدى بولسا باش-
قا بىرسىنى قۇچاقلايدۇ، بەلكىم كۆتۈرۈپمۇ ۋالىدىغاندۇ...
ھەۋزىخاننىڭ كۆز ياشلىرى بۇلاق بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى،
ئىسسىق كۆز يېشى ئۇنىڭ ئاغزىغا، بويىنىغا ئېقىپ كىرەتتى.
ئۇ جالاقلاپ تىترىگىنىچە ئاستا ئابدۇللانىڭ يېنىغا سۇرۇلدى.
قوللىرى بىلەن ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى، يۈزىنى ئۇنىڭ
يۈزىگە، لەۋلىرىگە سۈركىدى. ئەمما، ئابدۇللا خۇددى بىر پارچە
تاشقا ئوخشاش قىمىر قىلماي ياتاتتى، ئۇنىڭ ئەسەبىيلەرچە
سۆيۈشلىرى، ئەركىلىتىشلىرىگە پەرۋامۇ قىلمايتتى...

* * *

ھەۋزىخان ھەپتىدىن بېرى چىكىپ تەييارلاپ قويغان بوغجۇ-
مىسىنى كۆتۈرۈپ ئىشىكتىن نەچچە قېتىم چىقتى، بىرنەچچە قە-

www.uyghurkitap.com

دەم ئالا ـ ئالماي، خۇددى بوينى ئارقىسىدىن باغلانغاندەك يەنە كەينىگە قايتتى.

قوناقنىڭ ئوتىنى كىم ئوتايدۇ؟ مالغا ئوتنى كىم ئالىدۇ؟ تۈگمەنگە تاشلاپ قويغان ئۇگۇتنى كىم ئەكېلىدۇ؟ ئېتىزلىقتىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا كىم ئىسسىق تاماق ئاچىقىدۇ؟

ئۇ بەختلىك كۈنلىرى ئۆتكەن ئاشۇ ئۆيىدىن يامانلاپ كەتكۈسى يوقلۇقىنى ئەنە شۇنداق باھانىلەر بىلەن ياپماقچى بولاتتى، تۇرۇپلا بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغىنىچە ئابدۇللانىڭ مۇزدەك چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، خورلۇقنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ئالدىغا قاراپ تېز ـ تېز مېڭىپ كېتەتتى. مېڭىپ ـ مېڭىپ قەدەملىرى بارغانسېرى ئاستىلايتتى، پات ـ پات كەينىگە بۇرۇلۇپ قارايتتى. ھېچكىمنىڭ قارىسىنى كۆرمىگەندىن كېيىن، چوڭقۇر بىر خورسىنىپ قەدىمىنى تەستە يۆتكەشكە باشلايتتى... ئاھ، خوتۇن كىشى! ئېرىنىڭ مۇھەببىتىدىن ئايرىلغان خوتۇن كىشى خۇددى شېخىدىن ئايرىلغان ياپراق، يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەك، جاڭگالدا توپىدىن ئايرىلغان قوزا. ئۇنىڭ دەردىنى، ئاچچىق ھەسرىتىنى بېشىغا كەلمىگەن ئادەم مەڭگۈ ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ.

ھەۋزىخان يول بويىدىكى ئېرىق لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. بوغجۇمىسىنى بىر يانغا قويۇپ، قوللىرىنى سۇغا تىقتى. قويۇق ئۆسكەن قىياق، پاقا يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ ئۆتىدىغان بۇ سۇ شۇنچىلىك سۈزۈك ئىدىكى، ئېرىق ئاستىغا تىنىپ قالغان سارغۇچ يېشىل مۇخ قاپلىغان لاي ـ لاتقىلار، ئۇششاق رەڭدار تاشلار، غۇژمەك ـ غۇژمەك، قاپقارا، قىلدەك ئىنچىكە يىلتىزلارغىچە مانا مەن دەپ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شوخ غەمسىز سۇ ئۇششاق دولقۇنلىرىنى ھاسىل قىلىپ، ئۇنچە چاچرىتىپ مەنزىلگە ئالدىرايتتى. كۈچى يەتكەنلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز يولىدا ئېلىپ ماڭاتتى. غولىدىن ئايرىلغان بىر تال شاخ ئېقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇچى

تەرپىدىكى يۇمران، كىچىككىنە يېشىل يوپۇرمىقىدا قانىتى زەخىملەنگەن ئالتۇن رەڭلىك خانقىز ئولتۇراتتى. ئۇ قاناتلىد-رىنى دىرىلدىتىپ پەرۋاز قىلىشقا تەمشىلەتتى، مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن ھەريان ئۆمىلەپ، بۇ غايەت زور ئېقىن-نىڭ كۆچىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇناتتى. شاخ بولسا چۆكۈپ كې-تىۋاتاتتى. خانقىزنى پاناھىغا ئالغان يوپۇرماق تىترەيتتى، سىلكىنەتتى...

ھەۋزىخاننىڭ قۇلىقىغا قىلدىن ئىنچكە، ئارانلا پەرق ئەتـ-كىلى بولىدىغان زەئىپ نالە ـ پەرياد ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ سەكرەپ قوپۇپ، ئېقىپ كېتىۋاتقان شاخنى سۇزۇۋالدى. خاذ-قىز ئۇنىڭ قوللىرىدا ئۆمىلەشكە باشلىدى، ھەۋزىخان بارماق-لىرىنى كېرىپ جىممىدە تۇردى. ئۇ ئۇچۇپ كېتەلەرمۇ؟ ئەگەر ئۇچۇپ كېتەلىسە، ئابدۇللا مېنى ھېلىھەم ياخشى كۆرىدۇ، ئە-گەر ئۇچۇپ كېتەلمىسە...

خانقىز ئۇنىڭ باش بارمىقىغا چىقتى، باش بارمىقىنىڭ ئۇچىدىن كەينىگە قايتىپ يۇقىرىغا قاراپ ئۆمىلەشكە باشلى-دى، يەنە كەينىگە قايتتى. چىمەلتەك بارمىقىنىڭ ئۇچىغا كەلگەندە تۇيۇقسىز ۋالىلداپ تۇرىدىغان سۇپسۇزۇك قاناتلىرى-نى كېرىپ ھاۋاغا يېنىككىنە كۆتۈرۈلدى.

ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ! ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ!

ھەۋزىخاننىڭ قەلبىدىكى غەزەپ، خورلۇق پاك ـ پاكىز يو-قالدى، ئۇ ۋۇجۇدىنى ئورىۋالغان خۇشاللىقتىن خۇدىنى يوقىد-تىپ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، بىردىنلا كۆزىگە قاراڭغۇ-لۇق تىقىلدى. يۈرىكى سىلىپ تېنىنى سوغۇق تەر باستى. ئۇ تۈنۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ ئاغزىغا بىرنەرسە سالمىغانىدى. ئۇ بىر تۇپ جىگدىنىڭ يىرىك قوۋزىقىغا پېشانىسىنى تىرەپ تۇرغىنىدا قورسىقىدىكى بالا تەۋرەپ كەتتى، بۇ تۇنجى قېتىم-لىقى ئىدى. ھەۋزىخان ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن ھالدا تېخى دۇنياغا كەلمىگەن پەرزەنتىنىڭ ھەرىكىتىگە زەن قويۇپ، ئۇ-

نىڭ جان ـ جەھلى بىلەن ئۆزىنىڭ بىقىنلىرىغا تىپىۋاتقان قىزغۇچ، كىچىككىنە پۇتىنى، مەھكەم يۇمۇلغان مۇشتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

www.uyghurkitap.com

* * *

ئاشۇ كۈنى سەھەردە پادىچى بالا قويلىرىنى كەنت سىرتىغا ھەيدەپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا، ئاسماننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن قاندەك يامراپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاجايىپ بىر قىزىللىقنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇدى. بۇ قىزىللىق ھەر كۈندىكىدەك سۈپسۈزۈك ۋە پاك قىزىللىق ئەمەس ئىدى. ئۇ خۇددى يىراق ئۇپۇقتا جان تالىشىپ ياتقان بىر گىگانت ئادەمنىڭ تومۇرىدىن بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قانغا ئوخشاش ھەش ـ پەش دېگۈچە ئاسمان بېتىنى قاپلىدى. بىر پەستىلا پايانسىز قۇملۇق ئېتىز ـ باغلار، دېھقان ئۆيلىرى ياغاچ دەرەخلىرى تامامەن توق قىزىل قان رەڭگىگە كىردى. تاكى قۇياش قۇملۇقنىڭ نېرىسىدا پەيدا بولۇپ نەيزە بويى ئۆرلىگەنگە قەدەر بۇ قىزىللىق يوقالمىدى. شۇ كۈنى نۇرغۇن كىشىلەر پادىچىغا ئوخشاش ساراسىمە ئىچىدە قېلىشتى. مەسچىت ئىمامى ئۇنىڭغا ئاخىر زاماننىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنىڭ بېشارىتى دەپ تەبىر بەردى. ئەمما، كىشىلەر بىلەن تەڭلا ئويغانغان ھايات تەشۋىشى ئۆزىدىن باشقا ھەممىسىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا قادىر ئىدى. دەرۋەقە، ئۇزۇن ئۆتمەي ھايات يەنە ئىزىغا چۈشتى.

چۈشلۈك غىزاغا قويقان ھەۋزىخان قازانغا ئۇشىشاق توغرالغان قورۇق ياغ بىلەن چامغۇرنى تاشلاپ تۇۋاقنى ياپتى ـ دە، ئابايىلا يۇغۇرۇپ قويغان خېمىرنى يېيىشقا باشلىدى. ھەربىر ئېگىلگەندە ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈم چېچى مۇرىسىدىن ئارتىلىپ ئالدىغا چۈشۈۋالاتتى. بىلەكلىرىگە چوڭ كېلىپ

قالغان كۆمۈش بىلەزۈكىمۇ تاراقلاپ ئاشتاختىغا ئۆرۈلاتتى. ئۇ بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، بىلەزۈكلىرىنى چىقىرىپ، كات ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. ئارقىسىغا يېنىككىنە چايقىلىپ چاچلىرىنى كەينىگە تاشلىۋېتىپ يەنە سۇپىرىغا ئېڭىشتى. قەغەزدەك نېپىز يېيىلغان خېمىرنى نوغۇچ بىلەن ئەپچىل قاتلاپ، قولىغا ئاش پىچىقىنى ئالدى. ئۇ ئۇزۇن، ئىنچىكە، ساپلىرىغا سۆڭەكتىن خىلمۇخىل نەقىش ئويۇلغان پىچاق ئىدى. ئۇلار تاغدا تۇرۇۋاتقان چاغدا ئابدۇللا ئۇنى بىر قويچىدىن سورىۋالغانىدى. پىچاقنىڭ ئاشتاختىدا ئۇستىدىكى رىتىملىق ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ خېمىر چاچتەك كېسىلىشكە باشلىدى. ھەۋزىخاننىڭ خىيالى بولسا بۇ يەردە ئەمەس، ئابدۇللانىڭ ئاخشامقى سۆزلىرىنى تەكرارلايتتى:

— ئاشۇ چاغدا مېنىڭ كۆزۈم قارىغۇمىدىكىن، ھەمراخان كۆز ئالدىمدا يۈرسە، قانداق بولۇپ ئۇنى ئەمەس، سېنى ئالغان بولغىيدىم؟ سەن مېنى موللىغا ئوقۇتۇۋالغانمىدىڭ يا؟...

ھەۋزىخان ئۇنىڭ گېپىگە كۈلدى، يۈرىكىدە قاينىغان يىغا ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۈلكە بولۇپ چىقتى، ئەمما ئىچى زەھەردەك ئاچچىق زەرداباقا تولدى. كېچىدە يىلان چېقىۋالغاندەك تولغىنىپ چىقتى، كىرپىك قاقمىدى. ئارىلىقتا ئازغىنا كۆز يۇمغان بولسىمۇ، قارا بېسىپ ئويغىنىپ كەتتى. ئاشۇ قاپقاراڭغۇ ئۇزاق كېچىدە ئۇ ئابدۇللا بىلەن نائىنساب ھەمراخاندىن ئۆچ ئېلىشنىڭ خىلمۇخىل پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقتى.

ئەتىگەندە ھەمراخان بىلەن بولسا ياخشىلىقچە، بولمىسا ياماندىلىقچە گەپلەشمەكچى بولۇپ بېرىۋىدى، ھەمراخاننىڭ مۆرىمەس ئېرى ئۇنى ئانىسىنىڭكىگە كەتكەن دەپ ئۆيگە كىرگۈزمىدى.

ھەۋزىخان چۆپنى كېسىپ بولۇپ بېلىنى رۇسلىشىغا، كىمدۇر بىرسى ھويلىغا پالاقشىپ يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ھەۋزىخان، ۋاي ھەۋزىخان، خەقلەر بۇرنىڭىزنىڭ ئاستىدا تاماشا قىلىۋاتسا، نېمە ئىش قىلىپ ئولتۇرىدىغانسىز! بولۇڭ دەي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن، بولۇڭ! ئابدۇللاخۇن ھېلىقى بىرنېمە بىلەن چۈنەكلىكتە...
ھەۋزىخانىنىڭ كۆز ئالدىدا چاقماق چېقىلغاندەك، خىيالىدا نېمىدۇر بىرنەرسە گۇپپىدە يېقىلغاندەك بولدى، نېمىلەردۇر قاراسلاپ سۇنۇپ ۋەيران بولدى، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى. ئۇ خۇدىنى يوقاتقان ھالدا سىرتقا قاراپ يۈگۈردى، قولىدا ئاش پىچىقىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. پىچاق سېپىنىڭ بارماقلىرىغا پېتىپ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. ئارقىسىدا پالاقلاپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن مۆھتەرەمخاننى، دوقمۇشتىكى كالتە تامدىن ماراپ تۇرغان روزىمەتاخۇننى كۆرمەيتتى.
ياپيېشىل ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ يانمۇيان ئولتۇرغان ئابدۇللا بىلەن ھەمراخان مانا مەن دەپ كۆزگە تاشلىناتتى. بۇ بىر تەرىپىنى ئۆي، قالغان تەرىپىنى سوقما تام ئوراپ تۇرىدىغان خالىي جاي ئىدى. ھەۋزىخان نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇلارنىڭ مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمىغان بولغىيدى.
ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت ياناتتى. كۆكرىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشەتتى، پۈت ـ قوللىرى سىېزىلەر ـ سىېزىلمەس تىترەيتتى. خىيالىدا بولسا چەكسىز غەزەپتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇ ئۇلارغا بىرنەچچە قەدەم قالغاندا، ئىشىنىڭ چىڭغا چىقىپ قىلىشىدىن قورققان مۆھتەرەمخان ئارقا تەرەپتىن توۋلىدى:
— ئابدۇللاخۇن! ھوي ھەمراخان! جىنىڭلارنى ئەپقىپچىڭلار...
ئولتۇرغانلار سەكرەپ قوپۇپ كېتىشتى، ئابدۇللا كەينىگە قاراپ سەل تېڭىرقىغاندەك قىلدى ـ يۇ، دەرھال ھوشىنى يىغىپ ھەمراخاننىڭ قولىدىن تارتقىنىچە ئالدى تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. سوقما تامغا لەپپىدە سەكرەپ چىقىپ بولۇپ، ھەمراخاننى تارتىۋېلىشقا ئۇلگۈرمەيدىغانلىقىغا كۆزى

يېتىپ، ئۆزىنى تامنىڭ نېرىسىغا ئاتتى. ھەمراخان ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈپ تامغا ئېسىلىپ بېقىپ چىقالمىغاندىن كېيىن، قوللىرى بىلەن بېشىنى توسۇۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى. ھەۋزىخان ھەمراخاننىڭ چېچىدىن قاماللاپ تۇتۇۋالدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاق يالتىراپ كەتتى، جىرقىراپ چىققان قان تامغا، ھەۋزىخاننىڭ يۈزىگە، قوللىرىغا چاچرىدى. ھەمراخان ئاستا بېشىنى بۇرىدى، ئۇنىڭ ئۇزۇن - ئۇزۇن سارغۇچ كىرپىكلىرى ئوراپ تۇرغان، چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغاندى. لەۋلىرى نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولغاندەك ئېچىلدى - يۇ، سۆزلەشكە ئۈلگۈرمىدى. پۈتۈن بەدىنى لاسسىدە بوشاپ، تام تۈۋىگە يىقىلدى. قولىدىكى پىچاقنى يەنە كۆتۈرگەن ھەۋزىخاننىڭ كۆزى قورقۇنچتىن ئالايغان ئاشۇ يات ھەم جانسىز كۆزگە چۈشكەن ھامان، ئېلىشىپ قالغاندەك بىردىنلا جېنىنىڭ بارىچە چىرقىرىۋەتتى. پىچاقنى قان بىلەن بويالغان كۆكتات ئۈستىگە تاشلاپ ئارقىسىغا يۈگۈردى.

* * *

ئاسماننىڭ قەرىدە غايەت زور بىر پارچە يالقۇندەك لوغۇلداپ ئېسىلىپ تۇرغان قۇياش يەر - جاھاننى تونۇردەك قىزىتىشقا باشلىدى. زېمىن قۇياش ئاستىدا ھالسىرايتتى. ئۇنىڭ باغرىدىكى بارچە مەۋجۇدات ئىسسىقتىن تۇنجۇقۇپ بوشىشىپ كەتكەنىدى. باغلار ۋە ھويلىلاردىن نە قۇشلارنىڭ قانات قېقىشلىرى، نە نارەسىدىلەرنىڭ كۈلكىسى ئاڭلانمايتتى. سۇيى قۇرۇپ كەتكەن ئېرىقلار چاك - چاك يېرىلغان، قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان قېرى ياڭاق دەرەخلىرى يوغان ياپراقلىرىنى مەيۈس ساڭگىلىتىشقانىدى.

ئارىباغنىڭ باغلىرى ئارىسىدىن سوزۇلۇپ چىقىپ چۆل باغ-

-رىغا ئېچكىرىلەپ كەتكەن، چوغدەك قىزىپ كەتكەن سەھرا يو-
لىدا بىر ئايال كۆزىنى يەردىن ئالماي كېتىپ باراتتى. يالاڭباش-
تاق، قاپقارا چاچلىرى كۆزلىرىنى توسۇغان، چىرايى ئۆلۈكنىڭ-
كىدەك تاتارغانىدى. چوڭقۇر ئولتۇرۇشقان، چوش كۆرۈۋاتقان
كىشىنىڭكىدەك كۆزلىرى كىشىنى ئەيمەندۈرەتتى، يۈزىدە،
كۆڭلىكىنىڭ ئالدىدا قېتىشقان قاپقارا قان داغلىرى كۆزگە
چېلىقاتتى.

«دادام... بىچارە دادام...»

خىيالىدا شۇ سۆزلەرنىلا تەكرارلايتتى، ئۇ سۆزلەرنىڭ ئار-
قىسىدا پەقەت پايانسىز بوشلۇق، قايغۇنىمۇ، شادلىقنىمۇ، ئازاب-
نىمۇ سەزمەس بولۇپ كەتكەن چەكسىز بىخۇدلۇقلار بار ئىدى.
باش ئۈستىدە قۇياشنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن قىزدۇرۇۋاتقانلى-
قىنىمۇ، كۆل رەڭ چۆلنىڭ ئوت كەتكەندەك لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان-
لىقىنىمۇ، ئۇشۇقىغىچە كېلىدىغان توپىنىڭ پۇتلىرىنى كۆيدۈ-
رۈۋاتقانلىقىنىمۇ، يۈز - كۆزىدىن ئېقىپ چۈشۈپ قان يۇقىلىرى
بىلەن قوشۇلۇپ ئاغزىغا قۇيۇلۇۋاتقان تەرنىڭ ئاچچىق قاڭسىق-
لىقىنىمۇ سەزمەيتتى. گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرى: «دادام...
بىچارە دادام...» دەپلا پىچىرلايتتى، ئەمما نېرۋىسى، سەزگۈ
ئەزالىرى بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە دەھشىتىنى چۈشىنىش-
تىن يىراقتا ئىدى. شۇ ھالەتتە قانچىلىك ماڭدىكىن، بىر ئاي-
مۇ، بىر كۈنمۇ، ئۇ بۇنى بىلمەيتتى. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسى-
نىڭ يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىدىغان كېسەكلىك تاملىرىنى،
باغلىرىنى، ھەمراخانلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئۈچ توپ ياڭاق
دەرىخىنى كۆرمەيتتى. ئوتتۇرىلىرىغىچە ئوت - چۆپ بېسىپ
كەتكەن تونۇش يولنى، ئىككى ياقتىكى پەسىلدە بىر ئۈستىباش
يەڭگۈشلەپ تۇرىدىغان ئېتىزلارنى، ئۇنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ
بولغىنىدىن قولىدىكى قاپىقىنى يەرگە تاشلىۋەتكەن قوشنا ئا-
يالنى، يۈگۈرۈپ قېچىشىۋاتقان باللارنى سەزمەيتتى. ئۆينىڭ

ئارقىسىدىكى جوۋازخانىدىن ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان جوۋازنىڭ مۇڭلۇق غىچىلدىشىنى ئاڭلىمايتتى.

بىر چاغلاردا ئۇ يىقىلىپ - قوپۇپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاق باش دادىسىنى، دادىسىنىڭ ئارقىسىدا قورقۇمسىراپ تۇرغان ئۇششاق بالىلارنى، جىيەنلىرىنى كۆردى. يۈگۈرۈپ دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا ئاتتى.

— جېنىم دادىكا، ئەقىلسىز قىزلىرىنى باققانلىرىغا رازى بولسىلا، ماڭا رازىلىق بەرسىلە! مەن تەنتەكلىك قىلىپ قويدۇم، ئادەم ئۆلتۈردۇم...

بوۋاي قىزىنىڭ قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپلا ھەممىنى چۈشەندى. قېرى بېشىغا كەلگەن چىدىغۇسىز دەرد - ئەلەمدىن، يالغۇز قىزىدىن ئايرىلىپ قېلىش دەھشىتىدىن يۈرىكى سەدپارە بولدى. ھەي، ئىسىت! ياش ۋاقىتلىرى بولسا ئىدى، قىلغان سۆزىنى ئاقتۇرىدىغان، دەسسىگەن يېرىنى تىترىتىدىغان دەۋرلىرى بولسا ئىدى، بىقۇۋۋەل بولۇپ ئالدىدا ياتقان قىزىنى ھېچكىمگە تاك ئېتىپ چەكتۈرمىگەن، ھېچقاچان خار قىلمىغان بولاتتى، ئاھ قېرىلىق، ئاھ بىۋاپا ئالەم...

* * *

زىنداندا ياتسام،
كۆرۈندى ئاسمان.
گۇناھىمنىڭ بار - يوقى
يارىمغا ئايان.

— خەلق قوشاقلىرىدىن

ھەۋزىخان گۈندىخانىدا ياتقىلى ئۈچ كۈن بولدى. ھەۋزىخاننىڭ ئاكىلىرى ئاربىغاچە يەردىن ئۈچ قېتىم كېلىپ، ئۈچ قېتىم ياندى. ھەۋزىخان ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا پەنجىرىگە قاراپ بىر ئول-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرغانچە مىدىر - سىدىر قىلمىدى، ئاغزىغا بىر چىشلەم نان، بىر يۇتۇم سۇ ئالمىدى. قېرى گۇندىپاي ھەر قېتىم كىرگىنىدە ئالدىنقى قېتىمقى ئۇماچ ياكى زاغرىنىڭ شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاغزىنى كالچايتىپ ھىجىياتتى - دە، يېڭى ئېلىپ كىرگىنىنى قويۇپ، كونىسىنى ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا قىلمىغان ئەسكىلىكى، كىرمىگەن گۇندىسى قالمىغان، ئاخىر بىر يۇرتلۇقىنىڭ شەپقىتى بىلەن گۇندىپاي بولۇپ، يىگىرمە نەچچە يىلنى ئۆتكۈزگەنىدى. ئادەمنىڭ جېنىنى قۇشقاچچىلىك ھېسابلىمايدىغان، قانغا خۇمار بولۇپ كەتكەن نى - نى كاللىكېسەرلەرنى، خۇدانىمۇ ئالدايدىغان قاغدالما، كاززاپلارنى، جادۇ ئاشتىدىمۇ كۈلۈپ تۇرىدىغان نى - نى مەرد - مەردانىلەرنى، ئېتى ئەركەكچە بولغان بىلەن خوتۇن كىشىچىلىك جىگىرى يوق توخۇ يۈرەكلەرنى كۆرگەن، كۆرۈۋېرىپ يۈرىكى تاشتەك قېتىپ كەتكەن. تۈنجى قېتىم ئادەم ئۆلتۈرگەن گۇناھكارنىڭ تۈرمىگە سولانغان دەسلەپكى كۈنلەردە مەست - ئەلەس بولۇپ قالىدىغانلىقى، ھەپتە - ئون كۈنلەرنى يېمەي - ئىچمەي، زۇۋان سۈرمەي ئۆتكۈزىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان. بولۇپمۇ، خوتۇن خەق مۇنداق ئىشنى قىلىپ قويسا، ھالى نېمە بولماقچى؟ شۇنداقتىمۇ، مۇشۇنداق بىر چوكان قانداقسىگە ئادەم ئۆلتۈرگەندۇ؟ ئۇنىڭ بۇ يولغا مېڭىپ قېلىشىغا قانداق بىر دەھشەتلىك كۈچ سەۋەبچى بولغاندۇ؟ پاھ، ئۇ تولىمۇ ئاجىز كۆرۈنىدۇ، كاساپەت ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىسىلا مەيلىدىغۇ؟

گۇندىپاي ئۆزى بىلەن سۆزلەشكىنىچە چىقىپ كەتتى. تۈرمىنىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىغا گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى چۆكۈشكە باشلىدى. بىر چەتتىكى سامان تۆشەكنىڭ ئۈستىدە چاشقانلار چىرىلدىشىپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. روجەكتىن ئۇدۇل چۈشكەن بىر پارچە سارغۇچ يورۇقلۇق جىممىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ھەۋزىخاننىڭ ئاقارغان چىرايىغا چۈشۈپ، ئۇنى خىيالىي بىر تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر ئولتۇرۇشقان ئاجايىپ يوغان قاپ-

قارا كۆزلىرىدە، بىردىنلا ئۆسۈپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان ئۇزۇن ـ ئۇزۇن كىرپىكلىرىدە، ئۆمچىيىپ قالغان چىرايلىق، ئەمما قاندـ سىز لەۋلىرىدە شۇنداق بىر دەرد ـ ئەلەم بار ئىدىكى، ئۇنىڭ كۆزى چۈشكەن كىشى گۈزەللىك بىلەن قايغۇنىڭ مۇنداق ئاجايىپ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان دەھشەتلىك بىرنەرسىدىن قېتىپ قالغان، ياقىسىنى چاك ئېتىپ پەرياد چەككەن، مەجنۇندەك قاـ قاھلاپ كۈلگەن ياكى ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ يۈز ـ كۆزىنى قانغا بويىغان بولاتتى.

ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. روجەكتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىـ غان بىر پارچە ئوچۇق ئاسمانمۇ قارامتۇل زەڭگەر رەڭگە ئۆزگەرـ دى. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭدا يېگانە، يۈيۈلغاندەك پاكىز، تىترەپ تۇرغان كىچىككىنە بىر تال يۇلتۇز پەيدا بولدى. پاھ، ئۇ ھەۋزىـ خانغا نەقەدەر تونۇش، نەقەدەر يېقىن ـ ھە!

ھەۋزىخان كىچىككىنە قىز ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا ئاشۇ يۇلـ تۇز ئۇنىڭ تۇغۇلۇقىدىن مارايتتى. ئۇنىڭغا شوخلۇق بىلەن كۆـ زىنى قىساتتى، تاكى ئۇ ئۇيقۇغا كەتكۈچە ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇراتتى. ئانىسى ھەر ئادەمنىڭ بىردىن يۇلتۇزى بولىدۇ، دەيدىـ غان. ھەۋزىخان بۇ كىچىككىنە يۇلتۇزنى ئۆزىنىڭ يۇلتۇزى دەپ بىلەتتى. ھەمراخاننىڭ يۇلتۇزى بولسا چوڭ، نۇرلۇق ئىدى. ھەممىدىن بۇرۇن ئاسماننىڭ قەرىدە پەيدا بولاتتى، ئەتىگەنلىرىمۇ ھەممىدىن كېيىن غايىب بولاتتى... ھەمراخان ئەمدى يوق، ئۇ ئەمدى ئاخشاملىرى ئاسماندىن ئۆز يۇلتۇزىنى ئىزدىيەلمەيدۇ... ئۇنىڭ يۇلتۇزىچۇ؟ ئېقىپ كەتكەندىمۇ؟

ھەۋزىخاننىڭ كۆكسىنىڭ بىر يېرى چىممىدە قىلىپ قالدى. شۇ ھامان ئىسسىق بىرنەرسىنىڭ ئىككى مەڭزىنى بويلاپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى، ئاچچىق، شورلۇق بولۇپ ئاغزىغا قۇيۇـ لۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ يىغلاۋاتاتتى، ئاشۇ ئىشتىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۇنجى قېتىم ياش چىقىشى ئىدى. ئۇ تۇنـ جى قېتىم ئاغزىدا بىرنەرسىنىڭ تەمىنى ھېس قىلىۋاتاتتى،

ئۇ بىردىنلا ئۆتتەك تەشنالىق ھېس قىلدى. ئەتراپىغا ئالاقلاپ قاراپ، ھېجىر تاۋاقتىكى سۇنى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى. تاۋاقنى ئىككى قوللاپ تۇتۇۋېلىپ، سۇنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. سۇنى ئىچىپ بولغۇچە قاپاقلىرى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ، بەدىنى ئاستا قىڭغايدى. قولىدىكى ھېجىر تاۋاق يەرگە چۈشۈپ ئىككى پارچە بولدى...

ھەۋزىخان يەڭگىل بولۇپ ئويغاندى. كۆڭلىدە نە قورقۇش، نە ئازاب، نە قايغۇ يوق. پەقەت قىسمەت ـ تەقدىرىگە كۆنۈپ بۇ دۇنيادىن ئۇمىد ئالاقىسىنى ئۈزگەندىن كېيىنلا بولىدىغان بىر ئازادىلىك، سوغۇق قانلىق بار. «بۇ دۇنيا شۇنچىلىك ئىكەنغۇ، ئۇنىڭ تارتىشقۇدەك يەنە نېمىسى بولسۇن. مېنىڭ روھىم ئۆلۈپ بولدى، مەن بەك ھېرىپ كەتتىم، ئارام ئالاي، ھېچبىر بەندە قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئاشۇ مەنزىلگە، ئۆلۈمەنىڭ ئىللىق، قاراڭغۇ، تىنچ قويىنىغا بالدۇرراق يېتىپ باراي... ناھايىتى كەلسە، جادۇنىڭ بىسى تېنىمگە پاتقان ۋاقىتتىلا جېنىم قىينىلار، بەلكىم ئۇنى سېزىشكىمۇ ئۈلگۈرمەسمەن. بېشىم بىرنەچچە غۇلاچ يىراقلىققا دومىلاپ كېتەر، كۆزلىرىم بۇ ئالەمگە قىيمىغاندەك ئوچۇق پېتى قالار... ياق، كۆزۈمنى يۇمۇۋالاي، قانداقلا بولمىسۇن يۇمۇۋالاي. كىشىلەر ئەتراپىمنى ئورىۋېلىپ ئىسىت، ئەجەب چىرايلىق چوكان ئىدى، ۋاقىتسىز كەتتى دېيىشەر، بۇ چاغدا روھىم ئاللىقاچان ئۇ ئالەمگە، ئانامنىڭ، ھەمراخاننىڭ يېنىغا بېرىپ بولار... راستىلا روھ ئۆلمەمدىغاندۇ؟ راستىلا مۇنكىر ـ نەكىرلەر سوراققا تارتامدىغاندۇ؟ ھېلىمۇ ئېسىمدە، كىچىكىمدە ھېلىقى ئاچچىقى يامان كوسا موللىدىن: موللا، دۇنيادىكى ھەممە ئىش خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغان تۇرسا، مۇنكىر ـ نەكىرلەر يەنە نېمە ئۈچۈن بەندىلىرىنى سوراققا تارتىدۇ، دەپ سورىدىم. موللام مېنى كۇپۇرلۇق قىلدى دەپ بەك خاپا بولۇپ، دەررە بىلەن ئۇرۇپ ئالىقانلىرىمنى قانىتىۋەتكەن، شۇ چاغدا



www.uyghurkitap.com

ھەمراخان يۈگۈرۈپ چىقىپ موللىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ: جېنىم موللام، ھەۋزىخاننى ئۇرمىسىلا، ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى ئۇرسىلا... دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالغانىدى. يىغلىغانىدىمۇ شۇنداق قاتتىق ۋارقىراپ يىغلىغانىدى. موللام مەسە كىيگەن پۇتى بىلەن ئۇنى بىر تېپىپ يىقىتىۋەتكەن، ئۇ يەنە ئۆمىلەپ قوپۇپ موللامنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋالغان...

ئانام ھەمراخاننى بىر تال قىزىمنىڭ ھەمراھى دەپ ياخشى كۆرەتتى. ھەمراخانسىز گېلىدىن غىزا ئۆتمەيتتى، كۈندە كۆرۈپ تۇرمىسا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. بىر قېتىم دادام ماڭا قىزىل تاۋاردىن كۆڭلەك ئېلىپ كەلگەندە، ئانام ھەمراخانغىمۇ ئالغاچ كەلمەپلا، دەپ دادامغا خاپا بولغانىدى. ئاھ خۇدا، قىز بالا نېمىشقىمۇ چوڭ بولىدىغاندۇ؟ نېمىشقىمۇ...»

* * *

يەنە ئۈچ كۈن ئۆتتى. يەنە شۇ بۇلۇڭدا يۈزىنى تىزىغا يېقىپ ئولتۇرغان ھەۋزىخان خىيالىدا قېرى دادىسى، ئاكىلىرىنى كۆرەتتى. ھەربىر ئېغىز سۆزى، ھەربىر ھەرىكىتىنى خىيال ئەينىكىدىن ئۆتكۈزەتتى. «بىچارە دادىكام تۆت كۈندە بۆلەكچىلا قېرىپ كېتىپتۇ. ماڭا قاراپ تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇ، يىغىدىن باشقىغا ئاغزى كەلمەيدۇ. سېنى بۇ يەردىن ساق ـ سالامەت ئېلىپ چىقمىسام كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ. يەرلىرىمنى، بېغىمنى، تاغدىكى ماللىرىمنى، ئۆي ـ بىساتلىرىمنىڭ بارىنى سېتىپ بولسىمۇ سېنى ئامبالدىن تىلىۋالىمەن، يامىنى كەلسە ئادەم يىغىپ بۇ گۇندىخاننى كۆككە ئۇچۇرۇۋېتىمەن، قارچىغىدەك ئاكىلىرىڭ بار، ئارىباغنىڭ نى ـ نى ئەركەكلىرى بار، غەم قىلماڭ، قىزىم... دەيدۇ.

بىر گۇناھكار قىزلىرىنى دەپ ئارىباغلىقلارنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرسىلە بولمايدۇ. مەن ئۆلۈمگە لايىق، يۈرىكى ئۆلۈپ

www.uyghurkitap.com

بولغان ئادەممەن. ھايات يۈرسەم ئايغىم ئاستىدىكى زېمىنغىـ
مۇ، ئىنسانغىمۇ پايدا يوق، ھېچكىمگە زەررىچە خۇشاللىق بېـ
غىشلىيالمايمەن. كىشىلەر مېنىڭ سايەمدىن چۆچۈشىدۇ، ناـ
رەسىدىلەر مېنى كۆرسە ئەرۋاھنى كۆرگەندەك قورقۇپ قېچىدـ
شىدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم مەندىن نومۇس قىلىدۇ... ئاھ، ماـ
ڭا دوزاخ راۋا.

ئوبدان دادىكا، يەرلىرىنى، باغلىرىنى، تاغدىكى مال ـ
ۋارانلىرىنى، ئۆي ـ بىساتلىرىنى قىزىلگۈلدەك نەۋرىلىرى ئۇـ
چۈن ساقلاپ قويسىلا، شۇنداق قىلسىلا، جېنىم دادىكا. مەن ئۆز
جېنىمغا ئېچىنمايمەن. ھەمراخانغىلا چىدىمايمەن، مېنى دېسىلە
مەن ئۆلگەندىن كېيىن نامىزىمنى چۈشۈرسىلە، تويى ئورنىدا چىدـ
قارسىلا، مېنى ئانامنىڭ يېنىغا قويسىلا، ھەمراخاننىمۇ ئاچىرىپ
مېنىڭ يېنىمغا قويدۇرسىلا، ھەمراخان بىلەن تاش ئورنىمىز،
سالاسۇنىمىز بىر بولسۇن، ئىچ ئورنىمىز بۆلەك بولسۇن...

كىچىك ئاكام ئابدۇللا دېگەن پىسەندىنى يەر چىشلەتمەي قويمايـ
مەن، دېيدى. يۈرىكىم سۇ بولدى. ياق جېنىم ئاكا، مەن سىلىنىڭ
ئابدۇللا ئۈچۈن ئەزىز جانلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشلىرىنى خالىمايـ
مەن، ئۇ ئۇنىڭغا ئەرزىمەيدۇ. ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن پىچاقنى تارـ
تىۋالالايتتى، ھەمراخاننىڭ جېنىنى ساقلاپ قالالايتتى، ئەمما ئۇ
ئۇنداق قىلمىدى، ھەمراخاننى تاشلاپ قاچتى، ھەمراخان ئۆلدى. ماـ
نا مەنمۇ جېنىمدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرىمەن، ئۇ ئەسلىدە ھېچنېـ
مىگە ئەرزىمەيتتى... ئۇ يەنە نى ـ نى خوتۇنلارنى، ئاغزىدىن سۈت
پۇراپ تۇرىدىغان قىزلارنى ئالدايدۇ. ئۇلارنىمۇ ماڭا ئوخشاش ئوتتىن
ئېلىپ سۇغا، سۇدىن ئېلىپ ئوتقا سالىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرەك ـ باغـ
رىنى، ھۆسنىنى، ياشلىقىنى تۆكتىپ، يەنە يېڭىلىرىغا كۆز تىـ
كىدۇ. تاكى كۈچ ـ قۇۋۋىتى قۇرۇپ، تامامەن مادارىدىن كەتكۈچە
ئەنە شۇنداق ياشايدۇ. كۈچ ـ قۇۋۋىتى قۇرۇپ تۈگىگەن ئاشۇ كۈنـ
دىن تارتىپ ئۇنى خوتۇنلارنىڭ قىساسى تۇتۇشقا باشلايدۇ. قۇدرىتى
ئۇلۇغ ئاللا، بارلىق گۇناھكار بەندىلىرىگە ئۆز پاناھىڭدا ساقلا،

ئۆلاردىن رەھىم ـ شەپقەتىڭنى ئايىما، بەندە ئەنە شۇنداق نەرسە، سەن ئۇنى شۇنداق ياراتقان...»

ھەۋزىخان نېمىشقىدۇر تۇنجى قېتىم ئېرىنى، ئۇنىڭ ھاياسىز كۆزلىرىنى، قىپقىزىل تۇرۇم ـ تۇرۇم بولۇپ تۇرىدىغان يوغان بويىنىنى، ئېيىق تاپىنىدەك قوللىرىنى ئەسلىدى. ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ كۈنلەردىن ئۇنىڭ خۇشال بولىدىغانلىقىنى، ھىجىيىپ تۇرغان ساقال باسقان، ساپسېرىق چىشلىق ئاغزىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تېنى شۈركەندى. كۆڭۈلسىز خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنە بىر تەرىپىگە ئۆرۈلۈۋىدى، بىقىنى ئاستىدىن چاشقانلار چىرىلدىشىپ قېچىپ چىقىشتى.

كۆزى ئەمدىلا ئىلىنغان ھەۋزىخان ئىشىكنىڭ غىچىلدىشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئىشىك ئېچىلىپ، يېپىلدى. قاراڭغۇلۇقتا كىمدۇر بىرسىنىڭ تېز ـ تېز نەپەس ئالغان تىنۋشى ئاڭلىناتتى. ھەۋزىخان شاققىدە ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇردى.

— كىم؟ كىم؟

ئىشىك تۈۋىدە قارىيىپ كۆرۈنگەن سايە شىپ ـ شىپ قىلىپ يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ھەۋزىخان سايىگە كۆزلىرى تېلىپ كەتكۈدەك تىكىلىپ قارىدى. بىرەر جاۋاب كۈتۈپ جىمىدە تۇردى. نېمىشقىدۇر قورقمىدى. ئۇ ئەمدى يەنە نېمىدىن قورقاتتى. كۆڭۈل توختىتالماي تۇرغان ھەۋزىخان ئادەمنىڭ پەريادىغىمۇ، ھايۋاننىڭ غىڭشىشىغىمۇ ئوخشايدىغان ئاجايىپ بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ تىترەپ كەتتى. ئۇ ئىڭراش يەرنىڭ تېگىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىككىنچى قېتىم بۇ ئاۋاز تېخىمۇ ئوچۇقراق ئاڭلاندى:

— ھەۋزىخان! مەن...

بۇ ئابدۇللانىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ھەۋزىخان، مانا مەن ئالدىڭغا كەلدىم، مېنى تىللا، ئۇر، بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەت، يۈزۈمگە تۈكۈر... تۆت كۈن بولدى، ساراڭ ئىتتەك كېچىلىرى زىندانىنىڭ تاملىرىنى پۇراپ يۈردۈم، ساڭا ئىككى ئېغىز گېپىمنى قىلغۇلاي دەپ... ھەۋزىخان، جېنىم ھەۋ-

زىخان، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار، ئۆلۈمگە مەن لايىق... — ئاب-
دۇللا يىغلامسىراپ ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزغىنىچە ھەۋزىخا-
نىڭ ئالدىغا تىز چۆكتى، — مەن سېنىڭدىن ئايرىلالمايمەن،
ھەۋزىخان. يادىڭدىمۇ؟ ئىككىمىز قانداق كۆيۈشكەن... ئىككىمىز
نېمىدېگەن چىرايلىق ئۆتۈشكەن! بىزگە يامانلارنىڭ كۆزى تەگ-
دى، مېنى قارا باستى... جېنىم ھەۋزىخان گەپ قىلغىنا، بىر
ئېغىز گەپ قىلغىن. ئىككىمىز يەنە قېچىپ كېتەيلى، تېخىمۇ
يىراقتا، ئادەمزاتنىڭ ئايىغى، ئۇچار قاناتنىڭ قانىتى يەتمەيدىغان
يەرلەرگە كېتىلى. ماڭا ئىشەنگىن، ھەۋزىخان، مەن ئەمدى...

ھەۋزىخان ئۈن چىقمايتتى، مىدىر - سىدىر قىلمايتتى.
قاراڭغۇلۇقتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقىلىۋاتقان قىلىچ بىسىدەك
يالتىراق، مۇزدەك سوغۇق بىر نەرسە ئابدۇللانىڭ يۈرىكىگە
سانجىلاتتى ۋە ئۇنى لاغ - لاغ تىترەتمەكتە ئىدى. ئابدۇللا ئۈ-
مىدسىزلىنىپ يىغلىۋەتتى. ئولتۇرغان يېرىدە بېشىنى قول-
لىرى بىلەن چاڭگاللىغىنىچە كىچىك بالىدەك ئېزىلىپ -
ئېزىلىپ يىغلىدى:

— ئاھ خۇدا، خام سۈت ئەمگەن بەندىگە شۇنچىمۇ رە-
ھىمسىزلىك قىلامسەن؟ مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن، قانداق
قىلىمەن؟...

ئاسماننىڭ شەرقى ئاقىرىشقا باشلىغاندا ئىشىك شىرىقلى-
دى. قېرى گۈندىپاي ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كىرىپ، يەرگە
چاپلىشىپ ھوشىدىن كەتكەندەك ياتقان ئابدۇللانى سۆرەپ ئې-
لىپ چىقىپ كەتتى، ئىشىك يەنە يېپىلدى، قۇلۇپنىڭ شاراق-
لىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىن ئەتراپنى يەنە گۆردەك
جىمجىتلىق قاپلىدى.

ئەتىگەنلىك غىزانى ئېلىپ كىرگەن گۈندىپاي ھەۋزىخا-
نىڭ ئاخشامقى ئورنىدا قولى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇر-
غىنىنى كۆردى.

قارىغاندا، ھەۋزىخاننىڭ ئازابلىرى تېخى چېكىگە يەتمىگە-

نىدى. ئابدۇللانىڭ يوقلاپ كېلىشى ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەن، قاتمۇقات قار ـ مۇزلار قاپلىغان كۆڭۈل دالاسىدا قانداقتۇر بىرنەرسە ئاستا مىدىرلاپ باش كۆتۈرۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى. قار ـ مۇزلار ئارىسىدىن كىچىككىنە، ئىللىق بىر ئېقىم شىرىلداپ ئېقىۋاتقاندەك، ئىككى قىرىدا سارغۇچ يېشىل مايسىلار قايتا بىخ سۈرۈۋاتقاندەك ئىدى. يۇلتۇزلۇق ئاسمان، قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن ئېتىز، باغلار، چۆللەر... بىرپەستىلا ئۇنىڭ نەزىرىدە شۇنچە گۈزەل، شېرىن، ئايرىلغۇسىز بولۇپ ئۆزگەردى. ئۇنىڭ قەلبى ھەسرەت، پۇشايمان ئوتىدا پۇچىلىنىشقا، ئۆلۈم ئۆزىنىڭ بارلىق دەھشىتى، سۈرى، رەھىمسىزلىكى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بوراندا قالغان ياپراقتەك تىترىتىشكە باشلىدى. ئاھ خۇدا، مەن تېخى ياش ئىدىم، بۇ دۇنيانىڭ ھېچقانچە خوۋلۇقىنى كۆرمىۋىدىمغۇ، ۋۇجۇدۇمدا يەنە بىر جان ئىگىسى چوڭ بولۇۋاتىدىغۇ (خۇددى ھەۋزىخانىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيغاندەك، بالا يەنە مىدىرلىدى)، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە مېنىڭ ھەققىم يوق، ئۇ ئابدۇللانىڭ. مېھىر ـ شەپقەتلىك خۇدا! ماڭا رەھىم قىل، ئاشۇ بالام ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىل، ئۇ گۇناھسىز، پەرىشتىدەك پاك. سەن ئۇنى ئاپىرىدە قىلدىڭ، ئەمدى يورۇق ئالەمگە كۆز ئاچقۇزغىن. مەن بالام ئۈچۈن ياشىسام دەيمەن، ئۆلۈشنى خالىمايمەن...

نەدىندۇر بىر يەردىن مۇزدەك سوغۇق يەنە بىر ئاۋاز رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇنى ئاگاھلاندۇراتتى.

ياق، ياق، ئۇنىڭ بىر قاتىلنىڭ بالىسى بولۇپ تۇغۇلغىنىدىن تۇغۇلمىغىنى ياخشى. بۇ ئالەمدە ئۇ بەختسىزلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ. سەنمۇ شۇنداق، بۇ دۇنياغا لايىق ئەمەس سەن. سەن چۆل ـ چۆل بولۇپ كەتكەن ئەينەكنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى، كۈلى كۆككە توزۇپ بولغان ئوتنى قايتا تۇتاشتۇرماقچى، ساداقتىن چىقىپ كەتكەن ئوقنى قايتۇرۇۋالماقچىمۇ؟

www.uyghurkitap.com

ئۇ سىنى ئەركىلىتىۋاتقاندا، ئۇ ئۇخلاپ ياتقاندا، ئۇ غىزا يەۋاتقاندا سەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ دەھشەتلىك چۈشنى، ئاشۇ قېتىپ قالغان كۆزلىرىنى ئەسلىمەي تۇرالامسەن؟ جادۇدىن قۇتۇلۇپ قالارسەن، پۈتۈن جاھاننىڭ، ھەتتا باغرىڭنى يېرىپ چىققان پەرزەنتىڭنىڭ سەندىن يىرگىنىشى، سەندىن نەپرەتلىنىشىدىن قورقمامسەن؟ ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن قورقۇنچلۇق ئەكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن كۆيىدۇڭ-پىشتىڭ، سارالڭ بولدۇڭ. ئاشىقلىقىڭنى ھاياتىڭنىڭ مەقسىتى قىلدىڭ، ئۇ يولدا ھېچ نەرسىدىن باش تارتمىدىڭ، ئەمما مەقسىتىڭگە يېتەلمىدىڭ، ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟ بەندە ئەنە شۇنداق تۇراقسىز، ئىشەنچسىز، ئۇنىڭ مۇھەببىتى تېخىمۇ ئىشەنچسىز، ئۇ تۇماندەك تىترەپلا تۇرىدۇ. بارمىكىن دېسە يوقتەك، يوقمىكىن دېسە باردەك، زادى قولىغا چىقمايدۇ. ئۇنىڭدىن چىرايلىق لىباسلارنى توقۇغىلى، ئۇنى تۇلپار قىلىپ مىنگىلى بولمايدۇ. ئۇنى لىباس قىلىپ كىيگۈچى كۆيۈپ كۈل بولماي قالمايدۇ، ئۇنى تۇلپار قىلىپ مىنگۈچى تەگسىز ھاڭغا غۇلاپ كەتمەي قالمايدۇ.

ئىنسان قەلبى كۆزگە كۆرۈنمەس تارغا ئوخشايدۇ. ھەرقانداق بىر كۈچ — قارا بورانمۇ، غۇر-غۇر شامالمۇ، بىر تال كۆز ياپرىقىمۇ ئۇنى تىترىتەلەيدۇ. ئۇ تىنىماي تىترەپ، تەۋرىنىپ، بەزىدە بوغۇق، بەزىدە زىل، بەزىدە قايغۇلۇق، بەزىدە شاد سادا چىقىرىدۇ. ھېچقانداق بىر كۈچ ئۇنىڭغا مەڭگۈ ھۆكۈمران بولالمايدۇ.

ئىنسان كۆڭلى گوياكى قۇش، ئۇنىڭ ماكانى پايانسىز ئاسمان، ئاسماندا پەرۋاز قىلالمىغان، بۇلۇتلار ئارىسىدا ناخشا ئېيتالمىغان قۇش — يۈرىكى ئۆلگەن قۇش. ئۇنى قەپەسكە سولىۋالغاندىن نېمە پايدا...

...

«جىنىم بالام، گۇناھكار ئاناڭنى كەچۈرگىن» ھەۋزىخان

خۇددى تېخى تۇغۇلمىغان پەرزەنتىنى باغرىغا باسماقچى بول-غاندەك، قوللىرىنى قورسىقى ئۈستىدە گىرەلەشتۇردى، گويا پەرزەنتىنىڭ بېشىنى سىلاۋاتقاندەك كۆڭلەك ئىچىدىكى خېمىلىلا تومپىيىپ قالغان قورسىقىنى چوڭقۇر بىر مېھىر بىلەن سىلاشقا باشلىدى.

*　　*　　*

ۋاقىتسىز كىرىپ كەلگەن گۈندىپاي سامان تۆشەكتە بۇ-لۇڭغا قاراپ تۇگۇلۇپ ياتقان ھەۋزىخاننى مۇرىسىدىن كۆچەپ تۇرتتى:

— ھەي، ھەي! ھەۋزىخان؟ چاققان بولسۇن، ئامبال سەندە گەپ سورايدۇ، مەن ساڭا دېسە، ئۇبدان ئاڭلىسۇن، سەندە ئامبال غوجامغا يالۋۇرسۇن، دادام قېرى دېسۇن...

گۈندىپاي ھەۋزىخاننىڭ قولىنى باغلاپ، ئۇنى گۈندىخانا ھويلىسىدىن ئېلىپ چىقتى. ئۇلار بىرسى ئالدىدا، بىرسى كەينىدە سېپىلنى بويلاپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، يوغان قارا ئىشىكلىك بىر ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. گۈندىپاي مىلتىقىغا تايىنىپ تۇرغان ياپما قاپاق بىر چېرىككە ئۆز تىلىدا بىرنېمىلەرنى دەپ كالدىرلىۋىدى، ئۇ ھە دەپ باش لىڭشىتىپ ھەۋزىخانغا قاراپ ھىجايغىنى تۇردى. ھويلىنىڭ تۆر تەرىپىدە ئالدى تەرىپى سۇۋارى پەنجىرىلىك ئوخشاشلا قارا ئىشىكلىك ئۆيلەر بار ئىدى. تۆردىكى بىرسىنىڭ ئالدىدا يەنە ئىككى چېرىك پوستتا تۇراتتى. گۈندىپاي ھەۋزىخاننى كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ ئاغزى ئېچىلىپ قالغان چېرىكلەرنىڭ ئالدىدىن تۆرىدە ئېگىز شىرەدىن باشقا نەرسە يوق يوغان بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى، ھەۋزىخاننى شىرەنىڭ ئالدىدا تىزلاندۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى، يالغۇز قالغان ھەۋزىخاننى ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل قورقۇنچ ئورىۋالدى. ئۇ ئىچ

ـ ئىچىدىن لاغىلداپ تىترەيتتى، تىترەكنى كۈچ بىلەن باس-
ماقچى بولاتتى ـ يۇ، باسالمايتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا
قاراشقا پېتىنالمايتتى. تۇيۇقسىز ئىشىكتە تۇرغان ئىككى
چېرىك پۇتلىرىنى شاققىدە قىلىپ جۈپلەپ، تىك تۇرۇپ كىم-
دۇر بىرسىگە ھۆرمەت بىلدۈردى. بىرسىنىڭ شىپىلداپ ماڭ-
غان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ھەۋزىخاننىڭ يېنىدىن قارا لاتا
خەي، ئۇزۇن قارا تاۋار چاپان كىيگەن بىرسى شىرە تەرەپكە
ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتى.

— ئاربىباغلىق ھەۋزىخان سەن بولامسەن؟

ھېچقانداق سورى يوق، سەل ياسالمىراق بۇ ئاۋاز ھەۋزىخان-
نىڭ كۆڭلىدىكى قورقۇنچنى بىردىنلا تارقىتىۋەتتى.

— ھە، مەن بولىمەن.

— گۇناھىڭنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، مەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل.

— ئۆلۈمگە لايىق ئىكەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن.

— ئەگەر...

ئامبالنىڭ ئاۋازى بىردىنلا ئۈزۈلدى. چاياندەك سېرىق
چىرايىدىكى پىچاق بىلەن تىلىپ ياسىغاندەك كۆزلىرىدە، تې-
رىسى تارتىشىپ تۇرىدىغان جاۋغايلىرىدا ئايرىم چاغلاردىلا
غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان سىرلىق بىر كۈلكە پەيدا بو-
لۇپ، سىرتقا چىقىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چىشلىرى ھىڭگىيىپ
كەتتى.

— مەن سېنىڭ داڭقىڭنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان، — دېدى ئۇ
بىردىنلا ئۆزگەرگەن خۇشامەت ئاھاڭىدا، — سەندەك چىرايلىق
ئايالنى ئۆلتۈرۈشكە قانداقمۇ قول بارسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە
داداڭمۇ ماڭا كۆپ يالۋۇردى... شۇڭا، مەن سېنى قۇتۇلدۇ-
رۇۋالاي داۋاتىمەن، لېكىن بىرلا شەرت بار...

ئۇ خىرىلداپ سەت كۈلدى. قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ شى-

ـرەنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ، خېيىنى شىپىلداتقىنىچە ھەۋزد-
خانىنىڭ يېنىدا بىردەم ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭغاندىن كېيىن،
ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ توختىدى. ھىجىيىپ تۇرۇپ خۇ-
مارلاشقان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بىردەم تىكىلدى. ئارقىدىن
خۇددى چىرايىدەكلا سېرىق، تېرىسى تارتىشىپ تۇرىدىغان ئۇ-
زۇن تىرناقلىق قولىنى ئۇزىتىپ ھەۋزىخانىنىڭ ئېڭىكىنى كۆ-
تۈردى. ئەمما، ھەۋزىخانىنىڭ كۆزلىرىنى كۆرەلمىدى. پەقەتلا
ئۇنىڭ كۆزلىرىنى توسۇپ تۇرغان كۆل لىۋىدىكى مەجنۇنتال-
دەك ئۇزۇن ھەم قويۇق كىرپىكىنى يېقىندىن كۆرۈپ «كىرپىك
دېگەنمۇ مۇشۇنداق ئۇزۇن بولىدىكىنە» دەپ ھەيران قالدى.
ھەۋزىخانىنىڭ يەرگە قارىۋېلىشىنى تارتىنچاقلىق دەپ چۈشى-
نىپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن مەمنۇن بىر ئاھاڭدا گېپىنى
داۋاملاشتۇردى:

ـــ شەرت شۇكى، مەن سېنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالىمەن.
چوڭ تەتەيگە ئۇقتۇرماي شەھەردىن ساڭا ئايرىم ئۆي ئېلىپ
بېرىمەن... ئەگەر ئارىباغدا تۇرىۋېرىمەن دېسەڭمۇ ئىختىيا-
رىڭ...

ئۇ سۆزلىگەنچە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى. سەل ياۋايىلد-
قى چىقىپ تۇرغان بۇ سەھرا گۈزىلى بىلەن ئۆتكۈزىدىغان
لەززەتلىك مىنۇتلارنى ھېلىتىنلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، قىن ـ
قىنىغا سىغماي كەتتى. ئۇ ئۇنىڭ ياق دەپ قېلىشىنى، ئۆزد-
دەك بىر كاتتا، شەيقەتلىك ھۆكۈمرانىنىڭ مەرھەمىتىنى رەت
قىلىۋېتىشىنى ئەسلىي خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى.

ـــ قانداق، رازى بولارسەن؟ ماڭا كىچىك خوتۇن بولساڭ
ھەددى ـ ھېسابسىز راھەت كۆرىسەن، سەنلا ئەمەس، داداڭ،
ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى راھەت كۆرىدۇ...

ـــ ياق، مەن رازى ئەمەس، مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇڭ.

ئۇ تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن دىڭگىدە چۆچۈپ گېپىنى
داۋاملاشتۇرالماي قالدى، خاتا ئاڭلاپ قالدىمۇ نېمە، دېگەندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ھەۋزىخانغا تىكىلىپ قالدى. ئىككىنچى قېتىم تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىغاندىن كېيىنلا قۇلىقىغا ئىشىنىپ، كۆڭلىدىكى ھەيرانلىق، گاڭگىراشنىڭ ئورنىنى چەكسىز قەھر ـ غەزەپ ئىگىلىدى ۋە بۇ قەھر ـ غەزەپ بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئالدىدا جىممىدە تۇرغان بۇ ئايالنى دەسسەپ چەيلىۋەتكۈسى، بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كەلدى.

— ۋۇي سېسىق خوتۇن، سېنى ئادەم كۆرۈپ...

ھەۋزىخان ئەمدى كۆزلىرىنى يەردىن ئېلىپ ئۇنىڭغا تويتوغرا قاراپ تۇراتتى. بۇ ئاجايىپ گۈزەل ھەم غەمكىن كۆزلەر ئۇنىڭ ھەممە ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بىكار ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغانىدى.

ئۇ دەرھال شىرەنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. گۇندىپايىنى چاقىرىپ ھەۋزىخاننى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، يوغان بىر پارچە ئاق قەغەزنى ئالدىغا يېيىپ ئۇنىڭغا موي قەلەم بىلەن: «قەتل قىلىنسۇن» دېگەن خەتلەرنى يازدى، ئارقىدىن موي قەلەمنى تاشلاپ بېشىنى قوللىرى بىلەن چاڭگاللىدى.

دۇنيانىڭ ئاخىرقى كۈنى — زامانى ئاخىر يېتىپ كەلدى. شۇنداق، بۇ زامانى ئاخىر، ھەۋزىخان ئۈچۈن ھاياتلىق، مۇھەببەت، قايغۇ ۋە شادلىقتىن ئىبارەت ھەممە ئاخىرلاشقان كۈن.

ئۇ ئەتىگەندە گۇندىپايغا پۇل بېرىپ، بىر قوتا ئۇپا بىلەن بىر سىقىم ئوسما ئەكىرگۈزدى. ئوسمىنى ھېجىر تاۋاقنىڭ كەينىگە سىقىپ بولغاندىن كېيىن، پاختىلىق جىلىتكىسىدىن ئازراق پاختا سۇغۇرۇۋېلىپ پەلكۈچ ياسىدى. يانچۇقىدىن كىچىككىنە ئەينەكنى چىقىرىپ ئاخىرقى قېتىم قارىدى. ئاھ، ئاشۇ قاشلار، كۆزلەر، ئاشۇ لەۋلەر راستلا چىرىپ كېتەرمۇ؟ قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا يەم بولۇپ كېتەرمۇ؟

ھەۋزىخان ئالدىرىماي ئوسما قويۇشقا باشلىدى. ھەۋزىخاننىڭ ئاخىرقى بىر ۋاق غىزاسىنى ئېلىپ كىرگەن قېرى گۇندىپاي: بۇ ئايال قورقۇنچتىن ئېلىشىپ قالدىمۇ نېمە؟ دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۆمرىدە ھېچبىر مەھبۇسقا مۇنداق ئېچىنمىغان، ئۇنىڭ قەلبى

ئېچىنىش تۈپەيلىدىن مۇنداق لەرزىگە كېلىپ باقمىغانىدى. ئە-
گەر شۇ تاپتا ھەۋزىخان ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراپ ئىككى ئېغىز
چىرايلىق گەپ قىلىپ قويغان بولسا ياكى ياش تۆكۈپ ئۆزىنى
قۇتقۇزۇشنى ئىلتىجا قىلسا، ئۇ ھەۋزىخان ئۈچۈن بېشىنى ئال-
قىنىغا ئېلىپ، ھەرقانداق خەۋپ - خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغان
بولار ئىدى. ئەمما، ھەۋزىخان ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇسمى-
نى قويۇپ بولۇپ، ئۇپا سۈرتتى، چېچىنى تارىدى، بوغجۇمىسىدىن
ئانىسى ئۆز قولى بىلەن تىكىپ بەرگەن قارا ئەتلەس كۆڭلىكى
بىلەن مەخمەل جىلىتكىسىنى ئېلىپ كىيدى. بېشىغا قارا چۈمە-
بىلىنى ئارتىپ قىبلىگە قاراپ تىز چۆكتى. بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى
نامىزى ئىدى.

* * *

شۇ كۈنى پېشىن ۋاقتىدا بوينىغا تاقاق سېلىنغان ھەۋزىخان
بۇ كىچىككىنە ناھىيە بازىرىنىڭ خارابە كوچىلىرىدىن ئۆتكەندە،
يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان ئاياللار ھۆڭ - ھۆڭ يىغلى-
شىپ، دۇنيادىكى بارلىق ئەرلەرنى ئەڭ ئەشەددىي سۆزلەر بىلەن
قارغاشتى. ئەرلەرنىڭ ھاياجىنىمۇ ئاياللارنىڭكىدىن قېلىشمىدى.
ئۇلار مۇشۇنداق ياش، گۈزەل بىر ئايالنىڭ جادۇ ئاستىغا كې-
تىۋاتقىنىغا چىدالماي يېرىلغۇدەك بولۇشتى. ھەممىلا ئىشقا قى-
زىقىدىغان ئۇششاق باللار بولسا، ھەۋزىخاننى يالاپ ماڭغان چې-
رىكنىڭ ئارقىسىدىن چاڭ توزۇتۇپ يۈگۈرۈشەتتى، ۋارقىرىشات-
تى. ئۆزئارا كۈسۈرلىشىپ قانداقتۇر كەپسىزلىكلەرنى قىلىشات-
تى. چېرىكلەر مىلتىقلىرىنىڭ پايىنىكىنى كۆتۈرۈپ قوغلىغاندا،
ئۆزلىرىنى ئىككى ياقتىكى كىشىلەر توپىغا ئېتىشاتتى، بىردەم-
دىن كېيىن يەنە پەيدا بولۇپ كەپسىزلىكنى باشلايتتى. ئۇلارنىڭ
گۆدەك قەلبى بۈگۈنكى بۇ پاجىئەنى، بۇ دۇنيادىكى ئاجايىپ -
غارايىپ ئىشلارنى چۈشىنىشتىن تېخى يىراق ئىدى.

www.uyghurkitap.com

*　　*　　*

قىش ئۆتۈپ، يېڭى بىر باھار كەلدى. تەبىئەت ئارغولنىڭ ئا-
يىغىدىكى تاشلىق سايغا تۇتىشىپ كەتكەن قەدىمىي قەبرىستان-
لىقنىمۇ مەخمەلدەك يېشىل ئوت ـ چۆپلىرى بىلەن بېزەشنى
ئۇنتۇپ قالمىدى. يول بويىغا بىر ـ بىرىگە يېقىن جايلاشقان ئۈچ
قەبرە باشقا قەبرىلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىرسى كو-
نا، ئىككىسى تېخى يېڭى ئىدى. ئۈچىلىسىنىڭ ئۈستىدە ئېچىد-
لىپ كەتكەن سەبدەرگۈلى، جۇخارگۈلى، لەيلىقازاقلار ئارىسىدا
كېپىنەكلەر قوغلىشاتتى، ھەسەل ھەرىلىرى غوڭۇلدىشاتتى.
كۆزگە بارغاندا قەبرىدىن يەنە بىرسى كۆپەيدى. يېڭى قەبرە بىر-
نەچچە كۈنگىچە ئەتراپىغا نەم تۇپراقنىڭ ھىدىنى تارقىتىپ
تۇردى.



## زۇلپىيە كۆلتېگىن

# ئايتولۇن

### 1

ئۇ ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلدى. قورسىقىدىنىڭ دەم مۇجۇپ، دەم تولغاپ ئاغرىشلىرى پەقەتلا ئاراملىق بەرمەيتتى. ئانىسى بىلەن قوشنا ئاياللارنىڭ ئىككى قولى ۋە مۈردىسىدىن چىڭ بېسىپ تۇتۇۋېلىشلىرىغا قارىماي ئۆزىنى تامغا ئۇراتتى، چاچلىرىنى يۇلاتتى. ئۇ قاتتىق ئاغرىققا چىدىماي ئانىسىنىڭ بىلەكلىرىنى چىشلەپ، بىرقانچە يېرىنى كۆكەرتىپ قانىتىۋەتتى. يۈرەك پارىسىنىڭ داد ـ پەريادىغا چىدىماي، نىمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغان ئانا بۇلارنى سەزمەيتتى، ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ، ئاللادىن ئارزۇلۇق قىزىغا ئامانلىق تىلەيتتى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، يۈرىكى سىقىلىپ، نەپىسى قىيىنلىشىۋاتاتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى رەھىمسىز ئاغرىق قاماللىۋالغان بولۇپ، نازۇك تېنى ئۇششۇك تەگكەن كۈز ياپرىقىدەك تىنىمسىز تىترەيتتى. ئۇ «ئانا» دېگەن بۇ ئۇلۇغ نامغا ئېرىشىشنىڭ بۇنچىلىك قىيىنلىقىنى، شۇنچە كۆپ بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

ئۇ يەنە بىر قېتىملىق ئاچچىق تولغاقنى ئۆزىتىپ، جېنى بىرئاز ئارام ئېلىپ قالغاندەك بولدى ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئاپرېل ئېيى بولغىنىغا قارىماي مەشتە ئۇلۇغ ئوت كۆيۈۋاتات-تى. يۈز ـ كۆزلىرىنى پۈتۈنلەي داغ ۋە سەپكۈن بېسىپ كەتكەن ئورزۇق، ئېگىز بوي ئايال بىلەن يېشىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قال-غىنىغا قارىماي يۈزىنىڭ قىزىلى قىزىل، ئېقى ئاق كۆرۈنۈپ تۇ-رىدىغان، سىمىزغىنا كەلگەن ئاقپىشماق ئايال پېشانىسىدىكى مونچاقتەك تەرلىرىنى سۈرتكەن ھالدا خېلىدىن بېرى مىدىرلى-ماي ئولتۇرغان مەمۇرىخانغا قاراپ ئىچى سىقىلدى بولغاي، كايى-غىلى تۇردى:

— ئاڭلىساق، ھازىر شەھەردىكى دوختۇرخانىلاردا مەخسۇس تۇغۇت ئۆيى بار ئىمىش، بالدۇرراق ئاپارسىلا بولماسمىدى بالى-نىڭ جېنىنى بۇنچە قىيىنغۇچە.

— ئۇنى بىر دېمىسىلە، شۇنداق ئوبدان كۈيۈئوغلى تۇرۇپ، قىزنى شەھەردىن يىېزىغا يۆتكەپ ئەكېلىپ تۇغدۇرىمەن دېگەنمۇ ئىش بولدىمۇ ئەمدى؟

تەڭقىسلىقتا قالغان مەمۇرىخان گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تىكىلگىنىچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى قىزىدا بولغاچقا، قوشنىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە كۆڭۈل قويۇپمۇ كەتمىدى. ئىككى ئايال ئۆز پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتى:

— بىر ھېسابتا دوختۇرغا ئاپارمىغىنىمۇ ياخشى بوپتۇ، — دېدى ئورزۇق ئايال.

— قانداق دەيلا؟

— ئاڭلىسام، بىر قىسىم دوختۇرخانىلاردا ئىگە ـ چاقىسىز بىمارلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى ئېلىۋالارمىش ياكى كۆچۈ-رۈۋالارمىش.

— خۇدايا توۋا دېسىلە، — دەپ ياقىسىنى چىشلىدى سىمىز ئايال، — ئەجەب مەن ئاڭلىمىغانلا بىر گەپنى قىلىلىغۇ!

— ئىشقىلىپ، مەن شۇنداق ئاڭلىدىم.

— تېلېۋىزوردا كۆرگەنلىرىنى راست دەپ قالالمۇ نېمە؟

— مەن شۇنچىلىك ئىشىنىمۇ پەرق قىلالمايدىغان ئادەمما؟

نېمە ئىشلار ئۆتمىدى مېنىڭ بېشىمدىن، ــ ئورۇق ئايال سەل تېرىككەندەك قىلىپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى، ــ بۇ ئايالنىڭ قىزى يامانلاقلىقمىدى؟ ــ دېدى ئۇ كۆز ئىشارىتى بىلەن تېخىچە ھېچنېمىنى سەزمەي ئوتقا قاراپ ئولتۇرغان مەمۇرىخاننى ئىما قىلىپ.

ــ ياقەي، تالا ـ تۈزدە بىرەر گەپ ـ سۆز ئاڭلىغانمىدىلە؟

ــ ھەرقاچان سىلىمۇ ئاڭلاپ بوللا.

ــ نېمىنى؟

ــ تولا خۇپسەنلىك قىلمىسىلا، ھېلىقى... ھېلىقى كۈنى يېرىم كېچىدە بۇ قىزنىڭ ئېرى كېلىپ ئۇنى سۇر ـ توقاي قىلىپ ئەكەتكىنىنى تام قوشنا تۇرۇپ ئاڭلىماي قالمىغانلا؟

ــ ۋاي جېنىم قوشنام، راستلا ئاڭلىماپتىمەن، نېمە بولغان بولغىيدى شۇنچە قىلىپ كەتكۇدەك.

ــ مېنى يالغان سۆزلىدى دەۋاتامدىلا؟

ــ ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردىلىمۇ؟

ــ ئۆز كۆزۈم بىلەنغۇ كۆرمىدىم، لېكىن ئۇنىڭ يىغلىغان ئاۋازىدىن تاياق يېدىمىكىن دەپ پەرەز قىلىپ قالدىم. قاراپ باقاي دەپ پۇتۇمغا چالما قويۇپ مارىغانىدىم، چالما ئېزىلىپ كېتىپ تاس قالدىم پۇتۇمنى قايرىۋالغىلى.

ــ ئىشقىلىپ، بۇ ئايالغا بەكلا ئىچىم ئاغرىيدۇ، بۇنى ئاز دەپ قىزىنىڭ شور پېشانىلىقىچۇ تېخى.

ــ ئۇ ئۆزىنىڭ شورى، قىز بالا دېگەن قىنىغا پېتىپ يۈرمىسە... ــ ئورۇق ئايال مەمۇرىخاننىڭ ئۆزىگە ئىتتىك قارىغانلىقىنى سېزىپ گېپىنى دەرھال باشقا ياققا بۇرىۋەتتى، ــ قىز بالا دېگەننىڭ دەردى تولا، قانداق قىلىمىز، ئۇمۇ خۇدانىڭ بەرگىنى ـ دە. مەمۇرىخان، قىزلىرىنى دوختۇرغا ئاپىرىپ باقامدۇق يا؟ ــ دېدى چاندۇرماي.

ــ بۇ يېرىم كېچىدە نەگىمۇ ئاپىرارمىز، دوختۇرخانا يىراق يەردە تۇرسا، ــ دېدى مەمۇرىخان ئېغىر تىنىپ.

— ئېيىنى ئېنىق بىلەلمەيتىكەن ـ دە، بىچارە، — دېدى ئو-رۇق ئايال ئىچ ئاغرىتقاندەك تەلەپپۇزدا.
— ئىشقىلىپ، مۆلچەرىمدىكىدىن خېلىلا بۇرۇن تۇغۇپ قو-يىدىغان ئوخشايدۇ، قورسىقىغۇ تېخى ئېگىزلا ئىدى.
— باشقا غەرەزلىرى بارمۇ يا؟
مەمۇرىخان ئىتتىك ئورۇق ئايالغا قارىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە خاتا سۆزلەپ قويغىنىنى سېزىپ، قىز ياتقان تەرەپكە بۇرۇلدى ۋە ئۇنلۇك ۋارقىرىۋەتتى:
— قاراڭلار! ئايتولۇن كۈلۈۋاتىدۇ.
ئۈچ ئايال تەڭلا قىزغا قاراشتى، ئۇ راستىلا خۇددى بىرسى قىچىقلاۋاتقاندەك ئۈنسىز كۈلۈۋەتتى. مەمۇرىخانىنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى.
ئايتولۇن ئاستا ـ ئاستا قوشۇمىسىنى تۈردى ـ دە، تۇيۇق-سىزلا يۇلقۇنۇپ پەرياد چەككىنىچە ئوتك بىلىكىنى چىشلىدى. ئا-نا بارلىق كۈچىنى يىغىپ قىزىنىڭ بىلىكىنى ئاغزىدىن مىڭ تەسلىكتە ئاجراتتى. قىزنىڭ گىلاستەك لېۋىگە قان يۇقۇپ قال-غانىدى.
مەمۇرىخان مەشتىكى ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. ئايتولۇن يو-غان قورسىقىغا مۇشتلىغىنىچە ئەلەملىك بوزلايتتى:
— ئۆي... ياق، دوزاخ... ئانا... دېرىزىنى ئېچىۋەت...
— يەنە بىرئاز چىدىغىن، قىزىم، تاتلىق قوزام، — دېدى مە-مۇرىخان قىزىنىڭ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتكەچ.
— ھاۋا... ماڭا ھاۋا كېرەك... ئاھ، ئۆلۈپ قالىدىغان بول-دۇم...
— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە، قىزىم، ئوت ئۇلغايسا تولغىقىڭ تېز كېلىدۇ.
— سۇ... سۇ.... چىدىيالمىدىم...
ئورۇق ئايال چىنىگە قايناق سۇ قۇيۇپ كەلدى. مەمۇرىخان سېمىز ئايال قوشنىسىنىڭ ياردىمىدە قىزنى ئاستا ئۆرە قىلدى.

ئايتولۇن ئاغزىنىڭ كۆيگىنىنىمۇ سەزمىگەندەك چىنىدىكى قاي-
ناق سۇنى سوغۇق سۇ ئىچكەندەك بىر يولىلا گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. مەمۇرىخان ئىغىر تىنىدى.

## 2

يېرىم كېچە بولغىنىغا قارىماي، نەلەردىدۇر لالما ئىتلارنىڭ
قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سېمىز ئايال ئەمدىلا تىنچلان-
غان ئايتولۇننىڭ پۇتىنى تۇتقىنىچە مۈگدەپ ئولتۇراتتى. بۇنىڭ-
دىن ئىچى سىقىلغان ئورۇق ئايال مەمۇرىخاننىڭ يېنىغىراق سۇ-
رۇلۇپ، ئۇنى ئاستا نوقۇدى:

— قارىسىلا، مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ خىيالىدا يوق ئۇخلاۋاتقى-
نىنى، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە يېتىپ مانتا يەيدىغان
خوتۇن ــ دە، بۇ!

— ھېچقىسى يوق، قوشنام، ھېرىپ قالغان ئوخشايدۇ.

— نېمە قىلغانغا ھېرىپ قالىدۇ؟ شۇڭا يىغقان گۆشلەردە ئۇ،
سۇرۇشتۇرۇپ كەلسەم، مەندىن بىر ـ ئىككى ياش چوڭ كەلسە
كېلىدۇكى، ھەرگىز كىچىك ئەمەس، قارىماققا مېنىڭ سىڭلىمە-
دەكلا كۆرۈنىدۇ. نومۇسۇمنى كەلتۇرۇپ، ئۆتكەندە قارىسام، قىز
بالىدەك توغاچ رەڭ شىپۇن دۇخاۋا كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ، يا قېرى-
غىنىنى تۇيمىغان.

— ھەر ئىككىڭلارلا مېنىڭ ياخشى قوشنىلىرىم. سىلەر ماڭا
ئۇزاقتىن بېرى ياردەم قىلىپ كېلىۋاتىسىلەر، مەن سىلەرنىڭ
ياخشىلىقىڭلارنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. ھە راست، سىزمۇ باياتىن
بېرى كۆپ جاپا چەكتىڭىز، ئازراق كۆزىڭىزنىڭ ئاچچىقىنى چى-
قىرىۋېلىڭ بولمىسا.

— خۇدايا توۋا دېسىلە، مۇشۇنداق ۋاقىتتا كېلىدىغان پىتىنىڭ
ئۇيقۇسىمۇ ئۇ.

سېمىز ئايال بىر چۈشكۈرۈك بىلەن تەڭ ئۆزىنى رۇسلىدى،

ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ خىجىل بولدى بولغاي، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.

— بىردەم مۇگدىۋاللا ـ ھە؟ — دېدى ئورۇق ئايال ئۇنى ئەيىبلىگەندەك قىياپەتتە.

— ئۆزۈمۇ سەزمەيلا قاپتىمەن، — دېدى سېمىز ئايال كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە تېخىچە جىمجىت ياتقان ئايتولۇنغا قاراپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى، — بىچارە بەك قىينىلىپ كېتىدىغان بولدى، ئۇخلاپ تۇرۇپ تولغاق يېسە تولغىقى قاتتىق تۇتقىنى بىلەن ئوغۇل تۇغارمىش دەپ ئاڭلىغۇدىم.

— ئەلھۆكمىلىللا، ئاللا نېمە بەرسە مەيلى، ساق ـ سالامەت بولسىلا شۈكۈر دەيتتىم، — دېدى مەمۇرىخان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— مەمۇرىخان، تولا كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، تولغاقنىڭ ئاسان تۇتقىنى نەدە. خۇدا كۆڭۈللىرىگە نېمە پۈككەن بولسىلا شۇنى بېرەر، — دېدى ئورۇق ئايال سېمىز ئايال قوشنىسىنىڭ گېپىنىڭ بىلىگە تېپىپ.

سېمىز ئايال ئورۇق ئايال قوشنىسىغا ئالىيىپ قارىدى، لېكىن ئۇ بۇنى كۆرمىدى.

يەنە بىر قېتىملىق شىددەتلىك كۈرەش باشلاندى. ئايتولۇن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ھە دەپ ئۆزىنى مۇشتلايتتى. كىملەرنىدۇر تىللاپ قارغايتتى، يۈز- كۆزىنى تاتىلاپ مورلايتتى... مەمۇرىخاننىڭ يۈرىكى لەختە ـ لەختە قان بولۇپ كەتتى. ئۇ ئىلاجىسىز قىزىنى كىچىك بالىنى ئالدىغاندەك ئالداشقا باشلىدى:

— بەرداشلىق بەرگىن، قىزىم، يەنە ئازراق چىدا، ساق ـ سالامەت يەڭگىۋالساڭلا نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىپ بېرىمەن... ھېچقانداق ئىشىڭغا ئارىلىشىۋالمايمەن، قانداق قىلىمەن دېسەڭ ئىختىيارىڭ...

ئايتولۇن ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ نېمىلەرنىدۇر دېگۈسى كەلدى ـ يۇ، بۇنداق قىلىشقا ماجالى يەتمىدى. تىترىگە-

ىندىن چىشلىرى كىرىشىپ كاسىلداپ كەتتى.

— ئاھ، بولمىدى، قانداقمۇ قىلارمەن... جېنىم قوشنام... — مەمۇرىخان سىمىز ئايال قوشنىسىنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ يىغلامسىرىدى، — ئېغىر كۆرمەي هازىرلا ئېشەك هارۋىلىرىنى قېتىپ كىرسىلە بوپتىكەن، دوختۇرغا... دوختۇرخانىغا ئاپارساق-مىكىن. قىزىم بەك قىينىلىپ كەتتى... بەك قىينىلىپ كەتتى.

— ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، مەمۇرىخان، بۇ ئىشقا ئويلىشىپ بېقىپراق بىرنەرسە دەيلى، تولغاق يەۋاتقان ئادەمنى يۆتكەپ يۇر-سەك تولغىقى ئۇزىراپ كېتەرمىكىن. مېنىڭچە، يەنە بىر ئاز كۇ-تۇپ تۇرايلى، هېچ بولمىسا تاڭ يورۇسۇن، شۇ ۋاقىتتا بىر گەپ بولار.

قىزىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئاھۇزارىغا چىدىمىغان مەمۇرىخان قىزىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى:

— ئاھ، بالام... جېنىم بالام... ئاي بالام. نېمە تارتقۇلۇقتۇ بۇ ساڭا، دوختۇرغا ئاپىراي. ماقۇلمۇ، خان بالام... — مەمۇرىخان زەردىگۈش بولغان هالدا بىر يېرىدىن مىڭ تۆكۈلەتتى. قوشنا ئا-يالالار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. بىردەمدىن كېيىن سىمىز ئايال مەمۇرىخاننى قىزىنىڭ ئۈستىدىن تارت-قۇچلاپ دېگۈدەك تۇرغۇزدى.

— نېمە قىلغانلىرى بۇ، مەمۇرىخان؟ ماڭا ئىشەنسىلە، تۆت قىزىمنىڭ ھەممىسىنىڭ تۇغۇتىنى ئۆزۈم تۇغدۇرغان. مەن دېگەن ئۇن ئالتە نەۋرەمنىڭ تۇغۇت ئانىسى جۇمۇ. بۇنداق قىلماي ئاللا-دىن خاتىرجەملىكنى تىلىسىلە.

— راست، شۇنداق قىلايلى، مەمۇرىخان، — سەندىن مەن قالامدىم دېگەندەك ئىتتىك سۆزگە ئارىلاشتى ئورۇق ئايال، — مەنمۇ باشقىلارغا دېمىگەن بىلەن مەھەللىمىزدىكى خېلى كۆپ ئا-يالالارنىڭ تۇغۇتىغا قاراشقان، كۆزۈممۇ خېلى پىشىپ قالدى. بىر تۇرغان يەردە يەنە نېمىدىن ئەنسىرەيلا، نېمىدىن قورقىلا؟ ئاللا-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

دىن قورقسىلا، ئاللادىن!

ئۆيئىچى بىردىنلا جىمىپ كەتتى. مەمۇرىخان كۆڭلىدە ئەزرا-ئىلنىڭ قىزنىڭ جېنىنى ئېلىپ كېتىشىدىن قورقۇۋاتاتتى. كۆڭلىدىكىنى بۇ ئاق كۆڭۈل قوشنىلىرىغا ئەسلا دېيەلمەيتتى. بىچارە قىزىم، جاھاننىڭ ھېچقانداق خوۋلۇقىنى كۆرەلمىدىڭ، دادا مېھرىگە تېخى قانالمىدىڭ، بۇنى ئاز دەپ كۆڭلۈڭدىكى ئاددى-مىڭگىمۇ... بولدىلا، يەنە شۇ ئىشلارنى ئەسلەپ نېمە قىلاي، مانا، مانا ئەمدى ياپياش تۇرۇپلا، تېخى يىگىرمە ياشقا توشماي تۇ-رۇپلا... خۇدا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلا، ئەگەر شۇنداق قىسمەت كې-لىپ قالسا، قىزىمنىڭ ئورنىغا مېنىڭ جېنىمنى ئالغىن.

— ياق... بارمايمەن!

ئۆيدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى.

ئايتولۇن كۆزلىرى مەھكەم يۇمۇقلۇق ھالدا توختىماي جۆيۈ-لۈيتتى:

— بارمايمەن... بار... مايمەن، ئانا... مېنى تۇتۇۋال...

— قىزىم، جېنىم قىزىم... — مەمۇرىخان قىزىغا ئېڭىشتى، — نەگە بارمايسەن، قىزىم؟ ماقۇل... ماقۇل، مەن سېنى زورلى-ماي، سەن نېمە دېسەڭ شۇ... ئاھ، خۇدا، مەن نېمە قىلىپ قوي-دۇم - ھە، گېپىم گەپ، سېنى ئەمدى ئۇ خەقلەرنىڭ ئۆيىگە بار دەپ ھەرگىز زورلىمايمەن...

ئورۇق ئايال سىمىز ئايال قوشنىسىغا مەنىلىك قاراپ قويدى، سىمىز ئايال ئۇنىڭ نېمە مەقسەتتە قارىغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

— ياق... ياق... دوختۇرغا بارمايمەن... — ئايتولۇن توختى-ماي جۆيلۈيتتى. پەقەت «دوختۇرغا بارمايمەن» دېگەن سۆزنىلا تەكرارلايتتى. كۆزلىرى بۇرۇنقىدەكلا يۇمۇقلۇق پېتى تۇراتتى.

ئەنە، ئۇ ئاپپاق تۆشەكتە شۇنداق راھەتلىنىپ ياتىدۇ. تو-يۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ، شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ كىملىكىنى كۆرەلمىدى. ئارقى-

دىنلا يەنە بىرسى كىرگەندەك قىلدى ۋە ئۈنلۈك سۆزلىدى:
— تەييارلىقلار پۈتتىمۇ؟
— پۈتتى.
— ئەمىسە ئوپېراتسىيە ئۆيىگە ئەكىرىڭلار.
— خوپ.
— ئېھتىيات قىلىڭلار، ئۇ ئويغىنىپ قالمىسۇن.
— ياق... كىرمەيمەن، كىرمەيمەن! — ئايتولۇن قاتتىق ۋارقىرىدى، لېكىن ئاۋازىنى سىرتقا چىقىرىش تۇگۇل ئۆزىمۇ ئاڭلىيالماي قالدى. ئۇنىڭ بارلىق تىركىشىشلىرى بىكارغا كەتتى. ئىككى سېسترا ئۇنى كارىۋات بىلەنلا قاياققىدۇر ئىتتىرىپ مېڭىشتى. ئۇنىڭ كۆزى يۇمۇق بولغىنى بىلەن كاللىسى ئىنتايىن سەگەك ئىدى.
— ئىسىت، تازىمۇ شور پېشانە ئىكەن.
— شۇنى دېگىنە، بىكاردىن - بىكار... ئاسان تۇغۇت تۇرسا ئوپېراتسىيە قىلىمىز دېيىشكىنى نېمىسى.
ئىككى سېسترا ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ توۋلاپمۇ، تىللاپمۇ ئۇلارغا ئاڭلىتالمىدى.
— ئاھ، قارىغىنا، ئادەم بالىسىمۇ شۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن.
سېسترالار ئۆزلىرىنىڭ ئايال زاتى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغاندەك، ئۇنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى سىلاشقا باشلىدى. ئۇ چىدىيالماي قالدى، ھەرقانچە تىركىشىپمۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى. ھېلىقى قوللارنى... ئىنسابسىز، بىنومۇس قوللارنى ئوتۇن ئوشتۇغاندەك سۇندۇرۇۋېتىشنى ئىستەيتتى.
— ئېرى قايسى تەلەيلىك يىگىتتۇر؟
— ۋايتاڭەي، سەھرادىن مۇشۇنداق گۈزەل چىقىدۇ دېسە كىممۇ ئىشىنەر، بىرەر ئاچ كۆز بايۋەچچىنىڭ ئولجىسىدۇر بەلكىم.
— ئىسىت، ئۇنىڭغا بەرگەن قاش - كۆزنى ماڭا بەرسىچۇ

www.uyghurkitap.com

ئىلاھىم.
— قاڭشىرىنى ماڭا.
— راست، قاڭشىرى ناھايىتى ئېگىز ئىكەن، قاڭشارلىق ئا-
دەم چىرايلىق ھەم نازاكەتلىك كۆرۈنىدۇ. كۆزىنى ماڭا بەرسە.
— بولمايدۇ، ئۇنچىۋالا ئىنسابسىزلىق قىلمىغىنا، سېنىڭ
كۆزۈڭ مېنىڭكىدىن چىرايلىق، شۇڭا ئۇنىڭ كۆزىنى مەن ئالاي.
— ۋۇي، ئۆتكەندە تېخى مېنى چېقىر كۆز دەپ تىللىغاند-
دىڭغۇ؟
— سەنمۇ مېنى پىت كۆز دېدىڭغۇ؟
— كۆزۈڭ كىچىك بولغاندىكىن شۇنداق دېمەي ئەمىسە، ئۇ-
رۇشقان ئادەم چىرايلىق تىللىشمەن دېيەلمەيدۇ.
— مەنمۇ يالغان دېمىدىم.
— نېمە دېمەكچىسەن؟
— سەن نېمە دەيسەن، بۇ دورەم يەنە بوزەك بولارمىكىن دەپ
خام خىيال قىلما، ساڭا تېتىمىغان جاننى ئىتقا سېلىپ بېرد-
مەن، قېنى كېلە!
ئىككى سېسترا يەڭلىرىنى شىمايلاپ ئۇرۇشۇشقا تەييارلاندى.
دەل شۇ پەيتتە ئىشىك ئېچىلىپ بىرسى كىرىپ كەلدى.
— تەييارلىقنى ياخشى ئىشلىگەنسىلەر؟
— ھەممىنى سىزنىڭ تاپشۇرغىنىڭىز بويىچە تەييارلىدۇق.
— ياخشى، ناھايىتى ياخشى، ئۇزاقتىن بېرى ماڭا ئوبدان
ماسلىشىپ بەرگىنىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى چوقۇم ئوبدان تار-
تۇقلايمەن. ئەمىسە دەرھال دېزىنفېكسىيە ئۆيىگە كىرىپ چىد-
قىڭلار.
ئىككى سېسترا چىقىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قايتىپ كىر-
دى. شۇ ئان ئۆيئىچىنى قاڭسىق بىر خىل پۇراق قاپلىدى.
— بۇ قېتىمقى تەجرىبىمىز ئالدىنقى ھېچقانداق تەجرىبە-
لەرگە ئوخشىمايدۇ. بىز بۇ قېتىم ئاياللارنىڭ بالىياتقۇسىدا ھا-
مىلە ئوزۇقلىنىدىغانغا نەچچە تال ئەمچەكنىڭ بارلىقىنى تەجرىبە

قىلماقچىمىز. دىققەت قىلىڭلار، شارائىت يار بەرسە كېيىنچە
سىلەرمۇ مۇشۇنداق تەجرىبىلەرنى ئىشلەش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ
قېلىشىڭلار مۇمكىن.

ئۇلار ئۇنى كارىۋاتقا مىخلاپ ياتقۇزدى، ئۇ قاتتىق تولغىنىپ
كەتتى. قۇلاق تۈۋىدە يەر تېگىدىن چىققاندەك بوشقىنا ئاۋاز
ئاڭلاندى:

— جېنىم بالام، كۆچە، قاتتىق ئىنجىقلا...

## 3

ئايتولۇننىڭ كۆزى ئاياغ تەرىپىدىكى تامغا ئېسىلغان رەسىم
جازىسىغا مىختەك قادالغانىدى. جازىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن
تامغا قېقىلغان ئون سانتىمېتىرلىق مىخنى دات بېسىپ كەتكە-
نىدى. رەسىمدە مومىسى، دادىسى، ئانىسى كۈلۈمسىرەپ قاراپ
تۇراتتى. ئۇ دادىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرغان ئىككى ياشلار
ئەتراپىدىكى ئوماققىنا قىزغا قاراپ تاتلىق كۈلۈپ قويدى. توسات-
تىن ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدە نېمىنىڭدۇر ئۇچۇپ يۈرگىنىنى غىل -
پال كۆرەلىدى. تۇۋا، نېمە كارامەت بۇ؟ ئون سانتىمېتىرلىق دات
بېسىپ كەتكەن مىخ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ
يۈرەتتى. ھەر قېتىم تامغا ئۇرۇلغاندا «تىرىڭ - تىرىڭ» قىلغان
ئاۋاز چىقاتتى. ئۇ قۇلاق سېلىپ تىڭشىدى، ھەممىلا يەرنى مۇشۇ
ئاۋاز قاپلاپ كەتكەنىدى...

قىش - ياز ئوچاققا ئوت قالانغانلىقتىن تاملىرى ئىستىن
قارىيىپ كەتكەن بىر ئېغىزلىق ئۆيدە بىر ئەر سامان تەكىيىگە
يۆلەنگىنىچە قىيسىيىپ ياتاتتى. بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ
كەتكەن گەۋدىسى ئىسكىلىتقىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ بىر يې-
نىغا قىيسىيىپ تۇرۇپ مىڭ تەستە يانچۇقىدىن تاماكا خالتىسى-
نى چىقاردى ۋە خالتىنى قېقىشتۇرۇپ يۇرۇپ بىر تال تاماكا
ئوراپ، تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى ئارىسىدىن لېۋىگە قىستۇر-

دى. ئەمدىلا سەرەڭگە ياقاي دېۋىدى، قىستاپ كەلگەن يۆتەل جى-
ننى ئېلىپ جاڭگالدا قويدى. سامان قەغەزگە ئورالغان تاماكا
چېچىلىپ، سۈپىغا سېلىنغان قومۇش بورىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن
كىرىپ بىردەمدىلا غايىب بولدى. ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن ئېتىلىپ
چىققان بىر يۆتۈم سۈيۈقلۇقنى پەگاغا ئېڭىشىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي
تەكىيىگىلا قۇسۇۋەتتى. قىپقىزىل قان رەڭگىنى تونۇغۇسىز بو-
لۇپ كەتكەن بوز رەختتىن ئۆتۈپ، ئىچىدىكى يۇمشاق سامانغا سۇ
سىڭگەندەك سىڭىپ كەتتى. دەل شۇ پەيتتە سىرتتىن كېلىۋاتقان
ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئەر ھېلىقى يەرنى ئالىقىنى بىلەنلا تو-
سۇۋالدى.
— شوۋىگۇرۇچ قايىنىتىپ كىردىم، قىزىقىدا ئىچىۋالسىلا، —
ئايال چىنىدىكى ئاشنى ئىككى قوللاپ ئۇنىڭغا سۇندى. ئەرنىڭ
بۇرنىغا ئاشكۆكىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى گۈپپىدە ئۇرۇلۇپ، ئاغ-
زىغا سېرىقسۇ كېلىپ كەتتى.
— ئالدىمغا قويۇپ چىقىپ كەت، — دېدى ئەر تۇكۇرۇكىنى
غۇرتتىدە يۇتۇپ.
— سىلى بىلەن بىردەم ئولتۇرايچۇ.
— قىلىدىغان باشقا ئىشىڭ يوقمۇ سېنىڭ؟
— سىلى...
— قىلغىلى پەقەت ئىش تاپالمىساڭ، چوڭ ئۆيگە بېرىپ قىد-
زىمىزنى كۆرۈپ كەل.
ئايالىنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى ئېچىشتى، ئۇ ئېرىنىڭ نېمىشقا
مۇشۇنداق تەرسا مىجەز بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەچكە، ئارتۇقچە
گەپ ـ سۆز قىلماي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەت-
تى. ئەر ئاشنى قولىغا ئېلىپ بىر ـ ئىككى سۇمۇرۇپلا قاچىنى
بىكارلاپ قويدى. بىر چىنە ئاش ئۇنىڭ نەچچە كۈندىن بۇيان ھېچ
نەرسە كىرمىگەن ئاشقازىنىغا دال بولالمىدى. ئۇ لەۋلىرىنى تەم-
شىپ ئىشىك تەرەپكە قارىدى. شۇ ئان ئايالىنى ھەيدەپ چىقارغى-
نى ئېسىگە كېلىپ تىنىپ قويدى. ئۇ ئالىقىنى بىلەن تەكىيىدى-

كى قان ئىزلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

— يەنە قان تۈكۈرلىما؟

ئۇ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، يەنە بىر چىنە ئاشنى تۇتقىنچە بېشىدا ئۆز ھەرىكىتىگە ئەلەم بىلەن قاراپ تۇرغان ئايالىنى كۆردى. ئۇلار بىرھازاغىچە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشقاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشتى.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — ئەر مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ ئايالىغا قارىدى.

ئايال جىمىپ كەتتى. ئېرى بۇنداق ئىشلارنى ئۇنىڭدىن يوشۇراتتى، يۈزتۇرا ئېغىز ئېچىشتىن قاچاتتى. ئايال چىنىدىكى ئاشنى ئىككى قوللاپ ئېرىگە ئۇزارتتى.

— مەن تويۇپ كەتتىم، ئەمدى ئۆزۈڭ ئىچكىن.

— سىلى ئىچسىلە.

— كەل، يېنىمدا ئولتۇر، يېنىمدا ئولتۇرۇپ بۇ ئاشنى ئىچىۋەت، مەن ساڭا قاراپ ئولتۇرۇۋالاي، كىم بىلىدۇ، بۇنداق پۇرسەتلەر كەلمەسكە كېتەمدۇ ئەمدى.

— تولا ئاغزىلىرىنى ئۇششۇتمىسىلە، ياخشى كۈنلەر تېخى ئالدىمىزدا.

— كۆڭلۈم تويۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— قىزىمىزغا سىلى بولمىسىلا قانداق بولىدۇ، باشقا گەپنى قويۇپ، كەلسىلە، ئاشنى مەن سىلىگە ئۆز قولۇم بىلەن ئىچۈرۈپ قوياي، — ئايالى يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى تەستە بېسىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن چىنىنى ئاستا قولىغا ئالدى. ئەر ھەممىنى سېزىپ تۇرسىمۇ ئەرلىك غۇرۇرى بىلەن چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ ئايالىنىڭ قولىدىن چىنىنى ئالدى ۋە ئۇنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى.

— سەن مېنى دەپ كۆپ جاپا تارتتىڭ، ھېچقانداق خوۋلۇق كۆرمىدىڭ، مېنى كەچۈرگىن، قىلغان - ئەتكەنلىرىڭنى بۇ دۇنيادا قايتۇرالمىسام، ئۇ دۇنياغا بارغاندا قايتۇرىمەن، — بىر تام-

چە ياش چىنىدىكى ئاشقا چۈشۈپ كەتتى، — راست، گۇرۇچ تۆ-گەپ كەتتى دەۋاتاتتىڭ، گۇرۇچنى نەدىن تاپتىڭ؟

— ئۆيدە يەنە ئازراق بار ئىدى.

— يالغان سۆزلىمە، بىرەرسىدىن ئۆتنە ئالغان ئوخشىمامسەن؟

— ياق.

— چوڭ ئۆيدىن ئەكەلدىڭمۇ؟

— ياق.

— ئوغرىلىدىڭ؟

— ياق!

— ئەمىسە نەدىن تاپتىڭ؟! — ئەرنىڭ ئاۋازى قاتتىق چىقىپ كەتتى، بويۇن تومۇرلىرى كۆپكۆك كۆكىرىپ چىقتى، — ئاياغ مەھەللىدىكى زەينەپنىڭ ئاشلىق سورىغىلى بېرىپ، ئامبارچى بىلەن تۇتۇلۇپ قالغىنىنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟ ساڭا دەپ بېرەي، ھاشىم ئايالى بىلەن ئامبارچىنىڭ دەل ئۈستىدىن چۈشۈپ تۇتۇۋالغان كۈنى يىغلاپ مېنىڭ ئالدىمغا كەپتىكەن، مەن «قولدارلار بار يەردە قوللاردا گۇناھ يوق» دەپ ئەقىل كۆرسەتكەن. بىراق، ئۇ ساراڭ قول بىلەن قولدارنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ، بىگۇناھ ئايالىنى ئۆلتۈرۈپ تۈرمىگە سولاندى. سەن ئۇنىڭغا ئوخشىمايسەن، سەن دېگەن مېنىڭ ئايالىم، مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى تېخىچە بىلمىگەنمىدىڭ؟

— مەن ئۇنداق قىلمىدىم، — سەۋر قاچىسى تاشقان ئايال ئېرىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ زەردە بىلەن دېدى، — مەن ئۆلۈشكە رازى بولىمەنكى، ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن! تۈنۈگۈن سىلىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىلىرى ئىككى چىنە گۇرۇچ ئېلىپ كەپتىكەن، ئالماي دېسەم زادىلا ئۇنىمىدى. خاپا بولۇپ كەتمىسۇن دەپ سىلىگە ئېيتمىغانىدىم.

ئەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز سورىدى:



www.uyghurkitap.com

— ئۇ باشقا گەپ قىلمىدىما؟
— ھېچنېمە دېمىدى، — ئايالنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىپ كەتتى.
— يوشۇرماي دەۋەرگىن.
— سىلىنى راستلا ئىككى ئايدىن بېرى كۆندۈزى گەندە تارتقىلى سېلىپ، كېچىسى مۇز ئۈستىدە ياتقۇزدىمۇ؟
— شۇنداق.
— توۋا خۇدايىم، قانداقمۇ چىدىغانلا؟ — ئايال ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.
— بولدى يىغلىمىغىن، ئۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى ئەر سالماقلىق بىلەن.
— خۇدا ئالدىدا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولغىيدۇق، ئادەمگە نېمە كۆرگۈلۈك بۇ؟
ئەر ئايالىنى باغرىغا باستى، ئايال ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. چىنىدىكى ئاش ئاللىقاچان سوۋۇپ قالغانىدى، ئۇ ئاشنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ماڭدى.
— ئۆزۈڭگىمۇ ئەكىر، بىللە ئىچەيلى، — دېدى ئەر.
ئۇزاق ئۆتمەي ئايال ئىككى چىنىدە پۇرقىراپ ھورى چىقىپ تۇرغان ئاشنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئەر ـ ئايال ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ ئىشتىھا بىلەن ئىچىشتى.
— ھە راست، تۇنۇگۈنكى ئوقۇغۇچىلىرى سىلىدىن بىر كىتابنى سوراپ كەپتىكەن، — دېدى ئايالى بوشىغان چىنىلەرنى بىر ـ بىرىگە دەستىلىگەچ.
— قايسى كىتابلىقىنى ئېيتتىمۇ؟
— ھەئە، ھېلىقى «تۆمۈر قانداق تاۋلاندى» دېگەن كىتابنى ئارىيەت بېرىپ تۇرسىكەن، دېگەن.
— «پولات قانداق تاۋلاندى» — دەپ كۈلدى ئېرى، — ئۇ كىتاب ھازىر مەندە يوق، بىرىگە ئارىيەت بېرىپ تۇرغانىدىم، تىقىۋېلىپ بەرمىدى.

www.uyghurkitap.com

— شۇنچىۋالا ياخشى كىتابمىدى ئۇ، شۇنچە قىلىپ كەتكۈدەك؟

— ھەقىقەتەن ئېسىل كىتاب ئۇ، خوتۇن، پولاتنى ئەمەس، ئادەمنى تاۋلايدىغان كىتاب.

— ئەمىسە سىلىنىمۇ... — ئايالى چاقچاق قىلىشنى ئويلىدى-يۇ، خاتا سۆزلەپ سېلىپ ئېرىنىڭ كەيپىنى بۇزۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— گەپنىڭ تاتلىق يېرىگە كەلگەندە دېمەي تۇرۇۋالغىنىڭ نېمىسى، خوتۇن، ئويلىغىنىڭ توغرا. نېمىلا دېگەن بىلەن مېنىڭ ئايالىم-دە، سەن.

— باشقا كۈنى كېلىڭ دەپ قويۇپتىكەنمەن، قانداق قىلارمىز؟

— ھېچقىسى يوق، مەندە ئۇ كىتابنىڭ قول يازمىسى بار، بولمىسا شۇنى بېرەيلى. راست، كىتابنىڭ گېپى چىقىپ ئېسىمگە كېلىپ قالدى، يادىمدا بار چاغدا دەۋالاي، ناۋادا مېنى يەنە تۇتۇپ كەتسە، ئۆيدىكى بارلىق كىتابلارنى ئۆزۈڭ بىلىپ بىر تەرەپ قىلىۋەتكىن.

— سامانلىقتىكىنىچۇ؟

— كۆيدۈرۈۋەت.

— ھەر ئىككىمىزلا شۇم ئېغىز بولۇپ كېتىپتۇق، خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلا دېمەي، نەدىكى بىر گەپلەرنى قىلىپ كەتكەنىمىزنى قارىسىلا.

دەرۋازىنىڭ تويۇقسىز قاتتىق ئۇرۇلۇشىدىن ئايالنىڭ قولىدىكى چىنە يەرگە چۈشۈپ پارە-پارە بولۇپ كەتتى. ئۇ سەۋدايى ئادەمدەك تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېرىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

— قورقما، مەمۇرە، قورقمىغىن، يېنىڭدا مەن بار. ماڭ، چىقىپ ئىشىكنى ئاچ.

— ياق، ئاچمايمەن... ھەرگىز ئاچمايمەن.

— ئۇنداق بىغەرەزلىك قىلما، تېز بېرىپ ئىشىكنى ئاچ،

بولمىسا ئۇلار ئىشكنى ئۇرۇپ چېقىۋېتىدۇ.
— ئۇلار... ئۇلار سىلىنى... ھىم، ئاچمايمەن، ئاچمايمەن دې-
دىممۇ ھەرگىز ئاچمايمەن! — ئايال جاقىلداپ تىترەيتتى.
— ئۇلار ئەمدى مېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، ئۆزۈڭمۇ بىلى-
سەن، كۆرەشكە تارتاي دېسىمۇ ئۆرە تۇرالمايدىغان تۇرسام...
ئايال ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇستەك ئېغىر قەدەم-
لىرىنى تەستە يۆتكەپ ئۆيدىن چىقتى. ھەش - پەش دېگۈچە
ھويلا ئىچى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. كىملەردۇر ئالىتاغىل
ۋارقىرايتتى.
— ھوي مامۇت، بۇياققا چىق، گېزەندە!
— ھۇ، ئىتنىڭ كۈچۈكى!
ئايال ئۆيگە قاراپ ئۆزىنى ئاتتى، لېكىن ئۇ كېچىككەنىدى.
ئۆزىدىن بۇرۇن باستۇرۇپ كىرگەن بىرنەچچەيلەن ئېرىنى
دارقىرىتىپ سۆرەپ ھويلىغا ئېلىپ چىقتى.
— ھۇ، ھايۋان!
— ھارامدىن بولغان!
— قارا يىپ!
ئادەملەر ئۇنى ئۇراتتى، تېپەتتى، دەسسەيتتى، تىللايتتى...
ئايال كىمدىندۇر ياخشىلىق كۈتكەندەك ئەتراپىغا قارىدى. لې-
كىن، ھېچكىم ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايتتى.
— تېز بول، خاتالىقىڭنى پاش قىل!
— توختاڭلار، ئۇ ئالدى بىلەن بىزگە قانچىلىغان پاك قەلب-
لەرنى زەھەرلىدى، ئېيتىپ بەرسۇن.
— ئۇنىڭدا نۇرغۇن كىتاب بار ئىمىش.
— چەت ئەلنىڭ كىتابلىرىمۇ...
— ھەممىسىنى بىزگە تاپشۇر!
— تېز بول، بولمىسا ئاناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ قويىمەن.
— كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئايالىڭنى...
ئاللا كۈچ - قۇۋۋەت بېرىپ ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئايال كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇ كۆپچىلىككە بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقتى، ھويلا ئىچىنى ئېغىر جىمجىتلىق قاپلىدى، ئېغىرراق تىنىشلارنىمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى. ھەممە خۇددى سېھىرلىنىۋەتكەندەك ئۈن ـ تىنسىز قاراپ تۇرۇشاتتى. ئالتە ـ يەتتە ياشلار چامىسىدىكى بىر كىچىك بالا جىمجىتلىقنى بۇزۇۋەتتى:

ــ ھۇ، قورقۇنچاق ئىتلار، ھەممىڭ يوغان سۆزلەشكىنىڭ بىلەن ماۋۇتكامنىڭ بىر تال مويىغىمۇ تېگەلمەيسىلەر. بىرەرىڭ مىدىرلاپ باققىنچۇ، قېنى؟

كىمدۇر بىرسى ھېلىقى بالىنىڭ بويىنىدىن كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى ۋە بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە زەرب بىلەن ئاتتى. بۇ ئىش كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتىلا يۈز بەردى. ھەممەيلەن قاتتىق چۆرقىرىشىپ كەتتى. بالا قاتتىق بىر چىرقىراپلا جىمىپ قالدى...

تۈن قاراڭغۇسىدا غايەت زور ئوت يالقۇنى پەيدا بولۇپ يەر ـ جاھاننى ئىس ـ تۈتەك قاپلىدى. قولۇم ـ قوشنىلار ئويغىنىپ ياردەمگە كەلگەندە سامانلىق كۆيۈپ كۇلگە ئايلانغانىدى.

## 4

ئۆينىڭ ئىچىدە سانسىزلىغان مىخلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە مۇنچە جىق مىخلارنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ئاپپاق تۆشەكتىن ئاستا سىيرىلىپ چۈشۈپ ئۆيئىچىگە نەزەر سالدى. ئۆينىڭ تۆتىلا تېمىدا بىردىن ئىشىك بار ئىدى. ئۇ ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا بويۇنداپ قارىدى، كۆز ئالدىدا ھۆپپىدە ئېچىلغان چەكسىز گۈللۈك نامايان بولدى. ئۇ كېپىنەكتەك سەكرەپ گۈللۈككە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ ماڭدى... ماڭدى... يەتتە كېچە ـ كۈندۈز مېڭىپمۇ بۇ گۈللۈكنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يېتەلمىدى. ئۇنىڭغا بىر بوز خالتا ئۇچرىدى، خالتا ئىچىدە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئون سانتىمېتىرلىق دات بې-

سىپ كەتكەن مىخ بار ئىدى. ئۇ تەئەججۈپلىنىپ تۇرۇپ قالدى.
ئۇ بىردىنلا گۈللۈكنىڭ ئاخىرقى چېكىگە بېرىپ قالدى. گۈل-
لۈكنىڭ ئۇ تەرىپى قاغجىراپ كەتكەن سازلىق بولۇپ، بەتبۇي
پۇراق ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرەتتى. قەبرىگە ئوخشاش زوم-
چەك ـ زومچەك توپا دۆۋىلەگلىك يەرلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى
بولمايتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كاللىسىغا غەلىتە بىر خىيال كې-
لىپ قالدى، بوز خالتىدىكى مىخلارنى ھەربىر زومچەك يەرگە قې-
قىشقا باشلىدى. مىخلار ھېچ تۈگەيدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ شۇ
تەرزدە ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. تۇيۇقسىز پۈتۈن يەر ـ جاھاننى
چاڭ ـ توزان قاپلاپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك دەھشەتلىك
بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ تەرەپ ـ تەرەپتىن يىغا ـ زار ئاڭلاندى. ئۇ
كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ھەربىر
زومچەك ئورنىدا خۇددى يەرگە ئادەم ئۇرۇقى تېرىغاندەك توپ ـ
توپ ئادەملەر قاراپ تۇرۇشاتتى. ھەممىسىنىڭلا كۆكسىنىڭ سول
تەرىپىدىن شۇرقىراپ قان ئاقماقتا ئىدى. ئۇ سىنچىلاپ قارىدى،
قان ئېقىۋاتقان جايدا ئون سانتىمېتىرلىق دات بېسىپ كەتكەن
مىخلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ چۆچۈپ كەتتى، مۇنداقلا قېقىپ
قويغان مىخلار قانداقسىغا ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە سانجىلىپ قالدى-
كىنە؟ ئادەملەر تەرەپ ـ تەرەپتىن ناله ـ پەرياد كۆتۈرۈشكە باش-
لىدى:

— بىزنى كەچۈرۈڭ، بىزنىڭ ئەسلىي ئۇنداق قىلىش ئويى-
مىز يوق ئىدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، بۇ ئىشقا مەنمۇ قاتناشقان.

ئۇ بۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى پەقەتلا ئاڭقىرالمىدى، بۇ كى-
شىلەرنىڭ بىرەرسىنىمۇ تونۇمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاندىن
تۇغما ھالەتتە بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ قولى، بەزىلىرىنىڭ پۇتى
يوق، بەزىلىرى ئەما، بەزىلىرى گاچا، بەزىلىرىنىڭ ئىككى قۇلى-
قى يوق... قىسقىسى، ھەممىسىلا دوزاختىن قايتقان ئادەملەرگىلا
ئوخشايتتى.

uyghurkitap.com

— سىلەر... سىلەر كىم بولىسىلەر؟ نېمىشقا مەندىن كەچۈرۈم سورايسىلەر؟

— بىز... بىز دادىڭىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىل... — دېدى ئىككى قولى كېسىۋېتىلگەن بىرسى.

— نېمە، ھەممىمىزنى ئۆزۈڭنىڭ جىنايىتىڭگە شېرىك قىلماقچىمۇسەن؟ — دەپ جار سالدى ئىككى پۇتىدىن ئايرىلغان، يەردە سېسىق سۇغا چۆكۈپ ئۆلتۈرغان بىرسى، — ئۇنىڭ دادىسىنىڭ يۈرىكىگە ئون سانتىمېتىرلىق مىخنى سەن قاقتىڭغۇ؟!

— ھۇ ئىپلاس پەسەندە، دەۋاتقان گېپىڭنى قارا! — دەپ ئاچچىقلاندى باشتىكىسى، — غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى، دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ماڭىمۇ خەق بۇيرۇق قىلغان تۇرسا.

— قېچىڭلار.. ماڭا يول بېرىڭلار... بىر چەتتە تۇرۇپ تۇرساڭلارچۇ، — سەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئارقا تەرەپتىن بىرسى يۈگۈرۈپ كەلدى، ئۇنىڭ ئىككى قولى ئېقىپ كەتكەنىدى، — مېنى كەچۈرۈڭ، دادىڭىزنىڭ يۈرىكىگە قاققان مىخنى مەن زەھەردە سۇغىرىپ بەرگەن... بۇ مۇنداق ئىشتى...

— مەن دادىڭىزنىڭ پۇتىنى...

— مەن قولىنى...

— مەن كۆزىنى ئويغان!

— مەن تەپكەن.

— مەن تىللىغان...

ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىيالماي قالدى، ھەممىسى تەڭلا چۇرقىرىشىپ ئۆز گېپىنى دەۋېلىشقا ئالدىرايتتى.

— بۇياقتا چىق! — ئەما بىرسىنىڭ مۈرىسىدىن ئىتتىرىپ ئېلىپ چىقتى. بۇ بىر پۇتى يوق كىشى ئىدى، — بۇنىڭغا قارالىڭ، مۇشۇ مۇناپىق دادىڭىزنى بىرگە چېقىپ كەلگەن.

— ماڭا ئۇۋال قىلما، كاتتىباش ھوقۇق بېرىمەن دېگەچكە شۇنداق قىلغان.

ئۇلار بىر - بىرى بىلەن چېلىشىپ كەتتى. باشقىلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ بىر - بىرى بىلەن تېپىشىپ، مۇشتلىشىپ، يۇملاقلىشىپ، چاچ يۇلۇشۇپ كېتىشتى. قىيامەت قايىم بولغاندەك يەر - جاھاننى قىيا - چىيا قاپلىدى. جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ، قانلار دەريا بولۇپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىگە قارىدى، تىزىنىڭ تۆۋىنى قان ئىچىدە تۇراتتى. ئۇ بۇ ئادەملەرنى تاشلاپ كېتىش ئۈچۈن قان كېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى...

ئۇ ھېلىقى گۈلزارلىققا قايتىپ كەلدى. ھېلىقى بوز خالتا چاڭگىلىدا مەھكەم سىقىملاقلىق ئىدى. ئۇ بىردەم دېمىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا غايىبتىن بىر ئاۋاز كەلدى. ئۇ ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى.

— مەن بوز خالتا ئىچىدە، قىزىم، مېنى چىقىرىۋال، — قايتا تەكرارلاندى ھېلىقى ئاۋاز.

بوز خالتا ئىچىدىن توختىماي ئاۋاز چىقىۋاتاتتى. ئۇ قولىنى سېلىپ كۆرۈپ باقتى، ئون سانتىمېتىرلىق دات بېسىپ كەتكەن مىختىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇ خالتىنىڭ ئاغزىنى پەسكە قارىتىپ قاتتىق سىلكىدى، مىخلار يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتى. مىخلار ئۆزلۈكىدىن تىزىلىپ ئادەمنىڭ شەكلىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆرە بولۇپ تۇردى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — سورىدى ئۇ زۇۋانغا كېلىپ.

— ئايتولۇن.

— داداڭنىڭچۇ؟

— مامۇت.

— مېنى تونۇدۇڭمۇ؟

ئايتولۇن ھېلىقى ئادەمگە سىنچىلاپ قارىدى، لېكىن پەقەتلا تونۇيالمىدى.

— سىزنى ھېچ تونۇمىدىمغۇ.

— مەن سېنىڭ داداڭ.

www.uyghurkitap.com

— يالغان، مېنىڭ دادام بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن.

— ماڭا ئىشەن، قىزىم، مەن راستلا سېنىڭ داداڭ، بۈگۈنكى باتۇرلۇقۇڭدىن مېنىڭ روھىم قايتا تىرىلدى.

— ئەمىسە مەن بىلەن كېتەمسىز؟

— مەن كەتسەم بولمايدۇ، قىزىم، مېنىڭ روھىم مۇشۇ گۈلزارلىقتا سىڭىپ كەتكەن. كەل، ئوبدان قىزىم، بىز خوشلاشقۇچە سېنى بىرنى سۆيۈۋالاي.

ئاتا قىزىنى چوڭقۇر ئاتىلىق مېھرى بىلەن سۆيدى. ئايتولۇن دادىسىنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى...

ئۇنىڭ ئالدىدا دات بېسىپ كەتكەن ئون سانتىمېتىرلىق بىر دۆۋە مىختىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ دادىسىنى ئىزدەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە چاقىردى. لېكىن، ھېچقانداق سادا يوق ئىدى. ئۇ نېمىنىدۇر چۈشەندى بولغاي، ئالدىدىكى دۆۋە ـ دۆۋە مىخلارنى گۈلزارلىقنىڭ ھەممە يېرىگە تەكشى چېچىۋەتتى.

## 5

ئايتولۇننىڭ بەش ياش چاغلىرى ئىدى...

ئۇ ئوتتەك قىزىپ ياتاتتى. نېمە قىلارىنى بىلەلمىگەن مەمۇرىخان يۇم ـ يۇم يىغلايتتى. ئاللادىن قىزىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپ، ئۆزىنى يالغۇز قويماسلىقنى تىلەيتتى. ئۇ ئۆزى بىلگەنچە بىرنېمىلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئايتولۇن چىلىق ـ چىلىق تەر ئىچىدە ئۆلۈكتەك جىمجىت ياتاتتى.

مەمۇرىخان يېرىم كېچە بولۇپ قالغىنىغا قارىماي قىزىنى ھاپاش قىلىپ، جىلغىدىكى ئارا يولنى بويلاپ دوختۇرخانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ھېرىپ ـ چارچاش، قورقۇش دېگەنلەر ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. كېچىسى تۈگۈل كۈندۈزىمۇ ئەر كىشى جىنىدا تېنى شۈركۈنۈپ ماڭىدىغان بۇ يولدا ئۇ ھېچنېمىنى ئويلىماستىن كېتىۋاتاتتى. ئۇ قىزىنى يۆدۈپ دوختۇرخانىغا كەلگەندە

تاڭ سوزۇلۇپ بولغانىدى. دوختۇرخانىنىڭ ھويلىسى ئىچىگە كىر-
ىپلا ئۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئېسىگە
كېلىپ، تەستە ئورنىدىن تۇردى ۋە قىزىنى سۆرەشتۇرۇپ دېگۇ-
دەك مېڭىپ، ئىشىكى قىيا يېپىقلىق بىر ئۆيگە ئۇسۇپلا كىردى.
ئۆيئىچىدە ئۇچىسىغا ئاق خالات كىيگەن بىرسى ئىشىككە ئار-
قىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ، نېمە بىلەندۇر ھەپىلىشىۋاتاتتى.
— ماڭا قاراڭ، دوختۇر... جېنىم دوختۇر، قىزىمنى قۇتۇل-
دۇرۇۋالسىڭىز...
ئىككى ئۆرۈۋالغان كالتە توم قارا چېچى ئارقىسىدا پۇلاڭلاپ
تۇرغان، كۆزىنىڭ چوڭلۇقىدىن يۈزى ئامۇتچىلىك كۆرۈنىدىغان
ياداڭغۇ سېسترا رۇخسەتسىز ئۇسۇپ كىرگەن بۇ ئايالغا يەۋەتكۇ-
دەك ئەلپازدا ئالىيىپ قارىدى.
— سىڭلىم... ئوبدان سىڭلىم... — ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم
تاشلىغان مەمۇرىخان سېسترانىڭ قان دىدارى قالمىغان چىرايىغا
قاراپ ئورنىدا چېپپىدە توختاپ قالدى. ئۇ سېسترانىڭ ئۆزىگە
ئاجايىپلا بىر نەزەردە قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغىنىنى سې-
زىپ قالغانىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ئۆز ئۇستىبېشىغا سەپسېلىپ
چىقتى: بېشىدا ئېرىنىڭ تەۋەررۇكى سۈپىتىدە ئارزۇلاپ كېچىسى
كىيىپ ياتىدىغان كورەك تۇماق، ئۇچىسىدا تولا يۇيۇلۇپ ئۆڭۈپ
مەللە بولۇپ قالغان ناۋات رەڭ ئەنگىلىشىم كۆڭلەك، ئوشۇقىنى
يېپىپ تۇرىدىغان يېشىل تاۋار ئىشتان، پۇتىدا ئەسلىدە ئە-
تىۋارلاپ پەقەت مېھماندارچىلىققا بارغاندىلا كىيىدىغان، بۈگۈن
ئالدىراشچانلىقتا سوڭىغا دەسسەپ كىيىپ تەرەت كەشىگە ئوخشاپ
قالغان قارا خۇرۇم بەتىنكە...
ئۇ بىردىنلا ھازىر ئالتىنچى ئاي مەزگىلى ئىكەنلىكىنى ئې-
سىگە ئېلىپ، بېشىدىكى تۇماقنى دەرھال يوشۇرماقچى بولدى -
يۇ، ئامال قىلالمىدى. ئۇ تۇماقنى نەگە يوشۇرىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىد-
گە ئۆمرىدە قىلىپ باقمىغان ئىشنى بۈگۈن قىلىپ يالاڭباش
يۈرسۇنمۇ؟ مەھەللىدىكى ھېلىقى ئايشەم تانكىس (ئۇنىڭ نال قې-

www.uyghurkitap.com

قىلغان قارا خۇرۇم تانكىسىدىن ھەرقەدەم ماڭغاندا «تاق ـ تاق» قىلىپ ئاۋاز چىقىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى شۇنداق چاقىرىشاتتى)نىڭ قىزى ئايشىگۈل ھېلىقى نېمىدى... چوڭ مەكتەپكە ئۆتۈپلا ئۇزۇن چاچلىرىنى كېسىپ قىسقارتىپ، يالاڭباش يۈرىدىغان بولۇپ كېلىۋىدى، دۆڭ مەسچىتنىڭ ئىمامى ئىمىر ھەسەن ھاجى ئۇنىڭ دادىسىنى جامائەتنىڭ ئالدىدىلا ئەيىبلەپ، شۇ كېچىسىلا بالىۋاقىسىنى تاشلاپ يۇرتتىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەبچى بولدى. مانا تا ھازىرغىچە ئىز ـ دېرەكسىز يۈرۈۋاتامدۇ. مەن دېگەن چوپچوڭلا ئايال تۇرسام، چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن يانماس ئۇلار، ئۇ چاغدا يالغۇز قىزىم...

مەمۇرىخان ئېسىگە كېلىپ ئەتراپىغا قارىۋىدى، ئۆيدە بىر خىللا ياتقان قىزىدىن باشقا ئادەم كۆرۈنمىدى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى:

— ئادەم بارمۇ؟... مېنى... ياق، قىزىمنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!

دەل شۇ پەيتتە ھېلىقى سېستىرا ئايال بىر توپ كىشىنى باشلاپ كېلىۋاتاتتى. مەمۇرىخان شۇ ياققا قاراپ يۈگۈردى.

— ئەنە، ئۇ... — سېستىرا سۆزىنى تۈگىتىپ بولغۇچە مەمۇرىخان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ تۇرۇپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— جېنىم دوختۇر، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، قىزىمنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ... قىزىمنى...

سېستىرا ۋابادىن قاچقاندەك ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتتى، قورققىنىدىن چىرايى خەسىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

— مەن... مەن توغرا دەپتىمەنمۇ، قاراڭلار، بۇ ساراڭ خوتۇن يەنە ماڭا ئېسىلىۋېلىۋاتىدۇ، — سېستىرا ئارقىغا داجىپ باشقىلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى.

— ۋويي، سىلى مەمۇرىخان ئاچامغۇ؟ — دېدى ئارىدىن ئاق خالات كىيگەن ياشقىنا بىر يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — قېنى ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا، ئايتولۇن سىڭلىمغا بىرەر ئىش

بولغانمىدى؟

مەمۇرىخان بىر قاراپلا تونۇۋالدى، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ھېلىقى «پولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن كىتابنى سوراپ كەلگەن بالا ئىدى. ئۇ يېقىن دىلكىشىنى تاپقاندەك يىگىتنى قۇچاقلىغىنىچە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ئايتولۇن قۇتقۇزۇۋېلىندى، ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ دوختۇرخانىدا توققۇز كۈن داۋالانغاندىن كېيىن سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. لېكىن، دوختۇرغا تۆلەيدىغان پۇل ئادەمنى چۆچۈتەتتى. مەمۇرىخان باشتا ئۇچراتقان ھېلىقى ئورۇق دوختۇرنىڭ ئالدىغا يەنە بىر قېتىم كىرىپ بېقىشنى ئويلىدى. ئۇ ئىشىكنى ئاستا چەكتى.

— كىرىڭ، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ئىچكىرىدىن. ئۇ ئاستا ئىشخانىغا كىردى.

— رەڭگىرويىڭىز خېلىلا تۈزۈك ئىكەن، ئادەمنى قورقۇتۇپ ساراڭدەك كىيىنىۋالغۇچە باشتىلا مۇشۇنداق ئادەمگە ئوخشاپراق كەلسىڭىز بولماسمىدى؟ — دېدى ئۇ مەمۇرىخانغا مەنسىتمەسلىك نەزىرىدە قاراپ.

— قىزىمنىڭ ھالىغا قاراپ ئۆزۈمنى يوقىتىپلا قويۇپتىمەن، — دېدى مەمۇرىخان پوكاندەك قىزىرىپ، — سىزدىن بىر ئىشنى ئۆتۈنۈپ باقاي دەپ كىرىۋىدىم، دوختۇردىن چىقىش رەسمىيىتىنى...

— ياندىكى ئۆيدىكى ئايالدىن سوراڭ، — دېدى سېستىرا ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئالدىن بىلىپ قالغاندەكلا. مەمۇرىخان ياندىكى ئۆيگە كىرىپ ئاپپاق خالاتقا پاتماي چىڭقىلىپ ئولتۇرغان ياشقىنا ئايالغا كېلىش مەقسىتىنى تەستە ئۇقتۇردى.

— دوختۇردىن چىقىش رەسمىيىتىنى ئەتىگەنلا كىرگۈزۈپ بەردىمغۇ؟ — دېدى ئۇ توڭلۇق بىلەن.

— شۇنداق... شۇنداق، تاپشۇرۇۋالدىم، لېكىن...

— نېمە لېكىن؟ — تېخىمۇ ھۆرپەيدى دوختۇر.

— بىز دېھقان خەقتە ئۇنچىلىك كۆپ پۇل...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نېمە دېدىڭىز؟ — دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى دوختۇر، — ئۆلەيمۇ - تىرىلەيمۇ دەپ قالغان قىزىڭىزنى ساقايتىپ قويساق، يەنە نېمە نىمجان پاشىدەك غىڭشىيسىز... سەن خەققىمۇ ياخشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى ساراڭ!

— بولدى سىڭلىم، چېچىلماڭ، مۇنداقلا سوراپ باققانىدىم، راست، قىزىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭلار ئەمەسمۇ، مەندىن ئۆتۈپتۇ.

دەل شۇ چاغدا بىر ئەر غادايغىنىچە مېڭىپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. مەمۇرىخاننى سۇر باستى - يۇ، يەنە تېزلا ئەسلىگە كەلدى. ئۇ بۇ كىشىنى تونۇپ قالغانىدى.

— ئەگەر يەنە ئەرزىڭىز بولسا دوختۇرخانا باشلىقىغا دەڭ.

— نېمە ئىش بولدى؟ ماڭا كىمنىڭ ئەرزى بار ئىكەن؟ — دېدى ھېلىقى ئەر ئۆيدە يەنە بىرەيلەننىڭ بارلىقىنى ئەمدى كۆرگەندەك مەمۇرىخان تەرەپكە بۇرۇلۇپ.

— ئوبدان تۇرلىمۇ ئابدۇل ئام... بارچى، ياق، دوختۇر...

— سىلى؟ ... — ئۇ مەمۇرىخاننى راستلا تونۇيالمىدىمۇ ياكى تونۇسىمۇ قەستەن تونۇماسقا سالدىمۇ، پەرۋا قىلمىغاندەك سوراپ قويدى، — ئۆزلىرى كىم بولىلىكىن؟

مەمۇرىخان ئارتۇقچە زۇۋان سۈرمىدى. ئۇ بۇ كىشىگە يالۋۇرسا رەھىمەتلىك ئېرىگە يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. باشقىلاردىن خاپا بولۇپ نېمە قىلاي، بولدىلا، پۇلنىڭ يولىنى پەقەتلا قىلالمىسام ئانامدىن قالغان ئالتۇن زىرەمنى ساتسامغۇ يېتەر. بېشىمغا ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر كۈنلەر كەلمەس. مەمۇرىخان ئۇنىڭ ھېلىقى ئايال بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئاستا ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

## 6

خېلىدىن بېرى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جىمجىتلىقتىن ئىچى سىقىلغان ئورۇق ئايال ئاستا مەمۇرىخاننى نوقۇدى:

— مەشنىڭ ئوتىنى يەنە ئازراق ئۇلغايتالىمىكىن.

— توۋا دېمىسلە، — دەپ سەكرەپ قوپتى سېمىز ئايال مەمۇرىخان ئىغىز ئېچىپ بولغۇچە، — ئۆينىڭ ئىسسىپ كەتكىنىدىن سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بولۇپ كېتىۋاتساق يەنە ئوت قالا، دەيلىغۇ.

— سېمىز بولغاچ چىدىيالماي قاللا-ھە؟ — دېدى ئورۇق ئايال ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— ھەم، ئۆزۈمنى دېمىدىم، ئايتولۇن قىزنى چىدىيالماي قالامدىكىن دەۋاتىمەن.

ئىككى ئايال قوشنا مەمۇرىخاننى بىرنەرسە دەمدىكىن دەپ بىرھازا كۈتۈپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن سادا چىقمىغىنىنى كۆرۈپ يەنە ئۆز پاراڭلىرىغا چۈشۈپ كەتتى.

— سىلى قانداق ئويلايلىكىن، بەكلا ئوبدان يەر بىلەن قۇدا بولۇۋالدى جۇمۇ بۇ خوتۇن، — دېدى سېمىز ئايال ئۈنسىز ئولتۇرغان مەمۇرىخاننى ئىما قىلىپ، — قىزىنىڭمۇ تەلىيى بار ئىكەن.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىغانلا، — دېدى ئورۇق ئايال بوينىنى سوزۇپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىپ، — ئېگىز يەرگە ئېسىلغاننىڭ دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ، بىچارە.

— بۇ گەپچە...

— ئاڭلىسام، چىشى قۇدىسى ئوقۇرى ئېگىز ئايال ئىمىش، ئايتولۇننى پەقەتلا ئوغلى ئاشىق بولغاچقىلا ئېلىپ بەرگەنىمىش.

— تازا ئۇۋال بوپتۇ-دە، كىمدىن ئاڭلىدىلا؟

— ئابايىلا بىرمۇنچە گەپ قىلىپ بەرگەنىدىمغۇ سىلىگە، ھېلىقى پۇتۇمغا چالما قويۇپ مارىغان كۈنى بارغۇ، شۇ ۋاقىتتا بىلىپ قالغان.

— بۇ قىلىقلىرى بولمايدىكەن، — دېدى سېمىز ئايال تۇزلا.

— نېمە؟ بىرمۇنچە گەپنى قىلىپ بەرسەم موك-موك ئاڭلىۋېلىپ، ئارقىدىن دەۋاتقان گېپىنى قاراڭ، مەن يا ئوغرىلىق قىلمىسام، يا باشقىلاردەك... — ئورۇق ئايال كۆچەپ سۆزلىگى-

ىىدىن گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى.
— نېمە بولدى سىلىگە، ئەمدى قوپۇپ كونا خامانىنى سورۇ-
غىلى تۇردىلىغۇ، — دېدى سېمىز ئايال بىردىنلا ئېسەدىگەندەك
ئەلەم بىلەن، — باشقىلاردەك ئوغرىلىق قىپتىمەنمۇ دەپ كەت-
كىنىنى تېخى، ئۇ ۋاقلاردا بىرەر باش قوناق ئەمەس، بىرەر ئې-
تىز قوناقنى ئوغرىلىسىمۇ ئوغرىلىق قىلغان ھېسابلانمايتتى.
بەش بالام ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالسا بولامتى ئەمىسە. مەنغۇ قوناق
ئوغرىلاپتىمەن، ئامبارچى بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ
يۈرگەنلەرگە نېمە دېگۈلۈك.
— سىلى... مەن سىلىگە نېمە دېدىم؟ سىلى ئەسلىدە... —
ئورۇق ئايال ئۇنى بۇگۈن باشقىدىن كۆرۈۋاتقاندەك چەكچىيىپ
قارىدى.
— ۋاي خۇدايىم، بىرسى سېھىرلەپ قويغاندەك ئەجەب ئۆتكەن
ئىشلارنى سۆزلەپلا كېتىپتىمىنا، بۇ ... بۇ مۇنداقلا دەپ قويغان
گەپلەر، قوشنام.
— كۆڭۈلدە بولمىسا ئېغىزغا چىقمايدۇ، قوشنام، مەن يات
ئادەم بولمىغاندىكىن ھەممىسىنى دەپ ـ دەۋەتسىلە ئەمدى.
— ئۇ چاغلارغۇ كەلمەسكە كەتتى، بىر ئۆيلۈك ئادەم كېچە ـ
كۈندۈز ئېتىزدىن كىرمەي ئىشلەپمۇ بىرەر ۋاق قورساق تويغۇ-
دەك تاماق يېيەلمىگەن، ئەجەب ئوبدان قىپتىكەنمەن شۇ چاغدا.
شۇدۇيجاڭ دېگەن تازنىڭ بىنومۇسلىقچۇ تېخى، تاس قالاتتى
ئىشتاننىڭ ئېغىنىمۇ تۇتۇپ تەكشۈرگىلى. شۇنداق قىلغىنىغا
مانا ئەمىسە دەپ بىر كۈنى بىر ھەپتە يەتكۈدەك قوناق ئوغرىلى-
دىم.
— توۋا قىلدىم خۇدايىم، مىڭ توۋا! — دېدى ئورۇق ئايال
چاپىنىنىڭ ياقىسىنى چىشلەپ، — ئەجەبمۇ يۈرەكلىرى پۈتۈن
خوتۇن ئىكەنلا، سىلىنى كۆرگەن ئادەم ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى
قىلىدۇ دەپ ئويلىمايدۇ.
— باشقا كەلگەندە باتۇر، دەپتىكەن.

— پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، ئەجەب مەن ئاڭلىماپتىكەنمەنيا. مۇشۇنداق چوڭ ئىشنى ئەجەبا مەھەللىمىزدە ھېچكىم بىلمەيدىغان بولغىيمىدى؟ ھە راست، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، بىر تاغار قوناقنى ئوغرىلاپ دادۇيجاڭنىڭ ئىشكى ئالدىغا قويۇپ قويغان ئىشنى...

— مەن قىلغان، — سېمىز ئايال پەخىرلەنگەندەك سۆزلەشكە باشلىدى، — شۇ كۈنى بىر تاغار قوناقنى ئوغرىلاپ، مىڭ تەستە يۈدۈپ مەھەللىگە ئاز قالغاندا قېرىشقاندەك تاڭ سۈزۈلۈپ قالدى. نېمىلا بولمىسۇن بىر ئامال قىلىپ ئۆيۈمگە ئاپىرىۋالاي دەپ ئالدىراپ كېتىپ بارسام، دەل دادۇيجاڭنىڭ ئىشكى ئالدىغا كەلگەندە...

— قانداق بولدى؟ — ئالدىراپ سۆز قاتتى ئورۇق ئايال.

— ئۇنىڭ ئىشكىنىڭ ئارقىسىدىلا يۆتەلگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— ئاپلا، كېيىن قانداق قىلدىلا؟

— ئالدىرىمىسىلا، بېشىنى چىقارغاندىكىن ئەمدى بىراقلا ھەممىسىنى دەپ بېرىمەن... شۇ چاغدا قورققىنىمدىن پۇت-قولۇمدا جان قالمىدى، ھېلىقى ئامىنىخان، مۆمىنخانلارنىڭ قوناق ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قېلىپ بىر ئاي بىكارغا ئىشلەپ بەرگەندىن سىرت، خەلقئالەم ئالدىدا بوينىغا قوناق ئېسىپ سازايى قىلدۇرۇلغىنى كۆز ئالدىمغا كېلىپ، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالدى. بىر ئاي ئەمەس، بىر يىل بىكارغا ئىشلەپ بەرسەممۇ مەيلىدى، لېكىن خەلقئالەم ئالدىدا سازايى بولغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟

— تېزرەك دېسىلىچۇ، — ئالدىراتتى ئورۇق ئايال.

— گېپىمنى بۆلمەي تۇرسىلا... شۇنىڭ بىلەن كاللامغا چاقماق تېزلىكىدە بىر ئەقىل كەلدى-دە، تاغارنى دادۇيجاڭنىڭ ئىشكى ئالدىغا يۆلەپ قويدۇم، ئۆزۈمنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئۇ ئۆيدىن چىقىپ بولدى. «ئەتىگەندىلا كېلىپ قاپلىغۇ، بىرەر ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بارمىدى» دېدى ئۇ مېنى كۆرۈپلا. شۇ زامان نەدىن كەلدى ئۇ يېـ-
غا، مىشىلداپ يىغلىغىنىمچە ئۇنى ئۆيۈم تەرەپكە سۆرىدىم:
«ماڭسىلا، دادۇيجاڭ، ئېرىمنىڭ ئەھۋالى چاتاق، كېچىچە بىر
ئۇخلىمىدى، ئالىمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسۇن، دەپ سىـ-
لىنى چاقىرغىلى كەلگەنىدىم» دېدىم. ئېرىمنىڭ ئۇزاقتىن بېرى
ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىنى ھەممە بىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ
گېپىمگە ئىشەندى ۋە بالىلارغا دەپ قويۇپ چىقاي دەپ ئۆيىگە
كىرىپ كەتتى. ئۇ قايتىپ چىققۇچە دەيدىغان گېپىمنىمۇ تەييار-
لىۋالدىم. «ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە ئالامەت، ــــ دېدىم ئۇ چىقىشىـ-
غىلا، ــــ قارىسىلا، دادۇيجاڭ، بۇ تاغاردىكى نېمىدۇر؟» «قايسى نا-
ئەھلىنىڭ قىلغان ئىشىدۇ بۇ؟ ــــ دېدى ئۇ تاغارنىڭ ئاغزىنى
ئېچىپ كۆرۈپ، ــــ تازا يوغان باش ئالغان قوناقلار ئىكەن ھەمـ-
مىسى. خەپ، بۇگۇنلا ھەممىسىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، كىم
قىلغان بولسا تانابىنى قىرىق گەز تارتمايدىغان بولسام، بۇ ئوغـ-
رىنىڭ قاپ يۈرەكلىكىنى قارا !» ئۇ مېنىڭ ئاۋۋال ئۆيگە قايتىپ
تۇرۇشۇمنى، مۇشۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپلا ئۆزى ئۆ-
يۈمگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاران تۇرغاندا ياغدەك ياقتى بۇ
گەپ. شۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملىق رەسۋاچىلىقتىن قۇتۇلۇپ
قالدىم.

ــــ ھەقىقەتەن قاپ يۈرەك خوتۇن ئىكەنلا جۇمۇ.

ــــ قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، بۇنى قانداقمۇ قاپ يۈرەكلىك
قىلدى دېگىلى بولسۇن. مەن دەيمەن، ئەجەب چاغلار ئىكەن ئۇ،
ئۆزىمىز تەر ئاققۇزۇپ تېرىغان ئاشلىقنى ئۆزىمىز ئوغرىلاپ يەيـ-
دىغان.

ــــ سىلىنىڭ دەردلىرىدىن بىر ھەپتىگىچە ئوغرىنى تۇتىمىز
دەپ، بىر ـ بىرىمىزنى ماراپ ياتقان بىز، تەكشۈرگۈچىلەر كەلـ-
گەندە ئۇخلاپ قالغانلارنىڭ كۆرگەن كۈنلىرىچۇ تېخى.

ــــ بولدىلا، ئۇ كۈنلەر ئەمدى كەلمەسكە كەتتى.

ــــ ۋاي، راست، ئەجەب بۇ ئىشلارنى قورقمايلا ماڭا دەپ سالـ-

لىيا؟ — دېدى ئورۇق ئايال چۈشىنىكسىز بىر ئىپادە بىلەن سې-
مىز ئايال قوشنىسىغا قاراپ.
— نېمىدىن قورقىمەن؟
— مېنىڭ باشقىلارغا ئېيتىپ قويۇشۇمدىنچۇ؟
— قورققان بولسام سىلىگە دەپ بېرەتتىممۇ، ئېيتىپ قوي-
سىلا ئەمدى مېنى كىم نېمە قىلالايتتى؟
— نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ ياخشى ئىش ئەمەس - دە.
— يامان ئىش دېيىشكە توغرا كەلسە ئۆزۈمنىڭ ئىشلەپ تاپ-
قان نەرسەمگە ئۆزۈم ئىگە بولالماي قورقۇپ يۈرگىنىمنى دېسە
بولىدۇ. ئوغرىلاپ يېگىنىم ھەرگىزمۇ يامان ئىش ئەمەس، چۈنكى
ئۇ قىوناقتا مېنىڭمۇ ھەسسەم بار. ئادەم ئۆزىگە تەئەللۇق نەرسىنى
زورلۇق ئىشلىتىپ بولسۇن، ياخشى گەپ بىلەن بولسۇن، كېرى
كەلسە مەندەك ئوغرىلاپ بولسۇن ئۆز قولىغا كىرگۈزەلىسە، بۇ-
نىڭدىن ئۇلۇغ ئىش بولماس. ئويلاپ باقسام، بەك ئوبدان قىپتى-
كەنمەن.
— توۋا خۇدايىم، ھى - ھى - ھى... مەن باشقىلارنى كۆز-
دە تۇتۇپ دېسەم، ئەجەب سىلىنىڭ ئىشلىرىغا توغرا كېلىپ
قاپتۇ - ھە. مەن تېخى بۇ ئىشنى نېمىشقا ئاڭلىماي قالدىمكىن
دەپ ئويلىنىپ كېتىپتىمەن، ئەسلىدە تېخى ھېچكىم بىلمەيدى-
كەن ئەمەسمۇ.
— شامال ئۆتمەيدىغان تام يوق، بۇنچىلىك ئىشلارغا ئالدىراپ
ھەيران قالمىسىلا، ئۆلمىسىلە بۇنىڭدىن كۆپ بىلمىگەن ئىشلار-
نى بىلىپ قالىلا تېخى، — سېمىز ئايال سۆزىنى تۈگىتىپ، ئاپ-
پاق بىلىكىدىكى «شاڭخەي» ماركىلىق ئەرەنچە سائىتىگە قاراپ
دېدى:
— دەل يىگىرمە بەش مىنۇت بولدى، يەنە بىر قېتىملىق...
ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا ئايتولۇن چۆچۈگەندەك ئىتتىك
كۆزىنى ئاچتى - دە، قاتتىق ئىڭراپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 7

ئايتولۇن ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندە ئۇنى يەنە تاتلىق ئۇيقۇ باستى.

بۇ يۇرتتا ئۇزاقتىن بۇيان بۇنداق كاتتا مەرىكە ـ توي بولۇپ باقمىغانىدى. ھېيت ـ ئايەملەردە كىيىدىغان يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشكەن چوڭ ـ كىچىك يۇرت ئەھلى ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇ تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇپ ـ تاراندى، ئاندىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا كىيىم تاللاشقا، ياسىنىشقا كىرىشتى. ئالدى بىلەن ئۇزۇن قاپقارا چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈدى، قۇلىقىغا ئاق كۆزلۈك چېچەك ھالقىسىنى، بوينىغا ئاق قاشتاش مارجىنىنى ئاستى، ئاندىن ئۆزى ئەڭ ياقتۇرىدىغان، ئارزۇلاپ كىيىدىغان ھاۋا رەڭلىك ئۇزۇن، كەڭ ئېتەكلىك شايى كۆڭلىكىنى، پۇتىغا پەس پاشنىلىق ئاق تانكىس ئايىغىنى كىيدى. ئۇ ئەينەكتىكى ئۆز ئەكسىگە ئىشەنمىگەندەك قوي كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى. كىيىم ـ كېچەكلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئېسىلغان زىبۇ ـ زىننەتلىرى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ھۆسن قوشقانىدى. ئۇ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ئانىسى كىرىپ كەلدى.

— ۋاي خۇدايىم، نېمانچە چىرايلىق ياسىنىۋالغانسەن، قىزىم، — دېدى مەمۇرىخان قىزىغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ، — بۈگۈن دېگەن دوستۇڭنىڭ تويى جۇمۇ.

— ئانا، سەنزە... — ئايتولۇن قىزارغىنىچە يەرگە قارىۋالدى.

مەمۇرىخان ئۆزىنىڭ نېمە دەپ سالغىنىنى ئەمدى سەزگەندەك باشقا گەپ ـ سۆز قىلماستىنلا ھويلىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ ھويلىدىكى بېدىشقا قورۇق كاللا بىلەن قوشۇپ ئېسىلغان ئادراسماندىن بىر سىقىم ئېلىپ ئىسرىق سالدى. ئارقىدىن ئاززاق

ئارچا ياغىچى بىلەن قوي مېيى تېپىپ كېلىپ، ئۇستىگە ئوچاق-
تىن چوغ ئېلىپ قويدى. ئۇزاق ئۆتمەي ھويلىنىڭ ئىچىنى مەز-
زىلىك پۇراق بىر ئالدى. ئۇ ئىسرىقدانىنى كۆتۈرۈپ قىزىنىڭ خا-
نىسىغا كىردى ۋە قىزىنىڭ بېشىدىن ئوڭ - سولغا ئۈچ قېتىم-
دىن ئۆرۈپ، ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ پىچىرلاشقا باشلىدى.

— ھىم، يەنە كونىلىق قىلغىلى تۇردۇڭ.

— كونىلىق بولسا نېمە بوپتۇ؟ كۆزى يامان ئادەملەرنىڭ كۆ-
زى تېگىپ، ئوتى تۇتۇپ باقسۇنچۇ قېنى؟ مۇشۇ گېپىڭ ئۈچۈن
پۇشايمان يېمىگىنىڭنى مەن بىر كۆرەي !

— ماقۇل ... ماقۇل، ئەمدىغۇ خاتىرجەم بولغانسەن، ماڭسام
بولار؟ — دېدى ئايتولۇن ئانىسىغا ئەركىلەپ.

— ئاخشاملىققا بەك كەچ قالمىغىن جۇمۇ، خۇدايىمغا تاپشۇر-
دۇم ئەمىسە.

— ۋاي خۇدايىم، كەلمەسكە كېتىۋاتقاندەك مەن.

ئايتولۇن كىچىك بالىدەك قىلىقلىنىپ تاقلاپ - تاقلاپ يۈ-
گۈرگىنىچە ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. قىزىنىڭ ئارقىسىدىن
مەستلىكى كېلىپ قاراپ قالغان مەمۇرىخان نېمىنىدۇر كۆڭلى-
دىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى.

ئايتولۇن دوستى ھەبىبەنىڭ ئۆيىگە بىر دەمدىلا يېتىپ باردى.
ئۇ مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە بىرەر تويغا بۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ كەل-
گىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي مې-
ڭىپ، غىپپىلا قىلىپ دوستى ئولتۇرغان ئۆيگە كىرىۋالدى.

— شۇنداق قىلىپ، شەھەرلىك بولۇپ كېتىدىغان بولدۇڭ،
ئاداش، تەلىيىڭ بار ئىكەن جۇمۇ.

— خاتىرجەم بول، سەنمۇ يېزىدا قالمايسەن.

— ھەي تاڭەي، رىزقىم نەگە چېچىلغان بولسا شۇ يەرگە كې-
تەرمەن ھەرقاچان.

— سەن دېگەن ئاسماندىكى ئاينىڭ ئۆزى تۇرساڭ، كىم بىلى-
دۇ، بۇگۈنلا شەھەرلىكتىن بىرەرىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالامدۇ

www.uyghurkitap.com

تېخى.

— نېمانداق خۇش قىلىدىغانسەن ئادەمنى، شۇنداق بولۇپ قالسىغۇ ياق دېمەيتتىم.

ئىككى دوست تاتلىق كۈلۈشكىنىچە ئۈنى - بۈنى دەپ ئولتۇرۇشۇپ، كەچ كىرىپ قالغىنىنى سەزمەيلا قېلىشتى. پەقەت قىز كۆچۈرگىلى كەلگەنلەر قىيا - چىيا قىلىشىپ هويلىغا كىرگەندىلا ئاندىن سەگەكلەشتى.

— ئايتولۇن، قورقۇۋاتىمەن، — دېدى هەبىبە مىشىلداپ يىغلاپ.

— نېمىدىن قورقاتتىڭ، ئەستا، نېمىشقا يىغلايسەن، خۇشاللىقتىنمۇ يا؟ مېنىڭ تويۇم بولغاندىچۇ سەندەك يىغلاپ ئولتۇرماي كۈلۈپ ئولتۇرىمەن. توي دېگەن خۇشاللىنارلىق ئىش تۇرسا.

— بۇ چاقچاق قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس، ئايتولۇن، ماڭا قارىغىنا، مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟

— نېمىنى قانداق قىلىسەن؟ شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، قانداق قىلاتتىڭ، هېچقانداق قىلماي جىم ئولتۇرىسەن، ئاندىن... ئاندىن يەڭگىلەر كىرىدۇ - دە، سېنى قولتۇقلاپ ئېلىپ مېڭىشىدۇ.

— سەن، دوستۇم ئەمەس ئىكەنسەن...

— ئەستاغپۇرۇللا، يىغلىما دەيمەن، ئىسىت، ئەتىگەندىن بېرى تۇجۇپىلەپ قىلغان پەردازلىرىم يوق بولدى. ئەمدى گېپىمگە كىرمىسەڭ كۆزۈڭگە سۈرتكەن سۈرمە يامراپ كېتىپ يۇيۇپمۇ چىقىرالمايسەن جۇمۇ، — ئايتولۇننىڭ شۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرىمۇ كار قىلمىدى، هەبىبە توختىماي يىغلايتتى.

— ئايتولۇن، بىرسى يۈرىكىمنى يۇلۇپ تارتقاندەك بولۇۋاتىمەن.

— ئەجەب بىر گەپ قىلىدىكەنسەن.

— راست دەۋاتىمەن، تازا ئۈن سېلىپ يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— ئۈلگۈرەلمەيسەن، ئاداش... قارىغىنا يەڭگىلەر كىرىۋاتىدۇ.

ئىككى ئايال كىرىپ هەبىبەنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپ كۆرۈ-

شۇپ، ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي پەلتوسى بىلەن ئايىغىنى زورلاپ كىيدۇرۇپ، قولتۇقلاپ سۆرەپ دېگۇدەك ئېلىپ مېڭىشتى. ھەببە شۇنداق ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتىكى، دوستىدىن ئايرىلىشقا چىدىماي ئۆزىنى ئاران بېسىپ تۇرغان ئايتولۇنمۇ ئۇنىڭغا گىرە سېلىشىپ قوشۇلۇپ يىغلىدى... ھويلا ئىچىنى كىچىك باللارنىڭ قىيقاس - سۈرەنلىرى بىلەن ناخشا - ساز ئاۋازى بىر ئالغانىدى.

ھەببە قىز كۆچۈرۈش ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە زادىلا ماڭغىلى ئۇنىمىدى، توختىماي تېپچەكلەيتتى، يىغلايتتى، ئايتولۇندىن زادىلا ئاجرالغىلى ئۇنىمىدى. ئۇنى ماشىنا تەرەپكە تارتىسا، ئايتولۇننى قارشى تەرەپكە تارتىشاتتى. كىمدۇر بىرسى ئايتولۇننى كۆچەپ ئالدىغا تارتىۋىدى، ئىككىسى بىراقلا يىقىلىپ چۈشتى. قارشى تەرەپنىڭ ئوتتەك تىنىقىنىڭ پېشانىسىنى سىيپاپ ئۆتۈپ كەتكىنىدىن ئۇيۇلۇپ كەتكەن ئايتولۇن ئىتتىك باشقىلارغا قارىدى. ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا قارىغىلى نەدە چولىسى، ھەممىسىلا ھەببەگە تاشلىنىپ ماشىنىغا قاراپ يوپۇرۇلغانىدى. ھەر ئىككىيلەن تۇيۇقسىزلىق ھېس قىلىپ چۆچۈپ كېتىشتى. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ... مېنى... كەچۈرۈڭ! — دېدى يىگىت بىر خىل ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندەك تىترەك ئاۋازدا، — مەن... خۇدا ھەققى، قەستەن قىلمىدىم...

ئايتولۇن ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرگەن پېتى كېتىپ قالدى.

## 8

ئۇ ھېلىقى تام - تورۇسلىرىغىچە ئاپپاق سىرلانغان ئۆيدە ئاق تۆشەكتە جانسىز ئادەمدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنى تاماشا قىلىشىۋاتاتتى. ئۇ ئاندىن توغما ھالەتتە ياتقىنىنى سېزىپ ئۇيالغىنىدىن يەر يېرىلسا كىرىۋالغۇدەك بولۇپ كەتتى.

ھېچ بولمىسا ئەڭ نازۇك يەرلىرىنى بولسىمۇ يوشۇرۇپ قىلىشقا ھەرىكەت قىلدى، لېكىن مىدىرلىيالمىدى. ئۇ ئاللاغا سىغىنىپ ئۈنسىز نىدا قىلدى: «بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسى ئۇلۇغ ئاللا، ماڭا رەھىم قىلغىن، كۆزۈمگۇ كۆرمىدى، لېكىن قولىقىم ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغاچقا پەقەتلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.» ئۇ جېنى بىر ئاز ئارام تېپىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كەلدى. ئەنە، يوغان... بەكلا يوغان ئەنجۇر يوپۇرمىقى قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كې-لىپ، ئۇنىڭ بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قوندى. ئۇنىڭ تەنلىرى يايراپ، خۇشاللىقتىن تولۇلمۇەتتى: «ئى ياراتقۇچى ئاللا، سەن پاكتۇرسەن، بۈيۈكتۇرسەن، مەن ئاجىزەڭ شەپقىتىڭگە مىڭ قەت-رە شۈكۈر ـ سانا ئوقۇيمەن!...»

ـــ ئاھ، نېمە كارامەت بۇ، ئادەم بالىسىمۇ ياكى پەرىزاتمۇ؟

ـــ قارىغاندا، پاك نەسلىدىن ئوخشايدۇ.

ـــ قىرىغىنىمدا نېمە كۆڭلەرگە قىلىۋاتىمەن، ئۇنى بىر كۆ-رۈپلا ئاشىق ـ بىقارار بولدۇم.

ـــ ئۇ ئادەم ئەمەس، بەلكى پەرىزات.

ـــ مۇھەببەت ئىلاھىمىكىن.

ـــ ۋېناسنىڭ ئۆزى!

ـــ مەن ئۇنى سېتىۋالىمەن.

ـــ مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

ـــ ئاھ، ئۆلۈپلاۋالايچو.

ـــ ھەي شۇمتەك، سەن تېخى ئەمدى ئون بەش ياشقا كىردىڭغۇ؟

ـــ مەنمۇ ئەركەك ـ دە.

ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى تالاش ـ تارتىشلىرىنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ يوغان زالنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ياتقى-نىنى پەرەز قىلدى، كىشىلەر ئۇنى چۆرىدەپ تاماشا قىلماقتا. كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭغا قول تەگكۈزدى.

ـــ بۇ ئەسكى لاتىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە كىم يېپىپ قويىدى،

ھۇ، ئۆلگۈرلەر!

— ئۇنىڭغا چېقىلما! — دەپ ۋارقىرىدى ئون بەش ياشلىق ھېلىقى بالا.

— ۋۇي، بۇ يەنە سەنغۇ؟

— دۆت غالچا... ساڭا جېنىمنى تىكىپ قويدۇم.

— ئەستا... كىچىك بالا ئىكەنسەن، بەربىر قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، خالىغىنىڭنى قىل.

ئارىدىن بىرسى سەھنىگە چىقىپ، قولىدىكى يىرتىلىپ تىتىلىپ كەتكەن ئەسكى كىتابنى بىرھازاغىچە ۋاراقلاپ چىققاندىن كېيىن بوم ئاۋازدا كۆچەپ ئوقۇشقا باشلىدى:

— قولۇمدىكى بۇ ئۇلۇغ كىتابتا ئىنسانلارنىڭ ھامىلە بولۇش ۋە يېتىلىش جەريانى تەكىتلەنگەن. زامانىۋى پەن - تېخنىكا شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇرۇقلانغان تۇخۇم ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن پارچىلىنىشقا باشلاپ، ئالتە كۈندىن كېيىن يېتىلىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. بۇ كىتابتىمۇ ئۇرۇقلانغان تۇخۇمنىڭ تەدرىجىي يېتىلىپ، بىر پارچە لەختە قانغا ئايلىنىدىغانلىقى ئېيتىلغان... يەنى قىرىق بىر كۈن ياكى قىرىق ئىككى كۈندىن كېيىن، ھامىلە پۈتۈنلەي ئادەم شەكلىگە كىرىشكە باشلايدۇ.

زال ئىچىنى غۇلغۇلا قاپلاپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاھاننىڭ ھەممە يېرىدىن بۇ يەرگە نېمە مەقسەتتە يىغىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ، ئالدىدىكى «تىرىك جەسەت»كە مەپتۇن بولۇپ كەتكەندى. ھېلىقى ئادەم تېرىككىنىدىن قولىدىكى كىتابنى شىرە ئۈستىگە پاققىدە تاشلاپ قويۇپ، كۆپچىلىككە بىرقۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ دېدى:

— ئاللا سىلەرگە خاتىرجەملىك ۋە بەخت - سائادەت ئاتا قىلغاي، ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر، گېپىمگە ئوبدان قۇلاق سالغايسىلەر... ھەربىرىڭلارمۇ ئاناڭلارنىڭ قارنىدا قىرىق كۈندە ئاندىن مۇكەممەل يېتىلىسىلەر...

ئۇ شۇنچە كۆچەپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم بۇ-

نىڭغا دىققەت قىلمىدى. ھەممە ئىلگىرىكىدەكلا مۇنازىرىلىشىۋا-
تاتتى:
— ئۇ نېمىدىن تۆرەلگەندۇ؟
— ئەلۋەتتە ئادەمدىن.
— ئىشەنمەيمەن.
— ئۇنداق دېسەڭ كۇپۇرلۇق بولىدۇ، پەقەت ئاللانىڭ ئەلچى-
سى بولغان ئەيسانىلا پاك ـ دىيانەتلىك ئايال مەريەم ئانا ئاتىسىز
تۇغقان.
— يەنىچۇ؟
— يەنە ئادەمئاتىنى ئاللا ئاتا ـ ئانىسىز تۇپراقتىن يارىتىپ،
ئاندىن ئۇنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن...
— ئەمىسە بۇ قىزنىمۇ...
— بۇنى مەنمۇ بىلەلمىدىم، بەلكىم ئاللا ياراتقاندۇ ياكى تەبى-
ئەتتىن ھالقىغان مەلۇم بىر خىل كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە پەيدا
بولغاندۇ.
— بىز ئۇنى قاچانغىچە مۇشۇنداق كۆرۈپ تۇرالارمىز؟
— ئىسىت، قىران يىگىتلىكىمگە يېنىپ قالسامچۇ كاشكى.
— مەن ئايالىمنى ئوتتۇز يىلدىن بېرى گۈزىلىم دەپ چاقى-
رىپ كەپتىكەنمەن، ئەتىدىن باشلاپ... ياق... ھازىردىن باشلاپ بۇ
سۆزنى مەڭگۈ بۇ قىزدىن باشقىسىغا ئىشلەتمەيمەن.
— مەنمۇ بارلىق ئايال زاتىنى قەلبىمدىن چىقىرىپ تاشلاي-
مەن.
— مېنى يەنە ئۈچ يىل ساقلاپ تۇرۇڭ... — دېدى ئون بەش
ياشلىق بالا ئۇنىڭ قولىقىغا ئاستا شىۋىرلاپ.
— ھوي، ساڭا نېمە بار بۇ يەردە، چوڭلارنىڭ ئىشىغا ئارىلى-
شىۋالماي بېرىپ ئويۇنۇڭنى ئوينىغىنا.
— مەنچىلىك ۋاقتىڭدا ئوينىغىنىڭنىڭ دەردىنى بىز تارتىۋا-
تىمىزغۇ مانا... — ئون بەش ياشلىق بالا بىگىز بارمىقى بىلەن
كۆرگەزمە قىلىنىۋاتقان قىزنى كۆرسەتتى، — قېنى، كارامىتىڭ

بولسا بۇ ئادەملەرنى قوغلىۋەت... ھەممىسى ئۆز ماكانلىرىغا كېتىشسۇن.

زالنىڭ قەيىرىدىندۇر چاۋاك ئاۋازى ئاڭلاندى، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن پىروفېسسور كىتابىنى قولتۇقلاپ سەھنىگە قاراپ يۈگۈردى.

— ئەپەندىلەر، دىققەت، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى... ئورۇقلاشقان تۇخۇم ئانىنىڭ قارنىدا قىرىق ئىككى كېچە - كۈندۈز تۇرغاندىن كېيىن ئاللا بىر پەرىشتە ئەۋەتىپ تۆرەلمىگە شەكىل كىرگۈزۈپ، قول، كۆز، تېرە، گۆش، سۆڭەك قاتارلىقلارنى ياراتىدۇ. ئاندىن پەرىشتە: «ئى ئاللا، ئوغۇل بولامدۇ، قىزمۇ؟» دەپ ئاللادىن ئىجازەت سورايدۇ. ئاللا ئۇنى ئۆز ئىرادىسى بويىچە بەلگىلەيدۇ...

— راست، بۇ يېڭى بىر ئىلىم ئىكەنغۇ؟

— بۇ مىللەتنىڭ شۇنچىلىك كارامىتى بارمىدۇ؟

— ئىشەنمەيمەن...

— ئېيتقانلىرى ھەقىقەت تۇرسا.

— بۇ دېگەن بىر مىڭ تۆت يۈز يىل ئىلگىرىلا دېيىلىپ بولغان گەپلەر، — دەپ ۋارقىرىدى ئون بەش ياشلىق بالا.

ھەممىسى دېيىشىۋالغاندەكلا بالىنى قىستاپ كېلىشكە باشلىدى، بالا ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىغاندەك مەغرۇر قاراپ تۇراتتى. ئۇ بىردىنلا بۆرە تۇسىگە كىردى. زال ئىچىدىن ئېچىنىشلىق نالە - پەرياد كۆتۈرۈلدى...

## 9

ئۆيئىچىدىن ئېغىر مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇلۇڭ - بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئۈچ ئايالنىڭ قايسىسىنىڭ ئويغاق، قايسىسىنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى، ھەممىسىلا بېشىنى ساڭگىلىتىپ جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. ئايتولۇن تومپىيىپ تۇر-

غان قورسقىنى سىلىغىنىچە گاراڭ ـ گۇرۇڭ ئاۋازدا چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ ياتاتتى. مەمۇرىخان ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، قىزنىڭ يېنىغىراق سۈرۈلدى. ئايتولۇننىڭ چېكە چاچلىرى ئىسسىقتا پېشانىسىغا چاپلىشىپ قالغانىدى. ئۇ قىزدىنىڭ تەرلىرىنى سۈرتۈپ، چاچلىرىنى تۈزەپ قويىدى. «مېنى شۇنداقمۇ دوراپ قالغانسەنمۇ، قىزىم، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مەنمۇ سېنى ئۈچ كۈن تولغاق يەپ، مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلىپ تەۋەللۇت قىلغان. ماڭا ئەمەس، كېلىشكەن داداڭغا ئوخشاپ تۇغۇلغىنىڭدىن بەكلا خۇشال بولۇپ كەتكەنىدىم. سەنمۇ قانداقىراق بالا تۇغارسەنكىن... ۋاي خۇدايىم، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم، سالامەتلىكىڭنى تىلىمەي...»

— ئۇھ، خۇداغا مىڭ مەرتەم شۈكۈرا! — تۇيۇقسىز ئۇنىڭ سېمىز ئايال قوشنىسى ئۆندەرىگەندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ پەگاغا چۈشتى ۋە ئايغىنى كىيىشكىمۇ ئۇلگۈرمەي يالاڭ ئاياغ مېڭىپ بېرىپ، كۈپتىن سوغۇق سۇ ئېلىپ گۈپۈلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى.

— ھەي، ماڭا دېسىلىچۇ، سوۋۇتۇلغان قايناق سۇ بار ئىدى، قوشنام، — دېدى مەمۇرىخان ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ.

— مۇزدەك سۇ دېگەن يەرگە باردى قوشنام، يۈرىكىم ئەمدى ئورنىغا چۈشتى دېسىلە.

— بىرەر يامان چۈش كۆرۈپ قالمىغانلا؟

— كۆرمەملا، ئازراق مۈگدەپ قالغانىمۇ ئاشۇنداق قارا باسامدۇ ئادەمنى، راستلا ئۇخلاپ قالغان بولسام ئۆلۈپ قالاتتىمىكىن.

— ئاغزىلىرىنى ئۇششۇتمىسىلە.

— مۇشۇ ئاغزىمغا تاش! — ئاغزىغا يېنىك شاپىلاقلاپ قويىدى سېمىز ئايال، ئاندىن سۇپىغا چىقىپ مەمۇرىخاننىڭ يېنىغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى، — ماۋۇ خوتۇن، — دېدى ئۇ ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك پەس ئاۋازدا ئۇدۇل تامغا يۆ-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لەنگىنىچە بوش خورەك تارتىپ ئۆخلاۋاتقان ئورۇق ئايال قوشنىسىنى بېشى بىلەن ئىما قىلىپ، — نەدىكى بىر كونا خامانى سورۇپ...

— نېمە بولدى زادى، ئېنىقراق ئېيتسىلا.

— باياتىن قۇلاقلىرىغا ئازراق كىرىپمۇ قالغاندۇ.

— قايسى گەپنى دەيلىكىن؟

— قۇلاق سالماپلا - دە، تېخى ھېلىلا ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز كوممۇنا ۋاقتىدىكى ئىشلارنى بىر قۇر ئەسلەپ ئولتۇرغاندۇق، بىردەمدىلا شۇ ئىشلار چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. چۈشۈمدە يېرىم كېچىدە قوناق ئوغرىلىغىلى چىقىپتىمىشمەن، بىر تاغار قوناقنى ئۇزۇپ يۇدۇپ يېرىم يولغا كەلسەم تاڭ سوزۇلۇپ قاپتۇمىش. باشقىلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن قورقۇپ تاغارنى دادۇيجاڭنىڭ ئىشىكىگە يۆلەپ قويۇپ ئۆيۈمگە غىپپىدە قېچىپ بېرىۋاپتىمىشمەن. ئەتىسى دادۇيجاڭ ھەممە ئەزالارنى يىغىپ بىر - بىرلەپ سوراق قىلىۋاتقانىمىش. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە ئۇ خۇددى سېزىپ قالغاندەك كۆزۈمگە مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ سوراپتۇدەك:

— بۇ ئىشنى سەن قىلدىڭمۇ؟

— ياق ... ياق، مەن ئوغرىلىمىدىم.

— ئوغرىلىمىدىڭ؟

— ھەئە.

— ئەمىسە قەسەم ئىچ.

— نېمىشقا مەنلا قەسەم ئىچكۇدەكمەن؟ — دەپتىمىشمەن قورقماي.

نۆۋەت بۇ قوشنامغا كەلگەندە گەپ - سۆزدە دۇدۇقلاپ: «مەن ئەمەس ... مەن ئەمەس» دەپ يىغلاپ كېتىۋاتىمىش. كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي، قوناقنى يىپقا تىزىپ ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭ بويىنغا ئېسىۋاتىمىش. ئۇ قورقۇنچاق بۇ ئىشقا چىدىماي، مېنى خەلقئالەم ئالدىدا پاش قىلىپ رەسۋا قىلىۋاتىمىش.

www.uyghurkitap.com

— ئۇ تېخى بايىلا قوناقنى ئۆزىنىڭ ئوغرىلىغانلىقىنى دەپ بەرگەن، — دەۋاتىمىش ئۇ مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇ تېخى تۇنجى قېتىملىقى ئەمەس ئىمىش.

دادۈيجاڭ ئالدىمغا قىستاپ كېلىپ مېنى ھە دەپ سوراق قىلىۋاتىمىش:

— ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەيسەن، دۈيۈز داپشاق!

— راست، مەن ئوغرىلىدىم.

— ۋاي شەرمەندە، تېخى ھېلىلا خۇدانى شېپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچمىگەنمىدىڭ؟

— يوق يەپسەن گېزەندە، مەن ئاناڭنىڭ تۇۋىدە قەسەم ئىچتىمما، ھېلىغۇ قەسەم ئىچمىدىم، قەسەم ئىچكەن تەقدىردىمۇ ئاللا بۇ گۇناھىمدىن ئۆتىدۇ.

— سېنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمىز، قېنى كېلىڭلار، ئۇنى باغلاڭلار!

— ھىم، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل!

ئۇلار مېنىڭ قولۇمنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، دۈمبەمگە بىر تاغار قوناقنى ئارتىپ ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، يۈزۈمگە قارا سۈرتۈپ سازايى قىلىۋاتقۇدەكمىش. بۇ خوتۇن بولسا چاۋاك چېلىپ قاقاھلاپ كۈلۈۋاتقۇدەك...

— ئوبدان چۈش كۆرۈپلا قوشنام، خۇش بولسىلا بولغۇدەك، — دېدى مەمۈرىخان يېنىك تىن ئېلىپ، — ئىككى قوشنا سىناقتىن ئۆتتۈپسىلەر. ئۆمرۈڭلارنىڭ ئاخىرىغىچە ئىناق ئۆتۈپ كەتكۈدەكسىلەر.

— خۇدايىم ئىپتىقانلىرى كەلگەي، مەمۈرىخان، ئۇھ، ئەمدى سەل يېنىكلەپ قالدىم.

— ھېلىقى... قوناقنىڭ ئىشى...

— يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، سىلىمۇ بار ئىدىلە شۇ چاغدا، ھېلىقى بىرنەچچە كۈنگىچە بىرمۇبىر سوراق قىلىپ ئوغرىنى تاپالمىغان ئىشچۇ، شۇ ئىشنى مەن قىلغان.

— ھە، ئەسلىدە راست ئىكەن - دە، خۇدا گۇناھلىرىنى مەغ-پىرەت قىلغاي.
— دېگەنلىرىدەك بولار...
ھەر ئىككىيلەن يېنىك تىن ئېلىشتى. ئۆيئىچى يەنە بۇرۇنقى جىمجىتلىققا قايتتى. بىر كاللىدا مىڭ خىيال دېگەندەك، ھەر ئىككىسى ئۆز خىيالىغا غەرق بولغانىدى.

## 10

ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق چەت سەھرادا تۇغۇلۇپ قالغىنىغا قىلچىمۇ پۇشايمان قىلمايتتى. مۇشۇنداق ھاۋاسى ساپ، ئادەملى-رى پاك، گۈزەل ماكاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكىنىدىن پەخىرلىنەتتى. ئەتىگەندىن بېرى ياغقان سىم - سىم يامغۇردا دەل - دەرەخلەر يۇيۇلۇپ، تەبىئەت باشقىچە گۈزەل تۇسكە كىرگەنىدى. نەمخۇش ھاۋا ئادەمنى جانلاندۇراتتى.
ئۇ بۈگۈن ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. سائەت ئونلاردىن ئاشقاندا چىرايلىق كىيىنىپ، ئانىسىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپلا ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى چىغىر يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئىككى قاسىنىقى جىگدە ۋە سۆگەت بىلەن بۆكىدە قاپلانغان چىغىر يولدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ خېلى ماڭغاندىن كېيىن قېرى ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ توختىدى. شاختىكى مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن بورداق - بورداق ئۈجمىلەر ئادەمنىڭ ئېغىزىغا سېرىقسۇ كەلتۈرۈۋېتەتتى. ئۇ ئەتراپىغا بىر قۇر قاراپ ھېچكىم يوقلۇقىغا ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن ئايىغىنى سېلىۋېتىپ ئۈج-مىگە ياماشتى. يامغۇردا يۇيۇلۇپ پاكىز بولۇپ قالغان ئالتۇن مېۋىدىن چاڭگىلىغا توشتۇرۇپ ئاغزىغا سالدى.
— مېنىڭ ھەققىممۇ قالسۇن.
ئۇ چۆچۈپ كەتتى. پەستە ئۆزىگە كۈلۈپ قاراپ تۇرغان مىر-كامىلنى كۆرۈپ ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئاخىر كەپسەن - دە، — دېدى ئۇ ئاغزىدىكى ئۇچىملەرنى تەستە يۇتۇۋېتىپ.
— بۈگۈن يامغۇر ياغدى ئەمەسمۇ، ئەتىگەندىلا ئوقۇغۇچىلارنى ئائىلىسىگە قايتۇرۇۋېتىپ ئۇدۇل مۇشۇ ياققا قاراپ چاپتىم.
— ھىم... ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى دەپ بالىلارنىڭ ئوقۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويمايلى يەنە.
— ئۇنداقتا كەتسەم ياق دېمەيدىكەنسەن - دە؟
— مەيلىڭ...
— ئەمىسە خوش... — مېڭىشقا تەمشەلدى مىركامىل، — ئۇچمە دەرىخىنى چىڭراق تۇتۇۋالارسەن.
— ئۆلمەيدىغان... ئاران تۇرۇپتىكەن قاچان بىر ئېغىز گەپ قىلاركىن دەپ، — يالغاندىن دومسايدى ئايتولۇن.
— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، جېنىم، سېنى مۇشۇنداقلا تاشلاپ قويۇپ كېتىشكە كۆڭلۇم ئۇنامدۇ... ساڭا بۇرۇنلا ئېيتىپ بەردىم دەپ يۈرۈپتىمەن، ئۆتكەندە يەر تەۋرىگەندە سىنىپلارنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، بالىلارغا سىرتتا دەرس ئۆتۈۋاتىمىز. بۈگۈنكىدەك يامغۇردا ئوقۇغۇچىلارنى قويۇپ بەرمەي ئامالىمىز يوق - دە.
— سىنىپلارنى قايتىدىن سالساڭلار بولمامدۇ؟
— شۇنداق دەيدىغان ئادەمدىن بىرسى يوق قارا بىزگە، ھوي راست، گەپ قىلمىسام قاغىدەك شاخقا قونۇۋېلىپ قاقىلداۋېرىدىسىنا، — دېدى ئۇ تېخىچىلا ئۇچمە ئۈستىدىن چۈشمەي ئولتۇرغان ئايتولۇنغا چاقچاق قىلىپ، — گېپىڭ بولسا پەسكە چۈشۈپ دېمەمسەن؟
— مېنى نېمە قاغىغا ئوخشىتىپ يۈرىسەن؟ — دېدى ئايتولۇن ئۆزىنىڭ خىجىللىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قەستەن ئاچچىقلانغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ.
— سەن مېنىڭ بەخت قۇشۇم.
— قاغىما؟ — دېدى ئۇ جىلمىيىپ.
— خەپ، يېنىمغا بىر چۈشكىنە.

ئايتولۇن مايمۇندەك چاقچانلىق بىلەن يەرگە چۈشۈۋالدى. بىردەملىككە توختىغان يامغۇر يەنە سىم - سىم يېغىشقا باشلىدى. ئۇلار قول تۇتۇشقىنىچە چىغىر يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن مىركامىل ئېغىز ئاچتى:

— ئابايا ئۆجمە دەرىخىگە چىقىۋېلىپ توختىماي سۆزلەۋاتاتتىڭ، ئەمدى زۇۋان سۈرمەيسەنغۇ؟

— سەنمۇ گەپ قىلمىدىڭغۇ ئەمىسە.

— مەنغۇ گەپ قىلمەن دەپ چىققان.

— قېنى ئەمىسە دېگىنە. قۇلىقىم سەندە.

— بۇگۈن كەلمىگەن بولسام قانداق قىلاتتىڭ؟

— ئۇنداق ئادىتىڭ يوقتۇ؟

— تومۇرۇمنى تۇتقۇزۇپ قويغان - دە، مەن.

— ھە راست، ماڭا قارا، مىركامىل، سىنىپنى قايتىدىن سالساڭلار بولمامدۇ، مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭلار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قىش كېلىپ قالىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا قانداق قىلىسىلەر؟ توڭلاپ ئۆلۈۋېلىش نامايىشى قوزغىماقچىمۇ يا؟

— يېڭى سىنىپنى كىم سالىدۇ؟ ئېشىپ تۇرغان پۇلۇڭ بولسا بېرىپ تۇرە ئەمىسە.

— ھۆكۈمەت مەبلەغ چىقىرىپ سېلىپ بەرمەمدۇ؟ مۇتەخەسسىسلەر بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش دەرىجىسىنىڭ يەتتە بالدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى جاكارلاپتۇ. بەلگىلىمە بويىچە قىزىل كىرىست جەمئىيىتىدىن ياردەم بەرگۇدەك.

— بىزمۇ شۇنداقمىكىن دەپ ئويلىغان، لېكىن ئۇنداق بولمىدىغۇ.

— ئىنكاس قىلساڭلار بولمامدۇ؟

— چېچىلمىغىنا، بۇ ئىشلارنىڭ قايسىبىرىگە قايناپ بولدىسەن، ئالدىراپ قاينىغان چۆگۈن ئۆز بويىنغا تېشىپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ. بولدى، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلىچۇ، مېنىڭ قورسىقىم ئېچىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئەمىسە بىزنىڭ ئۆيگە بارامدۇق؟

— ھۆرمەتلىك قېيىنئانام باردۇر ھەرقاچان، بولىدىلا، شۇنداق ئالىي تامىقىمىز تۇرسا تاماق ئىزدەپ نەگە بارىمىز، — مىركامىلنىڭ كەيپى ئەمدى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇلار ئارقىغا بۇرۇلۇپ، يەنە ھېلىقى قېرى ئۈجمە دەرىخى يېنىغا قايتىپ كەلدى. مىركامىل بىر تاقلاپلا ئۈجمە دەرىخى ئۈستىگە چىقتى.

— ۋاھ، بىرنەچچە كۈن بوپتۇ - دە، قول تەگمىگىلى، نېمە دېگەن بورداق ئۈجمىلەر بۇ! — مىركامىل ئۈجمىلەرنى چاڭگەلىغا تولدۇرۇپ بىراقلا ئاغزىغا سالدى. ئايتولۇن تېخىچە پەستە قاراپ تۇراتتى.

— ھەي، سىنىڭ قورسىقىڭ ئاچمىدىما؟

— ئۆزۈڭ بىر تويۇۋاله، ئاچ كۆز، گەپ قىلمىسام باياتىن بىرى ھېچ كارى بولمايدىيا.

— ئەمىسە تېزرەك چىقمامسەن؟ — دېدى مىركامىل بىر خىل تاقەتسىزلىك بىلەن.

— قولۇمدىن تارتمىساڭ...

— ئابايمۇ بىرسى قولۇڭدىن تارتىپ چىقىرىپ قويغانما؟

— ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ دېگەندەك، يەيدىغان نەرسە تاپساڭغۇ مېنى ئۇنتۇپ قالىسەن، — دېدى ئايتولۇن باتناپ. ئۇ ئۈجمە دەرىخىگە يامىشىپ تۇرۇشىغا مىركامىل پەسكە ئېڭىشىپ قولىدىن تارتتى ۋە ئۇ يېنىغا چىقىشىغىلا ئاغزىنى تەڭلىدى.

— نېمە دەيسەن؟ — دېدى ئايتولۇن بېشىنى ئېلىپ قېچىپ قەستەن بىلمىگەن قىياپەتتە.

— ھىم... — مىركامىل ئۇنىڭ بويىنىدىن قايرىپ تۇرۇپ، ئاغزىدىكى ئۈجمىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سالدى، — ئەمدىغۇ نېمە دەيدىغانلىقىمنى بىلگەنسەن؟ — دېدى ھەييارلىق بىلەن كۈلۈپ.

## 11

ئايتولۇن سۇبھى ۋاقتى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھويلا ـ ئارانلارنى پاكىز تازىلىدى. ئىشىكى ئالدىدىكى ئېرىقتا تۇنۇگۇن ـ دىن بېرى توختىماي ئېقىۋاتقان ئەركەك سۇدىن ئاشخانا ئۆيدىكى يوغان كۇپىنى لىقلىۋالدى، ئاندىن ئۆينىڭ ئارقىسىدىن بىر قۇ ـ چاق ئوتۇن ئەكىرىپ ئەتىگەنلىك چاي تەييارلاشقا كىرىشتى. تۇ ـ يۇقسىز ئۇنىڭ سول قاپىقى لىپ ـ لىپ قىلىپ تارتىپ كەتتى. ئەتىگەندىلا بىرەر ياخشى ئىش بارمۇ نېمە، دەپ ئويلىدى ئۇ ئىـ ـ چىدە ۋە ئالىقىنىغا سۆيۈپ، سول كۆزىگە ياقتى. مۇشۇ ھەرىكەت ـ نى يەتتە قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن كۆڭلى تارتقاندەك بولۇپ ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى چىغىر يولغا چىقىپ قاراپ باقتى. يولدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قايتىپ كىرىپ ئەمدىلا ئوچاق بېشىغا كېلىپ تۇرۇۋىدى، دەرۋازا قېقىلدى. ئۇ ئالدىراپ بېرىپ ئىشىك ـ نى ئېچىپلا خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ كەتتى:

— قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى، ئاداش، — دېدى ئۇ كىـ ـ چىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستى ھەبىبەنى كۆرۈپ، — ئۆيگە كىرە، يات ئادەمدەك ئىشىكنى قېقىپ يۇرسەڭ كىمكىن دەپتىمەن تېخى، — ئايتولۇن ئالدىدا كىرىپ ئىچكىرىكى ئۆي ـ دىن كۆرپە ئېلىپ چىقىپ پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا جاي راسلىدى.

— ئاناڭ كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ — دېدى ھەبىبە ئەتراپىغا سەپسې ـ لىپ قاراپ.

— ئانام تاڭ يورۇماستىنلا ئاياغ مەھەللىدىكى بىرسىنى ئىز ـ دەپ كەتكەن.

— ئەجەب ياخشى بوپتۇ. ئىككىمىز تازا ئوبدان مۇڭدىشىۋا ـ لىدىغان بولدۇق، — دېدى ھەبىبە ئايغىنى سېلىۋېتىپ كۆرپى ـ گە چىقىپ ئولتۇرۇپ. ئايتولۇن ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي

www.uyghurkitap.com

داستىخان سېلىپ، مەزە ئېلىپ چىقتى، ئاندىن بىر تاۋاقتىن قېتىقنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ، ئاخشام ئوچاققا ياپقان يۇمشاق قالىما ناننى قېتىققا مىلەپ يېگەچ پاراڭغا چۈشتى:

— ئەجەب ئوبدان كەپسەن، ئاداش، ئەتىگەندە سول قاپىقىمنى نېمىشقا مۇنداق تارتىپ كېتىدىكى دېسەم، ئەسلىدە سەن كېلىدىكەنسەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئايتولۇن دوستىنىڭ كەلگىنىگە خۇشلۇقىنى بىلدۈرۈپ.

— ھەم، كىم بىلىدۇ مېنى كېلىدۇ دەپ ئويلىدىڭمۇ ياكى باشقىسىنى، — چاقچاق قىلدى ھەبىبە، — يۈرىكىڭنى تۇتۇپ بېقىپىراق سۆزلە جۇمۇ.

— بولدى قىلە، گەپنى باشقا ياققا بۇرىماي. شەھەردىن قاچان چىقتىڭ؟

— مېنىڭ گېپىمنى قويۇپ ئاۋۋال بۇنى كۆرۈپ باقە، — دېدى ھەبىبە يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ ئايتولۇنغا سۇنۇپ.

ئايتولۇن ھەيرانلىق ئىچىدە قەغەزنى قولىغا ئېلىپ بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ھەبىبەگە ئۈمچىيىپ قارىدى.

— ئىشەنگۈڭ كەلمەيۋاتامدۇ؟ بىراق بۇ ھەقىقەت، — ھەبىبە گېپىنى تۈگىتىپلا باشقا ياققا قارىۋالدى، — تازا قېنىپ يىغلىۋالساڭ يەڭگىللەپ قالىسەن، ئۆيدە باشقا ئادەم بولمىغاندىكىن ئاۋازىڭنى قويۇپ بېرىپ يىغلاۋەر.

ئايتولۇن جىنەستىدەك لەۋلىرىنى شۇنچە قاتتىق چىشلەپمۇ كۆز يېشىنى زادىلا توختىتالمىدى. ئاخىر بولالماي پاڭڭىدە يىغلىۋەتتى.

— مەن نېمانچە شور پېشانە، ھەبىبە، ئاھ، خۇدا، مەن زادى قانداق ئىنسان؟!

— ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ئاداش...

— ئۆزۈڭنى بېسىۋال دەمسەن؟ مېنىڭ ئورنۇمدا سەن بولغان بولساڭ ئۆزۈڭنى بېسىۋالالامتىڭ؟ سەن دەپ باقىقىنا، شۇنچە

ۋاقىتتىن بېرى كېچە ـ كۈندۈز ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن نەر ـ سەڭ ۋاقتى ئۆتۈپ، بىر يىلدىن كېيىن كەلسە... ئەمدى بۇنىڭ نېمە كېرىكى؟... — ئايتولۇن قولىدىكى پۇرلىشىپ كەتكەن چا ـ قىرىق قەغىزنى پارچە ـ پارچە قىلىپ يىرتىپ تاشلىۋەتتى.

— مەنمۇ بەكلا ئازابلاندىم، دوستۇم، يۇرتىمىزدىن ئالىي مەكتەپكە ئۆتكىنى شۇ قاراردا ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەر ئىچىدىن پە ـ قەتلا سەن ئىدىڭ. لېكىن، بۇنى تولىمۇ كېچىكىپ بىلدۇق. مەن گۇڭشېغا بىر ئىش بىلەن بارغانىدىم، شۇ چاغدا تاسادىپىيلا كۆ ـ رۈپ قالدىم، بولمىسا ئالىي مەكتەپكە ئۆتكىنىڭنى ئۆلگۈچە بىل ـ مەي قالاركەنسەن.

— ئەمدى بىلگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟

— بۇنى كىمدىن كۆرىمىز، ئۇلاردىنمۇ رەنجىپ كەتكىلى بولمايدۇ، گۇڭشېدىكىلەرنىڭ سەۋىيەسى شۇنچىلىك، بەزىلىرى ھەتتا مەكتەپ يۈزىمۇ كۆرمىگەن، ئۆزىمىزنىڭ يېزىقىنى ئوقۇشاپ يازالمايۋاتسا، خەنزۇچە خەتنى نەدىن بىلسۇن، — دەپ خۇلاسە چىقاردى ھەبىبە.

— بۇ گەپ مۇشۇ يەردىلا قالسۇن، — دېدى ئايتولۇن قەغەز پارچىلىرىنى يەردىن تېرىپ ئېلىپ ئوچاقتىكى ئوتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ.

ئۇلار بىرھازا جىمجىت ئولتۇرۇپ قېلىشتى. بۇنداق ئولتۇ ـ رۇۋېرىشتىن ئىچى سىقىلغان ئايتولۇن گەپ باشلىدى.

— تۇرمۇشۇڭ قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟

— يامان ئەمەس، — دېدى ھەبىبە روھى چۈشكەن ھالدا.

— ئەمىسە نېمانداق ئولتۇرىسەن ئىچىمنى سىقىپ، نېمە ئىش بولسا دەۋەرمەمسەن، — ئايتولۇن ئاۋازىنىڭ قاتتىق چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەيلا قالدى.

— ئەمىسە ھېچكىمگە دېمە، — ئۆتۈندى ھەبىبە.

— ھېچكىمگە دېمەيمەن.

— مەن ئاجرىشىپ كەتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— چاقچاق قىلمىغىنا.
— راست دەۋاتىمەن.
— قاچان ئاجرىشىپ كەتتىڭ؟ — سورىدى ئىشەنمىگەندەك ئايتولۇن.
— تۈنۈگۈن.
— ئاتا ـ ئاناڭ بىلەمدۇ؟
— ياق، شۇڭا باشقىلارغا دېمە، دېدىم.
— ئۇلار هامان بىلىپ قالىدۇ.
— ئۇلار بىلىپ بولغۇچە مەن بۇ يەردىن كېتىمەن.
— مېنى ئايلاندۇرۇپلىۋەتتىڭغۇ خۇددى ئۆزۈمنىڭ دەردى يەتمىگەندەك. بىر ئوبدان ئىرىك تۇرۇپ ئاجرىشىپسەن، ئەمدى قوپۇپ بۇ يەردە تۇرمايمەن دەيسەن.
— هىم، ئوبدان ئەر ئىمىش، هازىر ساڭا مېنىڭ سۆزلىگىنىمنى بىلەلمەيسەن، بىكار، چۈشەنمەيسەن. ئىشقىلىپ، مەن ئۇ خەقنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە كۆنەلمىدىم، يالاڭ ئاياغ يۈرۈپ كۆنۈپ قالغان ئادەم ئۆي ئىچىدىمۇ ئاياغ كىيىپ يۈرۈشكە، ئىختىيارى تاماق يەپ كۆنۈپ قالغان ئادەم ئاۋاز چىقارماي يەيمەن دەپ چاينىماي يۇتۇشقا، قورسىقىم ئاچلىقتىن كورۇلداپ تۇرسىمۇ، باشقىلارنى دوراپ بىر پىيالە تاماقنى يەپلا تويۇپ كەتتىم، دەپ يالغاندىن كېكىرىپ يۈرۈشكە... سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا، ئىشقىلىپ، ئۇ خەقنىڭ هېچنېمىسىگە كۆنەلمىدىم. بىز ئۇ خەقنى شەهەرلىك دەپ چوڭ بىلگەن بىلەن، ئۇ خەق بىزنى سەهرالىق دەپ ياراتمايدىكەن، كۆزگە ئىلمايدىكەن، هەممىمىز ئوخشاش ئىنسان، ئوخشاش تۇغۇلۇپ، ئوخشاش ئۆلىمىز. ئاللانىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىغا شۇنداق يەردە تېخىمۇ ئىشىنىپ قالىدىكەن ئادەم. ئېرىم دېگەن لامزەللىمۇ ئانىسىنىڭ سىزىقىدىن چىقالمايدۇ، نېمە دېسە هە دەپ، قانداق دېسە ئىشىنىپ، ئىشقىلىپ، ئەردىنمۇ، بۇ جاهاندىنمۇ جاق تويدۇم...
دەل شۇ پەيتتە مەمۇرىخان كىرىپ كەلدى ۋە ئىككى دوستنىڭ

مۆگدىشىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ مەستلىكى كېلىپ كەتتى.

— بويۇڭلاردىن ئايلىناي، قىزلىرىم، بىر چىرايلىق ئولتۇرۇپ كېتىپسىلەرغۇ، كۆزۈم تەگمىسۇن.

— قايتىپ كەلدىڭمۇ، ئانا، — دېدى ئايتولۇن ئانىسىنىڭ هويلىغا كىرگىنىنى ئەمدىلا سەزگەندەك دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ.

— تىنچ تۇرلىمۇ، مەمۇرىخاچا؟ — ئەھۋاللاشتى ھەبىبەمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئاللانىڭ ھىممىتى بىلەن مۇشۇنچىلىك تۇردۇم، قىزىم، ئۆزۈڭ قانداقراق، ئۆيدىكىلەر ئوبدان تۇرغاندۇ؟

— ئوبدان تۇردى، بىز تەرەپكىمۇ بارالا... مەن قايتاي.

— نېمىگە ئالدىرايسەن، قىزىم، ئاشكۆكى بىلەن گۆش ئېلىپ كەلدىم، چۆچۈرە ئېتىپ بېرىمەن، بىر چىنە ئىچىپ ماڭغىن.

— رەھمەت، چۆچۈرىلىرىنى ئىچكىلى يەنە بىر كۈنى كېلەرمەن، مەن ماڭدىم ئەمىسە...

— بۇ قىزغا بۇگۈن نېمە بولغاندۇ؟ — دېدى مەمۇرىخان ھەبىبەنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرگەن قىزىغا، — سەنمۇ بىر قىسمىلا كۆرۈنىسەن، نېمە بولۇشتۇڭلار زادى!

ئايتولۇن ئۈندىمەي تۇرۇۋالدى.

## 12

ئايتولۇن بارغان يېرىدىن كەچكە قالمايلا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئانىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇجمىلىك كەنتىگە قاراپ يول ئالدى. مەمۇرىخان قىزىنىڭ يېقىندىن بۇيان جىمغۇر بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەنسىرەپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ بۇگۈن دوستىنى يوقلاپ كېلىشىگە باشقىچە پىكىردە بولمىدى. ئۇجمىلىك كەنتىگە سوزۇلغان سايلىق يولدا ئادەم تۇگۈل، جان - جانىۋارلارنىڭمۇ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئادەمنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆيدۈرىدىغان تومۇز ئىسسىقتا دەل ــ دەرەخلەر سولىشىپ، گۈ-
ناھكار ئادەمدەك بېشىنى سالپايتىپ تۇراتتى. بۇ كۆڭۈلسىز مۇ-
ھىتقا ئىچى سىقىلغان ئايتولۇن ئادەم يوقلۇقىغا ئىشەنچ قىلىپ
تۇرسىمۇ، ئەتراپىغا ئېھتىيات بىلەن يەنە بىر قۇر قارىۋەتكەن-
دىن كېيىن پەس ئاۋازدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.
چىڭقىچۇش مەزگىلىدە ئۇ ئۇجمىلىك كەنتكە يېتىپ بار-
دى. ئۇجمىلىك باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپلا
تۇرۇپ قالدى. ئارقا ــ ئارقىدىن يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشتە ئۆ-
رۈلگىنى ئۆرۈلۈپ، ئۆرۈلمىگەن يەرلىرى چوقچىيىپ تۇرغان
سىنىپلار ئەسكى خارابىلىكنى ئەسلىتەتتى. ئۇسسۇزلۇقتىن
قاغجىراپ كەتكەن جىگدە سايىسىدا ئون بەش ــ يىگىرمىگە يې-
قىن بالا يەرگە نىمىلەرنىدۇر جىجاپ ئولتۇرۇشاتتى. ئايتولۇن
تازا سەپسېلىپ قاراپ، ئاران دېگەندە بالىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا
بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان مىركامىلنى
كۆردى. ئۇ يۈز ــ كۆزلىرىدىكى تەرلىرىنى بىر قۇر سۈرتۈۋەت-
كەندىن كېيىن بالىلار تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا
ئولتۇرغان، بېشىغا شاپاق دوپپا كىيگەن، كۆڭلەكسىز، ئېغى
يىرتىلىپ قالغان كۆك خادانى ئىشتان كىيگەن، پۇتى يالاڭ ئا-
ياغ ئون ياشلار چامىسىدىكى ئوغۇل بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ
زوڭزىيىپ ئولتۇردى. بالا پۇتون ئىشتىياقى بىلەن خەت يې-
زىشقا كىرىشىپ كەتكەچكە ھېچنېمىنى سەزمىدى. ئايتولۇن
يەرگە جىجاپ يېزىلغان قىڭغىر ــ سىڭغىر خەتلەرگە كۆز يۈ-
گۈرتتى: «بىز ۋەتىنىمىزنى سۆيىمىز... مەن ئانامنى سۆيىمەن،
دادامنى سۆيىمەن... مەن تۇرغۇن تازنىڭ قىزى تۇرغۇنئايىنى
ئالىمەن... مىركامىل مۇئەللىم ئەسكى... ياخشى... ئەسكى...
ياخشى...»
ئايتولۇن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. بالا ئۇ-
نىڭغا چۆچۈپ قارىدى ۋە دەرھاللا ئالدىدىكى خەتلەرنى ئالمان ــ

تالمان ئۆچۈرۈۋەتتى. ئاڭغىچە بالىلارنىڭ ھەممىسى ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىچىدە قارىشىپ قېلىشتى.

— بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — دېدى مىركامىل ئورنىدىن تۇرۇپ چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي.

ئايتولۇن «سېنى دەپچۇ» دەپ جاۋاب بېرىشنى ئويلىدى-يۇ، بالىلارنىڭ ئالدىدا بۇنداق دېيىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى:

— چۈش ۋاقتى بولۇپ قالدى، بالىلارغا ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمىسۇن يەنە، — ئۇنىڭ بۇ سۆزى بالىلارنى باشقىچە جانلاندۇرۇۋەتتى.

— مۇئەللىم، مېنىڭ قورسىقىم ئاچقىلى بىر ئاش پىشىم بولدى.

— مۇئەللىم... مەن قىزىپ كېتىۋاتىمەن.

— مېنىڭ بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ.

— مۇئەللىم...

— پاراڭ سېلىشما! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى مىركامىل ئاچچىقلانغان قىياپەتتە، — بۈگۈن بۇ ئاچاڭلار كېلىپ ئوبدان ئىشتىن بىرنى قىلىپ بەردى. بوپتۇ، ھازىر قويۇپ بېرىمەن، لېكىن ئەتىدىن باشلاپ ئۇنداق ئىش يوق، مەن ئۆگەتكەن خەتنى يېزىشنى ئۆگىنىپ بولالمايدىكەنسىلەر ھەرگىز قويۇپ بەرمەيمەن.

بالىلار خۇشاللىقتىن قىيا-چىيا قىلىشىپ، توپا توزۇتقىنىچە دەرۋازا تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى. مەكتەپ ئىچىدە ئۇ ئىككىسى يالغۇز قېلىشتى.

— قانداق كەلدىڭ؟

— پىيادە.

— بىر ئەر ھارۋىمۇ ئۇچراپ قالمىدىما؟

— ياق.

— تازا جاپا چېكىپسەن ـ دە، يۈر، ياتاققا كىرەيلى.
ئۇلار بىر ئېغىزلىق، ئۆگزىسى پەس يېپىلغان ياتاققا كىرىشتى. ئۆينىڭ ئىچى بىرئاز قاراڭغۇ بولسىمۇ، لېكىن تالادىن سالقىنراق ئىدى. مىركامىل چېلەكتىكى سۇغا پاتۇرۇپ قويغان كومزەكنى ئېلىپ ئىككى تاۋاققا قېتىق ئۇسۇپ كېلىپ، بىر تاۋاقنى ئايتولۇننىڭ ئالدىغا قويدى.

— نانلىرىم قېتىپ كەتتى، مەن ئامالىنى قىلغۇچە ئۇسسۇزلۇق ئورنىدا بۇنى ئىچىپ تۇرغىن.

— ئۇسسۇزلۇقنى سەن بەرگەندىكىن ناننى مەن چىقىراي، — ئايتولۇن قولىدىكى تۈگۈنچەكنى يېشىپ، سىڭىپ پىشقان ئىككى دانە قاتلىما ناننى ئېلىپ لېگەن ئۈستىگە قويدى.

— ۋاھ، قاتلىما يەيدىكەنمىز ـ دە!
ئۇلار مۇزدەك قېتىققا يۇمشاق ناننى مىلەپ يەپ قورسىقىنى تويدۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— مەن سېنى ئۈجمىلىككە ئاپىرىپ كۆرسىتىپ كېلەي، — دېدى مىركامىل ئايتولۇننىڭ قولىدىن يېتىلەپ.

— نەگە ئاپارساڭ مەيلى، ئىشقىلىپ، بۇ خارابىلىكتىن تېزرەك ئاچىقىپ كەتسەڭلا بولىدۇ، بولمىسا هازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلىمەن.
مىركامىل بىر نەرسە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى. ئۇلار ئۈن ـ تىنسىز هالدا بۇ يەردىن ئايرىلدى.
ئايتولۇن هەيران قالدى، بۇ يەردە ئۈجمىلەر ئۇنىڭ مەهەللىسىدىكى ئانىسى «مەندىن چوڭ» دەپ يۈرىدىغان ئۈجمىلەردىنمۇ يوغان ئىدى. ئانچە ئۇزاق ئولتۇرمايلا ئايتولۇن كېتىشكە ئالدىرىدى.

— يەنە بىردەم ئولتۇرايلى، سېنى كەچتە ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن.

— ئانام ئەنسىرەپ قالارمىكىن.



www.uyghurkitap.com

— ئەنسىرەيدىغان ئادەم نېمىشقا ئەۋەتتى ئەمىسە؟

— سېنىڭچە، مەن «يىگىتىمنىڭ قېشىغا بارىمەن» دەپ چىد-
قىپتىمەن - دە.

— يالغان سۆزلىگەن بولساڭ ئۆزۈڭنىڭ شورى، — مىركا-
مىل چاقچاق قىلدى ۋە دومسىيىپ ئولتۇرغان ئايتولۇننى ئۆزىگە
تارتتى، — ئۇششۇقلۇقىڭنى قارا، چاقچاق قىلىپ قويسام كىچىك
بالىدەك قېيىداپ ئولتۇرۇشۇڭنى، يەنە بىردەم ئولتۇرغىن، نەچ-
چە كۈندىن بېرى ئىچىم سىقىلىپ تىت - تىت بولۇپلا يۈردۈم.
هازىر تاشلاپ كېتىدىغان بولساڭ، مېنى يەنە قايتا كۆرەلمەيسەن
جۇمۇ!

— ئەسكى... — دېدى ئايتولۇن ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىپ، —
ئانام تىللىسا...

— يەنە شۇ گەپ، چىرايلىق خېنىم، يەنە بىردەم ئولتۇرغاند-
دىن كېيىن مەھەللىدىن هارۋا تېپىپ كېلىپ، كەچ كىرگۈچە
ئائىلىرىنىڭ قولىغا ساق - سالامەت يەتكۈزۈپ بەرسەمغۇ بولار، —
مىركامىل سۆزىنى تۈگىتىپلا ئايتولۇننى كىچىك بالىنى كۆتۈر-
گەندەك لىككىدە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكىنىگە
قويماي قۇچىقىغا ئېلىۋالدى... ئايتولۇن ئۇنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ
ئاسمانغا قارىدى، كۆپكۆك تىنىق ئاسمان ناهايىتى چىرايلىق
تۈسكە كىرگەنىدى. ئۇ كىچىككىدىنلا ئاسماننىڭ ئوچۇق ۋاقتىد-
تىكى قېنىق رەڭگىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئاسماندىن كۆزىنى
ئۈزمەي يېتىپ مىركامىلدىن سورىدى:

— مىركامىل، سەن قايسى رەڭنى ياخشى كۆرىسەن؟

— قارىنى. سەنچۇ؟

— هاۋا رەڭنى، مەن ساڭا كۆرسىتىپ قوياي، — ئۇ قولى
بىلەن ئاسماننىڭ بىر چېتىنى كۆرسەتتى، — ئەنە، ئاسماننىڭ
ئاۋۇ يېرىگە قارا، مەن ئاشۇنداق رەڭنى ياخشى كۆرىمەن.

— هاۋا رەڭ پاك، سۈزۈك، جازىبىدار... خۇددى ئۆزۈڭگە
ئوخشاشلا... — ئۇ قىزنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلىدى.

ئۇلار قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، مىركامىل بېشىنى تۇتقىنىچە سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ جايىغىلا ئولتۇرۇپ قالدى. چىرايىمۇ قارىيىپ، باشقىچىلا بىر تۈسكە كىرىپ قالدى.

— نېمە بولدى، ئاغرىپ قالمىغانسەن؟ — ئايتولۇن قورقۇپ كەتكىنىدىن ئۈنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ كەتتى.

— ئەنسىرىمە، ھېچ ئىش بولمايدۇ، پەقەت ئازراق بېشىم قېيىۋاتىدۇ شۇ.

ئۇلار مەكتەپكە — «ئوقۇش خارابىلىكى»گە قايتىپ كەلگۈچە كۈن غەربكە قىيسايغانىدى. ئايتولۇن مىركامىلنىڭ ئاغرىققا چىشىنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىۋاتقىنىنى سېزىپ تۇرغاچقا، كەچ كىلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرسىمۇ چىش يېرىپ بىرنېمە دېمىدى. مىركامىل تونۇر ئىچىدە ياتقاندەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇ چىلىق - چىلىق تەر ئىچىدە ھېچنېمىنى سەزمەستىن بىھوش ياتاتتى. ئايتولۇن جىددىيلىشىپ كەتكىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ لۆڭگىنى ھۆلدەپ مىركامىلنىڭ پېشانىسىغا قويدى. مىركامىل توختىماي جۆيلۈيتتى:

— مەن... مەن يارىلاندىم... ئۇرۇشتا يارىلاندىم... ماڭا ئوق تەگدى... قان... قان... چىقىۋاتىدۇ... ھىم... بىز ۋەتىنىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز! راست... ھېلىقى... ھېلىقى ئوقى تۈگىمەس تاپانچامنى ئېلىپ بەرگىنە قېنى...

— مىركامىل، مىركامىل... كۆزۈڭنى ئاچقىنا، ۋاي خۇدايىم، قانداق قىلارمەن... — ئايتولۇن ئۈنى توختىماي سىلكىيتتى. پېشانە، مەيدىلىرىنى تۇتۇپ، قىزىتمىسىنى كۆزىتەتتى. تولا يىغلاپ كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىپ كەتتى. لېكىن، مىركامىل بۇلارنى سەزمەيتتى.

— مەن ئوقۇتقۇچى بولمايمەن، بالىلارنى... ئاشۇ سەبىيلەرنى ئالداپ كېتىۋېرىشكە يۈرىكىم چىدىمايدۇ...

ئايتولۇن ياتاقتىكى بىردىنبىر بىسات ھېسابلىنىدىغان، بۇلۇڭغا قويۇلغان تومپۇچكىنىڭ تارتمىسىنى قويماي ئاختۇرۇپ

چىقتى، تارتمىدا كىتاب، دەپتەردىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. ئۇ مەھەللىدىكى بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ بېقىشنى ئويلىدى ـ يۇ، كېيىن يالتىيىپ قالدى. كىشىلەر تېخى دوختۇرغا تولۇق ئىـ- شەنچ باغلىمىغاچقا، قىزىپ قالسا لۆڭگىنى ھۆلدەپ پېشانىسىغا، قولتۇقىغا قوياتتى. ئېغىرراق بولسا نەم يەرنى كولاپ تىزىغىچە يەر ئاستىغا كۆمۈپ، قىزىتمىنىڭ يېنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئايتولۇن بەكلا سىقىلىپ كەتتى.

مىركامىل تاڭ يورۇغاندا كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۆيئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ئايتولۇننىڭ كارىۋىتىنىڭ ئاياغ تە- رىپىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. تۈنۈگۈنكى ئىشلارنى بىر قۇر ئەسلەپ كۆڭلى ئەمىن تاپتى ـ دە، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاللىقاچان قۇرۇقدىلىنىپ قالغان چېلەكنى كۆتۈرۈپ، ئايتولۇننى ئويغىنىپ كەتمىسۇن دېگەندەك ئېھتىيات بىلەن ئۆيدىن چىقتى. ئۇ بىر چېلەك سۇنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندە ياتاقتا ئايتولۇن كۆرۈنمەيتتى. ئۇ داستىخان تەييارلىغاچ ئۇنى كۈتتى. «مېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كېتىشكە كۆڭلۈك ئۇنىماپتۇ ـ دە، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، ــ ئاھ، خوتۇن دېگەن سەندەك بولسا...» ئۇ كېيىنكى ئويىدىن خىجىل بولغاندەك ئىتتىك ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويدى. ئۇ ئايتولۇننى ساقلاۋېرىپ، كېيىن نېمىنىدۇر چۈشەنگەندەك لاسىدە بوشىشىپ كەتتى. ئايتولۇن ئۇن ـ تىنسىزلا كېتىپ قالغانىدى.

## 13

بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئاياغ مەھەللىدىكى گۈلجەمىلەخان موماي كېلىپ ئانا ـ بالا ئىككىسىنى خۇشال قىلىۋەتتى. ئايتولۇن مېھمانغا داستىخان ھازىرلاپ چاي دەملەپ بەرگەندىن كېيىن ئا- نىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، دوستۇمنى يوقلاپ كېلەي دەپ

www.uyghurkitap.com

ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— بۇ ئىشلاردىن قىزلىرىنىڭمۇ ئازراق خەۋىرى بارمۇ نېمە؟ — دېدى گۈلجەمىلەخان موماي ئايتولۇننىڭ ئارقىسىدىن بويۇنداپ قاراپ.

— ياقەي، ئۆزلىرىدىن بىسوراق ئېيتقىلى بولامدىغان، — دېدى مەمۇرىخان تۆۋەنچىلىك بىلەن. ئۇ ئەجدىھا گۈللۈك پىيالىگە مۇشتتەك ناۋاتنى سېلىپ ئۈستىگە چاي قۇيغاندىن كېيىن مېھمانغا ئىككى قوللاپ سۇندى.

— توغرا قىپلا، بۇ ئىش بىر ياقلىق بولۇپ پۈتمىگۈچە قىزلىرىغا بىلدۈرمەي تۇرغىنىمىز ياخشى، — دېدى گۈلجەمىلەخان موماي سىرلىق كۈلۈپ.

— ھەممە ئىشنىغۇ سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك قىلدىم، لېكىن مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم...

— مەن بار يەردە نېمىدىن ئەنسىرەيلا، كۈيۈئوغۇل بولغۇچىنى ئۆزلىرىمۇ كۆردىلە، چىراي - شەكلىمۇ جايىدا، شۇنداق سۆلەتلىك يىگىت. ئاتا - ئانىسىمۇ قول ئىلكىدە بار، ئابرۇيلۇق كىشىلەر. بۇنداق كىشىلەرنى چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيدۇ خەق.

— مەنغۇ ئالەمچە خۇشال، گۈلجەمىلەخاچا، لېكىن «خانغا يارىغان بېشىم تازغا يارىماپتۇ» دېگەندەك، قىزىمنىڭ كۆڭلىگە ياقماي قالسا...

— خۇدايىم توۋا دەپ ياقىلىرىنى چىشلىسىلە، مەمۇرىخان، — دېدى گۈلجەمىلەخان موماي بىر قولىدا چاپىنىنىڭ ياقىسىنى چىشلەپ تۇرۇپ، — شۇمۇ قىلاي دېسە گەپ بولدىمۇ، قارىغاندا، سىلىمۇ ھېلىقى شەيتان ئەينىكىنى كۆرۈپ قاپلا - دە. ئۇ نەرسىدە چىققان ئىشلار سىلى، بىزگە ياراشمايدۇ جۇمۇ. سەتلىشىپ ئەرلىرىنىڭمۇ غىلتاڭشىپ يۈرۈشلىرىچۇ تېخى. ئۆزىنى كۆرسىتىپ پۇل تاپىمىز دېگۈچە مەدىكارچىلىق قىلىشسىچۇ ئۇ بىرنېمىلەر، بولمىسا يەر ئېلىپ يەر تېرىسىمۇ بولىدۇغۇ. نە - نەلەردىن كېلىپ بىزنىڭ يۇرتتا بېيىپ پۇل تېپىپ كېتىۋاتىدۇ باش-

قىلار... بۇ ئادەملەرنىڭمۇ ئىمانى سۇسلىشىپ كەتكىلى تۇردى، ئۆلۈم بوپتۇ دېسە ھەر ئىشنى باھانە قىلىپ چىقمايدىغان كىشىلەر ئاشۇ دەنشى دېگەن نەرسىنى كۆرمىز دەپ يېرىم كېچىگىچە ئۆيلىرىگە كىرىشمىگەن. سىلىنىڭ قىزلىرىڭىزمۇ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ئۆيدە ئولتۇرغىنىغا بىر يىلدىن ئېشىپ قالدىغۇ دەيمەن. مەن دېمىسەممۇ ھەممە خەق بىلىدۇ بۇنى. يېزىمىزدا شۇ ياشلىق قىزلار بارمۇ، يوق سوراپ باقسۇن. قىز بالا دېگەن كالا گۆشىدەك نەرسە، ۋاقتىدا ئەرگە بېرىۋەتمىسە... مانا مەن ئون ئىككى يېشىمدا ئەرگە تەگكەن، قىزلىرىدەك يېشىمدا ئالتە تازغا ئانا بولۇپ بولغان. كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ دەپ ئولتۇرۇپ، ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىزنى بۇزۇۋەتسەك بولماس، — گۈلجەمىلەخان موماي سۆزلەپ تىنىقى يېتىشمەي خىرىلداپ قالغاندىلا سۆزلەشتىن توختاپ پىيالىدىكى چاينى بىر سۇمۇرۇپلا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، يۇمشاق قاتلىمانغا قول ئۇزارتتى. مەمۇرىخان ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغاچ باشتىن ـ ئاخىر ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇراتتى. «ئانىسى تۇرۇپ شۇنچىلىك ئىشنى ئويلىمىدىممۇ مەن. تولا ئويلاپ بېشىمنىڭ ئىچى ـ تېشى قاتقاندا دەرد تۆكۈپ بارغىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ، ئاغزىغا قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ سۆزلەپلا كەتتىيا. بىزنىڭ يۇرتتا قىزىملا قالغان بىلەن باشقا يۇرتتا خېلى كۆپ بار ئىكەنغۇ ئۇنداقلار، مەكتەپتە ئۇزاق ئوقۇتقاننىڭ جازاسىغۇ مۇشۇ. ئەر چىقتى دەپلا بېرىۋەتكەن بولسام ئاللىقاچان نەۋرىلىك بولۇپ قالاتتىم مەنمۇ. بىچارە قىزىمنى ئېتىزدىن كىرمەي ئىشلەپ، ئوقۇغانلىرى بىكار بولۇپ كەتمىسۇن دەپلا مۇشۇ كۈنگىچە ساقلاپ تۇرمىدىممۇ؟ ھىم...»

— ھېلىقى كىم ئىدى... — بىرپەس دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆز باشلىدى گۈلجەمىلەخان، — مېنىڭ ھېلىقى تام قوشنام گۈلسۈم ئاۋاقنى بىلىلىغۇ ... ھە، شۇنىڭ قىزى سەبىرە ... كىچىك ـ كىچىك دەپ ئوقۇتىۋەردى ئۇ خەق. شۇنچە

ئوبدان يەرگە ئەلچى بولۇپ كىرسەم، ئوقۇشىنى ئوقۇۋالسۇن، بىلىملىك ئادەم قىلماقچىدۇق دەپ، قويرۇق تۇتقۇزماي نەسىھەتىمگە زىنھار قۇلاق سالمىدى. كېيىن قانداق بولدى دېمەملا، خوپ بولدى، ھېلىقى مېكىجىن مۇشتتەك تۇرۇپ ئىشىنىڭ چوڭىنى تېرىپ قويۇپتۇ. بىر كۈنى شۇنداق ئولتۇرساق، ئانىسى پوتلا ـ ماڭقىسىنى ئېقىتىپ كىرىپتۇ. ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى مۇشۇنداق كۈنگە قالىدىغانلىقىنى بىلەتتىم مەن. بۇرۇن ئالدىغا كىرسەم قىلىشقانلىرىڭغا توي دەپ قېتىپ ئولتۇرۇۋالدىم ـ يۇ، باغرىم يۇمشاق بولغاچقا، ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ نالىسىگە چىدىماي ياردەم قولۇمنى سۇندۇم. ھېلىقى سەبىرەكىنىڭ دېيىشىچە، بىر كۈنى مەكتەپتە دەرس ئۆگىنىمەن دەپ كەچ قاپتىكەنىمىش، بىر ئوغۇل ساۋاقدىشى ئىككى كوي پۇلنى قولىغا تۇتقۇزۇپ ھېلىقى... ھېلىقىدەك سەت ئىش قىلىپ قويۇپتىمىش. ئىشقىلىپ، قىز بالا دېگەننىچۇ كۆزى ئېچىلىپ بولغۇچە بىر تەرەپ قىلىۋەتكۈلۈك...

گۈلجەمىلەخان موماي ئاغزىدىن تۈكۈرۈك چاچرىتىپ توختىماستىن سۆزلەۋاتاتتى. مەمۇرىخاننىڭ ئۇ گەپلەرنى ئاڭلىغانسېرى يۈرىكى ئاغرىغاندەك بولۇپ كەتتى. ۋاي خۇدايىم، قىزىمۇ ئۆتكەندە دوستىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغان، ئىسىت، نېمىشقا شۇ ۋاقىتتا قاتتىقراق سۈرۈشتۈرمىگەن بولغىيدىم؟ ياق. ئايتولۇن — مېنىڭ قىزىم، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ. مەن ئانىسى تۇرۇپ ئۆز قىزىمغا ئىشەنچ قىلالمىسام قانداق بولىدۇ؟

— ئۇ قىز... كېيىن قانداق بولدى؟ — ئوچۇقلا سوراپ سالدى مەمۇرىخان كۆڭلىدىكىنى يوشۇرالماي.

— قانداق قىلاتتۇق، — قايتىدىن گەپ باشلىدى گۈلجەمىلەخان موماي، — بىر ھەپتىگە قالمايلا تويىنى قىلىۋەتتۇق. يەنىلا بىز دېھقان خەق ئەخمەق كېلىدىكەنمىز. ئەتىسى يۈز بېرىدىغان جەڭگە ـ جېدەلنى قانداق بېسىقتۇرارمەن دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇرسام، توي تىپتىنچلا ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن ئۇقسام، تويى



www.uyghurkitap.com

بولغان يىگىت ساۋاتلىق بىر قىزنىڭ ئۆزىنى ياراتقىنىغا خۇشال بولۇپ كېتىپ... ھى ـ ھى ـ ھى... سەبىرە ئاران بەشىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغان تۇرۇپ شۇنچە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان يەردە، سىلىنىڭ ئايتولۇن قىزلىرى دېگەن ئۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە كۆپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىمۇ شۇنداق چىرايلىق، يۈزى تۇ ـ ۋەن...

بۇ سۆزلەر مەمۇرىخانىنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامى بۇزۇلۇپ، گۈلجە ـ مىلەخان موماينى قانداق يولغا سالغانلىقىنىمۇ بىلمەيلا قالدى. «ئەگەر قىزىممۇ... ھىم، شۇنداق بولۇپ قالسا ئۆيـ ـنىڭ ئارقىسىدىكى قېرى ئۈجمىنىڭ ئاستىنى كولاپ تىرىك كۆمۈۋېتەرمىنا...»

ئايتولۇن قايتىپ كەلگەندە مېھمانىنىڭ ئۇزاپ كەتكىنىگە يېرىم كۈن بولسىمۇ، مەمۇرىخان تېخىچىلا داستىخانلارنى يىغىشتۇرماي ئېسەنگىرەپ ئولتۇراتتى.

— نەگە باردىڭ؟ — سورىدى ئۇ ئۆمرىدە قىزىغا تۇنجى قېتىم قوپال تېگىپ.

— نەگە باراتتىم، دوستۇمنىڭكىگە.

— قايسى دوستۇڭنىڭكىگە؟

— نېمە بولدى ساڭا، ئايسىمەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلـ ـدىم. كېلەر ھەپتە تويى بولىدىكەن، يىڭنە ئىشلىرىنى سەنـ ـدىن ئۆگىنىۋالغىنىم بويىچە قىلىپ بېرىپ، ئۆزۈمنى تازا بىر كۆرسىتىپ قويۇپ كەلدىم دېگىنە، قانداق؟ — دېدى ئايتولۇن ئانىسىغا ئەركىلەپ.

— قولۇڭدىن قىزىلگۈل ئۈنۈپ چىققاي، قىزىم، — دېـ ـدى مەمۇرىخان قىزىدىن سۆيۈنۈپ، — خۇدا بەخت ـ تەلـ ـيىڭنى بەرگەي!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 14

مەمۇرىخاننىڭ يۈرىكى نىمىنىدۇر سەزگەندەك ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندى. سىمىز ئايال قوشنىسى باياتىن بېرى مۈگ-دەپ ئولتۇراتتى. يەنە بىر قوشنىسى باللىرىغا قاراپ بىقىشقا چىقىپ كېتىپ تېخىچە قايتىپ كىرمىگەندى. ئۆيئىچىنى سۈت-تەك يورۇتۇپ تۇرغان ئېلېكتىر چىرىغى نۇرى ئاستىدا ئايتولۇن داكىدەك ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. مەمۇرىخان قىزىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ تۇغۇتلۇق ۋاقتىنى ئەسلىدى، ئۇ ۋاقىتلاردا ئېلېكتىر چىرىغى دېگەنلەردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. ئانىسى رەھمەت-لىك ئۇنى باشقىلار بىلىپ قالسا تولغىقى ئۆزىراپ كېتىدۇ، دەپ قازناق ئۆيگە سولاپ تۇغدۇرغانىدى. ئۇ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز تولغاق يەپ مىڭ تەستە يەڭگىگەن بولسىمۇ، رەھمەتلىك ئانىسى يەنىلا «ئاللا، ئاسان تۇغۇت بەرگىنىڭگە رەھمەت!» دەپ ئاللاغا سىغىنغا-نىدى. ئارقىدىنلا ئۇ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز كۆيگەن جىنچىراغنىڭ ئىسى ئېلىپ كېتىپ، بىر يىقىلغانچە ئەسلىگە كېلەلمەي، قىزىد-نى يېتىم قىلىپ بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقانىدى.

«باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ قىزىمنى دوختۇرخانىغا ئاپىد-رىدىغان ئىش بولغىيمىدى يا؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ ئېپسىنى يەد-غىپ، — ئالىمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالسا پۇشايماننى ئالىدد-غانغا قاچا تاپالماي قالارمەنمىكىن. خۇدايىم ساقلىسا تاڭ ئاتقۇچە بىر گەپ بولار، بولمىسا دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ باقسامىمۇ كېد-چىكمەسمەن.»

دەل شۇ چاغ ئىشىك تاراقشىپ ئېچىلىپ، ئورۇق ئايال قوش-نىسى كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا سىمىز ئايال قوشنىسىد-نىڭ مۈگدەپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەلگەندەك ئۇدۇل بارغىنىچە ئۇنى تۇرتۇپ ئويغاتتى.

— شۇنچە تاپىلىسامىمۇ ئۇخلاپ قالغىنىنى، تۇرسىلا، ھوي...

ئويغانسىلا دەيمەن.

— نېمە... نېمە كەلدى؟ — ئالىتاغىل جۆيلۈپ ئويغاندى سېمىز ئايال.

— تۇغۇتلۇق ئۆيدىچۇ ئۇخلاپ ئولتۇرمايدىغان، قارا بېسىپ قالىدۇ ئادەمنى.

— مەن نەدە ئۇخلاپتىمەن، ئازراقلا مۈگدەۋالدىم شۇ.

— بولدى، تالاشمىساڭلارچۇ... باللار ئوبدان جايلىشىپ يېتىپتۇمۇ، قوشنام؟ — دەپ گەپنى بۆلدى مەمۇرىخان، — سىلەرنىمۇ جىق جاپاغا قويدۇم.

— مېنىڭ ئۇ شۇمتەكلىرىمنى بوش كېلىدۇ دەملا؟ — كۆرەڭلىك بىلەن سۆزلەپ كەتتى ئورۇق ئايال، — ھەممىسى ئاشخانا ئۆيگە سايىنىڭ تېشىدەك تىقىلىپ يېتىشىپتۇ. ئۆيگە كىرىشىمگىلا... ھە راست، ماڭا قارىسىلا، — سېمىز ئايال قوشنىسىنى نوقۇپ ئۆزىگە قاراتتى ئۇ، — مۈگدىمەي ئولتۇرسىلا ـ ھە، ئەڭ يېڭى خەۋەردىن بىرنى ئېيتىپ بېرىمەن.

— سىلىگە مەھەللىدىكىلەرنىڭ «شىنجاڭ خەۋەرلىرى» دەپ لەقەم قويۇپ قويغىنىمۇ بىكار ئەمەس ئىكەن، — پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى سېمىز ئايال، — مۇشۇ يېرىم كېچىدە نەدىن ئاڭلاپ كىردىلە ئۇ خەۋەرنى؟ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىرىگە يېرىم سائەتمۇ بولمىدى تېخى.

— مېنى خەق شۇنداق دەپ ئاتىۋالغان بولسا بوپتۇ، دەۋەرسۇن، پەرۋايىم پەلەك، پۈتۈن مەھەللىدە مەندەك بىر ئادەمنىڭ بولغىنىدىن خۇشال بولۇشسا بولىدۇ ئۇ خەق. گېپىمنى بۆلمەي دېگىنى قويسىلا... كىچىك ئوغلۇم مېنى ساقلاپ تېخى ئۇخلىماپتىكەن، ئۆيگە كىرىشىمگىلا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپلا كەتتى دەڭلار، نېمە دەيدۇ دېمەمسىلەر، ھېلىقى مەھەللىمىزدىكى... — گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئىنكاسىنى سىناپ باقماقچى بولغاندەك گېپىنى توختىتىپ ئۇلارغا قارىدى. ھەر ئىككىسىلا نېمە ئىشلىقىغا قىزىقىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا تەلمۈ-

رۇپ قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇ گېلىنى قەستەن قىرىپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — ھېلىقى مەھەللىمىزدىكى ئىمامەمەتنىڭ قىزى ھەببە بارغۇ، ئاخشام قايتىپ كەپتۇدەك.

— ئىمامەتنىڭ قىزى دەملا؟ — قايتىلاپ سورىدى سىمىز ئايال قولى بىلەن غەرب تەرەپنى كۆرسىتىپ.

— ھەئە، شۇ.

— قايسى ھەببە؟ — دېدى مەمۇرىخان دەماللىققا ئاڭقىرالماي.

— ئۇنتۇپ قاللىمۇ، ھېلىقى سىلىنىڭ ئۆيگە پات - پات كېلىپ تۇرىدىغان... ۋاي خۇدايىم، ھېلىقى ئايتولۇننىڭ يېقىن دوستى ھەببەچۇ.

— ۋاي ئېسىم قۇرسۇن، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، بىر يەرگە كېتىپتىكەنما؟

— قىزلىرى سىلىگە دېمىگەن ئوخشىمامدا؟ — ئورۇق ئايال گېپىنى تۈگىتىپ، سىمىز ئايال قوشنىسىغا مەنىلىك قاراپ قويدى.

— ياق، ئۇ ھەببەنىڭ بىر يەرگە كەتكىنى توغرىسىدا ھېچ نەرسە دېمىگەن. ئۇزاق زامانلار بولۇپ كەتتى، ئۆيىمىزگىمۇ كەلمىدى.

ئورۇق ئايال گېلىغا بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك گەپ قىلالماي قالدى، ئۇ مەمۇرىخاننىڭ شۇنچە داۋراڭ سېلىنىپ كەتكەن ئىشتىن بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ كەتكەن سىمىز ئايال ئالدىراپ سورىدى:

— تېزرەك دېسىلىچۇ، ئاخىرى قانداق بوپتۇ؟

— دەۋەردىم جۇمۇ ئەمىسە... ئوغلۇمدىن ئاڭلىسام، ئۇ... ئۇ پاسكىنا بوگۈن كەچ ئۆزىچىلا مەھەللىدە يەنە پەيدا بولۇپ قاپتۇ-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـمىش...
— ئۆزى يالغۇزمىكەن؟ — سورىدى سىمىز ئايال.
— ھەئە، ئۆزى يالغۇز ئىمىش. سەلىمىخان ئېرىمنى تېپىپ بەر دەپ ئىسلىپتىكەن، ئىككىسى چاچ يۇلۇشۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى قانغا بويىشىپ تازا رەسۋالىشىپتىمىش. كۆرىدىغانغا ئادەم كۆپ بولغىنى بىلەن ئاجرىتىدىغانغا ئادەم چىقماي بەكلا سەتلىشىپ كېتىپتىمىش...
— نېمە گەپ بۇ، مەن ئەجەب چۈشىنەلمىدىمغۇ؟ — دېدى مەمۇرىخان ئۇلارنىڭ دېيىشىۋاتقان گەپلىرىگە ئىشىنەلمەي.
— ئۇ بىرنېمىچۇ، — ئالدىراپ سۆز باشلىدى سىمىز ئايال، — ھېلىقى مەھەللىمىزدىكى سەلىمىخان بارغۇ... ۋاي، ھېلىقى سىپتاخۇننىڭ چوكى قىزىچۇ... ئىسلىرىگە كەلدىمۇ، ھە، شۇ... شۇنىڭ ئېرى بىلەن قېچىپ كەتكەن ئەمەسمىدى، مانا ئەمدى ئۆزى يالغۇز قايتىپ كەپتىمىش ... ھە راست، گەپلىرىنى تارتىۋاپتىمەن، ھە، قېنى ئاخىرىنى دېسىلە، چاچ يۇلۇشۇپ بولغاندىن كېيىن قانداق بوپتۇ؟ — دېدى سىمىز ئايال ئورۇق ئايال قوشنىسىغا بۇرۇلۇپ.
— تېنىۋاپتۇ.
— نېمىدىن؟
— سەلىمىخاننىڭ ئېرى بىلەن قېچىپ كەتكىنىدىن. ئۇ ئۆزۈم يالغۇز ئۇرۇمچىگە بېرىپ كەلدىم، بۇ ماڭا چاپلانغان تۆھمەت، دەپ تۇرۇۋاپتىمىش.
— بۇنداق دەپ تۇرۇۋالسا قانداق بولىدۇ، بۇ دېگەن ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئىش تۇرسا. راستىمىدۇ يا؟
— ئەسلىدە سەلىمىخان بوش كېلىپ قالغان گەپ، — دېدى ئورۇق ئايال جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتكەن مەمۇرىخانغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، — شۇ چاغدىلا تۆت بالىسىنى باشلاپ چىقىپ، ئېرىمنى تارتىۋالغاندىكىن بالىلىرىمنىمۇ باق، دەپ

تاشلاپ بەرگەن بولسا راستىنى دەيتتى ئۇ. بەلكىم ئۆيدىكىلىرى-نىڭ پەيلىنى بىلىپ كېلەي دەپ تىكتىڭلىغىلى ئۆزى كەلگەن گەپ.

— سىلىنىڭ ئوغۇل خاتا ئاڭلاپ قالدىمۇ يا؟

— ئوھوش، تازا بىر گۇمانخور خوتۇن ئىكەنلا، ئۇ بىر نېمە خۇددى ئۆزلىرىنىڭ قىزىدەك.

— مەن دەيمەن، ئوقۇغان ئادەم تۇرۇپ...

مەمۇرىخان ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. ئايتولۇننى يە-نە بىر قېتىم تولغاق تۇتتى، ئۇچ ئايال تەڭلا ئۇنىڭغا قاراپ يوپۇ-رۇلۇشتى.

## 15

ئۇ ھەممە يېرى ئاپپاق سىرلانغان ئۆيدە، ئاق تۆشەكتە مە-دىرلىماي ياتاتتى. ئۇ بۇنداق ھالەتتىن بىزار بولغانسېرى قو-تۇلالمايۋاتاتتى. ئۇ بۇ يەردىن قېچىپ كېتىشنى ئويلىدى — يو، يەنە دەرھال بۇ نىيىتىدىن ۋاز كەچتى. مېنىڭ نە ئۆيۈم، نە بارار جايىم بولمىسا، قېچىشقا ئۇرۇنۇپ نېمە قىلاي؟ لېكىن، بۇنداق يېتىۋېرىسەممۇ بولماس. ئۇ كىملەرنىدۇر چاقىرىپ قاتتىق ۋارقىرىدى، قىررىشقاندەك ئاۋازى سىرتقا ئاڭلانمايتتى. ئۇ توخ-تىماي ۋارقىرىدى: «ھۇ، ئىتنىڭ باللىرى!...» تۈيۈقسىز بۇدو-رەم ئاۋازى سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئۇ ئۆزىمۇ چۆچۈپ كەتتى. ئۆيىنىڭ كۇنچىقىش تېمىدىكى يان ئىشىك ئېچىلىپ، ئىككى ئا-دەم قويۇندەك كىرىپ كەلدى. ئۇلاردا نە بۇرۇن، نە قاش — قاپاق، ئىسكەت دېگەنلەردىن ئىبغىز ئاچقىلى بولمايتتى. تاتلاپ تې-شىۋالغاندەك كىچىك كۆزلىرىنى مىختەك تىكىپ قاراپ تۇرۇ-شاتتى. ئۇ قورقۇپ كەتكىنىدىن غال — غال تىترەپ كەتتى.

— نېمىگە بۇنچە ساراڭدەك ۋارقىرايسەن؟

— ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ — دېدى ئىككىنچىسى.

— مەن... مەن هازىر قەيەردە؟ — مىڭ تەسلىكتە زوۋان سوردى ئۇ.

— ھىم... سەن خەققۇ ياخشىلىق قىلغاننى بىلىشمەيسەن، سىڭگەن نېنىڭنى يەپ، يېتىشىڭنى ياتساڭچۇ.

— شۇنى دېگىنە، يور، كارىمىز بولمىسۇن، ئۆز ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى، — ئىككىسى ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك نەزىرىدە قاراپ قويۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— مېنى قويۇۋېتىڭ... مەن بۇ يەردىن چىقىپ كېتىمەن!

ئىككىسى تەڭلا ئۇنىڭغا قاراپ يوپۇرۇلۇشتى. تىرناقلىرى ئۇن سانتىمېتىر ئۆستۈرۈلگەن، ئىسكىلىتتەك ئورۇق بىر قول ئۇنىڭغا قاراپ سوزۇلدى. ئۇ كۆزىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى.

— توختا، ئۇنى نېمە قىلاي دەيسەن؟

— ئۆلتۈرۈۋېتەيلى.

— ياق.

— ئۇنى ساقلاپ نېمە قىلىمىز؟

— ئۇنىڭغا هازىرچە چېقىلمايلى، كېيىنچە لازىمى بولۇپ قالار.

— ئۇنى جەسەت ساقلاش ئۆيىگە ئەكىرىۋېتەيلى ئەمسە، — ئىككىسى ئۇنى كارىۋات بىلەن قوشۇپ سۆرەپ ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار زالدەك يوغان بىر ئۆينى كېسىپ ئۆتتى. بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆڭۈل ئېلىشاتتى. رەت ـ رەت ئۆچرەتتە تۇرغان ئادەملەر زالنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئاق ئىشىكلىك ئۆيدىن كىرىپ، باشقا بىر ئىشىكتىن چات ئارىسىغا يانتاق قىستۇرۇلغان كورسۇك ئىتتەك مېڭىپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى. كىمدۇر بىرسى زالنى بېشىغا كىيىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئىنسانلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە سۈپەتلىك ئورۇق ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە، — ئۇ گېلىنى قىرىپ خىرتتىدە قىلىپ بىرنى تۈكۈرۈۋالغاندىن كېيىن سۆزلەشنى داۋاملاشتۇردى، —

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۈپەتسىز ئۇرۇقتىن هامان ناچار تۆرەلمە تۆرىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنى دوراپ ياشىساق قانداق بولىدۇ، كۆپ بولغىنىمىز بىلەن مەۋجۇتلۇقىمىزنى باشقىلار ئېتىراپ قىلامىسا نېمە پايدىسى؟ لاۋزا قوغۇننىڭ ئۇرۇقى تولا بولۇشتەك ناچار ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىپ، يېڭىلىق يارىتىشىمىز كېرەك. شۇڭا... شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ باشقىلاردەك... شۇنى جاكارلايمىزكى، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئەرلەرنىڭ ھەممىسى خەتنە قىلدۇرۇپ...

ئۇ باشقا بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىلدى. ئۆيئىچىدىن قان هىدى پۇراپ تۇراتتى. قولىدا يوغان پىچاق كۆتۈرۈۋالغان بىرسى ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دېدى ئۇ ماسكىسىنى ئېلىۋېتىپ. يۈزىدە هېچقانداق تۈك يوق بۇ كوسا ئادەم ئايالغا ئوخشاپ كېتەتتى.

— ئىسمىم ئايتولۇن.

— نېمە دېدىڭ؟

— دەپ بەردىمغۇ؟ — قىسقىلا جاۋاب بەردى ئۇ.

— مەن سەندىن قايتىلاپ سوراۋاتىمەن، مۇشۇ هالغا كېلىپ قېلىپمۇ يەنە ساڭا نېمە يوغانچىلىق بۇ. ئەجىلىڭ بالدۇر توشۇپ قالمىسۇن يەنە.

— ئىختىيارىڭ.

— خەپ توختا... هىم، قېنى سەنلەر، هوي، ماۋۇ خوتۇننى ئاچىقىپ مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويۇش، ئۇنى كۆزۈم كۆرمىسۇن.

— دېگىنىڭىزدەك قىلىمىز.

— خوپ... بىراق... ئۇنى تىرىكلا...

— مەيلى، — دېدى ئايتولۇن ئىنتايىن خاتىرجەم هالەتتە.

# 16

مىركامىل ئايتولۇننى ئۈجمە دەرىخى تۈۋىدە كۈن پېشىن بولغۇچە ساقلىدى، لېكىن ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قايتىپ كېتىشنى ئويلىدى ـ يۇ، كۆڭلى قويمىدى. يەنە بىردەم چىداي، چوقۇم بىرەر مۇھىم ئىشى چىقىپ قالغان گەپ، بولمى-سا ئاتايىتەن باشقىلاردىن گەپ ئېيتىپ بەرمەيتتى.

كۈن ئولتۇراي دېگەندە ئۇ يەر ـ جاھاننى قۇياشتەك يورۇتۇپ، ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى چىغىر يولنى بويلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇچىسىغا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ھاۋا رەڭ، كەڭ ئېتەكلىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، ناھايىتى جازىبىدار كۆرۈنەتتى. مىركامىلنىڭ يۈرەكلىرى ئوت ئېلىپ، ئۇنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇردى. مىركامىل بىر قاراپلا سېزىۋالدى، ئايتولۇن بەكلا سولغۇن كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئۈجمە دەرىخىگە يۆلىنىپ خېلى بىرھازاغىچە ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇشتى.

— گەپ قىلىپ بەرسەڭچۇ؟ — دېدى مىركامىل ئۆتۈنۈپ.

— نېمە دېيىشنى بىلمەيۋاتىمەن.

— كۆڭلۈڭ نېمىنى خالىسا شۇنى دېگىن.

— كۆڭلۈم خالىمايدىغان گەپنى دەيمەن، مەيلىمۇ؟ — دېدى ئايتولۇن ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشىپ.

— ھېچقىسى يوق، دەۋەرگىن، — مىركامىلنىڭ پۈتۈن ۋۇ-جۇدى قۇلاققا ئايلاندى. ئايتولۇن گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلەل-مەي تېگىرقاپ تۇرۇپ قالدى. مىركامىل ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىنى ئوتتەك ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ ئاستا سورىدى:

— ئۆيۈڭدە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ، جېنىم؟

— ياق... ھەئە...

www.uyghurkitap.com

— قايسى گېپىڭ راست؟

— مەن... مەن توي قىلغۇدەكمەن، — دېگىنىچە ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توسۇپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى ئايتولۇن. ئۇنىڭ يىغىسى شۇنچە ھەسرەتلىك ئىدىكى، مىركامىل پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بۇنى سېزىپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

— ياخشىغۇ، — دېدى ئۇ چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ، لېكىن ئۇنىڭمۇ يۈرىكى ئايتولۇنغا ئەگىشىپ ئاللىقاچان يىغىسىنى باشلىۋەتكەنىدى.

— مەن ھېچ چۈشەنمىدىم، مىركامىل، مەن نېمىشقا ئۆزۈمنى تونۇمايدىغان، ئۆزۈم خالىمايدىغان بىرسىگە ياتلىق بولغۇدەكمەن؟ بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى ئەمدى؟ — ئايتولۇن سەۋدايىلاردەك توختىماي سۆزلەيتتى. مىركامىلنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى.

— يىغلىماي سۆزلىگىن، جېنىم... قېنى، مېنى خۇش قىلىپ چاقچاق قىلىپ قويدۇم دەۋەتكىنە... — ئىنتايىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈندى مىركامىل.

— ساڭا چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق، — دېدى ئايتولۇن. ئۇنىڭ ئاۋازى نارازى بولغاندەك چىقتى.

— بۇ... بۇ نېمە گەپ؟

— بۇ تەقدىر.

— ئىشەنمەيمەن، تەقدىرنى ئىنسان ئۆزى يارىتىدۇ.

— ئاھ، خۇدا... مەن قانداق قىلىمەن؟ ماڭا ئەقىل كۆرسەت، مىركامىل، بولمىسا يۈرىكىم يېرىلىپ، ھازىرلا تىن تارتماي ئۆلۈپ بېرىمەن.

— ئالدىرىما، ئالدىرىماي ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، قېنى بېشىڭنى كۆتۈرە، — ئايتولۇن بېشىنى سەل - پەل كۆتۈردى. مىركامىل ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئېزىپ سۆيدى. خۇددى لېۋىنى ئاجراتسىلا ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالىدىغاندەك خېلى ئۇزاق-

قىچە قويۇپ بەرمىدى. ئايتولۇن توختىماي ياش تۆكەتتى.
— يىغلىمىغىن، يۈرىكىمنى سەدپارە قىلىۋەتتىڭغۇ... بىرەر ئويلىغىنىڭ بارمۇ؟ — بىردىنلا سوراپ قالدى مىركامىل.
— بۇ ئىشنى ئۇقۇپلا ساڭا خەۋەر بەردىم... مەن نېمە دېسەم، باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرىمەن دېيەلەيتتىمۇ... هازىر توي قىلمايمەن، دېدىم شۇ.
— ھەممە ئىش ئۆزىمىزگە باغلىق، — دېدى مىركامىل تەمكىنلىك بىلەن.
— ئېيتە، سەن مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرەمسەن؟ — ئاجايىپلا سوئال قويدى ئايتولۇن.
— تېخىچە بىلمىگەنمۇ؟ — تىكىلىپ قارىدى مىركامىل.
— سەن قاچان ماڭا، سېنى ياخشى كۆرىمەن، دېگەن؟
— چوقۇم شۇنداق دېيىشىم زۆرۈرمىدى، ئەمىسە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نېمىدەپ ئارقامدىن يۈردۈڭ ئىشەنمىگەن ئادەم؟ بولدىلا، مېنىڭ ئۇنداق گەپلەرنى دېيىش بىلەن خۇشۇم يوق، ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن.
— ياق... ئىشەنمەيمەن، ھازىرلا «سېنى ياخشى كۆرىمەن» دەيسەن، — تەرسالىقى تۇتتى ئايتولۇننىڭ.
— مەن ساڭا سەن ماڭا ئامراق بولغاندىنمۇ بەكرەك ئامراق، تولا جاھىللىق قىلما، ھازىر تالاش - تارتىش قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس. مەن ئەتە ئۆيۈڭگە ئادەم كىرگۈزەي، بەلكىم ئاناڭ نىيىتىدىن يېنىپمۇ قالار.
— ئەگەر نىيىتىدىن يانمىسىچۇ؟
— قانداق قىلىسەن؟ — جاۋاب بەرمەستىنلا يەنە سوئال قويدى مىركامىل.
— مېنى يىراققا ئېلىپ كەت... ئادەمزات ئاياغ باسمايدىغان... ۋاي خۇدايىم، مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم، بىچارە ئانام نېمە بولۇپ كېتەر؟
— خاتىرجەم بول، بىز ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىنلا قاي-

تىپ كېلىمىز، شەھەرلىك دېگەن داغۋاز خەق، بۇ ئىشنى ئۇقسا ئىناۋىتىمىز تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، دەپ ھەرگىز يېقىن يولىمايدۇ.

ئايتولۇننىڭ كاللىسىغا ھېچ نەرسە كىرمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچىۋالا دۆت بولۇپ قالغىنىغا ئەجەبلەندى. «گۈلجەمىلەخان قېرىنىڭ مەھەللىدىكى شۇنچە قىزلارنىڭ بەختىگە ئولتۇرغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆيىمىزگە ئىككى كۈندە بىر قاتراپ يۈرسە ئەجەب ھېچنېمىنى سەزمەي يۈرۈپتىمىنا؟ تېخى دوستلىرىمنى يوقلاشقا ۋاقىت چىقتى دەپ خۇشال بولۇپ، ئۇلارغا ئۆينى ئوچچە تاشلاپ بېرىپتىمەن.»

— نېمە ئويلاۋاتىسەن؟ — سورىدى مىركامىل ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ.

— ھېچنېمە.

— ماڭا ئىشەن، سېنى ھەرگىز باشقا بىرسىگە تارتقۇزۇپ قويمايمەن، سەن مېنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىمدىكى ئاي... ناۋادا ئەتە ئاناڭ قوشۇلماي قالسا، ئاش سۈيى ئەكەلگەن كۈنى مۇشۇ ۋاقىتتا بۇ يەرگە چىققىن. مەن ھەممىنى ئالدىن تەييارلاپ قويىمەن... بىلەمسەنكىن، مەن ساڭا ئىنتايىن ئامراق، سەنسىز ياشىسام دوزاخ ئازابىغا قالىمەن.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قىيمىغان ھالدا ئايرىلىشتى.

## 17

ئىنەكنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كەلدى. ئايتولۇن سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ خېلى ئۇزاققىچە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى، ئاندىن پەسكە چۈشۈپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ھويلا ـ ئارانلارنى بىر قۇر تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇزۇن سۈپۈرگىنى كۆتۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئىككى يان قوشنىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىنى قېتىپ خېلى بىر يەرگىچە سۈپۈرۈپ سۇ چاچقاندىن كېيىن، خۇددى بىرسى

بويىندىن سۆرىگەندەك مېڭىپ ياتاق ئۆيىگە قايتىپ كىردى. قوش كىشىلىك لۆم ـ لۆم كارىۋاتتا ئېرى خورەكنى بولۇشىچە تارتىپ ھېچنېمىنى تۇيماي تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئاغزىدىن ئېقىپ قالغان شۆلگىيى ياستۇقىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى. ئايتولۇن ئۇنىڭغا قاراپ بىرھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغان-دەك بىلىكىدىكى كىچىك كۆزلۈك سائىتىگە بىر قاراپ قويدى ـ دە، ئالدىراپ ئېرىنى ئاستا نوقۇدى.

— ھەي... ھەي... ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا، ۋاقىت توشۇپ قاپتۇ.

— نېمە دەيسەن... تېخى بالدۇرغۇ، — دېدى ئېرى ئېرىن-چەكلىك بىلەن دېرىزە تەرەپكە قاراپ قويۇپ، — ھە راست، ئابايا كۆزۈمنى ئاچسام يوق تۇراتتىڭ، قەيەرگە باردىڭ؟

— ھويلا ـ ئارانلارنى تازىلاپ كىردىم.

— نېمىشقا جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىمايدىغاندۇ سېنىڭ، شۇنچە دېدىم، جېنىڭنى ئاسراشنى بىل دەپ.

ئايتولۇن ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ ئېرىنىڭ ئايىغىنى مايلاشقا كىرىشتى.

— ئاپلا، سائەت توشۇپ قاپتۇ، تېزرەك بولغىن، — دېدى ئېرى ئۈنى ئالدىرىتىپ.

— نان چىلاپ قويغانىدىم، سۇتنى قايناتساملا...

— بولدى قوي، ئانام ئويغانغۇچە تېزرەك ئۆيدىن چىقىۋالاي، ئەتىگەندە چېچىلىپ يۈرمىسۇن يەنە.

ئايتولۇن ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۈنى ئۈزىتىپ چىقتى، ئۇلار پەلەمپەيدىن ئەمدىلا چۈشۈۋىدى، ئانىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئانا، تىنچ تۇرۇپىلىمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم، دۇكانغا ماڭدىڭمۇ؟ — دېدى ئىپارخان ئايتولۇننى كۆرمىگەن قىياپەتتە ئوغلىغا ھەجىيىپ، — مەن ئۈزىتىپ قوياي، غوجام بالام.

www.uyghurkitap.com

— تىنچ تۇرۇپلىمۇ، خان ئانا، — دېدى ئايتولۇن قول باغلاپ
تۇرۇپ.

— ھە، سىزمۇ چۈشۈپتىكەنسىز - دە، ئەمىسە سىز ئۆزىتىپ
قويۇڭ، — دېدى ئىپارخان ئارقىغا يانغاچ، — خۇدايىمغا ئاما-
نەت، بالام.

— خۇدايىمغا ئامانەت، ئانا، — مۇھەممەت ئانىسى بىلەن
خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئايتولۇن ئۇنى ئىشىك ئالدىغىچە
ئۆزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرىپ پەلەمپەيگە پۇت قويۇۋىدى، ئۆي-
دىن ئالدىراپ چىققان ئىپارخان ئۇنى توختىتىۋالدى.

— ھويلا - ئارانلارنى سىز سۈپۈرگەن ئوخشىمامسىز؟

— شۇنداق، خان ئانا، — دېدى ئايتولۇن. ئۇنىڭ كۆڭلى بە-
رەر ئىشنى تۈيغاندەك يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى.

— سۈپۈرۈشنىغۇ سۈپۈرۈپسىز، سىزگە نەچچە قېتىم دېدىم،
ئالتە يەردىن يەتتە كۆكلەپ غوجىكۆدىلىك قىلماڭ، دەپ... يەنە...
ھىم... ماۋۇ ئوك قوشنىمىز (ئىپارخان ئۆيىنىڭ ئوك تەرىپىدىكى
قوشنىسىنى شۇنداق ئاتايتتى) مەلىكە مېكىجىنىنىڭ ئىشىكى
ئالدىنى نېمىشقا سۈپۈردىڭىز؟

ئايتولۇن تېڭىرقاپ قالدى، تېخى بىر ھەپتە ئىلگىرى قېيىن-
ئانىسى ئۇنى ئوك قوشنىسى مەلىكەخاننىڭ ئىشىكىنى قوشۇپ
سۈپۈرمەپسىز، دەپ كايىپ كەتكەنىدى.

— سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن، نېمانداق مۆڭدەك قاراپ تۇرد-
سىز؟

— كەچۈرسىلە، خان ئانا، ئۆتكەندە دېگەن گەپلىرى بويىچە...

— قاچانقى گەپ ئۇ، ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش قىلىشنى بىلـ-
مەمسىز؟ ھىم، تۈنۈگۈن مەلىكە مېكىجىن بىلەن تۆر تالىشىپ
ئۇرۇشۇپ قالغىنىمنى دەپ بەرسەم ئۇ قۇلىقىڭىزدىن كىرىپ، بۇ
قۇلىقىڭىزدىن چىقىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ، بۇ ئۆيىنىڭ قائىدە -
يوسۇنلىرىغا كۆنمەي يەنە قاچانغىچە پاخالدەك سۆرىلىپ يۈرەر-
سىز كىنتاڭ؟ ئىككى يەڭگىڭىزگە قاراڭ، كۆڭلۈمنى ئۇتۇپ، قوي-

نۇمدىكى توقاچنى تارتىپ يەۋاتىدۇ. ئوتتۇرانچى كېلىنىم تۈنۈ-
گۈن شۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئاخشام قاچا - قۇچا يۇغان يۇندىنى مە-
لىكە مېكىجىنىنىڭ بوسۇغىسىغا تۆكۈپ قويۇپ كىردى... سىز...
سىز... بولسىڭىز ئۇ خەقنىڭ مەينىتىنى تازىلاپ يۈرۈپسىز...

ئايتولۇن لام - جىم دېمىدى، ئۇنىڭ ئاغزىغا كەلگەن گەپلە-
رىنى دەپ - دەۋېتىپ بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكۈسى كېلىپ كەت-
تى. قېيىنئانىسى توختىماي سۆزلەيتتى. ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ
كەتكەن ئايتولۇن ئاۋۋالقىدەكلا ھەممىگە چىداپ چىش يارمىدى.
ئۆزىگە باش ئۇرۇپ كەچۈرۈم سورىماي قاققان قوزۇقتەك مىدىر-
لىماي قاراپ تۇرغان ئايتولۇنغا قاراپ ئىچى ئېچىشقان ئىپارخان
ئاچچىقىدا تىترەپ كەتتى.

— بۇ ئۆيدىچۇ قاراڭ، قۇرتتەك يۇمشاق ئادەملا نان تېپىپ يې-
يەلەيدۇ، قۇرتچىلىكمۇ بولالمامسىز، كىچىككىنە قۇرت جېنىدىچۇ
ئۆزىنىڭ يۇمشاقلىقى بىلەن شۇنداق قاتتىق ياغاچنى تۇيدۇرماي
كولاپ يەپ سېسىتىۋېتەلەيدۇ. ئونىنچى سىنىپقىچە قانداق ئو-
قۇپسىزكىنتاڭ، ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. يەنە قاق سەھەردىلا
نېرۋامنى چېچىپ، يۈرىكىمنى كولاپ يېگىلى تۇردىڭىزيا؟

يان ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ، ھازىرلا قەپەستىن قېچىپ
چىققان شىردەك بۇدۇر چاچلىرىنى پاخپايتىپ، ھېچنېمىدىن
خەۋەرسىز قىياپەتتە چوڭ كېلىن چىقىپ كەلدى. ئۇ نېمە ئىش-
لىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا ئىپارخانغا قايتىدىن جان
كىرگەندەك تېخىمۇ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئىگەم ئالدىدا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزۈپتۇمكىنتاڭ، مۇھەم-
مەتجان بالامنىڭ شۇنداق ئوغلۇق، ياۋاش بولغىنىغا نەدىن
چاپلاشتىكى بۇ تومپاي!

— بولدى، چېچىلمىسىلا، خان ئانا، ئۇنىڭغا مەن نەسىھەت
قىلاي، سەھرالىق ئەمەسمۇ، بەزى قائىدىلەرنى تېخى بىلمەيدۇ،
شۇڭا ھەممە ئىشنى كۆڭۈللىرىدىكىدەك قىلىپ كېتەلىشى ناتا-
يىن... بىلىپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنى ئۇپرىتىپ نېمە قىلىلا.

www.uyghurkitap.com

چوڭ كېلىن مەرھابا قېيىنئانىسىنى كۆتۈرۈپ دېگۈدەك يۆلەپ ئىچكىرىدىكى ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. ئايتولۇن سەلدەك ئېقىپ كەلگەن كۆز يېشىنى غورتتىدە يۇتۇۋېتىپ ئەتىگەنلىك چاي تەيـ-يارلاش ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇ گاز ئوچاقتا ئەمـ-دىلا ئوت يېقىپ تۇرۇۋىدى، ئارقىدىن ئىز بېسىپ دېگۈدەك مەر-ھابا كىرىپ كەلدى.

— يا ئۆلمىدى ئىتتىكرەك، سىزمۇ نېمە قىلىسىز ئايتولۇن بۇ قېرىنىڭ چىشىغا تېگىپ، ئۇششۇك ھەرە ئۆلىدىغان چاغدا ئا-دەم چاقاقاندەك نەشتىرىنى سانجىپلا تۇرغان ئادەمگە.

— مەن... مەندە نېمە گۇناھ؟ — دېدى ئايتولۇن مىشىلداپ يىغلاپ.

— قاق سەھەردە پوق بارمۇ سىزگە، ئورنىڭىزدا ئىسسىق يې-تىپ ئۇيقۇڭىزنى ئۇخلىماي. ئۆلگۈچە قولدەك ئىشلەپ بەرسە-ڭىزمۇ رازى قىلالمايسىز ئۇنى. سىز قانچە ياخشى ئىشلىگەنسېرى شۇنچە كۆپ قۇسۇر تاپىدۇ. شۇڭا، مەندەك بېشىڭىزنى ئىچىڭىز-گە تىقىۋالسىڭىز قوتۇلىسىز.

— ئۆلگۈچە مۇشۇنداق ئۆتۈۋېرەمدۇق؟

— ئەخمەق، بۇنىڭغا بىزدە نېمە ئىلاج، ئۇنى بىكاردىن - بى-كار ئۆلتۈرۈۋېتەلمەيمىز - دە، لېكىن ئۇ يەيدىغاننى يەپ، ئىچى-دىغاننى ئىچىپ بولغاندىكىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەجىلى توشۇپ پوككىدە بىر تەرەپ بولۇپ كەتسە، شۇ چاغدا تەقدىرىمىز باشقى-چە بولارمىكىن، بولمىسا كۆرىدىغان كۈنىمىز مۇشۇ.

— ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ مۇھەممەتنى يولغا سالمىسام تېخى بولمىسا.

— ئۆيدىلا ئۆزىتىپ قويسىڭىز بولىدىغۇ ئارقىدىن چىقماي، مۇھەممەت ئۈنچىلىك ئىشنى توغرا چۈشەنمەيدىغان بالا ئەمەس.

— خان ئانام ئۆتكەندە...

— ئادەم ئىزىلگەنسېرى باتۇر بولۇپ كەتكەننى كۆرگەن، يۇمشاقباشلىقىڭىزدىنمۇ مۇشۇ كۈنگە قېلىۋاتىسىز، ئالدىدا «ھە»

دەپ قويسىڭىزلا بولىدىمۇ، ئۇ خوتۇن ئارقاڭلاردىن ماراپ تۇرمىغاندىكىن.

گاز ئوچاققا قويۇلغان چەينەكتىكى سۇ قايناپ تېشىپ كەتكەندىلا، ئۇلار پاراڭلىرىنى توختىتىپ، ئالدىراش ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشقا كىرىشتى.

## 18

بۈگۈن جۈمە، ئايتولۇن ئازنىلاپ كېلىدىغان كۈن. مەمۇرىخان قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ پۇت ـ قولىغا تەگمەي تەييارلىق قىلدى. ئۇ يەتتىنچى قېتىم ئىشىك ئالدىدىن ئۈمىدسىز قايتىپ كىرىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇرۇۋىدى، سىرتتىن موتوسىكلىتنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئايتولۇن يوغان سومكىنى كۆتۈرۈپ ئېرى بىلەن كىرىپ كەلدى. مۇھەممەت ئانچە ئۇزاق ئولتۇرمايلا، كەچتە ئايتولۇننى ئالغىلى چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئانا ـ بالا ئىككىسىنى يالغۇز قويۇپ چىقىپ كەتتى. مەمۇرىخان قىزى بىلەن پاراڭلاشقاچ بىردەمدىلا تاماقنى پىشۇرۇپ داستىخانغا ئەكەلدى. ئايتولۇن بۇرۇنقىدەك كەم ئىشتەي بولۇپ قالغاچقا، ھەرقانچە قىلىپمۇ بىر چىنە ئاشنى تۈگىتىپ ئىچەلمىدى.

— مەن جېنىمدا ئىچىپ تۈگەتتىم، قىزىم، زورلاپ بولسىمۇ ئىچكىن، — دېدى مەمۇرىخان قىزىنىڭ چىنىسىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ بېرىپ.

— بولدى ئانا، ئەمدى ئىچەلمەيمەن.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، قىزىم، قېيىنئانىنىڭ نېنىنى يېمەك ئاسان ئەمەس جۈمۇ. گېلىڭنى ئۈتتۈرۈۋەتسەڭ ئىككى كۈندىلا كېسەل بولۇپ يېتىپ قالىسەن، يېنىمدا بولساڭغۇ... — مەمۇرىخان قىزىنىڭ جىمىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ لېۋىنى بوش چىشلەپ قويۇپ گېپىنى توختىتىۋالدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ئانا، قايتىپ كېلەيمىكىن، — دېدى ئايتولۇن ئىنتايىن پەس ئاۋازدا.

— بۇنداق گەپنى ئىككىنچى ئېغىزىڭغا ئالما، قىزىم، ئۇنداق كۆڭگە قىلىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن، مەھەللە - كوينىڭ ئالدىدا سەت تۇرمامدۇ. مۇھەممەتجان بالامۇ شۇنداق ئوبدان بالا تۇرسا، سەن يەنە...

مەمۇرىخان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى، ئايتولۇن مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇ قىزىنى يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋالسۇن، دېگەندەك قىلىپ قاچىلارنى بىر - بىرىگە دەستىلەپ ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ھەم، ئىكاھنىڭ مەرى ئىسسىق، ھازىر مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇرغىنى بىلەن ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بىر - بىرىگە ئىجىل بولۇپ قېلىشىدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

چۈشتىن كېيىن مۇھەممەت دۇكاننى بالدۇرلا تاقاپ، بىرمۇنچە نەرسە - كېرەكلەرنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى.

— ئېمە قىلغانلىرى بۇ، بالام، يەنە نېمىشقا بۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ چىققانلا، — دېدى مەمۇرىخان خىجىل بولۇپ ۋە ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ توۋلىدى، — بۇياققا چىققىنا، قىزىم! — لېكىن ئايتولۇننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

مەمۇرىخان ھايالشمايلا بىر چىنە چۆچۈرە كۆتۈرۈپ كىردى. مۇھەممەت ئانچە تۇزۇت قىلمايلا بىر چىنە ئاشنى ئىچىپ بولدى. مەمۇرىخان چىنىگە قول ئۇزارتىۋىدى، ئۇ توسۇپ قالدى.

— بولدى، رەھمەت ئانا، ئازراق تاماق يەۋاپتىكەنمەن، چۆچۈرىگە ئامراق بولغاچقا قويماي ئىچىۋەتتىم.

— بىر - بىرىڭلاردىن ئۆتە كەم ئىشتەي بولۇپ كېتىپسىلەر، بالام، ئۇنچىلىك تاماق يەپ قانداق ئۆرە تۇرغىلى بولىدۇ. كۆپ ئەمەس، يەنە بىر چىنىلا ئۇسۇپ چىقاي، — دېدى مەمۇرىخان ۋە يەنە بىر چىنە ئاش ئۇسۇپ كىردى.

— ئايتولۇن سىلىگە بىرەر گەپ - سۆز قىلمىغاندۇ؟ — سورىدى مۇھەممەت چىنىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ پەس ئاۋازدا.

— ياق. مەنمۇ سىلىدىن سوراپ باقاي دەپ تۇراتتىم، بالام، ئاراڭلاردا بىرەر ئىش بولدىمۇ، قانداق؟ — دېدى مەمۇرخان ئۇ-نىڭ يېنىغىراق سۈرۈلۈپ.

— بىرەر ئىشقۇ بولمىدى، بىراق ئۇ داۋاملىق...

— نېمە...

— بۇنداق دېسەم ئەنسىرەپ كەتمىسىلە، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئۇ كۈندىن - كۈنگە جىمىغۇرلىشىپ... مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئاغرىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— ئۇھ، شۇ گەپمىدى، بالام، — دېدى مەمۇرخان يېنىك تىن ئېلىپ، — ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ باقاي، بىرەر خۇش خەۋەر يەتكۈزەمدۇ تېخى.

قېيىنئانىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى سېزىپ ئول-تۇرغان مۇھەممەت خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالدى - يۇ، خىجىل بولۇپ چاندۇرمىدى.

مەمۇرخان كۈيۈئوغلى بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭلىد-شىپ ئولتۇرغان ئاشۇ پەيتتە، ئايتولۇن ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى قېرى ئۈجمە دەرىخى ئاستىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۈجمە دەرىخىنى ھىدلىغىنىچە ئۇزاققىچە تۇردى. ئۇنىڭغا ئاخشام كۆرگەن چۈشى قايتىلىنىۋاتقاندەك سېزىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ چىغىر يولنى بويلاپ مۇشۇ ياققا كېلىۋېتىپ، ئۈجمە دە-رىخى ئاستىدا بىرسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. يۈگۈر-مەكچى بولۇپ بىر چامدام مېڭىۋىدى، ئۈچىسىدىكى كەڭ ئېتەك-لىك، ئۇزۇن ھاۋا رەڭ شايى كۆڭلىكى پۇتىغا يۆگىشىپ قېلىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ جېنىنىڭ بارىچە يۈ-گۈردى. ئۇ يىراقتىنلا ئۇنى تونۇۋالغانىدى. ئۇ بۇ غەلىتە تاساد-پىيلىقتىن بالىلارچە خۇشال بولۇپ كەتتى. مىركامىل يىقىلىق كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئانىدىن تۇغما ھالەتكە كېلىپ قالدى. مىركامىل تۈك بېسىپ كەتكەن يوغان گەۋدىسى بىلەن ئۇنى مىجىپ سۈيىنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغاند-

www.uyghurkitap.com

دەك قاتتىق قۇچاقلىدى. ئۇ تىنالماي قالدى، خۇشاللىقتىن ئاستا شىۋىرلىدى:

— ئاھ... جېنىم، بىز توي قىلايلى.

— ھازىرلا.

— لېكىن...

— خاتىرجەم بول... ئوغۇل بالا دېگەن ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۆزى ئىگە بولىدۇ.

ئۇلار پومىلاقلىشىپ كەتتى. ئايتولۇن ئاق قۇغا ئايلاندى... بىر توپ كىشى پەستە ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن قوغلىماقتا ئىدى، ئۇ پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى...

## 19

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى قاق سەھەردىلا گەپ تالىشىپ قالدى، بۇ قېتىم مۇھەممەتنىڭ ئەلپازى ھەر قېتىمقىدىن يامان كۆرۈنەتتى.

— ھەي ... تۇرە ئورنۇڭدىن ! — ئۇ مايكىچان ھالەتتە بېرىپ ئىشىكنى تاقىۋەتكەندىن كېيىن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى. ئۇ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئالدىراپ تاماكا چەكمەيتتى. ئايتولۇن ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە مەھكەم ئېتىلگەن ئىشىككە شۈبھە بىلەن قاراپ قويدى.

— ھە... كىمنى سۆيەتتىڭ؟ — سوئال قويدى ئۇ ئايتولۇنغا قاراپمۇ قويماستىن.

ئايتولۇن ئەندىكىپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئايتولۇنغا تۇنجى قېتىم قاتتىق تېگىشى ئىدى. ئارىنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى. ئايتولۇن ھەرقانچە قىلىپمۇ نېمە قىلىپ قويغىنىنى بىلەلمىدى. ئۇ ئەسلەپ باقتى. سەھەرگە يېقىن چۈش كۆردى، چۈشىدە مىركامىل ھە دەپ ئۇنى ئەيىبلەۋاتاتتى:

— سەن مەندىن يۈز ئۆرۈپ باشقا بىرسىگە تېگىۋالدىڭ، ھۇ

ۋىجدانسىزا! — دېدى مىركامىل ئايتولۇننىڭ قولىنى سىلكىپ مۇرىسىدىن چۆشۈرۈۋېتىپ.
— ئۇنداق قىلما، مېنىڭ چۈشەندۈرۈشۈمگە يول قويغىن.
— ياق. ئەمدى مۇھەببىتىمىز توغرۇلۇق سۆزلەشكە سېنىڭ ھەققىڭ يوق.
— تەنۇرلۇك قىلمىساڭ نېمە بولار، مىركامىل، ماڭا مۇشۇ بىر قېتىم پۇرسەت بەرگىن، ئۆلسەممۇ كۆزۈم ئوچۇق كەتمىسۇن يەنە.
— ئۆزۈڭنى يەنە ئاقلىماقچىمۇ؟
— مېنى ئۇنداق قىينىما، سەندىن ئايرىلىپ قانچە تەستە ياشاۋاتقىنىم ئۆزۈمگە ئايان.
— ئۆلمىدىڭغۇ؟! — زەردە بىلەن چەكچىيىپ قارىدى مىركامىل.
— سېنى ... سېنى پەقەت ئۇنتۇيالمىدىم.
— ئۇنداق گەپلىرىڭنى قوي، مەن كىچىك بالا ئەمەس... ئالدامچى ! — مىركامىل ئارقىغىمۇ قارىماستىن يوغان قەدەم تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئايتولۇن ھۆكىرەپ يىغلاپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى.
— مىركامىل، ماڭا ئىشەن ... مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن!
ئايتولۇن ئېغىر ئۇھ تارتتۇەتتى. توي قىلمىغان چاغلىرىدا ئانىسىمۇ دائىم چۈشۈڭدە ئۇنداق دەپ جۆيلۈدۈڭ، مۇنداق دەپ جۆيلۈدۈڭ دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ھەممىنى سېزىپ تۇردى. مۇھەممەت ئاچچىقىدا ئۇزۇلدۇرمەي تاماكا چېكىۋاتاتتى.
— سۆزلىمەمسەن؟ — دېدى ئۇ يەنە قولىدىكى تاماكا كۆتىكىنى تاشلىۋېتىپ يېڭىنى ئالماشتۇرغاچ.
— مەن...
— مېنى ئالدايمەن دەپ ئاۋارە بولما، مېنىڭ قوينۇمدا يېتىپ ئۇنى چۈشەپ يېتىشىڭ تۇنجى قېتىم ئەمەسقۇ دەيمەن. توي قىلىپ ئۈچىنچى كۈنىلا سەن ئۇ كىسپۇرۇشنىڭ ئىسمىنى جۆيلۈپ

www.uyghurkitap.com

چىققان. مەن ئوغۇل بالىچىلىقىمغا ئېلىپ ساڭا گەپ قىلمىدىم. سېنى ئۆزۈم ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئالغاچقا، ئىنسان بالىسى بولغاندىكىن بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۆزگىرىپ قالار، دەپ تا بۈگۈنگىچە كۈتۈپ كەلدىم. ھەر كۈنلا قاپىقىڭنى سېلىپ ئول- تۇرغىنىڭ ئولتۇرغان. شۇنداقتىمۇ، ساڭا ياخشى مۇئامىلە قى- لىپ، ھەرقانداق ئىشتا كۆڭلۈڭنى ئاياپ كەلدىم. لېكىن، سەن بۇلارنى چۈشىنىپ ئۆزگىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن كۈندىن - كۈن- گە... سەن مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ؟!

ئايتولۇن قىزىرىپ، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەت- تى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ بۇلارنى سەزمەستىن قېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ توي قىلغاندىن بۇيان مىركاملىنى تالاي قې- تىم چۈشەپ قالدى. ھەر قېتىمدىلا بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق جۆيۈ- لۈپ سالغانمىدۇ؟ ئۇ چۈشىدە بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بو- لۇپ، يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىشىپ يۈرەلىگىنىدىن خۇشال بول- غان. كونىلارنىڭ «كىمنى ئويلاپ ياتساڭ چۈشىڭگە كىرىسەن» دې- گىنىگە ئىشىنىپ ھەر كۈنى ئۇنى ئويلاپ ياتقان. بىراق... بىراق ئەمدى ئۇنىڭ چۈش كۆرۈش ئەركىنلىكىمۇ بوغۇپ قويۇلۇۋاتات- تى. ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى ئېچىشىپ، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى، ئارقىدىنلا مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى. ئۇ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرغانسېرى مۇھەممەتنىڭ ئىچى سىقىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئاي- تولۇن ئاللادىن مەدەت تىلىدى. قېيىنئانىسى تۈنۈگۈن بىر يەرگە مېھماندارچىلىققا كېتىپ ئاخشام قايتىپ كەلمىگەچكە، ئۇنى بۇ قىسىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغانغا ئادەم يوق ئىدى. ئىككى كې- لىن كۈن چۈش بولمىغۇچە ياتاق ئۆيىدىن چىقمايتتى. قېيىنئا- نىسى... ھەي، ئۇ ئادەمدىن زىنھار ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى. ئۇ سەلدەك ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى. بۇنداق خىجىلچىلىقتا قالارمەن دەپ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. مىركاملىدىن ئايرىلىپ قالغىنى يەتمىگەندەك، ئۆزىنى چىن يۈ- رىكىدىن سۆيگەن ئېرىنىڭ ئالدىدا يۈزى سۆرۈن بولۇپ قالغىنى-

نى ئويلاپ يۈرىكى ئېچىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئايتولۇن قوشۇمىسىنى تۇرۇپ توختىماي تاماكا چېكىپ ئول-تۇرغان ئېرىگە يەر تېگىدىن ئاستا قارىدى. ئۇ مىركامىلدەك قا-ۋۇل بولمىسىمۇ، لېكىن خېلىلا كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ-غا قاراپ ئايتولۇننىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى ۋە قاتتىق ئۇھ تارتىۋەتتى.

— يەنىلا مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغۇڭ بار ئوخشىمامدۇ؟

— ياق... مەن سۆزلەي... مېنى كەچۈرۈڭ، — ئايتولۇن دۇ-دۇقلاپ سۆزلەشكە باشلىدى، — سىز ماڭا شۇنداق ياخشى مۇئا-مىلە قىلدىڭىز... مەن ئەسكى...

— مەن سەندىن بۇنى سورىمىدىم، — دېدى مۇھەممەت ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— مەن... مەن ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتكەن... ئۇ ماڭا بەكلا ئامراق ئىدى... — دېدى ئۆكۈنگەندەك قىلىپ.

— ئەمىسە سەنچۇ؟

— مەنمۇ... ياق... — ئايتولۇن تېخىمۇ ئۈيىلىپ كەتتى.

— ھىم، ئامراقكەنمىش، ئەجەب سېپايىلەشتۇرۇپ سۆزلەپ كەتتىڭيا، خۇددى مەن ياخشى كۆرۈش بىلەن ئامراقلىقنى ئايرى-يالمايدىغاندەك. مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن، مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا ئونىنچى سىنىپقىچە ئوقۇغان. شۇنچە ئامراق ئادەم نېمىشقا ئۇ-نىڭ بىلەن توي قىلمىدىڭ؟ ئۇ لامزەللىمۇ نېمىشقا سېنى ئۆز ئەمرىگە ئالمىدى؟

— ئۇ... ئۇنى ئۇنداق...

— تىللايمەن، چىدىيالمايۋاتامسەن؟ ئاڭلاپ تۇر، ھۇ ئىبلىس-تىن تۆرەلگەن ھارامى... يالاڭ تۆش سولتەك!

ئايتولۇن ئېرىنىڭ شۇ ئەلپازدا كېلىپ ئۆزىنى بوغۇپ قويۇ-شىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى. ئۇ كىيىم ئاسقۇغا ئېسىقلىق تۇرغان چاپىنىنى ئېلىپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئايتولۇن كارىۋاتقا ئۆ-زىنى تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇ بىرنەچچە كۆڭلىكىنى ئې-

لىپ چىرايلىق بوپىلىدى، ئاندىن تىۋىش چىقارماي ئاستا پەسكە چۈشتى. دەرۋازىدىن غىپپىدە چىقىۋېلىشنى ئويلاپ تۇرۇۋىدى، قىرىشقاندەك سىرتتىن قىيىنئاتىسى كىرىپ قالدى.

— ئەتىگەندىلا نەگە ماڭدىڭىز؟ — دېدى ئۇ ئايتولۇننى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ.

— ئانامنى يوقلاپ كېلەيمىكىن دېۋىدىم.

— قولىڭىزدىكى...

ئايتولۇن قولىدىكى بوپىنى كىچىك بالىدەك قىلىق قىلىپ دەرھال ئارقىغا يوشۇردى. قىيىنئاتىسى ئۇنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى.

— خان ئانىڭىزدىن سورىۋالغانمىدىڭىز؟

— ياق، تېخى سورىمىغان.

— ئەستا، ئۇنداق قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ، ئەمىسە بىر ئاز تۇرۇپ تۇرۇڭ، ئېھتىمال ئۇمۇ ھايالشىمايلا قايتىپ كېلەر، — قىيىنئاتىسى ئۇلارنىڭ ياتاق ئۆيى تەرەپكە قاراپ قويۇپ سورىدى، — مۇھەممەت بالام كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇ... ئۇ... — ئايتولۇن جاۋاب بېرەلمەي قالدى.

— بۇ تېخمۇ بولماپتۇ ئەمىسە... بىزنى بۇ ئۆيدە تىنچ - ئامان كۆن كۆرگىلى قويۇڭ، قىزىم، ھېلى خان ئانىڭىز كېلىپ ئەھۋالنى ئۇقمىدىغان بولسا بىزنى تىنچ قويامدۇ؟ بۇ ئۆيدە ئۇنىڭسىز قىل تەۋرىمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدىغاندەك ئىش قىلماڭ، — قىيىنئاتىسى سەل خىجىل بولغاندەك مۇنۇ گەپنى قوشۇپ قويدى، — ئۇنىمۇ ئاسىرىمىساق بولمايدۇ - دە. بىزمۇ ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمىز. قانداق قىلىمىز، كۆنۈپ قاپتۇق.

ئايتولۇن بىرىنىمىلەرنى دېگۈسى كەلدى - يۇ، بۇ ئادەمگە ئازار بەرگۈسى كەلمىدى. قىيىنئاتىسى «دېگۈلۈكنى دەپ قويدۇم، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل» دېگەندەك قىلىپ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇل ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئايتولۇن ئانچە ئويلىنىپ تۇرمايلا سىرتقا قاراپ ماڭدى.

## 20

تاڭ يورۇپ تەرەپ - تەرەپتىن خورازلارنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغان ئېشەكنىڭ قاتتىق ھاڭرىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۈچ ئايال چۆچۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئورۇق ئايال سوزۇپ بىرنى ئەسنىۋالغاندىن كېيىن دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ پەردىلەرنى قايرىدى ۋە ئەمدى قانداق قىلىمىز دېگەندەك مەمۇرىخانغا قارىدى.

— بېشىمنىڭ ئىچى - تېشى قېتىپ كەتتى، قانداق قىلساق بولاركىن؟ — دېدى مەمۇرىخان تېخى ھېلىلا تولغاقنى ئۆزىتىپ ئەمدىلەتىن تىنچلانغان قىزىغا قاراپ قويۇپ.

— دوختۇرخانىغا ئاپىرامدۇق يا؟ — دېدى سېمىز ئايال كۆزلىرىنى ئۈۋۈلاپ تۇرۇپ.

— شۇنداق قىلساقمىكىن، چوڭ يەرگە ئاپارمىدۇق دېگەندىمۇ ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئاپارساق.

دوختۇرخانىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىشى بىلەن مەمۇرىخانىنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ كەتتى. ئەستا... قانداقمۇ قىلارمەن، مۇھەممەتجان بالام بولغان بولسىغۇ بۇ كۈنگە قالماستىم، ئۇنىڭ بۇنىشقا ئۆلگۈرۈپ يوق بولۇپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان، دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە.

— دوختۇرخانىغا ئاپارمايمەن، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك ئىنتايىن پەس ئاۋازدا، — مەن ... مەنمۇ ئۈچ كۈن تولغاق يەپ تۇغقان، قىزىممۇ مېنى دورىغان ئوخشايدۇ، ئاڭغىچە مۇھەممەتجان بالامۇ...

— ھە، راست، نېمىشقا بالدۇرراق ئېسىمىزگە كەلمىگەندۇ؟ — دېدى ئورۇق ئايال پېشانىسىغا پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ، — مەن چىقىپ باللاردىن بىرنى چاقىرىپ كىرەي، شەھەرگە ئادەم كىرگۈزەيلى، كۈيئوغۇللىرىنى چاقىرىپ چىقسۇن، ماشىنا ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

چىقسا شەھەرگىلا ئاپىرايلى.

— مۇھەممەتجان بالام بۇ يەردە يوق، ھېلىقى... — مەمۇرىخان ئۇنىڭ قايسى شەھەرگە كەتكەنلىكىنى دەماللىققا دېيەلمىدى، — ھېلىقى... چوڭ شەھەرگە مالغا كېتىپتىكەن. سىلىگىمۇ ئېيتقان، ئۇنتۇپ قاپلا ـ دە.

— ماڭا دەپ بەرمىدىلە.

— ماڭا دەپ بەرگەن، — دېدى ھېلىقى سېمىز ئايال.

— سىلىنى بوزەك كۆرۈپ قالدىمۇ نېمە ئۇ خەق.

— ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئىش يوق، قوشنام، مۇھەممەتجان بالامۇ تۇغۇشقا ئاز قالغاندا شەھەرگە ئەكېتىمەن دېگەن، — ئالدىراپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى مەمۇرىخان كۈيۈئوغۇلىنىڭ يامان ئاتلىق بولۇپ قېلىشىنى خالىمىغاندەك.

— بۇمۇ خۇدانىڭ ھۆكمى، — دېدى سېمىز ئايال گەپنى بىراقلاپ خۇلاسىلەپ، — ھە راست، مەن ئۆيۈمگە دىككىدە بىر چىقىپ كىرەيمىكىن؟

— تولغاق تېخىمۇ سوزۇلۇپ كېتەرمىكىن؟ — دېدى ئورۇق ئايال قوشۇلماي. سېمىز ئايال سەنمۇ ئاخشام بالىلىرىڭنى يوقلاپ كىردىڭغۇ، دېگەندەك ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ ئاستا قىمىرلاپ قويدى.

— ھېچقىسى يوق، باشقىلار بىلىپ قالمىسىلا بولىدۇ، — دېدى مەمۇرىخان ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە پەردىلىرىنى چۈشۈرگەچ، — چىقىپ بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇپ كىرسىلە.

سېمىز ئايال چىقىپ كەتتى.

— مەمۇرىخان، كۈيۈئوغۇللىرى ئوبدان بالا جۇمۇ، — دېدى ئورۇق ئايال ئۇنىڭ يېنىغىراق سۈرۈلۈپ.

— شۇنى دېسىلە، خۇددى ئۆز ئوغلۇمدەكلا، — دېدى مەمۇرىخان مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ.

— ياخشىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئەقىللىرىنى ئىشلىتىپ ھېلىقى ئۇجمىلىك مەكتەپتىكى ئەپەندىچاققا بەرمەپتىكەنلا. ئاڭلىسام،

ھېلىغىچە ئۆيلىنەلمەي يۈرەرمىش... ئۇ خەق... قۇدا تەرەپ بىلىپ قالمىغاندۇ؟

— قۇدىلىرىمىنىڭ خەۋىرى يوق، لېكىن كۈيئوغلۇم ئازراق بىلىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

— ئاپلا، چاتاق بوپتۇغۇ، قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟ — ئورۇق ئايال خۇددى دۆلەتنىڭ مەخپىيىتى ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك چىرايىنى بىر قىسما قىلىپ قويدى.

— مەنمۇ بىلمىدىم، ئۆتكەندە ئىككىسى گەپ تالىشىپ قاپتىكەن، قىزىم ئاغزى ئىتتىكلىك قىلىپ...

— ھە، ھېلىقى كۈنى كەچتە ئىككىسى مۇشۇ ئۆيدە بىر-بىرىگە ۋارقىرىشىپ... ئەسلى شۇ چاغدا... — ئورۇق ئايال خىجىل بولغاندەك گېپىنى شۇ يەردىلا توختىتىۋالدى.

— سىلى قانداق بىلدىلە؟ — مەمۇرىخان قوشنىسىغا ئەجەبلىنىپ قارىدى.

— ۋىيەي... ئەجەب سەت تۇردى - ھە، شۇ كۈنى كەچتە باغقا ھاجەت قىلغىلى كىرگەنىدىم... ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ...

— سىلىدىن يوشۇرمايمەن، قوشنام، قىزىم كۆڭلى قارىلىق قىلىپ ھېلىقى... ھېلىقى ئەپەندى بالا بىلەن گەپلىشىپ تۇرۇپتىكەن. باشقىلار كۈيئوغلۇمغا چېقىپ قويۇپتۇ. شۇ كۈنى گۇناھ قىزىمدا بولغاندىكىن قوشۇپ بېرەي دېسەم كەتمەيمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئەر - ئايال ئىككىسى توۋلىشىپ قالدى.

— سىلى مەندىن گەپ يوشۇرمىغاندىكىن مەنمۇ يوشۇرمايلا دەۋېرەي، مەنمۇ باشقىلاردىن خېلى بۇرۇنلا ئىككىسىنىڭ ئۈجمە دەرىخى تۈۋىدە گەپلىشىپ تۇرغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغانىدىم. ئايتولۇنغا ئىشەنگەچكە يالغان - ياۋىداق گەپ ئوخشايدۇ، دەپ سىلىگە ئېيتمىغانىدىم.

مەمۇرىخان ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى، ئۇ بۇ ئىشلارنى باشقىلار بىلىدۇ دەپ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ ئاغزىدا قىزىنى ئەيىبلىگەندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆڭلىدە باشقى-

چە ئۇيلايتتى. دىمىسىمۇ ئۇنىڭغىمۇ تەس، ئۇنچىۋالا ئامراق بولۇپ قالغان ئادەم نىمىشقا بالدۇرراق ئېيتماپتىكىن. باشقا يەر بىلەن پۈتۈشۈپ بولغاندا ئاندىن ئېغىز ئاچسا، مەندىن باشقا ئادەم بولسىمۇ ئۇنىماس ھەرقاچان. ئۆزۈمدىمۇ بار، قىزىمغا بەكلا ئىشىنىپ كەتكەچكە ئۇنىڭغا كۆپرەك كۆز - قۇلاق بولماپتىمەن. ئۇزىمۇ يەتكۈچە دەرد تارتىۋالدى، بولغۇلۇق بولۇپ بولغاندا، ھەي...

مەمۇرخان شۇ كۈندىكى ئىشنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى: كۈن ئولتۇراي دېگەندە تويۇقسىز ئايتولۇن كىرىپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ ئۆڭسۈلى قالمىغان مەمۇرخان نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغۇچە، ئىز بېسىپ دېگۈدەك ئارقىدىنلا مۇھەممەتمۇ كىرىپ كەلدى. مەمۇرخان كۈيۇ ئوغۇلىنىڭ بۇنداق ھالىتىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. ئۇ ھويلىغا كىرىپلا ئايتولۇنغا ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتى:

— نېمىشقا مېنىڭ يۈزۈمنى قىلمايسەن، يۈزۈمنى تۆككۈدەك مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلدىم؟ قېنى ئېيتە، يەنە نېمىشقا ئۇ سولتەك بىلەن كۆرۈشتۈڭ؟

— ئۇنى ئۇنداق...

— تىللىما دېمەكچىغۇسەن... ھۆ ئىتتىن تۆرەلگەن خۇمسى، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ئۇ ھەزىلەكنى!

— ئۇنىڭدا گۇناھ يوق! — دېدى ئايتولۇن چىداپ تۇرالماي.

— ۋاي خۇدايىم، نېمە سەتچىلىك بۇ، ئايتولۇن، ماڭ ئۆيگە كىرىپ كەت! — دېدى باياتىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى دەماللىققا چۈشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان مەمۇرخان ئەمدى ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ، — خاپا بولمىسىلا مۇھەممەتجان بالام، ھەر گەپ بولسا چىرايلىقچە دېيىشەيلى، قېنى ئۆيگە كىرسىلە.

— مېنى كەچۈرسىلە، ئانا، قىزىققانلىق قىلىپ ئالدىلىرىدا پەلىپەتىش سۆزلەپ قويدۇم. قانداق قىلىمەن، مەن... پەقەتلا چىدىمىدىم.

شۇ كۈنى مەمۇرخان ئەر - ئايال ئىككىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ

ناھايىتى تەستە يولغا سېلىپ قويغان، بىراق قوشنىسىنىڭ تام تۈۋىدە گەپ تىڭشاپ تۇرغىنىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ھېچقىسى يوق، ئازراق شۇنداق تەرىپى بولغىنى بىلەن، كۆڭلىدە بىرەرگە يامانلىقى يوق، دەپ باھا بەردى مەمۇرىخان ئۇرۇق ئايال قوشنىسىغا.

## 21

ئايتولۇن خۇددى بىرسى بويىنىدىن سۆرىگەندەك ناھايىتى تەستە قېيىنئانىسى ياتقان ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشىك تۈۋىدە بىردەم تۇرۇپ يۈرىكىنى ئىزىغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئىشىكنى ئاستا چەكتى. قېيىنئانىسى ئادىتى بويىچە ئۇ ئۈچىنچى قېتىم ئىشىكنى چەككەندە ئاندىن كىرىشكە ئىجازەت بەردى.

— شۇ گەپمىدى؟ — دېدى ئىپارخان مامۇق ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرمەي يېتىپ ئايتولۇننىڭ ئالدىغا كىرىش سەۋەبىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — تېخى يېقىندىلا بارغاندەك قىلىۋىدىڭىزغۇ؟

— ئىجازەت بەرسىلە، خانا ئانا، ئانامنىڭ ئۆيىگە بارمىغىنىمغا بىر ئايدىن ئاشتى، — دېدى ئايتولۇن بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي.

— ماقۇل، بارسىڭىزمۇ بېرىپ كېلىڭ. لېكىن، ئۆتكەنكىدەك كەچ قالىدىغان ئىشنى قايتا تەكرارلىغۇچى بولماڭ. ھە راست، توختاپ تۇرۇڭە، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىلى تاس قاپتۇ، دادىڭىز تۈنۈگۈنكى مېھماندارچىلىقتا كۆپرەك بىر نەرسە يەۋاپتىكەن، ئاخشامدىن بېرى ياندۇرۇپ ياتاق ئۆينى بىر قىلدى... سىز ئۆينى تازىلىۋېتىپ ئاندىن مېڭىڭ، شۇنچە دېدىم، قېرىغاندا سىڭگۈدەك بىر نەرسە يەڭ دەپ، لېكىن سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدىغان ئوخشايدۇ، خەقنىڭكىنى قۇسقۇدەك يەۋالمىسا دەردى چىقمامدىكىن.

ئايتولۇن بىر سائەتكە يېقىن ئۆي تازىلىدى، ئاندىن ئالدىراپ
كىيىنىپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. ھىم، نېمىسىنى
ئارزۇلاپ تېگىدىغاندىمىز ئەرگە، كىممۇ چىقارغان بولغىيدى توي
قىلىشنى، مەن ئۆيگە چىققۇچە چۈش بولىدۇ، كۈن پېشىن بول-
غاندىلا ئارقامغا يانىمسام كەچ قالىدىغان گەپ... ئەجەبمۇ سىقىل-
دىم...
ئايتولۇن ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، يېلى چىقىپ كەت-
كەن توپتەك لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى، ئىشىككە ئانىسى ئۇزاق-
تىن بېرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان شەددە قۇلۇپ سېلىقلىق
تۇراتتى. ئايتولۇن ئىشىك ئالدىدا ئانىسىنى ساقلاپ بىرھازا تۇر-
غاندىن كېيىن ئىختىيارسىز ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى چىغىر يول-
نى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئەجەب چاغلار ئىدى ئۇ، بىرەر كىم
كۆرۈپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەشمۇ يوق، ئۆز بەگ ـ ئۆز خان... ئۇ
بىردىنلا كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى، قېرى ئۈجمە دەرىخى تۈۋىد-
ە بىرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئاھ، ئۇ ... راستلا شۇمىدۇ. مې-
نىڭ بۈگۈن چىقىدىغانلىقىمنى يۈرىكى تۇيۇپتىمىكىنە؟ بۈگۈنكى
پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيمەن، ئۇنىڭغا ئۆتكەندە چۈشەن-
دۈرەلمىدىم. بۇنداق كېتىۋەرسەك بولمايدۇ. ئەجەب ئوبدان بول-
دى، بۈگۈن قانغۇدەك پاراڭلىشىۋالىدىغان بولدۇق...
ئۇ قويۇندەك تېزلىكتە يۈگۈرۈپ ئۈجمە دەرىخى تۈۋىگە كەلدى ـ
يۇ، جان ئالغۇچى ئەزرائىلغا ئۇچراپ قالغاندەك جاقىلداپ تىترەپ
گىنىچە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. تەنلىرى شۈركۈنۈپ، ئۆزد-
گە تېگىشلىك جازانى كۈتۈپ تۇردى، ۋاقىت ئىنتايىن ئاستا ئۆت-
مەكتە ئىدى. ئۇ خاتا كۆرۈپ قالغان ئوخشايمەن، دەپ يەر تېگى-
دىن ئاستا قارىدى، قارىدى ـ يۇ، قان تولغان قىپقىزىل كۆزلەر-
نى كۆرۈپ تېخىمۇ ھالسىزلىنىپ كەتتى.
ــ سەن... سەن قانجۇق مېنى ۋەيران قىلدىڭ... مېنىڭ ئەر-
لىك غۇرۇرۇمنى دەپسەندە قىلدىڭ... ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىمنىمۇ
يوققا چىقاردىڭ!

— مېنى ئۇرسىلا... تىللىسىلا... مۇ... ھەممەت...
— ئۇرغانغا دەردىم چىقاتتىمۇ، تىللىغانغا دەردىم چىقاتتى-مۇ... بۇنداق ئادەم نېمىشقا ئۇنىڭغا تەگمىدىڭ؟!
ئايتولۇن ئۆزىنى كاچاتلايتتى، يۈزلىرىنى مورلايتتى، بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلايتتى. بۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ تارتقان خورلۇقلىرى ئازمىدى؟ ئۇ ئولتۇرغان يېرىنى تېشىپ يەر ئاستىغا كىرىپ كەت-مەكچى بولغاندەك، تىرناقلىرىدىن جىرتىلداپ قان چىقىپ كەت-كۈچە تاتىلىدى. ئۇ ئۇنلۇك ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتتى: ئاھ، خۇدا، بۇنداق كۈنگە قالغۇچە ئۆلۈپلا كەتسەم بولمامدۇ؟!
ئۇلارنىڭ قېرى ئۇجمە دەرىخى ئاستىدا ئۇن - تىنسىز ئول-تۇرغىنىغا بىر ئاش پىشىم ۋاقىت بولدى، بۇ ۋاقىت ئايتولۇنغا بىر يىلدەك سېزىلدى. ئۇ يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارغا ئىشەنمى-گەندەك ئېسەنگىرەپ ئولتۇراتتى. قوشۇمىسىنى چىڭ تۈرۈپ جىمجىت ئولتۇرغان مۇھەممەتكە يەر تېگىدىن قاراپ، رېئاللىققا يۈزلىنىشكە تىرىشاتتى.
— سىلەر قانداق تونۇشقان؟ — تۇيۇقسىزلا سورىدى مۇھەم-مەت.
— مىركامىل بىلەنما؟
— يەنە باشقىسىمۇ بارمىدى، قانجۇق. سورىغان سوئالىمنىڭ ئۆزىگىلا جاۋاب بەر، ئۇنىڭ ئىسمىنى قايتا يەنە ئېغىزىڭغا ئال-دىغان بولساڭ چىشىڭنى تۆكۈۋېتىمەن!
ئايتولۇن دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ نې-مىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئۇ ئېرىنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەت-مەسلىك ئۈچۈن تەستە ئېغىز ئاچتى:
— بىز بۇرۇندىنلا تونۇشاتتۇق.
— بۇرۇندىنلا تونۇشاتتۇق؟ ھىم، ئاناڭنىڭ قورسىقىدىمۇ بىللە ياتمىغان بولغىيدىڭلار. سوئالىمنى تازا ئېنىق چۈشەنمىگەن ئوخشايسەن، مەن سەندىن ئۇنىڭ بىلەن قانداق مۇھەببەتلىشىپ قالغان، دەپ سوراۋاتىمەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

— راستىنى دەيمۇ؟
— ئادەم ئۆلىدىغان ئىش بولىسىمۇ.
— سۆيۈشۈپ...
— نېمە؟!
— سۆيۈشۈپ !

مۇھەممەت قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئايتولۇننىڭ ئاغزىغا تاسىسىدە بىرنى سالدى. ئايتولۇن ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى چۈ-شەنمىگۈدەك يەردە بولمىسىمۇ، لېكىن يالغان سۆزلەشكە كۆڭلى قويمايتتى. راستقۇ، ئۇلار ئاۋۋال سۆيۈشۈپ قېلىپ تونۇشۇپ، ئاندىن مۇھەببەتلەشكەن. لېكىن، مۇھەممەت دۇنيادا بۇنداق مۇ-ھەببەتلىشىپ قېلىشنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن-دەك چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى.

— راست دەۋاتىمەن، بىز باشقىلاردەك خەتمۇ يېزىشمىغان، ئېغىزىمىزدا «سېنى ياخشى كۆرىمەن»مۇ دېيىشمىگەن... ئەزبىرا-يى، سىزنى ئالدىمىدىم، — ئايتولۇن سۆزىنى تۈگىتىپ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. راست، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق مۇھەب-بەتلىشىش ئىدى. ئايتولۇن دەيدىغاننى دەپ بولۇپ چۆچۈپ كەت-تى، ئېرىگە يۈرەكلىك بىرەر ئېغىز گەپ قىلمايدىغان ئادەم بۇ-گۈن قانداقسىغا... ئۇ بىردىنلا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ قال-دى، بۇ مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى ئىدى.

ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىدى. ئايتولۇن ئېرى-نىڭ بۈگۈن ئۆزىنى بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى:

— مىركامىل! — ئۇ ئاغزىنى ئەتكەنچە تۇرۇپلا قالدى. مۇ-ھەممەت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭ گېلىدىن مەھكەم سىقتى.

— نېمە دېدىڭ؟ يەنە بىر دېگىنە، ھۇ دۆيۈز قانجۇق، ئۆلتۈرۈ-ۋېتىمەن سېنى!

— مەن... مەن سىلىگە قايتىپ كېتەيلى دېمەكچىدىم... مى...

مېنى قويۇۋەتسىلە، گېلىم...

— دىلىڭدا بولمىسا تىلىڭغا چىقاتتىمۇ؟ قايتىپ كېتىمەنمىكىن دەپ خام خىيال قىلما، بۇگۈن يا سەن ئۆلىسەن، يا مەن... يۇر!

— مۇھەممەت ئايتولۇننى دارقىرىتىپ سۆرىگىنىچە ئېلىپ ماڭدى.

## 22

ئايتولۇننىڭ بويىدا قېلىپ ئالتە ئاي توشماي تۇرۇپلا مەمۇرىخان يۆتكەپ ئەكېلىۋالدى. شۇندىلا ئايتولۇن ئەركىنلىككە چىققاندەك يېنىك تىن ئالدى. مۇھەممەت ھەر ھەپتىدە بىرەر قېتىم چىقىپ، «ئالىدىغىنىنىڭ مۇشۇمۇ» دېگەندەك، كۆتۈرۈپ چىققان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قويۇپلا مەمۇرىخاننىڭ شۇنچە تۇتقىنىغا قارىماي كىرىپ كېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئايتولۇن بىر ئامالارنى قىلىپ ئۇنىڭغا كۆرۈنمەسلىككە تىرىشاتتى.

ئايتولۇن ئەمدىلا ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ تۇرۇۋىدى، ئىشىكنى قاقمايلا جاۋىلداپ سۆزلىگىنىچە دوستى ھەبىبە كىرىپ كەلدى. مەمۇرىخان ئىككىيلەننى خاتىرجەم سۆزلىشىۋالسۇن دېگەندەك، بىر ئىشنى باھانە قىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— ۋاھ، بالدۇرراق توي قىلساڭ بوپتىكەن ـ ھە، ئاداش، شەھەرگە بىر كىرىۋالساڭ قاراڭنى كۆرسەتمەيدىكەنسەن ئەمەسمۇ، — دېدى ھەبىبە چاقچاق قىلىپ.

— سەن دېگۈچە مەن دەۋالاي دەپ ئاغزىمنى ئاچمىغىنا، شەھەرگە كۈندە قاترايسەنۇ بىرەر قېتىم كىرىپ قوياي دېمەيسەن، — دېدى ئايتولۇن بوش كەلمەي.

— قانداق، ئوبدان ئۆتۈۋاتقانسىلەر؟

— ياق.

— ھىم، ۋاي تۇلكە، قورسىقىڭدىكى تومپىيىپ تۇرغان نېمە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇ ئەمىسە؟

— ھاۋادىن بولۇپ قالدىمىكىنتاڭ، ئۆزۈممۇ بىلمەيلا قالدىم.

— ئاغزىڭغا تاش، باشقا يەردە شۇنداق دەپ سالما جۇمۇ، — پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى ھەبىبە، — بۇرۇنقىسىدىن تېپىۋالدىڭمۇ يا؟

— مەيلىدى.

— راست ئىكەن - دە.

— پوق يەپسەن! بالا تاپقان ئادەم ئۇنداق بوش ئەمەس، ئۇنچىلىك ئىش قولۇمدىن كەلسە، بۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ نېمە قىلاتتىم.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، ئاداش، خاپا بولۇپ كەتكىنىڭنى قارا، ساڭا مەستلىكىم كېلىپ... ھەي، مەنمۇ شۇ خەقنىڭ ئۆيىدە نان يەپ قالغان بولسام ھازىر بالام سېنىڭ بالاڭنى باققۇدەك بولۇپ قالاتتى. بەزىدە ئولتۇرۇپ ئويلاپمۇ قالىمەن. ئۆزۈمدىنمۇ ئۆتۈپتىكەن، قېيىنئانام ئەسكى بولسىمۇ ئېرىم ئوبدان بولغاندىكىن چىداپ تۇرغان بولسام جاھانغا تۈۋرۈك بولماستى ئۇ قېرى... يېزىمىزدىكى بىر قىسىم پوق - سۈيدۈك ئىچىدە ياشاپ ئەقلى بولغىنىپ كەتكەن قاسماقلاردىن جاق تويدۇم. مېنى نېمىدەپ ئويلاپ قېلىشتىكىن، دادامدەك قېرىلارمۇ كۆزىنى ئۈزمەي بەز مارىغان مۇشۇكتەك مارىشىۋاتقان، ئانامدەك بولۇپ قالغان پوق باش قېرىلار ئېرىدىن كۆنلەپ تەتۈر قاراپ مىڭىشىۋاتقان... سەنمۇ ئاڭلىدىڭ ھەرقاچان، ھېلىقى سەلىمەك بىلەن ئۇرۇشۇپمۇ قالدىم، ئۇنىڭ نىمجان ئېرىنى مەن نېمە قىلىمەن؟ ئاخىر ئاشۇنداق قىلغىنىغا تويدۇرۇپ، ئېرىنى ئارقامغا سېلىپ ئەپقاچىمەن بىكار. بۇ گەپنى چاقچاق قىلىپ دەپ قويدۇم جۇمۇ، سەلىمەكنى ئېرى تاشلاپ چىقىپ كەتسە مەندىن كۆرۈپ يۈرمە يەنە.

ئىككى دوست تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ قازغۇچە مۇڭدىشىۋالدى. گەپ ئارىلىقىدا ھەبىبە چاقچاق قىلىپ ئايتولۇندىن سورىدى:

— ئەگەر مىركامىل بىلەن توي قىلىپ قالسام چىدامسەن؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالدىن ئايتولۇن ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ دوستىنىڭ بۇنداق سوئال قويۇشىنى زادىلا كۇتمىگەنىدى؟ ئۇ نىمىمۇ دېيەلىسۇن، باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىپ بالىلىق بولۇش ئالدىدا تۇرۇپمۇ «چىدىمايمەن» دېسۇنمۇ؟

— مەن نېمە دەيمەن... ئىختىيارىڭ... — دەپلا باشقا ياققا قارىۋالدى ئۇ.

— ئىسىت، مېنىڭ مۇشۇ ئاغزىمنى. بۇنداق قاتتىق چاقچاق قىلمىسام بوپتىكەن، ياراڭنى تاتىلاپ قويدۇم ـ ھە؟ — دېدى ھەبىبە كۆڭۈل سوراپ.

— بولدى، گەپ قىلما، — ئايتولۇن دوستىنى قۇچاقلاپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى، — مەن ئۇنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرەتتىم. ھىم، ئەمەلىيەتتە سەن ماڭا ھەۋەس قىلغىنىڭ بىلەن مەن ساڭا قاراپ ھەۋەس قىلىمەن، كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ سەندەك ئەركىن بولسام، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام... بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرسەم دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ تا ھازىرغىچە توي قىلماي يۈرگىنىنى قەلبىمنى چۈشەنگىنى دەپ ئويلايتتىم. نەدىمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن، بۇ ئىشلار مەن بىلەنلا تۈگىمەيدىكەن ئەمەسمۇ. ئۇ تا ھازىرغىچە مېنى خاتا چۈشىنىپ كېلىۋاتىدۇ، چۈشەندۈرۈپ قوياي دېسەم پەقەت مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. مەن بەك سېغىنىپ كەتتىم... قېرىشقاندەك بۇنداق بولۇپ قالدىم...

— ئېرىڭ نېمە دەر؟ — دەپ سورىدى ھەبىبە راستىلا شۇنداق بىر ئىش قولىدىن كېلىدىغاندەك ئىشەنچ بىلەن.

— مۇمكىن ئەمەس، ئۇ مېنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ. مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە رازى بولىدۇكى، ھەرگىز ئۇنىڭغا تىرىك قالدۇرمايدۇ.

— ئازراقمۇ...

— تولا ئىچىمنى ئېچىشتۇرما، ئىككى يىل بىر ياستۇققا باش قويغان ئادەم ئۇنى چۈشەنمەمدىم.

— قولدىن كەتكەن نەرسىنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈپلا ياشايدىغان

ئوخشايمىز، دوستۇم، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، بالىغا تەسىر يې-
تىپ قالمىسۇن يەنە. بىر ئىغىز چاقچاق بىلەن سىنى بۇنچىلىك
بىسەرەمجان قىلىپ قويارمەن، دەپ ئويلىمىغانىدىم. سولغۇن
چىرايىڭنى كۆرۈپ ئۇنى ئەسلىتىپ خۇشال ئولتۇرايلى دەپتە-
كەنمەن، نېمانچە شور پېشانە تۆرىلىپ قالغان بولغىيدۇق.
ئىككى دوست يۇخادىن چىققۇچە يىغلىشىۋالغاندىن كېيىن
بىر - بىرىگە تەسەللى بېرىشىپ، كىچىك چاغلىرىدىكىدەك بىر -
بىرىنى يېتىلىشىپ، ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى چىغىر يول بىلەن
ئۇجمە تۇۋىگە قاراپ مېڭىشتى.

— بىز دائىم مۇشۇ جايدا ئۇچرىشاتتۇق، — دېدى ئايتولۇن
يوغان قېرى ئۇجمە دەرىخى يېنىغا كەلگەندە توختاپ.

— ۋاھ، نېمىدېگەن خالىي، سەنمۇ بوش ئەمەس جۇمۇ، ئاداش.

— يەنە ئاغزىڭ ئېچىلدىغۇ سېنىڭ.

— نېمىدىن تارتىنىسەن، ئىككىلىمىزلا يۈزى ئېچىلمىغان
قىز بولمىساق يا.

— قېلىن ... شۇنداقتىمۇ پەردىشەپ بىلەن گەپ قىلمامسەن.

— نېمە قىلىشقاندىڭلار؟

ئايتولۇن دوستىغا چۆچۈپ قارىدى، ئۇنىڭغا خۇددى ئېرى
چەكچىيىپ تۇرۇپ سوراق قىلىۋاتقاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ
زەردە بىلەن دېدى:

— سەن قالغان مېنى سوراق قىلمىغان، ئاڭلاپ تۇر، قۇلد-
قىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا، مۇشۇ ئۇجمە دەرىخى ئاستىدا بىز قو-
چاقلاشقان، سۆيۈشكەن، يەنە قۇچاقلاشقان... يەنە بىر قېتىم
خۇددى... خۇددى ئاق قۇغا ئوخشاش... كۆڭلىكىمنىڭ ئۈستى تە-
رىپىنى سىيرىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ... ئۇنىڭ يۇڭلۇق مەيدىسىگە مەي-
دەمنى يېقىپ ياتقان. ھۇ، ئىتنىڭ بالىسى، تەلۋە سارالاڭ، ئوغۇل
بالا بولغاندىكىن بىرنېمە قىلىپ قويۇپ بولسىمۇ ئالسا بولمامدۇ
مېنى... قاچانمۇ قۇتۇلارمەن بۇ كۈندىن...

— ئايتولۇن... ئايتولۇن، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ئاداش، ۋاي

خۇدايىم، مەن نېمە ئىشلارنى كۆرۈۋاتىمەن. مېنى قورقۇتمىغىنا. كۆزۈڭنى ئاچە ئاداش...

ئايتولۇن ئاغزىدىن كۆپۈك ياندۇرغىنىچە سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى، قورقۇپ كەتكەن ھەببە سەۋدايىلاردەك توۋلىغىنىچە ئۆي تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

## 23

ئايتولۇن ئېيىغا قارىغاندا يوغان قورساق كۆتۈردى. تۇغۇش ۋاقتىغا خېلى بولسىمۇ، كۆرگەنلا ئادەم بۈگۈن - ئەتىلىككىز قاپتۇ، دىققەت قىلىڭ، دېيىشەتتى. ئۇ باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغىنى بويىچە تۇغۇتۇم ئاسانراق بولارمىكىن، دەپ توختىماي يول مېڭىپ بېرەتتى، تولا يېتىۋالىدىغان ئىشلارنى قىلمايتتى.

ئۇ كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئېرىق - ئېرىقلارنى ئايلىنىپ كەلمەكچى بولۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقىۋىدى، بىرمۇنچە نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ مۇھەممەت يېتىپ كەلدى. مەمۇرىخان پۇت - قولىغا تەگمەي شاپاشلاپ يۈرۈپ كۆيۈ - ئوغلىنى ئۆيگە باشلاپ، ئالدىغا داستىخان سالدى. بۇ قېتىم توغ - رىدىن - توغرا يۈز كېلىپ قالغاچقا، ئايتولۇن ئۆزىنى قاچۇرۇش - قا ئۈلگۈرەلمىدى. مەمۇرىخان ئەر - ئايال ئىككىسىنى ئۆيدە يال - غۇز قالدۇرۇپ، ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ئايتولۇن ئېرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىككى قات كۆرپىدە يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي جىمجىت ئولتۇراتتى.

— ئۆيۈمگە كېلىۋالدى دەپ خاپا بولۇۋاتامسەن؟ — دەپ چاق - چاق قىلدى ئېرى ئۇنىڭغا، — ئىككى ئادىمىم تۇرسىمۇ چىداپ، ھېلىمۇ كېلىپ يېتىۋالمىدىم ئۆيۈڭلەردە.

ئېرىنىڭ بۇنداق سەمىمىي، ئىللىق گەپ قىلىپ باقمىغىنىغا ئۇزاق زامانلار بولۇپ كەتكەنىدى. ئايتولۇن ئاڭلىغانلىرىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ يەر تېگىدىن

www.uyghurkitap.com

ئېرىگە قارىدى. ئېرى ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك يېمىش يەپ
ئولتۇراتتى. ئايتولۇن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇنىڭغا تويماي
قاراپ كەتتى. ئانىسى چاي كۆتۈرۈپ كىرگەندە ئۆزىنى ئوڭشىۋې-
لىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى.
— نېمە تاماق يېگۈلىرى بار، بالام؟ — سورىدى مەمۇرىخان
كۈيۈئوغلىنىڭ پىيالىسىدىكى چېيىنى جىقلاپ قويغاچ.
— ئاۋارە بولمىسىلا، ئانا، كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپلا مۇشۇ
ياققا كېلىشىم.
— دائىم ئالدىراپلا كەلدىم دەپ قورۇقلا يولغا سېلىپ قوي-
دۇم، بالام. بۈگۈن تاماق يەپ ماڭمىسىلا سىلىدىن خاپا بولۇپ قا-
لىمەن جۇمۇ.
— كۆڭۈللىرى پەقەتلا ئۇنىمىسا مەيلى ئەمىسە، قانداق تاماق
بولسا بولىۋېرىدۇ.
— چۆچۈرە ئېتەيلى، ئانا، ئۇ چۆچۈرىگە ئامراق، — ئايتولۇن
سۆزىنى تۈگىتىپ بولۇپلا ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى.
— ئېسىم قۇرسۇن، بالام، ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارا، — مەمۇ-
رىخان قىزىنىڭ بۈگۈن ئېرىگە بولغان مۇئامىلىسىنىڭ يۇمشاپ
قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئالەمچە خۇشال بولۇپ كەتتى. ئېرىنىڭ ئۆزى-
گە باشقىچە نەزەردە تىكىلىپ قاراشلىرىدىن ئوت ئۈستىدە ئولتۇر-
غاندەك ئولتۇرالماي قالغان ئايتولۇن ئاستا ئورنىدىن تۇردى.
— نەگە؟ — سورىدى مۇھەممەت ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ
ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.
— ئانامغا قارىشىپ بېرەيمىكىن.
— مەن بىلەن بىردەم بىللە ئولتۇرۇپ ئاندىن چىقساڭمۇ
بولار، — دېدى مۇھەممەت ئۇنىڭ بىلەن بىللە سىغدىلىپ ئولتۇ-
رۇپ، — سىلەرنى شۇنداق سېغىندىم، — ئۇ قولىنى ئاستا سو-
زۇپ، ئايتولۇننىڭ تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىنى سىلىدى. ئاي-
تولۇن ئۆزىنى تەستە بېسىپ ئولتۇراتتى. مۇھەممەت ئۇنىڭ
چاچلىرىنى پۇرىدى، ئېڭەك، بويۇنلىرىنى سىلىدى. ئايتولۇن

ئىختىيارسىز ئۇنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويدى.
— مېنى سېغىندىڭمۇ؟ — سورىدى مۇھەممەت ئاستا پىچىرلاپ.
— ئۆلگۈدەك سېغىندىم، — ئايتولۇن ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا كۆڭلىدىكىنى يوشۇرمايلا ئېيتتى.
— راستما... يەنە بىر دېگىنە... نېمە دېدىڭ ئاي، سەندىن خۇش بوپ كېتەي، يەنە بىر قېتىم دېگىنە! — مۇھەممەت كىچىك بالىدەك قىلىقلىنىپ، ئايتولۇننىڭ قورسىقىغا بېشىنى قو-يۇۋالدى.
— سىلىنى سېغىندىم، — تەكرارلىدى ئايتولۇن.
— ياق... ئوخشىمىدى، باشتىكىدەك دېگىن.
— ئۆلگۈدەك...
خۇشاللىقتىن مۇھەممەتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەت-تى. ئۇنىڭ بوگۈنكىدەك بىچارە هالىتىنى ئايتولۇن پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ مۇھەممەتنىڭ چاچلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ ئولتۇرۇپ قۇلىقىغا ئاستا دېدى:
— مېنى كەچۈرسىلە... بولامدۇ؟
— نېمە دېگىنىڭ بۇ... سەن كەچۈرۈم سورىغۇدەك هېچ ئىش قىلمىدىڭ، هەممە گۇناھ ئۆزۈمدە، ساڭا ياخشى قارىيالمىدىم.
— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم... مەن ئىلگىرى...
— بولدى، ئۇ ئىشلارنى تەرگىمە، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، هەر ئىككىمىزلا ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەيلى، ماقۇلمۇ... مەن... قارامىلىق قىلمىغان بولسام، ساڭا ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇشقا ۋاقىت بەرگەن بولسام بىز بۇنچىۋالا بولۇپ كەتمەيتتۇق. مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، گېپىمگە ئىشەن، سېنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن. شۇڭلاشقا، ساڭا چىدىماسلىق قىلدىم... مانا، ئەمدى ياخشى بولدى، بىزنىڭمۇ بالىمىز بولىدىغان بولدى. بىز ئۇنى ياخشى تەربىيەلەيمىز، شۇنداقمۇ... نېمىگە يىغلايسەن؟
ئايتولۇن مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇراتتى، ئۇ نېمە دېيىشىنى

بىلمەيتتى، ئۇنسىز ئولتۇرۇپ يىغلاشتىن باشقا ئىش كاللىسىغا كىرمەيتتى.

مەمۇرىخان ئىككى چىنە چۆچۈرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. شۇ هامان ئۆيئىچىنى ئاشكۆكىنىڭ مەززىلىك ھىدى قاپلىدى. ئەر - ئايال قارشىپ ئولتۇرۇپ بىر چىنىدىن چۆچۈرىنى بىر- دەمدىلا ئىچىپ بولدى. خۇشاللىقىنى ئىپادىلەشكە قىلىق تاپالماي قالغان مەمۇرىخان بىردەم قىزىغا، بىردەم كۈيئوغلىغا تويماي قارايتتى.

— مەن ئىچكىرىگە مالغا بارىدىغان بولۇپ قالدىم، ئانا، ئايتولۇننى ئۆزلىرىگە تاپشۇردۇم، كېيىن ئۆزلىرىنى چوقۇم ئوبدان رازى قىلىمەن. بىزدىن يانمىسا، خۇدايىمدىن يانار.

— نېمە دەپ يۈرىدىغانلا، بالام، ئايتولۇن ئۆزۈمنىڭ قىزى تۇرسا، بۇنچىۋالا تۇزۇت قىلىپ كەتكەنلىرى نېمىسى؟

— ئابايا ھېچ ئۇنداق دېمىگەنتىلىغۇ؟ — دېدى ئايتولۇن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي.

— ئۇزاققا قالمايلا قايتىپ كېلىمەن، دوختۇرخانا بىلەن ئالدىن ئۇقۇشۇپ قويدۇم، خۇدايىم بۇيرۇسا قايتىپ كېلىپلا سىڭنى شەھەرگە ئەكىرىپ كېتىمەن.

ئانا - بالا ئىككىسى مۇھەممەتنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرىپ، خېلى ئۇزاققىچە ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ ئولتۇرۇشتى. ھەر ئىككىسىنىڭلا كەيپى چاغ ئىدى.

— ئىككىڭلاردىن ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، قىزىم، ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق، — دېدى مەمۇرىخان كۆزىگە لىقىدە ياش ئېلىپ.

— كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىنا، ئانا، — دېدى ئايتولۇن تەسەللى بېرىپ، — مەنمۇ چوڭ بولغان ئوخشايمەن، ئەمدى سېنى خاپا قىلمايمەن.

ئانا - بالا ئىككىسى پاراڭلاشقىنىچە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

# 24

ئايتولۇن ئەتىگەندىلا ناھايىتى روھسىز ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئانىسىنىڭ زورى بىلەن بىر بۇردا ناندا چالا - بۇلا ناشتا قىلىپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئاپرېل ئېيى بولغىنىغا قارىماي ھاۋا تېخى ئانچە ئىسسىپ كەتمىگەنىدى. ئايتولۇن پات - پات مىدىرلاپ قويۇۋاتقان بالىسىنى پەس ئاۋازدا ئەركىلىتىشكە باشلىدى: «تاتلىق قوزام، ئوماق قوزام، قورسىقىمغا بوشراق تەپكىن جۇمۇ، بىر يېرىڭ ئاغرىپ كەتمىسۇن يەنە. ھازىر سەن مېنىڭ بارلىق ئۇمىدىم... ئايىغىنىڭ يارىشىدىغان ئوخشايدۇ، سەن ئاپىرىدە بولۇپ داداڭ بىلەنمۇ ياخشىلىشىپ قالدىم. داداڭ ساق - سالامەت قايتىپ كەلسىلا شەھەردىكى ئۆيىمىزگە قايتىپ كېتىمىز...»

ئۇ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى چىغىر يولغا چۈشتى، ئەتراپ جىمجىت، ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ دېگۈدەك ھېلىقى ئۈجمە دەرىخى تۈۋىگە كېلىپ قالدى. «ياشلىق — بەڭباشلىق، دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئۈجمە دەرىخىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ، — مۇشتەك تۇرۇپ نېمە ئىشلار ئۆتمىدى بۇ بېشىمدىن. ئۇ... ئۇ ھازىر نەدىدۇ... نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟»

— ياخشىمۇسەن، ئايتولۇن؟

ئايتولۇن چۆچۈپ ئارقىغا قارىدى، خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان مىركامىل ئۇنىڭغا بىر خىل نەزەردە قاراپ تۇراتتى. ئايتولۇن كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭ، قاراپلا كەتتىڭغۇ؟ — تەكرارلىدى مىركامىل.

— ھە... سەنمىدىڭ؟ — دېدى ئۇ تەستە ئېسىگە كېلىپ.

— ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ — سورىدى مىركامىل ئۇنىڭ تومپىيىپ چىققان قورسىقىغا سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ، — شۇنچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۈندىن بېرى ساقلىدىم، ئاخىر چىقتىڭ.
— ئەجەب مېنى ئىزدەپ قاپسەنغۇ؟
— سەن بىلەن پاراڭلاشقۇم كېلىپ.
— ھىم...
— ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ سېنى قانچە كۈن ساقلىغىنىمغا ئاللا ئۆزى گۇۋاھ.
— نېمە دېمەكچىدىڭ؟
— يات ئادەمدەكلا گەپ قىلىپ كەتتىڭغۇ، — راستلا نارازى بولدى مىركامىل.
— ئەمىسە...
— ئۇنچىۋالا تاش يۈرەكلىك قىلما، ئۆتكەندە بىرسىدىن خەت كىرگۈزسەم نېمىشقا چىقمىدىڭ؟
— نېمە خەت؟
— قارىغاندا، تاپشۇرۇۋالماپسەن - دە، مەنمۇ شۇنداق پەرەز قىلغان، خەت ئەكەتكەن بالا سېنى تاپالماي خەتنى ھويلاڭغىلا تاشلاپ قويۇپتىكەن، ئاناڭغا ئۇچراپ قالغان ئوخشايدۇ.
— گېپىڭ بولسا تېزرەك دېگىن، كىرىپ كەتمىسەم ئانام ئەنسىرەپ قالىدۇ، — دېدى ئايتولۇن چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرت- مەي. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ چۇشى ياكى ئوڭى ئىكەنلىكىنى تازا ئېنىق ئىلغا قىلالمايۋاتاتتى.
— سەن ئۆزگىرىپ باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قاپسەن، ئايتولۇن، مېنى ئەمدى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغان ئوخ- شىمامسەن؟ — دېدى مىركامىل ئەلەم بىلەن.
ئايتولۇن مىركامىلغا لەپپىدە قارىدى - يۇ، پۇت - قولى بو- شىشىپ، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالغىلى تاس قالدى. مىركامىل ئۇ- نى يۆلىگەن بولۇپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى. ئايتولۇن قولىنى تارتىۋېلىشنى ئويلىدى - يۇ، جۈرئەت قىلالمىدى. ئاھ، خۇدا، مەن گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ ئۆتكۈزدۈم، مېنى كەچۈرگىن.
مىركامىل ئۇنىڭ بارماقلىرىنى توختىماي سۆيەتتى، ئۇ ئۇد-

سىز تۇراتتى. بىركەمدە مىركامىل ئايتولۇننىڭ تومپىيىپ چىقـ
قان قورسىقىغا قاراپ ئۈنلۈك ندا قىلدى:

— بۇ بالا ئەسلىدە ماڭا تەئەللۇق بولسا بولاتتى، ئاي، مەندىن تۆرەلگەن بولسا ياخشى بولاتتى. بۇ دۇنيا نېمانچە رەھىمسىزدۇ، مەن بېجىرىم بىر ئەركەك تۇرۇپ نېمىشقا سېنى قولدىن چىقىرىپ قويدۇم؟ نېمىشقا ساڭا ئېرىشەلمىدىم، ئەسلىي سەن ماڭا تەئەللۇق ئىدىڭغۇ؟ — مىركامىل بىردىنلا سىيرىلىپ ئولتۇرۇپ، ئايتولۇننىڭ ئىككى پۇتىنى قۇچاقلاپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. ئايتولۇن نېمە قىلارىنى بىلمەي تىترەپ قاراپ تۇراتتى. مىركامىل ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك توختىماي بوزلايتتى، — مېنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن... مۇشۇ ھالىمغا ياش نوتىلارنى تەربىيەلەيمەن دەپ يۈرسەم كۈلكىلىك ئەمەسمۇ، ئۇلارنى ئالداشقا نېمە ھەددىم؟ مەن كېتىمەن، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كۆزۈڭدىن يوقىلىمەن. بىز مەڭگۈلۈك خوشلىشىمىز، بىر — بىرىمىزنى ئەمدى قايتا كۆرەلمەيمىز... مەن ئادەملىكىمدىن تانىدىم... ئەسلىمگە قايتتىم!

مىركامىل بەئەينى سەۋدايى ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئايتولۇننىڭ ئاياغلىرىغا يۈز — كۆزلىرىنى سۈۋايتتى، سۆيەتتى. ئۇ ئەقلىدىن ئاداشقاندەك كۆرۈنەتتى. ئايتولۇننىڭ ئىچى زەھەر قۇيۇلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق زەبەردەس بىر يىگىتنى نابۇت قىلغىنىنى ئويلىسا ئۆز — ئۆزىدىن يىرگىنىپ كېتەتتى. ئايتولۇن ئۆزىنى ئوڭشاپ تۇرالماي، يەردىلا ئولتۇرۇپ قالدى، كۆزلىرىدىن توختىماي ياش تۆكۈلەتتى.

— مېنى كەچۈرگىن، جېنىم، ھەممە گۇناھ مەندە... مەن سېنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرەتتىم، سەن ئېسىل يىگىت ئىدىڭ، مەن قەدرىڭگە يېتەلمىدىم. بۇنىڭ قىساسىنى ئۆمۈر بويى تارتىمەن تېخى! ئاخىر ماڭا پۇرسەت بەردىڭ، مەن ساڭا بىر ۋەدىلەشكەن كۈنى... ئاھ، قانداق دېيىشنى بىلمەيۋاتىمەن، لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، سەۋەبىنى ئۇقساڭ چوقۇم مېنى...

www.uyghurkitap.com

— ياق، ئاي... سۆزلىمە، بولدى، سۆزلىمىگىن ئەزىزىم... سەن مېنىڭ قەلبىمدىكىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئاسمىنىدىكى ئاي. مەن... مەن ئەسلىمىگە قايتتىم دېدىمغۇ، ئەمدى ساڭا يالغان سۆزلىيەلمەيمەن. قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا، ئەسلىي مەن بۇرۇنراق سۆزلەپ بەرگەن بولسام سەن بۇ كۈنگە قالمايتتىڭ. مېنىڭ ئوتۇمدا پۇچىلىنىپ سەۋدايى بولمايتتىڭ... ئۇ كۈنى مەنمۇ چىقمىغان... قەستەن چىقمىغان... بولدى، سەۋەبىنى سورىما... مېنى... مېنى ھېلىقى ئوقى تۈگىمەس تاپانچاڭدا ئېتىۋەت!

ئايتولۇننىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مۇھەببەت دەردىدە ئاجىزلاشقان يۈرىكى بۇ چىدىغۇسىز ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ ئۇڭدىسىغا گۈپپىلا قىلىپ يىقىلىپ، ياتقان يېرىدە يىلاندەك تولغىنىپ كەتتى.

تۇنجى قېتىملىق تولغاق شۇ يەردە باشلاندى.

## 25

ئۇ ئاپپاق تۆشەكتە ھەر قېتىمدىكىدىنمۇ بەكرەك راھەتلىنىپ ياتاتتى. تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە بىرسى كىرىپ كەلدى. ئۇ كۆزلىرىنى لەپپىدە ئېچىپلا بىر ئەر كىشىنىڭ ئۆزىگە يېقىملىق كۈلۈپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇ قېتىم كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ قالغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى.

— مەن سىزنى ئېنىق كۆرەلىدىم، — دېدى ئۇ ھېلىقى كىشىگە ئىچىدىكى خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي.

— سىز ئەمدى يورۇقلۇققا چىقتىڭىز، قىزىم، ھەممە نەرسىنى كۆرەلەيسىز. مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟

— كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنىسىز - يۇ، قەيەردە ئۇچراشقىنىمىزنى ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن.

— مەن سىزنىڭ دادىڭىز.
— راستىما؟ ئىككىمىز قانداقسىغا بىر يەرگە كېلىپ قالدۇق؟
— سىزنى مەن ئەكېلىۋالدىم، ئەمدى باشقىلار بىلەنمۇ خوش-لىشىۋېلىڭ، — دېدى ھېلىقى ئەر ۋە خۇددى پارغا ئايلىنىپ كەتكەندەكلا غايىب بولدى. ئايتولۇن ئوڭى ياكى چۈشى ئىكەنلى-كىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ئىشىك ئېچىلىپ بىر موماي كىرىپ كەلدى. ئۇ بىر قاراپلا مومايىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكى رەسىم جا-زىسىغا سۈرىتى ئېلىنغان مومايغا قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايدى-غانلىقىنى پەملىدى. ئۇ مومىسى ئىدى.
— نېمە بولدى، قوزام؟
— بىلمىدىم، چوڭ ئانا.
— ئاناڭنى تاشلاپ كەلمىسەڭ بولاتتى، قىزىم، ئۇ تىكەندەك يالغۇز قالىدۇ.
— ئەمىسە ئىككىلىمىزلا ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتەيلى.
— بۇ يەردىن كېتەلمەيمىز، قىزىم.
— نېمىشقا؟
— بۇ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت، قىزىم، بۇنى بۇزۇش بىز بەن-دىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.
— موما، مېنى تاشلاپ كەتمەڭ... قورقىدىكەنمەن... — موماي شەپىسىزلا چىقىپ كەتتى. ئۇ باش تەرىپىدە بىرسىنىڭ ئۆزگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى.
— ئايتولۇن، جېنىم... مېنى كەچۈرگىن.
— ماڭا يېقىن كەلمە. سەن مېنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدۇڭ. مېنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشۇمنى بۇزدۇڭ. گۈزەل چۈش-لىرىمنى بەربات قىلدىڭ...
— ماڭا پۇرسەت بەرگىن.
— ياق.
— ئاشۇ ئۈچۈن مەندىن تېخىچە خاپا بولۇۋاتىسەن -ھە، مەن شۇ ۋاقىتتا ئاجايىپ بىر نەرسىنى ھېس قىلىپ قالدىم.

— نېمىنى؟ — تاقەتسىزلەندى ئايتولۇن.
— مۇھەببەتنىڭ ئەركىن نەرسە ئىكەنلىكىنى، ئەركىنلىك بولمىغان يەردە ئۇنى يېتىلدۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم.
— بۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، — دېدى ئايتولۇننىڭ تەرسالىقى تۇتۇپ.
— ئۇنداق تەتۈرلۈك قىلما، قاراپ باقە، مانا ئەسلىمگە قايتىمغۇ؟
— ئىشەنمەيمەن.
— ئەمىسە سىناپ كۆرگىن، مەن ئەسلىمگە قايتمىغان بولسام ساڭا راست سۆزلەيتتىمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆلۈك قولىنى ئايتولۇنغا ئۇزارتىپ.
ئايتولۇن ئىشەنمىگەندەك ئۇنىڭ قولىنى ئېھتىيات بىلەن تۇتتى، تۇتۇشىغىلا ئۇنىڭ قوللىرى توزغاقتەك توزۇپ كەتتى. ئۇنىڭ جىسمى تۇپراققا ئايلىنىپ بولغانىدى. ئايتولۇن رازىمەنلىك بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەك بولۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، تام ئىچىدىن ئاۋاز چىققاندەك ئۆينىڭ ئىچىدە ئەكس سادا پەيدا بولدى:
— توختىغىنا، نېمىشقا مېنى تاشلاپ كەتتىڭ؟
— مەندە ئامال يوق، بۇ دېگەن تەقدىر.
— ھىم، يالغانچى... تەقدىر - پەقدىر دېگەن گەپلىرىڭگە مېنى ئىشەندۈرەلمەيسەن!
— بۇنداق دېسە كۆپۈرلۈق بولىدۇ. ئاللا ئۆزىگە يارىغان بەندىلىرىنى ئەڭ ئاۋۋال يېنىغا ئەكىلىۋالارمىش.
— قايتىپ كەلگىن.
— ياق، مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم.
— مېنى دېمىسەڭمۇ ياشىنىپ قالغان ئاناڭنى ئويلاپ قوي، بالىمىزنى...
ئايتولۇن ئۈن - تىنسىز تۇرۇۋالدى. بۇ ئۆي ئىشىك - دېرى-

ـزىسىز ياسالغاندەكلا قىلاتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ دىمى سىقىلىپ، ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك سېزىلىپ كەتتى، ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ھايات قېلىشنى ئويلايتتى. بۇنىڭ ئۇچۇن ھاۋا كېرەك، نەپەس ئېلىش كېرەك... ئۇ تامغا ئۆزىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ياشاشقا بولغان ئۈمىدى ئاشقانسېرى قېرىشقاندەك ھالسىزلىنىپ كېتىۋا- تاتتى. ئۇ ئانىسىنى كۆردى، نېمىشقىكىن ئانىسى باشتىن - ئا- خىر قاردەك ئاپپاق كىيىم كىيىۋالغانىدى. ئايتولۇننى توختىماي چاقىراتتى - يۇ، كۆز ئالدىدىلا تۇرغان قىزىنى كۆرەلمەيتتى...

ئۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ھەممە يەرنى ئېنىق كۆرۈۋالماقچى بولغاندەك سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. ئەنە، خارابىلىككە ئايلانغان مەكتەپنىڭ ئىشىكسىز دەرۋازىسىدىن بىرسىنىڭ قارىسى كۆرۈن- دى. ئۇنىڭ قولىدا ئوقى تۈگىمەس تاپانچىدىن باشقا نەرسە كۆ- رۈنمەيتتى. ئۇ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئادەمسىز مەكتەپ بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى، ئارقىغا ئىككىنچىلەپ قاراپمۇ قويمىدى...

زېمىندىكى ئىشلارنىڭ گۇۋاھچىسى ئاي نېمىشقىكىن بۇلۇت ئارىسىغا مۆكۈۋېلىپ غايىب بولدى. دەل شۇ پەيتتە يەردىكى ئاي- نىڭ روھى يەر - زېمىنغا قۇياش نۇرىدەك تەكشى سېپىلمەكتە ئىدى.

www.uyghurkitap.com

گۈلباھار ناسىر

# تاش شەھەردىكى ئايال

شەنبە كۈنى بولغاچقا ئۆيدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئورنىدىن تۇرمىغانىدى. بۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئادىتى بولۇپ، شەنبە ــ يەكشەنبە كۈنلىرى ھەممىمىز قانغۇچە ئۇخلاپ، سائەت توققۇز ــ ئونلاردا ئاندىن داستىخانغا يىغىلىپ، ئادەتتىكىدىن مولراق تەييارلانغان ناشتىلىق بىلەن ناشتا قىلاتتۇق. ھەپتە ئارىلىقلىرىدا مەكتەپكە ئالدىرىشىپ، تەييارلاپ بەرگەن ناشتىلىقنى يېگىلى ئۇنىماي، بىرەر ئىستاكان سۈتنى چالا ــ بۇلا ئىچىپ، بىرەر دانە تۇخۇم ياكى بىر ــ ئىككى تال پىرەنىكنى يانچۇقىغا سېلىپلا ئىدىشكتىن چىقىپ كېتىدىغان قىزلىرىم بۇ كۈنى دادىسى بىلەن كۈلكە ــ چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرۇپ شۇنداق كۆڭۈللۈك ناشتا قىلاتتى. مەن يېنىمدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئارسلاننى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن يوتقاندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ئاشخانىغا چىقتىم. ئۆيىمىز يېڭىلا زىننەتلەنگەن بولغاچقا، ئاشخانا شۇنچىلىك پاكىز ۋە ئازادە ئىدى، تامغا ۋە يەرگە يېپىشتۇرۇلغان چاقچۇقلار، پارقىراپ تۇرغان ئاشخانا جابدۇقلىرى قەلبىمدە بىر تۇرلۇك قانائەت ۋە شادلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلاتتى. بۇ ئۆينى ئېلىپ زىننەتلەش ئالدىدا مەن ئارسلانغا ئۆينىڭ باشقا يەرلىرىگە تەگمىسىمۇ، ئاشخانا بىلەن تازىلىق ئۆينى ياخشى بېزىتىشنى ئېيتقانىدىم، چۈنكى ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىككى خىل ئېھتىياجى مۇشۇ جايدا ئورۇنلىناتتى. شۇڭا، بۇ جاينىڭ ئازادە ۋە كۆڭۈللۈك بولۇشى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ، بو-

لۇپمۇ ئاشخانىنىڭ غوجايىنى بولغان ئايالنىڭ كەيپىياتىغا بىۋا-
ستە تەسىر قىلاتتى. مەن «تاراق - تۇرۇق» ئاۋاز چىقارماسلىق
ئۈچۈن سىلىق دەسسەپ يۈرۈپ چايغا ئوت يېقىۋەتتىم، ئاندىن
توڭلاتقۇدىن تۇخۇم ئېلىپ ھەربىرىمىزگە بىردىن توغرىلاپ مايدا
قىزارتىپ پىشۇرۇپ كىچىك تەخسىلەرگە ئالدىم. قىزلىرىمغا
سۈتنى شۇ پېتى پىشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزىمىزگە ئەتكەنچاي قىل-
دىم، ئاندىن تاشقىرىقى ئۆيگە قويۇلغان تاماق ئۈستىلىگە بۇلارنى
بىر - بىرلەپ تىزىشقا باشلىدىم. ئەزەلدىن تاماق ۋە تاماق ئۈس-
تىلىنىڭ سەل سەنئەتلىك بولۇشىنى ياخشى كۆرەتتىم. شۇڭا،
ئىمكانىيىتىم يار بەرگەن دائىرىدە بۇ جەھەتتە تىرىشىپ باقات-
تىم. بولۇپمۇ مۇشۇنداق دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئۈزۈمچە تاماق
ئۈستىلىنى چىرايلىق بېزەپ، داستىخاننى مول قىلىۋېتەتتىم.
بۈگۈنمۇ ئاۋۋال پەتنۇسقا ئىككى خىل ۋارېنە، ھەسەل، شاكىلات
قىيامى، ئىرىسلارنى چىرايلىق تىزىپ ئاچىقتىم، ئارقىدىن نان
ۋە بولكا سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئەپچىل سېۋەتنىڭ بىر تەرى-
پىگە توغرالغان بولكىنى، بىر تەرىپىگە تۇنۇگۈن ئەكىرىپ قوي-
غان يۇمشاق توقاچنى سېلىپ ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىغا قويدۇم.
خىرۇستالدەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئىككى دانە قىرلىق ئىستا-
كانغا سۈتنى قۇيدۇم. كورىدىكى قايمىقى لەيلەپ تۇرغان ئەتكەن-
چاينى ئوچاقتا شۇ پېتى قويۇپ تۇرۇپ، سىنچاينى ۋە پىيالىلەرنى
ئاچىقىپ تىزىپ، ئۈستەلگە رازىمەنلىك بىلەن يەنە بىر قاراۋەت-
كەندىن كېيىن، ئارسلان بىلەن بالىلارنى ئويغىتىش ئۈچۈن ماڭ-
دىم. ئارسلان ئاللىقاچان ئويغىنىپ بولغان بولۇپ، تورۇسقا قاراپ
نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ئاخشاملا سەل
خامۇش بولۇپ قالغىنى ئېسىمگە كېلىپ:
— تۇرۇڭە ئەمدى، نېمانچە چىقمايدىغان ھاردۇق ئۇ؟ خىزمەت-
تىكى كەيپىياتنى ئۆيگە سۆرەپ كەلمەيدىغان... — دېدىم. ئۇ دەل
شۇ سۆزۈمنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ تازىلىق ئۆيىگە
كىرىپ كەتتى. ئورۇننى يىغىۋېتىپ ئاندىن بالىلارنى ئويغىتاي

دەپ ئويلاپ، ئەمدى يوتقاننى قولۇمغا ئېلىشىمغا تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى.

— ۋەي، ئارسلاننى چاقىرىۋېتىڭە...

بىر ئايالنىڭ تەكەللۇپسىز، خۇددى ماڭا بۇيرۇق قىلىۋاتقاندەك ئاھاڭدا قىلغان بۇ سۆزىدىن يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالغان بولسىمۇ، بەلكى بىرەر خىزمەتدىشى، مۇھىم ئىش بىلەن ئالدىراپ تېلېفون قىلغاندۇ، دېگەن ئوي بىلەن تازىلىق ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ «ئارسلان، سىزگە تېلېفون» دەپ چاقىردىم. «مېنى تازىلىق ئۆيىدە دېسىڭىز بولمامدۇ؟ بىردەمدىن كېيىن بەرسۇن.» ئىچىدىن ئارسلاننىڭ سەل زەردىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئېلىپ ھېلىقى ئايالغا: «ئۇ تازىلىق ئۆيىدە ئىدى، بەش مىنۇتتىن كېيىن تېلېفون قايتۇراي دەيدۇ، ئىسمىڭىز...» دېيىشىم بىلەنلا ئايال تۇرۇپكىنى تاراقىدە قويۇۋەتتى. ئەتىگەندە يولۇققان بۇ كۆڭۈلسىزلىكتىن كۆڭلۈم غەش بولۇپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تۇتقىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم. «نېمە ئىش بۇ؟ ئەتىگەندە خەقنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ ئېرىڭنى چاقىرىۋەت دەيدۇ، بىر ئوبدان گەپ قىلىۋاتسام تېلېفوننى تاراقشىتىپ قويۇۋېتىۋاتىدا!» شۇ خىيال بىلەن ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ، ئارسلاننىڭ تازىلىق ئۆيىدىن چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماپتىمەن. ئىككى - ئۈچ مىنۇتتەك شۇ ھالدا تۇرغاندىن كېيىن تۇرۇپكىنى قويۇپ، ئورۇننى يىغىشقا باشلىدىم. كۆڭلۈمگە بىر غەشلىك سايە تاشلاپ تۇرۇۋالغاچقا، كارىۋات ياپقۇچلىرىنى بۇرۇنقىدەك تۈجۈپىلەپمۇ ياپماي، ياستۇقنى ياپقۇچلارنىڭ ئۈستىگە شۇنداقلا تاشلاپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىشقا تەمشىلىشىمگە تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى. تېلېفوننىڭ قېشىغا مېڭىپ بولۇپراق ئاۋايىقى ئاۋاز ئېسىمگە كېلىپ توختاپ قالدىم. تېلېفون ئىككى سايراپ توختىدى. مېھمانخانىدىن ئارسلاننىڭ بىرەيلەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنى ئاڭلاندى. ئۇ تېلېفوننى مېھمانخانىدا ئالغانىدى. كۆڭلۈمدە ئاۋايىقى گۇمان ۋە غەشلىك بولغاچقا، مېھمانخانىغا چىقماي، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىش-

كىنىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدۇم. بىراق، ئارسلان ناھايىتى تۆۋەن ئاۋازدا گەپ قىلغاچقا ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمىدىم. ئۇ تېلېفوننى بىردەمدىلا قويۇۋەتتى. ياتاق ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىدا نې-مە قىلارىمنى بىلمەي، گويا بىرسى چۆرگۈلىتىپ قويۇۋەتكەن ئادەمدەك گاراڭ ھالدا تۇرۇپ قالدىم. تۇرۇپلا توي قىلىپ تا ھازىرغىچە قىلىپ باقمىغان بۇ گۇمانخورلۇقۇم ئۈچۈن ئۆ-زۈمنى ئەيىبلىگۈم كەلسە، تۇرۇپلا ئابايىقى تېلېفوندا راستلا مەسىلە باردەك تۇيۇلۇپ، ئۆزۈمچە ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىپ باقاتتىم. دەل شۇ چاغدا تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى. يۈرىكىم دۈكۈلدىگىنىچە تېلېفونغا قاراپ تۇردۇم. تېلېفون ئۈچ قېتىم جىرىڭلىغاندىن كېيىن توختاپ قالدى. ئارسلان تېلېفوننى ئالغانىدى. پۈتۈن زېھنىمنى يىغىپ، چوڭراقمۇ نەپەس ئال-ماستىن تاشقىرىغا قۇلاق سالدىم. ئارسلاننىڭ ئاۋازى تولىمۇ پەس چىققاچقا، ھېچنېمىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. كۆڭلۈم غەش ھالدا تېلېفونغا قاراپ تۇرۇپ كۆز ئالدىم تۇيۇقسىز «پاللىدە» يورۇپ كەتتى. قېشىمدىلا تېلېفون تۇرسا، نېمىشقا ئېلىپ ئاڭلاپ باقمايمەن؟ كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى تومپۇچكى-غا قويۇلغان تېلېفوننىڭ قېشىغا بېرىپ، خۇددى بىر بومبى-نى تۇتقاندەك ئېھتىيات بىلەن تىنىقىمۇ ئالماستىن تۇرۇپكى-نى قولۇمغا ئالدىم! «ئەسلى شۇ تېلېفوننى ئالمىسام بوپتى-كەن، ھېچنېمىنى بىلمەي قالغان بولسام بۇ دەردلەرنى تارت-ماس ئىدىم!»

كېيىنكى كۈنلەردە بۇ گەپنى ئۆزۈمگە قانچە قېتىملاپ دې-گەنلىكىمنى بىلمەيمەن، ئەمما ئۇ تېلېفوننى ئالغىنىم ۋە تې-لېفوندا ئاڭلىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇۋالغىلى ياكى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان رېئاللىق ئىدى.

— يەنە بىر قېتىم سوراي، بۈگۈن كېلەمسەن ـ كەلمەمسەن؟

— تېلېفوندا يەنە ھېلىقى ئايالنىڭ كۆرەڭ، قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ خۇددى بەش ياشلىق بالىنى سوراققا تارتىۋاتقان-

دەك ئارسلاننى سوراقلاۋاتاتتى. مېڭەمدە چاراقلاپ چاقماقلار چاقاتتى، تومۇر ـ تومۇرلىرىمغا مۇزدەك بىر سوۋۇقلۇق يامراپ، پۈتۈن بەدىنىمنى مۈزلىتىپ باراتتى. مەن بار غەيرىتىمنى يىغىپ، دىرىلداپ تىترەۋاتقان قولۇمدىكى تۇرۇپكىنى قۇلىقىمغا يېقىن تۇتۇپ تۇراتتىم.

ــ بارمايمەن دېدىمغۇ! قانداق يۈزى قېلىن نېمىسەن؟ بولدى قىلايلى دەپ نەچچە قېتىم دەيمەن ساڭا!

ــ بولدى قىلايلى! ئۇنداق ئاسان ئىش يوق! بولدى قىلساقمۇ مېنى ئوبدان رازى قىلغاندىن كېيىن ئاندىن بولدى قىلىمىز!

ــ رازى قىلماي قانداق قىپتىمەن؟ پۇلنى بەرسەم كوم سالغانسەن؟ شۇ چاغدا ئەمدى ئىزدىمەيمەن دېگەنىدىڭغۇ!

ــ نېمىدەپ ئىزدىمىگۈدەكمەن؟ ئىككى مىڭ كويۇڭغا مۇشۇك ئاپتاپقا چىقامتى؟

ئەمدى دەسسەپ تۇرغۇدەك مادارىم قالمىدى. ھالسىز بەدىنىمنى تامغا ئارانلا يۆلەپ، ئەڭ ئاخىرقى غەيرىتىمنى يىغىپ ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشقا باشلىدىم.

ــ مەن ساڭا نەچچە قېتىم دېدىم، مەن ئۇنداق ئادەم ئەمەس، ئېزىپتىمەن، ماڭا بۇنداق يېپىشىۋالما، خاتىرجەم ئۆيۈمنى تۇتقىلى قوي دەپ! مەن ئۇنىڭدىن جىق پۇلنى نەدىن تاپىمەن؟

ــ بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالغىنىنى بۇنىڭ، قوڭۇڭدا ماشىنا، قولۇڭدا يوغان بىر ئىدارىنىڭ ھوقۇقى تۇرۇپ شۇنداق دېگىلى نومۇس قىلساڭچۇ!

ــ بولدى، ساڭا جىق گەپ قىلغۇم يوق، دېگىنە، قانداق قىلسام ماڭا يېپىشىۋالمايسەن؟

ــ كىچىكرەك بولسىمۇ ئۆيدىن بىرنى ئېلىپ بېرىسەن...

ــ نېمە؟ ــ ئارسلان شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى، ئاۋازىنىڭ ئۈنلۈك چىقىپ كەتكىنىنىمۇ ئۇنتۇدى بولغاي، بىردىنلا ۋارقىراپ ھېلىقى ئايالنى تىللاشقا باشلىدى، ــ ھەي، ئۇۋزۇڭنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ؟ سەندەك كوچىغا چىقىپ قالغان،

نەچچە ئادەمدىن ئاشقىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان بۇزۇقتا تېخى ئۆي ئېلىپ بېرىمەنما؟

— ھەي ماز، ئەينى چاغدا ئەجەب خەقتىن ئاشقان دېمەي دۇم چۈشكەنىدىڭغۇ؟ — ئايالىنىڭ ئاغزىدىن ئەمدى تىل - ھاقارەت ئەمەس، نىجاسەت ئېقىۋاتاتتى. ۋۇجۇدۇمدا بۇ شەرمەندىچىلىكنىڭ داۋامىنى ئاڭلىغۇدەك غەيرەت قالمىدى. تۇرۇپكىنى «تاراققىدە» تاشلىۋەتتىم. مېڭەمدە ئوتلار ياناتتى، يۈرىكىمنى سانسىزلىغان قىزىتىلغان زىخلار ۋاژىلدىتىپ كۆيدۈرەتتى، قوچۇيتتى. «ئاھ، خۇدا! بۇ ماڭا نېمە كۆرگۈلۈك ئەمدى، قانداق قىلارمەن؟ قانداقمۇ قىلارمەن؟ چاچلىرىمنى پاراسلىتىپ يۇلۇپ، تاملارغا دوقۇلدىتىپ ئۇسسەم ئازابلىرىم سەل يەڭگىللەپ قالارمۇ؟» ئۆزۈمنى يەرگە ئېتىۋەتكۈدەك بولۇپ تۇرغان شۇ ئارىدا تېلېفون يەنە سەت ئاۋازدا چىرقىرىدى، بېشىمنى شۇنداق كۆتۈرۈشۈمگە كۆزۈمگە چېلىققىنى تېلېفون ئەمەس، ئىشىك تۈۋىدە ماڭا قاراپ ھاڭۋاققىنىچە تۇرغان، چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك ئاقىرىپ كەتكەن ئارسلان بولدى. ئىككىمىز بىرنەچچە سېكۇنت ئۈن - تىنسىز قارىشىپ تۇردۇق. ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەي قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى نۇردىن ئەسەرمۇ قالمىغان كۆزلىرىنى يەرگە ئاغدۇردى. تېلېفون تىنماي چىرقىرايتتى. گويا پۇتلىرىمىز يەرگە مىخلىنىپ قالغاندەك ھېچقايسىمىز مىدىرلىمايتتۇق. ئاخىر نەدىن كەلگەن غەيرەتكىن، تېلېفوننى ئالدىم.

— ۋەي!

— سىز ئارسلاننىڭ ئايالىما؟

— ...

— ۋەي؟ ...

— مەن شۇ، نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — تۇيۇقسىز شۇنداق سالماقلىشىپ قالغاندىم، بىراق ئاۋازىمدا ھەتتا ئۆزۈممۇ شۈركۈنۈپ كەتكۈدەك بىر سوغۇقلۇق بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، ئايايا ناھايىتى كۆرەڭلىك بىلەن گەپ قىلغان ئايال بىر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىنلا تەمتىرەپ دۇدۇقلىدى:

— قاراڭ، بىز ئارسلان بىلەن... بىز بىر مەزگىل...— بۇ شەرمەندە ھېكايىنىڭ يەنە بىر قېتىم تەكرارلىنىشىغا تاقەت قىلالماي ئۇنىڭ گېپىنى قاق بەلدىن ئۈزدۈم:

— ھەممىنى ئاڭلىدىم، ئەمدى مەن نېمە قىلىپ بېرىمەن؟

ئۇ ئايال دۇدۇقلىغىنىچە بىرنېمىلەرنى بىلجىرلاشقا باشلىدى:

— دەسلەپتە «ۋاي، سىزنى ئۇنداق ياخشى كۆرىمەن، بۇنداق كۆيىمەن» دەپ ئارقامغا كىرىۋېلىپ قىلمىغىنى قالمىدى. تېخى ئۆي ئېلىپ بېرىمەن، دېگەنىدى... ئەمدى قاراڭ، سىزمۇ بىر ئايال كىشى، ئادەمنىڭ بىرسىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالسا مۇشۇنداق بولىدىكەن... ئەمدى قوپۇپ ئاغزى - بۇرنىنى سۈرتۈۋېتىپلا ھېچ ئىش كۆرمىگەن ئادەم بولۇۋېلىپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدۇ... — ئايالنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى گويا بىر چېلەك يۇندى بولۇپ ئۈستىبېشىمغا تۆكۈلۈۋاتاتتى... خورلۇقتىن، يىرگىنچتىن، نەپرەتتىن «ۋاككىدە» يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتىم. ئاخىر ئايالغا دېدىممۇ ياكى ئارسلانغا دېدىممۇ، ئەيتاۋۇر:

— بار رەسۋاچىلىقنى ئۆزۈڭ قىلىشىپسەن، ئەمدى نېمە قىلىشساڭ قىلىشمامسەن، نومۇسسىزلار!... — دەپلا تورۇپكىنى تاشلىۋەتتىم - دە، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئارسلاننى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم.

بىنادىن قانداق چىققىنىم، ئالدىمغا كىملەر ئۇچرىدى، ئۇلارغا سالام قىلدىممۇ، يوق، بىلمەيمەن، قانچىلىك ماڭغىدنىمنى، نەگە، نېمىنى نىشان قىلىپ ماڭغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، ئالدىمغا قاراپ كېتىۋاتىمەن. كاللام قۇپقۇرۇق، بىرەر ئوي - خىيالمۇ يوق، پەقەتلا سىزىدىغىنىم يۈرەكىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يەرنىڭ ۋاژىلداپ كۆيۈۋاتقىنىلا... بىر چاغدا پۇتلىرىمنىڭ تېلىپ ئاغرىغىنىنى ھېس قىلىپ،

زېھنىمنى يىغىپ ئالدىمغا قارىدىم، قىزىق، مەن بىر قوناق-
لىقنىڭ قىرىدا كېتىۋاتاتتىم. سول تەرىپىمدە ياپيېشىل قو-
ناقلىق، ئوڭ تەرىپىمدە بىر ئېرىق سۇ بىلەن قوناق ئېتىزلى-
رىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان كىچىكرەك يول، يول بويىغا قاتار
سېلىنغان خىش تاملىق ئۆيلەر... «توۋا، بۇ شەھەرنىڭ چېتى-
دىكى تۇڭگان مەھەللىسىغۇ، مەن قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كې-
لىپ قالغاندىمەن؟ كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن قېچىپ كېلىۋالغان-
دىمەنمۇ ياكى بۇ شەھەردە ئادەمگە ئازراق بولسىمۇ سەھرا پۇ-
رىقىنى ھېس قىلدۇرالايدىغان مۇشۇ يەردىن كۆڭلۈمگە تەسەل-
لى تېپىش ئۈچۈنمۇ؟» بىراق، شۇ تاپتا ھېلىغۇ ئىس ـ تۈتەك
بېسىپ كەتكەن شەھەرنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى بۇ كىچىككىنە
يېزا ئىكەن، جەننەتكە كىرىۋالغىنىم بىلەنمۇ قەلبىمدىكى
ئازابنى يەڭگىللىتەلمەيدىغىنىمنى ئېنىق ئىدى. «راست ئەمەس-
مۇ، بۇنداق ئازابقا قانداق تەسەللى تېپىش مۇمكىن؟» ئاۋازىم-
نى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ بار ئاۋازىم بىلەن يىغلىۋالغان بول-
سام ئىچىم سەل بوشاپ قالار بولغىيدى، بىراق ئادەتتە كى-
چىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ياش تۆكۈشكە تەييارلا تۇرىدىغان بۇ
كۆزۈمدىن گويا قار كۆچكەندەك تۇيۇقسىز يوپۇرۇلۇپ كەلگەن
بۇ زور ئازاب ئالدىدا بىر تامچىمۇ ياش چىقمايۋاتاتتى. بۈگۈن
ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كۆز يېشىنىڭ نەقەدەر خاسىيەتلىك
نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. «بىر قېتىم ئىچى بوشىغۇچە
يىغلىۋېلىش قانداق راھەت ـ ھە؟»

مەن شۇ خىيال بىلەن قوناقلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ
مېڭىۋەردىم، بولسا مۇشۇ ماڭغانچە جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە ـــ
مېنى ھېچكىم تونۇمايدىغان، ھېچكىم بىلمەيدىغان، خۇشال-
لىقمۇ، قايغۇمۇ، بەختمۇ، ئازابمۇ، كۆز يېشىمۇ، كۈلكىمۇ...
ھېچنېمە بولمىغان بىر يەرگە كەتسەم، ئەتىگەندىن بېرى يۈز
بەرگەن ئىشلار، ياق، ئەتىگەندىن بېرى ئەمەس، تۇغۇلۇپ مۇشۇ
كەمگىچە بېشىمدىن ئۆتكەن بارلىق ئىشلار گويا بىر چۈشتەك

ئۇنتۇلۇپ كەتسە ياكى خاتىرەمدىن پاك - پاكىز يۇيۇلۇپ
كەتسە قانداق ياخشى بولاتتى! بىردىنلا قاتتىق چارچىغانلى-
قىمنى ھېس قىلدىم، راست، مەن بەك چارچىغاندىم، ئەتى-
گەندىن بېرى خۇددى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك نىشانسىز
مېڭىۋېرىپ مانا ئەمدى پۇتلىرىمنى يۆتكىگۇدەكمۇ ماغدۇرۇم
قالمىغانىدى. شۇڭا، ئېتىزنىڭ قىرىدا — جايىمدىلا ئولتۇرۇپ
پۇتلىرىمنى ئېتىز تەرەپكە سوزۇپ، تېلىپ ئاغرىۋاتقان بول-
جۇڭ گۆشلىرىمنى ئۇۋۇلىدىم. شۇ چاغدا كۆزۈم تۇيۇقسىز پۇ-
تۇمدىكى ساپما كەشكە چۈشۈپ چۆچۈپ كەتتىم. «تۇۋا، ئەس-
لىدە مەن ئۆيدىن ساپما كەش ۋە خالات بىلەنلا چىقىپتىمەن -
دە! بىنادىن چىققۇچە ھەم ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىن ئۆتۈپ
بولغۇچە ماڭا كىملەر ئۇچرىغاندۇ؟ يوللاردا مۇشۇ ئەسەبىي
تۇرقۇم بىلەن كېتىۋاتقىنىمدا كىشىلەر ماڭا قانداق نەزەر بى-
لەن باققاندۇ؟» ئائىلە ماجىراسىدىن باشقا نەرسىنىڭ بىر ئا-
يالنى مۇنداق ئەسەبىي ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويالمايدىغىنىنى
ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ھالبۇكى، ئارسلان بىلەن ئىككىمىز پۈ-
تۈن قوشنا - قولۇم، دوست - بۇرادەرلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە
«ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز»دەك ماس كەلگەن بىر جۈپلەر
ھەم ئىناقلىقنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئۈلگىلىرىدىن ئىدۇق.

ئارسلان بىلەن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئاخىرقى يىلى ۋە ئالىي
مەكتەپنىڭ تۇنجى يىلىدىكى «يوشۇرۇن كۆيۈش، مەخپىي
ئازاب» باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن يۈرگەن
ھەم خىزمەتكە چىقىپ، ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ رازىلىقى بىلەن
چىرايلىقچە توي قىلىۋالغانىدۇق. مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەخت-
لىك ھېسابلايتتىم، ئارسلاندەك قەددى - قامىتى كېلىشكەن،
خۇشخۇي، كۆيۈمچان يىگىتكە ياتلىق بولغانلىقىم ئۈچۈنلا ئە-
مەس، ئەڭ مۇھىمى، ھاياتىمدا ئۆزۈم تۇنجى مۇھەببىتىمنى
بېغىشلىغان ئادەم بىلەن ئۆمرۈمنى بىللە ئۆتكۈزۈش بەختىگە
مۇيەسسەر بولغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى بەختلىك سانايتتىم.



www.uyghurkitap.com

چۈنكى، بۇنداق بەخت ناھايىتى ئاز ساندىكى ئاياللارغىلا نې-
سىپ بولاتتى. مەن دوستلىرىمنىڭ ئاغزىدىن ۋىسال تاپمىغان
تۇنجى مۇھەببەت ھەققىدىكى تالاي تەسىرلىك ھېكايىلەرنى،
تالاي خورسىنىش ۋە ئەپسۇسلىنىشلارنى ئاڭلىغانىدىم، شۇ-
ڭىمۇ ئۆز بەختىمنى قەدىرلەيتتىم، ئائىلەمنى سۆيەتتىم،
ئارسلان ئۈچۈن، قىزلىرىم ئۈچۈن ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەق-
قەت بولسا تارتىشقا تەييار ئىدىم. بۇ مەن ئۈچۈن جاپا ئەمەس،
بەلكى ھۇزۇر بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئارسلان ئۇچۇق مىجەزلىك،
شوخ، ئويۇن ـ چاقچاقا، ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئامراق ئىدى.
تېخى ئانچە ـ مۇنچە دۇتار چېلىپ ناخشىمۇ ئېيتىپ قوياتتى،
ئەمما شاللاقلىق قىلمايتتى. مەن سەل ئېغىر، خىيالچانراق
ئىدىم، شۇنداقتىمۇ مەيلى ئائىلىدە بولسۇن، مەيلى سىرتلار-
دىكى ئالاقىلەردە بولسۇن، ئىمكانقەدەر ئۇنىڭغا ماسلىشىشقا
تىرىشاتتىم. بىزنىڭ ئۆيدە ئۆي ئىشلىرىنى «سەن ئاز قىل-
دىڭ، مەن كۆپ قىلدىم» دەپ بەس سېلىشىدىغان ئىشلار بول-
مايتتى، سىرتنىڭ ئىشلىرىدا ئۇ ماڭا ئېغىرچىلىق سالمايت-
تى، ئۆيئىچىدىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردا مەنمۇ ئۇ-
نىڭغا يۆلىنىۋالمايتتىم. تاماقلارنى قولمۇقول ئېتىشىپ يەيت-
تۇق. بىرەر كۈن ئىدارىدە ئىشىم چىقىپ قېلىپ ياكى دوست-
لىرىم بىلەن بىر يەرگە بارىدىغان بولۇپ قېلىپ ئۆيگە قايتال-
مىغۇدەك بولسام، غۇدۇراپ، چىرايلىرىدىن قار ـ مۇز ياغدۇ-
رۇپ كەتمەي، تاماق ئېتىپ بالىلارغا قارىغاچ تۇراتتى. مەنمۇ
ئۇنى تېگىشلىك باردى ـ كەلدى ۋە ئالاقىلەردىن توسمايتتىم،
ماڭا بولغان مۇھەببىتىگە ۋە ئائىلىگە بولغان مەسئۇلىيەتچان-
لىقىغا ئىشەنگەچكە، ھە دېسە بارغان ـ تۇرغان يېرىنى سۈ-
رۈشتۈرۈپ كۆزىگە كىرىۋالمايتتىم، بۇنداق قىلىشنى ھەم
ئۆزۈمگە مۇناسىپمۇ كۆرمەيتتىم. مانا ئەمدى...

خىياللىرىم شۇ يەرگە كەلگەندە كۆز ئالدىمغا يەنە ئەتىگەن-
كى ماڭا خۇددى بىر قاباھەتلىك چۈشتەك تۇيۇلغان ئىشلار

www.uyghurkitap.com

كېلىپ، خورلۇق ۋە ئەلەم يۈرىكىمنى سانسىز قۇرتتەك غا-
جىلاشقا باشلىدى. يۈرىكىمنىڭ ئىچىشىپ ئاغرىشلىرىغا بەس
كېلەلمەي دەسلەپ قىردىكى ئوتلارنى يۇلۇپ، ئارقىدىن توپىنى
كولاپ ئېلىپ زەرب بىلەن قوناقلىققا قارىتىپ ئاتتىم، ئارقا ـ
ئارقىدىن ئېتىۋەردىم، بىر چاغدا قارىسام ئولتۇرغان يېرىمنىڭ
ئىككى تەرىپىدىن خېلى چىق يەرنى كولاپ بوپتىمەن، تىرناقلىـ-
ـرىمغا توپىلار كىرىپ يېرىلىپ كېتىپتۇ. لاي، توپا بىلەن بۇل-
غانغان قولۇمغا، يېرىلىپ قانىغان تىرناقلىرىمغا قاراپ ئولتۇرۇپ
تۇيۇقسىز شۇنداق قاتتىق يىغا تۇتتىكى، ئاۋازىمنى بولۇشىغا قو-
يۇۋېتىپ ھۆڭگىرەپ يىغلاشقا باشلىدىم. ئەگەر بىرلىرى قوناق-
لىقنىڭ ئىچكىرىسىدىن چىقىۋاتقان بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ قالغۇدەك
بولسا، بۇنى ھەرگىز ئادەمنىڭ ئۈنى دەپ ئويلىمايتتى. مەن قو-
لۇمدىكى توپىلارنى سىقىملاپ تۇرۇپ يىغلايتتىم، چاچلىرىمنى
قاماللاپ يىغلايتتىم، تىزلىرىمنى قۇچاقلاپ يىغلايتتىم... ئاخىر
ئاۋازىم پۈتۈپ يىغلىغۇدەك مادارىمۇ قالماي، بېشىمنى تىزىمنىڭ
ئۈستىگە قويۇپ ھېقىقداپ ـ ھېقىقداپ توختىدىم...

كەچ كىرىپ ئەتراپىقا قاراڭغۇلۇق يېيىلدى. ئابايا بۇ يەرگە
كېلىپ ئولتۇرغىنىمدا ماڭا مۇشۇ قوناقلىقتىن تىنچ، پىنھان،
خاتىرجەم يەر يوقتەك تۇيۇلغانىدى. مانا ئەمدى تۇرۇپلا قوناقلىق-
نىڭ ئىچكىرىسىدىن ھاشاراتلارنىڭ ئاۋازىمۇ ياكى قۇشلارنىڭ
ئاۋازىمۇ، ئەيتاۋۇر غەلىتە ئاۋازلار، شالدىرلاشلار ئاڭلىنىشقا
باشلىدى. ئېگىز ئۆسكەن قوناقلار ئارىسىدا بىرلىرى شۇملۇق
بىلەن تولغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ تۇرغاندەك تۇيۇلۇپ، بىر-
دىنلا ۋۇجۇدۇمنى قورقۇنچ چىرماپ، ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ
كەتتىم. سوغۇق ۋە ۋەھىمىدىن جالاقلاپ تىترىگىنىمچە قوناق-
لىقتىن چىقىپ، چوڭ يولدا نەگە بېرىشىمنى بىلمەي ئالدى ـ
كەينىمگە قاراپ تۇرغىنىمدا، يېنىمدىن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ما-
ڭا ھەيرانلىق نەزىرىدە قاراشلىرى ۋە قېشىمدىن قورقۇمسىراپ
داجىپ ئۆتۈپ كېتىشلىرىدىن ھەممىنى چۈشەندىم. دېمەك، ھا-

زىرقى تۇرقۇم بىر ساراڭنىڭ ئۆزىلا بولغانىدى، شۇڭا يولنىڭ چېتىگىرەك چىقىپ چاچلىرىمنى بارماقلىرىم بىلەن تاراپ سەل - پەل تۈزەشتۈردۈم، كۆزۈمنى بىرئاز ئۇۋۇلاپ ئىششىقلارنى يازدۇرغان بولدۇم، ئاندىن چىرايىمغا تەمكىنرەك تۈس بېرىشكە تىرىشىپ يولنىڭ ئىچىگىرەك كىرىپ تاكسى توسۇشقا باشلىدىم. بىرنەچچە ماشىنا ئالدىمغا كېلىپ توختاشقا تەمشىلىپراق ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئالدى تەرەپكە ئاستا ماڭغاچ، ئارقامغا قاراپ ماشىنىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەن هامان قولۇمنى كۆتۈرۈپ توسۇيتتىم، ئاخىر بىر ماشىنا يېنىمدىن ئۆتۈپ بولۇپراق توختىدى، ئىتتىك بېرىپ ماشىنا ئىشىكىنى ئاچسام تاكسى شوپۇرى ئايال ئىكەن. ماشىنىغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن «نەگە بارىسىز؟» دەپ سورىدى ئۇ چىرايىمغا هېسداشلىق نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ. ئۆينىڭ ئادرېسىنى دەپ بەردىم، ئۇ گەپ قىلماي ماشىنىنى قوزغاتتى.

بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ تاكسى شوپۇرىنى ساقلىتىپ قويۇپ ئېلېكترونلۇق ئىشىك كۇنۇپكىسىدىن ئۆينىڭ نومۇرىنى باستىم. «ۋەي، ئاپا؟!» چوڭ قىزىم لالەنىڭ ئەندىشە هەم خۇشاللىق ئارىلاش ئاۋازى ئاڭلاندى. «ماڭا دەرهال يىگىرمە يۈەن ئەپچۈشۈپ بېرىڭ، تاكسى شوپۇرى ساقلاپ قالدى» دېدىم قىزىمغا. بىردەمدىلا پەلەمپەيدىن لالەنىڭ يۈگۈرۈپ چۈشۈۋاتقىنى ئاڭلاندى، مەن پۇلنى شوپۇرغا بېرىپ «رەهمەت» دېدىم چوڭقۇر مىننەتدارلىق تۇيغۇسىدا. بىلەكلىرىمگە يېپىشقىنىچە پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋاتقان لالە ماڭا هېچنېمە دېمىدى، نەگە بارغىنىمنىمۇ سورىمىدى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن «ئاپا!» دەپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلگەن لەيلىنى جىملەپ، ياتاق ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى. تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان بالا ئەمەسمۇ، قارىغاندا، ئۇ ئەتىگەن بولغان جېدەل - ماجىرادىن بىرەر نەرسىنى پەملەپ قالغاندەك قىلاتتى.

مېهمانخانا ئۆيدە نېمە قىلىشىمنى، قايسى ئۆيگە كىرىشىمنى بىلمەي تۇرىمەن، ئون نەچچە يىل تۇتقان بۇ ئۆيۈم شۇ تاپتا ماڭا

شۇنداق يات، ناتونۇش بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. تۇرۇپلا كاللامدىن: «مەن بۇ ئۆيگە يەنە نېمىدەپ كىردىم؟ بۇ ئۆي ئەمدى ماڭا مەنسۇپ بولامدۇ؟» دېگەن خىياللار كەچتى. راست، مەن بۇ ئۆيگە يەنە نې-مىدەپ كىردىم؟ ئەمەلىيەتتە، ئابايا يولدا ماشىنا ساقلاپ تۇرغان-دىلا بۇ مەسىلىنى ئويلىغانىدىم، شۇ چاغدا ئۇدۇل چوڭ ئۆيگە كەتسەممۇ ياكى بىرەر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە كېتىپ تۇرساممۇ بولاتتى، بىراق چوقۇم مۇشۇ ئۆيگە بىر كېلىپ ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى ئۇقۇپ بېقىشىم كېرەكتەك تۇيۇلغانىدى. شۇ تاپتا سا-فادا بېشىنى سالغىنىچە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتقان ئارسلاننىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىم، مەن سەل ئۆزۈمنى توختى-تىۋېلىش ئۈچۈن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ يۈزلىرىمنى يۇيۇپ، كىيىملىرىمنى ئالماشتۇردۇم، چېچىمنى تاراپ ئارقىغا تۇرمەك-لىدىم، لۆڭگىنى مۇزدەك سۇدا ھۆل قىلىپ كۆزۈمگە بېسىپ نەچچە مىنۇت تۇرغۇزۇپ ئىششىقنى سەل ياندۇردۇم، ئاندىن ئاس-تا مېڭىپ مېھمانخانىغا چىقتىم. ئارسلان تېخىچە تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. بىرسىنىڭ ئارقىدىن بىرسىنى ئۇلاپ چېكىۋەرگەن بولسا كېرەك، كۈلدان تاماكا كۆتىكى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردۇم، ئۇ گويا مېنىڭ ئۆيگە كىرگىنىمى-نىمۇ، يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغىنىمنىمۇ سەزمىگەندەك بېشىنى سالغىنىچە تاماكىسىنى چەكمەكتە ئىدى. قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، يەنە تېخى مەندىن قاتتىق ئولتۇرۇپ كەتكىنىگە قاراپ بىردىنلا غۇززىدە ئاچچىقىم كېلىپ:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدىم زەردە بىلەن.

— نېمىنى؟ — دېدى ئۇ كۆزۈمگە لاپپىدە قاراپ قويۇپلا ئىت-تىك بېشىنى سىلىپ. بۇ گەپ بىلەن ئەتىگەندىن بېرى يىغىلغان پۈتۈن ئاچچىق بىراقلا مېڭەمگە تەپتى:

— نېمىنى بولاتتى، ماۋۇ ئۆيدە تېرىلغان چىرايلىق ئىشنى، تالادىكى توقال خوتۇنىڭىزنى!

ئارسلان گويا مېنىڭ ئۆزىگە مىختەك تىكىلىپ ئولتۇرغى-



www.uyghurkitap.com

نىمنى سەزمىگەندەك، قولىدىكى چېكىپ بولغان تاماكىنى كۈلدانغا سېلىپ ئۆچۈرۈپ يەنە بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى، ئاندىن كۈچەپ تۇرۇپ ئارقا - ئارقىدىن نەچچىنى شورىۋەتكەندىن كېيىن:

— چاي دەملىسەم بىرەر پىيالە چاي ئىچەمسىز؟ — دېدى كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ.

— هازىرقى بۇ هالىمدا چاي ئەمەس، زەهەر بەرسىڭىز گېلىدىن ئاسانراق ئۆتەرمىكىن! — شۇ گەپنى قىلىپلا كۆزۈمدىن سەلدەك ياش كەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى غەزەپ چىرمىۋالغىنىغا قارىماي، ئارسلاننىڭ شۇ بىر ئېغىز گېپى بىلەن كۆڭلۈم سەل يۇمشاپ قالدىمۇ ياكى ئىلگىرىكى مېهىر - مۇهەببەت بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىمىز ئېسىمگە كېلىپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ ئابايقى سالماقلىقىمنى، تازىلىق ئۆيىدە يۈزۈمنى يۇيۇۋېتىپ ئۇنىڭ ئالدىدا قەتئىي ياش تۆكمەسلىك ھەققىدە ئۆزۈمگە بەرگەن ۋەدىلىرىمنى ئۇنتۇپ يىغلاشقا باشلىدىم. ئارسلان قايسى چاغدا ئورنىدىن تۇردىكىن، ئاشخانىغا چىقىپ چاي دەملەپ كىرىپتۇ.

— يىغلاۋەرمىسىڭىزچۇ! — دېدى ئۇ بىر پىيالە چاينى ئالدىمغا قويۇپ.

— ئەمىسە كۈلەيما؟ سىزچە بولغاندا مەن «مېنىڭ ئېرىم تالادا بىرسى بىلەن تېپىشىۋاپتۇ، يەنە كېلىپ بىر پاهىشە بىلەن» دەپ كۈلۈپ كەتسەم بولامتى؟

— ئاستىراق گەپ قىلىڭ، بالىلار ئاڭلاپ قالىدۇ.

— بالىلاردىن نومۇس قىلىشنى بىلگەن ئادەم بۇنداق پەسكەشلىك قىلمايدىغان...

— سىز!... — ئۇ ماڭا قاراپ بىر دىۋىنىپ توختاپ قالدى. شۇ تاپتا بارغانسېرى جەهلىم قېتىپ كۆزۈمگە هېچنېمە كۆرۈنمەيۋاتاتتى.

— هە! هۇرپىيىسىزغۇ؟ مەن نېمە بوپتىمەن؟ ئۇ ئىشىڭىز پەسكەشلىك بولماي چىرايلىق ئىشمىدى يا؟ ئىشنى تېرىشتىن

قورقمىغان ئادەم ئاقىۋىتىدىنمۇ قورقماسلىق كېرەك، ئەتە ـ ئۆگۈن ئۇنى بۇ ئۆيگە ئەكىرسىڭىزمۇ باللار بەربىر بىلىدىغان گەپ...

ــ نېمانداق گەپ قىلىسىز؟ ئەتىگەن ھەممىنى ئاڭلىدىڭىز ـ غۇ؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن قەستەن ئۇنداق ئارىلاشمىغان، ــ ئارسلان گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ «قەستەن ئۇنداق ئارىلاش ـ مىغان» دېگەن سۆزى يۈرىكىمنى يەنە بىر قېتىم تىلغاپ ئۆتتى. دېمەك، قەستەن بولمىسىمۇ ئارىلاشقانىدى. ئەتىگەن ئىككىسى ـ نىڭ تېلېفوندا قىلىشقان سۆزلىرىدىن بەزى نەرسىلەرنى بىلگەن بولساممۇ، بۇ سۆزنى ئارسلاننىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاش ئاياللىق غۇرۇرۇمغا ئۇرۇلغان يەنە بىر تەستەك بولۇپ تۇيۇلۇپ، كۆزلى ـ رىمدىن قايتىدىن ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئارسلان شىرەنىڭ ئۈستىدە تۇرغان قەغەز قۇتىسىدىن نەچچە تال قەغەزنى سۇغۇرۇ ـ ۋېلىپ گەپ قىلماستىن ماڭا تەڭلىدى، پەرۋا قىلماي يىغلاۋەر ـ گىنىمنى كۆرۈپ پىيالىدىكى چاينى سۇنۇۋىدى، قولۇمنىڭ ئار ـ قىسى بىلەن بىرلا ئىتتىرىسەم، چاي ئۇنىڭ يۈزىگە، كىيىملىرى ـ گە تۆكۈلۈپ، پىيالە گىلەم ئۈستىدە نەچچە دومىلاپ توختىدى. ئارسلاننىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن چىرايىغا، يۈزلىرىدىن سارقىپ چۈ ـ شۈۋاتقان چاي تامچىلىرىغا قاراپ بىردىنلا يۈرىكىمنىڭ بىر يەر ـ لىرى ئېچىشىپ كەتتى. «توۋا، بىر كۈنلەردە ئۇنىڭغا مۇشۇنداق قوپاللىق قىلارمەن دەپ ئويلاشمۇ ئەقلىمگە سىغمايتتى، قانداق كۈنلەر كەلدى بېشىمىزغا؟»

ئارسلان يۈزىدىكى چاينىمۇ سۈرتمەستىن بىرھازاغىچە جىم ـ مىدە ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن قەغەز قۇتىسىدىن بىرنەچچە پار ـ چە قەغەزنى ئېلىپ يۈزلىرىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ بىر كۈنى بىرقانچە ئاغىنىلەر يىغىلىپ ئولتۇرغانىدۇق. ئارىمىزدىن بىرسى ئۆزىچە ئويۇن چىقىرىپ سورۇن يېرىملاش ـ قاندا بىرنەچچە قىزنى چاقىرتىپتۇ. ئارىسىدا بىرسى «دۇتارنى

ياخشى چالىدىكەنسىز» دەپ ماڭا بەكرەك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتتى. سىز بالىلارنى ئېلىپ تۇرپانغا كەتكەندە، بىر كۈنى يەنە شۇنداق ئولتۇرۇپ قالدۇق، سورۇن تاراپ سىرتقا چىققاندا ھېلىقى... — ئارسلان ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنى خالىمىغاندەك ئۇنى «ھېلىقى» دەپ ئاتاۋاتاتتى، — «ئارسلان مېنى ئاپىرىپ قويدۇ» دەپ ماشىنامغا چىقىپلا ئولتۇردى. مەنمۇ ئوغۇل بالىچىلىقىمغا ئېلىپ، «ئاپىرىپ قويسام ئاپىرىپ قويدۇم» دەپ مېڭىپتىمەن. بىر خالتا كوچىدىكى پاكار ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە: «كەلدۇق، ئۆيگە كىرىپ بىر پىيالە چاي ئىچىپ مېڭىڭ» دەپ تۇرۇۋالدى، شۇ كۈنى جىقراق ئىچىپ قويغان بولسام كېرەك، ئارقىسىدىن كىرىپتىمەن... — سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئارسلان توختىۋالدى. دېمەك، ئىشنىڭ ئاخىرى ئارسلان ئېيتمىغان ھالەتتىمۇ ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى.

ئۇدۇلۇمدا يەرگە قاراپ ئولتۇرغان ئارسلاننى خۇددى بۇگۈنلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ تۇردۇم، بۇ تىكىلىشكە قانداق مەنىلەرنىڭ ئارىلىشىپ كەتكىنى پەقەت ئۆزۈمگىلا ئايان. «توۋا، — دەيتتىم ئۆز - ئۆزۈمگە، — ئۇ يېنىمدىلا تۇرۇپ شۇنچە ئىشلارنى قىپتۇ - يۇ، مەن خۇددى بىر ئەمادەك ياكى گاستەك ھېچنېمىنى بىلمەي، سەزمەي، ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا كۈتۈپ، خىزمىتىنى قىلىپ يۈرۈپتىمەن! ئاشۇ ئولتۇرۇشلاردا كىيىدىغان كىيىملىرىنى يۇيۇپ دەزماللاپ بېرىپتىمەن، بەلكى شۇ كۈنلەردە ئاشۇ ئىپلاس بىلەن ياتقاندا كىيگەن كىيىمىنىمۇ مەن يۇغاندىمەن؟!» چىرايىمدا ئەكس ئەتكەن يىرگىنچ، غەزەپ ئىپادىلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىدىمۇ ياكى ئىشنىڭ ئاخىرىنى سۆزلەش ئېغىر تۇيۇلدىمۇ، ئارسلان يەنە تاماكا قېپىنى ئېلىپ بىر تال تاماكىنى چىقىرىپ، قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئوت تۇتاشتۇرۇپ شوراشقا باشلىدى. ئارىمىزدا تاشتەك ئېغىر، مۇزدەك سوغۇق بىر سۈكۈت لەيلەيتتى، تىللىرىمىز جىڭ تېشى ئېسىۋالغاندەك ئېغىر ئىدى...

— شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ ئۆينىڭ دائىملىق مېھمىنىغا ئايلى-
نىپ قالدىم دەڭ؟ — دېدىم ئاخىر بۇ خىل جىمجىتلىق ۋە سى-
قىلىشقا بەرداشلىق بېرەلمەي ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرلەۋاتقان سو-
غۇق تىترەكنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ.

— ھازىر ھەرنېمە دېگىنىم بىلەنمۇ سىز بەرىبىر ئىشەنمەي-
سىز، — دېدى ئارسلان تاماكىنى يەنە كۇلدانغا بېسىپ ئۆچۈرۈپ
تۇرۇپ، — شۇ كۈنى سەھەردە قاتتىق ئۇسساپ ئويغىنىپ كەت-
تىم. كۆزۈمنى ئېچىپلا چۆچۈپ كەتتىم. «ھەي، مەن نەدە؟...»
زەي پۇراپ تۇرغان ئۆي، كىرلەشكەن تۆشەك، يېنىمدا ئۆزىنى
تاشلاپ ئۇخلاۋاتقان ھېلىقىنى كۆرۈپ ئاخشامقى ئىشلار چاقماق
تېزلىكىدە كاللامدىن كەچتى. پۇشايماندىن ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم
يېگۈدەك بولدۇم، كۆڭلۈم شۇنداق ئەسكى بولدى. كۆز ئالدىمدا
بىر تۇتام پاخالدەك جانسىز چاچلىرىنى ئاققا مايىل سېرىققا بو-
يىۋالغان، تاتىرىپ كەتكەن يۈزلىرىنى سەپكۈن باسقان، كىرپىك-
لىرىگە سۈرگەن لاكلىرى يېيىلىپ، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا بىر
كەلگەن، قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆكىرىپ خالتىلىشىپ كەتكەن
بىر ئايال بەخىرامان ئۇخلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن مەخسۇس
مۇشۇ كەسىپ بىلەن جان باقىدىغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى... —
ئارسلان يەنە بىرھازاغىچە جىممىدە بولۇپ كەتتى. مەن بەدەنلى-
رىم تىكەنلەشكەن ھالدا ئۇنىڭغا قادىلىپ قاراپ ئولتۇراتتىم،
ئۇنىڭ شۇ ئىشتىن كېيىن يەنە قانداقلارچە ئىككىمىز ياتىدىغان
كارىۋاتقا چىقىپ، ئاشۇ ئاپپاق كىرلىكلەردە يېتىشقا يۈزى چىدى-
غانلىقىغا، ۋىجدانى كۆيمىگەنلىكىگە ھەيران بولاتتىم. ئارىدىن
قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئارسلان يەنە كۈچىنىپ تۇرۇپ گې-
پىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇ كۈنى ئۇنىڭغا ئازراق بىرنەرسە بې-
رىپ قوتۇلۇپلا كېتەي، دەپ ئويلىغان، ئەمما مەن ئۇنى خاتا مۆل-
چەرلەپ قاپتىمەن، ھە دېسە تېلېفون قىلىپ بەك ئاۋارە قىلىپ
كەتتى، بىر - ئىككى قېتىم سىرتقا تاماققا چاقىرىپ چىرايلىق
گەپ قىلدىم، ھېچ ئۇنايدىغاندەك ئەمەس، ھېلى «ئايالىڭغا، ئىدا-

رەڭگە چاقىمەن» دەپ قورقۇتىدۇ، كېيىن بۇ ئىشنى ئاغنىدـ
لەرنىڭ بىر ـ ئىككىسى ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا چىرايلىق نەسىھەتـ
ـمۇ قىلدى، مەن ئازراق پۇلمۇ بەرگەن بولدۇم، لېكىن پەقەتلا
قۇتۇلالمىدىم. ئۇ مۇشۇنداق قىلسام چوڭراق بىر نەرسە ئۇندـ
دۇرۇۋالالايمەن، دەپ ئويلىدىمۇ، مېنى زادىلا قويۇۋەتمىدى.
ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى قانداق بىلىۋالدىكىن، مانا بۇـ
گۈن...

ئۇ كۈنى ئىككىمىزنىڭ جېدىلى بىر باشقا چىقمىدى، مەنـ
ـمۇ دەماللىققا ئۆيدىن باش ئېلىپ چىقىپ كېتەلمىدىم. بىر
تەرەپتە دەسسەپ ـ چەيلەپ تىتما ـ تالاڭ قىلىۋېتىلگەن ئاـ
ياللىق غۇرۇرۇم، پۇرلەپ تاشلىۋېتىلگەن كونا قەغەزدەك
خارلانغان مۇھەببىتىم، يەنە بىر تەرەپتە بولسا ئۆزۈم ئون
نەچچە يىلدىن بېرى خۇددى قۇشلار بىر تال ـ بىر تالدىن پاـ
خال تېرىپ كېلىپ ئۇۋا تىزغاندەك ئەجىر ۋە مېھىر بىلەن
قۇرۇپ چىققان ئۆيۈم ۋە باغرىمنى يېرىپ چىققان ئىككى قىدـ
زىمنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرغان يېتىملىك تەقدىرى
تۇراتتى. ئۆيدىنغۇ چىقىپ كېتەلمىدىم، ئەمما گالغا تۇرۇپ
قالغان قاتتىق سۆڭەكتەك تۇرغان بۇ ئاچچىقنىمۇ يۇتۇۋېتەلـ
ـمىدىم. كۈندە كەچتە باللار ئۇخلاپ، ئارسلان بىلەن يالغۇز
قالساقلا ئىختىيارسىز شۇ ئىشنى تەرگەيتتىم، يىغلايتتىم،
قاقشايتتىم. كۈندۈزلىرى ھېچ ئىش بولمىغاندەك خىزمەتكە
بېرىپ ـ كېلىپ يۈرگىنىم بىلەن، خاپىلىقتا ئىچ ـ ئىچىمـ
دىن تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتىم. شۇ كۈنلەردە ئۆيىمۇ ئۆيگە ئوخـ
شىماي قالدى. ئۆيىنىڭ ھەممىلا يېرىدە نەرسىلەر قالايمىقان
چېچىلىپ ياتقان، ئىشكاپلارنى توپا باسقان، ئاشخانىغۇ كۆز
بىلەن كۆرگۈسىزلا. ئەر كىشى «تاماق ئەتتىم» دېگەن بىلەنمۇ
ئاشخانىغا ھامان يات بولغاندىكىن ئاياللاردەك بىر باشتىن تاـ
زىلاپ يىغىشتۇرۇپ ماڭمايدىكەن. بۇرۇنمۇ ئۇ تاماق ئەتسە
كەچلىكى بىرھازاغىچە ئاشخانا تازىلايتتىم. ئەمما، ھازىر

www.uyghurkitap.com

بۇلارغا قاراشقا رايىم يوق. مەن پاكىز، ئىشچان، ئېدىتلىق بولۇپ نېمىگە ئېرىشتىم؟ مەنمۇ سىز بىلەن تەڭ خىزمەت قىلىۋاتىمەن دېمەستىن، ئون نەچچە يىلدىن بېرى بىرەر قې- تىم ياقىسىنى كىر قىلماي، بىر ۋاق تامىقىنى كەم قىلماي ئۇنى كۈتۈپ كەلدىم. ئاقىۋەتتە نېمە بولدى؟ كۈنلەر شۇنداق ئۆتمەكتە. قولۇم ھېچ ئىشقا بارمايدۇ، كەچلىرى يىغلاپ، يۈ- رىكىمنى قۇرتتەك غاجىلاپ كېتىۋاتقان خىياللار بىلەن ئې- لىشىپ قايسى چاغدا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، ئەتىگى- نى كۆزۈمنى ئېچىشىم بىلەنلا ھېلىقى مۇدھىش ۋەقە «لاپ»لا قىلىپ كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ، ئۇنداق خىيال قىلىمەن، بۇنداق خىيال قىلىمەن، خىياللىرىمنىڭ ئاخىرىغا چىقالمايمەن. ئارسلان ئورنىدىن تۇرۇپ باللارغا چاي بېرىپ يولغا سالغاز- دىمۇ، ساقاللىرىنى ئېلىپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چاي ئىچىشكە ئولتۇرغاندىمۇ، باش - ئاخىرى يوق خىياللار ئىل- كىدە ئۇھسىنىپ ياتىمەن، ئاخىر ئىشقا ماڭىدىغان ۋاقىت توشۇشقا يېرىم سائەت قالغاندا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يۈزۈمنى چالا - بۇلا يۇيۇپ، چايمۇ ئىچمەستىن ئىشقا ماڭىمەن. ئۆ- زۈمگە بىلىنمىگىنى بىلەن بەكلا تېز ئورۇقلاپ كەتكەن بول- سام كېرەك، ئىدارىدىكى ئايالالار، قوشنىلار ماڭا قاراپ ھە- ۋەسلەنگەن ھالدا: «ئورۇقلاۋېتىپسىز - دە؟ ئۇنداق قىلماي مەخپىي رېتسېپلىرىڭىزنى بىزگىمۇ دەپ بېرىڭ، تەڭ ئو- رۇقلايلى» دېيىشىدۇ. بۇرۇنلاردا بازارغا چىقىپ ياخشى كۆر- گەن كىيىملەرنى ئالاي دەپ سىناپ بېقىش ئۈچۈن تەمشەلگى- نىمدە مال ساتقۇچىلارنىڭ باش - ئايىغىمغا بىر قارىۋېتىپ «سىزگە كېلىدىغان نومۇرى يوق» دېگىنىنى ئاڭلىغاندا بەك جىلە بولاتتىم، «خەپ، ئەتىدىن باشلاپ ئورۇقلىمايدىغان بول- سام» دەپ تاماقلىرىمنى ئازايتاتتىم. كەچلەردە تاماق يېمەي تۇرۇۋالسام، ئارسلان: «بولدى قىلىڭە، سىز يا بەك سېمىزلەر- دىن بولمىسىڭىز، ئايال كىشى دېگەن بۇ ياشقا كەلگەندە

ئازراق ئېتى بولماي تارتىشىدەك تۇرسىمۇ ياراشمايدۇ»
دەيتتى. شۇ چاغلاردا شۇنچە كۆچەپ يېتەلمىگەن مەقسـ
تىمگە مانا ئەمدى تېزلا يېتىپتىمەن.
بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، ئارسلانمۇ ئىچ ـ ئىچىدىن تۇگىشىپ
كېتىۋاتىدۇ. بۇرۇنقىدەك ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن چىقىپ
كېتىدىغان ئىشلىرىمۇ يوق، ماڭا بىرەر گەپنى دېمەكچى بولـ
سىمۇ، خۇددى چېقىلىپ كېتىشتىن قورققان نەرسىنى ناھاـ
يىتى ئاۋايلاپ تۇتۇۋاتقان ئادەمدەك ئېھتىيات بىلەن گەپ قىلـ
لىدۇ، مېنى شۇ ئىشلارنى تەرگەپ قالمىسىكەن، دېگەندەك
كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپلا تۇرىدۇ. مەن كەچلىكى بالدۇرلا
ياتاق ئۆيگە كىرىپ يوتقىنىمنى «چىمگىدە» پۈركەپ يېتىۋالاتـ
تىم. ئۇ يېتىپ خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئېغىر ـ ئېغىر تىنـ
نىپ ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلەتتى، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى. بەـ
زىدە قوپۇپ مېھمانخانىغا چىقىپ تاماكا چېكىپ ئۇزاقتىن ـ
ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بۇنداق چاغدا مېنىڭ يۈرىكىم تېپـ
خىمۇ سىقىلاتتى، تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپمۇ قالاتتى،
ھەممىنى ئۇنتۇپ تۇرمۇشىمىزنى ئەسلىدىكىدەك
داۋاملاشتۇرساق دېگۈم كېلەتتى. ئۇنىڭ ھىدىنى ھىدلاشنى،
كەڭ كۆكرەكلىرىگە بېشىمنى قويۇپ ئۇخلاشنى ئارزۇ قىلىپـ
مۇ قالاتتىم. بىراق، بۇنداق چاغدا مەن چىرايىنىمۇ كۆرۈپ
باقمىغان ھېلىقى سىرلىق چاچلىق ئايال، ئۇنىڭ زەي پۇراپ
تۇرغان ئۆيىدە، پاسكىنا كىرلىكلەر ئىچىدە ئۇنى قۇچاقلاپ
ياتقان ئارسلان كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا بولغان
ئىنتىلىشلىرىم توسۇپ بولماس غەزەپكە ئايلىناتتى.
بىر كۈنى ئاخشىمى يەنە شۇنداق زىددىيەتلىك خىياللار
ئىچىدە ئۇخلىغان بىلەن ئۇخلىمىغانىنىڭ ئارىلىقىدا ياتاتتىم،
تۇيۇقسىز ئارسلانىنىڭ قوللىرىنىڭ مۈرەمدىن قۇچاقلاشقا
تەمشەلگەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ، چايان چېقىۋالغاندەك
چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم ھەم: «پاسكىنا قولىڭىزنى

www.uyghurkitap.com

نېرى تارتىڭ!» دەپ ۋارقىرىدىم غەزەپ بىلەن. ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇقتا بىر نۇقتىدا ئۇچراشتى. ئاشۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئەتكەن ئەلەملىك نۇر ئۆتكۈر تىغدەك ئۇدۇل كېلىپ يۈرىكىمگە تەگدى. قەلبىمدە پۇشايمانغا يېقىنراق بىر خىل تۇيغۇنىڭ باش كۆتۈرۈشكە باشلىغانلىقىنى سېزىپ، دەرھال كۆزۈمنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قاچۇرۇپ، قايتىدىن ئورنۇمغا كىرىپ، ئۇنىڭغا ئارقامنى قىلغىنىمچە يوتقانغا «چىڭگىدە» يۆگىنىپ يېتىۋالدىم. يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى تۇز قۇيغاندەك ئېچىشاتتى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئارسلان ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى. پەرىزىمچە، ئۇ تاڭ ئاتقۇچە كىرىپىك قاقماي تاماكا چېكىپ چىقتى. مەنمۇ كۆزۈمنى مىت قىلىپ يۇمماستىن ئاپپاق تاڭنى كۈتۈۋالدىم...

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتمەكتە، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگەشىپ ئارىمىزدىكى بۇ دەز پۈتۈشنىڭ ئورنىغا بارغانسېرى كېڭىيىپ بارماقتا ئىدى. بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەي دېگەنسېرى ئۇ خۇددى بىر ئالۋاستىدەك ماڭا مەھكەم چاپلىشىۋېلىپ قويۇۋەتكىلى ئۇنىمايۋاتاتتى. بەزىدە «بۇنداق ئۆتكۈچە ئاجرىشىپلا كېتەي» دېگەن نىيەتكە كېلەتتىم، ئەمما ئارسلاننىڭ يېلىنىشلىرى، قىزلىرىمنىڭ كۆز ياشلىرى ئالدىدا يەنە ئىرادەم سۇناتتى. «ئاجرىشالمىغاندىكىن ياخشى ئۆتەي، تۇرمۇشىمىزنى بۇرۇنقى ھالىتىگە ئەكېلەي، بېشىغا بۇنداق كۈن كەلگەن ئايال يالغۇز مەنلا ئەمەسقۇ؟ باشقىلارمۇ كۈلۈپ يۈرگىنى بىلەن ئىچىدە نېمە دەردلىرى بارلىقىنى كىم بىلىدۇ؟» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە تالاي نەسىھەتلەرنى قىلاتتىم. ھەر كۈنى ئىشىكتىن كىرگۈچە «بۈگۈن ئارسلان بىلەن ئۇرۇشمايمەن، ئىللىق چىراي مۇئامىلە قىلىمەن» دەپ كىرەتتىم ـ يۇ، ئىختىيارىمدىن سىرت بىر كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە بىرەر ئىشقا باھانە قىلىپ يەنە تەرگەشكە، يىغلاشقا باشلايتتىم. تاماق يېمەي، ياتناپ، خۇيلىنىپ، ئۇنىمۇ، بالىلارنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ ئازابلايتتىم. بىر كۈنى كەچتە ئارسلان تۇيۇقسىزلا:

— ئاجرىشىپ كېتەيلى، ماڭا ھېچنېمىمۇ كېرەك ئەمەس،
كىيىملىرىمنى ئېلىپلا چىقىپ كەتسەم بولىدى، بالىلارنىڭ تۇر-
مۇش پۇلىنى بېرىپ تۇرىمەن، — دېدى تولۇمدىن توقماق چىق-
قاندەكلا. بۇ گەپنى ئاڭلاپ داڭ قاتقىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم. مې-
ڭەمگە بىرنەرسە زەرب بىلەن تەگكەندەك كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاش-
تى. بۇ گەپنى ئۆزۈم ھەمىشە دېگىنىم بىلەن ئارسلاننىڭ ئاغزى-
دىن ئاڭلاشنى زادىلا كۈتمىگەنىدىم. بىردىنلا يۈرىكىمدىن چىققان
بىر پارچە غەزەپ يالقۇنى مېڭەمگە قاراپ ئۆرلەشكە باشلىدى. تە-
بىئىتىمگە يات بىر خىل تەتۈرلۈك، بىشەملىك بىلەن ۋارقىراشقا
باشلىدىم:
— مەن ئاجراشمايمەن، نېمىدەپ ئاجراشقۇدەكمەن؟ مال ئى-
گىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دەپ، قىلغۇلۇقنىڭ ھەممىسىنى ئۆ-
زىڭىز قىلىپ، يەنە تېخى ئاجرىشىمەن دەپ ئاۋۋال دۈمباق چې-
لىپ چىقماقچىمۇ؟ ئۆينىڭ، ئىككى بالىنىڭ ھەممە غېمىنى ماڭا
يالغۇز تاشلاپ بېرىپ، ئۆزىڭىز ئويۇنىڭىزنى ئويناپ يۈرمەكچىمۇ؟
نەدە شۇنداق ئاسان ئىش بار ئىكەن؟ نېمىدەپ سىز خاتالىق ئۆت-
كۈزسىڭىز مەن بەدەل تۆلىگۈدەكمەن.
— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟ — شۇ ئىش يۈز بەرگەندىن بېرى
ئارسلان تۇنجى قېتىم ماڭا قاتتىق ۋارقىراۋاتاتتى، — ھەممە
ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم، سىزگە يالۋۇرۇپ دېمىگەن گېپىم قال-
مىدى، بارلىق تىرىشچانلىقىم بىلەن گۇناھىمنى يۇياي دېدىم،
سىز ئۇنىمىدىڭىز. يا سىزنىڭ، يا بالىلارنىڭ ئالدىدا بىر تى-
يىنلىق يۈزۈم قالمىدى، ئەمدى بۇ ئۆيدىن كېتەي دېمەي نېمە
دەيمەن؟...
ئۇ سۆزلەۋاتاتتى، مەن بولسام ھاڭ - تاڭ بولغىنىمچە خۇددى
ئۇنى بۈگۈنلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېتىپلا قالغا-
نىدىم. راستىلا شۇنداق بولدىمۇ ياكى ماڭا شۇنداق بىلىندىمۇ،
ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ ئاۋازلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ
قالغاندەك بىلىندى. شۇ قاباھەتلىك شەنبىدىن بېرى تۇنجى قې-

www.uyghurkitap.com

تىم ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قارىدىم، ئۇ ئوبدانلا يادىغان، چىرايلىرى قارىداپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقاندى.

ئارسلان مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. بىلىمەن، ئۇ ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولدى، ئۇ ھازىر مېنىڭ «ھە» ياكى «ياق» دېگەن بىرلا ئېغىز سۆزۈمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن «ماقۇل» دېسەم ئەتىلا بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆچ ـ ئاداۋەت، ئازاب ـ ئوقۇبەت، كۆز يېشى ۋە نادامەتلەر بىراقلا ئاخىرلىشامدۇ؟ كۆڭلۈم ئارامغا چۈشۈپ، ئىككى قىزىم بىلەن بىللە ئىلگىرىكىدەكلا خاتىرجەم، خۇشال ـ خۇرام ياشاپ ئۆتەلەمدىمەن؟ بۇ ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس، ھېچبولمىغاندا خۇشال ـ خۇرام ئۆتەلىشىم مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى يۈرەك يارىسى، يەنە كېلىپ ئۆزۈڭ بارلىقىڭنى ئاتىغان، پۈتۈن قەلبىڭ، جىسمىڭ بىلەن سۆيگەن، ئۆمرۈمدە ماڭا ھېچ زەرەر يەتمەيدۇ، دەپ ئىشەنگەن ئادىمىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن بۇنداق يارا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ شەلۋەرەپ يوغىنىسا يوغىنايدۇكى، كىچىكلىمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى قىزىمنىڭ قاراپ تۇرۇپ تىرىك يېتىمگە ئايلىنىشىمۇ ماڭا يېڭى ئازابلارنى ئېلىپ كەلمەي قالمايدۇ. «ناۋادا ئاجراشمايمەن دېسەمچۇ؟ تۇرمۇشىمىزنى ئەسلىدىكىدەك داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلەمدۇق؟ سۇنغان چىنىنى قاداپ ئەسلىدىكى ھالىغا كەلتۈرەلەمدۇق؟» مەن ئەنە شۇنداق زىددىيەتلىك خىياللار ئىلكىدە گاڭگىراپ، ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلمىدىم. ئاخىر:

— بۇ ئىشتا قارار قىلىش ھوقۇقى سىزدە ئەمەس، مېنىڭدە بولۇشى كېرەكقۇ دەيمەن؟ مەن ئوبدانراق ئويلىنىپ بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن ئاندىن جاۋاب بېرەي، — دېدىم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتىم.

چۆچەكلەردىكى ئۈچ ئاچا يول ئېغىزىدا قايسىسىغا مېڭىشنى بىلمەي تۇرغان يولۇچىدەك گاڭگىراپ يۈرۈۋاتقىنىمغا ئۈچ

كۈن بولدى. ماڭا كۆز ئالدىمدىكى بۇ يوللارنىڭ ھەممىسىلا بارسا كەلمەس يوللاردەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا بىرەرسىنىڭ مەسلىھەتىگە، يول كۆرسىتىشىگە شۇنداق موھتاج ئىدىم. ئەمما، كىمدىن مەسلىھەت ئالىمەن؟ بۇنداق ئىشنى نە ئاتا ـ ئانىغا، نە دوستلارغا دېگىلى بولاتتىمۇ؟ ئاجرىشىپ كەتكەن ھالەتتىمۇ، بۇ ئىشلارنى خەلقئالەمگە يېيىپ سازايى قىلسام ماڭا نېمە پايدىسى؟ ئۇ دېگەن بەربىر قىزلىرىمنىڭ دادىسى. ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ بۇ دەرد ـ ئەلەمدىن قانداق قۇتۇلۇشنى، نېمە قىلىشنى زادىلا بىلەلمىدىم. ئاخىر ئىشتىن چۈشۈش ئالدىدا دوستۇم رەناغا «ئۆيۈڭگە بارىمەن» دەپ تېلېفون قىلىۋەتتىم. ئازراق مېۋە ـ چېۋە، تاتلىق ـ تۈرۈملاردىن ئېلىپ رەنانىڭ ئۆيىگە كەلسەم، رەنا ئىشىكنى يوغان ئېچىپ قويغانىكەن. ئۆيئىچىدىن پەس ئاۋازدا قويۇلغان بېتخوۋېننىڭ «تەقدىر» سىمفونىيەسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىشىك ئالدىدا مۇزىكىدىن ئاڭلاپ بىردەم تۇرۇپ قالدىم. بۇ مۇزىكىنى ھەر قېتىم ئاڭلىغىنىمدا ئالىي مەكتەپ ھاياتىمىز، رەنانىڭ كەچلىك مۇزاكىرىدىن كىرىپلا ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى كارىۋىتىغا چىقىۋېلىپ، كىچىككىنە ئۈنئالغۇدا «تەقدىر»نى قويۇپ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە خىيال سۈرۈپ يېتىشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنى بوش چەكتىم، ھېچكىم چىقمىغاندىن كېيىن ئۆيگە كىردىم. مېھمانخانىدىكى شىرە ئۈستىگە ھەر خىل مېۋە ۋە تاتلىق ـ تۈرۈملار تىزىلغان بولۇپ، رەنا ئۆزى كۆرۈنمەيتتى. ئايىغىمنى سېلىپ قولۇمدىكى نەرسىلەرنى قويۇپ ئاشخانىغا قاراپ ۋارقىرىدىم:

— ھەي، ئۆيۈڭگە ئوغرى كىردى!

— قېنى ئۇ قاپ يۈرەك ئوغرى، مەن بىر كۆرەيچۇ! — ئاشخانىدىن رەنا ئەمەس، تۇرپاندا خىزمەت قىلىۋاتقان دوستىمىز دىلدار چىقتى، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق.

— قاچان كەلدىڭ، تېلېفون قىلىپمۇ قويماي...

— ئابايا كەلدىم، شۇڭا بىراقلا ھەيران قالسۇن، دەپ تېلې-
فون قىلمىغان.
— نىگارنىمۇ ئېلىپ كەلگەنسەن؟
گېپىمگە دىلدار ئەمەس، ئاشخانىدىن چىققان رەنا جاۋاب
بەردى:
— نىگارنى ئالماي چىقىپتۇ، شۇڭا بۈگۈن ئۆچىمىز يالغۇز
ئولتۇرۇپ ئۆتمۈشنى بىر ئەسلەيلى دەپ بەرنانىمۇ چولڭ ئانى-
سىنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇرۇۋەتتىم. قانداق، قونۇپ قالارسەن؟
ئارسلان بىرەر كېچە يالغۇز يېتىپ تۇرسا قارا بېسىپ قالماس؟ —
ئۆچىمىز كۈلۈشتۇق. تاماقلارنى يەپ بولغاندىن كېيىن رەنا
بىرنەچچە خىل سوغۇق، ئىسسىق قورۇمىنى ئاچقىپ شىرەگە
تىزدى.
— نېمە ئاۋارە بولۇپ بۇ قورۇمىلارنى تەييارلاپ كەتتىڭ
خۇددى ھاراق ئىچىدىغاندەك، — دېدۇق دىلدار ئىككىمىز تەڭلا.
— بۈگۈن ئىچىپ قويارمىز، ئۈچ دوست ئاران جەم بول-
غاندا... — دېدى رەنا. بۇ گەپ بىلەن ئۆچىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ
كەتتۇق. راست، ئادەتتە ھېچقايسىمىز ھاراق ئىچمەيتتۇق، ئايدا-
يىلدا مۇشۇنداق جەم بولۇپ قالغىنىمىزدا، بولۇپمۇ دىلدار كەل-
گەنلەردە ئۆچىمىز ئايرىم ئولتۇرۇپ مېۋە شەربىتى ئىچكەچ
مۇڭدىشاتتۇق. رەنا كۈلگىنىچە بېرىپ ئىشكاپنىڭ ئىچىدىن تۆت
چاسىراق كەلگەن، قىزغۇچ بوتۇلكىسى ئىنتايىن نەپىس كۆرۈ-
نىدىغان بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئەكېلىپ ئۈستەلگە قويدى.
— ھەي، نېمە بۇ؟ بىزگە ھاراق قويۇپ بەرمەيدىغانسەن؟ —
دىلدار بوتۇلكىنى ئىتتىك قولىغا ئېلىپ بوتۇلكا ئىچىدىكى
سۈپسۈزۈك سۇيۇقلۇقتا ھەيرانلىق بىلەن قارىغاچ رەنادىن
سورىدى.
— ۋاي، ئەنسىرىمىگىنە! سەھرالىق دېگەنغۇ زادى مۇشۇنداق
مەتۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ شوخلۇق بىلەن كۆزىنى
قىسىپ قويۇپ، — قارىسام، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىزنىڭ ئا-

ياللارنىڭ ئاغزىدا «جۇندۇ» دەمدۇ، «مىغىز ھارىقى» دەمدۇ، ئەي-تاۋۇر چەتنىڭ ھارىقىنىڭلا گېپى، بۇگۈن ئىككىڭلار مەسلىھەت-لىشىۋالغاندەكلا تەڭلا تېلېفون قىلدىڭلار، ئۆزۈمنىڭمۇ پىغانىم ئۆرلەپ تۇراتتى، شۇڭا بىزمۇ بىر تېتىپ باقايلى دەپ بۇنى ئە-كەلدىم، ئىككىڭ بىزگە ئاق ھاراق ئىچۈرمەكچىمىكىن دەپ قور-قۇپ كېتىشمە، بۇنى ئاپپلسىندەكلا پۇرايدۇ دەيدۇ، تېخى قىممەت ھاراق ئىكەن جۇمۇ بۇ! مېھمان قىلغىنىمغا خۇش بولۇپ ئى-چىش...

رەنا ئىشكاپتىن پارقىراپ تۇرغان خىرۇستال رومكىدىن ئۈچنى ئېلىپ، سۇدەك سۈپسۈزۈك تۇرغان ھاراقتىن يېرىمىغىچە قۇيۇپ ھەربىرىمىزنىڭ ئالدىغا بىردىن قويدى. ئۈچىمىز ھاراققا قاراپ جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدۇق. رەنا «شاققىدە» ئورنىدىن تۇ-رۇپ:

— سەل رومانتىكراق ئولتۇرايلى، ماۋۇ قىزىل رەڭلىك چىراغنى يورۇتۇپ قويۇپ قالغىنىنى ئۆچۈرۈۋېتەي، قايسى مۇزى-كىنى قوياي؟ — دېدى بىزگە قاراپ.

— تەقدىرنى! — دېدۇق دىلدار ئىككىمىز تەڭلا. مۇزىكا لەرزان ئاۋازدا باشلىنىپ ئۆينىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىغا يېيىلدى.

— ئۇھ، تەقدىر، ئەينى چاغدا قانداق قىزلار ئىدۇق - ھە؟ ئوقۇش پۈتكۈزگىنىمىزگە مانا يىگىرمە يىل بوپتۇ، تەقدىرىمىز قانداق بولۇپ كەتكەن! — ئۇھسىندى دىلدار. ئۇنىڭ چوڭ قارا كۆزلىرىدە ھەسرەت كۆلەڭگىلىرى ئەلەڭلەشكە باشلىدى.

— بولدى، بولدى، بۈگۈن ھەسرەت چېكىدىغان كۈن ئەمەس، خۇشال ئولتۇرايلى. قېنى جەم بولغىنىمىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى! — رەنا رومكىنى قولىغا ئېلىپ بىزگە تەڭلىدى. خىرۇستال روم-كىلار بىر - بىرىگە تېگىپ خېلىغىچە جىرىڭشىپ توختىدى. ئۈچىمىز ھاراقنى ئاغزىمىزغا ئېلىپ بىر يۇتۇمدىن ئوتلاپ «ۋاي!» دەپلا توختىدۇق. رومكا ئېغىزغا يېقىن كەلگەندە شۇنداق تاتلىق ئاپپلسىن پۇرىغان بىلەن گالدىن ئۆتۈشى بىلەنلا خۇددى

ئېرىتىلگەن تۆمۈرنى قۇيۇۋەتكەندەك، ئادەمنىڭ ئىچ ـ باغرىنى ئۆرتىۋېتەتتى.

ــ ۋاي، نېمە بۇ؟ ــ دىلدار چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ روھ-كىنى شىرەگە قويدى، ــ چەتنىڭ ھارىقى دەيدۇ تېخى، ئوغا ـ زەھەرغۇ بۇ؟

ــ مېنىڭ ھازىر ئوغا ـ زەھەر بولسىمۇ ئىچكۈم كېلىپلا تۇ-رىدۇ، ــ دېدى رەنا بىر خىل مىسكىنلىك بىلەن.

ــ يالقۇننى سېغىنىپسەن ـ دە؟ ئۇنچىلىك بولۇپ كەتمە، كېلىپ كەتكىلى تېخى ئىككى يىل بولدىغۇ! مەنمۇ شۇنچە يىلدىن بېرى ئۆلۈپ قالماي ياشاۋاتىمادىمەن... ــ كۈلدى دىلدار. مەن گەپ قىلماي ئىككىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتىم.

ــ ماۋۇ بەختلىك خېنىمغۇ بۇنداق گەپلەرنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ، كۆڭلى خاتىرجەم، ھەممە ئىشى جايىدا... ــ رەنا كۈلۈپ ماڭا چاقچاق قىلدى. مەن ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، لام ـ جىم دېمەستىن رومكىنى قولۇمغا ئېلىپ بىراقلا كۆتۈرۈپ ئىـ چىۋەتتىم. يۈرەك ـ باغرىم ۋاژىلداپ كۆيۈپ، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى.

ــ قۇيە! ــ دېدىم رەناغا رومكىنى تەڭلەپ.

ــ نېمە بولدۇڭ؟ ئاز ـ ئازدىن ئىچمىدىڭغان نېمە بۇ! مەست بولۇپ قالىسەن... ــ رەنا ھاراق بوتۇلكىسىنى قولىغا ئېلىپ دې-لىغۇللۇق بىلەن كۆزۈمگە قارىدى.

ــ قۇيە، مەست بولمىز دەپ ئىچىۋاتقاندىمىز؟

رەنا بايىقىدىن ئازراق قىلىپ يەنە بىرنى قۇيدى، بۇ قېتىم ھاراق ئالدىنقى قېتىمقىدەك ئۇنداق ئاچچىق تۇيۇلمىدى، ئەمما پۇت ـ قولۇم بوشاپ، بېشىم قېيىشقا باشلىدى.

ــ يالقۇندىن تېلېفون كېلىپ تۇرۇۋاتامدىغاندۇ؟ ــ سورىدى دىلدار.

ــ ھەئە، تۈنۈگۈن كۆرۈشكەن.

ــ بۇ يىل قايتىپ كېلەر؟

— بىلمىدىم جۇمۇ! بىر قارىسام كېلىدىغاندەك، بىر قارىسام ئۇ يەردە يەنە بىر ـ ئىككى يىل تۇرغۇسى باردەك.

— نېمە قىلغىنىدۇ ئۇنىڭ؟ ھېلىمۇ نەچچە يىل ئايرىلىپ تۇرۇپ كەتتىڭلار، ئۆمرۈڭلارنىڭ ئەڭ ئېسىل چاغلىرى شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى، چەت ئەلدە ئوقۇدۇم، پۇل تاپتىم دېگەن بىلەن ئۆ-تۈپ كەتكەن ياشلىقنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولامتى؟

— ۋاي! ياشلىقنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغىنىنى سەنمۇ بى-لىدىكەنسەن ـ ھە؟ ئەمىسە ئۆزۈڭ نېمىدەپ ياشلىقىڭنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىسەن؟ قاچانغىچە قۇرۇق خىيالنىڭ ئەسىرى بولۇپ ياشايسەن؟ — رەنا بىردىنلا گەپنى بۇراپ دىلدارغا ھۇجۇمغا ئۆت-تى. بۇ بىر كونا تېما بولۇپ، دىلدارنى كۆرسەكلا شۇ نەسىھەتنى قىلاتتۇق.

— مېنىڭ ئىشىم باشقا، مەن مۇشۇنداق يالغۇز ئۆتۈشنى تال-لىغان... — دىلدارنىڭ يوغان قارا كۆزلىرى يەنە مۇڭلاندى.

— سېنىڭ ئىشىڭ قانداقسىغا باشقا بولىدىكەن؟ يا سەن باش-قىلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە ئايالمىدىڭ؟ بۇنداق قىلىشىڭنى بىلگەن بولساق، ئەينى ۋاقىتتا ئەسقەردىن ئاجرىشىشىڭنى تو-ساركەنمىز. ئەمدى بولسىمۇ يېشىڭنىڭ، چىرايىڭنىڭ مۇشۇنچى-لىك ۋاقتىدا ئاستا بىرەرسىنى تېپىۋال...

دىلدار ھاراقنى ئاغزىغا ئاپىرىپ بولۇپ تۇيۇقسىز كۈلۈپ كېتىپ رومكىنى شىرەگە قويدى:

— «بىرەرسىنى تېپىۋال» دېسەڭلار بىر ئىش ئېسىمگە كې-لىپ قالدى، ئالدىنقى ھەپتە ئىشتىن يېنىپ كېتىۋاتسام، بىر ماشىنا يېنىمغا كېلىپ ئۆزىچىلا سىگنال بېرىپ كەتتى، «كىمدۇ بۇ؟» دەپ ئۆرۈلۈپ قارايتىمەن، كىم ئىكەن دېمەمسىلەر، ئەسقەر ئاپپاق بىر ماشىنىنى ھەيدەپتۇ، يېنىدا ياشلا بىر قىز، مېنى كۆرسۇن دەپ قەستەن سىگنال بەرگەنىكەن، مېنى «ئاچچىقتىن ئۆرتىنىپ كېتىدۇ» دېدى بولغاي، «ئەينى چاغدا ھېچكىمنىڭ بىر يۈز قىرىق كىۋادرات مېتىر ئۆيى يوق چاغدا شۇ ئۆيلەرگە، شۇن-

چە يىل يىغقان ئۆي بىساتلىرىمغا ئىچىم ئېچىشماي، ئالدى ـ ئارقامغا قارىماي ئۆيۈمدىن چىقىپ كەتكەن ئادەم ئەمدى ئاشۇ ماشىنانىڭ بىلەن يېنىمدىكى بىچارە نادان قىزغا قاراپ چىدىماي قالارمەنمۇ» دەپ شۇنداق كۈلگۈم كېلىپ كەتتى. بەش قەدەم نېرىغا بېرىپ تازا قاقاھلاپ كۈلۈپتىمەن...

— بىرەرسىنى تېپىۋال دەيمىز، تاپقىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟ يەنە شۇنىڭ دەردىنى تارتىدىغان گەپ، «ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ» دەپ، بىر ھېسابتا ھازىر سېنىڭ كۆڭلۈڭ ھەممىمىزدىن ياخشى، — دېدىم دىلدارغا قاراپ ۋە رومكىدىكى هاراقنى قولۇمغا ئالدىم. كۆيدۈرگۈچ سۈيۈقلۇق ئاشقازىنىمدىن ئۆتۈپ پۈتۈن بەدىنىمگە تارقالدى. بېشىم گويا تۇمان ئىچىدە قالغاندەك گاراڭ ئىدى، كۆز ئالدىمدا چاچلىرىنى ئاقۇچ سېرىققا بوياتقۇالغان ئورۇق بىر قىز ماڭا قاراپ مەسخىرىلىك ھىجايماقتا ئىدى. بىردىنلا ئۆپكەم ئۆرلەپ يىغلىغۇم كەلدى، بېشىمنى شىرەگە قويۇۋېلىپ بىر قولۇمدا رومكىنى رەناغا تەڭلىدىم ۋە:

— قۇيە هارىقىڭنى، — دېدىم. رەنا «نېمە بوپتۇ بۇنىڭغا» دېگەندەك ماڭا تازا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— بولدى قىل، دىلدار ئىككىمىز ئارسلانغا جاۋاب بېرەلمەي قالمايلى يەنە! — دەپ رومكىنى قولۇمدىن ئېلىپ بىر چەتكىرەك سۈرۈپ قويدى. ئارسلاننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن بىردىنلا جۇدۇنۇم ئۆرلىدى:

— ئىككىڭ مېنىڭ دوستۇم بولساڭ بۈگۈن بۇ يەردە ئارسلان دېگەن ئىسمىنى تىلغا ئېلىشما! ئارسلان دېگەننى بىردەم بولسىمۇ كۆزۈم كۆرمىسۇن، دەپ بۇ يەردە ئولتۇرۇۋاتىمەن، بىلمىدىڭمۇ؟ — گېپىمنىڭ ئاخىرى يىغىغا ئايلىنىپ كەتتى. باشتا ھېقىقداپ، كېيىن ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدىم. رەنا بىلەن دىلدار نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاراپلا قېلىشتى.

— بوپتۇ، بىردەم يىغلاپ ئىچىڭنى بوشىتىۋال، — دېدى رەنا ئالدىمدىكى چاينى يىغىشتۇرۇپ قىزىق قۇيۇپ تۇرۇپ، — ئۇرۇشۇپ

قاپسەن ـ دە، ھېچقىسى يوق، بىر ئۆي دېگەندە ئۇنداق ـ بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، سەن تاۋى نازۇكنى ئارسلان باشتىلا بەك «ۋاي» دەپ ئۆگىتىۋەتكەچكە مۇشۇنداق خاپىلىق كۆتۈرەلمەيسەن، بىزدەك جىق ئىسسىق ـ سوغۇقنى باشتىن كەچۈرمىدىڭ ـ دە، سەن. ئېسىڭدە بولسۇن، يېشىمىز چوڭايـ غانسېرى ئەرلەر يېڭى توي قىلغان چاغدىكىدەك بىزگە يېـ لىنمايدۇ، بىز ئۇلارغا يېلىنىپ، شۇلارنىڭ كۆزىگە قاراپىراق ئۆتمىسەك بولمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىنى چۈشىنىۋالساڭ بەزى ئىشلارنى ئانچە بەك ئېغىر ئېلىپمۇ كەتمەيدىغان بولىسەن.

— مەن تاۋى نازۇك ئەمەس، مېنىڭ دەردىمنى سىلەر بىلـ مەيسىلەر... — مەن يەنە يىغلاشقا باشلىدىم، شۇ تاپتا ئۇلار «نېمە بولدۇڭ؟» دەپ بىرلا ئېغىز سوئال سورىغان بولسا ھەممىنى دەۋەتكەن بولاتتىم، بىراق ئىككىسى ئۇنداق سورىـ ماستىن، مېنى كىچىك بالىنى بەزلىگەندەك بەزلەشكە باشلىـ دى:

— بولدى، بولدى، يىغلاۋەرمە، دەردىم بار دەپ كەتكىنىنى بۇنىڭ. سەن تېخى دەرد دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيسەن، بىزگە قاراپ باقە، يالغۇز جېنىمىزغا بىردىن بالىنى بېقىپ، ئۆينىڭ، تالانىڭ ھەممە غېمىنى ئۆزىمىز قىلىپ، يەنە غىڭ قىلماي ئۆتتۇۋاتىمىزغۇ؟ دىلدارغۇ ئاجرىشىپ كەتتى، مەن ئاجراشمىغىنىم بىلەن يالغۇز ئايالدىن نېمە پەرقىم بار؟ — رەنانىڭ كۆزلىرىدە بىردىنلا ياش لىغىرلاشقا باشلىدى. بايـ دىن بېرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ جىممىدە ئولتۇرغان دىلدار ـ نىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى.

— بىز ھەممىمىز ئەخمەق، — دېدى ئۇ كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئەخمەق بولمىساق پۈتۈن ئۆمرىمىزدە مۇھەببەت دەپ بەدەل تۆلەپ ئۆتمەيتتۇق، ئەرلەر ئۇچۇن مۇھەببەت دېگەن نېمىدى؟ ھېچنېمە!

— توغرا، ئەرلەر ئۇچۇن مۇھەببەت دېگەن ھېچنېمىگە

www.uyghurkitap.com

ئەرزىمەيدىغان نەرسە ئىكەنغۇ؟ ئۇلار بىردەملىك كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنتۇيدىكەنغۇ؟ شۇڭا، مەن ئاجرىشىمەن دەۋاتىمەن ھەرقايسىڭغا...

شۇ گەپنى قىلىۋاتقىنىمدا توساتتىن ئىچ ـ باغرىمدىن بىر نەرسە سىرتقا قاراپ شىددەت بىلەن ئۆرلەشكە باشلىدى، ئورنۇمدىن تۇرۇپ تازىلىق ئۆيىگە ئاران ئۈلگۈردۈم... تازىلىق ئۆيىدىن رەنا بىلەن دىلدارنىڭ يۆلەپ ئاچىققىنى، ئىككىيىسىنىڭ «مەن مۇشۇ يەردە قونۇپ قالىمەن» دېگىنىمگە قويماي سومكامنى كۆتۈرۈپ پەسكە يۆلەپ چۈشكىنىنى غۇۋا سېزىپ تۇرىمەن. بېشىم قېيىپ ھازىرلا ياندۇرىدىغاندەك كۆڭلۈم داۋالغۇپ تۇردى، پۇتلىرىم ھاۋادا لەيلەۋاتقاندەك ئىختىيارىمغا بويسۇنمايدۇ، بىراق رەنا بىلەن دىلدار ئىككى قولتۇقۇمدىن چىڭگىدە تۇتۇۋالغاچقا، تۈز دەسسەپ مېڭىۋاتىمەن. بىر ماشىنىغا چىقتۇق. دىلدارنىڭ: «ساڭا نېمە بولغىنىنى كېيىن دېيىشەرمىز، ئەمما قانداقلا بولمىسۇن، ‹ئاجرىشىمەن› دېگەن گەپنى قىلغۇچى بولما. مانا مەنمۇ ئاجرىشىپ باقتىمغۇ؟ يالغۇز ياشاشمۇ ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس... سىلەرگە چاندۇرمىغىنىم بىلەن بەزىدە ‹ھاراقكەش بولسىمۇ، پىخسىق بولسىمۇ، ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدىغان ھېچ يېرى يوق مۆڭ بولسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاجراشمىغان بولسامۇ بوپتىكەن› دەپمۇ قالىمەن. كونىلار ‹ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ بولسۇن› دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن، بۇنى ئاجرىشىپ بېشىڭغا نۇرغۇن ئىشلار كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ھېس قىلىدىكەنسەن. ئاددىيسى، ئەڭ يېقىن دوستلىرىڭمۇ ئېرىنى سەندىن قىزغانغاندەك قىلىقلارنى قىلىدىكەن... قىزىم نىگارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى گۇناھكاردەكلا سېزىمەن...» دېگەنلىرى خۇددى يەرنىڭ ئاستىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازدەك قۇلىقىمغا كىرىپ تۇردى. بىر چاغدا ماشىنا توختىدى. ئىككىسى مېنى يۆلەپ ماشىنىدىن چۈشۈرگەندىن كېيىن ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىۋەتتى، ئاندىن: «ماڭ ئەمدى، ئۆيۈڭگە كىرىپ

ئاستا يېتىۋال» دېدى. ئۇلارغا نېمە دېگىنىم ئېسىمدە يوق، پەلەمپەيلەردىن لەيلەۋاتقاندەك مېڭىپ ئۆرلەۋاتىمەن، ئىشىك ئالدىغا كەلسەم ئىشىك ئېچىقلىق ئىكەن، كىرىپ ئايىغىمنى سېلىپ ئۇدۇل ياتاق ئۆيگە قاراپ ماڭدىم، خىيالىمدا: «توپتوز ماڭدىم، مېھمانخانىدا ماڭا قاراپ تۇرغان ئارسلان مېنىڭ ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل دەسسىگىنىمنى بىلمىدى» دەيمەن. ياتاق ئۆيگە ئارانلا كىرىپ سومكامنى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدىم، چاپىنىمنى يەشمەكچى بولۇپ قولۇمنى كۆتۈرۈپ ھەرقانچە قىلىپمۇ يېشەلمەي، كارىۋاتقا «گۈپ»لا چۈشتۈم. بىرىنىڭ يېنىمغا كېلىپ بېشىمدا بىرھازا قاراپ تۇرغىنىنى، ئاندىن كىيىملىرىمنى سالدۇرۇپ، بېشىمغا ياستۇق قويۇپ، يوتقىنىمنى يېپىپ قويغىنىنى خۇددى چۈشۈمدىكىدەك غۇۋا ھېس قىلدىم، شۇنىڭدىن كېيىنلا ھېچنېمىنى بىلمەي ئۇخلاپ كېتىپتىمەن.

ئەتىگەندە كۆزۈمنى ئاچسام ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىكەن، بېشىم قېيىپ تۇراتتى، ئەمما مۇشۇ نەچچە ئايدىن بېرى تۇنجى قېتىم ھېچنېمىنى خىيال قىلماي قېنىپ ئۇخلىغاچقىمۇ ياكى ئاخشام دوستلىرىم بىلەن مۇڭدىشىپ ئىچىم خېلى بوشاپ قالغاچقىمۇ كەيپىم ياخشى ئىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ لالە بىلەن لەيلىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم، ئىككىسى كارىۋىتىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. لالە ئورۇقلاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. لەيلى بولسا ئاجايىپ تاتلىق بىر كۈلۈمسىرەش بىلەن ياتاتتى. ئاستا ئېڭىشىپ ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيدۈم، چۇۋۇلغان چاچلىرىنى ئارقىغا بوش قايرىدىم. قىزلىرىمغا قاراپ يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى، ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم: «مەنمۇ ئانىمۇ؟ قانچە ۋاقىتلار بولدى بۇ بالىلارغا ئۆز قولۇم بىلەن تاماق ئېتىپ بەرمىگىلى؟ چاچلىرىنى تاراپ ئۆرۈپ قويمىغىلى؟ مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ دەردىم بىلەنلا قاپتىمەن، بەكمۇ شەخسىيەتچى ئىكەنمەن. ئىسىت، بىچارە قىزلىرىم...» قىزلارنىڭ ھۇجرىسىدىن پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ چىقىپ ئاشخانىغا كىردىم...

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۇرمۇشىمىز قارىماققا سەل ئىزىغا
چۈشكەندەك بولدى. ئارسلانغا ئانچە چىراي ئېچىپ ئۇچۇق ـ
يورۇق پاراڭلىشىپ كەتمىگىنىم بىلەن، جېدەل ـ ماجىرا قىد-
لىشنى توختاتقانىدىم. بۇنىڭدىن ئۇمۇ بىرنېمىنى پەملىدى
بولغاي، ھېلىقى كۈنى كەچتە قىلغان ئاجرىشىش توغرىسىد-
كى سۆزنى قايتا تىلغا ئالمىدى. ئەمما، روھىمنىڭ چوڭقۇر
قاتلاملىرىدا بولۇۋاتقان نازۇك ئۆزگىرىشلەرنى، ھايات، تۇر-
مۇشقا بولغان قاراشلىرىمنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ بې-
رىۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىمنى ئورىۋالغان نېپىز بىر قەۋەت مۇز-
نىڭ بارا ـ بارا قېلىنلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىر ئۆزۈملا بىلەت-
تىم. ئىلگىرى ماڭا بۇ دۇنيادا ئۆيۈمدىن ئىللىق، كۆڭۈللۈك،
مېھىرلىك جاي يوقتەك تۇيۇلاتتى، خىزمەتتىكى ھاردۇقلى-
رىم، ئىچ پۇشۇقلىرىمنى قىزلىرىمنىڭ تاتلىق كۈلكىلىرى،
ئارسلاننىڭ يۇمۇرلۇق سۆزلىرى، ئۆزۈمگە تولىمۇ كۆڭۈللۈك
بىلىنىدىغان ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئۇنتۇيتتۇم. توختىماي ئۇ-
نىڭ ـ بۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ پاراڭلىشىپ، مۈكىدىشىپ يۈر-
دىغان، بىر ئايدا تۆت ـ بەش يەردە چاي ئويناپ ھارمايدىغان
ئاياللارغا ھەيران بولۇپ قارايتتىم، «بۇلارنىڭ ئۆيىدە قىلىد-
غان ئىشى، كاللىسىدا ئويلايدىغان باشقا ئوي ـ خىياللىرى
يوقمىدۇ؟ خىزمەتتىكى بېسىمى شۇنچە يەڭگىلمىدۇ؟» دەپ
ئويلايتتىم. رېستورانلاردا ئولتۇرۇپ ئەتراپىدىكىلەردىن ھېچ
ھېيىقماستىن بەھۇزۇر رومكا سوقۇشتۇرۇۋاتقان، خۇددى
ئىندىيانلاردەك غەيرىي ئاۋازدا چىرقىرىشىپ، ھەممە يېرىنى
تەڭ لىغىرلىتىپ دىسكوغا چۈشۈپ، پۈتۈن رېستوراننى بېشىد-
غا كىيىشكەن تەڭ دېمەتلىك ئاياللارغا قاراپ ياقامنى چىش-
لەيتتىم، ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە ھەرخىل خىياللارغا چۆمەتتىم.
مانا ھازىر ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆزۈممۇ ئاشۇنداق سو-
رۇنلارغا داخىل بولۇپ قېلىۋاتىمەن. «ھاراق ئادەمگە بارلىق
دەرد ـ ئەلەملەرنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ» دېگىنى راست ئوخشايدۇ.

دىسكوچۇ؟ مەيداندىكى ئەلەڭلەپ تۇرغان ئالىيىشىل چىراغلار-نىڭ يورۇقىدا يېشىنى توختىماي گىلدىڭلىتىپ، ساغرىسىنى تولغىشىپ يۇرگەنلەر سىرتتىن قارىغان ئادەمگە گويا ئەقلىدىن ئازغان بىر توپ ساراڭدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، شۇ توپنىڭ ئىچىد-گە كىرىپ كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىپ باشقىلار بىلەن بىللە سەكرىگى-لى تۇرساڭ، بۇ دۇنيانىڭ بارلىق غەم - قايغۇلىرى ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كېلىدىكەنسەن، يەنى ماھىيەتتە بۇمۇ بىر خىل ئۆزىنى ئۇنتۇش، ۋاقىتلىق بولسىمۇ رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇ-رۇش ئىكەن.

بۈگۈنمۇ ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇرسام قوشنا ئىشخانىدىكى پەرىزە بىلەن دىلنۇر كىرىپ كېلىشتى. بۇلار ئەمدىلا ئوتتۇز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ياش چوكانلار بولۇپ، مەن ئۇلارغا ھەدە يوللۇق بولسامۇ، زاماننىڭ مودىسىنى ماڭا قارىغاندا كۆپرەك بىلگەچكە بەزى ئىشلاردا ماڭا مەسلىھەت بېرىپ تۇراتتى.

— زۇلھايات ھەدە، بۈگۈن جۈمە بولغاندىكىن نەچچىمىز يىد-غىلىپ بىرەر يەردە تاماق يېگەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلىمىكىن دەپ كىردۇق، بولامدۇ؟ — تولاراق مۇشۇنداق ئىشلارنى تەشكىلد-لىگىلى ئامراق دىلنۇر باشتا ئېغىز ئاچتى.

— سىلەر شۇنداق مەسلىھەت قىلىشقان بولساڭلار بولمايدىغان نېمىسى بار؟ — كۈلدۈم مەن، — مۇشۇ كۈندە سىلەر بىلەن بىل-لە دېگۈدەك يۈرۈپ مەنمۇ ياشىرىپ كېتىۋاتىمەن، يەنە كىم بارد-دۇ؟

— بوستان ھەدەم بىلەن ئايسۇلتانمۇ بار، بوستان ھەدەم باج-خانىغا كېتىپتىكەن، تېلېفون قىلساق، «بىرەر يەرنى مۇقىملاپ ماڭا تېلېفون قىلىڭلار، ئۇدۇل بارىمەن» دېدى. ئايسۇلتان تەي-يارلا... — پەرىزە ئىتتىك جاۋاب بەردى.

— ئەمىسە قەيەرنى پىلانغا ئالدىڭلار؟ — سورىدىم ئۇلاردىن.

— چېگرا رايون مېھمانخانىسىنىڭ يېنىدا «كاتيۇشا» دەپ بىر رېستوران بار ئىكەن دەگە، — كۆزلىرىنى ھەييارلىق بىلەن

ئويناتتى دىلنۇر، ــ تاماقلىرى ساپلا ياۋروپاچە، شۇ يەرگە بېرىپ تازا بىر ئويناپ كەلمەمدۇق؟
ــ تاماقلىرى ياۋروپاچە دەپ پۇلىغا چىقىش قىلالماي قالمايـ- لى يەنە؟ ــ مەن چوڭراق ئايالالارغا خاس تېجەشلىك ۋە ئېهتىـ- ياتچانلىق بىلەن ئۇلارنى ئەسكەرتمەكچى بولدۇم.
ــ ۋاييەي، ئۇ يەرگە بېرىپ بىر ئۇستەل تاماق بۇيرۇپ قور- ساق ئېتىلىپ كەتكۈچە تاماق يېمەيمىز. شەكىل ئۈچۈن بىرەر خىل تاماق، بىر ـ ئىككى خىل ئىسسىق قورۇما، بىر ـ ئىككى خىل سالات ئېلىپ قويۇپ مۇزىكا ئاڭلىغاچ ئويناپ كېلىمىز، يە- نە تېخى شۇنداق قاملاشقان ئەزەربەيجانلىق يىگىتلەر بار، شۇلارنى كۆرۈپ ھۇزۇر ئېلىپ كېلىمىز، قانداق؟ ــ دىلنۇر شوخلۇق بىـ- لەن كۆزلىرىمگە تىكىلدى.
ــ ھاي ـ ھاي، ئەمدى ماۋۇ گېپىڭلار ئېشىپ كەتتى، قاملاشقان يىگىت دەپ ئۇ يەرگە بېرىپ ئەزەربەيجانلىقلارنى كۆر- مىسەڭلارمۇ، كوچىلاردا قاملاشقان ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئازمۇ؟
ــ قىزىق ئىكەنسىز، زۇلھايات ھەدە، بىزنىڭ ئەرلەر «بىر يۈز سەكسەن گىرادۇس»، «ئۈچ يۈز ئاتمىش گىرادۇس» دېگەندەك يەرلەرگە بېرىپ يېرىم يالىڭاچ رۇس قىزلىرىنى كۆرۈپ ھۇزۇر ئالسا، يانچۇقلىرىدىكى بىزدىن ئايىغان پۇللىرىنى شۇلارنىڭ لىپتىكلىرىگە قىستۇرۇپ قويسا بولىدىكەنۇ، بىز رېستوراندا ئاشكارا ئولتۇرۇپ تاماق يېگەچ رۇسىيەلىك، ئەزەربەيجانلىق يىـ- گىتلەرنى يىراقتىن كۆرۈپ قويساق يامان بولامدىكەن؟
ــ بولدى، بولدى، تالاشمايلى، مەن قوشۇلدۇم، سائەت نەچـ- چىدە ماڭىمىز؟ ــ ئۇلار بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىۋېرىشنى خالىماي گەپنى ئۈزدۈم. بىلىمەن، ئۇلارمۇ ئاغزىدا شۇنداق دېگە- نى بىلەن كۆڭلىدە يامانلىقى يوق، ئائىلىسىنى قەدىرلەيدىغان چوكانلار، ئۇلار مېنى ھەدىسى ئورنىدا كۆرۈپ ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ، مۇڭدىشىپ ئۆتۈش ماڭىمۇ خۇشاللىق ۋە ياشلىق جۇشقۇنلۇقى ئاتا قىلىدۇ، ھەسرەتلىرىمنى بىردەمگە

بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

بەشىمىز ئىشتىن چۈشۈپ تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ
ئاستا مېڭىپ سائەت يەتتىلەردە رېستورانغا كەلدۇق. بۇ رېس-
تورانىدا ئويۇن ـ تاماشا كەچرەك باشلىنىدىكەن، بەشىمىز
رېستوراننىڭ سەھنىگە يېقىنراق يېرىدىكى بىر ئۈستەلگە كې-
لىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، پىلانىمىز بويىچە بىرنەچچە
خىل سوغۇق ـ ئىسسىق قورۇما ۋە بىر بوتۇلكا مېغىز هارىقى
بۇيرۇتتۇق. هاراقنىڭ بۇ رېستوراندىكى باهاسى ئىچىمنى ئې-
چىشتۇرغان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئارتۇق گەپ
قىلمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بېرى ئورۇنسىز خەجلى-
نىپ كەتكەن پۇلغا سەل ئىچىم ئاغرىغان چاغلاردا: «پۇلنى مەن
ئايغىنىم بىلەن ئارسلان نەلەردە بۇزۇپ ـ چېچىپ خەجلىدى،
كىم بىلىدۇ؟ مېنىڭ ئالدىمدا پاش بولۇپ قالغىنى بىر بولغىنى
بىلەن مەن بىلمەيدىغىنى قانچە؟ خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت...»
دېگەنلەرنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغاندىم.

كەچ كىرگەنسېرى رېستورانغا كىرىدىغانلار كۆپەيگىلى
تۇردى. رېستوراننىڭ ئۈستەللىرى ساپلا تۆت ـ بەش كىشىلىك
بولۇپ، ياش قىز ـ يىگىتلەر، چوكانلار، ئەزەربەيجانلىق، رۇس،
ئۇيغۇر، خەنزۇ ئەرلىرى ئۈچتىن، تۆتتىن بولۇپ يېنىك مۇزى-
كا ساداسى ئىچىدە تاماق يېگەچ مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى. بىزمۇ
قورۇمىلاردىن ئانچە ـ مۇنچە يېگەچ بوش ئاۋازدا پاراڭلىشىپ
ئولتۇردۇق. سائەت سەككىز يېرىملاردا مۇزىكا چېلىنىپ،
ساغرىسى ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان پادىچىلار شى-
مى كىيگەن، كىندىكىنى بىر غېرىچ ئېچىۋالغان، تولغان بىر
رۇس قىزى سەھنىگە چىقىپ مېهمانلارغا سالام قىلغاندىن كې-
يىن كۆكۈچ كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ ئاجايىپ بىر نازاكەت
بىلەن ناخشا باشلىدى. چوڭقۇر مۇڭ بىلەن تولغان بۇ ناخشىدا
يۈرەككە پاتمايۋاتقان هىجران قايغۇلىرى، ۋىسال تەشنالىقى،
ئىزتىراپلىق قەلبىنىڭ تاقەتسىز تەلپۈنۈشلىرى بولدۇقلايتى-

تى... قىز ھەممىمىزنى سوكوتكە غەرق قىلىۋېتىپ، ئارقىدىنلا بىر ـ بىردىن جۇشقۇن شوخ ناخشىلارنى ياڭرىتىۋەتتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ بايىدىن بېرى جىممىدە ئولتۇرۇپ غىزالىنىۋاتقان، پاراڭلىشىۋاتقانلار بىردىن ـ ئىككىدىن بولۇپ مەيدانغا چۈشۈپ ئۇسسۇلغا، تانسىغا، دىسكوغا، ئەيتاۋۇر نېمىنى خالىسا، پۇتى نېمىگە كەلسە شۇنىڭغا چۈشۈشتى.

مۇزىكا راسا ئەۋجىگە چىققاندا بىزنىڭ ئۇستەلدىكىلەر بىراقلا ئورنىدىن تۇردى. «مەن سومكىلارغا قارىغاچ ئولتۇرۇپ تۇراي» دەپ باھانە كۆرسەتتىم. مۇشۇ يېشىمدا سەھنىدىكى ئۇسسۇل دېسە ئۇسسۇلغا ئوخشىمايدىغان، دىسكو دېسە دىسكوغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل تولغىما ئۇسسۇلنى ئويناۋاتقانلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ، شۇلار بىلەن تەڭ ساغرا تولغاپ يۈرۈشتىن خىجىل بولغانىدىم. «ۋاي يۈرۈڭە، ئويناپمىز دەپ كەلگەندىكىن پۇخادىن چىققۇچە ئويناپ كەتمەمدۇق !...» دەپ بوستان قولۇمدىن تارتىپلا سەھنىگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭتۇش بولغاچقا، ئارتۇقچە بىر نەرسە دېيەلمەي ئەگىشىپ ئوتتۇرىغا چۈشتۇم. تەلىيىمگە ئوتتۇرىغا چۈشۈشىمىز بىلەن مۇزىكىنىڭ رىتمى ئۆزگىرىپ راسا جۇشقۇن دىسكو مۇزىكىسى باشلاندى. بەشىمىز بىر يەرگە يىغىلىپ ئويناشقا باشلىدۇق، ئارىمىزدىكى ياش چوكانلارنىڭ، بولۇپمۇ دىلنۇرنىڭ ھەرىكەتلىرى شۇنچىلىك چىرايلىق، شوخ بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرەتتى. ئۇنىڭ نە فىگۇرىسى، نە كىيىنىشلىرى توي قىلىپ بالىلىق بولغان ئاياللارغا ئوخشىمايتتى. ئۇلارغا قاراپ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزۈمنىڭ ئوتتۇز ياشلاردىكى ۋاقىتلىرىمنى ئويلاپ قالدىم. ئۇ چاغلاردا تۇرمۇش سەۋىيەمىز تۆۋەن، بالىلار كىچىك، بىزگە نەدە بۇنداق چىرايلىق ياسىنىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرىدىغان شارائىت بولسۇن؟ ئايال كىشى ئوتتۇز ياشقا كىرمىسە بولىدىكەن، كىرگەندىن كېيىنلا يىللار خۇددى ئارقىسىدىن بىرسى قوغلاۋاتقاندەك تېز ئۆتۈشكە باشلايدىكەن.

تېخى تۇنۇگۇنلا مەنمۇ دىلنۇرلاردەك ئوتتۇز ياشلىق چوكان ئى-
دىم، مانا هايت ـ هۇيت دېگۇچە قىرىق ياشنىڭ بوسۇغىسىغا كې-
لىپ قېلىپ ياشلىقىمدىن ئەسەرمۇ قالمىدى، تېخى ئېرىمنىمۇ
قولۇمدا ئوخشاپ تۇتالمايدىغان بىر بىچارە ئايالغا ئايلىنىپ قال-
دىم...

خىيال بىلەن ئويناۋېتىپ تويىمىزنىڭ بىراقلا كېڭىيىپ
كەتكەنلىكىنى سەزمەپتىمەن. سەھنىدىكىلەر بىر يەرگە يىغى-
لىپ يۇمىلاق چەمبەر هاسىل قىلىپ بىرلىكتە ئويناۋاتاتتى.
چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىدا قارىماققا يىگىرمە يەتتە ـ يىگىرمە
سەككىز ياشلاردا بار بىر چوكان تۆت ـ بەش ياشلاردىكى خۇددى
چوڭ ئادەمنى كىچىكلىتىپ قويغاندەك ياساندۇرۇلغان تولىمۇ
ئوماق بىر قىزچاق بىلەن بېقىشىپ ئويناۋاتاتتى. قىزچاقنىڭ-
مۇ، چوكاننىڭمۇ هەرىكەتلىرى شۇنداق نەپىس، چىرايلىق بو-
لۇپ، ئەتراپتا ئويناۋاتقان چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال هەمە-
مىسى هېلىدىن ـ هېلىغا چاۋاك چېلىپ، توۋلىشىپ ئۇلارغا
ئىلهام بېرەتتى. ئىككىسىنىڭ چىرايىنىڭ ئوخشىشىدىن ھەم-
دە ئارىدا قىزچاقنىڭ ئەركىلەپ قىلغان سۆزىدىن بۇلارنىڭ ئانا ـ
بالا ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم. قىزچاققا ناهايىتى چىرايلىق
پاسوندىكى پوپايكا، يوپكا، ئۆتۈك كىيدۈرۈپ قويۇلغان، ئانىسى
بولسا بەدىنىگە «چىپىپىدە» كەلگەن، كىندىكىنىڭ ئاستىدىن
باغلايدىغان پادىچىلار شىمى كىيگەن بولۇپ، قوللىرىنى ھەر-
بىر كۆتۈرگەندە ئالدى ئېچىۋېتىلگەن چاپىنىدىن بىر غېرىچ
ئوچۇق تۇرغان كىندىكى، كىندىكىنىڭ ئاستىدىنلا باغلىۋالغان
ياقۇت كۆز قويۇلغان بەلتاسمىسى كۆزگە تاشلىنىپ، ئەتراپتى-
كىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئارىمىزدا ئويناۋاتقان بىرنەچچە رۇس، ئە-
زەربەيجانلىق ئەرلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىۋاتاتتى.
ئارىدا تۇيۇقسىز مۇزىكىنىڭ رىتمى ئۆزگىرىپ تېخىمۇ جۇش-
قۇن بىر مۇزىكا قويۇلدى، ئويناۋاتقانلار خۇددى مەسلىھەتلى-
شىۋالغاندەكلا ئىسقىرتىشىپ، بىر ـ بىرىنى ئوتتۇرىغا تارتى-

شىپ تېخىمۇ قىزغىنلىق بىلەن ئويناشقا باشلىدى. بىرنەچ-
چە ئەر مەيدانغا چۈشۈپ ئالمىشىپمۇ ئۇلگۇردى، ئەمما ھېلىقى
ئانا ـ بالا، بولۇپمۇ ئانا ھېرىپ قالمىغاندەك ئەمەس، ئۇ ئوي-
نىغانسېرى قىزىپ، كىرىشىپ كېتىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇ
خۇددى پېرىگە چۈشكەن باخشى چۆرگۈلىگەنسېرى ئەۋجگە
كەلگەندەك، بىردىنلا ئۇچىسىدىكى چاپىنىنى سېلىپ، قولىنىڭ
ئۇچىغا ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز قىلىپ مۇزىكا رىتىمىغا كەل-
تۈرۈپ بىرنەچچىنى چۆرگۈلىتىۋەتكەندىن كېيىن مەيداننىڭ
سىرتىغا قارىتىپ پىرقىرىتىپ ئاتتى. چوكاننىڭ ئىنچىكە
تاسمىلىق مايكىسىدىن ئاپپاق مۈرىلىرى، قولتۇقلىرى، كۆك-
سىنىڭ يېرىمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ھەربىر قېتىم قوللىرد-
نى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، بېلىنى، ساغرىسىنى خۇددى
ئەرەب ئۇسسۇلى ئويناۋاتقاندەك لىغىرلىتىپ تولغىغاندا،
مەيداندا بىر قېتىم قىيقاس كۆتۈرۈلەتتى. شۇ تاپتا كاللامدىن
قانداق خىياللارنىڭ كېچىۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن. پەقەت ئىچ ـ
ئىچىمدىن ئۆرلەۋاتقان بىر يىغىنىڭ بوغۇزۇمنى ئېچىشتۇ-
رۇۋاتقىنىنى، مەيداندا ئويناۋاتقان ئانا ـ بالىغا قارىغىنىمچە
قېتىپ تۇرۇپ قالغىنىمنى بىلىمەن. تېخى ھېلىلا ماڭا شۇنداق
ئوماق كۆرۈنگەن مۇنۇ قىزچاق شۇ تاپتا كۆزۈمگە گويا سېرك-
چىلەر سەھنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ يىپ بىلەن باشقۇ-
رۇۋاتقان قورچاقلا ئوخشاش كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. «بۇ
قانداق ئانا بولۇپ كەتتى ئەمدى؟ ــ ئويلايتتىم ئىچىمدە، ــ
تېخى مەكتەپ يېشىغىمۇ يەتمىگەن نارەسىدە قىزنى مۇشۇنداق
سورۇنلاردا ئەگەشتۈرۈپ يۈرسە، بۇنى ئاز دەپ يات ئەرلەرنىڭ
ئالدىدا كىندىكىنى، قولتۇقلىرىنى ئېچىپ ئويناپ يۈرسە، بۇ
قىز چوڭ بولغاندا قانداقراق ئادەم بولار؟ قىزلارغا خاس ئىپ-
پەت تۇيغۇسىمۇ يوق، ھەتتا ئانا بولۇش سالاھىيىتى ۋە شەر-
تىنىمۇ ھازىرلىيالمايدىغان بىر ماڭقۇرت بولۇپ چىقماسمۇ؟
يات، نامەھرەم ئەرلەر ئالدىدا مۇنۇ سەھنىدە ئۆزىنى كۆز ـ

كۆز قىلىپ ئويناۋاتقان ئانىسىغا ئوخشاش كىندىكى بىلەن كۆكسىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن چوڭراق يەرلىرىنىمۇ ئېچىپ يۇرۇشتىن نومۇس قىلمايدىغان ئايال بولۇپ قالامسىمۇ؟ بۇ قىزنىڭ دادىسى — ئاۋۇ ياش چوكاننىڭ ئېرى نەدىدۇ؟ ئۇ نېمىشقا بۇ ئانا - بالىنى مۇشۇنداق سورۇنلارغا بىللە ئەۋەتكەندۇ؟ بۇلارنى تاشلاپ باشقا بىر ئۇۋىنى ئىسسىتىپ يۇرەمدىغاندۇ ياكى ئۇمۇ بىرەر سېرىق چاچلىق خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدا تۇنەپ قالغىلى كەتكەنمىدۇ؟» بوستاننىڭ قاتتىق تۇرتۇشى بىلەن ئېسىمگە كەلدىم.

— نېمىگە قېتىپ قالدىڭىز؟ — ۋارقىراپ سورىدى ئۇ. كۇچلۇك مۇزىكىنىڭ ئاۋازىدا «ئاڭلىماي قالمىسۇن» دەپ ئاغزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ ئەكېلىپ:

— قاراڭ، ئاۋۇنىڭ نەرى ئانىغا ئوخشايدۇ؟ قىزىنىڭ ئالدىدا قىلىپ يۇرگەن قىلىقلىرىنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدىم ھېلىقى چوكانغا نەپرەت بىلەن قاراپ.

— كارىڭىز بولمىسۇن، ئاداش، — دېدى بوستان پەرۋاسىزلىق بىلەن، — سىز بىلەن بىزمۇ ئانىغۇ؟!

بىردىنلا كاچكۇلغا چۇشۇپ كەتكەندەك شۇركۇنۇپ كەتتىم. «راست، مەنمۇ ئانىغۇ؟ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن بىرسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە، بىرسى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ئىككى قىزىمنى ئۆيدە تاشلاپ قويۇپ ئۆزۈم بۇ يەردە يۇرگەن تۇرۇقلۇق، قايسى ھالىمغا بۇ ئانىنى ئەيىبلەيمەن؟ ئۇنى ئەيىبلەيدىغان نېمە ھەققىم، قانداق سالاھىيىتىم بار مېنىڭ؟» شۇ خىيال بىلەن دەرھال مەيداندىن ئايرىلىپ ئابايا ئولتۇرغان ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇستەلگە تىكلەپ قويۇلغان ھاراق خۇددى مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ئۇدۇلۇمدا ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى.

ئون مىنۇتلاردىن كېيىن ھەمراھلىرىم ھېرىپ «چىپ - چىپ» تەرلىگەن ھالدا مەيداندىن چۇشۇپ جايلىرىغا ئولتۇرۇش-

تى. سەھنىگە يەنە ھېلىقى رۇس قىزى چىقىپ لەرزان ئاۋازدا مۇڭلۇق ناخشىدىن بىرنى باشلىدى. ئابايا بىزنىڭ قاتارىمىزدا دىسكو ئوينىغان قاملاشقان بىر ئەزەربەيجانلىق يىگىت خۇددى باشقىلارنىڭ تارتىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، تېز ـ تېز چامداپ مېڭىپ بېرىپ ئابايىقى «ئانا»نى تانسىغا تارتتى. «ئانا» ھېچ ئىككىلەنمەيلا مەيدانغا چۈشتى. ئارقىدىنلا ئابايا دىسكوغا چۈشكەن يىگىتلەر بىردىن ـ ئىككىدىن بولۇپ ئورنىدىن تۇ- رۇپ باشقا ئۈستەللەردىكى قىز ـ چوكانلارنى تانسىغا تارتىشقا باشلىدى. «ماڭامدۇق؟» دېدىم مەن ھەمراھلىرىمغا ۋە ئۇلارنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن سومكامنى قولۇمغا ئالدىم.

ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ ئۆيگە كىرسەم سائەت ئون بىر بولاي دېگەنىكەن. پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ پەم بىلەن يوتقىنىمغا كىرىۋالدىم. ئارسلان ئۇخلاپ قالغاندەك جىمجىت ياتاتتى. «بىلىمەن، ئۇ تېخى ئۇخ- لىمىدى، ئەگەر ئۇخلىغان بولسا بۇنداق جىم ياتماي خورەك تارتقان، ھېچبولمىغاندا پۇشۇلداپ تىنىپ ياتقان بولاتتى» كاللامدىن ئابايىقى رېستوراندىكى ئىشلارنىڭ تەسىرى تېخى كەتمىگەچكىمۇ، ئۇزاققىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. ئارىمىزدا يۈز بەرگەن شۇ ئىشتىن كېيىن ئارسلان مۇشۇنداق قىلىق چىقىد- رىۋالغانىدى. مەن بىر يەرگە كەتكەن كۈنلىرى ئادەتتىكىدىن بالدۇر يوتقانغا كىرىپ يېتىۋالاتتى. بۇ ماڭا ئوچۇق ـ ئاشكارا «سىرتقا چىقماڭ» دېيەلمەي، كەچ قالغانلىقىمنى ئەسكەرتىپ قويۇش ئۈچۈن تاپقان ئۇسۇلى بولسا كېرەك. ئارسلان بەلكى مېنى ئۆزىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق سىرتلاردا ئويناپ يۈرىدۇ، دەپ ئويلاۋاتقاندۇ. كىم بىلىدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىن يا- مانراق ئېھتىماللىقلارنىمۇ ئويلىغاندۇ... ئەمما، مېنىڭ كاللام- دە تېخىچىلا ھېلىقى ئانا ـ بالىنىڭ سىيماسى... شۇ تاپتا مۇمكىن بولسا ئارسلاننىڭ مورىسىگە بېشىمنى قويۇپ يېتىپ شۇ ھەقتىكى تەسىراتلىرىمنى سۆزلەپ بەرگەن بولسام...

ئاياللار ئادەتتە بىر ئىشلارنى قارار قىلغاندا تولاراق ئۆز تۇيغۇسىنى، كەيپىياتىنى ئاساس قىلىدۇ، يەنى «كۆڭلۈم تارتمىدى» دېگەندەك. مەن بۇ خىل ھادىسىنىڭ بىرەر ئىلمىي ئاساسى بارلىقىنى بىلمىسەممۇ، نېمىشقىدۇر ھەرھالدا بۇنىڭ ئادەمگە زىيانلىق ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. شۇ كۈنكى مېھماندارچىلىققا بېرىشقا زادىلا كۆڭلۈم تارتمىغانىدى. ئەسلىي كۆڭلۈم تارتمىغاندىكىن، بارمايلا قويغان بولسام ئاشۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى، خەيرىيەت...

ئۇ كۈنى ئىدارىمىزدىكى ئىككىيلەننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانىنىڭ تەستىقلانغانلىقى توغرىسىدا ھۆججەت چۈشكەنىدى، ئىشخانىدىكىلەر كونا قائىدە بويىچە بۇ ئىككىيلەننى «ئىدارىدىكىلەرنى مېھمان قىلىسىلەر!» دەپ تۇرۇۋالدى. دەل مۇشۇ مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ بولالماي تۇرغاننىڭ ئۈستىگە باشلىقىمىز كىرىپ تۆۋەندىكى بىزگە مۇناسىۋەتلىك سىستېمىدىن بىرنەچچەيلەن كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنى بىرەر قېتىم كۈتۈۋالمىساق بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىدارىمىزدە ئەرلەر تولاراق كاماندىروپكىغا چىقاتتى. بارغان يەرلەردە خەقلەرگە مېھمان بولغاندىكىن، «يېگەن ئېغىز ئۇيىلىدۇ» دەپ، كەلگەنلەرنى مېھمان قىلمىسا بولمايدۇ ــ دە. ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاخىر مېھمان بولۇشقا ھەممەيلەن بىللە بارىدىغان، چىقىمنىڭ يېرىمىنى بۈگۈنكى ئۇنۋانى تەستىقلانغانلار، يېرىمىنى ئىدارە كۆتۈرىدىغان بولۇپ كېلىشتى. كەچتە ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدا ھېچكىمگە تۇيدۇرماي «غىپپىدە» كېتىپ قالاي دەپ تۇرسام، نەقلا ئۇنۋان ئالغاندىن بىرسىگە تۇتۇلۇپ قالسام بولىدۇ! «سىزمۇ كېلەر يىلى ئالىسىز بۇ ئۇنۋاننى، شۇ چاغدا مېھمان قىلىشتىن قورقۇۋاتامسىز يا؟ يېقىندىن بېرى ياۋا خۇيلىرى خېلى تۈزىلىپ قالدى دەپ يۈرسەك يەنە ئەسلىگىزگە كېلىۋالماقچىمۇ؟» دېدى ئۇ. ئۇنى دېسەم بۇنى دەپ، بۇنى دېسەم ئۇنى دەپ، مېنى زادىلا ئېغىز ئاچقۇزمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز ئۇلارغا قوشۇلۇپ ماڭدىم.

بىز ئايالىلار ئىككىنچى تۈركۈمدە ماشىنىغا چۈشۈپ بارساق ئەرلەر رېستوراننىڭ چوڭ بىر ئايرىمخانىسىدا ئىككى ئۈستەللىك بولۇپ ئولتۇرۇپ بولغانىكەن. بىز كېلىپ يەنە بىر بوش ئۈستەلگە جايلاشتۇق. بۈگۈن ئارىمىزدا ئىدارىدىكىلەردىن باشقىلارمۇ بولغاچقىمىكىن، دەسلەپتە ھەممىمىز سەل قورۇندۇق، بولۇپمۇ بىرسى ماڭا تىكىلىپلا تۇرغاندەك، چىرايىم، كىيىم ـ كېچەكلىرىم ئۈستىدە بىرمۇبىر تىنتىش ئېلىپ بېرىۋاتقاندەك بەكمۇ بىئارام بولدۇم. ئەسلىي بۇ مېنىڭ تۇيغۇم بولماستىن، راستلا بىر جۈپ كۆز مېنى تەقىب ئاستىغا ئالغانىكەن. تاماقلار يېيىلىپ، ناتونۇش مېھمانلار تونۇشتۇرۇلۇپ ئانچە ـ مۇنچە كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن ئولتۇرغىنىمىزدا، مۇزىكا باشلىنىشىغىلا ئەرلەرنىڭ ئۈستىلىدە ئولتۇرغان بىرسى ئۇدۇل ئالدىمغا كېلىپ مېنى تانىسىغا تارتتى. ناتونۇش ئادەمنىڭ تانىسىغا تارتقىنىدىن سەل نارازى بولغان بولساممۇ، بىر سىستېمىدىن كەلگەن مېھماننى رەنجىتىپ قويماي دەپ تەستىرەك ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— زۆلھايات، مېنى پەقەتلا تونۇمىدىڭىز ـ ھە؟ — ئويلىمىغان يەردىن مېھمان تانسىنى باشلا ـ باشلىمايلا شۇ سۆزنى قىلدى.

— ھە؟! — مەن تەئەججۈپ بىلەن ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلدىم. قارىماققا قىرىق بەش ياشلاردا بار، سەل قورساق سالغان بۇ ئادەمنى تونۇش تۇگۇل چىرايىنى بىرەر يەردە كۆرگىنىمنىمۇ ئەسلىيەلمىدىم.

— ئەسلىيەلمىدىڭىز ـ ھە! — كۈلۈمسىرىدى ئۇ، — بىر ھېسابتا ئەسلىيەلمىگىنىڭىزمۇ توغرا، سىز مەندە شۇنداق چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بىلەن، بەلكى مەن سىزدە ھېچقانچە تەسىر قالدۇرمىغان بولغىيدىم. چۈنكى، سىزنىڭ كۆزىڭىز ئۇ چاغلاردا ھېلىقى گىتارچى ئاداشتىن باشقىنى كۆرمەيتتى. كەچلىك مۇزا- كىرىدىن كېيىن سىنىپىڭىزنىڭ ئىشىكىنى تولا چېكىپمۇ، قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدىكى خىجالەت دوقمۇشىدا سائەتلەپ ساقلاپ تۇرۇپمۇ، سىزنى بىرەر قېتىم كىنوغا تەكلىپ قىلىش

پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمىگەنىدىم. ھەر قېتىم ئۇ ئاداش بىلەن يېتىلىشىپ ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتسىڭىز ئەلەم بىلەن لېۋىمنى چىشلەپلا قالاتتىم، مەشۇقسىز ئاشىق ئىدۇق دەڭە! — ئۇ بىرئاز تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — مەنمۇ سىز بىلەن بىر فاكۇلتېتتا، سىلەردىن بىر يىل يۇقىرى يىللىقتا ئوقۇغان، سىنىپلىرىمىز قارىشىپ تۇراتتى...

قىزىق، ئادەتتە بىر فاكۇلتېتتا ئەمەس، بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغانلارمۇ بىر - بىرىگە تونۇش چىراي كۆرۈنىدۇ. «تونۇشلا كۆرۈنىسىزغۇ؟ ھە، ئەسلىدە سىزمۇ پالانى مەكتەپتە ئوقۇپتىكەنسىز -دە؟» دېيىشىپ بىر - بىرى بىلەن تونۇشىدۇ. لېكىن، ئۆزىنى «ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا سىزگە ئاشىق ئىدىم» دەپ تۇرۇۋالغان مۇنۇ ئادەم توغرۇلۇق كاللامدا ھېچنېمە يوق ئىدى. ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلمەي تۇرسام، تەلىيىمگە مۇزىكا توختىدى. ئارىدا ئىككى قول تانسا ئوينالغاندىن كېيىن ئۇ يەنە كېلىپ مېنى تانسىغا تارتتى. بۇ قېتىم ئانچە تارتىنمايلا ئورنۇمدىن تۇردۇم، چۈنكى بىر فاكۇلتېتتا، يەنە كېلىپ قارىشىپ تۇرىدىغان سىنىپتا ئوقۇدۇق، دېگەنلىك، ساۋاقداش دېگەنلىكتىن دېرەك بېرەتتى. ساۋاقداش بولغاندىكىن، ئۇنىڭدىن ئانچە ئېھتىيات قىلىپ كەتمىسەممۇ بولاتتى. ماڭا ئاشىقلىقى توغرىسىدىكى ھېلىقى گەپلەر بولسا مەكتەپ ھاياتى ھەققىدىكى بىر ھېكايە ئىدى، خالاس. بۇ قېتىم ئىككىمىز تانسىنى كۈلكە - چاقچاق بىلەن ناھايىتى ئەركىن ئوينىدۇق، ئۇ مېنى «زادىلا ئۆزگەرمەپسىز، تېخىچە شۇنداق ياش، چىرايلىق تۇرۇپسىز، ئۇرۇمچىلىك ئاياللار قېرىمايدۇ دېگەن گەپ راستمۇ ياكى چىرايلىق ئاياللار قېرىمامدۇ» دەپ ماختىغان بولدى. مەنمۇ: «يالغان گەپ قىلدىڭىز، ماختىسىڭىزمۇ سەل ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان، تېخىمۇ تولۇپ سالاپەتلىك بولۇپ قاپسىز، دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر بىلەن ماختاڭ، بولمىسا يالغان ئېيتقانلىقىڭىز چېنىپ

قالدۇ، بۇنداق گەپلەرگە ئىش كۆرمىگەن كىچىك قىزلار ئالدانغان بىلەن بىزدەك ياشتىكى ئاياللار ئالدانمايدۇ» دەپ ئۇنى كۈلدۈرۈۋەتتىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ماختاشلىرىدىن زادىلا خۇش بولمىدىم دېسەم يالغان ئېيتقان بولىمەن. قايسى ئايال باشقىلار تەرىپىدىن، بولۇپمۇ مەندەك ياشلىق باھارى بىلەن خوشلىشىش ۋەسۋەسىسىدە تۇرغان، ئائىلە تۇرمۇشىدا قىزىل چىراغ سىگنال بېرىپ گاڭگىراپ قالغان، خۇددى كەچ كۈزدىكى گۈلدەك كۈندىن ـ كۈنگە سولۇپ بېرىۋاتقان، چىرايىغا قاراپ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى بارا ـ بارا ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان بىر ئايال بۇنداق ماختىلىشتىن خۇش بولماي، سۆيۈنمەي تۇرالايتتىمۇ؟

شۇ كۈنى ساۋاقدىشىمنىڭ «كۆڭلى» ئۈچۈن بۇنداق سورۇنلاردىن ئەڭ بالدۇر كېتىپ قالىدىغان ئادىتىمنى بۇزۇپ ئىككى ئايال خىزمەتدىشىم بىلەن سورۇن ئاخىرلاشقۇچە ئولتۇردۇم. بىرنەچچە قېتىم ماڭايلى دەپ قوزغالساق، ئىككىمىزنىڭ «ساۋاقداشلىق» مۇناسىۋىتىمىزدىن ئاللىقاچان خەۋەردار بولۇشقان خىزمەتداشلىرىم «يىگىرمە يىل كۆرۈشمىگەن ساۋاقدىشىڭىز بىلەن ئاران بىر ئۇچراشقاندىمۇ ئۆيگە بالدۇر كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالامسىز» دەپ تۇرۇۋېلىشتى. سورۇن ئاخىرلاشقاندا ھېلىقى ئىككى ئايال خىزمەتدىشىم بىر قورۇدا ئولتۇرىدىغان بولغاچقا، ئىدارىنىڭ ماشىنىسىغا چۈشۈۋېلىپ بىللە قايتىدىغان، مېنى «ساۋاقدىشىم» تاكسىلىق ئاپىرىپ قويىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق.

تالاغا چىقساق ئاندا ـ ساندا يامغۇر تامچىلاۋېتىپتىكەن، باشقىلار بىلەن خوشلىشىپ بىر تاكسىغا چۈشۈپ ماڭدۇق. ساۋاقدىشىمنىڭ تاكسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرماي ئارقىسىدا — يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇشى كۆڭلۈمنى سەل خىرە قىلغان بولسىمۇ، «كېچىدە شوپۇرلار ئەرلەرنىڭ تاكسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشىنى ياقتۇرمايدۇ، بەلكى شۇنى ئويلىغاندۇ، يا مەنمۇ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئابايا تاكسىنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ بەردى دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ يۇرمەي ماشىنىنىڭ ئالدىغىلا ئولتۇرماپتىمەن» دېگەندىلەرنى ئويلاپ سەل نېرىغا سۈرۈلۈپرەك ئولتۇردۇم. ئۇ بىردەم ئۆزىنىڭ، خوتۇن ـ باللىرىنىڭ پارىڭىنى قىلىپ بەرگەن بولدى.

— ئەتە ۋاقتىڭىز بارمۇ؟ — تۇيۇقسىز سوراپ قالدى ئۇ.

گەرچە نەچچە رومكا قىزىل هاراق ئىچكەچكە بېشىم سەل قېيىپ تۇرسىمۇ كاللام سەگەك ئىدى، بولۇپمۇ بىر ئەر بىلەن بىللە كېتىۋاتقاچقا، نېرۋىلىرىم يۇكسەك سەزگۈر هالەتتە تۇراتتى. شۇڭا، ئىتتىكلا سوئال نەزىرىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدىم.

— چۆچۈپ كەتتىڭىزغۇ؟ — كۈلدى ئۇ، — بۇنچىلىك قورقۇپ كەتمەڭ، باشقا ئىش يوق، ئايالىمغا داڭلىق ماركىلىق كىيىملەردىن ئىككى ـ ئۈچ قۇر ئالغاچ كېتەي دېگەن، يالغۇز تاللىيالمايدىكەنمەن، شۇڭا بازار ئارىلىشىپ بېرەمدىكىن دېگەنىدىم.

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن كۆڭلۈم سەل جايىغا چۈشۈپ، چىڭقالغان نېرۋىلىرىم بوشاشقان بولسىمۇ، يات بىر ئەرگە هەمراھ بولۇپ «بازار ئارىلىشىپ بېرىش»نى كۆڭلۈمدە تازا توغرا تاپماي ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. مېنىڭ دېلىغۇللۇقۇمنى ئۇ باشقىچە چۈشەنگەن بولسا كېرەك:

— شۇ پۇرسەتتە سىزگىمۇ خاتىرە بولۇپ قالغۇدەك بىرەر نەرسە سوۋغا قىلايمىكىن دېگەنىدىم، — دېدى كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ بۇ سۆزى، بولۇپمۇ كۆزۈمگە تىكىلگەندىكى هايا-سىز نەزىرى پۈتۈن بەدىنىمنى تىكەنلەشتۈرۈۋەتتى. بىردىنلا «غۇژژىدە» بولدۇم. خورلانغاندەك بىر خىل تۇيغۇدا سوغۇقلا:

— رەھمەت، مېنىڭ ھەممە نەرسەم تولۇق، كايىماڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە ۋاقتىممۇ يوق، — دېدىم. ئۇ ئىچىۋالغان بولغاچقا ئاچچىقلىغىنىمنى سەزمىدىمۇ ياكى بىزەڭلىكىگە ئالدىمۇ، يەنە هېچ ئىش بولمىغاندەك:

— ئەتە بولمىسا باشقا كۈنى بولسىمۇ بولىدۇغۇ؟ ئەمىسە تېلېفون نومۇرىڭىزنى دەپ بېرىڭ، مەن تېلېفون قىلاي، — دېدى.

— كەچۈرۈڭ، تېلېفونۇم يوقاپ كېتىپ تېخى باشقىنى ئېلىپ بولالمىدىم، — دېدىم - دە، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ نېرىراق سۈرۈلۈپ ئولتۇردۇم. ئۆيگە كېلىشكە تېخى خېلى بار ئىدى. «قېرىشقاندەك ماۋۇ يولنىڭمۇ ئۆزىراپ كېتىۋاتقىنىنى» دەيتتىم ئىچىمدە كې - چىدە يات بىر ئەر بىلەن قورقماي بىر ماشىنىغا چىققىنىمنى ئو - يلاپ، ئۆزۈمنى مىڭنى تىللاپ.

— نېمانچە ئۈركۈيسىز، ماشىنىنىڭ بۇلۇڭىغا سىغدىلىپلا قالدىڭىزغۇ؟ سىزنى يەپ كەتمەيمەن، قورقماي مۇنداقراق ئولتۇ - رۇڭە! — ئۇ شۇنداق دەپ بىلىكىمنى تۇتماقچى بولۇۋىدى، ئۇنى يوشۇراق سىلكىپ قولۇمنى تارتىۋالدىم ھەم گەپ قىلماستىن ما - شىنىنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇردۇم، — چاقچاق قىلىپ قويسام رەنجىپ قالدىڭىزما؟ — ئۇ يەنە بىرەڭلىك بىلەن ئېگىلىپ كۆزۈمگە قارىدى.

— رەنجىگىنىمنى بىلگەن بولسىڭىز جىم ئولتۇرۇڭ، بول - مىسا مەشەدىلا ماشىنىدىن چۈشۈپ قالىمەن... — مەن شۇنداق دەپ زەردە بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بىر قارىۋېتىپ، يەنە بۇرۇلۇپ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇۋالدىم.

— ۋاي - ۋۇي، نېمانچە قىلىپ كېتىسىز، ئادەمگە بىر قاراپ قويۇڭە مۇنداق!... — ئۇ ئىككى قولىنى مورەمگە ئېلىپ بېشىنى يۈزۈمگە يېقىن ئەكەلدى. ئاچچىقىمدا بار كۈچۈم بىلەن ئۇنى ئارقىغا ئىتتەردىم ھەم شوپۇرغا:

— توختات، ماشىنىنى توختات دەۋاتىمەن! — دەپ ئەسەبىي - لىك بىلەن ۋارقىرىغاچ، ماشىنا ئىشىكىنى ئېچىش ئۈچۈن ھە دەپ ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى قالايمىقان بۇراشقا باشلىدىم. ماشىنا كۈچلۈك تورمۇزلىنىپ سىيرىلىپ توختىدى. شوپۇرنىڭ: «ھەي، ئۇياقتىن چۈشسىڭىز بولمايدۇ، جېنىڭىزدىن تويدىڭىزمۇ؟» دەپ ۋارقىراشلىرىغا قۇلاقمۇ سالماستىن ماشىنىنىڭ سىرتىغا ئۆ - زۈمنى ئاتتىم. «ھۇ، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان!...» ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقىنىمدا «ساۋاقدىشىم»نىڭ چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن

چىقىرىپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن قىلغان شۇ سۆزى قۇلىقىمغا كىردى...

سىرتتا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋېتىپتۇ. چوڭ يولدا بار كۈچۈم بىلەن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن، كۆزلىرىمدىن قۇيۇلۇۋاتقان يامغۇر تامچىلىرى يېشىم بىلەن ئارىلىشىپ يۈزۈمنى بويلاپ ئېقىپ بوينۇمغا سارقىيتتى. قۇلاق تۈۋىمدە «ئىززىتىدنى بىلمەيدىغان، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان...» دېگەن سۆز توختىماي تەكرارلىناتتى... سەزگۈلىرىم قېتىپ قالغاندەك، نە يۈزۈمگە تاراسلاپ تېگىۋاتقان يامغۇرنىڭ سوغۇقىنى، نە پۇتۇمدىكى ئېگىز پاشنىلىق ئاياغنىڭ پۇتۇمنى ئاغرىتقىنىنى سېزەر ئەمەس. توغرا، يۈرەكنىڭ، روھىمنىڭ ئاغرىقى ئالدىدا جىسمىمنىڭ ئاغرىقى نېمىدى؟ «ساۋاقدىشىم» مېنى ئوبدان تىللىغانىدى. مەن ئىززىتىمنى بىلىدىغان ئايال بولغان بولسام ئاشۇنداق سورۇنلارغا بارمىغان، ھەرقانچە يېقىن ساۋاقدىشىم بولغان ھالەتتىمۇ يات بىر ئەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كېچىدە ئۇنىڭ بىلەن بىر ماشىنىغا چۈشمىگەن، ئېرىمنىڭ بىر قېتىملىق خاتالىقى ئۈچۈن ئۇنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ جازالاپ مۇشۇنداق يەرلەردە يۈرمىگەن، بىر ئايالنىڭ مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيىتى ۋە چوقۇم دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپلىرىنى ئەستىن چىقارمىغان بولاتتىم... شۇ يۈگۈرگەنچە يۈگۈرۈپ ئۆيگە قانداق كەلگىنىمنى بىلمەيمەن. پۈتۈن ئۇستىبېشىم «چۆپ ـ چۆپ» ھۆل، جالاقلاپ تىترىگىنىمچە تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ يۈز ـ كۆزلىرىمنى، پۇتلىرىمنى يۇدۇم، ئىشكاپتىن قېلىنراق كېچىلىك كىيىمنى ئېلىپ كىيدىم. نېمىشقىدۇر تىترىكىم ھېچ بېسىلار ئەمەس، قارىغاندا، سوغۇق ئىچ ـ ئىچىمگە ئۆتۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئارسلان ئۇخلاپ قالغان بولسا ئۇنى ئويغىتىپ كەتمىسۇن، دەپ ئابايىقى ئىشلارنى ياتاق ئۆيىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرماي قاراڭغۇدا ئاستا قىلغانىدىم. كارىۋاتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا بىر پەس قاراپ تۇردۇم. ئۇ

كۆزىنى يۇمۇپ جىممىدە ياتاتتى، پەرىزىمچە ئۇخلىمىغانىدى. ئەگەر شۇ تاپتا ئۆرۈلۈپ ماڭا بىرلا ئېغىز گەپ قىلغان بولسا ئۇنىڭ باغرىغا تاشلىنىشقا تەييار ئىدىم، بىراق ھېلىقى كۈندىكى «پاسكىنا قولىڭىزنى نېرى تارتىڭ» دېگەن سۆزدىن كېيىن ئۇ ماڭا كارىۋات ئۈستىدە زادىلا پاراڭ قىلمايدىغان بولغانىدى. كارىۋاتقا چىقىپ ئۇنىڭغا قاراپ قانچىلىك ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. قېلىن كىيىم بىلەن يوتقانغا كىرىپ ياتقاندىن كېيىنمۇ ئىسسىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بارغانسېرى توڭلاپ، تىترەپ كېتىۋاتاتتىم، سوغۇق، يالغۇزلۇق، ئابايا يولدا ئۇچرىغان خورلۇق، پۇشايمان قوشۇلۇپ كۆزلىرىمدىن توختىماي ياش ئاقماقتا ئىدى. ئاخىر ياستۇقۇمنى ئۇنىڭ ياستۇقىغا يېقىنراق سۈرۈپ ياتتىم ھەم: «ئارسلان، مەن بەك توڭلاپ كەتتىم...» دەپ پىچىرلىدىم تىترەپ تۇرۇپ. سۆزۈمنىڭ ئاخىرى يىغىغا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ خۇددى شۇ سۆزۈمنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك دەرھال مەن تەرەپكە ئۆرۈلۈپ مېنى باغرىغا باستى، ئۇنىڭ مۈرىسىگە بېشىمنى قويۇۋېلىپ ھېقىقداپ يىغلاۋېتىپ ئىككى تامچە ئىسسىق ياش تامچىسىنىڭ بويۇنۇمغا سارقىپ چۈشكىنىنى تۇيۇپ، ئۇنىڭ باغرىغا تېخىمۇ چىڭ يېپىشتىم...

ماھنۇر ئابدىلىم

# ناتىۋان مەھبۇس

جاۋابكار تېخى ياлап كېلىنمىگەن، سوت باشلىنىشقا تېخى بالدۇر ئىدى. باش سوتچى ھەم كېڭەشمە سوتچىلەر ئىشخانىدا سوت ماتېرىياللىرىنى رەتلىگەچ سوت زالىغا چىقىشىنىڭ تەييار-لىقىنى قىلىۋاتاتتى. بۈگۈنكى سوتتا باش سوتچىلىقنى ئىقتىدار-لىق، تەقى - تۇرقىمۇ ناھايىتى قاملاشقان ياش سوتچى قەدىردان ئۈستىگە ئالاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئېگىز، قاۋۇل بەستىگە سوت كىيىمى ناھايىتى ياراشقانىدى.

— بۈگۈنكى سوتتىكى جاۋابكارنى ئاسىم ئوغرىنىڭ قىزى دەيدىغۇ؟ — دېدى كېڭەشمە سوتچى ھەنىپە.

— ھەئە، شۇنداق ئىكەن، — دېدى يەنە بىر سوتچى، — ئۇلارنىڭ ئۆيىدە سوتقا چۈشمىگەندىن مۇشۇ بىرسى قالغانىدىغۇ دەيمەن.

قەدىردان گەپكە ئارىلاشتى.

— شۇنداق، ئاسىم تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتتى. كىچىك ئوغلى داۋۇت مۇددەتسىز كېسىلدى. چوڭ ئوغلى ئاۋۇت ئۆيىدىكىلەرگە ئانچە ئوخشىمايدۇ. ئۇ خېلى دۇرۇس ئادەم بولغاندەك تۇرىدۇ، داۋاملىق مەدىكار بازىرىدا كۆرۈپ قالىمەن. ئەپسۇس، ئەمدى ماۋۇ قىزى ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلاي دېگەن ئوخشايدۇ.

چەتتە ئولتۇرغان چوڭ ياشلىق بىر سوتچى بىر ئىشنى ئې-سىگە ئالغاندەك سۆز قوشتى:

— مەن بۇرۇن ساقچىخانىدا ئىشلىگەن چاغلىرىمدا ئاسىم

www.uyghurkitap.com

ئوغرىنى نەچچە قېتىم سوراق قىلغان. ئاۋۇت، داۋۇت دەپ ئىككى ئوغلى بارلىقىنى بىلەتتىم، قىزى بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن.

— ئۇ جەمەتتىكى ئۇچەيلەننىڭ چىرايى بىر - بىرىگە شۇنداقمۇ ئوخشايدۇ، — دېدى قەدىردان، — ھەممىسى ئىلمەك بۇرۇن، كۆك كۆز، ئوغرى دېسە كۆز ئالدىمغا شۇلارنىڭ چىرايىلا كېلىدۇ.

ۋاقىت توشۇپ قالغاچقا سوتچىلار سوت زالىغا كىرىپ، مۇنبەردىن ئورۇن ئېلىشتى. باش سوتچى «جاۋابكار يالاپ كىرىلسۇن» دەپ بۇيرۇق قىلىشى بىلەن سوت زالى سۇرلۇك تىمتاسلىققا تولدى. ھەممەيلەننىڭ نەزىرى ئىشىككە ئاغدۇرۇلدى. ئورۇق، زىلۋا بەستىگە چوڭ كېلىپ قالغان كۆك رەڭلىك مەھبۇسلار كىيىمى كىيگەن، قىسقا قىرقىما چاچلىق بىر قىز ئايال قانۇن ساقچىسىنىڭ نازارىتىدە بېشىنى يەردىن ئالماي مۇدۇرۇلۇپ - تەمتىرەپ كىرىپ كەلدى.

سوت زالىنىڭ ئوتتۇرىدىكى جاۋابكار تۇرىدىغان تۆمۈر ۋادەك ئىچىگە ئېلىپ كىرىلگەن قىز ھودۇقىنىدىن غال - غال تىترەپ، بېشىنى يەردىن ئالماي تۇراتتى.

— ئاسىيگۇل ئاسىم، بېشىڭنى كۆتۈرۈپ تىك تۇرا!

قەدىردان شۇنداق بۇيرۇق قىلىشى بىلەن ئاسىيگۇل بېشىنى ئازراق كۆتۈرگەندەك قىلدى - يۇ، لېكىن سوتچىلارغا قاراشقا پېتىنالمىدى. چىرايى بەتبەشىرە، مۇتتەھەم، كاززاپ ئاسىم ئوغرىنىڭ بۇنداق چىرايلىق قىزى بارلىقى ھەممەيلەننى تاڭ قالدۇردى. قىزنىڭ بەرگى قىياقتەك قاشلىرى يىمىرىلگەن، ئۇزۇن بوستان كىرپىكلىرى يەرگە قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى چوڭقۇر ئازابنى يېرىم توسقان، ئاپپاق يۈزى تاتارغان، ناچىدەك بۇرنى ئاستىدىكى كىچىككىنە ئېغىزى ئۇمچەيگەنىدى. ئۇنىڭ سەبىيلىك كەتمىگەن باللارچە ئوماق تۇرقى ئۇستىدىكى مەھبۇسلار كىيىمى ھەم تۆمۈر ۋادەك بىلەن پەقەتلا ماسلاشمىغان ئاجايىپ بىر ھالەتنى پەيدا قىلغانىدى.

ھەممەيلەننىڭ يۈرىكى چوڭقۇر ھېسداشلىق ۋە ئېچىنىشقا تولدى. بولۇپمۇ باش سوتچى قەدىرداننىڭ كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولدى. قىزنىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكىنى چىشلەپ، ئۈمچەيگەن ھالىتى ئۇنىڭغا ئون بەش يىل ئىلگىرىكى تۈيۈقسىز يوقاپ كەتكەن سىڭلىسىنى ئەسلەتكەنىدى.

قەدىردان كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ئۇنىڭدىن زۇۋان چىقمىغانچە سوتچى، تەپتىشلەر ئەجەبلىنىپ قاراپ قويۇشتى. قەدىردان ئاخىر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سوتنى باشلىدى.

— ئاسىيگۇل ئاسىم، باشقا ئۆزگەرتكەن ئىسمىڭ بارمۇ؟

ئاسىيگۇل دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى. دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتە ئاسىيگۇل ئۇنىڭ ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى ئىدى. ئۇ ئۆز ئىسمىنى تىلغا ئېلىش ئەمەس، ئېسىگە ئېلىشتىنمۇ قورقاتتى. ئۇ ئۆز ئىسمىنى ئېيتماقچى بولدى - يۇ، خۇددى ھازىرلا بىرسى كېلىپ بىر كاچات ئۇرىدىغاندەك، باشلىرىنى تامغا ئۇستۇرىدىغاندەك تۇيۇلۇپ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى ھەم ئاغزىدىن باشقىلار ئاران ئاڭلىغۇدەك:

— ياق... ياق... ئۇنداق ئەمەس، — دېگەن ئاۋاز چىقتى. قىزغا قارىغاندا قەدىرداننىڭ ۋۇجۇدىدا بىرنەرسە شۇررىدە ئېرىگەندەك بولۇپ كەتتى. قىزنىڭ غۇبارسىز، پاك چېھرى ئۇنىڭغا تولىمۇ تونۇش بولغان سۆيۈملۈك بىر سىيما بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ قىز ئۇ گەپ سورىغاندا كۆزلىرىنى يەردىن ئېلىپ ئۇنىڭغا ئەندىكىش بىلەن بىرلا قارىۋىدى، قەدىرداننىڭ تۈيغۇلىرى قېتىپ قالغاندەك، مېڭىسى تورمۇزلىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. قىزنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان ئاجايىپ بىر نۇر قەدىرداننى سېھىرلەپ قويغانىدى. ئۇنىڭ سوتچىغا خاس سۇر - ھەيۋىسى نەگىدۇر يوقالغان، تىنىقلىرى ئوت ئالغان، كۆزلىرى ئاجايىپ بىر سېھىرلىك ھېسسىياتنىڭ تۇرتكىسىدە يېنىپ كەتكەنىدى. يېنىدا ئولتۇرغان سوتچى زورۇرىيەتسىز بىر سوئال بىلەن ئۇنىڭ روھىنى سوت زالىغا قايتۇرۇپ كەلدى.

قەدىردان ئىسسىقتا كېلىپ سوتنى نورمال تەرتىپ بىلەن باشلىدى. لېكىن، شۇنچە زورۇقسىمۇ تەرتىپ نورمال بولماي قالدى. ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلى گەپ ـ سۆزلەردىن ئېزىپ كېتەتتى. داۋاملىق سوت ئىچىپ سۆدەك ياد بولۇپ كەتكەن قائىدە ـ تەرتىپلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ دېلونى نەچچە قېتىم كۆزگەنلىكىگە قارىماي، تەپتىش ئورگىنى ئەيىبنامىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى.

ئاسىيگۈل ئاسىم، يىگىرمە ئىككى ياش، xx يىلى xx ئاينىڭ xx كۈنى ئۇ بىرنەچچە دوستى بىلەن xx چايخانىدا غوجاينىلارغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرغان. كېيىن بىر غوجايىن ئۇنى باشلاپ مەلۇم مېھمانسارايغا ئاپارغان. ئۇلار ياتاقتا ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ ھېلىقى غوجايىن مەست بولۇپ قالغاندا، ئاسىيگۈل ئۇنىڭ پورتمانىدىن پۇل ھەم يانفونىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇ تۇتۇلغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئوغرىلىغان بىر مىڭ بەش يۈز يۈەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى خەجلەپ بولغان، يەتتە مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى يانفونىنى ئەرزانلا سېتىۋەتكەن...

يېقىندىن بۇيان خاراكتېرى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان دېلولار كۆپىيىپ قالغانىدى. قەدىردان بۇنداق دېلولارنى كۆرگەندە ئاشۇ تاپتىن چىقىپ ئادىمىيلىكنى، ئائىلىلىق قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتقان ئاياللارغا نەپرەتلىنەتتى. ئىچىنىپمۇ، ھېسداشلىق قىلىپمۇ ئولتۇرمايتتى. لېكىن، بۈگۈنكى دېلودىكى بۇ قىز ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ يۈرەك يارىلىرىنى تاتىلاپ، ئۇنى باشقىچىلا قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سوتنى ئىچىپ تۈگىتىش بەكمۇ تەسكە چۈشتى. ئۇ ئاسىيگۈل تېنەپ ـ تەمتىرەپ سوت خاتىرىسىگە قول قويۇپ، ئايال قانۇن ساقچىسىنىڭ يېنىك ئىتتىرىشى بىلەن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ماڭغۇچە كۆز ئۈزمەي قاراپ قالدى. ئۇنىڭ خاتىرىگە ئېگىشىشى، ئۆرۈلۈپ مېڭىش ھالەتلىرى قەدىردانغا بەكمۇ تونۇش بىلىنىپ كەتتى.

— ھە، قەدىردان سوتچى، ئەجەب قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭىز-

غۇ؟ — دېدى تەپتىش نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرغاچ.
«قەدىردان!» تەپتىشنىڭ گېپىنى چىقىپ كېتىۋاتقان ئاسىيە-گۇل ئاڭلىدى. ئاڭلىدىلا ئەمەس، قەدىردان دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ بېشىدا چاقماق بولۇپ چېقىلدى. ئۇ دەرھال ئارقىغا بۇرۇلۇپ قە-دىردانغا قارىدى. سوتچى بىلەن جاۋابكارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراش-تى. لېكىن، بۇ ھال ئۇزاققا بارمىدى.
— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ تېز ماڭ! — ساقچى ئايال ئاسىيە-گۇلنى ئىتتىرگىنىچە ئاچىقىپ كەتتى. ئاسىيگۇل سوت زالىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاچ قەدىردانغا ئاخىرقى قېتىم قارىدى.
— ھە، قەدىردان سوتچى، — دېدى ھەنىپە، — بۇ جەمەتتىد-كىلەرنى ئىلمەك بۇرۇن، كۆك كۆز دەۋاتاتتىڭىز، قەلەم قاش، قارا كۆزنى كۆرۈپ ئېسىڭىزنى يوقاتتىڭىزمۇ، قانداق؟
ھەممەيلەن كۈلۈشتى. ئەمما، دەرھال جىم بولۇشتى. ئۇنىڭ دەرد - ھەسرىتىدىن ھەممەيلەننىڭ خەۋىرى بار ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلار قەدىردانىنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى. باشقىلار بىر - بىرلەپ سوت زالىدىن چىقىپ كېتىپ، قەدىردان يالغۇز قالدى.
ئاسىيگۇل مەھبۇس ماشىنىسىغا يالاپ چىقىرىلىپ ئىشىك گۈپپىدە يېپىلدى. ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئۇ بەك قورقۇپ كەتكە-نىدى. چۈنكى، ئۇ سوت جەريانىدا بالىلىق خاتىرىسىدە بەكمۇ ئې-نىق ساقلىنىپ قالغان، تالاي قېتىملاپ كۆڭلىدە زىكرى قىل-غان، كېيىنكى قاباھەتلىك قىسمەتلەر جەريانىدا ئويلاشتىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالغان بىر سۆيۈملۈك ئىسىمنى تاسادىپىي ئاڭلاپ قالغانىدى. دەسلەپ باش سوتچى سوتقا قاتناشقۇچىلارنى ھەم شۇ قاتاردا ئۆزىنىمۇ تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندە ئۇ ھېچنېمىنى ئۇقالماي قالغان، باش سوتچىغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغانىدى. قايتىپ ماڭاشىدا ئۇ «قەدىردان» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ قالدى. ھېلىقى سوتچىنىڭ ئىسمى قەدىردان ئىكەن! ئۇ شۇ ئىسىمنى ئاڭلاپ تىترەپ كېتىۋاتقان ئاجىز ۋۇ-

www.uyghurkitap.com

جۇدىدىكى بارلىق كۈچ ـ مادارىنى يىغىپ جۈرئەت قىلىپ سوتچىغا قارىدى. بۇغداي ئۆڭ، قوشۇما قاش، قاملاشقان سوتچى سوت مۇنبىرىدە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى.

ئۇنىڭ سوتقا چۈشۈشى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ گەرچە كىچىدكىدىن داۋۇتقا ئەگىشىپ ئانچە ـ مۇنچە يانچۇق كولاپ ئۆگەنگەن بولسىمۇ، قاپ يۈرەكلەردىن ئەمەس ئىدى.

ئابايا ئۇ سوت زالىغا كىرىپلا ئىزا تارتىش، نومۇس قىلىش تۇيغۇسىدىن قەلبى بەك ئازابلاندى. دېمەك، ئۇمۇ ئىزا تارتىدىكەن، نومۇس قىلىدىكەن. ئاشۇ شەرم ـ هايا، ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان مۇدھىش ئۆيدە ئۇنىڭ ئادىمىيلىك پەزىلىتى، ئىنسانىي غۇرۇرى، باللىق پاك تۇيغۇلىرى تەلتۆكۈس يوقىلىپ كەتمەپتۇ.

ئاسىيگۈل خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ ماشىنىنىڭ ئاللىقاچان قوزغىلىپ يولدا كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالغانىدى. ئۇ ماشىنىنىڭ ۋادەكلەنگەن ئەينىكىدىن تالاغا قارىدى. سىرتتا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئادەملەر مىغىلداپ يۈرگەن كوچىلارنى كۆرمىگىنىگە ئىككى ئايدىن ئاشقانىدى.

شۇنداق، ئۇنى كوچىدا چوڭ بولدى دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئۇ تەربىيەنى مەكتەپتىن ئەمەس، ئاشۇ كوچىدىن ئالدى. ئاشۇ كوچىدىن نان تېپىپ يېدى. ئاشۇ كوچىدا مۇدۇرۇلۇپ ـ تەمتىرەپ خارلىنىپ ياشىدى. بىر ئويلىسا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاشۇ تالادىن تۈرمە ئىچى ياخشىدەك بىلىنەتتى. بۇ يەردە ئۆزىنىڭ كەملىكى ھەققىدە قورقماي خىيال سۈرەلەيدۇ. ئۇنىڭ قۇلىقىغا قەدىردان سوتچىنىڭ:

— ئاسىيگۈل، ئۆزگەرتكەن ئىسمىڭ بارمۇ؟ — دېگەن سۆزى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئاسىيگۈل ئاسىم دېگىنى نېمىسى؟ ئۇ قانداقلارچە ئاسىيگۈل بولسۇن؟ ئۇ مۇرەككەپ ھېس ـ تۇيغۇ ئىچىدە يۈرىكىگە چوڭقۇر ئورنىغان، ئەمما رەھىمسىز قىسمەت ئۇنتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئىسمىنى پىچىرلىدى: «قەدىرىيە.»

شۇنداق، ئۇنىڭ ئىسمى قەدىرىيە.

ئاسىيگۈل ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ توۋلاپ كەتتى.

— مەن قەدىرىيە، ئاسىيگۈل ئەمەس، مەن قەدىرىيە.

— جىم ئولتۇر!

يالاپ ماڭغان ئايال ساقچى ۋارقىرىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆچتى. لېكىن، ئۇنىڭ لەۋلىرى «مەن قەدىرىيە» دەپ پىچىرلاشتىن توختىمىدى.

قەدىردان ئىسىملىك سوتچىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ غۇۋالاشقان بالىلىق ئەسلىمىلىرى روشەنلىشىشكە باشلىغانىدى. كۆز ئالدىغا ئاجايىپ سۆيۈملۈك، يېقىملىق كۆرۈنۈشلەر زاھىر بولماقتا ئىدى. بىردە چىرايى يېقىملىق، مېھرىبان بىر ئايال ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيەتتى، بىردە ئېگىز بوي، قاۋۇل بىر ئادەم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ كانكى تېپىلىدۇراتتى. قوشۇما قاش، بۇغداي ئۆڭ ئوغۇل بالا ئۇنىڭ قولىنى يېتىلەپ ماڭاتتى. سۆگەتگۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن پاكىز ھويلا، ھويلىدىكى باراڭغا ئېسىلغان ئىدەلەڭگۈچ، بويىنغا قىزىل مارجان ئېسىپ قويۇلغان ئاق مۇشۈك قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر كاللىسىدا ئەكس ئېتەتتى.

ئۇ تۇرمە كامېرىغا ئېلىپ كىرىلگەندە باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى. گەپ ـ سۆزلىرى تاققا ـ تۇققا، چۈشىنىكسىز، ئىككى كامېردىشىغا قاراشلىرىمۇ غەلىتە ئىدى.

— ئاسىيگۈل، قورسىقىڭغا بىرەر نەرسە يەۋال، سىڭلىم، — دېدى كامېردىشى كۆيۈنۈش بىلەن ئوڭدىسىغا يېتىپ خىيال سۈرۈۋاتقان ئاسىيگۈلگە.

— مەن ئاسىيگۈل ئەمەس! — ئۇ زەردە بىلەن شۇنداق دەپ ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى، — مەن نېمىشقا ئاسىيگۈل بولغۇدەكمەن؟ مەن دېگەن قەدىرىيە!

ئىككى ئايال ئۇنىڭغا ھەيرانلىق، چۆچۈش بىلەن قاراشتى. كېلىپ پېشانىسىنى تۇتۇپ بېقىشتى.

ئاسىيگۈل ئۇلارغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە ئور-

نىدا ئوڭدىسىغا ياتتى. ئۇ قولىنى ئاستا كۆتۈرۈپ بارماقلىرىغا قارىدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى بەك ئۇزۇن ئىدى. «ئانا، قارا، سىڭلىمنىڭ بارماقلىرى بەك ئۇزۇن ئىكەن، ئۇ ئېلېكتىرونلۇق روياڭ چالسا بولغۇدەك» ئۇنىڭ ئېسىگە بىرسىنىڭ شۇنداق دېگەنلىكى كەلدى. توغرا، ئۇ ئاكىسى ئىدى. ئاكىسىنىڭ چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا خېلى ئېنىق، تولۇق ھالەتتە كەلدى. كاللىسىدا غەلىتە خىياللار لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاكىسىغا يېتىشەلمەي يىغلايتتى. ئاخىر ئۇ يالغاندىن يىقىلغان بولۇپ يېتىۋالدى. خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن بالا ئۇنىڭ يەردە مىدىرلىماي ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەنسىز تۇۋلىغىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى:

— قەدىرىيە، نېمە بولدىڭىز، سىڭلىم؟

قەدىرىيە كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئاكىسى سىڭلىسىنىڭ يالغاندىن يىقىلىۋالغانلىقىنى بىلىپ، سىڭلىسىنىڭ ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلىقىغا ئىچى كۆيۈپ بۇرنىنى چىمداپ قويىدى. قىزچاق ئاكىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى... ئاشۇ قىزچاق قەدىرىيە ئىدى! ئەمىسە ئاسىيگۈل دېگەن كىم؟ ماۋۇ مەھبۇسلار كامېرىدىكى ئوغرى قىزچۇ؟ ئۇنىڭ ھېچنېمىگە ئەقلى يەتمەيتتى. بىراق، ئەسلىمىلىرى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتاتتى. ئاپىسى بىلەن دادىسىنىمۇ ئېنىق ئېسىگە ئالالىدى.

ئۇنىڭ قالايمىقانلاشقان مېڭىسىدە يەنە ئاسىم ئوغرىنىڭ، ھەۋزىخان، ئاۋۇت، داۋۇتلارنىڭ بەتبەشىرە چىرايى گەۋدىلەندى. ئۇلار كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن ئۇ تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— مەن قەدىرىيە، ئاسىيگۈل ئەمەس!

ئۇ شۇنداق دەپلا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ كەتتى. تۈگىمەس خىيال، گاڭگىراش، ئەسلەش بىلەن ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى. ئۇنىڭغا سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمنامىسى يەتكۈزۈلدى. ئۇ مۇددەتلىك ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى.

ئۇ ھۆكۈمنامىنى كۆتۈرۈپ كامېرىغا كىرگەندە، ئىككى كامېردىشى ئۇنىڭغا ئولاشتى:

— سېنى نەچچە يىللىق كېسىپتۇ؟

ئۇنىڭدىن زۇۋان چىقمىغاندىن كېيىن، بىرسى:

— ھەي، سېنىڭ ساۋاتىڭ بولغاندىكىن ئوقۇغىنا ماۋۇنى، زېرىكىپ ئولتۇرغاندا ھۆكۈمنامە بولسىمۇ ئاڭلاپ ئولتۇرايلى، — دېدى يەنە بىرسىگە.

ساۋاتلىق مەھبۇس ھۆكۈمنامىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ھۆكۈمنامىدىكى بايان قىلىنغان ھەممە ئىشلار ئاسىيگۈلگە شۇنچىلىك يات، ناتونۇش تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئاشۇ شۆھرەتپەرەس پۇلدارلار بىلەن بەزمىخانىلاردا ئىچىشىپ ئولتۇرغان، ئەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن ياناقا كىرگەن ھەم ئوغرىلىق قىلغان شەرمەندە قىز قەدىرىيە شۇمۇ؟ ياق، ئۇ دېگەن ئاسىم ئوغرىنىڭ قىزى ئاسىيگۈل! ھەرگىزمۇ قەدىرىيە ئەمەس، ھەرگىزمۇ!

ساۋاتلىق مەھبۇس ھۆكۈمنى ئوقۇپ بولدى.

— ئاخىرىنى ئوقۇمىدىڭغۇ؟

— مۇشۇ يەرگىچە ئوقۇسا بولىدۇ، ئاخىرىدىكى باش سوتچى، كېڭەشمە سوتچىلارنىڭ ئىسمى، ئۇنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

— سوتچىلىرى كىم ئىكەن، بىزنىمۇ شۇلار سوتلار ھەرقاچان؟

— باش سوتچى قەدىردان ئىنايەت.

ئاسىيگۈلنىڭ كاللىسى يەنە زىڭىڭىدە قىلىپ قالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تۇۋلاپ كەتتى.

— ئاشۇ قەدىردان ئىنايەت مېنىڭ ئاكام بولىدۇ. ئۇ ماڭا بىر ئاق ئاسلانچاق ئەكېلىپ بەرگەن. مەن قىزىل مارجىنىمنى ئاسلاننىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويغان!

ئۇ كامېردىشىنىڭ قولىدىكى ھۆكۈمنامىنى يۇلۇۋېلىپ سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. بىراق، خەت تونۇمايتتى. ئۇ ھۆكۈمنامىنى يۈرىكىگە بېسىپ تىترىگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى:

www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ ئاكام شۇ، قەدىردان دېگەن مېنىڭ ئاكام، مەن ئىنايەت ساقچىنىڭ قىزى.

ئىككى كامېردىشى ئۇنىڭغا قاراپ ئەپسۇسلۇق بىلەن بېشىنى چايقاشتى.

— بۇ بىچارە كىچىك تورۇپ ئېلىشىپ قالارمۇ ئەمدى؟

— تۈرمە ساقچىسىغا دەپ قويايلى جۇمۇ؟ سارائىغا سوت يوق، دەپ قويۇۋېتەمدۇ تېخى؟ سوت ئاچقان كۈندىن باشلاپ ئۇ مۇشۇنداق ئالىتاغىل سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئاسىيگۈلنىڭ قۇلىقىغا ئۇلارنىڭ گەپلىرى كىرمەيتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە يەنە چۈشتەك غۇۋا، باش - ئاخىرى باغلاشمايدىغان كۆرۈنۈشلەر كەلدى.

ئۇ ئۇزاقتىن بېرى مۇنداق بەخىرامان، دەخلىسىز، يۈرەكلىك ھالدا بالىلىقىنى ئەسلەپ باقمىغانىدى.

ئۇ ساقچى فورمىسى كىيىدىغان ئىنايەت ئىسىملىك دادىسىنى، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ئانىسى زىلەيگۈلنى ناھايىتى ئېنىق كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ھەممىدىن ئاكىسى ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرى كۆپ ئىدى. دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئاشۇ ئاكىسى قارايتتى. دادىسى ھەپتە، ئايلاپ سىرتلاردا خىزمەت قىلغاچقا، ئۇلار بىلەن دائىم بىللە بولالمايتتى. ئانىسى ھەر كۈنى خېلى ئۇزاقىچە يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى. بىراق، ئۇلار قەدىرىيەگە قەۋەتلا ئامراق ئىدى. دادىسى ئۆيگە قايتىپ كەلگەن ۋاقىتلاردا ئاكىسى ئىككىسىنى قار تېپىلدۇرۇشقا ئاچىقاتتى. ئانىسى ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ قەدىرىيەنىڭ تېخىچە ئۇخلىماي ئۆزىنى ساقلاپ ياتقانلىقىنى كۆرگەندە، ئاستا كېلىپ پېشانىسىدىن سۆيۈپ، ھېكايە ئېيتىپ بېرىپ ئۇخلىتاتتى. قەدىرىيەنىڭ ئەينەن ئېسىدە قالغىنى، ئاكىسى ئۇنىڭغا پاختىدەك ئاق بىر ئاسلان ئەكېلىپ بەرگەن، قەدىرىيە بۇ ئاسلانغا ئامراقلىقىدا ئۇخلىغاندىمۇ يېنىدىن ئايرىمايتتى. ئۇ ئۆزى ياخشى

كۆرىدىغان ئىككى قۇر قىزىل مارجىنىنىڭ بىر قۇرىنى ئۆزى ئېسىپ، يەنە بىرسىنى ئاسلاننىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويۇۋىدى، ئاسلان تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن. ئاھ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئىدىلىسى نەقەدەر ئىللىق ئىدى ـ ھە! ئۇ قانداق بولۇپ ھېلىقى مېھرى سوغۇق ئۆيدە بەتبەشىرە ئادەملەر بىلەن بىللە ياشىدى؟

ئۇ يەنە ئەسلەشكە تىرىشاتتى. قېلىن قار ياغقان قىش كۈنى. ئاكىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. دادىسى ئاكىسى بىلەن ئىككىسىنى مۇز تېيىلدۇرغىلى ئۆزلىرى دائىم بارىدىغان مۇزلۇق كۆلگە ئەكەلدى. ئۇلار بىرەر سائەت ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئوينىدى. شۇ چاغدا دادىسىغا ئىدارىدىن تېلېفون كېلىپ، ئىدارىگە تېزدىن قايتىش ئۇقتۇرۇلدى. ئىككى بالا دادىسى بىلەن قايتقىلى ئۇنىمىدى.

— بىز ئۆزىمىز كېتەلەيمىز، — دېيىشتى باللار ئويۇنغا قانماي، — سەن مېڭىۋەر، بىز بىردەم ئوينايلى.

شۇ چاغدا قەدىرىيە يەتتە ياشقا، قەدىردان ئون بەش ياشقا كىرگەنىدى. دادىسى قەدىردانغا سىڭلىسىغا ئوبدان قاراش ھەققىدە بىرمۇنچە جېكىلىگەندىن كېيىن ئىدارىسىگە كېتىپ قالدى.

قەدىردان خاتىرجەم ئىدى. كۆل بويىدىن چىغىر يول بىلەن ئازراق ماڭسا چوڭ يولغا چىققىلى، ئاندىن ئاپتوبۇستا ئولتۇرسا ئۇدۇل ئۇلارنىڭ مەھەللىسىنىڭ ئالدىغا بارغىلى بولاتتى. شۇڭا، ئۇ ھېرىپ كەتكەن سىڭلىسىنى بىر چەتتە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى دېمەتلىك بىرقانچە بالا بىلەن مۇسابىقىگە چۈشتى، ئوينىغانچە قىزىپ كەتتى.

قەدىرىيە ئاكىسىغا قاراپ ھاردى، توڭلىدى. ئاكىسىنى نەچچە رەت چاقىرغان بولسىمۇ قىيقاس ـ سۈرەندە ئاكىسى ئاڭلىمىدى. قورسىقى ئاچقاندەك قىلىپ يانچۇقىنى ئاختۇرۇۋىدى، دادىسى ئەتىگەن بەرگەن بەش يۈەن چىقتى. ئۇ خۇشاللىقتا مۇز كۆلگە يېقىن ئەتراپتىكى بىر كىچىك دۇكانغا قاراپ يۈگۈردى. دۇكانغا با-

ردىغان يولنى مۇز تۇتۇپ كەتكەن بولۇپ، قەدىريە قەدەمدە بىر تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشەتتى. بىراق، بۇمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر ئويۇن ئىدى. ئۇ دۇكاندىن ئۆزىگە ۋە ئاكىسىغا ئىككى تال شاكىلات ئېلىپ ئارقىغا ياندى. كۈتۈلمىگەندە يان تەرەپتىن بىر كونا ئەبجەق ماشىنا سەت سىگنال بەرگەنچە تېيىلغاق يولدا كونتروللۇقىنى يوقىتىپ شىددەت بىلەن كەلدى. قەدىريە قېچىشقىمۇ، ۋارقىراشقىمۇ ئۇلگۈرەلمىدى.

ئۇ ھوشىغا كەلگەندە، پۈتۈن جاھان ناتونۇش ئىدى. زەخىملىنىشتىن مېڭىسى سىلكىنىپ ھەم قاتتىق قورقۇپ كەتكەچكە، بۇ ناتونۇش مۇھىت، ياۋۇز چىراي، بەتبەشىرە ئادەملەر ئارىسىدا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماس بولۇپ قالغانىدى. ئىسمىمۇ ئاسىيگۈلگە ئۆزگەرگەن. ئۇستىبېشىدىكى كىيىم - كېچەكلىرىمۇ ساڭگىلسۇڭگۇل مەينەت كىيىملەرگە ئالماشقان، ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان قورقۇنچلۇق ئادەملەر بىلەن بىللە يېتىپ - قوپۇپ، بىللە تاماق يەپ، بىللە ياشاۋاتاتتى. ئۇلار كىملەر؟ ئۇ نېمىشقا بۇ ئۆيدە تۇرىدۇ؟ نېمىشقا ئانىسى كېلىپ ئۇنى ئېلىپ كەتمەيدۇ؟ ئۇ بۇلارغا جاۋاب تاپالمايتتى.

ئاسىيگۈلنىڭ كۆز ئالدىغا ئەسلەشنىمۇ خالىمايدىغان، تۇيۇقسىز ئېسىگە كەلسىمۇ تېنى شۈركۈنىدىغان باشقا بىر خىل كۆرۈنۈش كەلدى.

كىچىككىنە قەدىريە ھويلا تېمى چۈرۈلمىگەن، ئىشىكتىن چىقسىلا پايانسىز قۇمۇشلۇق كۆرۈنىدىغان ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرۇۋېلىپ قۇمۇشلۇققا قاراپ توۋلىماقتا ئىدى:

— دادا، ئانا! قەدىردان ئاكا، كېلىپ مېنى ئېلىپ كېتىڭلار!

كۆك كۆز، ئىلمەك بۇرۇن بىرسى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى بىر شاپىلاق سالدى، ئاندىن قولىقىنى سوزغىنىچە ئۆيگە سۆرەپ كىرىپ دادىسىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى:

— دادا، ماۋۇ شۇم ئۆيدىكىلەرنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ توۋلاۋاتىدۇ.

ئۇخلاشقا تەمشەلگەن ئاسىم قاتتىق بىر ئەسنىۋېتىپ ئوغلىغا چالۋاقىدى:

— كىچىككىنە بىر شۇمنى باشقۇرالماي مېنى ئاۋارە قىلامسەن؟ ئۇنىڭ زۇۋانىنى ئۇجۇقتۇرۇش، دېگىنىڭگە كۆندۇرۇش سېنىڭ ۋەزىپەڭ، مېنى ئاۋارە قىلما...

داۋۇت ۋەزىپە تاپشۇرۇلغان جەڭچىدەك دەرھال قىزچاقنى دۆشكەلەپ يان ئۆيگە ئەكىردى. ئۇ ئۆزىنىڭ خېلى ئىشقا ياراپ قالغانلىقىنى ئۆيدىكىلەرگە كۆرسەتمەكچى ئىدى. ئۇ قىزچاقنى ئالدىدا تۇرغۇزۇۋېلىپ كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىككەنچە سورىدى:

— ئېيتە، ئىسمىڭ نېمە؟

— قەدىرىيە.

«چاڭگىدە» تەگكەن شاپىلاق بىلەن داۋۇتنىڭ قوپال، يىرىك قولى قىزچاقنىڭ سۇزۇك، يۇمران يۈزىدە قىپقىزىل ئىز قالدۇردى. قىزچاق چىرقىرىدە يىغلاپ كەتتى:

— سېنىڭ ئىسمىڭ ئاسىيگۈل، ئۇقتۇڭمۇ؟ سەن دېگەن ئاسىم بىلەن ھەۋزىخاننىڭ قىزى.

— ياق، مەن ئىنايەت ساقچىنىڭ قىزى.

— مانا، ساقچىنىڭ قىزى بولساڭ!

قىزچاقنىڭ يۇمران يۈزلىرى قىزىرىپ ئىششىدى. ئالۇچىدەك لەۋلىرى چىمدىلىپ مورلاندى. ئۇلارنىڭ كېيىنگە كۆنۈپ بولغۇچە ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا تاياقمۇ، كاۋاپ زىخمۇ، لاخشىگىر، بەلگۈرجەكلەرمۇ تېگىپ ئاپپاق، يۇمران تەنلىرىدە زەخىم ئىزلىرى قالدى. ئاقىۋەت ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن قىز قورقۇنچ، ئالاقزادىلىكتىن ئەس ـ ھوشىنى يوقاتتى. ئۆز ئىسمىنى، ئاتا ـ ئانىسى، ئاكىسىنى تىلغا ئېلىش ئەمەس، ئەسلەشتىنمۇ قورقىدىغان، تۆيۇقسىز كېلىپ قالغان بۇ مۇدھىش ئائىلىدە داۋۇتنىڭ تايىقىنى يەپ، تىلىنى ئىششىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىچارىلەرچە تىترەپ تۇرىدىغان بولدى، ئاخىر بېرىپ ھەممىگە كۆندى.

ئاسىم ئوغرى ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلاتتى.

— ئاسىيگۈل، ماڭە، داۋۇت ئاكاڭ بىلەن بازارغا ماڭ!
— ياق، مەن بارمايمەن.
چوڭ ئوغۇل ئاۋۇت گەپكە ئارىلاشتى:
— بوپتۇ، بارمىسۇنچۇ، دادا، تېخى كىچىك ئەمەسمۇ، سەل چوڭ بولغاندا بىر گەپ بولمامدۇ.
— ئۇنىمۇ ئۆزۈڭگە ئوخشاش يارىماس، تەييارتاپ قىلاي دەمسەن؟ — دېدى ئاسىم ئوغرى زەردە بىلەن، — ئۇكاڭنىڭ پوقىنى دورىيالمايسەن، ئۇنى ئاز دەپ ماڭا ئىش ئۆگەتمەكچىمۇ بۇ؟ داۋۇت، تېز بول، ئاسىيگۈلنى ئېلىپ بازارغا ماڭ! ھەۋزىخان، سەن ئۇنى كىيىندۈر.
ئاسىيگۈلنىڭ چاچلىرى چۇشۇرۇلگەن، ئۇچىسىغا داۋۇتنىڭ قىسقا كېلىپ قالغان ھەرەڭ ـ سەرەڭ كىيىملىرى كىيدۈرۈلگەن، يۈز ـ كۆزلىرى قاسماقلىشىپ كەتكەن، قارىماققا ياقا يۇرتتىن ئىشلەمچىلىككە كەلگەن يوقسۇللارنىڭ بالىلىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى.
داۋۇت ئۇنى ئارقىسىغا سېلىپ كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا، سودا سارايلاردا، قايناق بازارلاردا يۈرەتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ يېنىدا قىستىلىپ تۇرغاندا، كىشىلەر ئۇستىبېشى ئاۋارە، لېكىن چىرايى شۇنچە ئوماق بۇ قىزغا ھېسداشلىق بىلەن قاراپ قويۇشاتتى. ئۇنى دالدا قىلىپ تۇرغان بىر قارا نىيەتنىڭ يانچۇقلىرىنى قۇرۇقداپ قويغانلىقىنى تۇيماي قالاتتى.
كۈنلەر، ئايلار، يىللار شۇ تەرزدە ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتتى. ياق، ئەسلەشكە، ياد ئېتىشكە، سېغىنىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ تالاي كېچىلەرنى سۆيۈملۈك ئاتا ـ ئانىسى، ئاكىسىنى سېغىنىش، ياد ئېتىش بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. يۈرىكىدە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ يۇم ـ يۇم يىغلىدى. ئادەملەر ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ سىيماسىنى ئىزدىدى. بىراق، ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ يەر ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەر بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلىدىغان، پۈتۈنلەي

ناتونۇش يەر ئىدى. ئۇنىڭ يالغۇز بىر يەرلەرگە بېرىشى، بىراۋلارغا گەپ قىلىشى چەكلەنگەن، ئون بەش ياشلاردىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ تېخىچە چاچلىرى داۋاملىق مەجبۇرىي چۈشۈرۈلۈپ، ئوغۇل بالىچە ياسىنىپ يۈرەتتى. بۇمۇ قۇۋ، مەككار ئاسىم ئوغرىنىڭ تاپقان ھىيلىسى ئىدى.

بارا ـ بارا ئۇ بازار ئارىلاشقا كۆنۈپ قالدى. داۋۇت ئاچىقمىسىمۇ ئۆزى «بازار ئارىلاپ» داۋۇتتىن كۆپرەك تاپاۋەت قىلىدىغان بولدى. ساقچىلارغا تۇتۇلۇپ قېلىشلارنى ئانچە ئېغىر ئالمايدىغان بولۇپ كەتتى. شۇ تەرزدە ۋاقىت ئۆتكەنچە ئۇنىڭ روھى ئاتا ـ ئانىسى ھەم ئاكىسىدىن يىراقلاپ كەتتى. ئۆزىنى ئۇلارنى ئەسلەشكە، ياد ئېتىشكە ماس كەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ، ئازابلانمايدىغان، ھېچنېمىنى ئەسلەشنى خالىمايدىغان، ھېچنېمىگە ئىنتىلمەيدىغان بولدى.

ئاسىم ئوغرى جەمەتىدىكىلەرنىڭ جەمئىيەتتە نامى يامان بولۇپ، كىشىلەر ئۇلارنى كۆرسە خۇددى بۆرە كۆرگەن قويدەك ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشاتتى. ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كاساپىتىدىن يىگىرمە سەككىز ياشقا كىرگۈچە ئۆيلىنەلمىگەن ئاۋۇت ئاخىرى بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئاسىم ئوغرىمۇ يامان يەردىن تۇتۇلۇپ تۈرمىگە بىر كىرىپ كەتكەنچە شۇ يەردە ئۆلدى. ھەۋزىخان ئاسىيگۈلنى چوڭ بولسا داۋۇتقا ئېلىپ بېرىمەن، دەپ ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ يۈرەتتى. دادىسى تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن نېمىشقىدۇر داۋۇتمۇ ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ مۆكۈپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇمۇ ئۇزاققا بارماي تۇتۇلۇپ، مۇددەتسىز كېسىلىپ كەتتى. ئاسىيگۈل خېلىلا ئەركىن بولۇپ قالدى. ئۇ ھازىر قورقۇپ تىترەپ تۇرىدىغان كىچىك قىزچاق ئەمەس ئىدى. قېرىپ قالغان ھەۋزىخانمۇ ھازىر ئۇنى باشقۇرالمايتتى. ئاسىيگۈل كېلەڭسىز سەت ئەرەنچە كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، چاچلىرىنى كۆكۈل قويۇپ ئۆستۈردى. ئۇزاق يىللار مابەينىدە كىرلەشكەن شەپكە، كېلەڭسىز، سەت كىيىملەر ئارىسىدا

خۇنۇكلەشكەن ھۆسنى بۇلۇت يېرىپ چىققان ئايدەك ۋاللىدە پارلىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئائىلىدىكى قاباھەتلىك چۈشىنى ئاياغلاشتۇرىدىغان پۇرسەت كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان چاغدا، ئىككىلەنمەستىن ئۆيىنى تاشلاپ، ناھىيەدىن چىقىپ ئاسىم، داۋۇتلار گېپىنى كۆپ قىلىدىغان، ئۆزىمۇ كېلىشنى بەك ئارزۇلايدىغان بۇ ئاۋات شەھەرگە كەلدى. بۇ شەھەر توغرۇلۇق ئاسىم ئوغرى دائىم مۇنداق دەيتتى:

— ياشىسا شۇ شەھەردە ياشىغۇلۇق، ئۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرىمۇ باي، تۇرمۇشى باياشاتچىلىق، كوچا - رەستىلىرى ئاۋات، خېلى - خېلى ئىشلارنىڭ ئىس - تۈتۈنى چىقماي جىمجىتلا بېسىقىپ قالىدۇ. مېنىڭ ئوقىتىم شۇ شەھەردە روناق تاپىدۇ.

ئاسىم ھەپتە - ھەپتىلەپ مۇشۇ شەھەردە ئوقەت قىلىپ ئۆز ئۆيىدە ناگاندا بىر پەيدا بولاتتى. بەزىدە ئاسىيگۈلنى ھەۋزىخانىغا چىڭ تاپشۇرۇپ داۋۇتمۇ كېتەتتى. لېكىن، ئاسىيگۈلنى بۇ شەھەرگە ھەرگىز بىللە ئەكېلىپ باقمايتتى.

ئاسىيگۈل بۇ شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن تونۇشۇپ قالغان بىر توپ قىزلارنىڭ سېپىگە قېتىلىپ كەتتى. دەسلەپ ئاشۇ قىزلاردەك بەزمىخانىلاردا پۇلدارلارغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇشنى تازا قاملاشتۇرالمىدى. پەقەت توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ، شۇنداق سورۇنلاردىن بىر كىملەرنىڭ يانفونىنى، بىر كىملەرنىڭ نەچچە يۈز يۈەن پۇللىرىنى سوغۇرۇۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن جىنىنى جان ئېتىپ يۈردى. كېيىن سورۇنلاردا ھاراق ئىچىشنى، تاماكا چېكىشنى ئۆگەندى. بارغانسېرى چۈشكۈنلەشتى، مەن كىم، كىمنىڭ قىزى، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىمەن، دېگەن خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرمەيدىغان بولدى.

ئۇ سوت ئاچقان كۈنى «قەدىردان ئىنايەت» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلىغانغا قەدەر شۇنداق خامۇش روھىي ھالەتتە — نە بالىلىق ئەسلىمە، نە تاتلىق تۇيغۇلاردىن خالىي، مېھىر - مۇھەببەتتىن



www.uyghurkitap.com

مۇستەسنا، مەكتەپ، ئائىلە تەربىيەسىدىن مەھرۇم ياشاپ كېـ-
لىۋاتاتتى.
ئاشۇ ئىسىم، ئاشۇ سۆيۈملۈك سىيمادىن كېيىن ئۇنىڭ بالىـ-
لىق خاتىرىلىرى تولۇق ئېسىگە كەلدى. ئۇ يەنە ئەسلەشكە تىرىـ-
شاتتى. ئەسلىيەلىگەنلىرى تولىمۇ ئاددىي، باش - ئاخىرى
باغلاشمىغان، غىل - پال كۆرۈنۈشلەر ئىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا ئا-
پىسى توقۇپ بەرگەن ئۇستىدە ئىسمى بار قىزىل پەلەي كەلدى.
توغرا، ئاپىسى ئاكىسىغا كۆك رەڭلىك، ئۇنىڭغا قىزىل رەڭلىك
پەلەي توقۇپ بەرگەن. ئاكىسى پەلەيگە توقۇلغان خەتلەرنى ئىك-
كىمىزنىڭ ئىسمى دەپ ئوقۇپ بەرگەنىدى... ئاسىيگۈل شۇلارنى
ئەسلىيەلىگىنىدىن تولىمۇ خۇش بولدى. ئۇنىڭغا تۈرمە ئىچى تو-
لىمۇ ئارامبەخش، ئىللىق تۇيۇلدى. چۈنكى، ئۇ بۇ يەردە ئاتا -
ئانىسىنى، ئاكىسىنى خاتىرجەم ئەسلىيەلىگەنىدى.
ئۆيدە تاسادىپىي ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قويسا، يۇمران
بەدىنىگە رەھىمسىزلەرچە قامچا - تاياق تەگكەن، ھەتتا جۆيلۈپ
ئۇلارنى چاقىرىپ سالغان چاغلىرىدىمۇ جازالىنىپ، تاڭ ئاتقۇچە
ئۇخلاتماي ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن، چىرايلىق
بارماقلىرى ئاكىسى دېگەندەك ئېلېكترونلۇق رويال چېلىشنى
ئەمەس، ئەكسىچە يانچۇق كولاشنى ئۆگەندى. داۋۇت ئۇنى قىيـ-
ناپ، قىزىق قايناق سۇغا سېلىنغان سوپۇننى ئېلىشقا بۇيرۇدى.
ئالمىغاندا ئۇنىڭ نازۇك قوللىرى قايناق سۇغا مەجبۇرىي تىقىلـ-
دى. ئۇ ئوغۇل بالىچە ياسىنىپ داۋۇتنىڭ ئارقىسىدىن يۈرگەن
چاغلاردا قورسىقىغا داۋۇت بەرسە يېدى، بولمىسا ئاچ يۈردى.
جەڭگە - جېدەلگە ئارىلىشىپ داۋۇت بىلەن تەڭ تاياق يېدى.
ساقچىلاردىن قېچىپ كۆۋرۈك ئاستىلىرىدا، خەقنىڭ ئېغىل -
قوتانلىرىدا مۆكۈپ يۈردى...
ئۇ ساقچىلارنىڭ نازارىتىدە X شەھەردىكى ئاياللار تۈرمىسىگە
يۆتكەلدى. ئۇ تۈرمە ساقچىسى ئايالغا ئۆزىنىڭ سوتچى قەدىردان-
نىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى دېمەكچى بولدى - يۇ، دېيەلمىدى.

چۈنكى، ئۇ ئاكىسىنىڭ ئالدىدا تولىمۇ ئۇياتلىق بىر جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىنغانىدى. بۇ تۇرقى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئاكىسىنىڭ ئالدىغا بىرىشقا يۈزى چىدىمايتتى.

ئاكىسىنى يەنە قاچان كۆرەر؟

ئۇ خىيالچان، جىمغۇر ئىدى. كۈن ساناپ ئۈچ يىلنىڭ تېزرەك توشۇشىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى، ئاكىسىنى يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ بىتاقەت بولاتتى. شۇڭىمۇ ئۆزگىرىش ئىپادىسى ياخشى ئىدى.

قەدىردان ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا سانىيە يەنە قايناپ سۆزلەپ كەتتى:

— مەن بۇ ئۆيدە كىلىنمۇ ياكى مالايمۇ؟ ئۆيگە ئادەم ئەكېلەيلى دېسەم خىيالىڭىزغا كىرىپ چىقمايدۇ، مەنمۇ ئىشلەيدىغان تۇرسام، ئانىڭىز يەنە ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتىكەن، ئىككى سائەت ئىزدەپ ئاران تېپىپ كەلدىم. پۇتىدا ئايىغىمۇ يوق، يالاڭباش، كوچىدا سۆزلەپ يۈرۈپتۇ. تېخى بىر قىزغا ئېسىلىۋاپتىكەن، يىگىتى مىلىك تەستە ئاران ئاجرىتىۋاپتۇ. ئۇ قىز قورقۇپ يىغلاپ كېتىپتۇ. مۇشۇنداق بولىۋەرسە سىزگىمۇ سەت ئەمەسمۇ؟ سانا-تورىيەگە ئەۋەتىۋېتەيلى دېسەم تېخى ئۇنىمايسىز...

قەدىردان توختىماي سۆزلەۋاتقان ئايالىغا تىكىلىپ قاردى. ياﺋاللا، بىر چاغلاردا قەدىردانىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ: «سىزنىڭ دەردىڭىز مېنىڭ دەردىم، ئانىڭىزنى چوقۇم ياخشى باقىمەن» دېگەن مۇلايىم قىز مۇشۇمىدۇ؟ ھەي، بۇنىڭغىمۇ تەس. ئۇمۇ خىزمەت قىلىۋاتسا، بالا تېخى كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغان ئادەمنى باقماقمۇ ئوڭاي ئەمەس ـ دە.

ئۇ ئانىسىنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ قىيا ئوچۇق ئىشىكىدىن قاردى. چارچاپ ھالىدىن كەتكەن ئانىسى ئۇخلاپ قالغان، ئاق مۇشۇك ئۇنىڭ يېنىدا مۈگدەپ ياتاتتى. قەدىردان ئانىسىنىڭ مەزگىلسىز ئاقارغان چاچلىرىغا، ئۇيقۇلۇق ھالەتتىمۇ ئەسەبىيلىك ھەم كىملەرگىدۇر بولغان غەزەپ ـ نەپرەت ھېسلىرى قېتىپ قال-

غان چىرايىغا قاراپ ئەلەم بىلەن خورسىنىپ قويدى. ئايالى ھەر قېتىم دەيدىغاننى دەپ بولۇپ ياۋاشلاپ قالاتتى.

— ئانامنى يەنە ساناتورىيەگە ئاپىرىپ قويساق بولارمۇ؟ — دېدى ئايالى.

— قارا، سانىيە، ساناتورىيەدىمۇ خېلى ئۇزاق تۇردى، مەن دوختۇرلار بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، تونۇش مۇھىت ئانامنىڭ ساقىيىشىغا پايدىلىق ئىكەن، بۇرۇنقى ئىشلارنى كۆپرەك ئەسلىتىڭلار دەيدۇ.

— شۇنداق دەپمۇ ھېلىقى كونا ئۆيدە ھۆكۈمەت چاققۇچە ئولتۇردۇق. يەنە نېمىنى ئەسلىتىمىز؟ ئەگەر ساناتورىيەگە ئەۋەتىشكە قوشۇلمىسىڭىز، ئۆيگە بىر ئائىلە خىزمەتچىسى تاپايلى. مېنىڭ جېنىممۇ تۆمۈر ئەمەس.

قەدىردان گەپ - سۆز قىلماي تاماقنى يېدى. ئۆيگە ئادەم ئەكېلىپمۇ باققان، لېكىن كەلگەنلەر ئانىسىنىڭ پۇلىنى، نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىۋېلىپ ياخشى قارىمىغان. لېكىن، بۇ ئەھۋالدا يەنە ئادەم ئەكەلمەيمۇ ئامال يوق ئىدى.

— يېقىندىن بۇيان ئەجەب خىيالچان بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى سانىيە، — يەنە ھېلىقى مەھبۇس قىز يادىڭىزغا كېلىۋالدىمۇ؟

— سەندىن يوشۇرمايمەن، سانىيە، نېمىشقىدۇر ئاشۇ قىز يادىمدىن پەقەتلا چىقمايدۇ. ئۇنى تۇنجى كۆرگەندە يۈرىكىم شۇررىدە ئېرىگەندەك بولغان، ئۇنى ھەر ئويلىسام شۇنداق بولىمەن، پات - پاتلا چۈشلىرىمگە كىرىدۇ، مەن ئەھۋال ئىگىلەپ تەكشۈردۈم، ئاسىم تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتتى، ئايالى ھەۋزىخانمۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، مەن بىر ئامالللارنى قىلىپ مۇددەتسىز كېسىلگەن داۋۇت بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ كەلدىم، لېكىن ئۇ «ئاسىيگۈل مېنىڭ ئۆز سىڭلىم» دەپ چىڭ تۇردى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ گەپلىرىدىن گۇمانلاندىم. ئۇ چوقۇم يالغان ئېيتتى. شۇنچىلىك سەبىي، ئوماق قىز قانداقمۇ ئاسىم ئوغرىنىڭ قىزى بولسۇن؟ نېمىشقىكىن ئا-

شۇ قىز خىيالىمغا كىرىپلىۋالدى.

قەدىردان شۇنداق دىگەچ بۇلۇڭ ئۇستەلدىكى قەدىرىيەنىڭ رامكىلانغان سۈرىتىگە قارىدى. بۇ سۈرەتنى دادىسى ئۇلار مۇز تېپىلغان ئاشۇ كۈنى تارتقانىدى. ئاپپاق قارلىق دالادا قىزىل مامۇق چاپان كىيگەن قەدىرىيە بەئەينى ئېچىلىش ئالدىدىكى گۈلدەك تۇراتتى. شۇنداق، ئۇ بەكمۇ چىرايلىق، ئوماق ئىدى. «چوڭ بولسا قانچىلىك چىرايلىق بولۇپ كېتەر» دەيتتى قولۇم - قوشنىلار. قەدىردان خىيالىدا كىچىك قەدىرىيەنىڭ يۈزىنى چوڭ قىز ھالىتىگە ئەكەلدى. شۇ زامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاسىيگۈل ئىسىملىك مەھبۇس قىز گەۋدىلەندى. ماڭا تەقدىرنىڭ شۇ قېتىملىق رەھىمسىز چاقچىقىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، دەپ ئويلىدى قەدىردان. ئەمدى ھەرقانچە بولسىمۇ سىڭلىمنى ئۇ ھالەتتە ئالدىمغا ئەكەلمەس.

شۇ كۈنى قەدىردان پۇخادىن چىققۇچە مۇز تېپىلىپ ئويناپ كېلىپ سىڭلىسىنى تاپالمىدى. جىددىيلىشىپ تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ ئىزدىدى. ھېلىقى دۇكانغا بېرىپ ئۆيىگە ھەم دادىسىغا تېلېفون قىلدى. ئۇ دۇكانچى ئايالدىن سىڭلىسىنىڭ ئىككى دانە شاكىلات سېتىۋېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ھېلىقى شاكىلاتلار يولدا چېچىلىپ ماكچىيىپ تۇراتتى. ئاڭغىچە دادىسى، ئانىسى ۋە نۇرغۇن كىشىلەر يىغىلدى. قىزچاق ھېچ يەردىن تېپىلمىدى.

ئانىسى ھاياتىدا تۇنجى قېتىم قەدىرداننى كاچاتلاپ ئۇرۇپ كەتتى. دادىسى بىلەنمۇ ئۇرۇشتى. ھەممەيلەننىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك بۇ ئائىلىدە شۇ كۈندىن باشلاپ خۇشاللىق، كۈلكە ئۆچتى. دادىسىنىڭ ساقچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ ئىزدىشى، ئانىسىنىڭ ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئۆيمۇئۆي نىشانسىز قاترىشى نەتىجىسىز بولدى. قەدىرىيە خۇددى ئېرىپ كەتكەن قار بالىدەك غايىب بولغانىدى. ئانىسى شۇ كۈندىن باشلاپ دادىسىغا قىيىداپ قارىماي قويدى.

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ئىنايەت ساقچى يۈرەك كېسەللى بىر قوزغالغانچە ئۆرە بولالمىدى.

— قەدىردان بالام، مەن سىڭلىڭنى تېپىشنى ساڭا تاپشۇردۇم. مەن بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا دۈشمەنلىك بولۇپ قالدىم، بۇ چوقۇم مېنىڭ ئاشۇ دۈشمەنلىرىمنىڭ قىلغان ئىشى، ئۇلار تولىمۇ رەزىل، رەھىمسىز ئادەملەر، سەنمۇ ئۆزۈڭگە ھېزى بول، سىڭلىڭنى چوقۇم تاپقىن، بالام، چوڭ بولساڭ قانۇن سېپىدە ئىشلە، شۇنداق قىلساڭ، مەن خۇش بولىمەن، — دادىسى بۇقۇلداپ يىغلاپ شۇ گەپلەرنى قىلىپ، كۆتۈرۈپ قويۇقۇسىز دەرد ـ ئەلەملىرىنى يۈدۈپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى.

ئانىسى قىزىنى ئىزدەشنى بىر كۈنمۇ توختاتمىدى. ئاخىر ئۇ كوچىلاردا سۆزلەپ يۈرىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىشىكىنى گومشىدىتىپ ئۇرىدىغان، چىرايلىق قىزلارنى كۆرسە ئېسىلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. ئانىسى نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغانىدى.

قەدىردان بالىلىقىنىڭ غۇبارسىز تۇيغۇلىرى بىلەن بالدۇرلا خوشلاشتى. ئۇمۇ بار كۈچى بىلەن سىڭلىسىنى ئىزدىدى، لېكىن تاپالمىدى. شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ روھىنى چىدىغۇسىز ئازاب، سېغىنىش ھېسسىياتلىرى چىرماپ كەلدى.

ئۇ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن سىڭلىسىنى ئىزدەش جەريانىدا كۆپ قېتىم نوپۇس تەكشۈرۈش ئورنىغا باردى ھەم شۇ يەردە ئىشلەيدىغان سانىيە بىلەن تونۇشۇپ قالدى. سانىيە قەدىرداننىڭ ھەممە دەرد ـ ئەسرارلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇلار يىراق بىر ناھىيەدە قەدىرىيە ئىسىملىك، سىڭلىسى بىلەن ياش قۇرامى تەڭ بىر قىز بارلىقىنى ئاڭلاپ ئاتايىتەن شۇ ناھىيەگە بېرىپ قىزنى ئىزدەپ تاپتى. قەدىردان ئۇ قىزغا بىرلا قاراپ بېشىنى چايقاپ ھېچ نەرسە دېمىدى. قايتىشىدا ئاپتوبۇستا شۇنچىلىك ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى. سانىيەمۇ يىغلىدى ھەم ئۆز سۆيگۈسىنى يۈرەكلىك ھالدا ئىزھار قىلدى. ئۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ دەر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىگە دەرمان بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

قەدىردان سانىيە بىلەن توي قىلدى. سانىيە دىگىنىدەك ئۇنىڭ ھالىغا يېتىپ ئانىسىنى ئوبدان باقتى. لېكىن، ھازىر بالا كىچىك، ئانىسىنىڭ كېسىلى ئەدەپ كەتكەن بولغاچقا، سانىيەمۇ چېچىلغاق، كوت ـ كوت بولۇپ قالغانىدى. قەدىردان ئۇنى ئەيىبلىمىدى. دېمىسىمۇ ئايالى جاپادا قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆيگە ياخشىراق ئادەم تېپىپ ئايالىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئاسىيگۇل ھۆكۈمنامىدىكى ئاشۇ سۆيۈملۈك ئىسمىنى ئۆزى ئوقۇش ئۈچۈن تۈرمىدە تىرىشىپ خەت ساۋاتىنى چىقاردى. توغرا، ئۇ ئەسلىيەلەيدۇ. ئۇ بىرىنچى سىنىپقا ئوقۇشقا كىرگەن، ئاكىسى بىلەن قول تۇتۇشۇپ مەكتەپكە بارغان، مۇئەللىملەر ئۇنى «بەك ئەقىللىك» دەپ ماختىغان، لېكىن ئۇ مەكتەپتە ئاران بىر مەۋسۇملا ئوقۇيالىغان.

ئۇ ئاخىر خەت ئوقۇيالايدىغان بولدى. ھۆكۈمنامىنىڭ ئارقىسىدىكى «قەدىردان ئىنايەت» دىگەن ئىسمىنى خۇددى مۇقەددەس ئايەتنى ئوقۇغاندەك پۈتۈن ئىخلاسى، مېھرى بىلەن قايتا ـ قايتا ئوقۇدى.

ئاكىسى بىلەن ئۈچرىشىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ يۈرىكى قېتىپ كەتكەندەك ھېسسىياتسىز بولۇپ، خۇشاللىقمۇ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمۇ يوق ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ قەلبى ئاجايىپ گۈزەل بالىلىق ئەسلىمىلەرگە، ئاتا ـ ئانىسى، ئاكىسىغا بولغان كۈچلۈك سېغىنىشقا تولغان، بۇلار يۈرەكنى ئېزىدىغان چوڭقۇر دەرد ـ ئەلەم، قۇرۇماس كۆز يېشى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى.

ئۈچ يىل جەريانىدا ئۇنى پەقەت ئاۋۇت بىر قېتىم ئىزدەپ كەلدى. ئاسىيگۇل ئۇنىڭدىن ھەۋزىخاننىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئاۋۇتتىن سورىدى:

— ئاۋۇت ئاكا، سىز ماڭا ئىزچىل كۆيۈنۈپ، ياخشى مۇئامىلە قىلىپ كەلدىڭىز، ئېيتىڭە، مېنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانام نەدە؟ مەن

نېمىشقا سىلەرنىڭ ئۆيگە بېرىپ قالدىم؟ — ئاۋۇتنىڭ ئۇنىڭغا نۇرغۇن گەپلەرنى دەپ بەرگۈسى بولسىمۇ، كۆرۈشۈش ۋاقتى چەكلىك ئىدى. شۇڭا، ئاۋۇت:

— سىڭلىم، جازا مۇددىتى توشقاندا ئۇدۇل ئۆيگە بېرىڭ، شۇ چاغدا مەن سىزگە ھەممىنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى.

ئۇلار خوشلاشتى. ئاۋۇت تالاي قېتىملاپ ئاسىيگۈلنى تىل - تاياقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان، تاپقان پۇلىغا تاتلىق - تۇرۇم ئەكېلىپ ئۇنىڭغا يېگۈزگەن، ئاشۇ مۇدھىش ئۆيدە ئۇنىڭغا بىردىنبىر مېھىر - مۇھەببەت، كۆيۈم يەتكۈزگەن ئادەم ئىدى. گەرچە بۇ ئۆيدە ئاۋۇتنىڭ گېپىنى ھېچكىم ئىلىك ئېلىپ قويمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاسىيگۈل ئۈچۈن بىر نىجاتكار ئىدى.

ئۈچ يىل ناھايىتى تەستە توشتى. چوڭقۇر ئازاب، سېغىنىش بىلەن ئۆتكەن بۇ ئۈچ يىل ئۇنى خىيالچان، جىمغۇر قىز قىلىپ ئۆزگەرتتى.

ئۇ ئۇدۇل چوڭ بولغان ھېلىقى ئۆيگە كەلدى. ئىشىك ئالدى، ھويلا - ئارانلار بۇرۇنقىدىن تۇزۇلۇپ، سەرەمجانلىشىپ قالغانىدى. يىگىرمە بەش ياشلاردىكى پېشانىسىنى باستۇرۇپ ياغلىق چىگكەن، گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، قېشىغا قېنىق ئوسما قويغان بىر چوكان ئوچاق بېشىدا چۆرگىلەپ يۈرەتتى. ئۆيدىن چىققان ئاۋۇت ئۇنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدى:

— ۋاي، ئاسىيگۈل سىڭلىم كەپتىغۇ؟ قويۇپ بېرىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغان، ئەجەب كەلمەيدۇ دەپ تۇراتتىم، سالامەت كەلدىڭىزمۇ، سىڭلىم؟ قېنى ئۆيگە كىرىڭ.

ئاۋۇت ھېلىقى چوكاننى تونۇشتۇردى:

— بۇ ئايالىم روزىگۈل، تېخى ئۆتكەن ئايدا ئۆيلەندىم.

— بەك ياخشى بوپتۇ، ئاكا، مۇبارەك بولسۇن! — ئاسىيگۈل ئۇلار بىلەن تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ سۇپىنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئاۋۇتنىڭ ئايالى ئاددىيغىنا داستىخان راسلاپ چاي قۇيدى ھەم تاماققا تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن چىقىپ

كەتتى. ئاۋۇت ئاسىيگۈلنىڭ كەلگەنلىكىدىن بەك خۇشال ئىدى. بۇ ئائىلىگە خۇددى تىكەنلىكتىن گۈل ئۈنگەندەك ئۈنۈپ قالغان بۇ ياۋاش يىگىت بۇرۇندىن بۇ بەختسىز سىڭلىسىغا ھېسداشلىق قىلاتتى.

— بۇ گەپنى بۇرۇندىن سىزگە دەپ بېرىش نىيىتىم بار ئىدى، — دەپ گەپ باشلىدى ئاۋۇت، — لېكىن دەپ بەرگەن بىلەنمۇ نېمە ئىشنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟ شۇ سىزنىڭ دەرد - ئازابىڭىز تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. بۇ ئۆيدە ئوغۇلنىڭ چوڭى بولغىنىم بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاجىز كېلىپ قالدىم...

چەت يېزىدىكى بىر قوتان قويىنى كۆزلەپ، كوزۇپلۇق كونا ماشىنىنى ھەيدەپ چىقىپ كەتكەن ئاسىم قاراڭغۇ چۈشكەندە كۆزلىرى ئالاق - جالاق ھالدا ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ بىر قىزچاقنى يۇدۇگىنىچە كىرىپ كەلدى ھەم ھوشسىز قىزچاقنى كاڭنىڭ لېۋىگە ياتقۇزدى.

— ۋاي خۇدايىم، نېمە ئىش بۇ؟ — دېدى ھەۋزىخان قىزچاقنى كۆرۈپ، — قويغا كېتىپ بالا يۇدۇپ كەپسىزغۇ؟

— نەس باستى، خوتۇن، نەس باستى! مۇز كۆلنىڭ يېنىدىن ئۆتكۈچە چوڭ يولدىن ئېھتىيات قىلىپ يان يول بىلەن مېڭىپتىكەنمەن، مۇزدا چاق تېيىلىپ كېتىپ ماۋۇ بالىنى سوقۇپ قويدۇم.

— ئەمىسە نېمىشقا ئۇنى كۆتۈرۈپ كەلدىڭىز؟

— ساقچىغا تۇتۇلۇپ قالسام قانداق قىلىمەن؟ قارىسام، تىنىقى باردەك قىلىدۇ، شۇڭا ئەكەلدىم. ئەگەر ئۆلۈپ قالسا ئاپىرىپ كۆمۈۋېتىمەن. ھايات قالسا بىرەر ئادەم بېدىكىگە سېتىۋەتسەك ئىش تۈگەيدۇ.

— ئۇنداق قىلما، دادا، — دېدى ئاۋۇت، — مەن بۇنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى تىگتىگلاپ باقاي، سەل ھوشىغا كەلگۈدەك بولسا ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلاپ قويساق بولىدۇغۇ؟

ھەممەيلەن ھوشسىز ياتقان قىزچاققا قاراشتى. قىزچاقنىڭ



www.uyghurkitap.com

تىنىقى بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. قىپقىزىل مامۇق چاپان كىيىپ سۈرەتتەك ياتقان قىزچاق خۇددى تۇيۇقسىز پەيدا بولغان پەرىشتىگە ئوخشايتتى. ئۇنى بۇ ئۆيدىكى ھالەت، ئادەملەر بىلەن باغلاش تەس ئىدى.

— ھەي ئاسىم، سىز مۇشۇ كەمگىچە مالغا قەست قىلغىنىڭىز بىلەن جانغا قەست قىلىپ باقمىغان، خۇن قەرزى دېگەن يامان، چىرايلىق بالا ئىكەن، ئۆلۈپ قالمىسۇن، ئۇنى داۋالىتايلى، — دېدى ھەۋزىخان.

— مەيلى، بىراق ئۇنى چوڭ دوختۇرخانىغا ئاپارساق ئۆزىمىزنى ساقچىغا تۇتۇپ بېرىمىز. ھېلىقى گايتاخۇننىڭ بالىسى ئاچقان شىپاخانىغا ئاپىرىپ بېقىڭلا. بىرسى سورىسا، باغراشتىكى سىڭلىمنىڭ بالىسى دەڭلا، ماۋۇ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ، بىزنىڭ تۇغقاندەك ياساپ قويۇڭلا.

ھەۋزىخان قىزچاقنىڭ قىزىل مامۇق چاپىنى، پەلىيى، ئىشتان، ئۆتۈكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ، بوغچىغا چىگىپ تىقىشتۇردى. بېشىغا ئۆزىنىڭ كونا يۇڭ ياغلىقىنى چېكىلەپ چىگىپ، بىر چوڭ پاختىلىق چاپانغا يۆگەپ ئاۋۇتقا كۆتۈرتۈپ، مەھەللە دوقمۇشىدىكى ئاددىيغىنا «كەۋسەر» شىپاخانىسىغا ئەكەلدى. شىپاخانىدىكىلەر بالىغا ئوكۇل سالدى، دورا ئىچۈردى. بالا قاتتىق بىر قىزىپ، قىزىتمىسى يانغاندىن كېيىن پۇشۇلداپ ئۇخلاپ كەتتى.

ئەتىسى بازاردىن كەلگەن ئاسىم خۇددى چېلىشتا يەڭگەن باتۇردەك خۇشال كىرىپ كەلدى.

— ئاخىر ئىنتىقامىمنى ئالىدىغان بولدۇم، بۈگۈن پۈتۈن بازاردا مۇشۇ بالىنىڭ گېپى، كىمنىڭ بالىسى ئىكەن دەڭلا، ئىنايەت ساقچىنىڭ! ئاھ، ئىنايەت ساقچى، مۇشۇنداق كۈنلەرمۇ كېلىدىكەن ساڭا، مۇشۇكنىڭ ئالدىغا چۈشكەن چاشقاندەك ئۆزۈمنى ھەر يان ئۇرۇپ قېچىپ يۈرگەنلەردە، ئۇنىڭ سوراقلىرى ئالدىدا غال - غال تىترەپ، يىغلاپ - يالۋۇرغانلاردا، نەچچە يىللار ئىگىز

www.uyghurkitap.com

تام ئېچىگە سولىنىپ يۈرگەنلەردە «خۇدايىم، ئۇ يىغلايدىغان، مەن كۈلىدىغان چاغلارمۇ كېلەرمۇ» دەيتتىم، ئالدىرىما، ئىنايەت ساقچى...

ئاسىم خۇددى ساراڭ بولۇپ قالغاندەك ھېلى ھەۋزىخانىغا، ھېلى ئوغۇللىرىغا، ھېلى ئاسمانغا قاراپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتاتتى.

— ئۇنى ئۆزىمىز باقىمىز، — دېدى ئۇ يەنە، — بۈگۈنلا ئۇنى X ناھىيەدىكى ھېلىقى ئۆيگە يۆتكەيلى. ئۇ شۇ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرسۇن، مەن بۇ ساقچىنىڭ قىزىنى شۇنداق تەربىيەلەيكى، تاماشا تېخى ئالدىمىزدا.

داۋۇت كېلىپ قىزچاقنىڭ ئىڭكىنى تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن:

— خېلى چىرايلىق شوم ئىكەن، بېقىپ چوڭ قىلىپ ماڭا ئېلىپ بېرىڭلارچۇ، بىكار مەنمۇ ئاۋۇت ئاكامدەك قېرى يىگىت بولۇپ ئولتۇرماي، — دېدى سەت ھىجىيىپ.

ئاۋۇت گەپكە ئارىلاشتى:

— دادىسىغا ئۆچ بولساق، بالىسىدا نېمە گۇناھ؟ مەن ئەتە تاڭ يورۇماستا ئىككى ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ كەلسەملا ئىش پۈتمەمدۇ؟

— سېنى ئىنايەت ساقچى تۇتماي قالارما؟ — دېدى ئاسىم، — شۇ كۈنىلا تۇتۇلسەن. مېنىڭ رىزقىم توشۇپ قالغان ئادەم. ئەمدى تۇتۇلسام بېشىم كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۆلسەممۇ ئىنايەت دېگەن ئاپشاركىدىن ئۆچۈمنى ئالماي قويمايمەن.

— تۇتۇلۇپ قالساق قانداق قىلىمىز؟

— تۇتۇلۇپ قالمايمىز. ھازىر ساقچىلار بار كۈچى بىلەن ئادەم بېدىكلىرىنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلار بالا يىتسىلا شۇنداق ئويلايدۇ، ئۇلار بۇ ئىشتا ئاسىم ئوغرىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. بالا تېخى كىچىك، ناھىيەگە ئاپىرىپلىۋەتسەك ھېچ يەرگە قاچالمايدۇ.

ئاۋۇت دادىسىغا تەڭ كېلەلمەي ئۇھ تارتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. گەرچە ئۇ ئوغرىلىقنى نومۇس بىلسىمۇ، لېكىن بەرىبىر مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئەزاسى بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇ نىكاھلىنىش يېشىغا يېتىپ ئاشتى. تەڭ دېمەتلىكلىرى بىردىن بالىغا دادا بولدى. ئۇمۇ ئۆيلىنىپ، ئۆي ئايرىپ ئولتۇرۇشنى شۇنداق ئارزۇ قىلسىمۇ، لېكىن بۇ ئائىلىگە قىز بېرىدىغانلار چىقمىدى. ئۆيدە بولسا ھەممىسى ئۇنى كارغا كەلمەس لامزەللە دەپ چەتكە قاقاتتى. ئۇنىڭدىن ئون ياش كىچىك ئىنىسى داۋۇت بولسا دادىسىدىن ئۆتە قاپ يۈرەك، ئالىقانات ئىدى. دادىسى، ئانىسى بۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان كىچىك ئوغلىدىن پەخىرلىنەتتى.

ئاسىم رەھمەتلىك ئانىسى ئاسىيخاننى ياد ئېتىپ قىزغا ئاسىيگۈل دەپ ئىسىم قويۇپ قويدى. تېخى تولۇق ئېسىگە كەلمىگەن قىزنى ھېلىقى ئەبجەق ماشىنىغا سېلىپ، ھەۋزىخان بىلەن بىللە X ناھىيەسىدىكى بىر تەرىپى ئاندا ـ ساندا ئۆي، يەنە بىر تەرىپى پايانسىز قۇمۇشلۇقتا تۈتىشىدىغان بىر ئۆيگە ئەكېلىپ قويدى. ئاۋۇتمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەلدى.

تۈلكىدەك مەككار، قۇۋ ئاسىم بۇ قېتىم توردىن قۇتۇلۇپ قالدى. قىزچاق ھوشىغا كەلگەن بولسىمۇ، بەك قورقۇپ كەتكەچكە ھەم مېڭىسى ئازراق سىلكىنىپ زەخىملەنگەچكە كۆز ئالدىدىكى بۇ ناتونۇش دۇنيا، ناتونۇش ئادەملەرگە قاراپ ھاڭۋېقىپ قالدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ يىغلىغاندى، داۋۇت كېلىپ نەچچە تەستەك ئۇرۇۋەتتى. بىرەر يىلغىچە ئاسىيگۈل ئۆيدىن نېرى بارمىدى. بىر يىلدىن كېيىن ئاسىمنىڭ پىلانى بىلەن ئۇنىڭ چاچلىرى چۇشۇرۇلۇپ، داۋۇتنىڭ كىچىك كېلىپ قالغان كىر ـ قاسماق شەپكە، ئىشتان ـ چاپانلىرى كىيدۈرۈلدى، ئاندىن ناھىيە بازىرىدا داۋۇتنىڭ كەينىگە سېلىپ قويۇلدى.

داۋۇت ئاسىيگۈلگە ئۆزى ئاڭلىغان ئامال ـ ئۇسۇللار بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئوغرىلىقنى ئۆگىنەتتى. قاملاشتۇرالمىسا رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇپ ـ
تېپەتتى. نەچچە يىل ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى. ئاسـ
گۈلمۇ ئۆزگەردى. ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقىلا ئەمەس، مىجەز ـ
خاراكتېرىمۇ، روھىي دۇنياسىمۇ ئۆزگەردى...

— ئۆتكەن يىلى ئىشلەمچىلەر بازىرىدا تونۇشۇپ قالغان رو ـ
زىگۈل بىلەن توي قىلدىم، — دەپ سۆزنى تۈگەتتى ئاۋۇت.

ئۆز بېشىغا كەلگەن بۇ ئېچىنىشلىق قىسمەتلەردىن ئاسىي ـ
گۈلنىڭ يۈركى مۇجۇلدى. نېمىشقا تەقدىر ئۇنىڭغا شۇنچىلىك
رەھىمسىزلىك قىلىدۇ؟ ئۇ بىر پەرىشتىدەك پاك، بىغۇبار، گۇ ـ
ناھسىز بىر نارەسىدە ئىدىغۇ؟ ئۇ نېمىشقا شۇنداق ئېغىر جازاغا،
تەقدىرنىڭ رەھىمسىز چاقچىقىغا دۇچار بولىدۇ؟ بۇ نېمىدېگەن
ئادالەتسىزلىك، ئۇۋاللىق ـ ھە؟

بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق، ھېچنېمە بىلەن ئور ـ
نىنى تولدۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان پاجىئە ئىدى. ئۇنىڭ سەبىي
بالىلىق ھاياتى، ياشلىقى، ئىستىقبالى بىر قارا نىيەت تەلۋىنىڭ
ئەخمەقلەرچە ئۆچ ئېلىش ئىستىكىنىڭ قۇربانى بولغان، خۇددى
بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان خۇش پۇراق قىزىلگۈلنى
نىجاسەت ئورىدىسىغا تاشلىۋەتكەندەك، مەزگىلسىز ئۈششۈك بۇ
يۇمران نوتىنىڭ پاك ئىنسانىي تۇيغۇلىرىنى، قىزلىق لاتاپىتى ـ
نى، پەزىلىتىنى نابۇت قىلغانىدى. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇ
مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسىدىن، ئىللىق ئائىلىسىدىن شەپقەتسىز ـ
لەرچە ئايرىۋېتىلگەن، بۇمۇ يەتمىگەندەك، ئۇ يەنە نۇرغۇن جەبىر ـ
جاپا، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغانىدى.

ئاۋۇت بۇلۇڭدىكى ساندۇقنى ئېچىپ بىر بوغچىنى ئالدى ۋە
سىڭلىسىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ يەشتى.

— ئانام قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ساندۇقىنى رەتلىگەندە
بۇ نەرسىلەر چىقتى. ئانام نېمە ئويلاپتىكىن، ساقلاپ قويۇپتى ـ
كەن. بۇ سىز بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە ئۇچىڭىزدا بار كىيىملەر
ئىدى.

ئاسىيگۈل يىغىسىنى توختىتىپ، ھاياجان ھەم ئەندىكىش بىلەن بوغچىدىكى نەرسىلەرگە قارىدى. ئۇزاق يىل چىگىكلىك تۇرغانلىقتىن بېسىلىپ كەتكەن قىزىل ماموق چاپان، «قەدىردىيە» دېگەن ئىسىم توقۇلغان قىزىل پەلەي، چىبەرقۇت باللار ئىشتىنى، قىزىل ئۆتۈك.

ئاسىيگۈل كىيىملەرنى باغرىغا بېسىپ تېخىمۇ ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ پاك باللىق تۇيغۇلىرى، ئانا قۇچىقىغا بولغان تەلپۈنۈشلىرى ئۇزاق يىللاردىن بېرى مۇشۇ كىيىملەرگە ئوخشاش بوغچىغا چىگىلىپ، پىنھانغا سىقىلغانىدى. ئۇ كىيىملەرگە قاراپ خۇددى ھايات يولىدا يوقىتىپ قويغان بەختىنى قايتا تېپىۋالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ئۆيدە ئۇزاق تۇرغۇسى يوق ئىدى. ئۇ ھازىر شەھەرگە ماڭىدۇ، سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇپ، يىراقتىن بولسىمۇ ئاكىسىنى كۆرىدۇ. ئاھ، شۇ تاپتا ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزۈشكە رازى.

روزىگۈل چامغۇر سېلىپ ئۇگرە ئەتكەنىدى. ئاسىيگۈلنىڭ شۇ تاپتا ئاش ئىچىشكە رەغدى بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى دەپلا ئاشنى ئىچىپ تۈگەتتى، ئاندىن بوغچىدىكى كىيىملەرنى سومكىغا قاچىلاپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— دادامنىڭ گۇناھىغا مەن ناماقۇل، — دېدى ئاۋۇت، — ئەگەر ئۆيىڭىزدىكىلەر بىلەن تېپىشالماي قالسىڭىز ياكى ئىش باشقىچە بولۇپ قالسا يېنىپ كېلىڭ، نېمە دېگەن بىلەن مەنمۇ سىزنىڭ ئاكىڭىز.

ئاۋۇت قوشنىسىنىڭ موتوسىكلىتىنى سوراپ چىقىپ، ئاسىيگۈلنى بېكەتكىچە ئەكېلىپ قويدى.

ئاسىيگۈلنىڭ شەھەرگە كېلىشى قېرىشقاندەك ئارام كۈنىگە توغرا كېلىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۇدا ئىككى كۈن سوت مەھكىمىسى دەرۋازىسىنى چۆرگۈلەپ كېتەلمىدى. دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئۇ ئىشقا كېلىۋاتقان ئاكىسىنى يىراقتىن تونۇپ ئۆزدـ

نى دالدىغا ئالدى. يارىشىملىق سوت فورمىسى كىيگەن ئاكىسى ئاكاتسىيە دەرىخى ئاستىدا سالماق قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇ «ئاكا» دەپ توۋلاشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. ئەگەر ئۇ ئەينى چاغدا ئاكىسىنىڭ ئالدىدا ئاشۇ ئۇياتلىق جىنايەت بىلەن سوتلانمىغان، پېشانىسىغا بۇ نومۇسلۇق تامغا بېسىلمىغان بولسا قانداق ياخشى ئىدى ـ ھە!

چۈشمۇ بولدى، ئۇ ئىشتىن چۈشكەن ئاكىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئاكىسى يولدىن ئۆتۈپلا ئۇدۇلدىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئاكىسى بىر كورپۇسنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى. ئەمدى ئەگەشسە قاملاشمايتتى. ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ، پۇت ـ قولى ھالسىزلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاكىسى كىرىپ كەتكەن ئىشىكتىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى. چۈشلۈك دەم ئېلىش توشۇپ، چۈشتىن كېيىن ئىشقا ما ـ ڭىدىغان چاغمۇ بولدى. بىردەمدە ئاكىسى ساقچى فورمىسى كىيـ ـ گەن ئېگىز بوي، قاملاشقان بىر چوكان بىلەن قاتارلىشىپ چىـ ـ قىپ كەلدى. ئاسىيگۈل چوكاننى ئاكىسىنىڭ ئايالى دەپ پەرەز قىلدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئاسىيگۈل سوت مەھكىمىسى بىلەن ئاھا ـ لىلەر ئولتۇراق رايونى ئارىسىدا مەقسەتسىز قاتراپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئاكىسىنىڭ ئايالى، ھەتتا بالىسىمۇ ئۇنىڭغا تونۇش بولۇپ كەتتى. پەقەت دادىسى بىلەن ئانىسىنى بىر قېتىممۇ كۆ ـ رەلمىدى. ئۇ ئاكىسىغا تونۇشلۇق بەرمەسلىك نىيىتىگە كەلگەنىد ـ دى. ئۇ ئۆز قىلمىشىنى كەچۈرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ سۆيۈملۈك ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ كىشى يىرگەنگۈدەك قىلمىش ـ جىنايەتلىـ ـ رىدىن خەۋەر تاپسا، ئۇلارنىڭ قەلبى قانچىلىك ئازابلىنار ـ ھە! ئۇلار كەچۈرگەن تەقدىردىمۇ ئاسىيگۈل قايسى يۈزى بىلەن ئۇلار ـ نىڭ ئىللىق باغرىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ؟

شۇڭا، ئۇ ھازىر پەقەت تونۇشلۇق بەرمەي ئۇلارنى يىراقتىن كۆرۈش بىلەن قانائەتلىنىۋاتاتتى.

ئۇ ياتار، تۇرار جايى يوق ھېلىقى چاغلاردا تونۇشۇپ قالغان بىر دوستىنىڭ ياتىقىدا بىللە تۇرۇۋاتاتتى. دوستى ئۇنى يەنە شۇ بەزمىخانىلاردىكى ئويۇن ـ تاماشىلىق تۇرمۇش ئىچىگە سۆرەپ كىرمەكچى بولاتتى. ئاسىيگۇل كەسكىن رەت قىلاتتى ـ يۇ، بىراق بۇ ئۆينى تاشلاپ چىقالمايتتى. بۇ يەردىن چىقىپ كەتسە بۇ شەھەردە باش تىققۇدەك ماكانى، يانچۇقىدا جېنىنى جان ئەتكۇدەك پۇلى يوق ئىدى. خۇددى تۇرمىگە كىرىپ چىققىنى پېشانىسىغا تامغا بولۇپ قالغاندەك، بىر يەرگە ئىش ئىزدەپ بېرىشتىنمۇ قورقاتتى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ ئاكىسىنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى گۇل ـ لۈكتە، ئاكىسىنىڭ ئۆيىدىن بىرەر كىمنىڭ چىقىشىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز ئۇ بىنانىڭ يېنىدا تۇرغان چاچلىرى چۇ ـ ۋۇلغان، بىر پۇتىغا ئاياغ، بىر پۇتىغا ساپما كەش كىيىۋالغان ئورۇق، ۋىجىك بىر ئايالنى كۆردى. شۇ تاپتا ئۇ بىنانىڭ تېمىغا قاراپ كىمنىدۇر غەزەپ بىلەن تىللاۋاتاتتى.

ـــ قىزىمنى ياندۇرۇپ بەر، ئۇنى نېمىشقا ئەكېتىسەن؟ ھۇ، دۆيۈز ھايۋان! ئۇنى نەگە ئەكەتتىڭ؟

ئايال قەھر ـ غەزەپ بىلەن تىللايتتى. بىر كەمدە ئۇ «قىزىم سەن نەدە» دېگىنىچە ئاسىيگۇل تەرەپكە ئۆرۈلۈۋىدى، ئاسىيگۇل ـ نىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. قانداقتۇر بىر ھاياجانلىق تۇيغۇدىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئا ـ يالنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، قىياپىتى بىنورمال بولسىمۇ، ئۇ ئەينى چاغدىكى مېھرىبان، سۆيۈملۈك ئانىسىنى تونۇغانىدى. كۆزى بىلەن ئەمەس، يۈرىكى بىلەن تونۇغانىدى.

ئۇ ئانىسىغا قاراپ ئورنىدىن تۇردى. شۇ ئەسنادا «نەدە سەن، قىزىم؟» دەپ ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان ئايال تۇيۇقسىز ئۇنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى قۇ ـ چاقلىۋالدى.

ـــ قەدىرىيە، جېنىم بالام، سەن قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ مېنىڭ

جېنىم قىزىم، سېنى ئاخىر تاپتىم. جېنىم بالام، ئەمدى سېنى ھەرگىز تاشلاپ كەتمە!

ئانىسى ئۇنى ئەسەبىيلىك بىلەن چىڭ قۇچاقلايتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالىسۇنمۇ؟ ئۇمۇ ئازاب بىلەن تۆكۈلۈپ يىغلىغىنىچە ئانىسىنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى. ئانىسىنىڭ ھىدى ئاسىيگۈلنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئېرىتتى. ئۇنتۇلدۇرۇلغان، ئەمما يۈرەككە ئورناپ قالغان تونۇش سىما، تونۇش پۇراقلار ئۇنىڭ تۇنجۇققان بالىلىق تۇيغۇلىرىنى غىدىقلاپ، ئانا مېھرىنىڭ تەشداشسىز لەززىتىنى ھېس قىلدۇردى. ئاسىيگۈل شۇ تاپتا ھەممىنى ئۇنتۇدى. ئاھ! ئانىنىڭ مېھرىلىك قۇچىقى! ئەي ناتىۋان قەدىرىيە، ئاغزىڭدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان چاغلاردا مەزگىلسىز ئايرىلغان ئانا قۇچىقى مانا مۇشۇ، يات ـ يوچۇن، ئەسكىلەرنىڭ ئۆيىدە قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ، تىل ـ تاياقنىڭ دەستىدىن بوتىلاقتەك بوزلىغان چاغلىرىڭدا زار بولغان ئانا قۇچىقى مانا مۇشۇ. كىر ـ قاسماق ئوغۇل بالىلارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ كوچا ـ كويىلاردا تەمتىرەپ يۈرگىنىڭدە، ئانىسى بىلەن كېتىۋاتقان تەڭ دېمەتلىك قىزلارغا قاراپ ھەسرەتلەنگىنىڭدە سېغىنغان ئانا قۇچىقى مانا مۇشۇ، قانغۇچە قېنىۋال، ھىدلىۋال!

ئانا ـ بالا شۇ ھالەتتە مەھكەم قۇچاقلىشىپ تۇرغاندا، بىنا ئىشىكىدىن ئاكىسىنىڭ ئايالى ئالاقزەدە بولغان ھالدا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئانىسىغا ئېسىلدى:

— ئانا، نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟ ئۇ قەدىرىيە ئەمەس، ئۇنى قويۇۋېتىڭ.

ئاكىسىنىڭ ئايالى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئانىسىنى ئاجراتماقچى بولدى. بىراق، كۈچى يەتمەي قولۇم ـ قوشنىلارنى چاقىردى. بىر جۈپ ئەر ـ ئايال چىقىپ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، مىڭ تەستە ئانىسىنى ئۆزىدىن ئاجرىتىپ ئۆيگە سۆرىدى. ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

— مەن قىزىمنى ئاران تاپقان تۇرسام، نېمىشقا بۇنداق قى-

لىسىلەر، ئۇ قەدىرىيە شۇ، قەدىرىيە قىزىم، بۇياققا كەل!
ئاسىيگۇل بۇتتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى. يەنە بىر قوشنا كېـ-
لىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:
— قورقۇپ كەتتىڭىز ـ ھە؟ بۇ ئايالنىڭ بۇرۇن بىر قىزى
يىتىپ كېتىپتىكەن، شۇنىڭ دەردىدە ساراڭ بولۇپ قاپتۇ.
سىزدەك قىزلارنى كۆرسىلا، قىزىم دەپ ئېسىلىۋالىدۇ، بولىدى
قورقماڭ...
قوشنا ئايال كىرىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئاسىيگۇل ئالدىراپ
سورىدى:
— بۇ ئايالنىڭ ئۆيىدە يەنە كىملەر بار؟
ئايالغا ئۇنىڭ سوئالى ئارتۇقچە تۇيۇلدى بولغاي ھەيرانلىق
بىلەن قاراپ قويدى:
— ئوغلى، كېلىنى بار. ئېرى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن.
ئاسىيگۇل لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ھېلىلا ئانا قۇچىقىدىن
لەززەتلىنىپ، قاغجىرىغان قەلبى ياشارغان ئاسىيگۇل يەنە ئاچ-
چىق ئازاب ـ ھەسرەتلەرگە چۆمدى.
ئۇ نېمىگە ئاساسەن ئاتا ـ ئانىسى، ئاكىسىنى شۇنچىلىك
گۈزەل، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىكىن؟
ئۇ نېمىشقا ئۆزى تارتقان كۈلپەتلەردىنلا زارلىنىپ، ئانىسىنىڭ
بۇ قاتارلىق بولۇپ كېتىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى؟
ئاسىيگۇل ئىچى ـ ئىچىدىن ئازابلىنىپ يىغلىدى. ئەتىسى
ئۇ ئاكىسىنىڭ ئۆيى ئالدىغا يەنە باردى. ئۇ ئانىسىنى يەنە چىقىپ
قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. لېكىن، ئۇ چۈشتىن بۇرۇن
ھېچكىمنى ئۇچرىتالمىدى. چۈشتىن كېيىن ئاكىسىنىڭ ئايالى
چىقىپ بىر ۋاراق قەغەزنى يول چېتىدىكى ئېلان تاختىسىغا
چاپلاپ قويۇپ كىرىپ كەتتى. ئاسىيگۇل يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېلاننى
ھەجىلەپ ئوقۇدى.
«شارائىتى ياخشى ئائىلىگە ئائىلە خىزمەتچىسى قوبۇل قىلى-
مىز، مۇقىم ئىش ھەققى ۋە ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىنلەي-

مىز، ئىشلەشنى خالىغۇچىلار ئېلاندىكى تېلېفون نومۇرى ۋە ئادرېسى بىلەن ئالاقىلەشسە بولىدۇ.»

ئاسىيگۈلنىڭ دىلى ۋالىلدە يورۇپ كەتتى. ئۇ ئانىسىنى كۆرىدىغان، ئۇلار بىلەن بىللە ياشايدىغانلا ئىش بولسا، ئۇلار ئۇنىڭ قەدرىيە ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ مەيلى ئىدى. ئۇ ئېلاننى يىرتىۋېلىپ دوستىنىڭ ياتىقىغا قايتىپ كەلدى. بىر كېچە ھاياجان بىلەن خىيال سۈردى، پىلان تۈزدى، بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان ئىشلارنى تەھلىل قىلدى، دەيدىغانلىرىنى كۆڭلىگە تىزدى.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە ئېلاندىكى نومۇرغا تېلېفون قىلىپ ئالاقىلەشتى. ئاكىسىنىڭ ئايالى ئۇنى كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشەرگە ئۆيىگە كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ كۈننى كەچ قىلماق ئاسىيگۈلگە ئۈچ يىللىق تۈرمە ھاياتىدەك تەسكە توختىدى. ئەينەككە قاراپ قىياپىتىنى پەقەتلا ياقتۇرمىدى. ھېلى ئۇنداق، ھېلى بۇنداق كىيىنىپ، ئاخىر چاچلىرىنى ئارقىغا رەتلىك بىر تال بوغۇپ، ئاق كۆڭلىكىنى كىيىپ تەييار بولدى. كەچقۇرۇن ئۇ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىشىكنى چەكتى. تونۇش چوكان ئىشىكنى ئېچىپلا ئالدىدا تۇرغان بۇ گۈزەل قىزغا سىنچىلاپ قاراپ تونۇۋالدى:

— ۋويي سىز ئىكەنسىزغۇ؟ قايسى كۈنى ئانام سىزگە ئېسىلىۋېلىپ قورقۇتۇۋەتكەن، دېرىزىدىن قارىسام خېلى ئۇزاققىچە ئېسىڭىزگە كېلەلمەي تۇرۇپ كەتتىڭىز، قېنى ئۆيگە كىرىڭ.

سانىيە ئاسىيگۈلگە قايتىدىن قاراپ چىقتى. ئادەتتە ئائىلە خىزمەتچىسى، بالا باققۇچى دېگەنلەر ئاساسەن يىراق يېزىلاردىن كەلگەن توپا تەلەت قىز ـ ئاياللار بولاتتى. كۆز ئالدىدىكى بۇ قىز بولسا يۈزى مۇشۇ كەمگىچە توپا ـ چاڭ، شامال ـ ئاپتاپ كۆرمىگەندەك ئاپپاق، يۇمران، قاشلىرى ھىلال ئايدەك ئەگمەچ، ئۇزۇن كىرپىكلەر ئارىسىدىكى بۇلاقتەك كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان تولىمۇ گۈزەل قىز ئىدى. مۇنداق گۈزەل قىزنىڭ جىنىنى باقالماي ئائىلە خىزمەتچىسى بولۇشى تازا ئەقىلگە سىغمايتتى. مۇشۇ



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تۇرقى بىلەن مانا مەن دېگەن يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىگە مۇھەببەت ئوتى يېقىپ، راۋرۇس ئائىلىگە كىلىن بولۇپ، بىر ئۆينىڭ غوجا-يىنى بولالايتتى.

ئاسىيگۈل سانىيەنىڭ باشلىشى بىلەن تەمتىرىگەن ھالدا سا-فاغا كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن ئۇنىڭ سوئالىغا ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرىشكە باشلىدى:

— كىچىكىمدىن ئانامدىن يېتىم قالغانىدىم، — دېدى ئۇ تەييارلىۋالغىنى بويىچە، — ئۆگەي تۇغقانلىرىم ئۆيگە پاتقۇزمىدى. بىرەر يەردە ئىشلەي دېسەم مەن مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان. ئا-جىز قىز بالىغا جەمئىيەتتە ئىش ئىزدەشمۇ تەس ئىكەن، شۇڭا ئىلاننى كۆرۈپ بۇ ئىش ماڭا ماس كەلگۇدەك دەپ ئويلىدىم.

— ياخشى ئويلاپسىز، — دېدى سانىيە، — بۇ ئۆيدە سىز قىلغۇدەك ئېغىر ئىش يوق، شۇ قېيىنئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسىز، ئەھۋالىنى ئۆزىڭىز كۆردىڭىز، قانداق، ھۆددىسىدىن چىقىشقا كۆزىڭىز يېتەمدۇ؟

— يېتىدۇ، مەن ئانا مېھرىدىن مەھرۇم بولغان قىز، بىرسى مېنى قىزىم دەپ باغرىغا باسسا، مەن ئەلۋەتتە خۇشال بولىمەن.

— بولىدۇ، — دېدى سانىيە كەسكىن ھالدا، — ئەمىسە گېپىمىز گەپ. مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ قېلىڭ، ھازىر ئادەم تاپماق بەك تەس بولۇپ كەتكەن، ھەرنېمە بولسا سىز تېپىلدىڭىز.

شۇ ئەسنادا كۇتۇلمىگەن ئىش يۈز بەردى. يان ئۆيدىن ئانىسى ئالدىراش - تېنەش چىقىپ كەلدى:

— كىم تېپىلدى؟ قەدىرىيە تېپىلدىما؟ ئۇ قېنى...

ئانىسى ئۇنى كۆردى، ئۇنىڭغا قاراپ بىرھازا تۇرغاندىن كې-يىن ئېتىلىپ كەلگەنچە مەھكەم قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.

— قەدىرىيە، بۇ سەنمۇ جېنىم بالام. ئاخىر قايتىپ كەلدىڭ-مۇ؟ ماڭا قارىغىنا بالام، سېنى ئوبدان بىر كۆرۈۋالاي، جېنىم بالام.

ئانىسىنى ئاسىيگۈلدىن ئاجرىتىش مۇمكىن بولمىدى. سانىيە

ئۇلارنى ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى. ئانا ئاسىيگۇلنى ھېلىدىن ـ ھېلى قۇچاقلاپ سۆيەتتى، ھىدلايتتى، باغرىغا بېسىپ يىغلايتتى. شۇنداق بىر ھالەتتە قەدىردان ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كەلدى.
ئۇنىڭ كەچتە ئۆيگە ئادەم كېلىدىغانلىقىدىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ سالاملىشىش ئۈچۈن ئاسىيگۇلگە شۇنداق قاراپ تۇرۇپلا قالدى.
— ۋۇي، سىز ئاسىيگۇلمۇ؟ — دېدى قەدىردان ھەيران بولۇپ.
— مەن، — ئاسىيگۇل جىددىيلىشىپ ئۇدۇق ـ بۇدۇق بولۇپ كەتتى.
ئاكىسىنىڭ ئۆزىنى شۇنداق تېز تونۇپ قېلىشى ئاسىيگۇلنى ھودۇقتۇرۇۋەتتى. ئارىنى بىرپەس سۈكۈت قاپلىدى. مۇرەككەپ تۇيغۇلار ئىچىدە گاڭگىراپ قالغان قەدىردان گەپ قىلمايلا يان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئانا بولسا يەنىلا ئاسىيگۇلنى سىلاپ ـ سىيپاش بىلەن بەند ئىدى. خۇشاللىقتىن ئانىسىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان كۆلكە يۇگۇرمىگەن چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەن، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغانىدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىغا قارىغان ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلاتتى. ئاسىيگۇلچۇ؟ شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاسىيگۇل ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان، چىرايىدىن چىقىپ تۇرغان چوڭقۇر مۇھەببەت، بەختىيارلىق تۇيغۇسى سانىيەنىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى.
ئۇلارغا قاراپ ئولتۇرۇۋېرىشنى بىئەپ كۆرگەن سانىيە ئېرىنىڭ گەپ قىلمايلا يان ئۆيگە كىرىپ كېتىشىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ئارقىسىدىن كىردى. قەدىردان دېرىزە ئالدىدا بۇتتەك قېتىپ تۇراتتى.
— قەدىردان، نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى سانىيە، — ئەكەلگەن قىزىم بولامدىكەن؟ قاراڭ، ئاناممۇ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. قىزىمنى تاپتىم دەپ ئانامنىڭ كېسىلىمۇ ساقىيىپ كېتەمدۇ تېخى... قەدىردان، نېمانداق گەپ قىلمايسىز؟

قەدىرداندىن ئاخىر زوۋان چىقتى:
— سانىيە، بۇ قىز مەن سىزگە گېپىنى قىلىپ يۈرگەن ھېلىقى مەھبۇس قىز شۇ. خۇدايا توۋا، مەن تېخى ئۇنى بىر ئىزدەپ تۇراتتىم، ئالدىمغا ئۆزى كەپتۇ. مەيلى سانىيە، ئۇنى ئېلىپ قالايلى، ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كۆز ئالدىمىزدا بىز بىلەن بىللە تۇرسۇن. ئانام ئىككىمىزگە چوڭ تەسەللى بولىدۇ.
سانىيەمۇ ھەيران قالدى:
— توۋا، بۇ سىز دېگەن قىز شۇمۇ؟ بۇ قىزدا نېمە خىسلەت باردۇ، ئاناممۇ ئۇنى كۆرۈپ يېپىشىپلا قالدى. كەسپىي سەزگۈرلۈكتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبمۇ، بۇ قىز كۆزۈمگە بەكمۇ سىرلىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ. بۇ ئۆيگە كېلىشىدىمۇ چوقۇم بىر سەۋەب بار.
ئاسىيگۇل بۇ ئائىلىگە كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ، ئانىسىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى. ئۆزىگە مۇشۇنداق پۇرسەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتتى. ئۇ ئۇزاق يىللىق قېقىندى ـ سوقۇندىچىلىقتىن كېيىن خاتىرجەم، ئىللىق تۇرمۇش مۇھىتىغا ئېرىشكەنىدى. قەدىرىيەنىڭ كىچىك چاغلىرىدىكى سۈرەتلىرىگە تويماي قارايتتى. ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى بارغانسېرى قەدىردانىنى تېگى يوق گۇمانلارغا سالاتتى. قارىغانچە ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقى، زادى ماۋۇ يېرى دەپ ئېنىق دېگىلى بولمايدىغان بىر خىل ھالىتى قەدىردانغا بارغانسېرى تونۇش بىلىنىپ باراتتى. ئۇنىڭ خىيال سۈرسە ئۈستۈنكى لېۋىنى چىشلىشى، ئاغزىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن توسۇپ يانغا قاراپ ئەسنىشى، قارىشى، ئەجەبلىنىشى، خۇشال كۈلۈشى، ئىشقىلىپ، ھەممىلا چىراي ئىپادىسى قەدىردانغا خۇددى بۇرۇندىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك شۇنچىلىك تونۇش ئىدى. ئۇ ھەيران بولاتتى. ئېنىقكى، يۇقىرىقىلار ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قىلىق ـ ئادەتلىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاسىيگۇلنىڭ چىرايى ئانىسىنىڭ ياش چاغلىرىدىكى سۈرەتلىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتـ

www.uyghurkitap.com

تى. ئۇنىڭسىزمۇ ئاسىيگۈلگە ھەربىر قارىغاندا قەدىرداننىڭ ۋۇجۇدىنى پەقەت بىر تۇغقان قېرىنداشلارغىلا خاس يېقىنچىلىق، ئىچ كۆيەرلىك ھېسلىرى چىرمايتتى. سانىيەنىڭ ئىككىسى يالغۇز قالغاندا، بىردە: «قاراڭ قەدىردان، قايسى كۈنى ئىشتىن كەلسەم ئاسىيگۈل مۇشۇكنىڭ بوينىغا مارجان ئېسىپ قويۇپتۇ، مېنى كۆرۈپلا ئېلىۋەتتى» دېسە؛ بىردە: «قاراڭ قەدىردان، پالانچى تۇغقىنىمىز ئاسىيگۈلنى كۆرۈپ ئانامنىڭ ياش ۋاقتىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن دەيدۇ» دېيىشلىرى ئۇنىڭ ھەيرانلىقىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىۋەتتى. بەزىدە تولا خىيال قىلىپ ئەسەبىيلىشىپ كەتكەندە، كاللىسىغا «ئاسىيگۈل چوقۇم قەدىرىيە» دېگەن ئوي كېلىۋالاتتى. بىراق، ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇنداق بولۇشى پەقەت كىنولاردىلا مۇمكىن ئىدى. ئىشرەتخانىلاردا ئوغرىلىق قىلىپ يۈرگەن بىر قىز ئۇنىڭ سىڭلىسى بولۇپ چىقسا، بۇ تەقدىرنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئاچچىق چاقچىقى بولماي نېمە؟ ياق، ئۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ ئۇ ئاسىم ئوغرىنىڭ قىزى تۇرسا، داۋۇت ئۇنى بىر تۇغقان سىڭلىم دەۋاتسا...

قەدىردان خۇددى مۆرەككەپ دېلوغا دۇچ كېلىپ، دەلىل - ئىسپات يۈزلەشمەي ھۆكۈم چىقىرالماي قالغاندەك تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەبىئىي بىر تۇيغۇ ئاسىيگۈلنى «سەن ئاسىيگۈل ئەمەس، مېنىڭ سىڭلىم قەدىرىيە» دەپ باغرىغا بېسىشقا ئۈندەپ تۇراتتى. بىراق، ئۇنداق قىلالمايتتى. سانىيە بولسا ئاسىيگۈلگە تېخىمۇ قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇ خىزمەتتىكى ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ ئاسىم ئوغرىغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە ئارخىپلارنى كۆرۈپ چىقتى. ئۇلارنىڭ نوپۇس ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈردى. تەكشۈرگەنلىرىنى كېلىپ قەدىردانغا ئېيتتى.

— مەن تەكشۈردۈم، ئاسىمنىڭ نوپۇس دەپتىرىدە ئاسىيگۈلنىڭ ئىسمى يوق ئىكەن، پەقەت ۋاقىتلىق تىزىملانغان نوپۇس ئىسپاتىلا بار ئىكەن. ئاسىمنىڭ سوراق قىلىنغان ئون نەچچە

سوراق ماتېرىيالىنىڭ ھەممىسىدە ئائىلىسىدىكىلەردىن ئايالى بىلەن ئىككى ئوغلىنىلا تىلغا ئالغان، قىزى بارلىقىنى دېمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسىيگۈل كەلگەن كۈنى ماڭا «ئۆگەي تۇغقانلىرىم ئۆيگە پاتقۇزمىدى» دېگەندەك قىلغان. داۋۇتنىڭ دېگەنلىرى پاكىت بىلەن زىت.

قەدىردان سانىيەنىڭ گەپلىرىنى ئۇن چىقارماي تىڭشاپ ئولتۇراتتى. سانىيە نوپۇس ھەققىدىكى مەلۇماتنى سۆزلەپ بولۇپ تەھلىلگە چۈشتى:

— بىرنەچچە قېتىم ئاسىيگۈلنىڭ ئانام بىلەن قۇچاقلىشىپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. يات بىر قىزنىڭ بىر نېرۋا كېسەل ئايالنىڭ باغرىغا ئۇ قەدەر چىرمىشىپ يېتىشىمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئۇنداق يېقىنلىق پەقەت ھەقىقىي ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىلا بولىدۇ. زادى بۇ قىز ئىشىكتىن كىرگەندىلا كۆزۈمگە سىرلىق كۆرۈنگەن.

ئانىسى ئاسىيگۈلنى قەدىرىيە دەپ چاقىراتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قەدىردان بىلەن سانىيەمۇ ئۇنى قەدىرىيە دەپ ئاتاشتى. قولۇم ـ قوشنا، تونۇش ـ بىلىشلەر ئارىسىدا « زىلەيخاننىڭ يوقاپ كەتكەن قىزى تېپىلىپتۇ» دەپ گەپ تارقالدى. مۇبارەكلەپ تېلېفون قىلغانلار بولدى. رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن زىلەيخان ئاسىيگۈل بىلەن بىللە سەي ـ كۆكتات ئالغىلى چىققانلاردا، ماگىزىن ئارىلىغانلاردا ئۇچراپ قالغان تونۇش ـ بىلىشلەر ئۇنىڭ قىزىنىڭ راستلا تېپىلغانلىقىغا ئىشىنىشتى.

قەدىرداننىڭ يۈرىكى سىڭلىسىنى ئاللىقاچان تونۇپ بولدى. قەدىرىيەنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇ ئۆيگە كەلگەنلىكى، نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى ئاسىيگۈل دەپ ئاتاپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتماسلىقى قەدىردانغا بەش قولدەك ئايان. بىراق، سىڭلىسىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئۆتكۈزگەن جىنايىتى سەۋەبىدىن ئۆزىنى «ئاكا» دەپ چاقىرالماسلىقى ئۇنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى بىر كۆزى قان، بىر كۆزى ياش زارىقىپ كۈتكەن سىڭلىسىنى باغرىغا بې-

ىسىغا توسۇق بولۇپ قالغانىدى. قەدىردان قانداقتۇر بىر مۆ-جىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ زادى نېمىنى كۈتۈۋاتىدۇ، بۇنى ئۆزىمۇ تازا بىلمەيتتى. بەلكىم شۇنداق بىر مۆجىزە ياكى تاسادىپىيلىق ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئاكا ـ سىد-ڭىللىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئىسپاتلىنىشىنى كۈتۈۋاتسا كېرەك.

قەدىردان ئۆزى كۆرگەن كىنولاردىكىدەك، چوقۇم بىرەر ئىش بولمىسا بىر تۇغقان قېرىندىشىنى ئېتىراپ قىلغىلى بولماسمۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ئەھۋالنى بىلىدىغان بىرەيلەننىڭ ئۆلۈم ئال-دىدا ھەممىنى ئاشكارىلىشى، بىر تەرەپ ئېغىر كېسەل بولۇپ قان بېرىشكە توغرا كەلگەندە قېرىندىشىنىڭ قېنى ماس كېلىشى يا-كى قېرىندىشىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى بەدىنىدىكى تاتۇق ۋە مەڭ ئارقىلىق تونۇپ قېلىشى دېگەندەك تاسادىپىيلىقلار ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بەرمىدى. قەدىردان سىڭلىسىنى ھېچقانداق سە-ۋەبسىزلا تونۇپ قالدى.

بۈگۈن قەدىرداننىڭ تۇغۇلغان كۈنى، ھاۋا ناھايىتى سوغۇق بولۇپ، لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى.

ئۇزاق يىللاردىن بېرى كۆلكە ئۆچكەن بۇ ئائىلىدە بۇ يىل قەدىرداننىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش زىياپىتى ئۆتكۈزۈل-مەكچى. بۇنى سانىيە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. چۈنكى، ھازىر بۇ ئائى-لىدە ھەممەيلەن چەكسىز خۇشال ئىدى. بولۇپمۇ ئانىسى، ئۇ ھا-زىر چاچلىرى چۇۋۇق كوچا ـ كويلاردا سۆزلەپ يۈرمەيدۇ. مەدە-نىي، پاكىز تۇرقىدىن چەكسىز شادلىق، بەختىيارلىق ئىپادىلى-نىپ تۇرىدۇ. قىزىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايدۇ.

قەدىرىيەچۇ؟ بەخت ھەم خۇشاللىق، جەم بولۇش شادلىقىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، يۈزلىرى پارقىراپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن، قەلبىدىكى يوشۇرۇن ئازابىنى دېمىگەندە، ئۇمۇ ئىنتايىن بەختلىك.

قەدىرداننىڭ تۇغۇلغان كۈنى قەدىرىيەنىڭ ئەنە شۇ يوشۇرۇن ئازابى كۈچىيىپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاكىسىدىن ئايرىلىپ

قالغان ئاشۇ كۈنى ئاكىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكى ئۇنىڭ غۇۋا يادىدا بار ئىدى. ئۇ گەپ نەچچە كۈندىن بېرى ئۆيدە نەچچە قېتىم تىلغا ئېلىنىدى. بۇ گەپ بىلەن ئۇنىڭ ئەمدىلا قېتىشقا باشلىغان يۈرەك يارىسى تاتىلىنىپ، دەرد ـ ئازابى كۆچەيدى. توغرا، ئۇنى ئۆيدىكىلەر بىلەن تولۇق جەم بولدى دېگىلى بولـ ـمايتتى. چۈنكى، ئۇ ئاكىسى بىلەن يۈرەك سۆزلىرىنى كۆزلىرىدە ئاللىقاچان دېيىشىپ بولغان بولسىمۇ، ئاغزىدىن چىقىرىپ باقـ ـمىدى. ھەر ئىككىيلەن بۇ گەپتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈشتى.

بۈگۈن ئۇنىڭ كۆڭلى پىنھان يەرلەرنى تارتىپ قالدى. كەچتە زىياپەت ئۆتكۈزۈلمەكچى. ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەمـ ـمىنى دېمەكچى، يۈرىكىدىكى قايناپ تۇرغان دەرد ـ ئەلەمنى بىراقلا تۆكمەكچى بولدى.

بۈگۈن يەڭگىسى ئارام ئالغان بولۇپ، ئەتىگەن تۇرۇپلا كەچكى زىياپەتنىڭ تەييارلىقىغا چۈشكەنىدى. قەدىرىيەنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى. ئانىسى ئىچىۋاتقان دورىسىنىڭ تەسىرىدە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ چامادانىنى ئېچىپ ھېلىقى قىزىل پەلەينى ئېلىپ سومكىسىغا سالدى ـ دە، يەڭگىسىگە ماگىزىنغا بارىدىغانلىقىنى دەپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇردى، بۇ ئاپتوبۇسنىڭ ئاخىرقى بېكىتى مۇز كۆل ئىدى.

قەدىردان بۈگۈن ئىشتىن بالدۇرراق چۈشۈپ مۇز كۆل بويىغا كەلدى. ئۇ سىڭلىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندىن بۇيان ھەر يىلى تۇغۇلغان كۈنىدە بۇ يەرگە كېلىپ سائەتلەپ خىيال سۈرەتتى. بۇ ئۇنىڭ سىڭلىسىغا بولغان سېغىنىشى، ئۆزىنىڭ شۇ كۈنكى بىـ ـخەستەلىكىگە بولغان ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز پۇشايمىنى ئۇچۇن ئىدى. ئۇ مۇشۇ يەردە ئىنتايىن بەخىرامان، دەخلى ـ تەرۈزسىز ئەسلىمىلەر قوينىغا چۆمۈلەتتى، ياش تۆكەلەيتتى، بەزىدە ھۆڭـ ـرەپ يىغلىيالايتتى.

ئۇنىڭ بۈگۈنكى ھېسسىياتى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ بۇ ـ

گۈن بۇ يەرگە يىغلاش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز قەلبىدە يىقىندىن بۇ-
يان ئىختىيارسىز پەيدا بولغان چەكسىز بەختىيارلىق، خاتىر-
جەملىك تۇيغۇسىنى ھېس قىلىش، بۇ ھېسلىرىنى ئۆزىنىڭ تالاي
يىللىق دەرد ـ ئەلەملىرىگە شاھىت بولۇپ كەلگەن مۇز كۆل بى-
لەن ئورتاقلىشىش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

مۇز كۆل يىللار مابەينىدە كۆپ ئۆزگەرگەن، ئەتراپى باغ-
چىلاشتۇرۇلغان، ھېلىقى چىغىر يولغا رەڭدار چاقچۇقلار
ياتقۇزۇلغان، ئەتراپىغا دەرەخلەر تىكىلگەن باغچە يولىغا
ئۆزگەرتىلگەنىدى.

قەدىردان ماشىنىسىدىن چۈشمەي تۇرۇپلا كۆل بويىغا قاراپ
ھەيرانلىق بىلەن تۇرۇپ قالدى. قەدىرىيە كۆل بويىدىكى تاش ئو-
رۇندۇقتا قەدىردانغا كەينىنى قىلىپ ئولتۇراتتى. مۈرىلىرىنىڭ
سىلكىنىشىدىن ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

قەدىردان ماشىنىسىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى. يۈرە-
كى ھاياجاندىن لەرزىگە كەلگەنىدى. بار ئاۋازى بىلەن «قەدىرىيە»
دەپ چاقىرماقچى بولاتتى ـ يۇ، تىلى ئۆزىگە بويسۇنمايتتى. كۆز-
لىرىدىن ياشلار قۇيۇلاتتى. ئايىغى ئاستىدىكى قارلار ئىڭرىغاندەك
غىچىلدايتتى. قەدىرىيە نېمىندۇر باغرىغا باسقىنىچە ئۆكسۈپ
يىغلاۋاتاتتى. ئۇ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ئاكى-
سىنى كۆردى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى
قىزىل يۇڭ پەلەي ئاپپاق قار ئۈستىگە سىيرىلىپ چۈشتى. ئۇلار
شۇ تەرىقىدە بىرھازا قارىشىپ تۇرغاندىن كېيىن قەدىردان ئې-
غىز ئاچتى:

— بۇ سەنمۇ، قەدىرىيە؟ سەن مېنىڭ سىڭلىم قەدىرىيە،
شۇنداقمۇ؟ — قەدىردان ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، — سېنى دەس-
لەپ كۆرگەندىلا يۈرىكىم تونۇغان، نېمىشقا بىزگە تونۇشلۇق
بەرمەيسەن ـ ھە؟ نېمىشقا؟

— ئاكا! — قەدىرىيە ئاكىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ
ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. قەدىردان سىڭلىسىنىڭ يۇمران، دول-

قۇنسمان چاچلىرىنى پۇرايتتى. ھەر ئىككىلىسى يىغىسىنى پەقەتلا توختىتالمايتتى.

— ئاكا، — دېدى قەدىرىيە يىغلاپ تۇرۇپ، — مەن ئانام ئىككىڭلارنىڭ ئالدىدا بەكمۇ خىجىل، مەن شۇنداق يارامسىز چوڭ بولۇپ قالدىم. مەن بۇ ئۆينىڭ پەرزەنتى بولۇشقا لايىق ئەمەس. شۇڭا، سىلەرنى تونۇپ تۇرۇپمۇ ئالدىڭلارغا كېلەلمىدىم.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، ئەخمەق سىڭلىم، — دېدى قەدىردان، — ھېلىمۇ بىزدىن ئايرىلىپ قېلىپمۇ قەيسەرلىك بىلەن ياشاپ كەپسەن، يەنە تېخى بىزنى ئىزدەپ تېپىپسەن، سېنىڭ مۇشۇنچىلىك ھالىتىڭنى كۆرگىنىمىز ئانام ئىككىمىزنىڭ بۇ دۇنيادا ئېرىشكەن ئەڭ زور خۇشاللىقىمىز. رەھمەتلىك دادام سېنى ئىزدەپ تېپىش ئۈمىدىنى ماڭا قالدۇرغان. كەچۈرگىن، مەن سېنى تاپالماي، سېنى نۇرغۇن ئازاب - كۈلپەتلەرگە دۇچار قىلدىم. مېنى كەچۈرگىن، جېنىم سىڭلىم.

ئۇلار خېلى ئۇزاققىچە يىغلاشتى، ئاندىن بەختىيارلىق بىلەن كۆلۈمسىرەشتى. قەدىردان يەرگە چۈشۈپ كەتكەن پەلەينى ئېلىپ سىغىنىش بىلەن قارىدى. ئۇ پەلەينى كۆرۈپ ھەيرانمۇ قالمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. ئۇ بۇ ئىشەنچكە يۈرىكىدىكى ئەڭ پاك، بىغۇبار تۇيغۇلار ئارقىلىق ئېرىشكەنىدى.

— يۈر، سىڭلىم، ئۆيگە قايتايلى. ئانام سېنى ئىزدەپ قالمىسۇن.

— ماقۇل، ئاكا.

ئۇلار قول تۇتۇشقىنىچە ماشىنا توختىتىلغان جايغا قاراپ مېڭىشتى.

ئاپپاق قارغا پۈركەنگەن مۇز كۆل خۇددى ئۇزاق يىللىق ھاردۇقى چىقىپ، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكەندەك سۈكۈتكە چۆمدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئازغان ئايال

گەر بولسا قەلبىڭدە پىنھان بىر ئازاب،
شۇ قەدەر ئاچچىق ھەم ئېيتقىلى بولماس.
كۆم ئۇنى سۈكۈتنىڭ چوڭقۇر تەكتىگە،
سۈكۈتلۈك سۆزلەيدۇ بىر كۈن ساڭا خاس.
— ئاسو سۇبوۋ (يۇگوسلاۋىيە)

بايراملىق دەم ئېلىش ۋاقتىم تېخى توشمىغانىدى، ياتاقتا يېتىۋەرسەم يالغۇزلۇق، ئازاب ۋە نەپرەت قايىنىمىغا غەرق بولۇپ كېتىدىغاندەك، بىچارىلىقىم، غېرىبلىقىم، دەرد ـ ھەسرەتلىرىم بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىكەنمەن. شۇڭا، ئۆزۈمنى ئۆزۈم بۇ قايىنامدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، بېشىمنىڭ ئاغرىپ تۇرۇۋاتقىنىغا قارىماستىن، ماغدۇرسىز جىسمىمنى سۆرەپ ياتاقتىن چىقىپ، پىيادىلەر يولىدا نىشانسىزلا مېڭىشقا باشلىدىم. بۈگۈن نىمىشقىكىن يولدا ئادەملەر ئۇنچە كۆپ ئەمەس ئىدى. پىيادە مېڭىۋاتقان كىشىلەردىن كۆرە ئۇياق ـ بۇياققا موكىدەك قاتناۋاتقان ماشىنىلار كۆپ ئىدى. كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى باللىرىنى يېتىلىۋالغان، بەزىلەر قولتۇقلىشىۋالغان، بەزىلەر سەيلە قىلىۋاتقاندەك ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ ئاستا ماڭغان، يەنە بەزىلەر نېمىگىدۇر ئالدىرىغاندەك تېز ـ تېز كېتىۋاتاتتى. مېنىڭ ئالدىرايدىغان ئىشىممۇ، بارىدىغان نىشانىممۇ يوق ئىدى. پەقەت مۇشۇ مېڭىشىم ماڭا كى-

چىككىنە خاتىرجەملىك ئاتا قىلسا، كاللامغا كىرىۋالغان ئازابلىق خىيال، كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ تۇرغان ئاشۇ بىر جۈپ كۆزنىڭ ھۆجۈمىدىن بىردەم بولسىمۇ خالاس قىلالىسىلا، قانچىلىك مېـ- ڭىش زۆرۈر بولسا شۇنچىلىك مېڭىشقا رازى ئىدىم. دىققىتىمنى يول بويىدىكى مەنزىرىلەرگە ئاغدۇردۇم. قايسىدۇر بىر يازغۇچىـ- نىڭ ئۇرۇمچىنى «تاش شەھەر» دەپ تەسۋىرلىگىنى يادىمغا كەلـ- دى. دەرۋەقە مەن ھازىر ئاشۇ تاش شەھەرنىڭ تاش ئۆيلىرى ئارىـ- سىدىكى تاشيوللاردا تاشتەك ئېغىرلاشقان جىسمىمنى كۆتۈرۈپ ئاستا كېتىۋاتاتتىم. نېمىشقىدۇر يەنە بىردەم ماڭسام‌لا ئۆزۈمنى خۇددى تاش ھەيكەلگە ئايلىنىپ كېتىدىغاندەك، روھىيىتىمدىن قىلچىلىك ئىزنا قالمىغان جانسىز ئاسارئەتىقىگە ئايلىنىپ قاـ- لىدىغاندەكلا ھېس قىلاتتىم. راستلا ھەيكەلگە ئايلىنىپ كېتىپ قالسام، ئۇ چاغدا كىشىلەر كېلىپ مېنى نۆۋەت بىلەن تاماشا قىـ- لىشىدۇ.

بىردىنلا ئۆزۈمنى ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالغان ھالەتتە مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلدىم:

— قارا، مۇنۇ ئايالنىڭ ھەيكىلىگە، ئۇ تاشلىۋېتىلگەن بىر بىچارە ئايال ئىكەن، — دەيدۇ بىرسى يېنىمدا تۇرغان ھەمراھىغا. ھەممىسى ماڭا قىزىقسىنىپ قارىشىدۇ.

— ھەي! خېلىلا قاملاشقان ئايال ئىكەن بولمىسا، قانداقلارچە تاشلىۋېتىلگەن بولغىيدى؟ — دەپ سورايدۇ يەنە بىرسى.

— نېمىشقا بولاتتى، — دەپ چۈشەندۇرگۇم كېلىدۇ ئۇلارغا، — بۇ ئايال پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن باشقىلارنى سۆيەتتى، ئەمما ئۆزىنى ھەر دائىم ئۇنتۇپ قالاتتى. خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەيتتى ـ يۇ، نەتىجىسى باشقىلارغا مەنسۇپ بولاتتى. ئېرىنى جان ـ جەھلى بىلەن سۆيەتتى، ئەمما ئېرى باشقىسىغا كۆڭۈل بەرگەنىدى. بالدـ- لىرى ئۇچۈن جاپالىق ئەجىر قىلاتتى، ئەمما ئۇلار تېخى ئانىـ- سىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگۈدەك ياشتا ئەمەس ئىدى. بۇ ئايالنىڭ خىزمەت نەتىجىسى، ياشلىق باھارى، قان ـ تەرى ۋە ئەجرى باشـ-

قىلارغا ئۈن ـ تىنسىز مەنسۇپ بولۇپ كەتكەنۇ، ئۆزگە پەقەت ھارغىنلىق، خاتالىق ۋە ئازابلارلا ئېشىپ قالغان. شۇنداق قى-لىپ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كەتكەن، ـــ مەن شۇنداق دېمەكچى بولاتتىم، ئەمما زوۋان سۇرەلمەيتتىم. چۈنكى، مەن ھەيكەل ئىدىم، شۇڭا يەنىلا سۈكۈت قىلغىنىم ياخ-شى ئىدى.

مەن دەردىمنى بىرەرىگە تۆكەلمەيتتىم، تۆككۈدەك ئادىمىمۇ يوق ئىدى. سۈكۈتلۈك خىياللار ئىلكىدە تەنھا كېتىۋاتاتتىم. نە-گە بارىمەن، نەدە توختايمەن، بۇلارنى بىلمەيتتىم. پەقەت مېڭىش ئارقىلىق كىشىلەردىن، ئازابتىن بىر قەدەم ـ بىر قەدەم يىراق-لىشىشنىلا ئويلايتتىم. ئىختىيارسىز يول بويىدىكى تەشۋىقات تاختىلىرىغا قاراپ ساپتىمەن، تاختىدىكى بىر رەسىمگە كۆزۈم چۈشتى. رەسىمدىكىلىرى ھوللىۋودنىڭ كىنو چولپانلىرى ئى-دى. ئۇلار رول ئالغان كىنونى كۆرگىنىم خىرە ـ شىرە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. مەن بۇ رەسىمدە ئەكس ئەتكەن يوشۇرۇن مەنىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇيالمايمەن. قىز ئاجايىپ بىر تەشنالىق بىلەن يىگىت-نى سوزغان پېتى يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرگەن، ئەمما يى-گىتنىڭ خىيالچان كۆزلىرى باشقا بىر نۇقتىغا تىكىلگەن، ئۇ كۆزلەردە تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل ھېسسىيات ئۇچقۇنلاپ تۇرى-دۇ، ئۇ ئۇچقۇنلارنىڭ ئارىسىدا باشقا بىر قىزنىڭ سىيماسى ئې-نىقلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. رەسىمدىكى قىز بۇلارنى بىلمەيدۇ. چۈن-كى، ئۇ ئۆزى سەۋدايىلارچە ئاشىق بولغان ئاشۇ تۇتۇرۇقسىز يى-گىتكە پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كەتكەن ھەم ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتىۋەت-كەن. يىگىت بولسا يېنىدىكىگە پەرۋاسىز، يىراقتىكىگە مەستانە ئىدى. مەن ئازابلانغان ھالدا كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. ئىككى تامچە ياش مەڭزىمنى بويلاپ پەسكە سىرغىدى، بارماقلىرىمنىڭ ئۇچى بىلەن يېشىمنى سۈرتۈۋېتىپ ئەتراپقا قارىدىم. خەلق مەيدانىغا كېلىپ قاپتىمەن. ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ يەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنى-دۇ، شۇڭا بۇ يەردە ئۇزاق تۇرماسلىقىم، ئادەملەر ئازراق بىر جاي-

غا كېتىشىم كېرەك. زىنھار ئادەم يوق بىر جايغا كېتەلىگەن بولسام قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟! مېنى ھېچكىم كۆرمىسە، ھېچبىر كىشى ئاۋارە قىلمىسا، ئۆز خىيالىم ۋە يالغۇزلۇقۇم بىلەنلا ياشىسام... بۇ جاھاندا ئادەملەر بەختلىك بولۇشقا ئاجايىپ تەشنا، شۇ تۇيەيلىدىن بەخت ئىزدەپ بىر ـ بىرلىرىگە يېقىنلىشىدۇ، شۇ جەرياندا ھەتتا ئارىلىقىدىن شامالمۇ يۈرۈشمەس يېقىنلارغا ئايلىنىپ كېتىشىدۇ، بۇنى ئۆزلىرى ئىزدىگەن، تەشنا بولغان بەختنىڭ دەل ئۆزى دەپ قاراپ ئىچ ـ ئىچىدىن يايرىشىدۇ. دۇنيانىڭ مەڭگۇ مۇشۇنداق گۈزەللىك، مۇھەببەت ۋە بەختكە چىلىشىپ تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. ئەمما، ئۇلار بۇ چاغدا ئۆزلىرىگە مەڭگۈلۈكتەك بىلىنگەن ئۇ نەرسىلەرنىڭ پۈتۈنلەي ساختا ئىكەنلىكىنى، خۇدانى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ بېرىلگەن دەبدەبىلىك قەسەملەرنىڭمۇ مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن بىر دۆۋە قۇرۇق گەپ دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بىر ـ بىرىدىن چەكسىز بەخت تۇيغۇسىغا ئېرىشكەن ئاشۇ كىشىلەر يەنە دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر ئازابنىمۇ بىر ـ بىرىدىن ئالىدۇ، بىر ـ بىرىگە بېرىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ دۇنيادىكى بەختنىڭمۇ، ئازابنىڭمۇ ياراتقۇچىسى، پەرۋىشلەپ يېتىلدۈرگۈچىسى يەنىلا ئاشۇ ئەقىل ـ ئىدراكلىق ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ئىدى. شادىمانلىق بەخش ئېتىشنىڭ ئورنىغا بىر ـ بىرىنى ئازاب زەنجىرلىرىدە كىشەنلەپ قىيناپ ياشاشتىن ھۇزۇر ئالىدىغىنىمۇ يەنىلا شۇ ئادەملەر ئىدى.

مەن خەلق مەيدانىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شەرقىي شىمال تەرەپتىكى يولنى بويلاپ ماڭدىم. خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن بىر ئۆتۈشمە كۆۋرۈككە دۈچ كەلدىم. ماشىنىلار كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن، پىيادىلىكلەر ئۈستىدىن ئۆتەتتى. مەن كۆۋرۈكنىڭ پەلەمپىيىگە ئەمدىلا قەدەم بېسىشىمغا، يېقىملىق بىر مۇزىكا ساداسى خۇددى مەيىن شامالدەك مەڭزىلىرىمنى سۆيۈپ ئۆدۈل قەلب تارىمغا بېرىپ ئۇرۇلدى. قەلبىمدىن ئاشۇ مۇزىكىغا تەڭكەش تولى-

www.uyghurkitap.com

مۇ ئازابلىق بىر سادا ياڭرىغاندەك بولدى. مۇزىكا چېلىنىۋاتقان جايغا قاراپ ئاستا ئىلگىرىلىدىم. كۆۋرۈكنىڭ ئايلانمىسىدا بىر ئەر ئىسكىرىپكا چېلىۋاتاتتى. مەن بۇنداق كۆرۈنۈشنى كىنولاردا ۋە ئوقۇغان كىتابلاردىلا ئۇچراتقانىدىم، رېئاللىقتىمۇ كۆرەرمەن دەپ ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. ئەر كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپ، ياننىينىڭ «قۇتقۇزۇش» دېگەن مۇزىكىسىنى چېلىۋاتاتتى. تۇرغان جايىمدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم. بۇ مۇزىكىدا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان بىر ئادەم، توغرىسىنى ئېيتقاندا بىر ئايال تەسۋىرلىنەتتى. ئايال ئۆزىنى قاتمۇقات ئورىۋالغان ئازاب ئىسكەنجىسىدىن قۇتقۇزۇشنى ئىستەيتتى. ئۇ ئاھ ئۇراتتى، تولغىناتتى، تېپىرلايتتى، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئاتاتتى، ئازاب تورى ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قىساتتى. ئۇ بىھوش بولۇپ يىقىلاتتى، ھوشىغا كەلگەن ھامان يەنە ئۆمىلەپ ئورنىدىن تۇراتتى. كىملەردىندۇر ياردەم كۈتۈپ ئەتراپقا قارايتتى، كۆزلىرىدە يېلىنىشنىڭ، ئىلاجسىزلىقنىڭ تولىمۇ سولغۇن، ئۆچۈپ قالايلا دېگەن ئاخىرقى نۇرلىرى سۇس جىمىرلايتتى. قوللىرىنى ئەتراپتىكىلەرگە ئىلتىجا بىلەن سوزاتتى. ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئەڭ جېنىغا تېگىدىغان ئىچ ئاغرىتىش نەزىرى بىلەن قارايتتى ـ يۇ، بىرەرسىمۇ ياردەم قولىنى سوزماي ئاستا كېتىشەتتى. ئۇلارنىڭ «خۇداغا شۈكۈر، ھېلىمۇ مەن بۇ ئايالدەك بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالماپتىمەن، گەرچە مەن ئۇنچە بەختلىك بولمىساممۇ، لېكىن ماۋۇ ئايالدىن كۆپ ياخشى ئىكەنمەن» دېگەندەك غالىبانە نەزەردە قاراشلىرى ئۇنىڭ ئازابىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتەتتى. ئايال بۇ ئازاب تورىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولسا ئۆزىگە، پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىگىلا تايىنىش كېرەكلىكىنى ئاخىر تونۇپ يەتكەن بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇ ئۇستىدىكى لايدۇر كىيىملەرنى سېلىپ تاشلاپ، يەڭگىل ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كۈچلۈك نەرە تارتقىنىچە ئۆزىنى تورغا ئۇراتتى. تور ئۇنى قاڭقىتىپ كەينىگە ئاتاتتى، ئايال قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ

ئۆزىنى يەنىمۇ قاتتىقراق ئۇراتتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرىگە تىكەن، مىخ، پولات سىملاردىن ياسالغان ئازاب تورى سانجىلىپ، تىتىپ قان قىلىنىۋەتتى. ئۇ ئاغرىق ئازابىنى كۈچلۈك نەرە بىلەن يەڭ-مەكچى بولغاندەك، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ئۆزىنى تورغا زەرب بىلەن شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، بەدىنىدىن سىرغىپ ئېقىۋاتقان قانلارغىمۇ پەرۋا قىلمىدى، ئاغرىقلارغا لەۋ چىشلەپ تۇرۇپ، ئۆ-زىنى يەنە ئۇردى، ئاجايىپ زور ئىچكى كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇ ئاخىر ئۆزىنى ھەپىسىدىن قۇتقۇزۇپ چىقتى، ئاندىن يورۇق دۇنيا-غا مەردانە ھالدا نەزەر سالدى... مۇزىكا ئاخىرلاشتى، ئەر لاپپىدە كۆزىنى ئاچتى. مەن ھەم ھودۇققان، ھەم خىجىل بولغان ھالدا تۇرۇپلا قالدىم. ۋۇجۇدۇمدىكى پۈتكۈل قېنىم بىراقلا يۈزۈمگە تەپكەندەك يۈز تېرىلىرىم كۆيۈشەتتى، تارتىشاتتى. ئەمدى نەزى-رىمنى ئاغدۇرۇشقىمۇ، ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيتتىم. بىر ئەرنىڭ، يەنە كېلىپ ئۆزۈم نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيدى-غان، قىلچىلىك چۈشەنمەيدىغان بىر ئەرنىڭ ئالدىدا خۇددى ئەق-لى - ھوشىدىن ئايرىلغان ئادەمدەك ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتىم. ئۇمۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. كۆز ھامان كۆز ئىدى، مەيلى ئەرنىڭ، مەيلى ئايالنىڭ كۆزى بولسۇن، ھەممىسىلا ئوخشاش كۆز ئىدى. ماڭا شۇ چاغدا بىر كۆزدە ئەكس ئەتكەن ھەرقانداق ھېسسىياتنى يەنە بىر كۆز تامامەن چۈشىنىپ كېتەلەيدىغاندەك تۇيۇلدى. كۆز — قەلبىنىڭ دېرىزىسى. ئۇ ئەر ئاشۇ دېرىزىدىن مېنىڭ قەلب ھۇجرامغا ئىنچىكە نەزەر سېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. مەن بىردىنلا توك سوققان ئادەمدەك ئەندىكىپ ھەم تىترەپ كۆۋ-رۈك ۋادىكىگە يۆلىنىۋالدىم. ۋادەك بولمىغىنىدا ئىدى، ئېھتىمال تەڭپۇڭلۇقۇمنى يوقىتىپ، سەنتۇرۇلگەن پېتى ئۇدۇل تۆۋەنگە يىقىلىپ چۈشەر بولغىيدىم. ئۇنىڭ كۆز نۇرلىرى خۇددى كۈچ-لۈك بوراندەك كۆكسۈمگە ئۇرۇلۇپ، مېنى كەينىمگە كۈچەپ ئىتتىرەتتى. مەن گويا كۆۋرۈكتىن ئاجراپ كەتكەندەك، مۇئەل-لەقتە بىمالال لەيلەپ يۈرگەندەك تۇيغۇدا ئىدىم، نېمىدۇر بىرنەر-

سىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن قوللىرىمنى ئىككى تەرەپكە سوزۇپ پۇلاڭلىتاتتىم. تۇيۇقسىز بوران توختىدى. ھېلىقى كۆزنەك نەزىرى مەندىن يۆتكەلدى. ئۆزۈمنى ۋادەككە چىڭ يۆلىنىپ تۇرغان ھالەتتە كۆردۈم. ئەر يەنە كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ باشقا بىر مۇزىكىغا چېلىشنى باشلىغانىدى. يەنە تۇرۇۋېرىش بىئەپ ئىدى، مەن پورتمانىمدىن يۈز يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئەرنىڭ ئالدىدىكى ئازراق پارچە پۇل سېلىنغان شىلەپىگە سېلىپ قويدۇم. ئەر كۆزىنى ئاچمىدى، ئەمما ماڭا ئۇنىڭ يۈرىكى قاراپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇ يەردىن ئايرىلدىم. مۇزىكا بىلەن ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەن روھىم ۋۇجۇدۇمدىن چەك ـ چېگرا ئايرىماقچى بولغاندەك ھە دەپ يۇلقۇناتتى، ۋۇجۇدۇم ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسىلا ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىنى بىلگەندەك، ئۇنىڭغا جان ـ جەھلى بىلەن يېپىشاتتى. ياتىقىمغا قايتىپ كەلگەندە مېنى بۇ يەرگە مەۋجۇتلۇقۇم باشلاپ كەلدىمۇ، خىياللار شامىلى ئۇچۇرۇپ كەلدىمۇ ياكى مۇزىكا ئاۋازى يېتىلەپ كەلدىمۇ، بۇلارنى بىلگۈدەك ھەپىسلەم يوق ئىدى. يەتتىنچى قەۋەتتىكى غېرىبانە كۆلبەمدە مەن ھامان يالغۇز ئىدىم. ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم، كارىۋاتنىڭ غىچىرلىشى ماڭا يېقىمسىز ئىڭراشتەك بىلىنىپ كەتتى. دېمەك، ھەممە نەرسىنىڭ جېنى بار ئىدى، يەر، تام، كارىۋات... ھېچبىرى ئارتۇقچە يۈكنى كۆتۈرۈشنى خالىمايتتى. ئادەم، پەقەت ئادەملەرلا شۇنچىلىك كۆتۈرۈشلۈك ئىدى.

* * *

مەن بۇ بىر يۈرۈش ئۆينى ساھىبجامال ئىسىملىك بىر ئايال بىلەن بىللە ئىجارىگە ئالغان، ئىككىلىمىز جەنۇبلۇق بولۇپ، بۇ شەھەرگە بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىدۇق. ئورتاق غايە، ئورتاق نىشان بىزنى ئەڭ يېقىن دوستلارغا ئايلاندۇرغانىدى. ئۇنىڭ

ئەگرى ـ توقاي ھايات سەرگۈزەشتىسى مېنىڭ چوڭقۇر ھېسداش ـ
لىقىمنى قوزغايتتى. مەن ئۇنىڭ شۇ قەدەر ئېغىر ئازابلارنى يې ـ
گىپ، يەنە دادىللىق بىلەن ياشاۋاتقىنىغا ھەيران ھەم قايىل بول ـ
سام، ئۇ مېنىڭ مەن «مۇھەببەتنىڭ ئۇۋىسى» دەپ ئاتايدىغان
بەختىيار ئائىلەمدىن چەكسىز زوقلىناتتى. ئۇنىڭدەك كۆلپەت
تارتقان ئاياللار بىر بولسا چۈشكۈنلىشىپ ئۆزىنى پۈتۈنلەي تاش ـ
لىۋېتەتتى، بىر بولسا ئۆزىنى خار قىلغان ئاشۇ كىشىلەردىن
ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدىغان بىر قورقۇنچلۇق
ئايالغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما ئۇ ھەممىنى يې ـ
گىپ ئۆز خاتالىقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، توغرا بولغان
كىشىلىك ھايات يولىنى تېپىۋالغانىدى. مەن ئىچ مىجەز ئىدىم،
ئىچىمدە كۆپ ئويلايتتىم ـ يۇ، تېشىمغا كەمدىن ـ كەم چىق ـ
قىراتتىم. بىرەر نەرسىدىن، بىرەر ئادەمدىن ئاسان رەنجىمەيت ـ
تىم، رەنجىگەن چېغىمدا ئاسانلىقچە كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋېتەل ـ
مەيتتىم. ئۇ مېنىڭ ئەكسىمچە بولۇپ، نېمىنى ئويلىسا شۇنى
دەرھال تۆكۈپ تاشلايتتى، شارائىتتىن، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭدىن قاق ـ
شاپ قوياتتى ـ يۇ، يەنە «ھەي، بوپتۇلا!» دەپ ھېچ ئىش بولمى ـ
غاندەك يۈرىۋېرەتتى، ھېچ كىشىگە ئاداۋەت ساقلىمايتتى. ئۇنىڭ
گەپلىرى ناھايىتى يېقىشلىق بولۇپ، ئۇن ئادەم بىلەن بىر كۈن
پاراڭلىشىپ ئولتۇرسىمۇ، ئۇن خىل پاراڭ بىلەن ھېچقايسىسىنى
زېرىكتۈرۈپ قويمايتتى.

— ساھىبجامال، سىز بۇنچە گەپلەرنى نەدىنمۇ تېپىپ بولى ـ
دىغانسىز؟ ئەمدى دېگۈدەك گېپى قالمىدىمىكىن دېسەم، ئىچى ـ
ڭىزدە پېچىتى بۇزۇلمىغان گەپ خالتىلىرى بار ئىكەن ئەمەسمۇ، —
دەيتتىم ئۇنىڭغا.

— سىز سۆزلىمىگەچكىلا ئىچىمدە دېگۈدەك گېپىم يوق دەپ
ئويلامسىز؟ نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن؟ سىزچۇ قاراڭ، تېشى قات ـ
تىق، ئىچى تاتلىق ياڭاققىلا ئوخشايسىز. سىزنىڭ پوستىڭىزنى
قانداق يېرىپ، مېغىزىڭىزنى قانداق ئېلىشنى مەنلا ئوبدان بىلى ـ

www.uyghurkitap.com

مەن. بىلىپ تۇرۇپ، سىزگە يەنە ئازراق ھەسەت قىلىمەن، —
دەيتتى ئۇ.

— چىراي دېسە مەندىن گۈزەل سىز، بىلىم دېسە ماڭا ئۇس-
تاز بولالايسىز. ماڭا قارىغاندا ھازىر جاۋاب، ناتىق سىز. شۇنداق
تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ماڭا ھەسەت قىلىسىز؟ — دېسەم، ئۇ كۈلۈپ
تۇرۇپ:

— سىزنىڭ كەم سۆزلۈكىڭىز، ئېغىر مىجەزىڭىز سىزگە
ئۆزگىچە سېھرىي كۈچ بەخش ئەتكەن، شۇڭىمۇ سىز ماڭا قارى-
غاندا ئېسىل ھەم لاتاپەتلىك كۆرۈنىسىز. ئىچىڭىز سىر ـ ھېك-
مەتلەر دۇنياسىغا تولۇپ كەتكەن. مەنمۇ بەزىدە سىزدەك كەم
سۆز بولاي دەيمەن، ئەمما دېيىشكە تېگىشلىك گەپنى دەرھال دە-
ۋەتمىسەم ئىچىم مىژىلداپ ئاغرىپ قالىمەن. قانداق قىلاي،
سىزدەك بولالمايدىكەنمەن، — دەيتتى. ئىككىمىز بىللە بولساقلا
گەپ ـ سۆزىمىز ھەرگىز تۈگىمەيتتى.

ماي بايرىمىدا بىزنى بىر ھەپتىلىك دەم ئېلىشقا قويۇپ بې-
رەتتى. بۇ يىل ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان بولغاچقا، ئەسلىدىكى پىلا-
نىمىز بويىچە مەن يۇرتقا قايتماي، سۇلتان بالىلارنى ئېلىپ ئۇ-
رۇمچىگە كەلمەكچى بولغان. ئەمما، بايرامغا قويۇۋېتىشتىن تۆت
كۈن ئىلگىرى سىڭلىمنىڭ ئېغىر بىتاپ بولۇپ قالغانلىق خەۋى-
رى يېتىپ كەلگەچكە، مەن رۇخسەت سوراپ يۇرتقا قايتتىم. قاي-
تىش مەن ئۈچۈن خۇشاللىق ئىش ئىدى. چۈنكى، مەن ئاتا ـ ئا-
نامنى، ئېرىمنى، بالىلىرىمنى، قېرىنداشلىرىمنى، يۇرتۇمدىكى
ھەممىلا كىشىنى، ھەممىلا نەرسىنى شۇنچىلىك سېغىنغانىدىم.
ئەمما، بېرىپ سىڭلىمنىڭ ئەھۋالى بىرئاز تۇراقلاشقانلىقىنى،
خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنلا
ئېرىمگە، بالىلىرىمغا، يۇرتۇمغا قاراپمۇ قويماي ئۈرۈمچىگە قاي-
تىپ كەلدىم. مەن بۇ يەرگە دەسلەپ كەلگەن ۋاقتىمدىلا ئۈرۈم-
چىلىك بولۇشنىڭ ھەقىقەتەن بىر ئامەت ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلغانىدىم. ئەمما، بۇ يەرگە مۇساپىر بولۇپ ياشاش ئۈچۈن نۇر-

غۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە، نۇرغۇن نەرسىلەردىن كېچىشكە، نۇرغۇن نەرسىلەرنى قۇربان قىلىشقا، نۇرغۇن ئىشلارغا چىداشقا توغرا كېلەتتى. مانا، ياتىقىمغا قايتىپ كەلگىنىمگە ئۈچ كۈن بولدى. قارىغاندا، مەن دۇنيا تەرىپىدىن راستلا تاشلىۋېتىلگەندەك قىلاتتىم. بىرەر ئىنسانمۇ تېلېفون قىلىپ، ئۈچۈر يوللاپ ياكى ئىشىك چېكىپ ھالىڭ نېچۈك دەپ سوراپ باقمىدى. قارىغاندا، كۆڭلۈم ياخشى بولغان بىلەن مىجەزىم ئەسكى بولسا كېرەك، تونۇشىدىغان ئادەملىرىمنىڭ شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، بىرەر سىرداشىمنىڭ يوقلۇقى مەن ئۈچۈن شۇ تاپتا يەنە بىر پاجىئە بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى، جىمىمدە ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئىچ ئاغرىتىدىغان، مەن ئۈچۈن گۈگۈملاردا ئۈنسىز ياش تۆكىدىغان بىرەر ئىنسان چىقمايدىغاندەك قىلاتتى. بۇنداق دېسەم تۇزكورلۇق بولۇشى مۇمكىن . ئاتا ـ ئانام، پەرزەنتلىرىم مېنى ياخشى كۆرەتتى، ئۆلۈپ كەتسەم ئۇلارنىڭ ئازابلىنىشى تۇرغانلا گەپ، ئەمما ئۇلار بۇ ئازابقا بەربىر كۆنۈپ قالاتتى، كۆنمەيمۇ ئامالى يوق ئىدى، ئۆلۈكنىڭ مېھرى سوغۇق بولىدۇ ئەمەسمۇ. ئۇلار تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ھاياتىنى ياشىمىسا بولمايتتى. لېكىن، نېمىشقىدۇر بۇنىڭغا قانائەت قىلغۇم كەلمەيتتى. كىمدۇر بىرسى ئۆلۈكنىڭ شۇ سوغۇقلۇقىنى يېڭىپ مېنى قەلبىدە ياد ئېتىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ھاياتىمدا بۇنداق بىرەرىنىڭ يوقلۇقى دىلىمنى ئۆرتەيتتى. سۇلتانچۇ؟ نېرى تۇر، نېرى تۇر! سەن توغرىسىدا ھېچنېمىنى ئويلىغۇم يوق. مۇمكىن بولسا سېنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭنى زادىلا ھېس قىلالمايدىغان بىر يەرگە كەتسەم، ئاندىن قەلبىم بىرئاز تەسكىن تاپارمىدىكىن. ئاڭلاپ تۇر، سۇلتان، گەرچە سەن ۋاپاسىزلىقىڭ ئارقىلىق مېنىڭ بارلىق خۇشاللىقىمنى يوققا چىقىرىپ، مېنى ئازاب زىندانىغا مەڭگۈلۈك بەند ئەيلىگەن بولساڭمۇ، لېكىن مەن سەن ئۈچۈن ئۆلۈپ بەرمەيمەن. نېمىدېگەن قەدىرسىز ئۆلۈش ئۇ؟ مەن ياشايمەن، قانچىلىك ياشىيالىسام يەنە شۇنچىلىك ياشايمەن...

www.uyghurkitap.com

توساتتىن يەنە مۇزىكا ئاۋازى ياڭرىغاندەك بولدى. كارىۋى-تىمدا خاموش هالدا ياتاتتىم، يېنىمدا مۇزىكا چالغۇدەك بىرەرنىمۇ يوق ئىدى، ئەمىسە نەدىن كەلگەن ئاۋازكىنە بۇ؟ مۇزىكا ئاۋازى بىر قېتىم ئۆچۈپ قايتىدىن ياڭرىغاندىلا ئۇنىڭ يانفونۇمدىن چى-قىۋاتقان ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەيلى سەپەر جەريانىدا بول-سۇن ياكى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن مابەينىدە بولسۇن، يانفونۇم گويا نومۇرى ھەممە ئادەم تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك بىرەر قېتىممۇ سايراپ باقمىغانىدى، تېلېفون بەرگەن كىمدۇ؟ سۇلتانمىدۇ؟ ئالماي دەيتتىم ـ يۇ، يەنە قانداقتۇر بىر نەرسە مېنى ئېلىشقا، سۇلتاننىڭ نىمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى، قانداق چۈشەنچىلەرنى بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بېقىشقا ئۈندەيت-تى. نېمىلا بولمىسۇن ئۇ مەن سۆيگەن، بارلىقىمنى بېغىشلىغان، ئون ئۈچ يىللىق ھاياتىمنى بىللە ئۆتكۈزگەن ئەر ئىدى. تېلې-فوننى ئالدىم ـ دە، تىترەپ تۇرۇپ:

— ۋەي! — دېدىم. مۇشۇ بىر ئېغىز گەپنى قىلىشقىمۇ ئا-لەمچە كۈچ كېتىدىغاندەك چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەت-تىم.

— ئاپا، مەن نازىلە. ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز؟

ئۇھ! قىزىم ئىكەن، مەن دۇنيا تەرىپىدىن ئۇنتۇلساممۇ قىزىم تەرىپىدىن ئۇنتۇلماپتىمەن. ئاھ، ئاسىي يۈرىكىم! سۇلتاننى ئوي-لىماسلىقتا ئەھدە قىلغان تۇرۇقلۇق يەنە ئۇنىڭدىن تېلېفون كې-لىشىنى كۈتكىنىڭ نېمىسى؟ سەن ماڭا شۇنداق قىلىۋاتقان يەردە باشقىلاردىن ئاغرىنىشىم ئارتۇقچە بىر ئىشمۇ نېمە؟ قىزىمنىڭ كۆمۈش قوڭغۇراقتەك سۈزۈك، جاراڭلىق ئاۋازى مېنى رېئاللىق قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى.

— ئاپا، گەپ قىلىڭە! ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟

— ئەھۋالىم ياخشى، ئوماق قىزىم، مېنى ئاپا دېمەي، ئانا دەڭ، بولامدۇ قوزام؟ دەپ بېقىڭە قېنى، ھە، ئەمدى بولدى. ئۆزد-ڭىزنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ، جېنىم بالام، ئۇكىڭىز ئىمران ئوبدان

تۇرۇۋاتامدۇ؟

بىزنىڭ يۇرتتا ئەزەلدىن ئانىمىزنى «ئانا» دەيتتۇق. كېيىن كۆپىنچە بالىلار ئانىسىنى ئاپا دەيدىغان بولۇپ كەتتى. مېنىڭ قىزىممۇ شۇلاردەك «ئاپا» دەپ چوڭ بولدى. ئوغلۇمنىڭمۇ ئاچىسىنى دوراپ «ئاپا» دەپ تىلى چىقتى. ئۇ چاغدا بالامنىڭ تىلى چىققىنىغا خۇش بولۇپ «ئانا» دېسىمۇ، «ئاپا» دېسىمۇ ئوخشاشقۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، هازىر بالىلىرىم بىلەن ئوتتۇرىمىزدا شۇنچىۋالا كۆپ هەم قورقۇنچلۇق ئىشلار يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار مېنى يەنە «ئاپا» دەپ چاقىرسا ئوتتۇرىمىزدا خېلىلا كەڭ بىر ئارىلىق باردەك، ئۇلار مېنى «ئانا» دېسىلا ئاندىن بۇ ئارىلىق قىسقىرايدىغاندەك، هەتتا پۈتۈنلەي يوقاپ، ئۇلار بىلەن بىر جان، بىر تەن بولالايدىغاندەك هېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدىم.

— بىزدىن ئەنسىرىمەڭ، ئانا، هەممىمىز ناهايىتى ياخشى تۇردۇق. دادام بىزگە بەك ئوبدان قاراۋاتىدۇ. ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، جېنىم ئانا.

قىزىمنىڭ «ئانا» دېيىشلىرىدىن قەلبىم سۆيۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئەمما قانداقتۇر بىرنەرسە بوغۇزۇمغا قاپسىلىپ سۆزلىيەلمەيلا قالدىم. ئۇنىڭغىچە ئوغلۇمنىڭ تېلېفوننى تالاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاپا، سىزنى بەك كۆرگۈم كەلدى، قاچان كېلىسىز؟

كۆز ياشلىرىمنى توختىتالمايلا قالدىم.

— مەنمۇ سىزنى بەك سېغىندىم، قوزام، ئۇزاققا قالمايلا بارىمەن.

— ئاپا، دادام مېنى بالىلار باغچىسىغا ئاپىرىپ بەردى. جىق ئاداشلىرىم بار بولدى، مەن كۈندە شۇلار بىلەن بىللە ئوينايمەن. خانىم بىزگە ناخشا ئۆگىتىپ قويىدى، ئوقۇپ بېرەيمۇ؟

— ئوقۇپ بېرىڭ، قوزام!

ئوغلۇم چۈچۈك تىللىرى بىلەن ناخشىسىنى باشلىدى:

ئاپام مېنى ئاي دەيدۇ، ئاي ئاسماندا تۇرامدۇ؟
مەن ئاسماندا ئاي بولسام، ئاپام يىغلاپ قالامدۇ؟

كۆز ياشلىرىم كۆز يامغۇرىدەك قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئوغلۇم ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ يىغامنى ئىچىمگە يۇتتۇم. بۇ جاھاندا ئادەم ئامالسىزلىقتىن ئىچىگە يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولىدىغان ئىشلار نېمىدېگەن كۆپ ــ ھە؟

— جېنىم بالام، جانجىگىرىم، تىرىشىپ ئۆگىنىڭ. مەن سىزگە جىق كىتابلارنى ئالغاچ بارىمەن.

— ماقۇل، ئاپا، ئاچام گېپىم بار دەيدۇ.

قىزىم تېلېفوننى ئېلىپ پەس ئاۋازدا:

— ئانا، سىز كەتكەن كۈنى دادامنىڭ گۆھەر ئاچامغا «بۇنىڭ-دىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيگە كەلمەڭ. ئەڭ ياخشىسى بىز ئەمدى كۆرۈشمەيلى» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كەلمىدى، ئۆتكەن ئىشلارنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، بولامدۇ، ئانا؟ ھەممە ئىش ئاستا ــ ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى.

— ماقۇل، قىزىم، خوش، ئامان بولۇڭلار! — دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتىم. بىچارە قىزىم، بۇلار سەن دەيدىغان گەپلەرمىدى، جېنىم؟ سەن ئەمدىلا ئون بىر ياشقا كىرگەن تۇرۇۋقلۇق يېشىڭغا زادىلا ماس كەلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىپ كەتتىڭ ــ ھە؟! باللىق قەلبىڭ، ساپ تۇيغۇلىرىڭ بىلەن باللارغا خاس ئىشلار-نى ئويلىساڭ، باللىقىڭغا تويۇنۇپ چوڭ بولساڭ ياخشى بولاتتى. ئەمما، بىز سېنىڭ پاك تۇيغۇلىرىڭنى بۇلغىۋەتتۇق. سەبىي دى-لىڭغا ئازار بەردۇق. بىز ئاچا ــ ئىنى ئىككىڭلارغا مۇستەھكەم ئەخلاق قورغىنى ياساپ بەرمەكتە يوق، مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ھەممىنى كۇكۇم ــ تالقان قىلىۋەتتۇق. ئەمدى مەن ساڭا «ئائىلە مۇقەددەس، ئەخلاق ــ پەزىلەت زور بايلىق، ئىللىق ئائىلە بىر جەننەت» دېگەندەك گەپلەرنى قانداقمۇ قىلالارمەن؟ قىلساممۇ ئىشىنەرسەنمۇ؟ بۇ ئىش سېنىڭ كېيىنكى ھاياتىڭغا، ئۆسۈپ يې-

تىلىشىڭگە، روھىي دۇنيايىڭغا قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتەر-
كىن؟ مەن مۇشۇ چاغقىچە داداڭلارنىڭ سىلەرگە «گۆھەر» ئىد-
سىملىك بىر ئاچا تېپىپ بەرگىنىدىن بىخەۋەر يۈرۈپتىمەن. ئۇ-
كاڭ دېمىسە بەلكىم مەن مەڭگۈ بىلمەي قېلىشىم مۇمكىن ئىدى.
بۇ قېتىم يۇرتقا نېمىشقا بارغاندىمەن؟ سىڭلىم نېمىشقا ئاغرىپ
قالغان بولغىيدى؟ يا بۇ تەڭرىنىڭ ئەتەي ئورۇنلاشتۇرۇشىمى-
كىن. ئاشۇ كۆزلەر... مەن ئىلگىرى بۇ كۆزلەرنىڭ ئىگىسىنى
تونۇمايتتىم، ھازىر شۇنچىلىك تونۇپ كەتتىمكى، ئۇنى بەك تو-
نۇغىنىمدىن، ھەتتا ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ قالايلا دېدىم. نەگىلا قارى-
سام ئاشۇ بىر جۈپ كۆزنىلا كۆرىمەن، ئەينەككە قارىساممۇ ئەي-
نەكتە ئەكس ئەتكىنى مېنىڭ چىرايىم ئەمەس، بەلكى ئاشۇ بىر
جۈپ كۆز. شۇ تاپتا ياتىقىمنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇق، تاملار،
ھەربىر بۇلۇڭ ــ پۇچقاقلاردا يەنىلا ئاشۇ بىرجۈپ كۆز ماڭا مەن-
سىتمەسلىك بىلەن قاراپ تۇرىدۇ. ئۇ كۆزلەردىن «سۇلتان ماڭا
تەئەللۇق» دېگەندەك بىر خىل مەنمەنلىك تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.
كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. ئۇ كۆزلەر مېڭەمگە كىرىۋالدى. ئاخىر
ئۆزۈمنى ئۇيقۇغا زورلاش ئارقىلىق بۇ كۆزلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن
قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئادىتىم بويىچە ئۇيقۇ دورىسىغا قولۇمنى
ئۇزارتتىم...

ئەتىسى ئويغانغاندا چۈش بولاي دەپ قالغانىدى. بەدىنىم ماغ-
دۇرسىز، بېشىم ئېسىلىپ، كۆڭلۈم ئاينىپ تۇراتتى. ئەينەككە
قارىسام قاپاقلىرىم ئىششىپ، كۆز ئەتراپىم قارىداپ، چىرايىم
تاتىرىپ، خۇنۇكلىشىپ كېتىپتىمەن. زورۇقۇپ ئورنۇمدىن تۇ-
رۇپ يۇيۇندۇم، كېيىنىپ ئۆزۈمنى مۇنداقلا بىر قۇر تۈزەشتۈر-
گەندىن كېيىن سىرتقا چىقتىم، قورسىقىم زادىلا ئاچمىغانىدى.
شۇنداقتىمۇ، تاماق يېمىسەم بولمايتتى. نېمە ئۈچۈن يەنە تاماق
يەيدىغاندىمەن؟ بەلكىم ئاشۇ ئازابلارنى يەڭگۈدەك قۇۋۋەتنى تاماق-
تىن تاپماقچى بولغاندىمەن. قورساقنىڭ ئاچلىقى كېزى كەلگەندە
يېرىم زاغرا بىلەنلا تويسىمۇ، ئەمما قەلبنىڭ ئاچلىقى ئۇنداق

ئەمەس، بەزىدە ئۇنىڭغا بىر دۇنيا سۆيگۈنى بەرسەڭمۇ يەنىلا قانا-
ئەت قىلماسلىقى مۇمكىن. بىراق، مەن ئۇنچىۋالا چوڭ نەرسىگە
موھتاج ئەمەس ئىدىم. پەقەت بىر قەلبنىڭ كىچىككىنە سۆيگۈ-
سى، كۆيۈنۈشى ۋە ئىشەنچىگە ئېرىشسەملا ئۆزۈمنى جاھاندىكى
ئەڭ بەختلىك ئايال ھېسابلىغان بولاتتىم. ئەپسۇس، شەرتنىڭ
تۆۋەنلىكىمۇ بەزىدە ئادەمنى مۇشۇنداق بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ
قويسا كېرەك. بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ بىر قاچا ئۈگرە بىلەن
قورسىقىمنى گوللىدىم. بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ يەنە تونۇ-
گۈنكى كۆۋرۈككە قاراپ ماڭدىم. ئۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن بارىدىغاد-
لىقىمنى ئويلىغۇدەك ھەپسىلەم يوق ئىدى. ئەنە، يارقىن مۇزىكا
ئاۋازى! ئەمدى بىلدىم، مەن بۇ يەرگە دەل ئاشۇ مۇزىكىنى دەپ
كەپتىمەن. تۇنۇگۈن تۇرغان جايىمغا كېلىپ، ھېلىقى ئەرگە يې-
قىنلا يەردە تۇرۇپ مۇزىكىغا قۇلاق سالدىم. ئۇ ئەر يەنە كۆزلىرد-
نى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپ ئىسكىرىپكا چېلىۋاتاتتى. ئۇ ئېھتىمال
مېنىڭ كەلگەنلىكىمنىمۇ سەزمىدى، سەزسىمۇ بەربىر مېنى تو-
نۇمايتتى. ئۇنىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلايدىغانلار يالغۇز مەنلا بولمى-
سام كېرەك. مۇزىكىغا قۇلاق سالغاچ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، ئۇنىڭ
ئالدىدىكى شلەپىگە ئانچە - مۇنچە پۇل تاشلاپ قويۇۋاتقانلار بار
ئىدى، ئەمما ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىپ مۇزىكا تىڭشاۋات-
قىنى بۈگۈن پەقەت مەنلا ئىدىم. ئۇ بۈگۈن مەشھۇر «ھاياتلىق
سىمفونىيەسى»نى چېلىۋاتاتتى. مەن ئىختىيارسىز مۇزىكا قويد-
نىغا سىڭىپ كەتتىم...

قىزىلگۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلغان باھار پەسلىدە، ئىككى ئو-
غۇلدىن كېيىن قىز بالىغا ئوتتەك تەشنا بولغان بۇ ئائىلىدە ئار-
زۇلارنى چېچەك ئاچۇرۇپ، بىر قىز بوۋاق تۇغۇلدى. ئۇلار بۇ
قىزغا «زۇبەيدە» دەپ ئىسىم قويدى. ئۇ چوڭ بولۇپ مەكتەپكە
كىردى. ئۇ تولىمۇ ئەقىللىك ھەم زېرەك ئىدى. دەرستە ھەممە-
نىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. سەبىي قەلبىدە ئۆزىگە خاس گۈزەل ئارزۇ -
ئارمانلىرى بار ئىدى. دەرسلەرنىڭ ئىچىدە ئەدەبىيات دەرسىنى

ئەڭ ياخشى كۆرەتتى. شېئىر، تەرمىلەر بىلەن خاتىرىسىنى توشـ-
قۇزۇۋېتەتتى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈش هارپىد-
ىسىدا پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت پونكىتلىرىغا زور تۈركۈمدە
خادىم قوبۇل قىلىنىدى. شۇ قاتاردا ئۇن ئالتە يېشىدىلا بالا كادىر
بولۇپ ئىشقا چۈشتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا
بېرىپ ئىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرغۇسى بار ئىدى، ئەمـ-
ما ئىزچىل دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئاتا-
ئانىسى ئۇنىڭ كادىرلىققا تاللانغانلىقىدىن چەكسىز خۇشال بو-
لۇشتى، ئوقۇتقۇچىلىرى، ساۋاقداشلىرى هەممىسى ئۇنى قىزغىن
تەبرىكلەشتى. شۇنچىۋالا قىزغىن تەبرىك ـ ئۈمىدلەر ئىچىدە ئۇ-
نىڭ ئارتۇقچە بىر نەرسىلەرنى ئويلاشقا رەۋىتى بارمىدى ۋە باش-
قىلاردەك بۇنى ئۆزى ئۈچۈن بىر ئامەت هېسابلىدى. زۇبەيدە بەك
بالدۇر توي قىلدى، ئۇ ئاران ئون يەتتە ياشتا، سۇلتان ئون توق-
قۇز ياشتا ئىدى. زۇبەيدە تۇرمۇشنى ئوقۇغان كىتابلىرى بويىد-
چىلا چۈشىنەتتى، رېئاللىقتىن تولىمۇ يىراق بولغان گۈزەل خى-
يالىي دۇنيا ئىچىدە ياشايتتى. ئۇ هەر ۋاقىت هەممە ئىشتا ئائىـ-
لىنى بىرىنچى ئورۇنغا قوياتتى. ئېرىنى هەر جەهەتتىن خۇشال
قىلىشنى ئويلايتتى، ئېرىنىڭ خۇشاللىقى، ئائىلىسىنىڭ خا-
تىرجەملىكى، بالىلىرىنىڭ ساغلاملىقى قاتارلىقلارنىلا ئۆزىنىڭ
بىردىنبىر مۇۋەپپەقىيىتى دەپ قارايتتى. ئەمما، مەلۇم ۋاقىتقا
كەلگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ هەر جەهەتتە ئېرىدىن زور دەرىجىدە پەرق-
لىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، هەتتا بالىلىرىنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىد-
شىگىمۇ يېتەكچىلىك قىلالمايدىغان هالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى
سەزگەن ۋاقىتتا غەپلەت ئۇيقۇسىدىن بىراقلا چۆچۈپ ئويغاندى.

— ئاپا، سىز مۇشۇنىمۇ بىلمەي تۇرۇپ قانداق كادىر بولغان؟
— ئاپا، دادام بىلگەننى سىز بىلمەمسىز؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن زۇبەيدە قىزىغا «بىلمەيدى-
كەنمەن، دادىڭىزدىن سوراڭ» دېيىشتىن خىجىللىق هېس قىلد-
ىدىغان، ۋاقىت تاپسىلا بالىلىرىنى يېتەكلەشكە ئەسقاتقۇدەك نەر-

سىلەرنى ئۆگىنىدىغان بولدى. بۇ ئۆگىنىشلەر ئۇنىڭ ئۇسسۇز-
لۇقىنى قاندۇرالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىر ئېرىنىڭ قوللى-
شى، ئىدارىسىنىڭ ياردىمى بىلەن بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە
ئېرىشىپ، بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى.

— بىز توي قىلغاندىن بۇيان مەنمۇ ئۇدا ئىككى قارار ئوقۇ-
دۇم. سەن ئائىلىمىزنى خاتىرجەم قىلىپ شۇ شارائىتلارنى يارد-
تىپ بەرمىسەڭ ماڭا بۇنداق ئامەتلەر نەدە تۇرۇپتۇ دەيسەن؟ ئو-
قۇش ھەقىقەتەن ياخشى ئىش، خوتۇن. ئوقۇغىن، باللاردىن ئەن-
سىرىمە، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن.

ئېرىنىڭ سۆيۈش، مەسئۇلىيەت ۋە كۆيۈنۈش بىلەن تولغان بۇ
مۇھەببەتلىك سۆزلىرى ئۇنىڭغا چەكسىز بەخت، خاتىرجەملىك
تۇيغۇسى بەخش ئەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۇلۇغ غايىلەرنى يۇ-
دۇپ ئۆيىدىن ئايرىلدى. ئۇرۇمچىدىكى ئوقۇش ھاياتى ئۇنىڭغا
چەكسىز پۇرسەتلەرنى ئاتا قىلدى. ئۇ ھەربىر پۇرسەتنى چىڭ تۇ-
تۇپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل غايىسىنى، پاك ئەقىدىسىنى، ئاياللىق
ساداقەت، ئائىلىق مەسئۇلىيىتىنى بىر دەقىقىمۇ ئېسىدىن چىق-
قىرىپ قويمىدى، قەلبى سېغىنىش ئوتلىرىدا كۆيۈۋاتقاندىمۇ
ئۆگەندى، ئۆزگە يۇرتقا كۆنەلمەسلىك ئېغىر كەلگەندىمۇ ئۆگەن-
دى، زېرىكىسىمۇ ئۆگەندى، چارچىسىمۇ ئۆگەندى. ئۆگىنىشنى
زادىلا بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. بىلگەنلىرى كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭ
ئۆزىنى تونۇشى، ئۆز قىممىتىنى چۈشىنىشى، ئۆزىگە بولغان
ئىشەنچى ئېشىپ، قەلب ئاسمىنى سۈزۈلۈپ باراتتى. ئۇ زۆرۈر
دەرسلەرنى ئۆگەنگەندىن سىرت، يەنە ئىنگلىز تىلىنىمۇ ئۆگەن-
نىشكە كىرىشتى. باللىرىنىڭ ئالدىدا خۇنۇكلەشكەن ئوبرازىنى
ئۆز بىلىمى ئارقىلىق قايتىدىن تىكلىمەكچىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن
ئۆگىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئويلىغانلىرىنى، ھېس قىلغانلىرى-
نى، چۈشەنگەنلىرىنى بۇرۇن خىزمەت ۋە تۇرمۇش داۋامىدا توپ-
لىغان تەجرىبىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، خاتىرىسىگە پۈتۈپ
ماڭدى. تېخىمۇ تىرىشىپ، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتىپ،

ھەقىقىي بىر ئادەمدەك ياشاشنى ئۈمۈرلۈك ئارمان سۈپىتىدە قەلبىگە پۈكتى. ئۇ ئاخىر ئۆز يولىنى تاپقاندى. ھەممىدە ئائىلىنى مەركەز قىلىش ئىدىيەسىدىن قىلچە ئازغاشماي، ئۆزى تاللىغان يولدا ئاخىرقى مەنزىلگە قاراپ دادىل قەدەم تاشلىدى، ئەمما بۇ يىلقى ماي بايرىمى ھارپىسىدا سىڭلىسىنىڭ بىتاپ بولۇپ قېلىشى بىلەن يۇرتىغا قىلغان بۇ سەپىرى ئۇنى قارا بوراندا ئۇچۇرۇپ، كۆز يەتمەس چۆل ـ جەزىرىگە ئەكېلىپ تاشلىدى. ئۇ كۈنى زۇبەيدە ئاپتوبۇس بىلەن يۇرتىغا كەلگەندە، ئېرى ئىككى بالىسى بىلەن ئۇنى بېكەتتە ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ سېغىنىش ئوتى ئۆرتەۋاتقان قەلبىنى سەگىتىش ئۈچۈن ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆيىگە كەتسە بولاتتى، ئەمما ھاياتى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا تۇرۇۋاتقان سىڭلىسى دوختۇرخانىغا يۆتكەپ كېتىلگەن بولغاچقا، ئۇ باشقىنى قويۇپ ئۇدۇل دوختۇرخانىغا بېرىشى كېرەك ئىدى، ئانا ـ بالا كۆرۈشمەستە چىدىغان بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئايرىلىشقا ھېچقايسىسىنىڭ كۆزى قىيمىدى. ئوغلى ئۇنىڭ بويىنىنى قۇچاقلىۋېلىپ زادىلا قويۇۋەتمىدى. ئاخىر زۇبەيدە ئىككىلا بالىسىنى ماشىنىغا چىقىرىۋالدى. سۇلتان ئەتىسى بارىدىغان بولدى.

— سىلەرنى بەك سېغىندىم، ھەر كۈنى غېمىڭلارنى يېدىم. مېنى كەچۈرۈڭلار، بالىلىرىم، سىلەرنى قىيناپ قويدۇم. ئوقۇشۇم ئاز قالدى، يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز، — دېدى ئۇ.

— ئاپا، بىزمۇ سىزنى بەك سېغىندۇق. بىزغۇ ئۆز ئۆيىمىزدە دادام بىلەن ياخشى تۇردۇق، سىز خەقنىڭ يۇرتىدا تازا قىينالغانسىز ـ ھە؟

قىزىنىڭ خۇددى چوڭ ئادەملەردەك قىلغان گېپىدىن ئۇ قىزىغا خېلىلا ئەقىل كىرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئاپا، — دېدى ئالتە ياشلارغا كىرىپ قالغان ئوغلى ئاچىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — سىز يوق ۋاقىتتا گۆھەر ئاچام ھەر

www.uyghurkitap.com

كۆنى كېلىپ كىيىملىرىمىزنى يۇيۇپ، بىزگە تاماق ئېتىپ بەردى.

نازىلە ئۆكىسىنىڭ ئېغىزىغا شاپىلاق بىلەن بىرنى سېلىپ:

— كىم سېنى گەپ قىل دېدى؟ نېمىدەپ سورىمىغان گەپنى قىلىسەن؟ — دېدى ۋە چۆچۈپ ئانىسىنىڭ چىرايىغا قارىدى.

— مېنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟ — دېدى ئىمران يىغلامسىراپ، — راست گەپ قىلسام بولمامدىكەن؟ گۆھەر ئاچام ساڭىمۇ بەك ئامراقىقۇ؟ ماڭا كۈندە پۇل بېرىدۇ، ھېكايە ئېيتىپ بېرىدۇ، ئۇ بەك ئوبدان.

— ئەستا، ئىمران، گەپ قىلماي بىردەم جىم تۇرساڭ بىركىم سېنى گاچا دەمدۇ - ھە؟ ئاپا، قۇلاق سالماڭ. بۇ... — نازىلە گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي دۇدۇقلاپ قالدى. بۇنىڭ نېمە ئىشلىقى، گۆھەر دېگەننىڭ كىم ئىكەنلىكى زۇبەيدەنىڭ كۆڭلىگە ئاستا - ئاستا ئايان بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئاغرىپ كەتتى. دېمەك، ئۇنىڭ قەدىرلىك ئېرى گۆھەر ئىسىملىك بىرسىنى تېپىۋالغانىدى، تەپ تارتماستىن ئۇنى ئۆيىگە ئەكېلىپ بالىلىرىغا ئاشكارا قىلغانىدى. بەلكىم، بالىلار كىچىك بولغاچقا چۈشەنمەيدۇ، دەپ ئويلىغاندۇ. ئەمما، قىزى ئاللىبۇرۇن چۈشەنگەنىدى، ئانىسىدىن يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. بىچارە قىز، داداڭ يوشۇرۇشنى خالىمىغان ئىشنى سەن يوشۇرۇپ كېتەلەيتتىڭمۇ؟ سەن نېمىگە ئۇڭايسىزلىنىسەن؟ نېمىگە بۇنچە تەڭقىسلىقتا قالىسەن؟ بۇلار سېنىڭ سەۋەنلىكىڭ ئەمەسقۇ ئاخىر. بولدى قىزىم، كۆپ رىيازەت چەكمە، ئاناڭ سېنى ھەرگىزمۇ تەڭقىسلىقتا قويمايدۇ.

— ئۆكىڭىزنى ئەيىبلىمەڭ، قىزىم، گۆھەر ئاچاڭلار مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم ئىدى. ئۇنىڭغا مەن يوق ۋاقىتتا ھالىڭلاردىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى مەن تاپىلىغان.

ئىمران بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچىسىغا مېنى نېمىشقا بىكارغا ئۇرىسەن دېگەندەك بىر خىل نارازىلىق نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى. نازىلە ئاغزىنى ئاچقان پېتى ئانىسىغا قاراپ قالغانىدى، ئۇ-

نىڭ كۆزلىرىدە جاۋاب بېرىش تولىمۇ قىيىن بولغان سوئال بەل-گىلىرى لەيلەپ تۇراتتى. زۇبەيدە گويا قىزىنىڭ ئالدىدا ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك ناھايىتى ئوڭايسىزلاندى، قىز ئانىسىنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ يۈزىنى ئۇنىڭ باغرىغا يوشۇردى، مۈرىلىرىنىڭ يېنىك تىترەشلىرىدىن قىزىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇ-نىڭ يۈرەك - باغرى ئۆرتىنىپ كەتتى.

زۇبەيدە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندە ئاتا - ئا-نىسى، بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى. زۇبەيدەنى كۆرۈپ خۇددى نىجات يول-تۇزىنى كۆرگەندەك ئۇلارنىڭ ھاياجانلىق ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى.

— سىڭلىمنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى زۇبەيدە.

— دوختۇرلار ئۇنىڭ ئەھۋالى بىرئاز تۇراقلاشتى دەيدۇ، يە-نىلا جىددىي قۇتقۇزۇۋاتىدۇ، — دېدى دادىسى قايغۇلۇق ئاۋازدا.

ئۇ ئۆزىنى ئانىسىنىڭ باغرىغا ئېتىپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغ-لىدى. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەنسېرى ئۇ شۇنچە يىغلايتتى، ھەممە ئۇنى سىڭلىسى ئۈچۈن يىغلاۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتى. ئەمما، ئۇ ھازىر سىڭلىسى ئۈچۈنمۇ يىغلايتتى، بالى-لىرى ئۈچۈنمۇ يىغلايتتى، شۇنچە يىل ئەجىر قىلغان ئائىلىسى ئۈچۈنمۇ يىغلايتتى، تولاراقى ئۆزى ئۈچۈن يىغلاۋاتاتتى.

بىر بۆلەك ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن باللار دوختۇرخانىغا يېقىن يەردىكى مېھمانخانىغا كېتىشتى، زۇبەيدە ئاتا - ئانىسى، سىڭلىسىنىڭ ئېرى بىلەن كۈتۈش ئۆيىدە تۈننى تاڭغا ئۇلىدى. ئانىسى:

— دوختۇرلار بىر سوتكا ئىچىدە كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بەرمىسىلا خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ دېگەنىدى، ما-نا، بىر سوتكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى، ئۇنى بىر كۆرۈۋالسام بولات-تى، — دەپ يىغلىدى.

www.uyghurkitap.com

— ئانا، ئەنسىرىمەڭ، سىڭلىم چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دەپ تەسەللىي بەردى زۆبەيدە. تەسەللىگە ئۇ ئۆزى ئەڭ موھتاج ئىدى، ئەمما بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ناۋادا ئۇ ئۆز قايغۇلىرىنى ئۇنتۇپ، ئانا - ئانىسىغا تەسەللىي بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خە- ۋەر ئېلىپ تۇرمىغان بولسا، بىر ئەسىردەك ئۇزاقتا سوزۇلغان بۇ كېچىدە ئۇلار چوقۇم يىقىلىپ قالغان بولاتتى. چۈشكە يېقىن دوختۇرلار:

— خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى، يۈرەك ھەرىكىتى نورماللاشتى، ئەمدى كىرىپ كۆرۈشسەڭلار بولىدۇ، ئەمما يېنىدا ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدۇ، — دېدى. زۆبەيدە كىرىپ سىڭلىسىغا قارىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قارامتۇل كۆكۈچ رەڭگە كىرىپ قالغان بولۇپ، كۆزىنى ئاچماي جىمىمدە ياتاتتى، بۇرنىغا ئوك- سىگېن نەيچىسى كىرگۈزۈلگەنىدى، بەدىنىگە بىرنەچچە خىل ئۈسكۈنە چېتىلغان بولۇپ، ئېكرانلاردا تۈرلۈك سان - سىپىر ۋە ئېگىز - پەس سىزىقلار يوروپ تۇراتتى. زۆبەيدە سىڭلىسىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى. ئىككى تامچە يېشى سىڭلىسىنىڭ چاچلى- رى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. «بىچارە سىڭلىم، بۇ كېسەللىك ساڭا كەلگۈچە ماڭىلا كەلسىچۇ، نىمجان يۈرىكىم شۇ ئاغرىقتا سوقۇشتىن مەڭگۈلۈك توختاپ قالغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە!» شۇ ئەسنادا سىڭلىسى ئاستا كۆزىنى ئاچتى، سىڭلىسىنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ، كۈلۈمسىرەشكە تىرىشىۋاتقان ھا- لىتىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى سەدپارە بولدى.

— ئاچا، مەن... مەن ھاياتما؟ — دېدى ئۇ شىۋىرلاپ. ئۇنىڭ شۇ گەپنى دېيىشكە ئارانلا دېمى يەتكەندەك قىلاتتى.

— شۇنداق، ئوبدان سىڭلىم، سىز تېخى ھايات، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىسىز.

زۆبەيدە سىڭلىسىنىڭ ھوشىغا كەلگىنىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر ئاز ئارامىغا چۈشكەن ھالدا قايتىپ چىقىۋىدى، كارىدوردا غەمكىن ھالدا تۇرغان سۇلتاننى كۆرۈپ، يۈرىكىدىكى جاراھەتكە

قايتىدىن تىغ ئۇرۇلغاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى. ئۇنى كۆرمەسـ.
تە خېلى ياخشى ئىدى، قەلبى خۇددى ئاستى داۋالغۇسىمۇ ئۈستى
تىنچ كۆرۈنىدىغان دېڭىز سۈيىگە ئوخشايتتى، ئەمما سۇلتاننى
كۆرگەندىن كېيىن، قەلب دېڭىزىدا كۈچلۈك قىيان كۆتۈرۈلدى.
دېڭىز سۈيى بىر جۈپ بۇلاقتىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىقتى.

— خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كېتىپتۇغۇ، قايغۇرما، ئەمـ.
دى ئاستا ـ ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى سۇلتان. زۇ ـ
بەيدە «بىز ئۇچۇن ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ قورقۇنچلۇق باسقۇچ ئەمـ.
دى باشلاندى» دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئەمما ئوي ـ خىياللىرىنى
يىغىسى بىلەن قوشۇپ ئىچىگە يۇتتى. ئۇلار كەچتە ئۆيىگە قايـ.
تىپ كەلدى. سۇلتان ئايالىنى ھېلىھەم سىڭلىسى ئۇچۇن قايغۇ ـ
رۇپ ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى. ئەمما، يوشۇرۇن
ئازاب خۇددى قان شورىغۇچ يالماۋۇزدەك زۇبەيدەنىڭ قېنىنى
شوراپ، ئۇنى ماغدۇرسىزلاندۇرۇپ كاردىن چىقارماقتا ئىدى. زۇ ـ
بەيدە ياتاق ئۆيىگە كىردى، رامكىغا ئېلىپ تومپۇچكا ئۈستىگە
قويۇلغان سۈرىتى تەتۈر ئۆرۈكلۈك تۇراتتى. قارىغاندا، ئۇنى
ئوڭلاپ قويۇش سۇلتاننىڭ ئېسىگە كەلمىگەندەك قىلاتتى ياكى
ئۇ ئەمدى بۇ سۈرەتنى ئوڭلاپ يۈرۈشنى بىھاجەت دەپ قارىدىمىـ.
كىن؟ زۇبەيدە سەنتۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ قالدى، كارىۋاتقا تىرىگەن
قولىغا بىر نەرسە پېتىپ كەتتى. ئېلىپ قارىۋىدى، شاپتۇل چېچـ.
چىكى رەڭلىك بىر تال تۈگمە بولۇپ چىقتى، زۇبەيدەنىڭ كىيىمـ.
لىرىدە بۇنداق تۈگمە يوق ئىدى. شۇ ئەسنادا سۇلتان بىر ئىستاـ.
كان قايناق سۇ كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئايالىنىڭ نامەلۇم نۇقـ.
تىغا تىكىلىپ مۇردىدەك قېتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆ ـ
يۈنگەن ھالدا:

— بۇنچىۋالا قايغۇرۇپ كەتمە، بولمىسا ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ
قويىسەن. سىڭلىمىزنىڭ ئەھۋالىنىڭ تۇراقلاشقانلىقىنى كۆرۈپ
كەلدۇققۇ، — دېدى. زۇبەيدە سۇلتاننىڭ كۆزلىرىگە بىرھازا تىـ.
كىلىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ماۋۇ تۇگمىنى گۆھەرگە ئاپىرىپ بىرىڭ، كوپتىسىنىڭ ئالدى ئوچۇق قالسا ئوغرى كۆزلەر قاراپ سالمىسۇن، — دېگىنىچە تۇگمىنى سۇلتانغا ئۇزارتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۇلتان قوـ قاسقا دەسسىۋالغاندەك چۆچۈپ كەتتى.

— زۇ... زۇبەيدە، بۇ... — ئۇ دۇدۇقلاپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى تاپالمىدى. چىرايى تاتىرىپ، كۆز نۇرلىرى ئۆچۈپ، بىردەمدىلا ئۇزاق يىل كېسەل تارتقان ئادەمگە ئوخشاپ قالدى. ئۇنىڭ سۆزـ لىيەلمەي تۇرۇپ قېلىشىنىڭ ئۆزىلا ھەممىنى تەن ئالغانلىقى ئىدى، گەرچە زۇبەيدەنىڭ كۆڭلىگە ھەممە ئىش ئايان بولسىمۇ، ئۇ شۇ تاپتا ئېرىنىڭ «بۇ سەن ئويلىغاندەك ئىش ئەمەس، بۇ ئەسلىدە مۇنداق ئىش...» دەپ بىرنەچچە ئېغىز چۈشەندۈرۈشىـ گە، بىرنەچچە ئېغىز يالغان گەپ قىلىشىغا شۇنچىلىك تەشنا بوـ لۇۋاتاتتى. قارىغاندا، سۇلتان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيۋاتقاندەكلا ئىدى، زۇبەيدە كۆز ئالدىدا قولاشمىغان بىر ھالەتتە سالپىيىپ تۇرغان سۇلتانغا قاراپ:

— چىقىپ كېتىڭ، مېنى بىردەم يالغۇز قويۇڭ، — دېدى. سۇلتان گەپ ـ سۆز قىلماي يەنە بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېـ يىن ئاستا چىقىپ كەتتى. زۇبەيدە ئىشىكنى تاقىۋەتتى، ئاندىن ئەلەم بىلەن پىچىرلىدى: «سۇلتان، سەن مېنىڭ ئەقىدەمنى يەرـ گە ئۇرغاننى ئاز دەپ، ئۆز ئۆيۈمگە، ئۆز ھۇجرامغا يات بىرىنى باشلاپ كىرىپسەن. بۇ يەر مېنىڭ مۇقەددەس قورغىنىم ئەمەسـ مىدى؟ بۇ يەرنى بۇلغاشقا يۈرىكىڭ قانداق چىدىدى؟ باللار سېـ نىڭ گۆھەر بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ يۈرگىنىڭنى بىلىپ كېتىپتۇ. سەن ئەسلىدە دىلى بىلەن تىلى باشقا، تولىمۇ ساختىـ پەز ئادەم ئىكەنسەن. شۇنچە يىل بىر ياستۇقتا باش قويغىنىمىز بىلەن نۆۋەتتە كەلگەندە ئۇرۇق ـ تۇغقان ھېسابلانمايدىغان، بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا يات كىشىلەرگە ئايلىنىپ كېتىدىغان مېنى ئاياپ ئولتۇرغۇڭ كەلمىسىمۇ، ھالال نىكاھىڭنىڭ مېۋىسى، ئۆز پۇشتۇڭدىن تامغان سەبىي باللارنى بولسىمۇ ئايىماپسەن.

ئاشۇ پاسكىنا كۆزلىرىڭدە باللىرىمغا قارىغانسەن، پاسكىنا قول-لىرىڭدا باللىرىمنى تۇتقانسەن. باللىرىم گۆھەر بەرگەن پاس-كىنا پۇللارغا ئۇنى - بۇنى ئېلىپ يەپتۇ. ئۇلارنىڭ سەبىي دىلىنى بۇلغىمىساڭ بولماسمىدى؟ ئۇلارنىڭ ھازىرچە چۈشەنمىگىنى بە-لەن كېيىنچە ھەممىنى چۈشىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىدىڭ-مۇ؟ سەن نەپسىڭنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ كېتىپ ئويلىيالمىغان ھالەتتىمۇ، كەلگۈسىدە ئانا بولمىش ئاشۇ گۆھەرنىڭ بولسىمۇ ئويلاپ قويمىغىنىڭغا قارىغاندا، ئۇ ئانا بولۇش شەرىپىگە مەڭگۈ نائىل بولالمايدىغان بىر چۈپرەندە بولسا كېرەك. سۇلتان، سېنى قانداق كەچۈرەي؟ شۇ تاپتا باللىرىمنى ياندىكى ئۆيدە ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئىككىڭلارنىڭ قىپيالىڭاچ ھالەتتە قىلىۋاتقان ئىشىڭلار كۆز ئالدىمدا، كۆزۈمنى يۇمۇۋالسام مېڭەمدە، ھەربىر ھۈجەيرەم-دە ئېنىق نامايان بولماقتا. ئەمدى مەن بۇ ئۆيدە قانداقمۇ تۇرالاي-مەن؟ گۆھەرنى قۇچاقلىغان ئاشۇ قوللىرىڭدا تەپ تارتماستىن مېنى قۇچاقلامسەن، ئاشۇ لەۋلىرىڭدە مېنى سۆيۈشكە جۈرئەت قىلالامسەن؟ تېخى ئۇيقۇلۇق ھالەتتە مېنى «گۆھەر» دەپ چاقىرىپ سالساڭ جاھان نېمە بولۇپ كېتەر؟... ئەڭ ياخشىسى يېنىمغا كەلمە، مەندىن نېرى تۇر. ساڭا نەپرەتلىنىمەن، مەن ساڭا ئۆچ بولدۇم، چىش - تىرنىقىمغىچە ئۆچ بولۇپ كەتتىم. ئىلگىرى سېنى قانداق ياخشى كۆرەتتىم - ھە؟ سېنى ئەخلاقلىق، ئاق كۆ-ڭۈل، سەممىمىي ئادەم دەپ ئويلايتتىم ھەم ساڭا ئىشىنەتتىم. ئا-قىۋەت نېمە بولدى؟ سەن بىر ئەركەك بولغاندىكىن ئۆز پەزىلە-تىڭ ئارقىلىق ئائىلىڭنى، باللىرىڭنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈر-سەڭ بولماسمىدى. مەن ھېلىغىچە سېنىڭدىن ئەيمىنەتتىم، ھۆرمەت قىلاتتىم. ئەمما، ھازىر پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. ياق، پۇشايمان قىلدىم دېسەم توغرا بولمىغۇدەك. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلدىم. بۇلارغا پۇشايمان قىلمايمەن. پەقەت، سېنىڭ-دىن يىرگىنىۋاتىمەن! ناۋادا قۇربىم يەتكەن بولسا، ئۆيدىكى بار-لىق نەرسىلەرنى، گۆھەرنىڭ كۆز نۇرلىرى تېگىپ ئۆتكەن ھەم-

ملا نەرسىنى، ھەتتا پۈتۈن دۇنيانى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكەن بولاتتىم...»

زۇبەيدە ئەتىسى تاڭ يورۇماستىلا بالىلىرىغا قىيالماي ئۆرتە-نىپ كېتىۋاتقان يۈرىكىنىڭ ئاغرىقىغا چىداپ تۇرۇپ، ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەي ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. كەينىدىن بىرەرى ئىزدەپ كېلىدىغاندەك ئاپتوبۇس بېكىتىدە خېلى ئۇزاق ئولتۇردى، ئەمما ئۇنى ھېچكىم ئىزدەپ كەلمىدى. ئۇ سۇلتاندىن ئاجرىشىپ كېتىشنى ياكى ئۇنى كەچۈرۈش دېگەنلەرنى ئەسلا ئويلاپ باقمىدى، پەقەت بۇ ئازابلاردىن بىر مەھەل ئۆزىنى قاچۇرۇشنىلا ئىستەيتتى. ناۋادا سۇلتان ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغان بولسا، ئۇ كەچۈرەرمىدى؟ بۇنىڭغا ئالدىراپ بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى. ئەمما، شۇنىسى ئېنىقكى، ئاياللار ئەپۇ قىلالايتتى ــ يۇ، مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى. باللار ئۇچۇن، چاك ــ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن ئاشۇ ئائىلىسىنى قوغداپ قېلىش ئۇچۇن ئاياللار كەچۈرۈۋەتكەن، ئىچىگە ئۇنسىز سىڭدۈرۈۋەتكەن ئىشلار ئازمىدى؟ «مېنى كەچۈرۈڭلار، بالىلىرىم، مەن سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمەن. ئەسلىدە سىلەردىن ئايرىلماسلىقىم كېرەك ئىدى، ئەمما يەنىلا ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. شۇنداقتىمۇ، ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، سىلەر ھامان مېنىڭ قەلبىمدە...» ئۇ تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئاخىرقى قېتىم كەينىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئاپتوبۇسقا چىقتى. بىر كېچە ــ كۈندۈزلۈك سەپەر داۋامىدا ئۇ خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك كارىۋاتتىن چۈشمەي ياتتى. «ئاپتوبۇس مۇشۇ مېڭىشىدا مېنى جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە، ناتونۇش ئادەملەر ئارىسىغا، ئەڭ ياخشىسى ئادەمزاتسىز بىر ئارالغا ئاپىرىپ تاشلىۋەتكەن بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ــ ھە؟!» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

بىراق، ئاپتوبۇس ئۇنى ئاۋات ئۈرۈمچىگە ئەكېلىپ تاشلىدى. ئۇ ئۈرۈمچى ھېچقاچان ئۇنىڭ كۆزىگە شۇ كۈندىكىدەك سوغۇق، يات، غېرىبانە كۆرۈنۈپ باقمىغان. دەرۋەقە يالغۇزلۇق ۋە ئازاب ئۇنىڭ-

غا ئەگىشىپ ئاپتوبۇستىن بىللىلا چۈشتى...
مانا بۇ بىر ئايالنىڭ ھاياتى ئىدى. يەنە نۇرغۇن ئاياللارنىڭ ھاياتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشىشاتتى، پەقەت مۇھەببەت ـ نەپرەتكە تۇتقان مۇئامىلىسى ۋە يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چا- رىسىلا ئوخشىمايتتى. زۇبەيدە بىر قارىسا تولىمۇ ئاسان، يەنە بىر قارىسا تولىمۇ ئېغىر بولغان قېچىش يولىنى تاللىدى. ئۇ قېچىپ زادى نەگە بارالاركىن؟ مۇشۇنداق قېچىش ئارقىلىق سۈلتانغا بولغان نەپرىتىدىن قانچىلىك يىراقلىشالاركىن؟...

* * *

مەن ئاستا ـ ئاستا ئۆزۈمگە قايتتىم. ھېلىقى بىر جۈپ كۆز ماڭا قادىلىپ تۇراتتى، ئۇ كۆزلەر ماڭا گويا چوڭقۇر بىر قايناما- دەك كۆرۈنۈپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ قاينامغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقىنىمنى ھېس قىلدىم. بۇنداق تۇرىۋەرسەم بولمايتتى، بىر ئايالنىڭ ئۆزىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرگەن ئۇ ئەر شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟
مەن سومكامدىن پۇل ئېلىپ ھېلىقى شىلەپىگە تاشلاپ قو- يۇپ، خۇددى ساقچىدىن ئۈركۈپ قېچىۋاتقان ئوغرىدەك بۇ يەردىن بەدەر تىكىۋەتتىم، كەينىمگە قاراپمۇ قويمىدىم. قېچىۋېتىپ ئەتە ھەرگىز كەلمەيمەن دەپ ئويلىدىم. ئەمما، «بارمايمەن دېگەن تۆگ- مەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» دېگەندەك، ئەتىسى نېمىدۇر بىر نەرسە ــ بەلكىم مۇزىكىدۇ، مېنى چاقىرىپ ھېچ ئارامىمنى قويمىدى. ئاخىر يەنە شۇ كۆۋرۈككە قاراپ يول ئالدىم. بارمايمۇ ئىلاجىم يوق ئىدى. بۈگۈن ئۇ يەرگە ھېلىقى ئەرنى كۆرگىلى يا- كى ئۇنىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلىغىلى ئەمەس، بەلكى كۆۋرۈكنىڭ سەل ئۈستى تەرىپىدە تۇرۇپ، ھەر كۈنلۈكى ئۆتكەن ـ كەچكەن- لەرنى سۈرەتكە تارتىپ قويىدىغان فوتوگرافنى ئىزدەپ باراتتىم. ئىككى كۈنلۈك ھاياتىمغا، ئازاب ۋە ھەسرەتلىرىمگە ئەرمەك بول-

غان ئۆتۈشمە كۆۋرۈكنى ئارقا مەنزىرە قىلىپ تۇرۇپ بىرنەچچە پارچە سۈرەتكە چۈشۈۋالماقچىدىم. بەلكىم بۇ بىر باھانىدۇر؟ ئەمما، ھازىر ئويلىغىنىم پەقەت شۇلارلا ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بىزنىڭ كىشىلىك ھاياتىمىز نۇرغۇن - نۇرغۇن باھانە - سەۋەب-لەر بىلەن يېڭى مەنىگە، ئۆزگىچىلىككە ۋە ئۇنتۇلماس ئىزنالارغا ئىگە بولاتتى. مەن كۆۋرۈككە كەلدىم. مۇزىكىمۇ ئاڭلانمىدى، ئەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. فوتوگراف كۆۋرۈك ئۈستىدە كۈندىكىدەك سۈرەتكە تارتىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. مەن بۈگۈن سۈرەتكە چۈشۈشنى نىيەت قىلىپ كەلگەن تۇرۇقلۇق فوتوگرافنىڭ ئالدى-غا بارماي، غېرىبسىنغان ھالدا كۆۋرۈك ۋادىكىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. قانچىلىك تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا يېنىك مۇ-زىكا ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئۆزۈمگە كەلدىم. مۇزىكا چېلىنىۋاتقان ئەرگە قاراپمۇ قويماستىن، ئۇدۇل فوتوگرافنىڭ ئالدىغا كەلدىم، نۇقتا تاللاپ بىرنەچچە پارچە سۈرەتكە چۈشتۇم، ئاندىن پەسكە قاراپ ماڭدىم. ئەمما، پەلەمپەينىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كەلگەندە ئىسكىرىپكا تارىلىرىدىن ياڭرىغان «مېنىڭ ھېكايەم» دېگەن مۇ-زىكا كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن مېنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. مەن ئاستا كەينىمگە قارىدىم، ئەر ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ «مېنىڭ ھې-كايەم»نى سۆزلەۋاتاتتى...

ئۇ بىر سەھرادا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ چوڭ بولدى. كېيىن چوڭ شەھەرگە كېلىپ ئوقۇدى، مۇزىكىخۇمارلىق ئۇنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇ گۈزەللىكنى سۆيەتتى، ئۇنىڭ سۆيىدىغى-نى مۇكەممەل گۈزەللىك ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرنى گۈزەل-لىككە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلار دەپ قارايتتى. كەڭ تەبىئەت، ساپ ھاۋا، سالقىن شامال، چەكسىز دالا، ھەيۋەتلىك تاغ، كۆركەم شارقىراتما، يېشىل ۋادا، نەغمىچى قۇشلار ئۇنىڭ ئىلھام بۇلىقى ئىدى. ئۇ ھەممىلا نەرسىنىڭ ئەسلىي يارىلىشىنى، ئۇلارنىڭ رو-ھىدىن ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي تۇيغۇلىرىنى ئىزدەيتتى، ئۇ-نىڭ نەزىرىدىكى گۈزەللىك ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ تەبىئىي ۋە



www.uyghurkitap.com

ئەڭ چەكسىزلىك ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن گۈزەللىك ئىدى. ئۇ
دەبدەبە بىلەن سۆزلەۋاتقان ئېغىزلارغا ئەمەس، بەلكى قەلبلەرنىڭ
ئەينىكى بولغان كۆزلەرگە قارايتتى، كۆزلەر ئارقىلىق قەلبلەر-
نىڭ يېنىك پىچىرلاشلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى. ئۇ نۇرغۇن
نەرسىلەرگە ئېرىشتى ۋە يەنە نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قال-
دى. ئىشق ـ مۇھەببەت ئۇنىڭ نەزىرىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت
بىلەن زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن پۈتۈن
كائىناتنى، قۇياش نۇرلىرىنى، ئىشقىلىپ، ئۆزى سۆيۈشكە ئەر-
زىيدۇ دەپ قارىغان جىمى نەرسىلەرنى سۆيەتتى. ئىشق ـ مۇھەب-
بەت بولسا ئۇنىڭدىن بىرلا ئادەمنى جان ـ جەھلى بىلەن سۆ-
يۈشنى تەلەپ قىلاتتى، ئۇ شۇنداق سۆيدى. ئەمما، ئۇ ئىزدىگەن
ۋە سۆيگەن گۈزەللىك مۇھەببەت نامىدا يىرتىلىپ ئۆز قىممىتى-
نى يوقاتتى. ئۇ كۆڭۈل بەرگەن قىزغا باشقىلارمۇ كۆڭۈل بەرگە-
نىدى. ئۇ قىز ئۆزىنىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتىنى ئۆزىگە كۆڭۈل
بەرگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە خۇددى گازىر كەبى بىر ئۇلۇشتىن
تەقسىم قىلىۋەتكەنىدى. بۇ زەربىدىن ئۇنىڭ قەلبى چەكسىز
ئازابقا تولدى. قەلبىدىكى گۈزەللىكنى رېئاللىقتىن تاپالماي قې-
لىشىغا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا، ئۇ تەركىدۇنياچىلاردەك جاھان كې-
زىش سەپىرىنى باشلىۋەتتى. ئەڭ مودا بولغان سەرخىل جاز مۇ-
زىكىلىرى ئارىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ باقتى، مودېرنىزم مۇ-
زىكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە رومانتىك ھەم فانتازىيەلىك مۇ-
زىكا دۇنياسىدا قانغۇچە سەيلە قىلىپ شۇبېرت، مۇزارت، ھاي-
دىنلار بىلەن تونۇشتى. بېتخوۋېننىڭ سىمفونىيەلىرىدىن ھەممە
نەرسىنىڭ ئۆز ئورنىنى تاپقانلىقىنى، ھەممە نەرسىنىڭ مەنتى-
قىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكىنى بايقىدى ھەم بىر خىل ھەقىقىي گۈ-
زەل ھېسسىياتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندەك بولدى. بولۇپمۇ ئوت-
تەك قىزغىن ھېسسىيات بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان «قىزغىن-
لىق» سوناتاسى ۋە بېتخوۋېننىڭ ئارزۇ ـ تىلىكى، پۈتكۈل ئىن-
سانىيەتنىڭ ھۆرلۈكى، ئازادلىقى، غەلىبىسى، شادلىقى، ئىتتى-

پاقلىقى، دوستلۇقى ئىپادىلەنگەن «9 ـ سىمفونىيە»سى ئۇنى ئۆزگىچە پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋالدى. ئۇ سەنئەت ساھەسىدە نۇر-غۇن بىلىملەرگە ئىگە بولدى. ئۆز چۈشەنچىسى ۋە تەسىراتى بىل-لەن نەچچە خاتىرىنى توشتۇردى. سىلىشتۇرما ئاساسىدا يېزىلغان ماقالىلىرى داڭلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، دۇنيا سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ بىر جايدا توختاپ قالمىدى، سەپىرىنى توختاۋسىز داۋام ئەتتى. سەھرايى كەبىر چۆللىرىنى بېسىپ، نىل دەرياسىنى كېسىپ ئۆ-تۈپ، سەددىچىن سېپىلىدىن ئايلىنىپ، ئۇيان چۆرگۈلەپ، بۇيان چۆرگۈلەپ ئاخىر بۇ يەرگە كەلدى ۋە بۇ يەردە خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالدى. بۇ جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆگەندى، تەتقىق قىلدى، ئىگىلىدى، ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ گۈزەللىك دۇنياسىدىن قانغۇچە بەھرە ئالدى. ئۇنىڭ نەزىرى يەتكەن ھەممىلا يەردە، ئاسمان ـ زېمىن ئارىلىقىدا يېقىملىق مۇزىكا ساداسى ئاڭلىنىپلا تۇراتتى. دەرۋەقە، ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشتى. گۈ-زەللىكنىڭ، سەنئەتنىڭ، كۆينىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. ئۇيغۇرنىڭ ئۆزگىچە تائاملىرى ئۇنىڭ تېنىگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرسە، «خاد-لەيلۇن»، «ئامانەي» قاتارلىق لەرزان، مەردانە، شوخ، تېتىك، رەڭدار خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۇن ئىككى مۇقامى ئۇنى كۆي ـ غەزەل، مۇڭ ـ پىراق، مۇھەببەت ـ نەپرەت، رايىشلىق ۋە جە-سۇرلۇق زىچ بىرىكىپ كەتكەن چەكسىز گۈزەللىك دۇنياسىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا زور سىلكىنىش پەيدا قىلدى. ئۇ ئۆزىنى بۇ يەردە دۇنياغا قايتىدىن ئاپىرىدە بولغاندەك ھېس قىلدى. چۈنكى، بۇ يەردىكى ئىپتىدائىي توغراقلىق، ئەگىم دەريا، تىلسىماتقا تولغان قۇم بارخانلىرى، ئەلئىبھىرامغا ئەنداز بولغان ئۇيغۇر دوپپىسى، سويلاپ تۇرىدىغان ئۆرۈمە چاچلار، جاد-نى ئالىدىغان ئاھۇ كۆزلەرنىڭ تېگىدە ئۇ ئىزدىگەن تەبىئىيلىك، قەدىمىيلىك، چەكسىزلىكنىڭ يارقىن شولىلىرى جىمىرلاپ، ئۇ-

نىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ يەنە بۇ يەردە مىسكىن،
ئەمما لاتاپەتلىك بىر ئايالنىڭ هاياتى بىلەن تونۇشتى. ئۇ ئايالنىڭ
كۆزلىرى ئۆزى تونۇيدىغان كۆزلەرنىڭ هېچبىرىگە ئوخشىمايت-
تى. شۇنچىلىك تىنىق، شۇنچىلىك گۈزەل ئىدى. ئۇ كۆزلەردە
گۈزەللىكنىڭ ۋاقىتسىز پايخان بولۇشىغا قارشىلىق كۆرسىد-
تىشتىن تۇتىگەن ئىسيان ئوتلىرى يېنىپ تۇراتتى. ئۇ ئايالنىڭ
كۆزلىرىدە ياش يوق ئىدى، ئەمما قەلبى هەسرەت يېشىغا لىققىدە
چىلىشىپ تۇراتتى. بۇ ياشلاردىن دېڭىز هاسىل بولۇپ، بۇ نا-
تىۋان ئايالنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇ مۇزىكىدىن
ياسالغان قولۋاق ئارقىلىق چەكسىز دېڭىزدا ئايالغا قەدەممۇقەدەم
يېقىنلاپ بارماقتا ئىدى...

مەن چۆچۈپ كەتتىم. ياق! ئۇ ئىزدەۋاتقان ئايال مەن ئەمەس.
مەن نە قىممىتىمدىن، نە گۈزەللىكىمدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن
بولمايدىغان بىر تاشلاندۇق ئايال. ماڭا كەلگەندە گۈزەللىك ئەڭ
زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، مەندە بارى ئازاب ۋە كۆز
ياش، جاراهەتلەنگەن قەلب. سېنى ئۇمىدسىزلەندۇرگۇم يوق ناتو-
نۇش ئادەم، ئاۋارە بولما. مەن پەقەت باشقىلار تەرىپىدىن پۇرلەپ
تاشلىۋېتىلگەن گۈلكى، مەندە نە خۇش پۇراق، نە تەبىئىيلىك
يوق. مېنىڭ خاراب بولغان هاياتىم ساڭا مەنسۇپ بولمىغىنىدەك،
سەنمۇ هەم بۇ يەرگە مەنسۇپ ئەمەس. كەت! تېخىمۇ يىراق جايلار-
غا بار، تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىگىچە كىر. بەلكىم سەن ئىز-
دىگەن گۈزەللىك، چەكسىزلىك شۇ يەرلەردە قۇم بارخانلىرىغا
كۆمۈلۈپ يېتىۋاتقاندۇ. كىروران گۈزىلىدەك بىر قىز ئۆز ئارزۇ-
لىرىنىڭ قۇمدەك چېچەك ئېچىشىنى كۈتۈۋاتقاندۇ. بەلكىم سەن
ئۇ يەردىمۇ هالقىپ ئۆتۈپ كېتەرسەن، ئۆزۈڭ تەشنا بولغان
نەرسىلەرنى داۋاملىق ئىزدەپ دۇنيانىڭ يەنە بىر چېتىگە بېرىپ-
مۇ قالارسەن. ئەسلىدە مەيلى گۈزەللىك بولسۇن، مەيلى سۆيگۈ ـ
مۇهەببەت بولسۇن، بۇ دۇنيادا چەكسىز نەرسە يوق. ئەمما، ساڭا
ئۇنداق دېيەلمەيمەن، سەن تەشنالىق بىلەن ئۇمىد ئىچىدە

داۋاملىق ئىزدىگەن ۋاقتىڭدىلا، ئاندىن ھاياتىڭغا يېڭى مەنە بېرەلەيسەن. سەن ئۇچۇن ئۈمىدنىڭ ئۇزۇلۇشى ھەممە نىمىنىڭ بەربات بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەن سېنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىڭنى خالىمايمەن، ئالدىڭغا قاراپ داۋاملىق مېڭىۋەر، چەكسىزلىككە سوزۇلغان يولدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر سەيياھسەن. ئەمما، مەن ساڭا ئوخشىمايمەن، يولىمىز ھەم بىر ئەمەس، مەن ئۈچۈن چەكسىزلىكمۇ مەۋجۇت ئەمەس. بۇلارنى چۈشىنىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. قارىغاندا، يەنىلا مېنىڭ بۇ يەردىن كەتكىنىم دۇرۇستەك قىلىدۇ، مەن ماڭمىغۇچە سەن قوزغالمايدىغان ئوخشايسەن. بوپتۇ، مەن ئاۋۋال كېتەي، خەير ـ خوش!

* * *

مەن يەنە قاچتىم، شۇ قېچىشىمدا ئۇدۇل ياتىقىمغا كېلىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. كۆز ئالدىمدا تولىمۇ چۈشىنىكسىز نۇرغۇن سايىلەر ئەگىپ يۈرەتتى. مەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ـ قوغلاپ، ئاخىر ھالىم قالمىغاندا دورا ئىچىپ ئۇخلاپ قالدىم. ئەتىسى يەنە باردىم. سۈرىتىمنى ئەكېلىۋالمىسام بولمايتتى. شۇڭا، باردىم. سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقان ئەر بار تەرەپ ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغانىدى. مەن شۇنداق تالىلىغان بولغىيمىدىم؟ سۈرەت ھەقىقەتەن كۆڭلۈمدىكىدەك تارتىلغانىدى. سۈرەتلەرگە قاراپ بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەيتتىم. بەلكىم چىرايىم ئۆزگەرمىگەندۇ، ئەمما قەلبىم كۈلۈمسىرەشكە تەرىشىۋاتاتتى. بۈگۈن يەنە ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقان ئەرگە پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ كېتەلمىدىم. چۈنكى، ئۇ بۈگۈن مەن ياخشى كۆرىدىغان «دوست خېنىم»غا چېلىۋاتاتتى.

ئۇ مۇزىكىنى شۇنچىلىك ياخشى چالدىكى، ناۋادا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىمىغان بولسام، مىڭ ئادەمنىڭ دېگىنىگىمۇ ئىشەنمەس بولغىيدىم. ئۇ ھەقىقىي مۇزد-

كانت ئىدى. ئۇ جاپالىق مەشىق ئارقىلىق ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى خېلى پىششىق ئىگىلىگەندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدىم، ئۇنىڭ ئېگىز بويى كۆرۈنەرلىك پۈكۈلگەن، چىرايىنى چۈشىنىكسىز بىر خىل سولغۇنلۇق قاپلىغان، كۆزلىرى نېمىشقىدۇر قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر قىسىم ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاش ماھارىتىنى ئىگىلەش ئۈچۈن نەچچە كېچىدىن بېرى ئۇخلىمىغاندەك قىلاتتى. ئېنىقكى، ئۇ ئۆزى ئىگىلىگەن بۇ مۇزىكىلارنى تۇنجى بولۇپ ماڭا ئورۇنلاپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ شۇ ئارقىلىق مېنىڭ مەلۇم دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈشۈمگە ئېرىشمەكچىدى. بىراق، بۇنداق دېيىشكە نېمە ئاساسىم بار مېنىڭ؟ بىز ناتونۇش ئىككى ئادەم، ھېلىغىچە بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيمىز. ئىككىمىز ئىككى دۇنياغا مەنسۇپ. ئەڭ ياخشىسى مەن كېتەي، كەلمەسكە كېتەي !...

ئەتىسى راستىلا بارمىدىم، خۇددى بىھوش دورىسى يېگەن ئادەمدەك خامۇشلۇق ئىچىدە كارىۋىتىمدىن چۈشمەي ياتتىم. ھېچ نەرسە يېمىدىم، نېمىشقىدۇر پات ـ پات سائىتىمگە قارايتتىم. كەچ كىردى، تاقىتىم تاق بولدى. ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۆ-زۈمنى سىرتقا ئاتتىم. سىرتتا سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، پۈتۈن بەدىنىم چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. «ئۇ يوق، يامغۇردا ئىسكىرىپكا چېلىش مۇمكىن ئەمەس» دەيتتىم. ئەمما، يەنە مەنزىلگە ئالدىرايتتىم. يامغۇر تېخىمۇ كۈچەيدى. مەن ئاخىر كۆۋرۈككە يېتىپ كەلدىم. ئەنە، ئۇ ئىسكىرىپكىنى يامغۇرلۇق چاپىنىنىڭ ئىچىگە يوشۇرغان پېتى ئۆزى ھەر كۈنى تۇرىدىغان ھېلىقى ئايلانمىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. كېلىشىمگە ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە مېنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى. ئۇ-نىڭ يېنىدا ئېچىلمىغان بىر كۈنلۈك بولۇپ، ئىسكىرىپكا يەنىلا قوينىدا ئىدى. ئۇ مېنىڭ بېرىپ كۈنلۈكنى ئېچىشىمنى، ئىككىمىزنىڭ بىرلىكتە يامغۇردىن پاناھلىنىشىمىزنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. يامغۇردا قالغىنى باشقا ئىككى ئادەم بولغان تەقدىردى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇ، ئۇلار بەلكىم شۇنداق قىلار بولغىيدى. ئەمما، مەن ئۇنداق قىلالمىدىم. نېمىشقا كەلگەندىمەن دەپ پۇشايمان قىلاتتىم ـ يۇ، يەنە كەتمەي تۇرۇۋەردىم. شۇنداقتىمۇ، دەرھال كەتمىسەم بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا «كەتمەڭ» دەيتتى، مەن ئاستا بېشىمنى چايقىدىم. «خۇددى سىزگە ئوخشاشلا مەنمۇ بىر دەردمەن. ئىككى دەردمەن بىر ـ بىرىمىزگە قاياش بولساق، بەلكىم بەختلىك بولۇپ قالارمىز؟» دەيتتى ئۇنىڭ كۆزلىرى، مەن يەنە بېشىمنى چايقىدىم. ئۇ كۆزلىرىمدىن «شۇنداق، بىز ئىككىلىمىز دەردمەن. ئەمما، دەردىمىزنىڭ يىلتىزى بىر ئەمەس، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا يېشىلمىگەن، يېشىلىشى ئەسلا مۇمكىن بولمىغان نۇرغۇن سىرلار بار. بىز خۇددى ئوتتۇرىدىكى بىر ئېقىنغا تەلمۈرۈپ تۇرسىمۇ، ئەسلا بىر يەرگە كېلەلمەيدىغان دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىغا ئوخشايمىز، شۇڭا ئاۋارە بولماڭ...» دېگەن جاۋابنى ئېنىق كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆزلىرى يەنە قانداقتۇر بىر ئۈمىدلەر بىلەن «قانداق قىلسام سىزنى تۇتۇپ قالالارمەن؟» دەيتتى، «بۇنىڭغا ئىككىلىمىزنىڭ ئامالى يوق، مەن ئەمدى ھەرگىز كەلمەيمەن». بۇ جاۋابىمدىن كېيىنلا تۇيۇقسىز چاقماق چېقىپ ھاۋا دەھشەت گۈلدۈرلىدى. بۇ تەبىئەتتىكى ھادىسىمۇ ياكى كۆزلىرىمىزدە روي بېرىۋاتقان ھالەتمۇ ئايرىيالمىدىم. مەن غەيرەتلىنىپ بۇ يەردىن ئاستا قوزغالدىم. ئۇ ئىسكىرىپكىنىڭ كامانچىسىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. كامانچە بولمىسا ئىسكىرىپكىنى چالغىلى بولمايتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇ مېنى ئەتىمۇ بۇ يەرگە ئەكەلدۈرمەكچى، ئۆز سوئالىغا جاۋاب تاپماقچىدى. كامانچىنى ئېلىپ قايتىپ كەلسەم ياتاقدىشىم ساھىبجامال ھېلىراقتا كېلىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى جايلاشتۇرۇۋاتقانىكەن. ئۇ كۆرمەستە كامانچىنى يوتقىنىمنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويدۇم، بىز تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتۇق.

ــــ ئەجەب ياغدى بۇ يامغۇر، بىزنىڭ جەنۇبتا قۇرغاقچىلىق دەستىدىن مايسىلار، دەل ـ دەرەخلەر سولىشىپ، يەردىن چاك

ئۆرلەپلا تۇرىدۇ. بۇ يەردە بولسا ئىش باشقىچە، ھاۋا بىر كۈندە نەچچە خىل ئۆزگەرگەن. ھە دېسىلا يامغۇر يېغىپ تەبىئەتنىكى چاڭلارنى، قەلبلەردىكى كىرلەرنى يۇيۇپ تۇرغان... ھەي! شۇنداق قىلىپ بۇ شەھەردە تۇرىدىغان ۋاقتىمىزمۇ ساناقلىقلا قالدى ـ ھە؟

— شۇنداق، — مەن سۇسلا جاۋاب بەردىم.

— ھەي زۇبەيدە، سىزگە نېمە بولدى، ئاغرىپ قالمىغانسىز؟

— ياق، سەل چارچاپ قالغاندەك قىلىمەن.

— چارچايدىغان ياشقا يەتتۇق، خان، — دېدى پاراڭخۇمار ساھىبجامال ئۇھسىنىپ قويۇپ، — يۇرتقا بارسامىمۇ كۆڭلۈم ئېچىلمىدى، بۇ يەرگە كەلسەم تېخى يۇرىكىم ئاغرىيدۇ. زادى نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىدىغان ئىشكىنتاڭ؟

*　　*　　*

ساھىبجامال ئىلگىرى ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى:

— مەن ئىلگىرى ئازغان كارۋاندەك چۆل ـ جەزىرىدە نىشانسىز تېڭىرقاپ يۈرگەنىكەنمەن. ئاشۇ بىر قېتىملىق ئېزىش ۋە توغرا يولنى قايتىدىن تېپىۋېلىش سەرگۈزەشتىم ماڭا ئۆزۈمنى تونۇتتى، قىممىتىمنى ھېس قىلدۇردى. قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى ئۆگەتتى. نېمىنىڭ ساختا ھېسسىيات، نېمىنىڭ چىن سۆيگۈ ئىكەنلىكىنى بىلدۇردى. مەن ئاخىر ئۆزۈمگە ماس كېلىدىغان ھايات يولۇمنى تېپىۋالدىم. ھازىر مەن باشقىلارغا نەپرەتلىنىپ ئۆتۈپ يۈرمەيمەن. نەپرەتلىنىشكە توغرا كەلسە ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىمەن، چۈنكى بىراۋ مېنى شۇ يولدا مېڭىشقا قورال تەڭلەپ مەجبۇرلىغىنى يوق. مەن ئېرى، پەرزەنتى بار بىر ئايال تۇرۇپ، ئەدەپ ـ ئەخلاقنى، شەرم ـ ھايانى، ۋاپا ـ مەسئۇلىيەتنى تەرك ئېتىپ شۇ يولدا ئۆزۈم خالاپ ماڭغانىكەنمەن، ھەممىسى

ئۆزۈمنىڭ شورى. ئېرىمنى ئالدىغاچقىلا ئاخىر ئۆزۈمنى ئالدىدىم. پۇشايمان، ھەسرەت، كۆز يېشى بىلەن روھىمنى پاكلاپ كېتەلمەيمەن. بۇ دۇنيادا ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئەيىبلەپ، ۋىجدان ئازابى تارتىپ ياشاش ماڭا بېرىلگەن جازا، شۇنداقلا مېنىڭ تارتقۇلۇقۇم...

بۈگۈنمۇ ساھىبجامال ئىككىمىز خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. قايسى تېمىدىلا بولسا ئۇ كۆپرەك سۆزلەيتتى، مەن ئاندا ـ ساندا ئاۋاز قوشاتتىم، ھەريان چېچىلغان خىيالىمنى يىغىشقا بار كۈچۈم بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتەتتىم. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتقاندەك قىلغىنىم بىلەن دىققىتىم دەممۇدەم چېچىلىپ، تورۇپلا ئۇنىڭ نېمە توغرىسىدا سۆزلەۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتىم، گەپ سورىسا مەڭدەپ تۇرۇپ قالاتتىم، ئۇنىڭ سوئال ۋە ھەيرانلىق ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم. بىر چاغدا ساھىبجامال مەندىن:

— ھە راست، سىڭلىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ ياخشى، ئاللىقاچان خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى، — دېدىم ۋە نەچچە كۈندىن بېرى سىڭلىمغا تېلېفون بېرىپ ئەھۋال سوراپ قويمىغىنىمدىن تولىمۇ خىجىللىق ھېس قىلدىم.

— بايرامدا نەچچە قېتىم تېلېفون قىلغان بولسامۇ ئۇلانمىدى. بايرامنى قانداقراق ئۆتكۈزدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ساھىبجامال يەنە.

— ئادەتتىكىچە، — قىسقىلا جاۋاب بەردىم.

— ھەي، — دېدى ساھىبجامال ئېغىر خورسىنىپ، — سىز ماڭا ئوخشىمايسىز. بەختلىك ھەم خاتىرجەم ئائىلىڭىز بار. سىز مۇشۇ ئەخلاقىڭىز ھەم پاكلىقىڭىز بىلەن بەختلىك بولالماي قالسىڭىز ئادالەتسىزلىك بولىدۇ، — بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم چىمىلدەپ قىلدى. نېمىشقىكىن ئۇنىڭغا دەردلىرىمنى ئاشكارا قىلغۇم كەلمىدى. دەردكە دەرد قوشۇلسا ئاقىۋىتى نېمە بولماق -

چى؟ ساھىبجامال سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىزگە دېسەم، بايرامدا يۇرتقا بارغاندا ئېرىم يارىشىپ قالايلى دەپ كەپتىكەن، مەن قوشۇلمىدىم.
— نېمىشقا؟
— مەن بەرىبىر ئېرىمگە يۈز كېلەلمەيمەن، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى بىر ئۆمۈر گۇناھكاردەك ھېس قىلىمەن. شۇنداق تۇرۇپ يەنە بىللە ياشىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟
— نېمىلا دېگەنبىلەن قىزىڭىز شاھناز بار ئەمەسمۇ؟
— قىزىمنى ئۆيلىسام ھازىرلا يارىشىۋالغۇم بار. ئۇنىڭغا يۈرىكىم چىدىمايدۇ، ئەمما نېمە ئامال؟
— سىز ھەمىشە «بۇ جاھاندا ئامال قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق» دەيتتىڭىزغۇ. بىر قېتىم خاتالاشقان ئادەم بىر ئۆمۈر جازالىنىشى كېرەكمۇ ئەمدى؟ نېمىلا دېگەنبىلەن سىزنىڭ قەلبىڭىز پاك.
— تېنى بۇلغانغان ئايالنىڭ قەلبىنى پاك دېسە كىم ئىشىنىدۇ، زۇبەيدە؟ قەلبنىڭ پاكلىقى بىلەن تەننىڭ پاكلىقى بىرلەشسىلا، ئاندىن ھەقىقىي پاكلىق ھېسابلىنىدۇ. تېنى پاك، قەلبى ناپاك ياكى قەلبى پاك، تېنى ناپاك دېگەندەك ئۇقۇملارنى يېشىپ ئولتۇرغۇم يوق، ھازىر بىرەرسى ماڭا يېقىنلاشسىلا ئۇنىڭ ئىچىكى دۇنياسىغا كۆز سالىمەن، كۆزلىرىم ئۆتكۈر، قەلبىم سەزگۈر بولۇپ كەتتى، مەن ئازغۇنلۇقنىڭ تەمىنى تېتىپ باقتىم، ئۇ بەكلا تاتلىق، ئەمما زەھەرلىك بىر مېۋىگە ئوخشايدىكەن. مەن بۇ زەھەر بىلەن ئېرىمنى كاردىن چىقىرىشنى خالىمايمەن. ئېرىم مەندىن بۇنداق ۋاپاسىزلىقنى كۈتمىگەنىدى. ھېلىھەم مېنىڭ كەچمىشلىرىمدىن ئۇ بىخەۋەر. مەن بۇ ياقىقا ماڭغاندا ئۇ: «مەن سېنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشۇڭغا قارشى ئەمەس، قانچىلىك ئوقۇغۇڭ بولسا شۇنچىلىك ئوقۇغىن. ئەمما، بۇنىڭ ئۈچۈن نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟» دېگەنىدى. بىر ئەرنىڭ ئەمىرىدە تۇرۇپ، يەنە بىر ئەرگە كۆڭۈل بەرگەن سەۋەنلىكىم ئاز

كەلگەندەك، نىكاھتىن ئاجراشماي تۇرۇپ، بۇ سەۋەنلىكنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ يۈرىدىغان خاتالىقنى قايتا سادىر قىلغۇم كەلمە-دى. ھېلىمۇ ئېرىمنىڭ چىرايىغا تىك قارىيالماي يۈرۈۋاتقىنىمغا نېكەم. ئەسلىدە ئۇمۇ خېلىلا ياخشى بىر ئادەم ئىدى. مەن سۆيەل-مىگەنلىكىم ئۈچۈنلا ئۇ ناچار ئادەم بولۇپ قالمايدۇ ـ دە. لاياقەت-لىك ئەر بولالمىسىمۇ، مەسئۇلىيەتچان بىر دادا بولالايتتى. گەر-چە ھېلىقى ئەر بىلەن بولغان ئىشنىڭ ئۇڭغا تارتمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، يەنىلا تەتۈرلۈك قىلىپ ئاجراشقانىدىم. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت بىر تەرەپتىن، كېيىن تارتىدىغان ۋىجدان ئازابىمنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئې-رىمنىڭ مەندىن ئايرىلىپ كۆڭلىدىكىدەك بىرەرسىنى تېپىپ تۇرمۇشىنى قايتىدىن باشلىۋېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ھو-قۇقى بار ئىدى. ئەمما، ئۇ ھېلىغىچە باشقا بىرسىنى تاپماي، مې-نىڭ يولۇمغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. «بۇ دۇنيادا سەندىن باشقىنى سۆيەلمەيمەن» دەيدۇ. ئېيتىڭە، زۆبەيدە، مەن ئەمدى قانداق قىلاي؟

— دېدىمغۇ، بۇ دۇنيادا سىزگە ۋاپا قىلىدىغان ئاشۇ ئەردىن باشقىسى بىكار. باشقىنى ئويلىمىغاندىمۇ قىزىڭىز ئۈچۈن ھەم-مىنى قايرىپ قويۇپ يارىشىۋېلىڭ، — دېدىم مەن.

— ماڭا قاراڭ، زۆبەيدە، — دېدى ساھىبجامال، — ناۋادا ئې-رىمنىڭ ئورنىدا سىز بولغان بولسىڭىز مېنىڭ ئاشۇ ۋاپاسىزلى-قىمنى كەچۈرەلەرمىدىڭىز؟

مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدىم. «راست، مەن كەچۈرەلەرمەنمۇ؟» ئارىمىزدا ئېغىر سۈكۈ-نات بىرھازا ھۆكۈم سۈردى.

— بولدى، زۆبەيدە، جاۋاب ئىزدەپ بەك زورۇقۇپ كەتمەڭ، سىز كەچۈرگەن بىلەن مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم كەچۈرەلمەيمەن. مەن قىلغان ناپاك ئىشنى سىزنىڭ بىلىپ قالمىغىنىڭىز ئۈچۈنلا مەن



www.uyghurkitap.com

پاك ھېسابلىنىپ قالمايمەن. باشقىلارنىڭ كەچۈرۈش ـ كەچۈر ـ
مەسلىكى بىر مەسىلە. ئۆز ۋىجدانىغا يۈز كېلىش ـ كېلەلمەس ـ
لىك يەنە بىر مەسىلە.
ـــ ناۋادا، ـــ دېدىم مەن خېلىدىن كېيىن، ـــ مەنمۇ سىزگە
ئوخشاش ئائىلەمدىن چىقىپ كەتسەم، مەن بىلەن بىر ئۆمۈر ھا ـ
زىرقىدەك بىللە ئۆتۈشكە قوشۇلارسىزمۇ؟ خۇش بولساق ئىككى ـ
مىز تەڭ كۈلۈپ، قايغۇرساق ئىككىمىز تەڭ ياش تۆكۈپ بىللە
ياشىساق دەيمەن.
ـــ جۆيلۈمەڭ، سىز ماڭا ئوخشىمايسىز. سىز ئائىلىسىدىن
چىقىپ كېتىدىغان نادان ئاياللاردىن ئەمەس، ئۇنداق بىمەنە ئىش
مەن بىلەنلا كەتسۇن!
يۈرىكىمگە يەنە يىغا ئولاشتى. يوتقاننى قاماللاپ بېشىمغا
تارتتىم. بۇ كېچە ئۇيقۇ دورىسىنىمۇ يېمىدىم. مەن ئەستايىدىل
ئويلىنىشقا، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار باردەك
ھېس قىلاتتىم. ئەمما، خىياللىرىم ئۈزۈك ـ ئۈزۈك سىزىقلار ـ
دەك بىر ـ بىرىگە زادىلا ئۇلاشمايۋاتاتتى. سۇلتاننى كەچۈرەلەم ـ
دىمەن؟ بىز يەنە بىللە ئۆتەلەمدۇق، يوق؟ دېگەنلەرنى ئويلىماقچى
بولاتتىم. ئەمما، يىراقتىن ئاڭلانغان مۇزىكا ئاۋازى سۇلتاننى
خىيالىمدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن
دىققىتىمنى يىغىپ مۇزىكىغا قۇلاق سالاتتىم. ئەمما، مۇزىكىمۇ
بىردەمدىلا ئەينەك پارچىلىرىدەك ھەر يان چېچىلىپ كېتەتتى.
ھەربىر پارچىسىدا سۇلتاننىڭ سىيماسى پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ
چىرايىغا زەن سېلىپ قاراي دېسەم، ئۇ بارا ـ بارا غۇۋالىشىپ
ئاخىر يۇتۇنلەي يوقاپ كېتەتتى. شۇ ھالەتتە يېتىپ كېچە بىر
چاغلاردا ئويغىنىپ قاپتىمەن. ئەتىسى ئويغانسام يامغۇر توختاپ
ھاۋا بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كېتىپتۇ. مەن بالكوننىڭ دېرىزىسىنى
ئېچىپ قويۇپ يىراق ـ يىراقلارغا قارىدىم. بۇ يەردە تۇرۇپ يۇر ـ
تۇمنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيتتىم. ئەمما، مۇزىكا
چالىدىغان ھېلىقى ئەرنىڭ يۇرتىنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى

ئىلغا قىلالمىدىم. چۈنكى، ئۇ مەن ئۇچۇن خۇددى خىيالىي چۈشتەك، كۆز ئالدىمدا تۇتۇق بىر ھالەتتە لەيلەپ تۇراتتى ـ يۇ، يەنە ئارقىدىنلا رېئاللىقىمدا ئەسلا مەۋجۇت بولمىغان بىر مەۋھۇم نەرسىدەك، تۇغرىراقى، قارىسام كۆرۈنگىنى بىلەن بىر دەمدىن كېيىنلا تارقىلىپ كېتىدىغان تاماكا ئىسىدەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشتىن ۋاز كېچىپ كارىۋىتىمغا چىقىپ ياتتىم. نەدە بولسا بولمامدۇ؟ ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنى مېنىڭ قەلبىمدە ئەمەس.

ساھىبجامال سىرتقا چىقايلى، دېۋىدى، مىجەزىم يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم. بازارغا چىقىپ نېمە قىلىمەن؟ مەن مەھرۇم بولغان نەرسىنى بازاردا ساتمىسا ياۋ؟

ــ زۇبەيدە، سىز باشقىچىلا بولۇپ قاپسىز، راستىلا ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

ــ نەرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟ دوختۇرخانىغا بارايلىمۇ؟ ــ دېدى ئۇ كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا. ئۇنىڭغا كۆكرىكىمنى كۆرسىتىپ تۇ- رۇپ، «ماۋۇ يېرىم ئاغرىۋاتىدۇ» دېمەكچى بولدۇم ـ يۇ، يەنىلا:

ــ چوڭ ئىش يوق، يېتىپ ئارام ئالسام‍لا ياخشى بولۇپ كې- تىمەن، ــ دېدىم. ئۇ ماڭا مېھرىبانلىق نەزىرى بىلەن بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

ــ ھەرقانداق ئىش بولسا بەك ئىچىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ. ھاياتتىكى بەزى ئىشلارنى «ئەرزىمەيدۇ» دېگەن بىر ئېغىز سۆزگە يىغىنچاقلىيالىساقلا كۆڭلىمىز بىرئاز ئەمىن تېپىپ قالىدى- كەن، ــ دېدى ئۇ. مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم. ئەمما، بۇ كۈلۈمسىرىشىمنىڭ ھېچبىر چىرايلىق چىقمىغىنى ئۆزۈمگىمۇ ئايان ئىدى. ئادەمنىڭ قەلبى يىغلاۋاتقاندا ئۆزىنى كۈلكىگە مەج- بۇرلاشنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىش ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم.

ساھىبجامال چىقىپ كەتتى، مەن يالغۇز قالدىم، خۇددى ئازابقا چىلىنىشىپ تۇرغان بۇ دۇنيادا بىر ئۆزۈملا يەككە ـ يېگانە قالغاندەك. ئادەتتە دەم ئېلىش كۈنلىرى ئىككىمىز بىللە چىقىپ بازار ئايلىناتتۇق. ئەڭ كۆپ بارىدىغان يېرىمىز كىتابخانىلار ئىدى. ئۆرۈمچىدە دىسكو كۇلۇبى، رېستوران دېگەنلەرنى بىلمىگىنىمىز بىلەن، بىز بىلمەيدىغان كىتابخانا يوق ئىدى. بەزىدە مەكتەپ قىرائەتخانىسىدا ئىككىمىز تۈننى تاڭغا ئۇلىغان چاغلىرىمىزمۇ بولغان. بىزدەك ئائىلىسىدىن، ئېرىدىن ئايرىلىپ كەلگەن ئاياللارنى ئۇنداق ـ مۇنداق سورۇنلارغا، ئۇچرىشىشلارغا چىللايدىغانلار چىقىپ تۇراتتى. بىز ئۇلارنى تىللىمايتتۇق، سىلكىمەيتتۇق، ئەمما چىرايلىق گەپ ـ سۆزلەر ۋە كەسكىن ئىپادىلەر بىلەن رەت قىلاتتۇق. ساھىبجامال بەزىدە تولىمۇ قىزىقارلىق گەپلەرنى قىلاتتى.

— ماڭا قاراڭ، زۇبەيدە، — دەيتتى ئۇ، — بىرنەچچە ئەر توپلىشىپ تۇرغان بولسا، بىز ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتسەك، بىرەرىمۇ بىزگە دىققەت قىلمىسا، سىز بۇنى نورماللىق دەپ قارىمامسىز؟

— دىققەت قىلسا نېمە بولماقچى؟ يەنە بىر تالاي كۆڭۈل ئاغرىقى چىقار شۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنىم باشقىلارنىڭ ماڭا پەرۋاسىز قارىشى. بۇ مېنىڭ سېھرىي كۈچۈمنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىقىمدىن دېرەك بېرىدۇ. مەن ھەرۋاقىت ئۆزۈمنى ئەرلەرنىڭ دىققەت ـ نەزىرى ئىچىدە تۇرسام دەيمەن. بۇنى ھاياتنىڭ بىر قىزىقى دەپ قارىمامسىز؟

— ياق! مەن بۇنداق مۇشۇك بىلەن چاشقان ئويۇنى ئويناشتىن بىزار.

— ھەي، قارىغاندا، مەن ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بارلىق ئاجىزلىقلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ناچار ئايال بولسام كېرەك.

— ئۇنداق ئەمەس، ساھىبجامال، مەن سىزنى ياخشى كۆرد-

مەن. ناۋادا ئەر كىشى بولغان بولسام بۇ دۇنيادا سىزدىن باشقىغا قارىمايتتىم. سىزنى ئۆزىڭىز كۈتكەندىنمۇ ئاشۇرۇپراق سۆيەتتىم ۋە سىزنى سۆيگۈ زەنجىرى بىلەن ئۆزۈمگە مەھكەم باغلىۋېلىپ، باشقا ئەرگە نەزەر كۆزىنىمۇ سالماس قىلىۋېتەتتىم.

— ئەپسۇسكى، سىز ئەر كىشى ئەمەس ـ دە. ھەي، «يارىم ئۈچۈن تاياق يېدىم بىر مىڭ ئالتە يۈز، يەنە يېسەم شۇنچە يەرمەن جېنىم قارا كۆز» دېيەلەيدىغان ئەرلەر ھازىرمۇ بارمىدۇ؟

— ھازىر ئاشۇ تاياقنى ئەرلەر ئەمەس، بىز ئاياللار يەۋاتىمادۇق، — دېدىم مەن. ئۇ كۆزلىرىمگە قاراپ بىرھازا تۇرۇپ كەتتى، — ساھىبجامال، — دېدىم مەن، — بىز ئەرلەردىن ئەنە شۇنداق يېتۈك مۇھەببەتنى كۈتكەنگە ئوخشاش، ئۇلارمۇ بىزدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۈتىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى، تۇتۇرۇقسىزلىقى سىزنى يىرگەندۈرگەنگە ئوخشاشلا، سىزنىڭ ئەرلەرنى ئۆزىڭىزگە جەلپ قىلىشقا ئۇرۇنۇشىڭىزنىڭ ئۇلاردا كۈچلۈك نەپرەت قوزغايدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟

— زۇبەيدە، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ مېنى چۈشەنمەيدىغاندەك گەپ قىلىسىزغۇ. مەن ئۇلارنى ئۆزۈمگە جەلپ قىلىشقا ئۇرۇنمايمەن. ئەمما، سىزگە دېسەم، بەزى ئەرلەر ئاياللارنى ئۆندەككە كەلتۈرۈشنى ياشاشتىكى بىردىنبىر مەقسەت قىلىۋالغان. مەن دەل شۇنداق ئەرلەرنى رەت قىلغان چاغدىكى ھوزۇرنى بۇ دۇنيادا باشقا يەنە بىر نەرسىدىن ئالالىشىم ناتايىن. ئۇلار سىزگە تەلەپ قويۇپ يېلىنغىلى تۇرغاندا جاھاندىكى شېرىن گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى تۆكىدۇ، تۇرقى شۇنچىلىك بىچارە. ھەيران قالىسىز. ئەسلىدە بۇ گەپلەر ئۇلارنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى ئۆزىنىڭ ئۇتتەك سۆيۈگۈسىگە تەشنا بولۇپ تۇرغان ئاياللىرىغا دېيىشتىن ئېرىنىپ يىغىپ قويغان گەپلىرى. سىزدىن ئايرىلسام ياشىيالمايمەن دەيدۇ تېخى ھېلىلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىز بىلەن تونۇشماستىمۇ ياشاپ كەلگەن، بىز بولمىساقمۇ يەنە ياشاۋېرىدۇ. ئۇ گەپلەرنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئاڭلايمەن. قانچە-

لىك نەيرىڭى بار كۆرۈپ باقمامدىم؟ ئۇلارنىڭ رەت قىلىنغان
چاغدىكى ھالىتىنى كۆرسىڭىز تېخىمۇ ھەيران قالىسىز. ئابايا
تېخى سىزنى سۆيىمەن دېگەن ئەر رەت قىلىنىش بىلەنلا جۇۋد-
ىسىنى تەتۈر كىيىدۇ، بەزىلىرى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا سىزگە
تۆھمەت ئوقى ئاتىدۇ. ئەجەبا، ئۇلار نېمە دېسە بىز خوش - خوش
دەپ تۇرۇشىمىز كېرەكمۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئو-
يۇنچۇقى ئەمەسقۇ ئاخىر. شۇڭا دەيمەن، ئاياللار بىلەن ناتوغرا
مۇناسىۋەتتە بولۇشنىلا مەقسەت قىلىپ يېقىنلاشقان ئەرلەر مەي-
لى قانچە بىلىملىك، قانچە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر، ئەڭ رەزىل ئادەمدۇر. بۇنداق ئادەملەر ئۆزىنىمۇ،
ئۆزگىنىمۇ قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ. «مەن ئېرى بار ئايال» دېسە-
ڭىز، «مەن دەل ئېرى بار ئاياللارنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلار پا-
كىز» دەيدۇ. قاراڭ، شۇمۇ گەپمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئايالىغا يەنە بىر ئەر
شۇنداق دەپ سالسا ئۇلار قانداق قىلار؟ ئەسلىدە ئەركەك بولغاند-
كەن، باشقا بىرسىنىڭ ئىلكىدىكى ئايالغا يېقىن يولىماسلىقى،
بارلىق ئەرلەر بىر - بىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدىشى،
بىلىپ - بىلمەي تاپتىن چىقىۋاتقان ئاياللارنى ئۆز پەزىلىتى بىد-
لەن ھېيىقتۇرۇپ، توغرا يولغا باشلىشى كېرەك ئىدى.

— مۇشۇ كۈنلەردە ئىنسانشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىۋاتامسىز
ياكى گۇناھ تۇيغۇسىنىڭ چەك - چېگراسىنى ئايرىۋاتامسىز؟

— سىز مېنى بۇنداق قىلىشقا سالاھىيىتىڭ توشمايدۇ دېمەي-
دىغانسىز؟ مېنىڭمۇ بىر قېتىم ئازغىنىم راست. ناۋادا ئاشۇ ئاز-
دۇرغۇچى ئەر بولمىسا، مەن ئۆزۈمچىلا ئېزىپ قالارمىدىم؟

مەن ئۇنىڭ ئوچۇق - يورۇق مىجەزىنى ياقتۇراتتىم، بەزىدە
ئۇنىڭ بىر - بىرىگە پۇتۇنلەي زىت كېلىدىغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ
قايمۇقۇپلا قالاتتىم. بىر قارىسام، ئۇنى تولۇق چۈشىنىدىغاندەك،
يەنە بىر قارىسام، زادىلا چۈشەنمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. نې-
مىلا بولمىسۇن ئۇنىڭ گاھ تاغدىن، گاھ باغدىن سۆزلەشلىرى
ماڭا ھامان يېڭىلىق تۇيغۇسى بېرەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ياتاقداش

بولغىنىمدىن شۇنچىلىك مىننەتدار ئىدىم. ئىككىمىز ئۈچ يىللىق ئوقۇش ھاياتىمىزدا نۇرغۇن ئىشلارغا يولۇقتۇق، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بىرلىكتە ھەل قىلدۇق. نۇرغۇن تېمىلاردا مۇنازىرىلىشىپ، نۇرغۇن ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولدۇق. بەزىلەر بىر جۈپ كۆزى بىلەن قارىغان ئىشلارغا بىز ئەقىل كۆزىمىز بىلەن قاراشنى، ئۇدۇل نۇقتا بويىچىلا ئەمەس، بەلكى يايما شەكىلدە تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگەندۇق. شۇ جەرياندا مەن جەمئىيەتتىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقتىن خېلىلا چەتنەپ كەتكىنىنى، ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىن جىددىي قۇتقۇزۇلۇشقا موھتاج ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدىم. ئەمما، ئېرىمنى باشقا بىرسىنىڭ تارتىپ كېتىشىنى ئويلىماپتىمەن. ئەجەبا، ئېرىم ۋە مەنمۇ مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ ئىچىدە ئەمەسمىدۇق؟ ئەجەبا، ئاشۇ تەسىرلەرنىڭ بىزگە يۇقماي قېلىشى مۇمكىنمىدى؟ مەن بۇلارنى نېمىشقا بالدۇرراق ئويلىمىغاندىمەن؟ ئاھ، خۇدا، نېرى تۇر، بولمىغۇر خىياللار! ئەستا، نېمىشقىمۇ ساھىبجامال بىلەن بىللە چىقمىغاندىمەن، ئۇ رەنجىگەنمىدۇ؟ ئەمما، بۈگۈن راستلا سىرتقا چىققۇم يوق ئىدى. يالغۇز قېلىپ يا بىر كىتاب ئوقۇمىدىم ياكى بىرەر ئىش قىلمىدىم. كارىۋتىمغا چىقىپ كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇپ ياتتىم. قولۇمدا ھېلىقى كامانچە بار ئىدى. ئۇنى ئاپىرىپ بەرمىسەم ھېلىقى ئەر مۇزىكىسىنى چالالمايتتى. ئېلىپ بارسام... ئۇنىڭ نېرىسىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. سوكۇتلىرىم ۋاقىتتىن رەھىمسىزلىك بىلەن قىساس ئالماقتا، ۋاقىتنىڭ ھەربىر مىنۇت ـ سېكۇنتى بىردىن غەلىتە مەخلۇققا ئايلىنىپ قەلبىمنى غاجىلىماقتا ئىدى. «بارغىن» دەيتتى بىرسى ئۈنلۈك ئاۋازدا. «بارساڭ بولمايدۇ» دەيتتى يەنە بىر ئاۋاز. ئورنۇمدىن تۇرۇپلا ماڭماقچى بولاتتىم. ئەمما، كارىۋاتقا مىخلىنىپ قالغاندەك يەرگە چۈشەلمەيتتىم. ئاستا ـ ئاستا كەچ كىردى. بۈگۈننى ئۆتكۈزەلىسەملا ئەتە ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ دەپ ئويلايتتىم.

ساھىبجامال قايتىپ كەلدى. ئۇ ماڭا بىرمۇنچە نەرسىلەرنى



www.uyghurkitap.com

ئالغاچ كەپتۇ. ئۇ خۇددى ياتاقتىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇۋەتسە بولمايدىغاندەك يەڭگىل هالدا شىپىرلاپ ماڭاتتى، پەس ئاۋازدا سۆزلەيتتى. مەن ئۇنىڭ زورلاشلىرى بىلەن بىر تال بانان، بىر تال ئاپېلسىن يېدىم. ئۇ كارىۋىتىمنىڭ بېشىغا بىر كىتابنى قو-يۇپ قويدى. كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قارىسام «يېڭى هايات» دېگەن كىتاب ئىكەن. ئۇ قولىنى پېشانەمگە قويۇپلا چۆچۈگەن هالدا:

— ئوتتەك قىزىپ كېتىپسىزغۇ؟ ياتسام ئوڭشىلىپ كېتىمەن دېسىڭىز راستىمىكىن دەپتىمەن. چاپسان ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، دوختۇرخانىغا بارايلى، — دېدى.

— هېچ ئىش يوق، ئەتىلا ياخشى بولۇپ كېتىمەن، مەندىن ئەنسىرىمەڭ، — دېدىم. ئۇ ئۇنى دەپمۇ، بۇنى دەپمۇ مېنى كارىۋىتىمدىن تۇرغۇزالمىغاندىن كېيىن، ئارتۇق گەپ - سۆز قىلمايلا كارىۋىتىمغا چىقىپ مېنى مەهكەم قۇچاقلىدى. دوستلۇق مېھرىدە ئىللىغان قەلبىم ئاستا - ئاستا تىنچلىنىشقا باشلىدى.

ئەتىسى لېۋىمنى چىشلەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. چۈنكى، بۈگۈن مەكتەپتە دەرس باشلىناتتى. كۈنبويى ئالدىراشچىلىق ئىچىدىلا يۈردۈق. مەن گاراڭلىقتىن تېخىچە ئوڭشىلىپ كېتەلمىگەنىدىم. كىملەردۇر سالام قىلاتتى، ئەهۋال سورايتتى، مەنمۇ جاۋاب بېرەتتىم، كۈلۈمسىرىمەكچى بولاتتىم. ئەمما، جاۋىغايلىرىم تارتىشىپ قالاتتى، چۈنكى هەممىلا ئادەم مېنىڭ ئېرىم تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەنلىكىمنى بىلىدىغاندەك، ئۇلار مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، هېچكىمنىڭ چىرايىغا تىك قارىيالمايتتىم. هېلىقى كۆۋرۈك تامان بارغۇم كېلەتتى، چۈنكى ئۇ يەردىكى كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نەدە ياشايدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمىسەممۇ، گۈزەللىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ سۆيىدىغان تەبىئەتنىڭ ئەركە بالىسى مېنى ساقلاپ تۇراتتى. بىر ئادەمنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى هېس قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ كىشىگە مەلۇم تەسەللى ۋە ئارامچىلىق بېغىشلايدىكەن. ئەمما، بۇلار يالغۇزلۇقتا، غېرىبلىقتا پەيدا بولغان شۇنچىكىم بىر خىيال

www.uyghurkitap.com

ئىدىكى، بۇ خىياللار مېنى كۆۋرۈك يېنىغىلا ئېلىپ بارالىغىنى
بىلەن، كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىگە باشلاپ بارالمايتتى. كۆۋرۈكنىڭ
ئۇ تەرىپى مەن ئۈچۈن تولىمۇ مەۋھۇم بىر دۇنيا ئىدى.

ئۇنداق چۈشىنىكسىز دۇنيادا، چۈشىنىكسىز ئادەملەر ئارد-
ىسىدا يەنە قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇشۇمنى كىم بىلىدۇ؟

شۇنداق قىلىپ، بۇ كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مەن مەكتەپتىن
ئۇدۇل ياتىقىمغا قايتىپ كېلىپ، ساھىبجامالنىڭ سوئال نەزىرد-
ىدە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرغان هالدا يېتىپ قال-
دىم. يوتقىنىمنىڭ ئىچىدە هېلىقى كامانچە بار ئىدى. كامانچە
بىردە چوكا مۇزدەك سوغۇق ئېقىم تارقىتىپ مېنى مۇزلاتسا،
بىردە قىزىق تۆمۈردەك قولۇمنى كۆيدۈرۈپ، پۈتۈن بەدىنىمگە
ئىسسىق هارارەت بېرەتتى. دەرۋەقە، مەن گاھ قىزىپ - گاھ
سوۋۇپ ناهايىتى تەستە ئۇخلىدىم. كېچىسى بىر چۈش كۆرۈپتىد-
مەن، چۈشۈمدە ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ، كۆزلىرى ئولتۇ-
رۇشقان، ئورۇقلاپ كەتكەچكە بويى بۇرۇنقىدىن ئېگىز كۆرۈنۈپ
قالغان سۇلتان ئىككىمىز يانمۇيان مېڭىپ، باللارنى ئەكەلگىلى
بارىمىز دەپ كېتىۋاتقۇدەكمىز. قولۇمدىكى كامانچىنى ئۇنىڭدىن
يوشۇرۇپ بىر يەرلەرگە تىقىشتۇرغۇدەكمەن، ئۇ مەندىن پات - پات
«نېمە قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سورىغۇدەك. مەن «هېچ... هېچنې-
مە...» دەپ دۇدۇقلىغۇدەكمەن، ئۇ يەنە پەرۋاسىز مېڭىۋېرىپتۇ.
ئاخىر مەن يوشۇرۇۋېرىشتىن بىزار بولۇپ كامانچىنى ئوچۇقلا
كۆتۈرۈپ ماڭغۇدەكمەن، ئۇ مۇنداقلا قاراپ قويۇپ هېچنېمە دې-
مەپتۇدەك. مەن ئىچىمدە «هەي ناكەس، قولۇمدىكى نەرسىنى ئې-
لىپ سۇندۇرۇۋەتسەڭ بولمامدۇ؟» دېگۈدەكمەن. كېيىن يەنە ئۆ-
زۈمچە خىجىل بولۇپ كامانچىنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپتىد-
مەن. باللارنى ئېلىپ ئۆيگە ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن كاماد-
چىنى ئىزدەپ كەلسەم، يوشۇرۇپ قويغان يېرىمدىن تاپالمىغۇ-
دەكمەن، ئىزدەپتىمەن، ئىزدەپتىمەن، ئىزدەۋېرىپ هېرىپ چىد-
لىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ ئويغىنىپ كېتىپتىمەن. هېلىقى

كامانچە يەنىلا قولۇمدا تۇراتتى. چۈشۈمنى قايتا - قايتا ئويلاپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمىدىم. نەچچە كۈندىن بېرى سۇلتاننى ئويلاشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرگەنىدىم. ئەمما، چۈشۈمدە قاچۇرالمىدىم. ئۇ نېمىدەپ مېنىڭ چۈشۈمگە كىرىپ يۈرىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان كېتىۋاتقىنىمچۇ تېخى. بالىلىرىم قانداقراق تۇرۇۋاتقاندۇ؟ توۋا، چۈشۈمدە سۇلتاننىڭ چىرايىنى شۇنداق ئېنىق كۆردۈم. ئەمما، بالىلارنى ئەكەلگىلى بارىمىز دەپ ماڭغان تۇرۇقلۇق ئۇلارنى كۆرمەپتىمەن، نەدىن ئەكېلىدىغىنىمىزمۇ ئېنىق ئەمەس. بالىلارنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ كەلدىم دېگۈدەكمەن، ئەمما ئۆيىنىمۇ، بالىلىرىمنىمۇ كۆرمەپتىمەن. ئۆيۈمدىكى بىرەر مەنزىرە ياكى بالىلىرىمنىڭ چىرايى غىل - پال بولسىمۇ چۈشۈمدە زاھىر بولماپتۇ. بۇ زادى نېمە ئىش؟ بىردىنلا يۈرىكىمگە نەشتەر ئۇرۇلغاندەك بىئارام بولۇپ زادىلا چىدىيالمىدىم. «ئاھ، بالىلىرىم، نەچچە كۈندىن بېرى يۈرىكىمنى شۇنچە ئەزگىنى داداڭلارنىڭ ۋاپاسىزلىقىلا ئەمەس، بەلكى سىلەرگە بولغان سېغىنىش ئازابى ئىكەن ئەمەسمۇ. سىلەرنى بەك سېغىندىم. نېمىشقىمۇ سىلەرنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كەلمىگەندىمەن؟ سىلەرنى تاشلاپ كەتكەن ۋاپاسىزلىقىمنى كەچۈرەلەرسىلەرمۇ؟ قەلبىڭلاردىكى جاراھەتنى ساقايتماقتا يوق، تۆپىلەپ يەنە يارا قىلغان بىئەقىل ئاناڭلارنى سېغىنغانسىلەرمۇ؟ سىلەر ئۆزۈڭلەرنى بۇ يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان داداڭلار بىلەن ئاناڭلاردىن مۇشۇلارنى كۈتكەن بولغىيمىدىڭلار؟ سۇلتان، ۋاپاسىز ئەبلەخ! ئەمدى سېنى كەچۈرۈش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ماڭا قىلغان ساداقەتسىزلىكىڭ يەتمىگەندەك، ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدا چەكسىز ھىجران ئازابى پەيدا قىلدىڭ، شۇ تۈپەيلىدىنمۇ كەچۈرۈمدىن مەھرۇمسەن.»

مانا، يەنە تاڭ ئاتتى. روھىي ھالىتىم شۇنچىلىك ناچار، بەدىنىم دەرمانسىز. بىرسىنىڭ يول كۆرسىتىشىگە، ياردەم بېرىشىگە، كۆيۈنۈشىگە، تەسەللىسىگە شۇنچىلىك موھتاج ئىدىم. ئۆ-

www.uyghurkitap.com

زۇمنى تويۇقسىز يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك، بۇ دۇنيادىن كۆزۈم
قىيمىغان ھالدا ۋاقىتسىز خوشلىشىدىغاندەكلا ھېس قىلاتتىم.
يۈرىكىمدىكى ئۇسسۇزلۇق، ئېچىشىش، ئاغرىق ئازابى بارغانسېرى
كۈچەيمەكتە ئىدى. ئاھ، باللىرىم، دۇنيا تەرىپىدىن پۈتۈنلەي
ئۇنتۇلغان بىچارە ئاناڭلارنى سىلەرمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن ئوخشىـ
ـمامسىلەر؟ ياق، سىلەر ئۇنتۇمايسىلەر. پەقەت داداڭلار بىلەن
ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتىسىلەر. سىلەرـ
نى سېغىندىم، ئاجايىپ سېغىندىم. سىلەرنى كۆرمەيلا ئۆلۈپ
قالارمەنمۇ؟ يۈرىكىم، ئاھ، يۈرىكىم... لۆڭگىنى سوغۇق سۇغا
چىلاپ كۆكسۈمگە قويدۇم، ھېچ ئارام بېرىدىغاندەك ئەمەس، ئىدـ
ـچىمدىكى ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىشقا باشلىدى. مۈشتۈمۈم بىدـ
ـلەن كۆكرىكىمگە نەچچىنى ئۇردۇم. سوۋۇتۇلغان بىر بوتۇلكا
مىنېرال سۇنى بىر كۆتۈرۈشتىلا پاك ـ پاكىز ئىچىۋەتتىم.

قەلبى ئازابتىن ئۆرتەنسىمۇ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالـ
ـمىسىلا ئادەم ھەممىگە چىدايدىكەن، مانا، چۈشكىچە بولغان
ۋاقىتنى لېۋىمنى چىشلەپ تۇرۇپ ئۆتكۈزدۈم. مەن شۇندىلا
ۋاقىتنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئىشىنىشكە باشلىدىم. چۈنكى،
ۋاقىت ھەممىگە قادىر ئىدى. چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتنى بىر
ئاماللار بىلەن ئۆتكۈزەلىسەملا يېڭى بىر ئەتە باشلىناتتى. ئەتىكى
قۇياش ماڭا يەنە ئازابلارنى يەڭگۈدەك كۈچ بېرەتتى. شۇنداق قىدـ
ـلىپ، ھەممە ئاستا ـ ئاستا ئىزىغا چۈشەتتى. شۇ تەرزدە بەلكىم
قەلبىمدىكى جاراھەتلەر قاسراق تۇتۇپ، ساقىيىپ قېلىشىمۇ
مۇمكىن ئىدى. ناۋادا ئاشۇ جاراھەتلەرگە سۈركىگۈدەك بىر مەلـ
ـھەم بولغان بولسا قانداق ياخشى بولار ئىدى ـ ھە؟! ئۇ چاغدا
جاراھەت تېخىمۇ تېزرەك ساقايغان، مەنمۇ ئاغرىق ئازابىدىن بالـ
ـدۇرراق خالاس تاپقان بولاتتىم. ناۋادا سۇلتان، ماڭا مۇشۇ پەيتتە
بىر قېتىم تېلېفون قىلغان ياكى ئىزدەپ كەلگەن بولسا، بىرـ
مۇنچە تىللىۋالغان، ھارغۇچە ئۇرۇۋالغان بولسام، ئاندىن كەيـ
ـنىمگە بۇرۇلۇپلا چاقىرىشلىرىغا، ئەپۇ سوراپ يېلىنىشلىرىغا

پەرۋا قىلماي كېتىپ قالغان بولسام... ئاھ، خۇدا، يەنە نەدىن كەلدى بۇ بولمىغۇر خىياللار؟ مېنىڭ ئۇنى كۆرگۈم يوق، ئاۋازىنى ئاڭلىغىممۇ يوق. بىراق، قىزىم نازىلە بىلەن ئوغلۇم ئىمراننى شۇنچىلىك سېغىنىدىمكى، بىر ئانا ئۈچۈن پەرزەنتىنى سېغىنىش ئوتىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقانداق ئوتتىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدىم. باشقا ئوتتا يۈرەكلا كۆيسە، بۇ ئوتتا پۈتۈن بەدەن، تىرنىقىڭنىڭ ئۇچىدىن تارتىپ ھەربىر تال چېچىڭغىچە ھەممە يېرىڭ ۋاژىلداپ كۆيىدىكەن ئەمەسمۇ؟!

چۈشتىن كېيىن دەرس يوق ئىدى. شۇڭا، كارىۋىتىمغا چىقىپ كۆزلىرىمنى چىڭڭىدە يۇمۇپ ياتتىم.

— زۇبەيدە، مەن سىزگە شېئىر ئوقۇپ بېرەي، — دېدى ساھىبجامال. مەن كۆزلىرىمنى ئاچماي تۇرۇپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۇ دائىم ماڭا شېئىر ئوقۇپ بېرەتتى. مەن ئەڭ ياخشى ئاڭلىغۇچى ئىدىم. ئۇ ئادەتتە ئۆزى يازغان كىچىككىنە بىر پارچە نەسرىگىمۇ ئەڭ ئالدى بىلەن مېنىڭ پىكرىمنى ئالاتتى.

— سىز دېگەن مېنىڭ تۇنجى ئوقۇرمىنىم، شۇڭا ماڭا ئەستايىدىل پىكىر بېرىشىڭىز كېرەك، — دەپ تۇرۇۋالاتتى. مەنمۇ ئۆز قاراشلىرىمنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايتتىم، — سىزنىڭ كۆزىڭىز بەكلا ئۆتكۈر، مەن بىخەستەلىك قىلغان كىچىككىنە يەرنىمۇ سىز دەرھال بايقىۋالىسىز، — دەيتتى ئۇ. يەنە بەزىدە، — يائاللا، زۇبەيدە، سىز نېمىشقا يازمايسىز؟ مۇشۇ ئۆتكۈر كاللىڭىز بىلەن قولىڭىزغا قەلەم ئالىدىغانلا بولسىڭىز كاتتا ئەسەرلەرنى يازالايتتىڭىز، — دەيتتى.

— يېزىقچىلىق دېگەن قىلىمەن دەپلا قىلىپ كەتكىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. ئاللا ماڭا ئىشتىياقنى بەرگەن بىلەن ماھارەتنى بەرمىگەنىكەن. يەنىلا سىز يېزىڭ، مەن ئەڭ ياخشى ئوقۇرمەن بولاي، — دېسەم، ئۇ تەرسالىق بىلەن:

— ئۇنداق دېمەڭە جېنىم، ئىككىلىمىز تەڭ يازايلىچۇ، —

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دەپ تۇرۇۋالاتتى. مەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھەممە ئادەم يېزىپ كەتسە، ئۇنى ئوقۇغىلى ئادەم چىقمىسا، بۇ بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولمامدۇ؟ — دېسەم، ئۇ يەنە:

— ھامان بىر كۈنى ئىچكى دۇنيايىڭىز ماگمىدەك پارتلاپ چىقىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا يازمىغىنىڭىزنى مەن بىر كۆرەي، — دەيتتى. مەن جاۋابەن كۈلۈپلا قوياتتىم، خاتىرەمگە كۆڭۈل سىر-لىرىمنى ئانچە - مۇنچە پۈتۈپ قويغىنىم بىلەن، يازغۇچى بولا-مايدىغانلىقىم كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى. مەن يېزىقچىلىقتىن ئىبا-رەت بۇ شەرەپلىك ھەم ئېغىر مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىد-قالمايتتىم. ئىچىمدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىغىنىم بىلەن، قولۇمغا قەلەم ئالسالا قەلىمىم تىلىمغا ئوخشاشلا ئېغىرلىشىپ كېتەتتى. شۇڭا، «ئالتۇننى يەنىلا زەرگەر سوقسۇن» دەپ يېزىش-قا كۆچمەي، ساھىبجامالنىڭ يازغىنىدىن، ئوقۇپ بەرگەنلىرى-دىن ھوزۇر ئالاتتىم. ساھىبجامال بۈگۈن ماڭا ئالدى بىلەن رۇ-سىيەنىڭ ئاتاقلىق شائىرى پۇشكىننىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى:

ئەگەر ھايات ئالدىسا سېنى،
ھەسرەت چەكمە، بولما پەرىشان.
تىنچلانماق لازىم قايغۇدا،
قۇۋناق كۈنلەر كېلىدۇ ھامان.

مەڭگۈ ئالغا تەلپۈنەر يۈرەك،
رازى بولماس بۈگۈندىن ئىنسان.
ئۆتۈپ كېتەر ھەممە بىر پەستە،
ئۆتكەنلىرى بولۇر قەدىردان.

پۇشكىن بۇ شېئىرنى خۇددى ماڭىلا ئاتاپ يازغاندەك، بۈگۈن-نى بىر ئاماللار بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتەلىسەملا ئەتەم تولىمۇ گۈزەل بولىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە يېنىك تىن ئالدىم. شې-

ئىرنىڭ سېھرىي كۈچى مېنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋال-
دى. شېئىر ئەسلىدە يارا ئېغىزىدىن پورەكلەپ ئېچىلغان گۈل،
كۆلكە ئىچىدىن تۆكۈلگەن كۆز ياش، يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ
چىققان ناخشا، جىمجىتلىق قوينىدىن ئېتىلىپ چىققان ۋۇلقان،
غوۋغالار ئىچىدىكى سۈكۈتلەرنىڭ يېنىككىنە پىچىرلىشى، ئەبە-
دىي ئۇزۇلمەس كۆيىنىڭ يارقىن شىۋىرلىشى ئىكەن ئەمەسمۇ.
بۇلارنى ھېس قىلغانسېرى قەلبىم شېئىرغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ
كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ساھىبجامال:
— ئەمدى مەن سىزگە يېقىندا يازغان «ئاخىرقى سۆيگۈ» دې-
گەن شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرەي، — دېدى ۋە پەقەت شېئىر ئو-
قۇش ئۈچۈنلا يارالغاندەك يېقىملىق ھەم يۈرەكلەرگە بىۋاستە
تېگىدىغان تىترەك ئاۋازى بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىشنى
داۋاملاشتۇردى:

مەن ساڭا قەرزدار بولغاندەك گويا،
سەن يەنە بىرىگە قەرزدار بەلكىم.
ھاياتتا ھېچكىمگە ئەگمىگەن بېشىڭ،
سۆيگۈگە ئاسانلا بولىدۇ تەسلىم.

سۆيگۈ گاھ داپ قىلىپ چالىدۇ سېنى،
گاھىدا ھاپ قىلىپ يۇتىدۇ پۈتۈن.
قۇياشتەك چاقناتسا بەخت كۆكىدە،
گاھىدا مېڭەڭدىن چىقىرار تۈتۈن.

ھەممىدىن بىراقلا كەچمەك بولىسەن،
ۋە لېكىن كېچەلمەي يەنە ئاۋارە...
ۋىسالدىن ئۇزاقتۇر ھىجران دەملىرى،
شۇ سەۋەب يۈرىكىڭ بولار سەدپارە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەن ئادرېسى

بېرەلمەي سۆيگۈگە ئېنىق بىر تەرىپ،
مېڭەڭنى مىڭ خىيال ئالدۇ ئوراپ.
سۆيۈلۈپ سۆيەلمەي، سۆيسەڭ سۆيۈلمەي،
ھاياتىڭ تۈگىشەر ئاشۇنداق خوراپ.

ھەلقۇمغا كەلگەندە ئاخىرقى تىنىق،
قەلبىڭنى تىلغايدۇ ھەسرەتلىك پىراق.
يادلايسەن بىرىنى ئاستا پىچىرلاپ،
كېچىكىپ قالىسەن ئۇ چاغدا بىراق...

شۇ چاغدا چۈشىنىپ يېتىسەن ئاخىر،
سۆيگۈنىڭ نىمىلەر ئىكەنلىكىنى.
كۆزۈڭنى يۇمدۇرۇپ قويار ئەزرائىل،
ئالدىراپ ھەممىنى كېپەنلىگىلى.

شېئىر ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرۈپ، قەلبىمنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. بىردىنلا قەلب دېڭىزىمدا شىددەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلدى، شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە جىمجىتقىنا لەيلەپ كېتىۋاتقان ئاجىز قولۋىقىم بىرلا دولقۇن بىلەن سۇ ئاستىغا غەرق بولدى. كۆز يامغۇرىدەك تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىم ئالدىدا پۈتۈنلەي چارىسىز قالدىم. ئالىقانلىرىم بىلەن يۈزۈمنى توسۇۋغان پېتى ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتىم. ساھىبجامال چۆچۈپ ماڭا قارىدى. مەن چاقماق تېزلىكىدە ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. يوتقىنىمنى ئارىسىدىن كامانچىنى ئېلىپ، ساھىبجامالنىڭ ھەيرانلىق بىلەن قاراشلىرىنى كەينىمدە قالدۇرۇپ ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم. مەن تۇرۇۋاتقان بۇ بىنادا لىفىت يوق ئىدى، ئۆپكەم بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ قالغاندەك ھاسىراپ، دېمىمنى ئالالماي ۋاتقىنىمغا قارىماستىن يەتتىنچى قەۋەتتىن پەسكە قاراپ يۈگۈردۈم. ئادەتتە تاكسى ئۇزۇلمەيدىغان بۇ يولدا نەچچە مىنۇتقىچە بىرمۇ تاكسى

كەلمەي بەكلا جىلە بولدۇم. ئىنساننىڭ ھاياتىدا مۇشۇنداق كۈ-
تۈشلەردىن قانچىسى بولىدىغاندۇ؟ ئاخىر كۈتۈشلىرىمگە خاتىمە
بېرىپ يېتىپ كەلگەن بىر تاكسىغا ئولتۇرۇپ كۆۋرۈكنى ئىز-
شانلاپ ماڭدىم. نېمىدېگەن ئۇزۇن يول بۇ؟ نېمانداق تولا يانىدىغان
سېرىق - قىزىل چىراغلار بۇ؟ نېمىدېگەن كۆپ ماشىنىلار بۇ؟
ئاخىر ماشىنىدىن چۈشۈپ قىزىل چىراغقا پەرۋا قىلماستىن
كۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم. قۇياش ماڭا جەڭ ئېلان قى-
لىۋاتقاندەك تېز سۈرئەتتە تاغ كەينىگە چۆكمەكتە ئىدى. ئەنە،
مەن كۆۋرۈكنى كۆردۈم. كۆۋرۈككە يېقىنلاشتىم. پەلەمپەيلەرگە
قەدەم قويدۇم، كۆۋرۈكنىڭ ھېلىقى ئايلانمىسىغىچە كەلدىم. ئەم-
ما، ئۇ يەر قۇپقۇرۇق تۇراتتى. ئەزەلدىن ئۇ يەرگە بىرەر ئادەم
كېلىپ باقمىغاندەكلا ئىدى. بەلكىم كەلگەندۇ، لېكىن تاش پە-
لەمپەيدە ھېچقانداق ئىزنا يوق ئىدى، كۆز ياشلىرىم يەنە تاراملاپ
تۆكۈلۈشكە باشلىدى. مەن نېمىگە شۇنچە ئالدىرىغان بولغىيدىم؟
ئۇ مېنى ساقلايمەن دېگەنمىدى؟ ئۇ ماڭا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قى-
لىپ باقمىغان تۇرسا، نەدە يۈرۈپ ماڭا ساقلايمەن دەپ ۋەدە بەر-
گۈدەك؟ بەلكىم مەن خاتا چۈشىنىپ قالغاندىمەن، بەلكىم تۇيغۇ-
لىرىم مېنى ئالداپ قويغاندۇ، بەلكىم ھەممىسى مېنىڭ چۈشلە-
رىمدۇ، بەلكىم مەن بۇ يەردە ھېچكىمنى ئۈچرىتىپ باقمىغاندى-
مەن...

بىرسى بىلىكىمنى يېنىك تارتقاندەك قىلدى، قارىسام، ھېلى-
قى فوتوگراف ئىكەن.

— ئۇ كەتتى، — دېدى ئۇ، — ئۇ بۇ يەردە سىزنى تۈپتوغرا
ئۈچ كۈن ساقلىدى، كەلمەيدىغانلىقىڭىزغا كۆزى يەتتى بولغاي،
ئاخىر كېتىپ قالدى.

دېمەك، ئۇ كېتىپتۇ - دە، بىز بۇ كۆۋرۈك بېشىدىنلا ئەمەس،
بۇ دۇنيادىنمۇ بىر - بىرلەپ كېتىمىزغۇ ئاخىر.

— ئۇ نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدىم فوتوگرافتىن.

— بىلمەيمەن، ئۇ بۇنى سىزگە قالدۇرۇپ قويدى.

فوتوگراف شۇنداق دېگەچ ماڭا بىر ئىسكىرىپكىنى ئۇزارتتى، بۇ ھېلىقى ئەر چالغان ئىسكىرىپكا ئىدى.

— ئۇ قاچان كەتتى؟ — دەپ سورىدىم پەس ئاۋازدا.

— بەش مىنۇت بولدىمىكىن، بەلكىم ئۇنچىلىكمۇ بولمىغاندۇ.

مەن ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدىم، بەش مىنۇت ئىچىدە ھەممە ئۆزگەرگەنىدى. ئۇ ئەر يىراق بىر جايدىن ماڭا قاراپ قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاپ كەلگەنۇ، ئاشۇ رەھىمسىز بەش مىنۇت ئىككىمىزنى ئۇچرىشىشتىن مەھرۇم قىلغان، مەن شۇنچە تېز يۈگۈرگەن بولسامىمۇ يەنىلا كېچىكىپ قالغان، پەقەت بەش مىنۇتلا... قەلبلەرنىڭ ئارىلىقى شۇنچىلىك بولغىيمىدى؟ فوتوگرافمۇ كەتتى، مەن يامغۇر ياغقان ھېلىقى كۈنى ئۇ مېنى ساقلاپ ئولتۇرغان پەلەمپەيگە كېلىپ ئولتۇردۇم. بايىلا تېخى بىر ئەر مېنى مۇشۇ يەردە تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى، ئەمدى ئۇ كېتىپ قالدى. بەلكىم بۇ شەھەردىنمۇ كېتىشى مۇمكىن.

ئاستا ـ ئاستا گۈگۈم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىدى. ئەتراپىمنى ئوراۋاتقىنى قاراڭغۇلۇق ئەمەس، بەلكى ئۇ چالغان مۇزىكىلارنىڭ يېقىملىق مېلودىيەلىرى ئىدى. شۇ تاپتا مۇزىكا ماڭا كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان نەرسىدەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ماڭا غۇۋا ئەسلىمە، يارقىن مۇزىكا، نەپىس ئىسكىرىپكىنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. شۇ ھامان ياتاقتا ساھىبجامال شېئىر ئوقۇۋاتقاندا كامانچىنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرەي، مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئۇ مۇزىكىسىنى چالالماي قالسا ئېچىنىشلىق ئىش بولىدۇ، نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كامانچىنى ئۇنىڭغا چوقۇم ئاپىرىپ بېرەي... دەپ ئويلىغىنىم ئېسىمگە كەلدى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ مەندىن چاققان چىققاندى. كېچىشكە تېگىشلىك نەرسىدىن دەل ۋاقتىدا كېچىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر سەنئەت بولسا كېرەك. دېمەك، ئۇ كەتتى، كەتكىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. بىراق، ئۇ شۇ مېڭىشىدا مۇھەببەتتىن زادى قانچىلىك يىراقلاپ

كېتەلەر ـ ھە؟ مەن ئاستا شىۋىرلاپ ئۇنىڭغا ئاقىول تىلىدىم.

كېتىدىغانلار كەتتى، كېچىدىغانلار كەچتى، مەن يەنە تەنھا
قالدىم. ئۆتكەن ئىشلار ئۇچۇن قانچىلىك قايغۇرۇشۇمدىن، قاز-
چىلىك داد ـ پەرياد چېكىشىمدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا ياشىشىم
كېرەك ئىدى. چۈنكى، مەن بەزىدە زىرە، قارىمۇچلىرى ئوبدان
تېتىغان كاۋاپتەك تەملىك بىلىنسە، بەزىدە قىزىلمۇچتەك ئاچ-
چىق تېتىيدىغان، بەزىدە سۆيگەن ئادىمىڭ ئېيتقان مۇڭلۇق مۇ-
ھەببەت لىرىكىسىدەك يېقىملىق تۇيغۇ ئاتا قىلسا، بەزىدە قەبرە
تەزكىرىسىدەك دىلىڭنى ئېزىدىغان، تۇرلۇك ـ تۇمەن سەۋدالارغا
تولغان بۇ ھاياتنى يەنىلا ئىنتايىن قىزغىن سۆيەتتىم. ۋاپاسىز
يارنىڭ كۆزىدەك مېھىرسىز، ئەمما ئوتى يامان بۇ دۇنيادىن يەنىلا
كېچەلمەيتتىم. ئەتراپىمدا «قۇتقۇزۇش» دېگەن مۇزىكا بىمالال
لەيلەپ تۇراتتى. ئۇ مۇزىكا گاھ تىكەنلىك، گاھ يۇمران قوللىرى
بىلەن يۇرىكىمنى سىلاشقا باشلىدى. قۇلىقىمغا «ئازاب ئىسكەن-
جىسىدىن قۇتۇلماقنى ئىستىسەڭ ئۆزۈڭگە، يەنىلا ئۆزۈڭگە، ئەڭ
ئاخىرىدىمۇ پەقەت ئۆزۈڭگىلا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ» دەپ پىچ-
چىرلايتتى. مەن ئاخىر ئۆزۈمگە ئۆزۈم غەيرەت بېرىپ، ئاستا
ئورنۇمدىن تۇرۇپ ياتىقىمغا قاراپ ماڭدىم. چۈنكى، بۇ كېچىنى،
بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمنى بۇ كۆۋرۈك ئۈستىدە ئۆتكۈزەل-
مەيتتىم. مەن يەنىلا بىر ياتاققا، تۇرالغۇغا، مۇنداقچە ئېيتقاندا،
مېنى باغرىغا سىغدۇرۇپ كېتەلىگۈدەك بىر ماكانغا موھتاج ئىد-
دىم. توۋا دەيمەن، ئادەم بۇ ھاياتىدا ئۆزىمۇ بىلىپ ـ بىلمەي نې-
مىدېگەن كۆپ نەرسىلەرگە موھتاج بولىدۇ ـ ھە؟ تېخى نەچچە
كۈنلەر ئىلگىرى سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشكە موھتاج بولغانىدىم.
دەرۋەقە، ھەرقانداق ئادەم بۇ دۇنيادا سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ئېھتى-
ياجى بىلەن ياشايدۇ، ئەزبىرايى خۇدا، ئادەمنىڭ ھەر ئىككىلى-
سىدىن ئايرىلغان كۈنى دەل ئۇنىڭ مەھشەر كۈنى بولىدۇ. يەنە
نەچچە كۈن ئىلگىرى تەسۋىرلىگۈسىز چوڭقۇر نەپرەت قاينىمى
ئىچىدە ئۇنى يەڭگۈدەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە موھتاج بولغانىدىم. تې-

www.uyghurkitap.com

خى قايسى كۈنىلا ئەنە ئاشۇنداق تۇيغۇلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە يا-
شايتتىم. مانا ئەمدى ئۆزۈم سىغقۇدەك كىچىككىنە بىر ماكانغا
موھتاج بولۇۋاتىمەن. دەل مۇشۇ موھتاجلىق مېنى سۆرەپ كې-
تىۋاتماقتا، ۋاقتىنىڭ قانچە بولۇپ كەتكىنىنى، قايسى يوللارنى
بېسىپ قەيەرگە ماڭغىنىمنى بىلمەيتتىم. پەقەت كوچا چىراغلى-
رىنىڭ نۇرلىرىغا يېقىنلىشىش، ئۇدۇللىشىش، يىراقلىشىش
داۋامىدا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سايەمگە قارىغان ھالدا كېتىۋاتات-
تىم. سايەم بىردە ئالدىمدا ئۇزىراپ يىراقلارغىچە تاشلىنىپ
تۇرسا، بىردە پۇتلىرىم ئاستىغىلا چۈشۈپ قالاتتى، بىردە كەي-
نىمگە ئۆتۈپ كېتەتتى، بىردەمدىن كېيىنلا يەنە ئالدىمدا پەيدا
بولاتتى. سايە بىلەن ئازاب بىر - بىرىگە نەقەدەر ئوخشىشىدۇ -
ھە؟ سەن مەيلى قۇياش نۇرى ۋە ياكى چىراغ نۇرى ئاستىدا بول،
ھاياتلا بولساڭ سايە بىلەن ئازابتىن ئىبارەت بۇ ئىككى نەرسە
سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايدىكەن. شۇلارنى ئويلاپ كېتىۋاتىمەن.
بىر چاغدا ئۆزۈمنىڭ خەلق مەيدانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىمنى
سېزىپ، نەچچە كۈن ئاۋۋال قەلبىمدىكى كونا ئاغرىقنى قايتىدىن
قوزغىغان ھېلىقى سۈرەتنى ئىزدىدىم. ئەنە، قىز ئاجايىپ بىر
تەشنالىق بىلەن بويىنىنى سوزغان پېتى يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە
تەلمۈرگەن، ئەمما يىگىتنىڭ خىيالچان كۆزلىرى باشقا بىر نۇق-
تىغا تىكىلگەن، ئۇ كۆزلەردە تەسۋىرلەش قىيىن بولغان بىر خىل
تەشنالىق ئوتى يېلىنجاپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۇچقۇنلارنىڭ تېگىدە باشقا
بىر قىزنىڭ سىيماسى ئېنىقلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. رەسىمدىكى
قىز بۇلارنى بىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزى سەۋدايىلارچە ئاشىق
بولغان ئاشۇ تۇتۇرۇقسىز يىگىتكە پۇتۇنلەي ئىشىنىپ كەتكەن
ھەم ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتىۋەتكەن... مەن مۇڭلانغان ھالدا كۆزلى-
رىمنى يۇمدۇم. ئىككى تامچە ياش مەڭزىمنى بويلاپ پەسكە سىر-
غىدى. بارماقلىرىمنىڭ ئۇچى بىلەن يېشىمنى سۈرتۈۋېتىپ
ئەتراپقا قارىدىم. ئاپايا مۇشۇ يەردە ماشىنا توسۇلۇپ قالغاچقا،
ماشىنىغا پەرۋا قىلماي يەرگە چۈشۈپ بۇ يەردىن يۈگۈرۈپ ئۆت-

كىنىم ئېسىمگە كەلدى. تۇرۇپلا ھەيران قالدىم. نېمىگە شۇنچە
ئالدىرىغان بولغىيدىم؟ ھېلىقى ئەر بىلەن كۆرۈشكىلىمۇ؟ كۆ-
رۈشسەممۇ ئاقىۋىتى قانداق بولماقچىدى؟ مەن ھاياتىمدىن مۇ-
قەددەس بىلىدىغان ئەقىدەمدىن كېچىپ ئاشۇ ئەر بىلەن كېتەر-
مىدىم؟ مەن شۇنچىۋالا يەڭگىلتەك ھەم ئەخمەقمىدىم؟ ئۇنىڭغا
كامانچىنى ياندۇرۇپ بېرىپ، شاققىدە كەينىمگە بۇرۇلۇپلا قايتىپ
كېلىش مۇمكىنچىلىكىم يوقمىدى؟ نەچچە يىللاردىن بېرى زو-
رۇقۇپ، ئەجىر قىلىپ قۇرغان ئائىلەمنى ئېرىمنىڭ ۋاپاسىزلىقى
تۈپەيلىدىنلا كۇمپەيكۇم قىلىۋەتسەم قانداق بولغىنى؟ مەن بۇ ئا-
ئىلىنى پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا قۇرغانمۇ؟ ناۋادا بۇ تەقدىرنىڭ
ماڭا قويغان سىنىقى بولسىچۇ؟ مەن مانا مۇشۇنداق ھالىقىلىق
پەيتتە نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىقنى بېكىتەلمەي تۈيۈق
يولغا كىرىپ كەتسەم، ئازغۇن ئېرىمدىن نېمە پەرقىم قالىدۇ؟
ئېرىم بۇزۇلدى دەپلا مەنمۇ بۇزۇلۇشۇم كېرەكمۇ؟ ئادەم بۇ دۇنيادا
شۇنىڭ ئۈچۈنلا ياشامدۇ؟ ئۇنداقتا مېنىڭ ھاياتىم، مۇھەببەت ـ نەپ-
رىتىم خاسلىقىنى تامامەن يوقاتقان بولامدۇ؟ ئېرىمدىن قىساس
ئېلىش ئۈچۈن ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرىپ، بىردەملىك ھېس-
سىياتقا ئەسىر بولۇپ بەختىمنى تاپقانمۇ بولاي، ئۇ چاغدا ئىككى
بالام قانداق قىلىدۇ؟ «ئانا» دېگەن بۇ مۇبارەك نامنىڭ ئۇلۇغلۇقى
نەدە قالىدۇ؟ ئايال ئۆلۈمدىن ئاچچىق تولغاق ئازابىنى يېڭىپ،
يىلىكتىن ئايرىلىپ چىققان ئاپپاق سۈتى ئارقىلىق ئىنساننى قا-
تارغا قوشالىغانلىقى ئۈچۈنلا «ئانا» دېگەن شەرەپكە نائىل بولالاي-
دۇ ئەمەسمۇ؟! ئانا ــ مۇھەببەتنىڭ پەرۋىشكارى، ئانا ــ سەۋر ـ
تاقەتنىڭ مۇجەسسىمى. پەقەت ئانىلارلا دۇنياغا ئەپۇ قىلىش ۋە
ئۈمىد نەزىرى بىلەن قارىيالايدۇ. ئاھ، خۇدا! مەن نەچچە كۈندىن
بېرى قانداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلىپ، قانداق بولمىغۇر
يوللاردا مېڭىپ كەتتىم ـ ھە؟ ئابايا مەن ئاسىي خىيالنىڭ قولى
بولۇپ مۇشۇ يولدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، بۇ يوللار قانداقچە
بىر يىلانغا ئايلىنىپ مېنى چېقىپ ئۆلتۈرمىگەندۇ؟ قانداقچە

ئىستولىبلار بېشىمغا ئۆرۈلۈپ مېنى يەرگە چاپلىۋەتمىگەندۇ؟ تەقدىر مېنى سىناش ئۈچۈن ئەڭ ھالقىلىق پەيتتە ھېلىقى ئەرنى مېنىڭ يولۇمغا ئەتەي ئورۇنلاشتۇرغان ۋە يەنە ئۇنى ئاستا يولغا سېلىۋەتكەندى. مەن قەلبىمنىڭ ئىچكى جاراھىتىگە سىرتتىن مەلھەم ئىزدەيدىغان شۇنچىۋالا توتۇرۇقسىز ئايالمۇ؟ ئۇ سىناقتىن راستلا ئۆتەلمەس بولغىيمىدىم؟ باللىرىم، جانجىگەرلىرىم، مېنى كەچۈرۈڭلار! بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. سىلەر ئۈچۈن، پەقەت سىلەر ئۈچۈنلا مەن ھەممىگە چىدايمەن. سۇلتان، ئاڭلاپ تۇر! سەن مېنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىشىمدىكى بىردىنبىر سەۋەب ئەمەس، مەن سەن بولمىساڭمۇ ياشاۋېرىمەن. ئەمما، ماڭا باللىرىم بولمىسا ھەرگىز بولمايدۇ، مەن ئۇلاردىن ئايرىلالمايمەن. ئۇلارنى قاتارغا قوشۇش، ھەقىقىي ئادەم قىلىپ تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتىمدىن كېچەلمەيمەن. سەن ئالا كۆڭۈللۈك قىلغىنىڭ ئۈچۈنلا مەنمۇ قىڭغىر دەسسەيدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. چۈنكى، سەن ئۆز ھاياتىڭنى ياشىغىنىڭدەك، مەنمۇ ئۆزۈمگە تەئەللۇق ھاياتىمنى ياشايمەن. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەم ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېرەلىشى مۇمكىن. ئەمما، ھەرگىزمۇ بىر ئادەم يەنە بىر ئادەم ئۈچۈن ياشاپ بېرەلمەيدۇ. تېگىشلىك ھايات يولىنى ھەممە ئادەم ئۆزى باسىدۇ. ئۆزىنىڭ ھايات نىشانىنى باشقىلارنىڭ ماڭغان يولىغا قاراپ بېكىتىش ۋە ئۆزگەرتىش تولىمۇ ئەخمىقانىلىك ئەمەسمۇ؟

— زۇبەيدە، زۇبەيدە، — بىرسىنىڭ ئەنسىزلىك بىلەن چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ شىپپىدە توختىدىم، — خۇداغا شۈكۈر، ئاخىر كەلدىڭىز، ھەممىمىزنى شۇنداق ئەنسىرەتتىڭىز، سىزنى ئىزدەپ پۈتكۈل ئورۇمچىنى قېزىۋەتتۇق.

بۇ ساھىبجامالنىڭ ئاۋازى ئىدى، مەن ئۇنىڭ «ھەممىمىز» دېگەن گېپىدىن تولىمۇ ھەيران بولۇپ، بورۇلۇپلا ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئادەمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. مەن

ساھىبجامالنى كۆرۈشنى ئويلىغان، ئەمما ئۇ كىشىنى بۇ يەردە كۆرەرمەن دەپ ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن، توغرىراقى، ئۇنى بىر مەھەل، ھەتتا پۈتۈن بىر ئۆمۈر كۆرمىسەم دەيتتىم. بىراق، ئۇ كۆز ئالدىمدىلا تۇراتتى. ئۇ نېمىدەپ كەلگەندۇ؟ ئۇ كېلىشتىن ئەيمەنمىگەن بىلەن مەن ئۇنى كۆرۈشتىن يىرگىنىمەن، ئەڭ ياخشىسى مەن كېتەي! مەن بۇرۇلۇپلا يۈگۈردۈم. شۇ دەقىقىدە:

— ئانا! — دەپ چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇنىڭ غىچە قارشى تەرەپتىن تېز سۈرئەتتە كېلىۋاتقان ماشىنىنىڭ دەھشەتلىك چىرقىرىغان تورمۇز ئاۋازى ھەممىنى بېسىپ كەتتى. مەن «باللىرىم» دەپ ۋارقىراشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا قاتتىق يىقىلدىم. قولۇمدىكى ئىسكىرىپكىنىڭ تاراڭشىپ يەرگە چۈشكەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئېنىقكى، ئۇ چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى. ھاياتىم شۇنچىلىكلا بولغىيمىدى؟ خەيرىيەت، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ بولسا كۆرمەي ئىلاج يوق. شۇغىنىسى باللىرىم ئانىسىز قالىدىغان بولدى. ئاھ، بىچارىلەر!... ئەجەب ئىش، ماشىنا خېلىلا قاتتىق سوققاندەك قىلىۋىدى، سېزىملىرىم يەنە نورمالغۇ. مەن يەنە نەچچە دەقىقە كۈتتۈم، ھېچبىر ئۆزگىرىش يوق. ساھىبجامالنىڭ :

— زۇبەيدە، سۇلتان، يارىلانمىغانسىلەر؟ — دېگەن ئاۋازىنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىدىم. ئارقىدىنلا باللىرىمنىڭ:

— دادا، ئانا، كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار! — دېگەن ئەلەملىك ئاۋازىنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدىلا ھەيرانلىق ئىلكىدە كۆزۈمنى ئاچتىم. ئۆزۈمنىڭ تېخى ئۆلمىگەنلىكىمنى، قان ئىچىدە ئەمەس، بەلكى بىرسىنىڭ قۇچىقىدا يېتىۋاتقىنىمنى بىلىپ ھەيران قالدىم. ساھىبجامال بىلەن باللار كېلىپ بىزنى يۆلەپ يولنىڭ چېتىگە ئېلىپ چىقتى. شۇ چاغدا بىلدىمكى، مەن سۇلتاندىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈگۈرۈپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغىلا چىقىپ قاپتىمەن. ماشىنا ماڭا يېقىنلاپ كەلگەن، باللىرىم قورقۇپ مېنى چاقىرغان ئاشۇ جىددىي پەيتتە سۇلتان چاققانلىق بىلەن يۈگۈرۈپ كې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىپ، مېنى قۇچاقلاپلا ئۆزىنى چەتكە ئاتقانىكەن، تەلىيىمىزگە ھەر ئىككىلىمىزنىڭ بىلەكلىرىمىز، پۇتلىرىمىز سىيرىلىپ كەتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەنسىرىگۈدەك چوڭ ئىش بولمىغاندى. بالىلىرىمىنىڭ كۆزلىرىدە ياش، ئۇلار مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى. مەنمۇ ئۇلارنى مەھكەم قۇچاقلىدىم، ھېچقايسىمىز بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدۇق. كۆرۈۋاتقانلىرىمىنىڭ چۈش، خىيالىي تۇيغۇ ياكى رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي گاڭگىرايتتىم. شۇ تاپتا پۈتكۈل يەر شارى بىز تۇرۇۋاتقان مۇشۇ كىچىككىنە دائىرىنى مەركەز قىلىپ ئايلانماقتا ئىدى. دەسلەپتە ئاستا ئايلانغان بولسا، كېيىن سۈرئىتى بارا - بارا تېزلەشتى. مەن تۇرۇۋاتقان يەردە بىر چوڭقۇرلۇق ھاسىل بولۇپ، مەن شۇ چوڭقۇرلۇق تېگىگە سەنتۈرۈلۈپ - سەنتۈرۈلۈپ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتىم. كۈچلۈك بىر جۈپ قول مېنى يۆلىدى، شۇئان يەر شارى ئايلىنىشتىن بىرپەس توختاپ قالغاندەك بولدى. ساھىبجامالنىڭ :

— بالىلىرىم، ئاپاڭلارنى ياتاققا ئەكىرەيلى، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندىلا، ئاندىن بىرئاز ئەسلىمگە كەلگەندەك بولدۇم.

— يۈرۈڭلار، ھەممىمىز ئاۋۋال ياتاققا كىرەيلى، باشقا گەپلەرنى شۇ چاغدا دېيىشسەكمۇ ئۈلگۈرىمىز، — دېدى ساھىبجامال.

مەن ماڭماقچى بولۇۋىدىم، ئىختىيارسىز سەنتۈرۈلۈپ كەتتىم. سۇلتان گەپ - سۆز قىلماي مېنى دەس كۆتۈرۈۋالدى. قارشىلاشماقچى بولاتتىم، ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ يىراق - يىراقلارغا قېچىشنى ئويلايتتىم، ئەمما دەرمانىم قۇرۇغان بولۇپ، ماڭغۇدەك ھالىم يوق ئىدى، ھاسىراپ ئاران - ئاران نەپەس ئالاتتىم. خۇددى ئاخىرقى نىشانغا يېتىپلا ماغدۇرى ئۈزۈلگەن ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ماھىرىغىلا ئوخشاپ قالغانىدىم. ئۇ مېنى كۆتۈرۈپ بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىدىن يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. مەن ئۆزۈم يالغۇز چىقسامىمۇ تۆتىنچى قەۋەتلەرگە چىقار - چىقمايلا ھاسىراپ دېمىم سىقىلىشقا باشلايتتى. ئەمما، ئۇ شۇ تاپتا بىر كى-

چىڭ بالىنى ياكى يېنىككىنە بىر پەيىنى كۆتۈرۈۋالغاندەك بىمالال كېتىۋاتاتتى. ئۇ قاچانلاردىن باشلاپ شۇنچىۋالا كۈچتۈڭگۈر بو-لۇپ كەتتىكىنە؟ مەن ئۇنىڭ چىرايىغا لەپپىدە قارىدىم. سۆيگۈ ئاتلىق قىمارخانىدا ھەممە نېمىسىنى ئاللىقاچان ئۇتتۇرۇۋەتكەن، قايتا دوغا تىككۇدەك ھېچبىر بىساتى قالمىغان بۇ بىچارە قى-مارۋازنىڭ ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى، تاتارغان چىرايىدىن خىجىل-لىق، چەكسىز پۇشايمان ئىلكىدە ئۆرتىنىۋاتقان، ئەپۇ سوراشقا پېتىنالمايۋاتقان، ئەمما كېيىنكى ھاياتىنى ماڭا تەسەددۇق قىل-لىشقا ئاللىقاچان تەييارلىنىپ بولغان بىر خىل مۇرەككەپ رو-ھىي ھالەتنى كۆرۈپ ئۆلگۈردۈم. يۈرىكىم ئۆرتىنىپ، بۇرنۇمنىڭ ئۇچى پىژژىدە ئېچىشقاندەك بولدى. كۆز ياشلىرىمنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن كىرپىكلىرىمنى جۇپلىدىم. ئۇ مېنى يا-تىقىمغا ئەكىرىپ كارىۋىتىمغا ياتقۇزدى. مەن كۆزۈمنى ئاچتىم، ئەمما ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماسلىققا تىرىشىپ باللىرىمنى ئىز-دىدىم، ئۇلار دەرھال يېنىمغا كەلدى. مەن ئۇلارنىڭ ياردىمىدە ئاستا ئۆرە بولدۇم. قىزىم:

— سىزنى بەكلا سېغىندۇق، ئانا، بىزگە سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ، — دېگىنىچە يىغلامسىراپ مېنى قۇچاقلىدى. ئوغلۇم-مۇ:

— ئانا، سىزنى بەك كۆرگۈمىز كەلدى، ئەمدى بىزنى تاشلاپ كەتمەڭ، — دەپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى باغرىمغا ئاتتى. ئاھ! بۇ دۇنيادا بىر ئانا ئۈچۈن پەرزەنتلىرىنىڭ «ئانا» دەپ تاتلىقتىنا چاقىرىشلىرىدىن، جىلمىيىپ قاراشلىرىدىن ئارتۇقراق بەخت بارمىدۇ؟

— مەنمۇ سىلەرنى بەك سېغىندىم، باللىرىم، جانجىگەرلى-رىم، — مەن ئۇلارنى تېخىمۇ بەكرەك قۇچاقلىدىم. يۈرەك — باغرىمنىڭ شۇر - شۇر قىلىپ ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم.

— شۇنداق، زۇبەيدە، قەدىرلىكىم. ھەممىمىز سېنى بەك سې-

غىندۇق، بىزگە سەن بولمىساڭ ھەرگىز بولمايدۇ، بىز سەنسىز ياشىيالمايمىز.

كۆز يېشىم يار ئېلىپ كەتكەن سۇدەك توختىماي ئاقاتتى. ئۇ-نىڭ چىرايىغا يەنىلا قارىماسلىققا تىرىشاتتىم. ئىچىمدە «ياق، سۇلتان، سەن كەت، مېنى ئارامىمدا قوي. مەن سەن بولمىساڭمۇ ئوخشاشلا ياشاۋېرىمەن. باللارنى ماڭا قويۇپ، خالىغان يېرىڭگە كەت» دەيتتىم — يۇ، ئەمما خۇددى سۆزلەشكە دەرمانىم يەتمەيۋات-قاندەك، ئېغىزىمدىن بىرەر ئېغىز گەپ چىقمايتتى. ئۇ كېلىپ باللار بىلەن مېنى قوشۇپلا چىڭ قۇچاقلىدى. بۇرۇن ئۈنسىز يىغلىغان بولسام، ئەمدى تۇيۇقسىز ئۈن قويۇپ پاڭڭىدە ئېتىلىپ يىغلاپ كەتتىم، باللارمۇ يىغلايتتى، ئۇنىڭمۇ ئۆكسۈپ — ئۆك-سۈپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. گەرچە ئۇنىڭ يىغىسى مەندە ئىچ ئاغرىتىش ۋە كەچۈرۈش ھېسسىياتىنى قوزغىيالمىغان بول-سىمۇ، ئەمما ئۇنى ئىتتىرىۋېتىشكە، قوغلىۋېتىشكە ئامالسىز قالدىم. ئامالسىز قالغانلىقىم ھەرگىزمۇ ئۇنى كەچۈرگەنلىكىم-دىن ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنى كەچۈرەلمەيتتىم، كەچۈرگەن ھا-لەتتىمۇ ئۇ قالدۇرغان جاراھەت مەڭگۈ ساقايمايتتى، قاداتقان چىنىنىڭ دەزىدەك ھامان چىنىپ قالاتتى. شۇ چاغدا بىلدىمكى، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم قانچىلىك بولسا، نەپرىتىم-مۇ ھەم شۇنچىلىك ئىدى.

— زۇبەيدە، زۇبەيدە...

ئۇ ئىسمىمنى چاقىراتتى. مەن پەرۋا قىلمىدىم. بېشىم پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. باللىرىمنىڭ يىغىسى تېخىمۇ كۈچەيدى.

— ئانا، جېنىم ئانا، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ.

بىردىنلا سەگەكلەشتىم، بىزنىڭ ئازابىمىز ئۈچۈن باللارمۇ تەڭ ياش تۆكسە قانداق بولىدۇ؟ بۇ ئىشلاردا ئۇلار ئەيىبلىكمە-دى؟ ئۇلارنىڭ شۇنچە كۆپ مالامەت چەككىنى يەتمىگەندەك، ئۆز دەردىمىز ئۈچۈن ئۇلارنى ئۇتتۇرىمىزغا ئېلىپ يىغلىتىۋېرىشكە



www.uyghurkitap.com

يۈرەك قانداق چىدايدۇ؟ بولدى قىل، يۈرىكىم، ئۆزۈڭنى بې-
سۇۋال! سۇلتان، ئاق كۆڭۈل باللىرىمنىڭ ھېچ ئىش بولمىغان-
دەك سېنى يەنە داۋاملىق دادا دەپ چاقىرىۋەرگىنىگە قاراپ، گۇ-
ناھكارلىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇپ، كۆڭلۈڭ خېلى ئارام تېپىپ
قالدىغۇ دەيمەن؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئائىلىلىق بۇرچۇڭنى ياخشى ئادا
قىلىپ، ئۇلارنىڭ جاراھىتىنى ساقايتىشقا تىرىشارسەن. بىراق،
مەن ئەمدى ساڭا قانداقمۇ ئىشىنەي؟ ئۆزۈمنى ئىشىنىشكە زور-
لىغان ھالەتتىمۇ، يوغان بىر مىتە قۇرت ھەرۋاقىت يۈرىكىمنى
رەھىمسىزلەرچە غاجاپ، مېنى ۋاقىتسىز ھالاك قىلىشى مۇم-
كىن، سەن يۈرىكىمدىكى ئاشۇ قۇرتنى ئېلىۋېتەلەمسەن؟

ساھىبجامالغا قارىدىم، ئۇنىڭمۇ كۆزلىرى قىزىرىپ، تېنى
ياپراقتەك تىترەپ تۇراتتى.

— يائاللا، زۇبەيدە، — دېدى ئۇ، — شۇنچە ئىشلار بولغان
تۇرۇقلۇق ماڭا بىر ئېغىزمۇ تىنمىغىنىڭىزنى قاراڭ. مەن سىزنى
ئاخىرەتلىك دوستۇم دەپ يۈرسەم، ئەكسىچە سىز مېنى يات كۆ-
رىدىكەنسىز - ھە؟ — مەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراشقا مۇۋاپىق سۆز
ئىزدەۋاتقاندا، ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ سۆزىنى يەنە
داۋاملاشتۇردى، — مەنمۇ ئەتىلا قىزىمغا تېلېفون قىلاي، دادىسى
بىلەن بىللە كەلسۇن، ئىككى ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇپ،
ھېچبىرىمىز ئەزەلدىن ياش تۆكۈپ باقمىغاندەك، بۇ دۇنيادا
ھەسرەت دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەستەك، جاھاندىكى جىمى
خۇشاللىق پەقەت بىزگىلا مەنسۇپتەك، ھەممىنى ئۇنتۇپ تازا بىر
يايرىۋالايلى.

ساھىبجامالغا قاراپ بېشىمنى ئاستا لىڭشىتتىم. كۈلۈمسى-
رەشكە شۇنچە تىرىشقان بولسامۇ، كۆزۈمدىن يەنە تاراملاپ ياش
قۇيۇلدى، باللىرىم يۇمران بارماقلىرى بىلەن يېشىمنى سۈرتۈپ
يۈزۈمگە يۈزىنى ياقتى. مەن ساھىبجامالغا قۇچىقىمنى ئاچتىم،
ئۇ يىغلىغان پېتى ئۆزىنى باغرىمغا ئاتتى، بىز مەھكەم قۇ-
چاقلاشتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەببە مۇھەممەد ئەيسا

# ھجران

ئايروپىلان كۆككە كۆتۈرۈلدى. بۇ قېتىم ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مېنى ئوقۇتقۇچىم ھەم ساۋاقداشلىرىم پۇل يىغىش قىلىپ يولغا سېلىپ قويدى. مەندەك بىر دېھقان قىزى ئۈچۈن بۇ ئاجايىپ چوڭ ياردەم ئىدى. ھەر قېتىم قىشلىق تەتىل ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە، يول كىراسىنى ئىقتىساد قىلىش ئۈچۈن ئاللىقانداق كۇرسلارغا قاتنىشىشنى باھانە قىلىپ ئۆيگە قايتمايتتىم. ئەمەلىيەتتە تېپىلسا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ياكى مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا ھەقسىز ئىشلەپ تەتىلنى توشتۇراتتىم.

مۇئەللىم مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرغاندا، مەن ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز، ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن ئالدىراش تەييارلىق قىلىۋاتاتتىم. مەن پەقەت ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرەلىگىنىمدىلا ئاندىن داۋاملىق ئوقۇيالايتتىم. مۇئەللىمنىڭ چىرايىدىكى ھېسداشلىق ئارىلاش ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتىنى كۆرۈپ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى.

— بۇئايشەم، سىزگە ئۇدۇللا دەۋېرەي، ئۆيىڭىزدىكىلەر ساقسىز بولۇپ قاپتۇ. جىددىي تېلېفون قىپتىكەن... سىزنى دەرھال يېتىپ بارسۇن دەپ ساۋاقداشلار پۇل يىغىشىپ ئايروپىلان بېلەتى ئېلىپ قويۇپتۇ. بۇنى ئېلىڭ، مېنىڭ كۆڭلۈم.

مۇئەللىم بېلەت بىلەن پۇلنى قولۇمغا تۇتقۇزغاندىمۇ ھېچ ئىشەنگۈم كەلمىدى، مۇئەللىم خۇددى مېنى ئالداۋاتقاندەك گۇ-

مانسىرىدىم. بىراق، مۇئەللىم مېنى ئايرودورومغا ئۆزى ئېلىپ چىققاندا بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەي بولمىدى. تۇنجى قېتىم ئايروپىلانغا چىقىشىم بولغاچقا، كۆككە كۆتۈرۈلگەندە هاياجانلىنىشىم، بۇلۇتلار ئۈستىدە ئۇچۇۋاتقاندا ئاجايىپ تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈشۈم كېرەك ئىدى، ئەپسۇس، ئاللىقانداق بىر ۋەهىمە مېنى رېئاللىقتىن تامام ئايرىپ، يىراقتىكى يۇرتۇمغا ئاپىرىپ تاشلىدى.

مەن يالغۇز بالا، ئاتا ـ ئانامدىن بۆلەك هېچنېمەم يوق. ئۇلارغا هەرقانداق كېلىشمەسلىك كەلسە مېنىڭ ئوق يىلتىزىمغا پالتا ئۇرۇلغان بولىدۇ. مەن پەقەت دەرستە ئالاهىدە ياخشى بولغاچقىلا، ئۇلار هەممە تەئەللۇقاتىنى سەرپ قىلىپ مېنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتتى. مېنىڭ ئوقۇش پۇتكۇزۇشۇمگە پەقەت بىر يىللا قالغان مۇشۇ كۈنلەردە، ئۇلارنى تېخىمۇ خۇشال قىلاي دەپ ئاسپىرانتلىق ئىمتىهانى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتاتتىم. مۇشۇ بىرقانچە يىلنى قانچىلىك جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزگىنىمنى بىر ئۆزۈملا بىلىمەن. تەقدىر ئۇنچىۋالا رەهىمسىزلىك قىلماس! كۆزلىرىمدىكى ياشلىرىمنى توختىتالمايۋاتاتتىم. ئايروپىلان دېرىزىسىدىن سىرتقا بىر قارىۋالغۇدەك هەپسىلەممۇ يوق ئىدى. بوشلۇقتا تۇرۇپ پەسكە قارىسا قانداق بولىدىغانلىقىنى نۇرغۇن قېتىم تەسەۋۋۇر قىلغان بولساممۇ، تاسادىپىي كەلگەن پۇرسەتتە هەقىقىي تەسىراتقا ئېرىشكۇدەك هەپسىلەم يوق ئىدى.

ئايروپىلان سۇس گۈركىرەپ ئۇچماقتا ئىدى، مەن ئازابلىق خىياللار ئىلكىدە يېنىمدا ئولتۇرغان كىشىگىمۇ دىققەت قىلماپتىمەن. ئۇ ماڭا قەغەز قول ياغلىق سۇنغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا دىققەت قىلدىم. ئۇنىڭ ئولتۇرغاندىكى هالىتىدىنلا بويىنىڭ ئېگىز ئىكەنلىكىنى هېس قىلدىم، قوي كۆزلىرىدىن تەربىيە كۆرگەن، ئاق كۆڭۈل ئادەملىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنى قىرىق ياشلار ئۆپچۆرىسىدە بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم ئۆزۈمچە. كالتە يەڭ ئاپپاق كۆڭلىكى ئۇنى تېخىمۇ مۇلايىم كۆرسەتتى. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يامان ئادەم ئەمەسلىكىگە جەزم قىلىپ، قەغەزنى ئېلىپ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتۈم.

— باياتىن بېرى يىغلاپلا ئولتۇرىسىز، بىئارام بولۇۋاتامسىز نېمە؟

— ياق.

— سىز ئوقۇغۇچىمۇ؟

— ھەئە.

— ھازىر يا تەتىل، يا بايرام بولمىسا، نېمىشقا قايتتىڭىز؟

— مەنمۇ بىلمىدىم، ئىشقىلىپ، مۇئەللىم ئۆيىڭىزدىكىلەر ساقسىز بولۇپ قاپتۇ، دەپ يولغا سېلىپ قويدى، — مەن يەنە يىغلاپ تاشلىدىم. ئەزەلدىن ناتونۇش كىشى ئالدىدا ياش تۆكۈشنى ئاجىزلىق، يامان ئىش دەپ قارايتتىم. ئەمما، مۇشۇنداق روھىي ھالەتتە تەسەللىگە، غەمخورلۇققا موھتاج بولغاچقىمۇ، خالا ـ خالماي ئۇنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەردىم...

ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتكەچكە تەپسىلاتلار ئېسىمدە قالماپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئايرودرومدا ئۆزىنى ئالغىلى چىققان ماشىنىغا مېنى سېلىۋالغانلىقى، شوپۇرىغا مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇشنى تاپىلىغانلىقى يادىمدا. مەن شۇندىلا ئۇنىڭ رەھبىرىي كادىر ئىكەنلىكىنى بىلگەن، ئەمما ئىسمىنى، نەدە ئىشلەيدىغانلىقىنى سورىمىغانىدىم.

شۇ چاغدا ئاتامدىن ئايرىلىپ قالغانىدىم. مانا شۇ ئىشلارغا ئاز كەم ئۈچ يىل بولدى. يىغلاپ ـ قاقشاپ ئاتىسىز ياشاشقىمۇ كۆندۈم. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ يۇرتقا قايتتىم، ئاسپىرانتلىققا ئوقۇشتىنمۇ ۋاز كەچتىم. چۈنكى، ئانام يالغۇز ئىدى. بولۇپمۇ دادامدىن ئايرىلىپ قالغاندىن بېرى ئانام كېسەلچان بولۇپ قالدى. مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆككۈم يېزىلىق شىپاخانىغا تەقسىم قىلىندىم. شۇنداق قىلىپ، كادىر بولدۇم. گەرچە ئارىلىق يىراق بولسىمۇ، كېچىلىك ئىسمېنا ئىشلەپ دائىم ئانام بىلەن بىللە بولالمىسامۇ، ھەرھالدا تۇرمۇش جەھەتتە كاپالەتكە

ئېرىشكىنىمدىن رازى ئىدىم. ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان قىز سەلىمە تولىمۇ ئوڭلۇق چىقتى. مەن كەسپتە ھەقىقىي ئورۇنغا ئېرىشىش ئىستىكىدە باشچىلاپ خىزمەتكە كىرىشتىم. ئەمما، قەلبىمگە تۇنجى بولۇپ بۆسۈپ كىرگەن ساۋاقدىشىم مۇرات بىلەن تەدرىجىي ھالدا مۇناسىۋىتىم ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئائىلە شارائىتى ياخشى بولغاچقا، ئۇلاپلا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇدى. دەسلىپىدە ئالاقىمىز ياخشى بولدى. بىراق، «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» دېگەندەك، ئالاقىمىز تەبىئىيلا سۇسلاپ كەتتى. ئۇ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولدى. دىلىم ئازار يېدى. بىز گەرچە ئىلگىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا ۋەدىلەشمىگەن بولساقمۇ، ھەرھالدا كۆڭلىمىزدە سان بار دەپ ئويلايتتىم، مانا ئەمدى تۇرمۇش ئىشىمدىن بىراقلا رايىم قايتتى. بىر مەزگىل بۇ ئىشلارنى قويۇپ تۇرۇپ، خىزمىتىمدە نەتىجە يارىتىپ، ۋاقىتسىز ئايرىلغان جاپاكەش دادامنىڭ روھىنى خۇش قىلىش قارارىغا كەلدىم، ئەمەلىيەتتە باشقا ئامالىممۇ يوق ئىدى. ئەپسۇس! كاللامدىن ئۆتمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلارغا يولۇقتۇم. شىپاخانىغا داۋالانغىلى كېلىدىغانلار ساپلا دېھقانلار بولۇپ، ئۇلار شۇنچىلىك ئاق كۆڭۈل ئىدىكى، بىزنىڭ نېمە دورا ئىشلەتكىنىمىزنى سوراپمۇ قويماي بارىكاللا ئېيتىپ، دۇئا قىلىشىپ كېتەتتى. مەن تاسادىپىيلا شىپاخانىغا كىرگۈزۈلگەن دورا ـ ئوكۇللارنىڭ بەزىلىرىنىڭ سۈپەتسىز، بەزىلىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. ھالال پۇل خەجلەپمۇ تۈزۈكرەك شىپا تاپالمايۋاتقان شۇ كىشىلەرگە ئىچىم ئاغرىيتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلمەيتتىم. ئاجايىپ بىر بىقۇۋۇللۇق تۇيغۇسى جېنىمنى قىينايتتى.

شۇ كۈنلەردە مەن ئۇنى تونۇپ قالدىم. ناھىيەمىزگە يېڭىدىن كەلگەن ئادىل ئىسىملىك مۇئاۋىن ھاكىمنى تېلېۋىزوردىن كۆرگەندە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ دەل ئايروپىلاندىكى ھەمسەپىرىم، ھېلىقى ئاق كۆڭۈل رەھبەر ئىدى. كۆپ ئۆتمەي بىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

سەھىيە سىستېمىمىزغىمۇ ئۇنىڭ مەسئۇل ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەن خۇددى ئۆزۈمنىڭ تۇغقىنى بۇ ناھىيەگە ھاكىم بولغاندەك شۇنداق خۇش بولدۇم. ئېھتىمال ئۇ ئىلگىرى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىللىقلىق ھېلىھەم قەلبىمدە ساقلانغان بولسا كېرەك. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئاق كۆڭلەك كىيگەن سىيماسى خاتىرەمدە تولىمۇ ئېنىق، تولىمۇ يارقىن ساقلىنىپ قالغانىدى. ئۇ كۆپ ھاللاردا ئاق كۆڭلەك بىلەن تېلېۋىزور ئېكرانىدا پەيدا بولاتتى. ئاجايىپ ئاددىي ـ ساددا، ئاۋامغا يېقىن تۇيغۇ بېرەتتى.

«بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت قولىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەندەك، مېنى تاسادىپىي نەس باستى. يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بىر بىمارغا ئوكۇل رېئاكسىيە قىلىپ ئۆلۈپ كەتتى. شۇ سەۋەبلىك خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، دەپ قارىلىپ چارە كۆرۈلدۇم. ئازابلىرىمغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى. كەسپىمدە بۇنچە تېزلا مىخقا ئۇسۇۋېلىشىم ماڭا ئالەمچە زەربە بولدى. ئۆزۈم يازغان كېسەللىك تارىخى ۋە رېتسېپنى قايتا ـ قايتا كۆرۈپمۇ ھېچقانداق گۇمانلىق تەرەپنى تاپالمىدىم. ھەرقانداق ئادەمگە سىناق قىلىنمايلا ئۇرۇلىدىغان بۇ ئوكۇل نېمىشقا ئۇ بوۋايغا رېئاكسىيە قىلىدۇ؟ شۇ كۈنى ئىشلەتكەن دورا ـ ئوكۇللارنى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ سەۋەبىنى تاپتىم. ئوكۇل سۈپەتسىز ئىدى. بۇ قېتىمقى داۋالاش ھادىسىسى بىۋاسىتە دورا كىرگۈزۈش خىزمىتىگە بېرىپ تاقىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇس دوكلات يېزىپ، دوختۇرخانا باشلىقىنى ئىزدىدىم. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ئۇبدانلا دەككىمىنى يېدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ كىم ئوكۇلدا مەسىلە بار دەيدۇ؟ سىزگە دېسەم، بۇ مەسئۇلىيىتى ئېغىر ئىش، تەسەۋۋۇرىڭىزغا تايىنىپلا خالىغانچە مۇنداق دېسىڭىز ھۆددىسىدىن چىقالمايسىز. ئۆتتى ـ كەتتى، سىزگە ئۇنچىۋالا ئېغىر چارە كۆرمىدۇق. بولدى قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئىشلەڭ. سىزگە يەنە پۇرسەت بار!

— بىراق، ۋىجدان سورىقىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟
— داۋالاش ھادىسىسى دېگەن نورمال ئىش، خۇددى قاتناش ھادىسىسىگە ئوخشاش.
— بىراق، بۇ ئېنىقلا مەندىكى سەۋەنلىك ئەمەس.
— دورا - ئوكۇلنى سەھىيە ئىدارىسىنىڭ، دورا نازارەت قىلىش ئورنىنىڭ نەچچە تۈرلۈك تەكشۈرۈشلىرىدىن كېيىن ئاندىن كىرگۈزىمىز، ئىشەنچلىك دورا زاۋۇتلىرى بىۋاسىتە تەمىنلەيدۇ. مۇنداق دېسىڭىز تۆھمەت قىلغان بولىسىز.
— ئەجەبا، ئۇلاردىن گۇمانلىنىشقا بولمامدۇ؟ ئۇلار بۇ ئىشقا ئىگە بولۇشى كېرەك.
— بولدى قىلىڭ دېدىمغۇ سىزگە! مۇنداق قىلىۋەرسىڭىز ئۆز پۇتىڭىزغا ئۆزىڭىز پالتا چاپىسىز.
— مەيلى، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن.
راست دېگەندەك، نەچچە ئايدىلا بېشىمغا كەلگەننى كۆردۇم. بارلىق پاكىتلار بىراقلا يوقاپ، مەن ئېغىرلىتىپ چارە كۆرۈلۈپ، تاغلىق يېزىغا يۆتكىۋېتىلدىم. بۇ ماڭا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى، مەن ئاغزىدىن بالاغا قېلىشىنىڭ، كۆزىنى يۇمۇشقا تېگىشلىك تەرەپلەرگە چېكىتتەك قاراپ تۇرۇۋېلىشىنىڭ جازاسىنى تېتىۋاتاتتىم. مەن شۇندىلا بەزىبىر ئىشلارنى چۈشىنىپ يەتتىم. كېسەلچان ئانامنى خەقنىڭ قىزىغا تاشلاپ قويۇپ، ئىككى ھەپتىدە بىر ئۆيگە قايتىپ كېلەلەيدىغان يېڭى خىزمەت ئورنۇمغا كەلدىم. ئادەم دېگەن ھەممىگە كۆنىدىكەن. قايتىدىن قەددىمنى رۇسلاش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەشكە بەل باغلىدىم. بۇ يەردىمۇ كېسەل داۋالىغىلى، كىلىنىكىلىق ئەمەلىيەت بىلەن ئۈچرىشىپ ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى توپلىغىلى بولاتتى. ياتاق مۇقىم بولغاچقا، ئىشتىن سىرت ۋاقىتلىرىمنى كەسپىي ماتېرىياللارنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزەلەيتتىم. تۇرمۇشۇم ئەمدىلا ئىزىغا چۈشۈۋىدى، ئانام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ رېماتىزم كېسىلى يۈرىكىگە تەسىر قىلغانىدى. ئانامنى دوختۇرخانىدا ياتقۇزدۇم. ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نامغا قاراپ كېلىۋاتقان سەلىمەنىڭ دادىسىمۇ تەڭ دىگۈدەك ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاچقا، بىر مەزگىل باشقا ئادەم يالىلاشقا توغرا كەلدى، شۇ كۈنلەردە كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە ئايالنى ئانامغا قاراشقا ياللىدىم. بىراق، ئانام بارغانچە ئاجىزلىشىپ تەرتىپكە قاچا تۇتىدىغان يەرگە يەتكەنسېرى ئۇلارنى تۇرغۇزۇشۇم تەسكە توختىدى. دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭ ساناقلىقلا كۈنلىرى قالغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. ھەر قېتىم ئۇنى كۆرگىلى كەلگىنىمدە، ئۇنىڭ كېسەل كارىۋىتىدىكى دەرمانسىز ھالىغا قاراپ يۈرىكىم پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كېتەتتى. ئۇ: «مېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتىڭ!» دەپ يالۋۇرغاندا، تەڭلىكتە ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يىگۈدەك بولۇپ كېتەتتىم. ئۆزۈمنىڭ كارغا كەلمەس بالا بولۇپ قالغىنىمدىن ئۆكۈنەتتىم. ئەمدى مۇنداق كېتىۋەرسەم بولمايتتى، قىيىنچىلىق مېنى ئورنۇمدىن تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى.

قەلبىمدە بىر زامانلاردا ئاجايىپ ئىللىقلىق قالدۇرۇپ كەتكەن ھېلىقى ساخاۋەت ئىگىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش ئىستىكى پەيدا بولدى. مەن ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ قايتىپ كەلدىم. كاللامدا كەسكىن كۈرەش، چۈنكى مەن ئەزەلدىن باشقىلاردىن ياردەم سوراپ باقمىغان. ئۇ نېمە دەپ قالار؟ بارايمۇ، بارمايمۇ؟ دەپ يۈرۈپ مىڭ بالادا ئىشخانىسىنى ئىزدەپ تاپقىنىمدا، ئۇ يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ شەھەردە يوق بولۇپ چىقتى.

بىر ئايدىن كېيىن رۇخسەت سوراپ يەنە كەلدىم. ئەتىگەندىلا كەلگەن بولسامۇ، كاتىپ ئىشخانىسىدا نۆۋەت كۈتۈپ چۈش بولدى. ئاجايىپ سۈرلۈك بىلىنىدىغان، يۆتىلىش تۇگۇل چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلغىلى بولمايدىغان بۇ يەردە، يۈرىكىمنىڭ دۈپۈلدىشىنى تىڭشاپ، قوللىرىم مۇز ـ مۇز بولۇپ ئولتۇرغىنىمدا، كاتىپ ماڭا تەسەللى ئارىلاش ئېيتتى:

— كېلىشىپ قويغان بولسىڭىز بولارئىكەن، ھاكىم ئەمدى ئىشتىن چۈشىدۇ.

— ئەمىسە چۈشتىن كېيىن كېلەيمۇ؟
— چۈشتىن كېيىن يىغىنغا بارىدۇ. ئېھتىمال بىر - ئىككى كۈن ئىشخانىغا كېلەلمەسلىكى مۇمكىن.
— مەن يىراقتىن كەلگەن، تېخى رۇخسەت سوراپ دەڭە! ئەمدى كېلەلمەيمەن. بىر ياردەم قىلسىڭىز، — كۆزلىرىمدىن ياش ئەگىدى.
— بولسىغۇ ياردەم قىلسام بولاتتى، باشلىق دېگەنگە توختاپ تۇرۇڭ دېگىلى بولامدۇ؟
— مەيلى ئەمىسە، — ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئېغىر قەدەملىرىمنى يۆتكەپ ئىشخانىدىن چىقىۋاتقىنىمدا، ياندىكى ئىشىكتىن تەسەۋۋۇرۇمدىكى ساخاۋەتچىم چىقىپ كەلدى. مەن خاتىرەمدىكى ئۇنى ھازىرقى ھالىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆلگۈردۇم. ناھايىتى ئۈچ يىل ئۆتتى، ئۇ سەل سەمرىپ قالغان بولسىمۇ، ئېگىز بويى، قوي كۆزلىرى، قاڭشارلىق بۇرنى بىلەن كۆزۈمگە يەنىلا ئىسسىق كۆرۈندى. ئۇ شۇنداق سالاپەتلىك ئىدى.
ئۇ ئالدىراش ھالدا كاتىپتىن سورىدى:
— شوپۇر پەستىمۇ؟
— ھەئە، سىلىنى ساقلاپ تۇرىدۇ.
— مەن كۆرۈشۈشكە ئۈلگۈرمىگەن يولداشلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ خاتىرە قالدۇرۇپ قويۇڭ، قايتىپ كېلىپ كۆرۈشىمەن.
ئۇنىڭ ئالدىدىكى پۈتۈن - سۈرۈك بىر ئادەمنى كۆرمەسكە سېلىشى جېنىمغا تەگدى. كۆزلىرىمدىن ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئېسەدەشلىرىم ئۇنىڭ قەدەملىرىنى توختاتتى. ئۇ ماڭا لەپپىدە قاراپ، تۇرۇپلا قالدى. چېھرىدە بىر دەمدىلا كۈلكە پارلىدى.
— ۋۇي، يىغلاڭغۇ، يەنە سىزغۇ بۇ؟ كۆزۈمگە ئەرۋاھ بولۇپ كۆرۈندىڭىزمۇ نېمە؟ قاراڭ ماۋۇ ئىشنى، بالدۇرراق يىغلىسىڭىز بولماسمىدى، شۇ يىغىڭىزدىن تونۇۋالاتتىم. قېنى، ئىشخانىغا كىرەيلى.
— ھە، قېنى ئولتۇرۇڭ، — كاتىپ ئىززىتىمنى قىلىپ بىر

www.uyghurkitap.com

دەمدىلا چاي ئەكىردى.

— قانداق، ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟ نەدە خىزمەت قىلىۋاتىسىز؟

ئاغزىمغا ماتاڭ چاپلىشىپ قالغاندەك، كاللامدا تەييارلىۋالغان گەپلەر بىردەمدىلا غايىب بولدى. تىللىرىم كالۋالىشىپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىيالمىدىم.

— بىرەر ئىش بارمىدى؟ تارتىنماي دەۋېرىڭ. مەن تېخى سىزنى ئوقۇشنى تاماملاپ بولۇپ يەنە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟

— سىز بىلەن ئايروپىلاندا كەلگەن شۇ كۈنى دادامدىن ئايرىلىپ قالغان، مانا ئەمدى ئانامنىڭ ئەھۋالىمۇ ئىنتايىن ناچار. مەن ئىنتايىن يامان ئەھۋالدا قالدىم. دەرىجە ئاتلاپ سىزنى ئىزدىشىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. بىراق، ناھەق ھالدا تاغقا چىقىپ ئىشلەۋاتقىنىمغا بىر يىل بولدى. ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىدىم. زادى بولمىسا خىزمەتنى تاشلايمەن دەۋاتىمەن. سىزنى ئىزدەپ كېلىشىمنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىر كەلگەنلىكىنى بىلمەيسىز، — پېشانەمدىن تەر چىقىپ كەتتى. گەپلىرىم قولاشقىلى ئۇنىماي، كەلگىنىمگە مىڭ پۇشايمان قىلدىم.

— سىز ناھەقچىلىك دەپ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسىز؟

— بولدى سورىماڭ. مەن پەقەت ئۆز ھالىمنى ئېيتقىلى كەلگەن.

— سىزنىڭ مېنى ئىزدەپ كەلگىنىڭىزنىڭ ئۆزىلا ماڭا ئىشىنىدىغىنىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. مەن ماڭا راست گەپ قىلىدىغانلارغا موھتاج.

ئۇنىڭ ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى نەرسىلەرنى بىلىۋالىدىغانلىقىغا ھەيران قالدىم. ئىختىيارسىز يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتىم. ئۇنىڭ ئابايىقى ئالدىراش ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. خاتىرىسىنى ئېلىپ ئېيتقانلىرىمنى يېزىۋالدى.

— بولدى، مەن سىزنى ئىزدەپ كەلمىگەن بولاي! نېمىلەرنى

دەپ كەتتىم؟

— ئۇنداق دېسىڭىز ماڭا ئىشەنمەيدىكەن دەپ قالىمەن.

— ئىشقىلىپ، توغرا قىلمىدىم.

— نەزىرىڭىزدە باشقىلار ئۇچۇن ھەق سۆزلەش گۇناھمۇ؟

— ...

— ماقۇل ئەمىسە، تېلېفون نومۇرىڭىزنى كاتىپقا قالدۇرۇپ قويۇڭ. خەۋىرىمنى كۈتۈڭ.

نېمىشقا ئىزدەپ كەلگەن بولغىيدىم. مەن قانداقسىغا يىلاندەك چاققاق بولۇپ قالدىم. دەككە ـ دۈككە ئىچىدە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى كاتىپى تېلېفون قىلىپ كېلىشىمنى ئېيتتى. يەنە ئالەمچە غەمنى يۈدۈپ مەيۈس ھالدا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدىم.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟ ئانىڭىزنىڭ سالامەتلىكىچۇ؟

— ياخشى، — يەردىن ئۈستۈن قارىماي جاۋاب بەردىم.

— خىزمەتلەر ئالدىراش بولۇپ قېلىپ، سىزگە ۋاقتىدا ئۇ ـ چۇر قىلالمىدىم. ئەتىدىن باشلاپ ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئىشـ قا چۈشۈڭ. ئۇ يەردە تەجرىبىلىك، سەۋىيەلىك دوختۇرلار كۆپ. تىرىشسىڭىزلا خىزمەت ئەمەلىيىتىڭىزدىلا بىلىم ئاشۇرالايسىز. ئۇ چاغدا ئاسپىرانتلىققا ئوقۇش پۇرسىتىمۇ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

— ...

ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆز يېشىمنى توسۇپ قالالمىدىم، تەقدىـ رىمنى مۇنچە تېز ئۆزگەرتىۋەتكەن بۇ ئىنسانغا تەشەككۇرۇمنى ئىپادىلەشكە تولىمۇ ئاجىز ئىدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم يۈز كۆرۈشۈپتىمەن، ھەر قېتىم ياش تۆكۈپلا ئۆتتۈم. ئېھتىمال، ئۇنىڭ خاتىرىسىدىمۇ مېنىڭ ياش تۆكۈشلىرىملا بولسا كېرەك. ئۇ يەنە ماڭا قەغەز قول ياغلىق سۇندى.

— بولدى يىغلىماڭ، يەنە مەن ياردەم قىلغۇدەك ئىشلىرىڭىز بارمۇ؟

www.uyghurkitap.com

بېشىمنى چايقىدىم.

— بىرەر مەزگىل ئانىڭىزغا قارامسىز يا؟

مەن يەنىلا ياش تۆكۈپ تۇرۇپ بېشىمنى چايقىدىم.

— سىزگە ئەتە خەۋەر قىلىمىز، ياخشى ئىشلەڭ. خىزمەتتە قىيىنچىلىقلارغا يولۇقسىڭىز مېنى ئىزدەڭ، تېلېفون قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ. تېلېفونۇمنى كاتىپتىن سورىۋېلىڭ.

مەن خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، رەھمەتمۇ دېيەلمەي قايتىپ چىقتىم. هازىرقى كۈنلەردە يول ماڭماي، پۇل خەجلىمەي مۇنداق ياخشى ئىشقا يولۇقۇش راستلا مۆجىزە ئىدى. ئانامغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگىنىمدە ئۇمۇ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. قەلبىم چەكسىز ئۇمىدكە تولدى. ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە كۆزۈمگە شۇنچە گۈزەل كۆرۈندى.

ئۇزاق ئۆتمەي، سەھىيە ئىدارىسى، بىرنەچچە يېزىلىق شىپاخانىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرگە چارە كۆرۈلگەنلىك توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدىم. ئەلۋەتتە، بۇ دورا كىرگۈزۈش خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئىدى.

يېڭى خىزمەت ئورنۇمغا ئىشقا چۈشتۇم، ئانام مۇشۇ دوختۇرخانىدا ياتتى، ئەمدى مەن خىزمەت قىلغاچمۇ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايتتىم. ئانامنىڭ ئەھۋالىدا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى. تۇجۇپىلەپ ئۇزۇقلاندۇرۇشۇم نەتىجىسىدە ھەرھالدا ماغدۇرغا كېلىپ، ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالايدىغان بولدى. قولۇم بوشاپ، خۇش كەيپ ھالدا ئۇنىڭغا قىسقا ئۇچۇر يوللاپ قويدۇم.

«بۇ مەن، ھېلىقى يىغلاڭغۇ قىز. مەن ئىنتايىن نامرات، كۆز يېشىم بىلەن قاردەك ئاق كۆڭلۈملا بار، ئەمما قەلبىمدە بىر ئاق كۆڭۈل كىشىنىڭ ئىسمى بار: ماڭا يەتكۈزگەن ھەممىتىڭىزگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت.»

«يېڭى خىزمەت ئورنىڭىزغا كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ؟»

«ھەئە، رەھمەت سىزگە.»

كۈنلەر ئۆتمەكتە. مەن بۇ يەردە ھېلىقى تېبىبىي ئەخلاقنى،

ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى كۆردۈم. قايسى كۈنى ھادىسىگە ئۇچراپ قانسىراپ كەتكەن بالىغا قان سۈ-يۇقلۇقى يۆتكەپ كېلىشكە ئۈلگۈرمىگەندە بىر ئايال دوختۇر ئىككىلەنمەيلا قان بەردى. باشقىلارنىڭ قان تىپى ماس كەلسە ئۆلارنىڭمۇ قاراپ تۇرمايدىغانلىقى ئېنىق! ئىگە - چاقىسىز بوۋايغا، كۆيۈپ قالغان بالىسىغا قاراپ تەڭلىك تارتىپ قالغان تۇل چوكانغا پۇل يىغىش قىلىپ ياردەم قىلدۇق. مۇنداق ئىشلار قەدەمدە بىر دېگۈدەك ئۇچراپ تۇراتتى. ئەمما، ئاشۇ گۈزەللىكلەر ئىچىدە يەنە بەزى ناچار ئىشلار كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. بۇ يەر-دىمۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەتتى، يەنى كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلاتتى. ياخشىلىق بىلەن رەزىل-لىك تەڭ مەۋجۇت ئىدى. بەزىدە خىزمەتداشلىرىمنىڭ كۇسۇر - كۈسۈرلىرىنى ئاڭلاپ قالاتتىم.

— بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كېلىپ، تېخىمۇ رەڭ تۇزەپ كەتتىڭغۇ بۇ قىز؟

— بىكارغا بۇ يەرگە يۆتكىلىپ كەلمەيدۇ، چىرايىغا تايىنىپ كەلمىسە تۇل ئانىسى نېمە قىلالايتتى؟

— ئۇنداق ئەمەستۇ، خېلى ئىقتىدارى باردەك قىلىدۇ، تى-رىشچان ئىكەن.

— ياسالما! ئىقتىدارى بولغاندىمۇ ئۇنداق بالىلار كۆپ تۇرسا، يالغۇز ئۇنىلا بايقامدىكەن. قايسىبىر باشلىق بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ ئاڭلىدىم.

— ۋاي بوپتىلا، نېمە كارىمىز. ئىشقىلىپ، بىزنىڭ قاچىـ-مىزنى تارتىۋالمىغاندىكىن.

— ئىشقىلىپ، ئۇنداق قىزلاردىن ئېھتىيات قىلغان تۈزۈك! بىزنىڭمۇ قىزلىرىمىز بار. توۋا دەيلى، — مۇشۇ خىلدىكى پاراڭلار ئارامىمنى قويمىدى. ئەسلىدىنمۇ خۇدۇكسىرىگۈدەك ئىش يوق. قورسىقىمنىڭ ئاغرىقى بولمىغاچقا، تاۋۇز يېيىشتىن قور-قۇشۇمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، بىراق ئۇ كىشىگە قارا چاپلىنىپ

www.uyghurkitap.com

قالسا، «ياخشىلىققا يامانلىق» بولسا بولمايتتى. ئۇنىڭ مېنىڭ سەۋەبىمدىن ھەرقانداق سۆز - چۆچەككە قېلىشىنى خالىمايدىتىم. شۇڭا، پۈتۈن زېھنىم بىلەن خىزمەت قىلىپ، كۆپچىلىك بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ياخشى قىز ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. ئەمما، مەندەك تۇرمۇش تەجرىبىسى يوق سەھرا قىزىغا بۇلارنى يېڭىپ كېتىش ئاسانغا چۈشمەيۋاتاتتى. قار لەپىلدەپ يېغىۋاتقان كۈنلەردە ھېيت يېتىپ كەلدى. ھارپا كۈنى ئىشخانىدا كېسەللىك تارىخىنى يېزىپ ئولتۇرۇپ سېستىرالارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— تاشقى كېسەللىك بۆلۈمىدىكىلەر يۈز كويدىن يىغىش قىلىپ بېرىپتۇ. بىز ئەللىك كويدىن يىغقاندىكىن باش سېستىرالار باشلىقى خاپا بولۇپ قالغان گەپ.

— بىزنىڭمۇ بالىلىرىمىز بار باقىدىغان، ئۇ خوتۇننىڭ نەپسى بارغانچە يوغىناپ كەتتى. بۆلۈمدىن بۆلۈمگە يۆتكىلىشىمىز ئۈچۈنمۇ ئۆيىگە داستىخان ئېلىپ بارىمىز، ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان بۆلۈمدىن يۆتكىۋېتەمدىكىن، دەپ قورقۇپمۇ ئارقا ئىشىك قىلىدىمىز. ئەمدى قويۇپ ھەر ھېيتتا ھېيتلىق بېرىپ كۆندۈرۈپ قويدۇق. نەدە مۇنداق ئىش بار؟

— سېستىرالار باشلىقى ياخشىچاق بولۇپ تۇرمىسا بولامدۇ؟ بىزنىڭ پۇلىمىزدا ئۇلار ياخشى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— شۇڭا، ھارام يەپ سەمرىپ كەتتى، قاراڭلار ئەپتىگە، ھېلىمۇ ئېرى بىر ئۆيدە تۇرىدىكەن.

— كېلەر قېتىم بىزمۇ جىقراق يىغىش قىلىپ كۆڭلىنى ئېلىۋالارمىز.

— شۇغىنىسى، بىزنىڭ باشلىقنىڭ كۈنى تەس بولىدىغان بولدى - دە.

گېپى بولۇنۇۋاتقان بۇ ئايال پۈتۈن سېستىرالارنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل پەرۋىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدى. دەسلەپىدە ماڭا شۇنداق ياخشى تەسىر بەرگەنىدى، «قانداق قىيىنچىلىقىڭىز بول-

سا ماڭا دەڭ، ئوكام» دەپ كەتكەن. بىراق، ئەمدى باشقىچە. بىر
نەچچە قېتىم باھالاش كەلگەندە، ئۇلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان زىيا-
پەتكە بېرىشىمنى تاپىلىغاندا مەن بارمىدىم، ئانامنى يالغۇز قوي-
ماسلىقنىمۇ ئويلىدىم. يەنە ھېلىقى ساخاۋەتچىم بىلەن ئۇچرى-
شىپ قېلىشتىن قورقتۇم. ئۇ ھېچنېمىدىن بىخەۋەر مەندىن
ئەھۋال سوراپ سالسا، باشقىلارغا بوپ بېرەمدىكىن، دەپ قورق-
تۇم. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئايال ماڭا ئۆچ بولۇپ قالدى. يەنە كې-
لىپ مەن ھازىرغىچە ئۇنىڭغا سوۋغا بېرىپ باقمىدىم. قارىغاندا،
ئىشلار مەن ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەستەك قىلاتتى. مەن
قاچان ناھەق ئىشلارنى كۆرسەم دەرھاللا شاپائەتچىم ئېسىمگە
كېلەتتى. نەزىرىمدە ئۇ بارلىق ناھەقچىلىكلەرنى تۈگىتەلەيدىغان
ھەقىقەتنى قوغدىغۇچى، ئەڭ كۈچلۈك ئادەم ئىدى. تۇيۇقسىزلا
ئۇ كىشىنىڭ ئايىمىنى تەبرىكلەپ قويغۇم كەلدى.
«ئايىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن.»
كۆرسە ـ كۆرمىسە ئۇنىڭغا بولغان تەشەككۈرۈمنى، ھۆرمە-
تىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇچۇر يوللاپ قويدۇم. ھايال ئۆتمەيلا تې-
لېفونۇمغا ئۇچۇر كەلدى:
«سىزنىڭمۇ ئايىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، ئانىڭىزغا ياخشى
قاراڭ، خىزمەتتە نەتىجە يارىتىشىڭىزغا تىلەكداشمەن.»
قەلبىم لىپپىدە ئىللىغاندەك بولدى. مەندەك يېتىم قىزغا
تەسەللى ھەم ئىلھام بېرىپ كېلىۋاتقان بۇ كىشى خۇددى قېرىن-
دىشىمدەك تۇيۇلدى.
سېستىرالار باشلىقى مېنى ئىزدەپ كەلگەندە ھەيران قالدىم،
ئۇنىڭ پوزىتسىيەسى ئالاھىدە ياخشى ئىدى.
— قاراڭ، ئانىڭىزنى بىر كۆرۈپ كېلەرمەن دېسەم ھېچ پۇر-
سەت چىقىرالمىدىم، خۇدايىم بۇيرۇسا خىزمەتداشلارنى باشلاپ
ئىززىتىڭىزنى قىلىپ بارىمەن، ئۆزىڭىز يا ئەرگە تېگەي دېمىدى-
ڭىز، قولداش بولۇپ خىزمىتىڭىزنى ئۆزۈملا قىلاتتىم...
— شۇنداق كۈنلەر كەلسە، توي باغىقىنى سىزگە ئۆزۈم ئاپى-

www.uyghurkitap.com

رىپ بېرىمەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە! سىزدەك ئۇز قىزنى قايسى شاپ بۇرۇت ئەبلەخ ئالاركىن؟ ھىھ ـ ھىھ ـ ھىھ...

ئۇنىڭ تېتىقسىز گەپلىرىدىن بىزار بولغان بولساممۇ، يالغان كۈلۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

— مۇنداق ئىشتى، خېنىم، قولۇمدا بىر يۇرۇش دورىلار بار ئىدى. رېتسېپ يازغاندا مۇشۇ دورا ـ ئوكۇللارنى «دوختۇرخانىدا يوق، باش سېستىرالار باشلىقىدا بار» دەپ بىمارنى مېنىڭ يېنىمغا ئەۋەتسىڭىز، — ئۇ شۇنداق دېگەچ بىرنەچچە خىل دورا تىزىملىكىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن قارىسام، ساپلا ئالاھىدە قىممەت دورىلار ئىكەن. مۇشۇ دوختۇرخانىنىڭ نېنىنى بەكرەك يېگەن تۇرۇقلۇق نېمىشقا مۇنداق قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ كەتتىم.

ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يېنىمغا پەيدا بولغان پېشقەدەم دوختۇر كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— سىزگە شەخسىي ساتىدىغان دورا رېتسېپلىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

ئۇندىمەي كۈلۈمسىرەپ قويدۇم.

— كومپيۇتېردىن يوللىغان دورىلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، يازمىسىڭىز تېخى بولمايدۇ. يازاي دېسىڭىز سۆپىتىگە بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. تازىمۇ بىر... — ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر غودۇڭشىغىنىچە كېتىپ قالدى. بىرنېمە دېمىگىنىم بىلەن كۆڭلۈمدە سان بار ئىدى. ئەگەر ئۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرسەم قانداقمۇ شاپائەتچىمگە يۈز كېلەلەيمەن؟

دېگەندەك، بۈيرۇتمىسى بويىچە ئىش كۆرمىگەنلىكىم ئۈچۈن باش سېستىرالار باشلىقى ماڭا تەتۈر قاراپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە سىغمىغانلا ئادەمگە ياخشى كۈن يوق ئىكەن. مەن تۇيۇقسىزلا بىر يىللىق ياردەمگە يېزىغا بارىدىغان بولۇپ بېكىتىلگىنىمنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇنىڭدا باش سېستىرالار باشلىقىنىڭ قولى بارلىقىنى

بىلگىنىمدە ھەيران قالدىم. سىستىرالار باشلىقى تۇرۇپ دوختۇرلارنىڭ ئىشىغمۇ ئارىلىشالايدىغان بۇ ئايال دىققىتىمنى تارتتى. كېلىپ بىر يىل بولار - بولماي يەنە يېزىغا قايتۇرۇلسام، يەنە كېلىپ دائىم ئەر دوختۇرلار بارىدىغان ئىشنىڭ قانداقىسىغا ماگا كېلىپ قالغىنىغا ئىپادە بىلدۇرمەي تۇرالمايتتىم.

مەن خۇددى دادامنى ئەسكە ئالغاندەك تەبىئىيلا شاپائەتچىمنى ئەسكە ئالدىم.

«سىز بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىش بار ئىدى، قاچاندا سىزنى تاپالايمەن؟»

ئۇنىڭدىن ئۇچۇر قايتمىدى، بەك ئالدىراش ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم، يەنە بىر يەرلىرىمدە قېيىداپمۇ ئۇلگۈردۇم. بوپتۇلا، قاراپ باقمايمەنمۇ، دەپ ئويلىدىم. ئاپامغا قارايدىغانغا ئىشەنچلىك بىرسىنى تاپماقچى بولۇپ بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىر ئايلىنىپ يەنە شۇ سەلىمەنى تاپتىم، دادىسىنى ئۆيلەپ قويۇپ غەمدىن خالاس بولغان سەلىمە ماقۇل بولدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شاپائەتچىمنىڭ يوللىغان ئۇچۇرىنى تاپشۇرۇۋالدىم.

«مەن چۈشتىن كېيىن ئىشخانامدا بولىمەن، ئىنكاس قىلىدىغان ئىش بولسا سەل كېيىنرەك كېلىڭ.»

بارىدىغىنىم ئېنىق، بىراق ئۇنىڭ سەل كېيىنرەك كېلىڭ، دېگەن گېپى نېرۋامغا تەگدى.

ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كەلگىنىمدە كاتىپمۇ، شوپۇرمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ ئىشخانىسى ھېلىلا تازىلانغاندەك قىلاتتى. ھاۋا ساپلاشتۇرغۇچنىڭ خۇش پۇرىقى دىمىقىمغا ئۇرۇلدى.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟ كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ؟ — ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاچ ئەھۋال سورىدى.

— ياخشى، كۆنۈپمۇ قالدىم.

— باشقىلاردىن سورىسام سىزنى بەك ياۋاش دەيدۇ.

— شۇ، تەسرەك كۆندۈم.

— نېمىشقا؟ قايسى تەرىپى سىزگە ياقمىدى؟ قانداق مەسىلىلەر بار ئىكەن؟
— ياقمىدى ئەمەس، شۇ.. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەندەك دېھقان بالىسىنىڭ مۇنداق دوختۇرخانىدا ئىشلەشكە شەرتىم تازا توشمايدىغاندەك، — بىلىپ - بىلمەي ئازراق ئەركىلەش تەلەپپۇزىدا سۆزلەپ تاشلىدىم.
— ھېچقىسى يوق، ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ، ئۆزىڭىزنى ئۇلاردىن قېلىشقۇچىلىكىم يوق دەپ ئويلاڭ.
— ئىشقىلىپ، شاپائەتچىمىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلاي دەپ ياخشى ئىشلەشكە تىرىشىۋاتىمەن. ھامان بىر كۈنى ھەممەيلەن مېنىڭ ئىقتىدارىمغا قايىل بولغۇدەك سەۋىيەگە يېتىمەن، دەپ ئويلايمەن.
— شۇنداق ئويلىغىنىڭىزغا رەھمەت. خوش، بۈگۈن مېنى قانداق ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلدىڭىز؟
— ئالدىڭىزدا تولىمۇ خىجىلمەن، نەگىلا بارسام ئىش تېپىپلا يۈرىمەن.
— قېنى گېپىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ، سىزدىن چىققان ئەھۋاللارنى ئىگىلىسەم دەيمەن.
— ئەمەلىيەتتە بۇ شەخسىي ئىش. مەن يەنە يېزىغا ياردەمگە بارغۇدەكمەن. پات ئارىدا ئېلان قىلىدىكەن. مەن يېزىدا چوڭ بولغان، جاپادىن قورقۇپ قالمايمەن. بىراق، مېنىڭ مۇشۇ غەلىتە مىجەزىم ماڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپلا يۈرىدۇ. بەزى ئىشلارنى كۆرمەي دېسەممۇ كۆرۈپ قالىمەن. ئۇقماسقا سالاي، چاندۇرماي دېسەم، چىرايىمدىن ھەممە بىلىنىپ قالىدۇ، ماڭا راستلا تەس بولدى.
— قايسى ئىشلار سىزنى مۇنچە بىئارام قىلدى؟
مەن باش سېسترالار باشلىقى توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئېيتتىم.
— بۇ توغرىسىدىكى ئىشلارنى مەنمۇ ئاڭلىغان، مۇشۇ تۈردە-

كى بىر ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا يۇقىرىدىن قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىدىم. ئەمما، بۇ ئىشنى چوقۇم بىر تەرەپ قىلىمەن. بۇ ۋاقىت مەسىلىسى، خالاس! سىزنىڭ ئىشىڭىزغا كەلسەك، خاتىرجەم بولۇڭ.

— سىزگە داۋاملىق ئاۋارىچىلىك تېپىپلا بېرىۋاتىمەن، تولىمۇ خىجىلمەن.

— سىز نېمىشقا ئۇستەلگە قاراپ سۆزلەيسىز؟ مەنمۇ سىزگە قارىماي تامغا قاراپ سۆزلەيمۇ؟

مەن تۆكۈلۈشكە تەييار بولغان ياشلىرىمنى سۈرتۈۋېتىپ كۈلۈۋەتتىم.

— سىز بەك سۈرلۈك، قورقىمەن.

— نېمە؟ مەن شۇنداق تەسىر بېرەمدىمەن؟

— سىز بەك بولسا قىرىققا كىرگەنسىز، بىراق سىز ماڭا ئاز دېگەندىمۇ ئاتمىش ياشقا كىرگەندەك تۇيغۇ بېرىسىز.

ئۇ كۈلۈپ كەتتى.

— باشقىلارمۇ شۇنداق دەيدۇ. خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن مۇشۇنداق كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

— سىزگە كۆپ رەھمەت. كەچ بوپ كېتىپتۇ مەن قايتاي.

— ماقۇل ئەمىسە، — ئۇ مېنى ئۇزاتماقچى بولۇپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشىنى كۈتمەيلا ئۆزۈم ئېچىپ چىقىپ كەتتىم.

نەچچە كۈندىن كېيىن، بۇ قېتىمقى يېزىلارغا ياردەمگە بېرىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغىنىنى ئاڭلىدىم. چۈنكى، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن سەييارە داۋالاش ئۆمىكى ھەرقايسى يېزىلاردا داۋالاش ئېلىپ بارىدىكەن. بۇنىڭمۇ تاسادىپىي ئۇدۇل كەلگەن ياكى باشقا سەۋەب بارلىقىنى بىلمىدىم. لېكىن، قەلبىمدە شاپائەتچىمگە قارىتا ئالەمچە تەشەككۈر بار ئىدى.

قىش كېتىپ باھار كەلدى. چوكانتاللار بىخ چىقىرىپ، ئۆرۈكلەر چېچەكلەپ، يېڭى باھار ئىللىق قوينىنى ئاچتى. ئانام

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەرنېمە بولسا قىشتىن ئامان ـ ئېسەن چىقتى. ھەر قېتىم تا-
سادىپىيلا بەخت تۇيغۇسىغا چۆمگىنىمدە ئۇ ئېسىمگە كېلەتتى.
ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئۇ توغرۇلۇق پاراڭلارنى ئاڭلاپ قالسام قۇلىقىم
دىڭ!

— توۋا! مۇشۇ باشلىقلارنىڭ ئىچىدە ئادىل ھاكىم ئاجايىپ
گېلى پاكىز ئادەم جۇمۇ.

— راست، ھەممە جەھەتتىن بەك پاكىز ئىمىش، قىز ـ ئا-
ياللارغا ھەرگىز كۆز سالماسىمىش.

— ئەمەلىيەتتە، بىرلا قاراشقىمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئېسىل ئادەم-
لىكى چىقىپلا تۇرىدۇ.

...

دوختۇرخانىمىزنىڭ يېڭىدىن پۈتكەن ئامبۇلاتورىيە بىناسى-
نىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈش مۇراسىمىغا ئۇ بىر قىسىم رەھبە-
رىي كادىرلار بىلەن بىللە كېلىپ قاتناشتى. ئۇ يەنىلا شۇنداق
سۇرلۇك، ئىپادىسىز ھالەتتە تۇراتتى. شەيتىنىم تۇتۇپ ئۇنىڭغا
ئۇچۇر يوللىدىم.

«سەل كۇلۇمسىرەشنى ئۆگىنىڭ.»

مەن ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇردۇم. دوختۇرخانا باش-
لىقى سۆزلەۋاتقان پەيتتە ئۇ تېلېفونىغا قاراپ ئۇلگۇردى. راست
دېگەندەك، ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئېھتىمال ئۇ
مېنىڭ ئەخمىقانە ئىشلىرىمغا، بەڭباشلىقىمغا كۇلگەندۇر.

باش سېستىرالار باشلىقى قەدەمدە بىر مېنى ئەدەپلەپ ئۇلگۇ-
رىدۇ، ئەگەر ھاياتىمدا بۇ ئايال بىلەن ئۇچراشمىغان بولسام، بەل-
كىم تىنچ ياشاپ كېتىۋەرگەن بولاتتىم. بىراق، ئۇ خۇددى سايەم-
دەكلا يۈرىدۇ. ھە دېسىلا ئادەم كۆپ يەرلەردە ماڭا كۆيۈنگەن بو-
لۇۋېلىپ زىتىمغا تېگىدۇ.

— خۇدايىم چىرايىنى بەرگەن بىلەن بەختىنى بەرمىسە بىكار،
توۋا! بۇ قىز شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپ ياشلىقى بىكارلا ئۆتۈپ
كېتىۋاتىدۇ دېسە. ئايال كىشى دېگەن ئەردە ياخشى، بولمىسا يەر-

ده. ئايال كىشى ئوقۇپ ئالىم بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بىر ئەر-
نىڭ پېشىنى تۇتۇشى كېرەك ئىدى.

— راست! سۆيۈرگىدەك بولسىمۇ بىر ئېرىڭىزنىڭ بولغىنى ئەۋزەل، تاللاپ - تاللاپ تازغا ئۇچرىماڭ يەنە.

— ئەرنىڭ قانداقلىقىنى بىلمىگەن گەپ. شاپ بۇرۇت ئوغرىدىن بىرسى ئەرنىڭ قانداقلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغان بولسا، ئازدىن مەن تېگەي دەپ كەينىدىن يۈگۈرۈيتتى.

ئاشۇ ئايالنىڭ زەھەرخەندە گەپلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەرگە كۆڭۈل بېرەيمۇ دەيمەن، بىراق ھېچكىم دىتىمغا ياقمايدۇ. خۇددى بارلىق ئەرلەر شاپائەتچىمنىڭ سىياقىدا بولۇشى كېرەكتەك، خۇي - پەيلى چوقۇم ئۇنىڭغا ئوخشىشى كېرەكتەك. بۇنىڭ قانداق ھېسسىيات، قانداق ئۆلچەم ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

مەن قەلبىمدىكى غېرىبلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا ۋاقتىمنى ماتېرىيال كۆرگەچ ئانام بىلەن ئۆتكۈزەتتىم، بارا - بارا مەندىمۇ كىلىنىكىلىق داۋالاش جەريانىدا يولۇققان بەزىبىر مەسىلىلەرنى، بۇ جەھەتتىكى چۈشەنچەمنى يېزىپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى. يازغانلىرىمدىن نەچچە پارچىسىنى ئىلمىي ژۇرنالغا ئەۋەتتىم. كىم بىلسۇن، نەچچە ئايدىن كېيىن ئىككى پارچە ماقالەم راستلا ژۇرنالغا بېسىلدى. خىزمەتداشلىرىم مېنى تەبرىكلەشتى. قانچىلىك خۇش بولغىنىمنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. مۇشۇ ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە يەنە بىر پارچە ماقالە يازدىم، بۇ قېتىمقى تېمام تەسرەك بولغاچقا، پېشقەدەم دوختۇرلارنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىدىم. ھەرھالدا ئىككى ئاي ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ ئاخىر ماقالەمنى پۈتكۈزۈپ ئەۋەتىۋەتتىم.

كۈز يېتىپ كەلدى. گەرچە ئالتۇن كۈز مەمۇرچىلىق، ئالتۇن رەڭ گۈزەللىكنى ئېلىپ كەلسىمۇ، مېنى يەنە غەم باستى. چۈنكى، ئانام يەنە ئۇزاق قىش بىلەن ئېلىشىدۇ. باھارغا ئۇلىشامدۇ،

يوق؟ بۇ ئۇنىڭ غەيرىتىگە، تەڭرىمنىڭ شاپائىتىگە باغلىق ئىدى.
بىر قايغۇغا بىر شادلىق ھەمراھ دەپ، ماقالەم ژۇرنالغا بېسىلىپلا قالماي، مەن تېخى يىللىق باھالاشتا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىدىم. مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، دوختۇرخانا رەھبەرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يولغا چىقتىم. باش سېستىرالار باشلىقى يەنە شوخىسىنى سانجىپ ئۇلگۇردى:
— مانا قاراڭلار، تەخەي ئات تەخەيلىگەندەكلا ئىش بوپتۇ، «ئەسكى كېيىمنىڭ ئىچىدە ئادەم بار» دېگەندەك، بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ ماقالە چىقىرىپسىز مانا! بولسا يوللۇقنى جىقراق تۇتسام بولاتتى. ئاز بولسىمۇ مۇنۇ ئەللىك كويغا تاماق يېگەچ مالىغارسىز...
يىغىن بىر كۈندىلا تۈگىدى، ئەمدى قىلىدىغان ئىشىم مېنى خوش، دەپ ئۈزىتىپ قويغان خىزمەتداشلىرىمغا، بولۇپمۇ باش سېستىرالار باشلىقىغا سوۋغات ئېلىۋالمىسام بولمايتتى. ئەلۋەتتە، مەنمۇ ئاز ـ تولا ماسلاشمىسام «ماسلىشالمىغانلار شاللىنىپ كېتىدۇ» پىرىنسىپىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتەتتىم. سوۋدىلىقلىرىمنى تۈگىتىپ ياتاققا قايتىپ كەلدىم. ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىمەن. كەلمىگىنىمگە نەچچە يىل بولغان بۇ مەركىزىي شەھەر شۇنچە قايناق، ئاۋات بولسىمۇ، ئۆزۈمنى ئالەمچە غېرىب ھېس قىلدىم. ساۋاقداشلىرىمنى ئىزدىگۈممۇ كەلمىدى. ئۇلارنىڭ مۇرات توغرۇلۇق بىرنەرسىلەرنى دېيىشى تۇرغانلا گەپ. ئەمدى ئۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق گەپ ئاڭلىغۇم يوق ھەم قىزىقمايمەن. بىراق، ئىچىمدە ئاجايىپ بىر خىل غېرىبلىق يۈرىكىمنى سىماپتەك ئېرىتمەكتە ئىدى. شاپائەتچىمنى ئويلاپ قالدىم. شۇ تاپتا ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ ئۇنىڭغا ئۇچۇر يوللىدىم.
«مۇكاپاتلانغان شۇ دەقىقىلەردە سىزنى ئويلىدىم. رەھمەت سىزگە!» ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى، كەيپىياتىم بۇزۇلۇپ يىغلاپ تاشلىدىم. ئەتىسى يولغا چىقتىم. يول بويى ئېغىر

خىياللار ئارامىمنى بۇزدى. مېنى تەبرىكلەپ قويسا نېمە بولاتتى؟
ئەجەبا مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمنى خۇشامەت دەپ چۈ-
شىنىپ قالغانمىدۇ؟ خەپ، ئەمدى ھەرگىز ئۇنى ئىزدىمەيمەن.
چۆمۈلىدەك كىچىك بولساممۇ، تىرىشچانلىقىم بىلەن ئۇنىڭغا
ئۆزۈمنىڭ ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىمنى، ئۇنىڭ ياردىمىسىزمۇ چوڭ-
چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغىنىمنى بىلدۈرۈپ قويىد-
مەن... ئۆزۈمگە قايتىدىن ئىشەنچ پەيدا بولدى.

تىرىشىسىلا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق ئىكەن. خىزمەت
ئەمەلىيىتىمگە بىرلەشتۈرۈپ بەزىبىر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بار-
دىم، دوختۇرخانىدىكىلەرمۇ بارغانسېرى مېنى ھۆرمەتلەپ، ئارىغا
ئېلىشقا باشلىدى.

«8 - مارت» قەلبىم لەرزىگە كەلدى. ئۇ مېنىڭ بايرىمىمنى
تەبرىكلەپ قىسقىلا ئۇچۇر يوللاپ قويغانىدى:

«بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! سىزگە شادلىق تىلەيمەن!»

قانچىلىك خۇشال بولغىنىمنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن «ئۇنىڭ
كۆڭلىنىڭ بىرەر بۇرجەكلىرىدە ئىسمىم بار ئوخشايدۇ. ھەر
ھالدا مېنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ!» ئۇنىڭغا بولغان قېيىداشلىرىم نە-
لەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە دوخ-
تۇرخانا باشلىقى، يۇقىرىدىن كەلگەن پىروفېسسورلارنى كەچلىك
تاماققا دەپ قويغانلىقىنى، مېنىڭمۇ بېرىپ ئۇلاردىن سوراشقا
تېگىشلىك ئىشلارنى سورىغاچ ئولتۇرۇپ كېتىشىمنى ئېيتتى.
ئۇ مېنىڭ تەتقىقاتىمغا كۆڭۈل بۆلۈپ شۇنداق دەۋاتقان بولغاچقا،
مەنمۇ باشقىچە ئىككىلىنىشلەردە بولماي ۋاقتىدا باردىم. دوخ-
تۇرخانا باشلىقى ئۇلارغا مېنى ئالاھىدە تونۇشتۇردى. ئولتۇر-
غانلار ئىچىدە ھېچقانداق ئەمەل - مەنسىپى يوق ئادەمدىن پەقەت
مەنلا بولساممۇ، ئېرىشكەن ھۆرمەت قەلبىمنى لەرزىگە سالدى.
ئۇلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەردىم. ماڭا مۇجمەل بولغان
بەزى مەسىلىلەر توغرۇلۇق ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىدىم. بەزى-
بىر مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشتۇق. ئۆزۈمنى خۇددى

www.uyghurkitap.com

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. تۇيۇقسىز ئولتۇرغانلار گۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراشتى. توك تەپكەندەك تۇرۇپ كەتتىم. ئىشىكتىن شاپائەتچىم كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن سورۇندا ئۇچرىشىپ قالمىغاچ، خۇددى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك بىئارام بولدۇم. ئېھتىمال مېنىڭ بۇ يەردە بولۇشۇم ئۇنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويار... ئۇنىڭ كىرىشىگىلا كېتىپ قالسام تېخى قاملاشماس.

مەن ھەتتا ئۇ ئولتۇرغان تەرەپكە قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ئولتۇردۇم. «ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق» بولۇپ ئولتۇرسام، ئۇ بىر ـ بىرلەپ قەدەھ تۇتۇپ ئايلىنىپ يېنىمغا كېلىپ قالدى. ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— ھە تەتقىقاتچى، تەتقىقاتىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا تىلەكداشمەن!

ئالدىمدىكى بىر پىيالە چاينى تەستە قولۇمغا ئالدىم. ئۇنىڭ رومكىسى پىيالەمگە سوقۇلغان بولدى. مەن يەنە ئۇنىڭ چىرايىغا قارىيالماي تېزلا ئولتۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭ تاماقنى قانداق يەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىكەنمەن، شۇنداق كۆرگۈم بولسىمۇ، جۈرئەت قىلالمىدىم، ئۆزۈمنىڭ چوكا تۇتۇشۇم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يېنىمدىكى بۆلۈم مۇدىرى مېنىڭ ھېچ نەرسە يېمەي ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ تاماققا زورلىدى.

— سىز نېمانداق ھېچنېمە يېمەي ئولتۇرسىز؟ ئانچە ـ مۇنچە ئالغاچ ئولتۇرۇڭ، يېنىڭىزدا ئولتۇرۇپ يەۋېرىشكە خىجىل بولدۇم.

— سىز يەۋېرىڭ، مۇدىر، مەن كەچتە تاماق يەۋاپتىمەن، — قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتىشقا توغرا كەلدى.

— قورقماڭ، سىز بۇ ئۆمرىڭىزدە سەمرىپ قالىدىغاندەك قىلمايسىز.

— راستلا تاماق يېگەن.

— ئەمسە مېۋە بولسىمۇ يېگەچ ئولتۇرۇڭ، — ئۇ مېۋە تىزىلغان پەتنۇستىن يوغان بىر نەشپۈتنى ئېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

ئەمدى نېمە دەيمەن؟ ئاغزىمنى يوغان ئېچىپ نەشپۈتنى يېيىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— يەڭ، يەنە نېمە بولدى؟

— قانداق يەيمەن؟ — ئويلىمايلا دەپ ساپتىمەن.

— بىرسى چايناپ يېگۈزۈپ قويسا بولامتى؟ ئەكىلىڭە مەن ياردەم قىلاي، — ئۇ چاقچىقىنىڭ كەپ بەرگىنىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

— ئۆيگە بېرىپ بالىڭىزغا يېگۈزۈڭ، — ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتىم. ئوغرىلىقچە شاپائەتچىمگە قارىدىم. ئۇ بۇ تەرەپكە قارىمىغاندەك قىلاتتى، يېنىدىكى كىشى بىلەن قىزغىن پاراڭ قىلىشىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ يېنىدىكى بىر تۇتام ئاچقۇچنى ئېلىپ ماڭا ئۇزارتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنداق تەبىئىي ئىدى.

— مانا پىچاق!

كىچىككىنە يىغىسار پىچىقى كۆزۈمگە ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈندى. مەن نەشپۈتنى سويۇپ، پارچىلاپ يېنىمدىكى ئىككى ئايالغا تەڭلىدىم. نەشپۈت تېزلا يېيىلىپ بولۇندى. مەن قەغەز بىلەن پىچاقنى پاكىز سۈرتۈپ يېنىمدىكىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردىم. سورۇن قىزغىن كەيپىياتتا داۋاملاشماقتا ئىدى. مەن ئۇلار تانسىغا چۈشكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاچماقچى بولۇۋىدىم، ئويلىمىغاندا ئۇ ئۇدۇللا كېلىپ مېنى تانسىغا تارتتى.

مەن ئىمكان بار ئۆزۈمنى پەرۋاسىز، تەبىئىي تۇتۇشقا تىرىشتىم. ئۇنىڭ ئېگىز بويى سول قولۇمنى مۈرىسىگە قويۇشۇمغا ئىمكان بەرمىدى. مەن ئۇنىڭ ئوڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالدىم. ئالقانلىرىم ئۇنىڭ چىڭ، ساغلام بولجۇڭ گۆشلىرىنى بايقاپ ئۈلگۈردى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— كىرسەم قاراپمۇ قويمايسىزغۇ؟ مەندىن خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ ياكى ئۆچ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟
— ئۇنداق ئەمەس، سىزدىن خىجىل بولدۇم شۇ.
— قانداق ئەسكى ئىش قىلغانىدىڭىز؟
— ئىشقىلىپ، سىزدىن بەك تەپ تارتىمەن.
— نېمىشقا؟ مەن تېخى سىزنى كۆرۈپ ئېچىلىپ ئولتۇردۇم.
— كېتەي دېسەم تېخى.
— تەتقىقات ئىشلىرىغا كىرىشىپ ياخشى قىپسىز، باشقىلاردىن ئاڭلىدىم.
— هامان ئاسپىرانتلىققا ئۆتىمەن، ئۇ چاغدا تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتىمەن.
— سىزنى قوللايمەن، ئوقۇڭ. بىز سىزدەك ئىختىساس ئىگىلىرىگە موهتاج.
گەرچە ئۇنىڭ ئاخىرقى گېپى قۇلىقىمغا ياقمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا «رەهمەت» دەپ قويدۇم.
— بىز كۆرۈشمىگىلى خېلى بولدىغۇ دەيمەن؟
— هەئە.
— توغرا، هېلىقى چاغدا يېزىغا بارمايتتىم، دەپ يىغلاپ بارغىنىڭىزدا كۆرۈشكەنچىكەنمىز.
مەن كۈلۈپ تاشلىدىم.
— ئارقامدىن تازا كۈلۈۋالغان بولغىيدىڭىز؟
— ئۇنداق قىلمىدىم.
ئۇ كۆزۈمگە قارىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا قارىدىم. نېمىشقىدۇر بۇ قاراش ئۇزاق داۋاملاشتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قانداقسىغا شۇنچە مېهىر بىلەن قاراپ قالغىنىمنى تۇيمايلا قالدىم. گېپىمىزمۇ توختاپ قالدى. مەن تەستە ئۆزۈمنى تېپىۋېلىپ يەرگە قارىۋالدىم. توۋا، مەن نېمە بولدۇم؟ مەن ئاستا ئۇنىڭغا شىۋىرلىدىم.
— مەن ئەمدى كېتەي، خوش.

— كېتەمسىز؟ — ئۇ ئىپادە بىلدۈرگۈچە مۈزىكا تۈگىدى. مەن ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپ سومكامنى ئالدىم ـ دە، چىقىپ كەتتىم. ھەممەيلەن تاراپ ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىۋاتقان چاغ بولغاچقا ماڭغىنىمنى بىلمەيلا قالدى.

كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم، چۈنكى مەن ئۆزۈمدە غەلىتە بىر سىگنالنى بايقاپ قالدىم. مەن تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئادەمگە ئايلىنىپ قالغىلىۋاتاتتىم. مەن بېشىمنى سىلكىۋېتىشىم كېرەك ئىدى. ئۆز ـ ئۆزۈمگە نەسىھەت قىلاتتىم. بۇ ھەرگىز ياخشى كۆرۈش ئەمەس! ئۇ پەقەت پارتىيە، خەلق بەرگەن ھوقۇقىغا تايىنىپلا ساڭا ياخشىلىق قىلدى، بۇنى سەن باشقىچە چۈشەنسەڭ قانداق بولىدۇ؟ بېشىڭنى سىلكىۋەت، بۇئايشەم! ئۇ دېگەن ئائىلىسى بار ئادەم! ئەمما، ئىچىمدىكى مەن قايىل بولمايتتى. «مېنىڭ ھېسسىياتىم ئۇنىڭ ئائىلىسى، ئۇنىڭ ماڭا قانداق قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، مەن ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايمەن، ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگۈم تېخىمۇ يوق. پەقەت ئۇنى قەلبىمنىڭ پىنھان يەرلىرىدە ساقلاپ، ئۆزۈمگە مەنىۋى تۈۋرۈك، ئىلھام قىلماقچىمەن...» ئەگەر قولۇمدىن كەلسە، مۇشۇنداق دېگەن ئۆزۈمنى ئىچىمدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ بوغۇپلىۋېتەتتىم. بىراق، بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

زىمىستان قىش يېتىپ كەلدى. ئانام تولا ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. بۆلۈمدىمۇ كېسەللەر كۆپ، بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى يىغلىغىلى تەييار. بىراق، ئۆز ـ ئۆزۈمگە پۇرسەت بەرمەي، ئالدىراشلىق ئىچىگە كىرىۋېلىپ كۆنلىرىمنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدىم. تۈنجى قار ئۇنى ئېسىمگە سالدى. كەچتە نۆۋەتچىلىك قىلىۋېتىپ ئۇنىڭغا ئۇچۇر يوللىدىم. ئۇنى بىراقلا ئۇنتۇپ كېتىمەن دېسەممۇ، ئۇ كىشى نېمە دەپ ئويلاپ قالار، دېگەن باھانە مېنى يەڭدى.

«ياخشىمۇسىز؟ ئاپپاق قار سىزگە ئازادىلىك، گۈزەل تۇيغۇ ئېلىپ كەلگەي!»

ئۇنىڭ ھېچنېمە دېمەسلىكىنى ئارزۇ قىلاتتىم. كىتاب كۆرۈپ بىر چاغقىچە ئولتۇرۇپ، كېيىن كەلمىگەچكە ئۇخلاپ قالدىم. بىر چاغدا تېلېفونۇم سايرىدى. قارىسام، ئۇنىڭ نومۇرى، تېلېفوننى ئالماي ئۈزۈۋەتتىم.

خېلى كۈنلەرگىچە دىققىتىمنى يىغالماي يۈردۈم، ئۇ مەن ئۇچۇن سىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان مۇقەددەس كىتاب بولۇپ قالغانىدى. مەن پەقەت يىراقتىن ئۇنىڭ نەچچە قۇر خېتىنى ئوقۇيالىدىم، ئەمما ئۇنىڭدا يەنە نېمىلەر يېزىلغىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئاجىز ئىدىم. بەزىدە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئۇچۇرلار بىر ئۇخلىساملا كاللامدىن ئۇچۇپ كەتسە، ئۇنى بىراقلا ئۇنتۇپ كەتسەم، ھېچكىمگە ئاشكارىلىغىلى بولمايدىغان بۇ روھىي ئازابلاردىن بىراقلا خالاس بولسام، دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. بىراق، ھەر كۈنى سەھەردە كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا، ئالدى بىلەن ئۇ قارىچۇقلىرىمدا پەيدا بولۇپ، ئاندىن كىملىكىم ئېسىمگە كېلەتتى. ئارقىدىن تۈنۈگۈن بىلەن بۈگۈن تۇتىشىپ مېنىڭ رېئاللىقىم پەيدا بولاتتى. تورۇپلا نىرۋامدىن چاتاق چىقىۋاتامدۇ نېمە، دەپمۇ ئويلاپ قالاتتىم.

يېڭى يىل يېتىپ كەلدى. ئۇنى ئەمدى ھەرگىز ئىزدىمەيمەن، دەپ تورۇپ يەنە ئۇنىڭغا ئۇچۇر يوللىغۇم كەلدى. بۇگۈنكىدەك ئالاھىدە كۈنلەردە ئادەتتىكى تونۇشلارمۇ ئۆز ئارا تەبرىكلىشىدىغۇ، دەپ ئۆزۈمگە باھانە تېپىپ چىقتىم. «يېڭى يىل سىزگە قۇت، بەرىكەت ئېلىپ كەلگەي!»

يېڭى يىلنىڭ تۇنجى سەھىرىدە ئۇنىڭدىن ئۇچۇر تاپشۇرۇۋالدىم.

«يېڭى يىلدا زور ئۇتۇق قازىنىشىڭىزنى تىلەيمەن!»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خېلى بىر مەزگىل كۆز ئالدىمدىن تولۇق غايىب بولدى، ئۇنى ھېچ يەردە كۆرمىدىم. ئۆزۈممۇ ئۇنى ئىزدەپ بارغۇدەك بىرەر سەۋەب تاپالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانامنىڭ نەسىھەتلىرى ماڭا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى.

— بالام، كۆزۈمنىڭ ئۇچۇق چېغىدا تويىغىزنى كۆرسەم دەي-
مەن، سىز تىغدەك يالغۇز. مۇنداق قالسىڭىز كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ
مېنىڭ. ئەمدى تۇرمۇش ئىشىڭىزنى ئويلاشسىڭىز بولاتتى.
— ماقۇل، سىزگە ۋەدە بېرەي، ئانا، گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن.
كۆڭلۈمگە ياققۇدەك بىرسى چىقسا چوقۇم سىزگە دەيمەن.
— بالام، بەك تاللاپ كەتسىڭىزمۇ بولماس، سوراپ كەلسە بۇ
ئالەمدە ھېچكىمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىرى، كۆڭلىدىكىدەك خو-
تۇنى يوق، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولسىلا مەيلى.
— شۇنداقتىمۇ، مېنىڭ خىزمەت ئورنۇمنى، مائاشىمنى ئە-
مەس، مېنى ھەم سىزنى ياخشى كۆرەلەيدىغان بىرسىنى ئۇچرى-
تىپ قالسام ئىكەن دەيمەن.
— سىزنى قوغلاشقانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئادەملەرمىدۇ؟
ئەقلىڭىز بىلەن ئىش كۆرسىڭىز چوقۇم پەرقلەندۈرەلەيسىز...
— ماقۇل !
دېمىسىمۇ تۇرمۇش ئىشىمنى يەنىلا ئويلاشمىسام ئۆزۈمگىمۇ
ياخشى ئەمەس ئىدى، شۇغىنىسى ئالدىمغا كەلگەن يىگىتلەرنى
ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق دەپ ئېۋەن تېپىپ تۇراتتىم. كۆڭ-
لۈمنى توختىتالمايتتىم. باھار يېتىپ كېلەي دېگەندە ئانامنىڭ
كېسىلى بىراقلا ئېغىرلىشىپ يېتىپ قالدى. ئانامنىڭ بۆرىكىمۇ
زەئىپلىشىپ كاردىن چىققانىدى. سۈيدۈك ماڭماي ئىششىپ قال-
غىنىغا بىرنەچچە كۈن بولدى. دورا، ئوكۇلنى ھەسسىلەپ ئىش-
لىتىپمۇ ئۇنىڭدا ھېچقانداق ياخشىلىنىش بولمىدى. ئۆزۈم دوخ-
تۇر تۇرۇپ ئانامنى داۋالىيالمىغانلىقىمغا ئۆكۈنەتتىم. شۇ كۈن-
لەردە كېچە - كۈندۈز ئانامدىن ئايرىلماي دوختۇرخانىدا يېتىپ -
قوپۇپ يۈردۈم. كەيپىياتىم ناچار ئىدى. داۋالاش ھادىسىسى چى-
قىپ قېلىشتىن ئەنسىرىمىسەم، خىزمەتنىمۇ قولۇمنىڭ ئۇچى-
دىلا ئىشلەپ قويىدىغاندەك قىلاتتىم.
بۈگۈن شاپائەتچىمنىڭمۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەنلى-
كىنى ئاڭلىدىم، سەپەر ئۈستىدە ئازراق ھادىسىگە يولۇققان-

www.uyghurkitap.com

مىش، لېپەك زەخملىنىپ پۈتنى گېپىسلاپ قويغانىمىش. كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم مۇشۇ كۈنلەردە ئۈنىڭمۇ ھادىسىگە ئۇچرىغىنى نېمىسى؟ شۇ كۈنلەردە مەن تەسەللىسىرەپ كەتكەنىدىم. ئانام كېچە ـ كۈندۈز ئىڭراپ ئۇخلىيالمايتتى. ھېلى يۆلەپ ئولتۇرغۇزسام، ھېلى ياتقۇزۇپ باقاتتىم. ئۇ ئارامسىزلىنىپ يەنە ئولتۇرماقچى بولاتتى... مەن غەمدە ئوبدانلا ياداپ كەتتىم. كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمايتتى. ئەمما، كۆڭلۈمگە ئىنىق، تۇرمۇش ئەمدى ماڭا پۈرسەت بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى. يېنىمدا نە بىر ئاكام، ئاچام يوق. بەكلا غېرىبسىنىۋاتاتتىم.

شاپائەتچىمنى يوقلاش ئۈچۈن مۇۋاپىق پۇرسەتنى تېپىپ ئۇ ياتقان ئالىي دەرىجىلىك كادىرلار ياتىقىغا كىردىم. ئۇنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىغىلى تاس قالدىم، بىراق ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇۋالدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ بەكلا ھارغىن كۆرۈنىسىزغۇ؟

— ھېچنېمە، خىزمەت بېسىمى ئېغىر كەلدى بولغاي. ئۆزىڭىز قانداقراق؟

— ئەھۋالىم ياخشى، يەيدىغان رىزقىم بار ئوخشايدۇ.

— ياخشى ئادەم بىر ئۆمۈر خاتىرجەم ياشايدۇ، دەيدىكەن.

— رەھمەت، ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن.

— سىزگە بىرنەچچە پارچە كىتاب ئالغاچ كىردىم، ئالدىراش ئىشلەپ كۆنۈپ قالغان ئادەم يېتىپ زېرىكىپ قالىسىز.

— يەنىلا سىز ئەقىللىك جۇمۇ، قانداق، تەتقىقاتىڭىز توختاپ قالمىغاندۇ؟

— يېقىندىن بېرى يېتىشەلمەي قالدىم...

ئارىنى ئىنتايىن ئوڭايسىز بىر خىل جىمجىتلىق باستى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ گەپ باشلىدى:

— ئۆتكەندە قار ياغقان كۈنى تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى، بىرنەچچە يېقىنىم تەبرىكلەيمىز دەپ تۇرۇۋالدى. دەل شۇ چاغدا سىز يوللىغان ئۇچۇرنى تاپشۇرۇۋالدىم. سەل ئېغىرراق ئولتۇرۇپ

قالغان ئوخشايمەن، ئۇقۇشماستىن سىزگە تېلېفون قىلىپ سالىپ-تىمەن. ھېلىمۇ ياخشى سىز ئالماي قويدىڭىز. ئەتىسى «كەچۈ-رۈڭ» دەپ ئۇچۇر يوللاپتىكەنسىز، خىجىل بولۇپ كەتتىم. مېنى كەچۈرۈڭ!

— ھېچقىسى يوق، ئېسىمدە قالماپتۇ. ياخشى ئارام ئېلىڭ، مەن چىقاي!

ئىچىمدىن ۋۇلقاندەك پارتلاپ چىققان پىشمىنى تەستە توختى-تىۋالدىم. ئەسلى تېلېفوننى ئالغان بولسام نېمە دەر ئىدىڭىز، دەپ سورىغۇم بار ئىدى. ئەمما، ئۇنداق قىلالمايتتىم. كېچە ئانام-نىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تازا يىغلىدىم. مەن نېمىشقا باشقا قىزلار-دەك نورمال تۇيغۇلاردا بولالمايدىغاندىمەن؟ نېمىشقىمۇ ئۇنى تو-نۇغان بولغىيدىم؟ بىردىنبىر يېقىن كىشىم بوگۇن ـ ئەتىلىكى قىلىپ يېتىۋاتسا ئۇنىڭغا قانداقمۇ ھالىمنى دېيەلەيمەن؟ دېمەد-سەممۇ مەيلىدى، ئۇ كۆز قارىچۇقىنى پىلدىرلىتىپ يېتىپ بەر-سىمۇ مەيلىدى، ئەپسۇس، ئەتىسى چۈش پېشىندا ئانامنىڭ تىنىد-قى توختىدى. مەن ھوشۇمدىن كەتتىم. بىر مېيىتنى چىقىرىش-نىڭمۇ نۇرغۇن قائىدە ـ يوسۇنى بولىدىكەن. ھەممىنى ئۇنتۇپ ياقاڭنى يىرتىپ يىغلاپلا ئولتۇرغىلى بولمايدىكەن، قولۇم ـ قوشنا، جامائەتنىڭ ياردىمىدە ئىشلارنى چىرايلىقچە تۈگەتكەن بولدۇم. ئانام يەرلىكىدە قويۇلۇپ ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرلەپ كېتىپ، سەلىمە بىلەن يالغۇز قالدىم. بىچارە قىز خۇددى ئۆز ئانىسىنى ئۇزاتقاندەك ئىچ ـ ئىد-چىدىن ئازابلاندى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ يېنىمدا بار ئىكەن، بولمى-سا قانداق قىلار ئىدىم؟ دۇنيادا ھېچكىم مەندەك شور پېشانە بولۇپ قالمىسۇن، ئۆگەي بولسىمۇ بىرەر تۇغقىنىڭ بولسا نېمىدېگەن ياخشى؟! كۆز ياشلىرىم قۇرۇپ، ھەممىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ ئول-تۇرغىنىمدا ئۇنىڭدىن ئۇچۇر تاپشۇرۇۋالدىم.

«تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە بىز ئامالسىز، ئۆزىڭىزنى ئۇنداق بەك ئازابلىماڭ، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ. مەن سىز بىلەن بىللە.»

يۈرىكىم پارتلاپ كەتسۇنمۇ؟ بار ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ يىغىنى سالدىم. قوشنىمىز كىرىپ مېنى بەزلەشكە باشلىدى.

— مۇنداق قېقىلىپ يىغلىماڭ، بالام، سەۋر قىلىڭ.

ئىشىكتىن يىغلاپ كىرگەن ناتونۇش ئەر ـ ئايالنى كۆرۈپ يىغىدىن توختىدىم. بۇلار كىم بولغىيدى؟ ھېلىقى ئايال يىغلىـغىنىچە كېلىپ مېنى قۇچاقلىۋالدى. بىرھازا يىغلاشقاندىن كېـيىن ئۇلارغا داستىخان سالدىم. بۇ ئىككىيلەننىڭ بىر يەرلىرى كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنسىمۇ، كىملىكىنى سورىيالماي ئاۋارە ئىدىم. ھېلىقى ئەر كىشى سۆز باشلىدى:

— قىزىم، مۇشۇنداق چاغدا بۇ گەپنى دېيىش ـ دېمەسلىكنى جىق ئويلاندۇق. بىر مەزگىل كۈتەيلىمۇ دېدۇق. بىراق، يالغۇز قالغىنىڭىزغا ئانىڭىز ئىككىمىز ھېچ چىدىمىدۇق...

«ئانىڭىز» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم جىغغىدە قىلدى. مېنىڭ يەنە نەدە ئانام بولسۇن؟ ھېلىقى ئايال مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

— قىزىم، سىز يالغۇز ئەمەس. سىزنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىڭىز، ئالتە ئاكا ـ ئاچىڭىز تېخى ھايات!

بېشىم پىررىدە قېيىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم، سە۔ لىمە دەرھال مېنى يۆلىۋالدى.

— ئەينى چاغدا بىز رەھمەتلىك ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن قوشنا ئىدۇق، ئىككىلا رەھمەتلىك بەك ياخشى كىشىلەر ئىدى. بىراق، بالا يۈزى كۆرمىگەنىدى، ئانىڭىز كەينى ـ كەينىدىن يەتتە بالا تۇغدى. ئۇ چاغلاردا بىز كادىرلارنىڭمۇ كۈنىمىز ياخشى ئەمەس. سىزنى تۇغقاندا ئاكا ـ ئاچىلىرىڭىز كىچىك، ئانىڭىز خۇنسىراپ بەك ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. شۇ چاغلاردا رەھمەتلىك ئانىڭىز كۈن۔ دە بىزنىڭكىگە كىرىپ ئانىڭىزغا قارىغاچ سىزنى باققانىدى. سىزگە شۇنداق مېھرى چۈشۈپ قاپتىكەن، بىر كۈنى بىزگە سىزنى بەك بېقىۋالغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارغا يۈز كېلەل۔ مەي سىزنى بېرىشكە قوشۇلدۇق. شۇنداق قىلمايمۇ ئامالىمىز

يوق ئىدى. كېيىن بىز خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن قاراماي‍غا يۆتكىلىپ كەتتۇق. سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى سوراشتۇرۇپ تۇر-دۇق. ئۇلار سىزنى ئەتىۋارلاپ باققاچقا بىزمۇ ھېچنېمە دېيەلمە-دۇق، ھەتتا سىز ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەندە، بىز ئوقۇتايلى دې-سەك، رەھمەتلىك ئاتا - ئانىڭىز قەتئىي ئۇنىمىدى. ئۇلارنىڭ سىزگە بولغان مېھرى ئالدىدا سىزگە تونۇشلۇق بېرىشكە يۈزد-مىز چىدىمىدى. يېقىندا رەھمەتلىك بىزگە خەت ئەۋەتىپتىكەن. كۆزى يۇمۇلغاندىن كېيىن سىزنى ئېلىپ كېتىشىمىزنى ئۆتۈن-گەنىكەن. مانا خەت.

دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا نېمە دېگۈلۈك؟ مەن چوش كۆرۈۋاتقىد-نىمنى ياكى چۆچەكلەر دۇنياسىغا بېرىپ قالغىنىمنى بىلمىدىم. تونۇگونلا ئۆزۈمنىڭ يەككە - يېگانە ئىكەنلىكىمدىن ئاھ ئۇرۇپ ئازابلانغانىدىم. ئەمدى تويۇقسىزلا ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقاند-لىرىم پەيدا بولۇۋىدى، يەنە ئازابلىنىپ ياش تۆكتۈم. مەن ئۇلارنى قانداق قوبۇل قىلىمەن. ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئادەملەرنى نېمە دەپ چاقىرىمەن؟ مەن دەرد ئۈستىگە دەرد تارتىۋاتاتتىم.

ئۇلار ئاللىقاچان پېنسىيەگە چىقىپ بولغاچقا، ئانامنىڭ قىد-رىق نەزىرىنى بېرىپ بولغۇچە مەن بىلەن تۇردى. بۇ جەرياندا بە-زى ئىشلار كاللامدىن ئۆتتى. بوپتۇ، ئۇلار مېنى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچۇرغان ئادەملەر ئىكەن، بالام دەپ باغرىنى ئاچقانىكەن، مەن ئۇلاردىن ئاغرىنىپ، قېچىپ قانداق قىلاي؟ ئۇلارنى «ئاتا، ئانا» دەپ چاقىرالمىغان بولسامۇ، ئاتا - ئانا ئورنىدا مۇئامىلە قىلد-دىم. ئاللىقاچان ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ بولغان، كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىغان ئاكا - ئاچىلىرىمنىڭ مېنى بەكلا كۆرگۈسى بولغاچقا، مەن يېڭى ئاتا - ئانام بىلەن قاراماي‍غا باردىغان بول-دۇم. مېڭىش ئالدىدا شاپائەتچىمگە ئەھۋالىمنى ئۇقتۇرۇپ قويغۇم كەلدى.

«سىز بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىم بار ئىدى، قاچان ئىزدەپ بارسام مۇۋاپىق بولار؟»

www.uyghurkitap.com

«مەن هازىر شىنجاڭدا ئەمەس، قايتىپ بارغاندا سىزنى ئىزدەيمەن.»

كۆڭلۈم لەسسىدە بولدى. ئەتىسى يېڭى ئاتا ـ ئانام بىلەن قاراماىغا قاراپ يولغا چىقتىم. يول بويى بىر خىل سىقىلىش مېنى ئارامىمدا قويمايتتى. ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئاكا ـ ئاچىلىرىم ماڭا قانداق قارار؟ بىر تۇغقان بىلەن ئاتا ـ ئانا ئايرىم گەپ. ئاتا ـ ئانىنىڭ تەبىئىيلا ماڭا مېھرى چۈشىدۇ. بىراق، ئاكا ـ ئاچا دېگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋاستىسى، ئۇزاق مۇددەت بىر ئائىلىدە ياشاش داۋامىدا ئاندىن ئۆزئارا مېھىر چۈشىدىغان گەپ. بىراق، بىزدە مۇنداق تارىخ مەۋجۇت ئەمەس...

قىزىق يېرى، ئۇلارنى كۆرۈپ بىر تۇغقان ئىكەنلىكىمگە چىنپۈتتۇم. مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا ئوخشايتتىم. ئۇلار ماڭا ئوخشايتتى. تۇغقان مېھرىگە چاڭقاپ كەتكەن قەلبىم ئاز ـ تولا تەسەللى تاپقاندەك بولدى. بىر تۇغقانلىرىم كۈندە چايغا چاقىرىپ يۈرۈپ رۇخسەت ۋاقتىمۇ توشۇپ قالدى. ھەممەيلەن بىردەك مەن خالىساملا مېنى قاراماىغا يۆتكەپ كېلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. بۇ ئىشتا قاراپ تۇرۇپ ئۇلارغا كۆڭلۈمدىكىنى دېيەلمەيتتىم. ئاتا ـ ئانام خۇددى ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ئالدىمدا تىك تۇراتتى. ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئىمكان بار يۆتكىلىپ كېلىشكە ۋەدە بەردىم. ئۇلار مېنى جاپا تارتىپ قالمىسۇن دەپ ئايروپىلان بىلەن يولغا سېلىپ قويدى.

خۇشال ـ خۇرام ئايروپىلاندا ئولتۇرۇش ماڭا مەڭگۈ نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنى ئاجايىپ سېغىنغىنىمنى ھېس قىلدىم. بۇ خىل سېغىنىشىمنى نېمىگە ئوخشاتسام بولار؟ قەلبىم خۇددى ئۇزاق يىل ساقلانغان بىر قەدەھ خۇشبۇي شاراب كەبى ئۇنى كۈتىدۇ. ئۇ خۇش پۇراقلىرىمدىن مېنى بايقىۋالسىكەن، قولىغا ئېلىپ مەن قاراشقا پېتىنالمايدىغان سېھىرلىك لەۋلىرىگە ئاپارسىكەن دېگەنلەرنى ئويلايمەن. ئۇنىڭ مۇئەمما قەلبىنى، جىسمىنى مەست قىلىپ، ئېڭىدا، ۋۇجۇدىدا پەقەت مەنلا قالسام

دەپ تىلەيمەن. قىزلار مۇھەببەت يولىغا قەدەم تاشلىغاندا بەكمۇ كۆلگۈنچەك بولۇپ كېتەرىمىش. لېكىن، مەن شۇنداق يىغلاڭغۇ بولۇپ قالدىم. قەلبىمدىكى سۈزۈك خىرۇستال قەدەھتە لىپمۇ-لىق تۇرغان ھېسسىياتىم تۆكۈلەي ـ تۆكۈلەي دەپلا تۇرىدۇ. خۇددى يامغۇردەك، ئۈنچىدەك، ئابزەمزەمدەك ئاستا ـ ئاستا سىرغىپ كۆزۈمدىن چىقىۋاتىدۇ. ھېچبىر تۇگەپ قالمىدىغاندەك ئەمەس، خۇددى غايىبتىن پەرىشتىلەر لىقلاپ تۇرغاندەك. ئېڭىمدا ئۇ سۇمباتلىق، تەمكىن، پىشقان، ئېسىل ئادەم، ئۇنىڭ ئەڭ قە-دىرلەيدىغىنى ۋاقىت. ئۇ ئاجايىپ كەسىپچان، تەپەككۇرغا باي، ھۆرمەتلەشكە ھەقلىق پەزىلەت ئىگىسى. ئەمما، سېغىنىشلىرىم شۇنچىلىك سەرسان، بىچارە. چۈنكى، ئۇ ئەزەلدىن ماڭا مەنسۇپ ئەمەس. پەقەت ئۇ قاچانلاردىدۇ ماڭغان كوچىلاردا لەيلەپ قالغان ئىنىقلىرىنى ئىزدەپ تېپىۋالماقچى بولىمەن. ھىدىنى ھىدلى-ماقچى بولىمەن. بىراق، تاپالمايمەن، چۈنكى مەن ئەزەلدىن ئۇنى ھىدلاپ باقمىغان. ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭدەك ۋاقىتنى قەدىرلەي-دىغان ئادەم ئۈچۈن بىلىكىدە تۇرىدىغان سائەت بولغان بولسامىمۇ مەيلىدى. ئۇ چاغدا سېغىنىشلىرىم ئازراق تەسەللى تاپار، ئاشۇ قۇدرەتلىك ۋاقىت سېغىنىشلىرىمنى ئاستا ـ ئاستا ئېلىپ كې-تەر ئىدى. ئۇنىڭدىن بەكمۇ ۋاز كەچكۈم بار. قەلبىمنىڭ بىر پەرلىرىدىن چىقىۋاتقان «ۋاز كەچ» دېگەن ئاجىز ئىدانى كۈچەيسە ئىكەن دەيمەن. ئەمما، بۇ ئىدا تولىمۇ زەئىپ، تولىمۇ ئۈمىدسىز، خۇددى سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندەك. بىلىمەن، رېئاللىققا يۈزلى-نىشىم كېرەك.

ئانامنىڭ كىرىپكىگە توپا قونماي تۇرۇپ، باشقىلارنى «ئانا، دادا» دەپ ئېتىراپ قىلدىم. ئائىلىسى بار بىر ئەرنى ياخشى كۆ-رۈپ قېلىپ، بىر قىز بالا تارتىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئازابنى تارتىپ يۈرۈۋاتىمەن. مەن ھەقىقەتەن ئادەم ئەمەس ئىكەنمەن. «ھەممە ئادەم نىيىتىگە يارىشا كۈن كەچۈرىدۇ» دەيدىغان رەھمەت-لىك ئانام. مۇشۇنداقلىقىمدىن تۇرمۇش يولۇم ئەگرى ـ توقاي،

www.uyghurkitap.com

كۆڭلىرىم ھەسرەت ئىچىدە ئۆتۈپ، مېنىڭ يېشىمدىكى قىزلار ھېس قىلىشقا تېگىشلىك شېرىن تۇيغۇلارنىڭ تەمىنى تېتىيالماي ئۆتۈپ كېتىمىدىغان ئوخشايمەن.

ئىشقا چۈشتۈم. كەيپىياتىمدىكى چۈشكۈنلۈكنى ھەممەيلەن يېڭىلا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن دەپ ئويلىدى، باغرىمدىكى قان ـ يىرىڭنى بىر ئۆزۈملا بىلەتتىم. شۇ كۈنلەردە دوختۇرخانا رەھبەرلىكىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بەردىم. چۈنكى، دوختۇرخانىمىزنى يۆلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئىچكىرىدىكى باش دوختۇرخانا يىلىغا بىر نەچچە دوختۇرنى بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ تەربىيەلەيتتى. مەنمۇ پەقەت ئىلگىرىكى تىرىشچانلىقلىرىم يۈزىسىدىنلا بۇ پۇرسەتكە ئېرىشكەنىدىم. ئەگەر ئۆتۈپلا قالسام، پۈتۈن خىراجەتنى ھۆكۈمەت ئۈستىگە ئالاتتى. گەرچە بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم بولسىمۇ، يەنە بىر جەھەتتىن ئىككىلىنىپ قېلىۋاتاتتىم. مېنى دوختۇرخانا تەربىيەلەپ ئوقۇتسا، ۋاقتى كەلگەندە قارامايغا كېتىمەن دېسەم، بۇ دوختۇرخانىغا نىسبەتەن ئادىللىق بولمايتتى. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي يەنە ئۇنىڭغا ئۇچۇر قىلدىم.

«سىزگە مەسلىھەت سالىدىغان ئىشىم بار ئىدى، ۋاقتىڭىز چىققاندا ماڭا ئۇقتۇرۇپ قويسىڭىز.»

نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خەۋەر كەلمىدى. مەن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم. قارىغاندا، ئۇ مەندەك بىرسىنى ئاللىقاچان خاتىرىسىدىن پاك ـ پاكىز ئۆچۈرۈپ تاشلىغاندەك قىلاتتى. قايسى گۇناھىمغا ماڭا مۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلماقچى ئەمەس ئىدىم. پەقەت بەزى مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئۇنىڭدىن يول سوراي دېدىم شۇ. ئۇنىڭ ماڭا مۇنداق مۇئامىلە قىلىشى پەقەت ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا پۇرسەت بولسا ئۇنىڭغا ھەممىنى دەپ ـ دەۋېلىپ، قانغۇدەك يىغلىۋالسام دەيتتىم.

بىراق، قىزلىق غۇرۇرۇم ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ئەمدى ئۇنى ئىزدىمەسلىكنى ئىستەيتتى.
بىر كۈنى يولدا ئۇنىڭ ماشىنىسى بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. تۇرۇپلا شۇنچىلىك غەزىپىم تۇتتى. ئۆزۈممۇ تۇيۇ-مىغان ھالدا ئۇنىڭغا ئۇچۇر يوللىدىم.
«ئېھتىيات قىلىش گۇمانلانغانلىقنى، گۇمانلانغانلىق ئىشەنمىگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. نەزىرىڭىزدە مەن شۇنچىلىك ئاددىمۇ؟ ياكى ماڭا ئىككىمىزنىڭ سالاھىيەت پەرقىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇ-ماقچىمۇسىز؟ چۈمۈلىدىنمۇ كىچىك مەن سىزدەك گىگانت ئا-دەمگە شۇنداق دەيدۇ: ياردىمىڭىزگە، تەربىيەڭىزگە رەھمەت. ئامان بولۇڭ!»
كەچتە ئۇنىڭدىن ئۇچۇر تاپشۇرۇۋالدىم.
«مېنى پۈتۈنلەي خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، مەن پۇرسەت تېپىپ سىزگە چوقۇم چۈشەندۈرۈپ قويىمەن.»
مەن ئۇچۇن ئەمدى چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. ئۇنى ئەمدى كۆرگۈم يوق. كۆپ ئۆتمەي مېنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىم كەلدى. ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش ئارزۇيۇم رې-ئاللىققا ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئارىدا بىر ئاي ۋاقىت بول-غاچقا، تۇغقانلىرىمغا ۋاقتىنچە بۇ تۇغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدىم. قولۇمدىكى ئىشلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆيدە ۋاقتىنچە ئولتۇ-رۇپ تۇرىدىغانغا ئادەم تاپتىم. ئۇلار ئىجارە ئالمايدىغان ئۆي تاپ-قانغا خۇش، مەن ئۆيگە قارايدىغان ئادەم تاپقانغا خۇش، سەلىمەنى دادىسى ياندۇرۇپ كەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ يېشىغا يېتىپ قالغان بىر قىزنى ئۆيدە يالغۇز قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. بىچارە قىز مەن بىلەن يىغلاپ خوشلاشتى:
— مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ، ئاچا، مەندەك سىڭلىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ، خۇدايىم ھەممە ئىشىڭىزنى ئوڭ قىلار، ئاچا!
قارامايغا بېرىپ تۇغقانلار بىلەن خوشلىشىپ ماڭماقچىدىم. خۇددى بىر نەرسەمنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك كۆڭلۈم شۇنداق پە-

www.uyghurkitap.com

رشان ئىدى. ئاتا ـ ئانامنىڭ تۇپراق بېشىغا كېلىپ تۇرۇشۇمغا تېلېفونۇمغا ئۇچۇر كەلدى:

«ۋاقتىڭىز بولسا ئىشخانامغا كېلىپ كېتىڭ!»

تۇپراق بېشىدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىم، ھېلىھەم بىرىش ـ بارماسلىق توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتىم. ئاللىقانداق بىر كۈچ مېنى سۆرەپ ماڭدى. ئۆز ـ ئۆزۈمگە ۋەدە قىلاتتىم. ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا ھەرگىز ياش تۆكمەيمەن!

مېنى كاتىپ باشلاپ كىردى، مەن كىرىپ كەلگەندە ئۇ بىر نەرسىلەرنى يېزىپ ئولتۇراتتى. مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەھۋال سورىدى. كاتىپ چاي ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى، ئىشىك قىيا ئوچۇق قالدى. مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا تۇنجى كەلگەن ۋاقتىمدا شۇنداق بولغان، ئىشىك ھازىرقىدەك قىيا ئې-چىلىپ قالغاندا ئۇ ئاتايىن كاتىپنى چاقىرىپ ئېيتقانىدى:

ــ ئىشخانامدا باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا ئىشىك يېپىقلىق تۇرسۇن، ماقۇلمۇ؟

ھازىر ئىككىمىز غەلىتە بولۇپ قالدۇق. ئۆزىمىزچە خۇدۇك-سىرەپ ياسالمىلىق قىلىۋاتاتتۇق.

ــ ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟

ــ ياخشى.

ــ يەنە ئورۇقلاپ قاپسىزغۇ؟ دوختۇرلۇقنى تاشلاپ مودېل بولاي دېدىڭىزمۇ يا؟

ــ ياق، ــ ئۇنىڭ ئەتەي كەيپىياتنى كۆتۈرمەكچى بولغىنىنى بىلىپ تۇراتتىم.

ــ بۇگۈن ناھايىتى تەسلىكتە ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىگە بولۇپ ۋاقىت چىقىرالىدىم. قارىڭە سىزنى، ئادەمنى شۇنداقمۇ خاتا چۈ-شەنگەن بارمۇ؟ ــ ئۇ مېنىڭ ئاخىرقى قېتىم يوللىغان قىسقا ئۇچۇرۇمنى دېمەكچىدى.

مەن يەرگە قاراپ ئۈندىمىدىم.

ــ ھەمىشە تىللاپ ئۇچۇر يوللايسىز، مانا ئالدىڭىزدا تۇرۇپ-

تىمەن. تازا تىڭلىۋېلىڭ، ــــ ئۇ يەنە ئاشۇ مۇلايىم كۈلكىسى بىلەن قاراپ تۇراتتى.

ــــ ئەمدى سىزنى تىڭلىمايمەن.

ــــ ياق. مېنىمۇ تىڭلايدىغانغا ئادەم چىققىنى ياخشى، تىڭلاۋېرىڭ.

ــــ ھەددىمىمۇ؟

ــــ رەنجىپ قالغىنىڭىزنى بىلىمەن، شۇنچە ئېغىر كۈنلەرگە قالغىنىڭىزدا سىزگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. ئەمەلىيەتتە سىزگە ئىش تېپىپ بەرمەي دېدىم. سىلەرنىڭ دوختۇرخانىدىكىلەرنىڭ مۇرەككەپلىكىنى بىلەتتىم، ئەمما ئۇنچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن. يېقىندىن بېرى ئائىلەمدىمۇ نۇرغۇن بوران - چاپقۇنلار بولدى. مەن ئەر كىشى، مەن ئۇچۇن ھېچ گەپ ئەمەس. قاراپ تۇرۇپ سىزنىڭ بەختىڭىزگە ئولتۇرۇپ قويسام ياخشى ئەمەس. بۇلارنى سىز چۈشىنىسىز.

كۆز ئالدىمغا يەنە شۇ باش سېستىرالار باشلىقى كەلدى. ئۇنىڭ ماڭا ئۆچلۈكىنى بىلەتتىم. بىراق، ماڭىلا قىلىۋالسا مەيلىدى. بىلىپ - بىلمەي بۇ كىشىگە بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىپتىمەن ئەمەسمۇ؟

ــــ كەچۈرۈڭ!

ــــ ئاڭلىسام، ئۆز ئاتا - ئانىڭىزنى تېپىۋاپسىز، بەك خۇش بولدۇم.

ــــ ھەئە، قىسمەتلىرىم شۇنداق ئاجايىپ - غارايىپ ئوخشايدۇ.

ــــ ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟

ــــ ئوقۇشقا ماڭىدىغان بولدۇم.

ــــ بۇنى بىلىمەن، يۆتكىلىشنى قارار قىلدىڭىزمۇ؟

ــــ ھازىرچە بىرنېمە دېيەلمەيمەن.

ــــ نېمىشقا ئەمدى؟

ــــ دوختۇرخانا بىرمۇنچە چىقىم قىلىپ مېنى ئوقۇتۇپ تەر-

بىيەلىسە، ئوقۇپ بولۇپلا قارامايغا كېتىمەن دېسەم قانداق بولىدۇ؟

— قاراڭ سىزنى، چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەكچى ئەمەسمىدىڭىز؟ ئىشقىلىپ، ۋەتەننىڭ نەرىدە بولماڭ، ۋەتەن ئۈچۈن ئوخشاشلا تۆھپە قوشىسىز ئەمەسمۇ؟ — مەن ئۇنىڭغا قارىسام، ئۇ باشقا تەرەپلەرگە قاراپ سۆزلەيتتى، ئۇ ماڭا قارىسا، تەبىئىيلا مەن كۆزۈمنى قاچۇراتتىم. خۇددى كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالسا قانۇنسىزلىق بولىدىغاندەك.

— مېنىڭ كېتىشىمنى شۇنداق ئارزۇ قىلامسىز؟

ئۇ بىرھازا ئولتۇرۇپ كېتىپ:

— سىز ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز بىلەن جەم بولۇپ، مۇكەممەل بىر ئائىلىگە ئېرىشسىڭىز ئاندىن خاتىرجەم بولاتتىم، — دېدى تولىمۇ پەس ئاۋازدا.

— ئەگەر سىز شۇنى ئۈمىد قىلسىڭىز، مەن شۇنداق قىلاي، سىز تاللىغان يولدا ماڭسام زىيان تارتمايدىغىنىمنى بىلىمەن.

— ماڭا ئىشەنگىنىڭىزگە رەھمەت. ئەمما، ئىشەنچىڭىزگە يارىشا سىزگە ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدىم.

— ياق، ئەمەلىيەتتە سىز ھاياتىمغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتتىڭىز.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى، پاراڭ ئەمدى داۋاملاشسا بولمايتتى. ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— ئەمدى مەن قايتاي، ئامان بولۇڭ! — كۆز ياشلىرىم يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپلا كەتتى.

— ماقۇل ئەمىسە...

مەن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك بىنادىن چىقتىم. ئۆيگە كېلىپمۇ قولۇم ئىشقا بارمىدى. بەزىبىر تەييارلىقلارنى قىلىشىم كېرەك ئىدى. بىراق، ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان. ئۇنىڭ قەلبىمدىكى ئوبرازىنى قانچە يوقاتماقچى بولغانسېرى ئۇ شۇنچە زورىيىپ باراتتى. ئۇ كۆز ئالدىمنى پۈتۈنلەي توسۇۋالماقتا ئىدى. بىر چاغدا ئۇنىڭدىن ئۇچۇر تاپشۇرۇۋالدىم.

«ھەرقانداق چاغدا ھاجىتىڭىز چۈشسە ماڭا خەۋەر قىلىڭ! سىزگە بەخت تىلەيمەن.»

كۆز ياشلىرىم يەنە تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا ئۇچۇر يوللىدىم.

«ماڭا سىزنىڭ ھېچقانداق ياردىمىڭىز كېرەك ئەمەس. سىز ئەقىللىق، كۆڭلىڭىزدە ھەممىنى بىلىسىز. پەقەت ناگان ـ ناگاندا مەۋجۇتلۇقىڭىزنى ھېس قىلىپ تۇرسام دەيمەن!»

ئۇ ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئېھتىمال، ئۆزۈمنى چەتكە ئالسام، مېنى بالدۇرراق ئۇنتۇپ كېتەر دەپ ئويلىغاندۇ. ئەمما، بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆزۈم ئامال قىلالمىغان بۇ كۆڭلۈمنى ئۇ قانداق چۈشەنسۇن؟

شۇنداق قىلىپ، مەن كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن بۇ يۇرتتىن كېتىپ قالدىم، قاچانلاردا كېلىشىمنى بىلمەيمەن. ئىچىمدە يېقىندىلا مەجبۇرىي پېنسىيەگە چىقىپ كەتكەن باش سېستىرالار باشلىقىغا رەھمەت ئېيتتىم. گەرچە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ماڭا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاتا قىلدى. ئۇ مېنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىمگە تۈرتكە بولدى، شاپائەتچىمنىڭ ھەقىقەتەن ھۆرمەتكە لايىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ھەرقانداق نەرسىنىڭ شۇنداق ئىككى تەرەپلىمىلىكى بار ئىكەن. گەرچە نېمىلەرگە ئېرىشىپ، نېمىلەرنى يوقىتىپ قويغىنىمنى ئېيتىپ بېرەلمىسەممۇ، ئىلگىرىكى ھايات مۇساپەمدىن ئۆكۈنۈش ھېس قىلمىدىم.

پىلان بويىچە قارامايدا ئون كۈندەك تۇرۇپ، بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقتىم.

مەن يېتەكچى ئوقۇتقۇچىمنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ دەل ئالىي مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالغان ھېلىقى يىگىت — مۇرات ئىدى. تەقدىرنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تۇرۇپ كۈلگۈم كەلسە، تۇرۇپ يىغلىغۇم كېلەتتى...

مەن ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئۇقۇپ ھەيرانمۇ قالمىدىم.
توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان قىزى شىرىنئايغا ھەسەتمۇ قىلمى-
دىم. شىرىنئاي بېيجىڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، ئالىي تەربى-
يەدە چوڭ بولغىنى چىقىپلا تۇراتتى. ئۇنىڭدەك خۇلقىمۇ، رۇخ-
سارىمۇ گۈزەل بىر قىزنى ھەرقانداق بىر يىگىتنىڭ ياقتۇرۇپ
قېلىشى تەبىئىي. بولۇپمۇ ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئائىلە شارائىتىمۇ
بەك ماس كېلەتتى. مەن ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن بەخت تىلى-
دىم. بىراق، يۈرىكىمدىكى ئازابلىرىم، يېڭىچە مۇھىتتا بولغان
يېتىمسىرەش تۇيغۇسى بۇلۇتلۇق ئاسماندا چىرايىمنى ئاچۇرمايت-
تى. شۇنچە يوشۇرسامىمۇ مۇرات مەندىن گۇمانلىنىپ قالدى. ئۇ
ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزىنى سەۋەبلىك دەپ ئويلاپ قالغان
چېغى، مەن بىلەن ئايرىم پاراڭلاشقۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. ئە-
مەلىيەتتە، مەنمۇ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى لايىق تاپتىم.
تولىمۇ تەستە مۇۋاپىق ۋاقىت چىقىرالىدۇق. ئىككىمىز تەجرى-
بىخانىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق.

— بۇئايشەم، سىزنى ھەمىشە مۇنداق پەرىشان كۆرۈشنى خا-
لىمايمەن، گەرچە ئاتا ـ ئانىڭىزدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىڭىز-
مۇ قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ، زېھنىڭىزنى يىغىپ ئوقۇۋسىڭىز
بولاتتى، — مۇرات تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن گەپ باشلىدى.

— مەن ئىمكان بار كەيپىياتىمنى خىزمەت ـ ئۆگىنىشكە
سۆرەپ كىرمەيمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، مەن تەستە ئېرىشكەن بۇ
پۇرسەتنى قەدىرلەيمەن، — مۇشۇ گەپنى دەۋېتىپمۇ ئۇنى ئەسلى-
دىم.

— نېمىشقا بۇنچە غەمكىن يۈرىسىز؟ راست گېپىڭىزنى ئاڭ-
لىسام دەيمەن. سىزگە ياردەم قىلغۇم بار. بىراق، قانداق قىلىش-
نى سىز بەلگىلەيسىز.

— ھېلىمۇ مېنى دوستىڭىز قاتارىدا كۆرۈپ كۆڭۈل بۆلگى-
نىڭىزدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن. سىز ئاللىقاچان قىلىشقا تې-
گىشلىكنى قىلىپ بولدىڭىز. ئەمەلىيەتتە يېڭى مۇھىتقا كۆنۈپ

كېتەلمىدىم. غېرىبلىق باستى. يۇرتنى، ئاتا - ئانامنى سېغىندىم، — سېغىنىش دېگەن سۆزنىڭ ۋەزنى نېمىدېگەن ئېغىر - ھە؟ كۆز ياشلىرىمنى تۇتۇپ قالالمىدىم. زادى كىم ئۈچۈن يىغلىغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلەلمىدىم.

— سىزنى ئوبدان چۈشىنىمەن، بۇئايشەم، سىز قەيسەر قىز. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردىمۇ سىز شۇنچە قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەن، ئەمما ياش تۆكمىگەن. سىز راست گەپ قىلمايۋاتىسىز. بۇ مېنىڭ سەۋەبىمدىنمۇ؟ — ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرۇپ سورىدى.

ئەمدى راست گەپ قىلمىسام ئۇنىڭ دوستلۇقىغا يۈز كېلەلمەيدىغىنىم ئېنىق ئىدى.

— ياق. خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، مۇرات، مەن سىزدىن شۇنچىلىك مىننەتدار، سىزنىڭ بەختىڭىزدىن سۆيۈنۈۋاتسام، قانداقمۇ سىز سەۋەبچى بولسىز؟

— ئەمىسە ئۇ كىم؟

— كىمنى دەيسىز؟

— قەلبىڭىزدىكى ئادەمنى؟ سىزنى مۇشۇنچىۋالا سېغىندۇرغان ئادەمنى، — ئۇ خۇددى ئىچىمدىكىنى بىلىۋالغاندەك بۇرۇلۇپلا كۆزۈمگە مىختەك تىكىلدى، — مۇھەببەت ئۇنداق ئازابلىنىپ، ھەسرەت چېكىپلا يۈرىدىغان ئادەمگە مەنسۇپ بولمايدۇ. تىرىشقانلارغا، قۇربان بېرەلىگەنلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ. قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟

— بىراق، مەن ئۆزۈمگە مەنسۇپ بولمىغان ھەم بولمايدىغان بىرسىنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئەسلى مەن بۇنىڭدىن نومۇس قىلسام، خىجىللىق ھېس قىلسام بولاتتى. بىراق...

— ئەمىسە سىزگە ياردەم قىلالىغۇدەكمەن.

مەن ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدىم.

— سىزنىڭ ئۆگىنىش بېسىمىڭىزنى ئاشۇرىمەن، ھازىرغىچە سىزگە يۇمشاق قوللۇق قىلدىم. ئەمدى كۆنۈپمۇ بولدىڭىز. بۇ-

www.uyghurkitap.com

نىڭدىن كېيىن تاپشۇرۇق، تەجرىبىلىرىڭىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىمەن. دىققىتىڭىزنى ئۆگىنىشتىن باشقا يەرگە چاپقۇدەك پۇرسەت بەرمەيمەن. ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ قانداق، ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟ بولمىسا دەرھال ئىش ئورنىڭىزغا قايتىپ كېتىڭ، — مەن ياشلىق كۆزلىرىم بىلەن مۇراتقا تىكىلدىم. تەشەككۇرۇم بوغۇزۇمدا توختاپ قالدى. دېگەندەك دەرسلىرىم، تەجرىبىلىرىم كۆپىيىپ، ئالدىراشلىق ئىچىدە دەردلىرىمنى ۋاقتىنچە قەلبىمنىڭ پىنھازلىرىغا قويۇپ قويدۇم. گاھى ـ گاھىدا مۇرات، شېرىنئايلار بىلەن باغچىلارغا، مۇزېيلارغا بارغاندا ئۇنى ئەسلەپ قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەرھالدا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىمنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىشقا تىرىشتىم.

كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى. مەن پايتەختكە كۆنۈپ قالدىم. ئەسلىدە قىشلىق تەتىل مەزگىلىدە يۇرتقا قايتسام بولاتتى. بىراق، قايتماسلىقنى لايىق تاپتىم. راست گەپنى قىلسام، تا ھازىرغىچە ئۇنىڭغا سېغىنىش ئىلكىدە باتناپ يۈرمەكتە ئىدىم. ئەمدىكى بىردىنبىر تاللىشىم ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشنىڭ مەن ئۈچۈن ئەڭ قىيىن ئۆتكەل ئىكەنلىكىنى بىلدىمەن. ئۆزۈمگە مەنسۇپ بولمىغان، ئەمما ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن نەرسىدىن ۋاز كېچىش ـ كېچەلمەسلىكىم مېنىڭ ئادىمىيلىكىمنى ھەقىقىي ئۆلچەيدىغان تارازا. ئەمدى ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم كۈرەش قىلىشىم كېرەك. كۈنلىرىم تەتقىقات تېمامنى بالدۇرراق تاماملاش، نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىنى يېزىپ پۈتكۈزۈش بىلەن سۈدەك ئۆتمەكتە ئىدى. ماي بايرىمىلىق ئالتۇن ساياھەت مەزگىلىدە مۇرات بىلەن شېرىنئاينىڭ تويى بولدى. تويدىن كېيىن ئىككىسى تيەنجىنگە بېرىپ دېڭىز بويىدا شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈشكە كەتتى. مەن ياتىقىمدا بىر تالاي كىتابلار دۆۋىسى ئىچىدە بىر نەچچە كۈننى سەزمەي ئۆتكۈزۈۋەتتىم. تېلېفونۇم سايراپ ئارامىمنى بۇزدى. قارىسام، شېرىنئاينىڭ تېلېفون نومۇرى.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ، كېلىنچەك؟

— تىنچ تۇردىڭىزمۇ؟ بۇ بىرنەچچە كۈندە سىزدىن بەك ئەنسىرىدىم.

— شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈۋاتقان كېلىنچەكنىڭمۇ باشقىلاردىن ئەنسىرەشكە ۋاقتى چىقىدىكەن - ھە؟ ئېرىڭىز سىز بىلەن بىللە كەتكەنغۇ؟

— ۋايجان، ئەجەب بىر تۇرىدىكەن، ئۇنداق دېمەڭە! گېپىمنىمۇ دېگىلى قويمىدىڭىز.

— كەچۈرۈڭ، پەرىشتەم، نېمە دېمەكچىدىڭىز؟ مۇرات سىزنى بوزەك قىلمىغاندۇ؟

— ئۇنداق قىلمايمۇ قالمىدى.

— ھەي، مەن نەدە سىزنى بوزەك قىلدىم؟ — مۇراتنىڭ ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— بۇئايشەم، تيەنجىنگە كېلىڭە، ئالدىڭىزغا چىقىپ تۇرىمىز. ئاخىرقى ئىككى كۈننى بىللە ئۆتكۈزەيلى.

— ياخشى كۆڭلۈڭلار تېگىل بولدى، ئاراڭلارغا قىستۇرۇلۇۋالسام خەق نېمە دەيدۇ؟

— نېمانداق ئارىمىزغا تام سېلىۋالىسىز؟ قاچاندىن بېرى بۇنداق ياتلىشىپ كەتكەندىمىز؟ بولدى، باشقا گەپنى قويۇپ دەرھال يولغا چىقىڭ.

مۇرات بىلەن شېرىننىڭ ماڭا گەپ قىلغۇدەك پۇرسەت بەرمەي، ئاخىر تيەنجىنگە قاراپ يولغا چىقتىم. ئۇلار راستلا مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ۋاقىت قىس بولغاچ ئۇلارنىڭ پىلانى بويىچە پائالىيىتىمىزنى باشلاپ كەتتۇق. ئەتىسى ئەتىگەندىلا دېڭىز بويىغا كەلدۇق. دېڭىز ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. ئەسلىمىلىرىمنى غىدىقلاپ مېنى ئارامسىزلاندۇردى. شۇنداقتىمۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ھېسسىياتىم ئاجايىپ مۇرەككەپ ئىدى. بىز سۇرەتكە چۈشۈشكە باشلىدۇق. شەرقتىن قىزىرىپ كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئەتراپنى ئوتقاشتەك گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. ھەممە نەرسە قىزغۇچ ئالتۇن رەڭ، دېڭىزنىڭ يېنىك شاۋقۇنلىرى، قىرغاق

يالاپ بىر كېلىپ بىر يېنىۋاتقان دېڭىز سۈيى... مەندە يېڭىچە تۇيغۇلارنى ئويغاتتى. دېڭىزنىڭ بىپايان باغرىدا خۇددى باللىقىمغا قايتقاندەك شادلاندىم، شېرىنئاي قىزغۇچ نۇرلار ئارىسىدا تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ لاتاپەتلىك كۆرۈنەتتى. مۇرات بىلەن ئىككىسىنىڭ ئاندا ـ ساندا ئۇچرىشىپ قالىدىغان كۆزلىرىدىن ئاجايىپ ئوتلۇق سۆيۈشنى بايقاپ قالاتتىم. مەن ئۇلارنى بىرنەچچە پارچە سۈرەتكە تارتماقچى بولدۇم.

— ئەمىسە داڭلىق فوتوگراف بۇئايشەم سىلەرنى بىرنەچچە پارچە بەدىئىي سۈرەتكە تارتىدۇ، ئوبدان ماسلىشىپ بېرىڭلار. ياسالمىلىق قىلىشقا بولمايدۇ ـ ھە!

— پەرمانبەردارمىز، قېنى قانداق تۇرۇپ بەرسەك رازى بولىدىلىكىن؟

— قۇياش ئىككىڭلارنىڭ بېشى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرسۇن، بىر ـ بىرىڭلارغا ئابايىقىدەك مېھرىڭلار بىلەن قارىشىڭلار.

— بىز قاچان ئۇنداق قارىشىپتۇق؟ — شېرىنئاي خىجىللىق ئارىلاش ئۆزىنى ئاقلىدى.

— مۇشۇ يەردىكى ساياھەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بايقاپ قالدىغۇ دېيمەن، — دېدىم ھەييارلىق قىلىپ، — ئەمدى ماۋۇ تەرەپكە كېلىڭلار.

— قانداق تۇرىمىز؟

— ئىختىيارىڭلار، ئاۋۇ تاش ئۈستىگە چىقىپ، سىز مۇراتنىڭ مۈرىسىگە بېشىڭىزنى قويۇپ ياندىشىپ ئولتۇرساڭلار قانداق؟

— بەك بىچارە چۈشۈپ قالامدۇق، قانداق؟

— ياق، تارتتىم ئەمىسە. مۇنۇ سۈرەتلەر ھەممىدىن ياخشى چىقامدۇ تېخى.

قوللىرىم تىترەپ كەتتى، مەن مۇرات بىلەن شېرىنئاينىڭ سەل نېرىسىدا سۈرەتكە چۈشۈۋاتقان بىرسىنى تونۇپ قالدىم. مەن

چۇش كۆرۈۋاتامدىم نېمە؟ ئۇ بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟ راستلا ئۇ ئۆزىدەك كادىر سۈپەت بىرنەچچەيلەن بىلەن سۇرەتكە چۈشۈۋاتاتتى.

— نېمە بولدى؟ — مۇرات بىلەن شېرىنئاي تەڭلا دېگۈدەك يېنىمغا كەلدى.

— ھېچنېمە بولمىدى، تارتىپ بولدۇم. ئەمدى كېتەيلىچۇ؟ قايتىپ نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى يىغىشتۇرىمىز تېخى! — ئاۋازىم ئارانلا چىقتى.

ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە ھەيران بولغاندەك قارىشىپ قالدى. يۈرىكىمنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇشىنى مۇرات بىلەن شېرىنئاي ئاڭلاپ قالدىمىكىن دەپ قالدىم. قانچىلىك بىئارام بولۇۋاتقىنىمنى بىر ئۆزۈملا بىلەتتىم. تۇيۇقسىز ئۇلار بىزنى بايقاپ قالدى.

— ۋۇي، سىلەرمۇ ئۈيغۇر ئىكەنسىلەرغۇ؟ — خوتەن تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان بىرسى يېنىمىزغا كېلىپ ئاپپاراتنى تەڭلىدى، — ھەممىمىز تولۇق بىر سۈرەتكە چۈشۈۋالايلى دېگەنىدۇق. سۈرەتكە تارتىپ قويساڭلار قانداق؟

— بۇياق بىزنىڭ داڭلىق سۈرەتچىمىز، يەنىلا ئۆزىڭىز تارتامسىز، بۇئايشەم؟ — مۇرات ماڭا خوش ئەتتى.

— بولدىلا، ئۆزىڭىز تارتىڭ، — ئىشەنچىم كامىلكى، مەن قارىمىغان بىلەن ئۇ ئالىلقاچان مېنى تونۇپ بولدى. مەن ئۆزۈمنى قاچۇرغانسېرى ئىشلار مېنى قىستاپ كېلىۋاتاتتى.

— تۇۋا! سىز بىزنىڭ ناھىيەلىك دوختۇرخانىدىكى قىزغۇ؟ بۇ يەردە نېمە قىلىسىز؟ — ماڭا تونۇشتەك كۆرۈنگەن بىرسى مېنى تونۇۋالدى، — قارىسىلا، ئادىل ھاكىم، سىلى سەھىيەگە مەسئۇل بولغاندىكىن چوقۇم تونۇيلا، بۇ قىز بىزنىڭ ناھىيەدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن دوختۇر...

— ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ — ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. دېمىسىمۇ بويىدىكى قىزىللىق ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەچكە ئۇنى ئېنىقلا ھېس قىلالىدىم، ئېھتىمال مەنمۇ شۇنداق بولدۇم.

— ياخشى، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟ يىغىنغا كەلگەنما؟
— بېيجىڭغا كۈرسقا كەلگىلى بىر ئايچە بولدى.
— شۇنداقمۇ؟ — مېنىڭ ھەقىقەتەن كۆڭلۈمگە كەلدى. «مەن كەلدىم» دەپ قويسا مەن بېرىپ يېتىۋالارمىدىم؟ ئۇنىڭغا قېيداپ گەپ قىلغۇممۇ كەلمىدى. ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇۋالمىسام پاڭگىدە يىغلاپ تاشلايدىغاندەك قىلاتتىم.
مۇرات بىلەن شېرىنئاي ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى. ئۇلار مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ شۇنداق قىلىۋاتاتتى. مەن ھەممەيلەننىڭ پارىڭىنى ئۆزۈپلا ئېيتتىم.
— تىزلىپ تۇرۇڭلار، ئەمسە تارتتىم، — ئاۋازىم تولىمۇ كۈلكىلىك چىقىپ كەتتى.
ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىۋېتىپ بۇرنۇم قاناپ كەتتى. ھېچقاچان قانىمىغان بۇرنۇمنىڭ بۈگۈن ئۇنىڭ ئالدىدا قاناپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان؟ مەن شېرىنئاي بىلەن دەم ئېلىش ئۆيىگە كەتتىم. مۇرات ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى.
بۇ يەردىن تېزرەك كەتكۈم كېلىپ كەتتى، ئۆزۈمنىڭ مۇنچە ئاجىزلىقىمنى ئويلىمىغانىكەنمەن. مېنىڭ شۇنچە ۋاقىتلاردىن بېرى كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىم بىكار بولغاندەك قىلاتتى. كاللامدىكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى كومپيۇتېردىن چىقىرىۋەتكەندەك چىقىرىۋەتكىلى بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ ئۇيقۇسىز كېچىلەردە ئۇ نەپەس ئېلىپ ياشاۋاتقان ئاشۇ يۇرتنى سېغىنىپ كۆز ياشلىرىمنى تۆككەنلىرىم ئېسىمدە. شۇ تاپتا ئۇنىڭ نەپەسلىرىنى سېزىپ تۇرۇپتىمەن. ئۇ يېنىمدىلا تۇرۇپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بالدۇرراق غايىب بولۇشنى ئىستەۋاتىمەن، ئۆزۈمنى ئۆزۈم چۈشىنەلمەيلا قالدىم. قان ناھا-يىتى تەسلىكتە توختىدى. بىز مۇراتقا تېلېفون قىلىپ مېڭىشقا ئالدىراتتۇق. بىردەمدىن كېيىن مۇرات، ئۇ ۋە ئابايا مېنى تو-نۇۋالغان كىشى بىللە يېتىپ كەلدى.
— ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ئىسسىق ـ سو-

غۇقنى پەرق قىلغىلى بولمايدىغان تەلەپپۇزدا.
— ياخشى، رەھمەت سىزگە، سەت بولدى، — دېدىم يەرگە قاراپ تۇرۇپ.
— بىزمۇ ھېلى بېيجىڭغا قايتىمىز، قايتىپ بارغاندىن كېيىن سىزنى ئىزدەيمىز.
— بولىدۇ، ماقۇل ئەمىسە!
يول بويى ئازراقمۇ ئېچىلالمىدىم، مۇرات بىلەن شېرىنئاينىڭ ياخشى كۆڭلىنى دەپ بولسىمۇ خۇشال - خۇرام قايتىشىم كېرەك ئىدى. بىراق، ئۇنداق قىلالمىدىم. ئۇلار مېنى مىجەزى يوق، دەپ ئارتۇق گەپ - سۆز قىلمىدى. كاللام چاراسلاپ كەتتى. ئۇ بىر ئايدىن بېرى مۇشۇ شەھەردە ياشاۋاتقىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ ماڭا خەۋەر قىلىپمۇ قويماپتۇ. ئۇ مەندىن نېمىشقا ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؟ مېنىڭ قەلب سىرىمنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، مېنىڭ غۇرۇرى بار قىز ئىكەنلىكىمنى ئۇبدان چۈشىنەتتىغۇ؟ بۇ ئىشلارنى ئويلىغانچە قىزلىق غۇرۇرۇم دەپسەندە قىلىنغاندەك، چىدىغۇسىز خورلۇق يۈرىكىمنى تىلغىدى. قاچانلاردا كۆز يېشى قىلغىنىمنى، ئاندىن ئېسەدەشكە باشلىغانلىقىمنى بىلمىدىم. شېرىنئاي مۇرەمدىن قۇچاقلاپ مېنى بەزلىدى.
— ھەرقانداق ئازابلىرىڭىزنى سىز بىلەن تارتىشىپ بەرگۈم بار، دېڭىز بويىدا نېمە ئىش بولغانلىقىنى دەپ بېرەمسىز؟ كۆز ياشلىرىڭىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ قانداق؟
— ھازىر دېگۈم يوق، بىراق سىزگە چوقۇم دەيمەن. راستىلا بەك ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن.
— مۇنداق بولارنى بىلگەن بولساق، سىزنى بۇ يەرگە ئەكەلمەسكەنمىز.
— ياق، ياق، ئەمەلىيەتتە مۇشۇ پۇرسەتتە مەن ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى بىلىۋالدىم ئەمەسمۇ؟
— سىزگە مەنسۇپ بولمايدىغان ھېلىقى ئادەممۇ؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورېتىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

مۇرات كۆزۈمگە مىختەك تىكىلدى.
مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.
— كىملىكىنى بىلدىم.
مەن يەنە ئارتۇقچە سۆزلەشتىن خىجىل بولدۇم. شېرىنئاي بىر ماڭا، بىر مۇراتقا قاراپ بىر ئىشلارنى چۈشەنگەندەك بولۇپ گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدى.
— مۇرات، بىر نەرسە يېگۇم كېلىۋاتىدۇ.
ئوقۇشقا كىرىشىپلا كېتەي دەپ ئويلىغۇدىم، بىراق دىققىتىمنى يىغمىقىم تەس بولدى، خۇددى شاماللار ئۇنىڭ تىنىقلىرىنى ئېلىپ كېلىۋاتقاندەك، ئۇ يېنىمدىلا باردەك، ئۇنى بىردەممۇ خىيالىمدىن نېرى قىلالمىدىم. ئۇنىڭ يەنە قانچىلىك ۋاقتى قالغاندۇ؟ بىر ھەپتە تولىمۇ ئەھمىيەتسىز ئۆتۈپ كەتتى.
ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى، قاڭشارلىق بۇرنى، ئېگىز بويىغا شۇنداق يارىشىدىغان ئاق كۆڭلىكى خۇددى بىرسى يۇرىكىمگە ئويۇپ قويغاندەك ھېچبىر يوقىلاي دېمەيتتى. مېنىڭ ھەممىنى ۋاقتىنىڭ ئىختىيارىغا قويماقتىن ئۆزگە ئىلاجىم يوق ئىدى. مۇراتنىڭ تېلېفونى مېنى خىياللار قاينىمىدىن سۇزۇپ چىقتى.
— يەنە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرمىغانسىز؟
— نېمە بولدى؟ كۆرۈپ قالدىڭىزما؟ — ئۆزۈمچە ئەتراپىمغا قاراپ تاشلىدىم.
— شەنبە كۈنى سىلەرنىڭ ناھىيەدىن كەلگەن يولداشلارنى ئۆيگە تاماققا دەۋالايلى دېگەنىدۇق، شېرىنئاي تاماقنى ئوخشىتالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ تاماقخانىغىلا باشلايلى دەيدۇ. مېنىڭچە، ئۇلار ئۆي تامىقى سېغىنىپ كەتتى، شۇڭا ئۆيگىلا دەۋەردىم. سىز بېرىپ قارىشىپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ جۇمۇ!
— مېنى ئەتۇر قىيناۋاتامسىز نېمە؟
— قاچانغىچە غەرەز ئۇقمايسىز؟ ھەممىسى سىز ئۈچۈنغۇ؟ سىز قانچە ئارىلىق ساقلىغانسىرى قارشى تەرەپ شۇنچە سىرلىق تۇيۇلۇپ، مۇشۇنداق دىققىتىڭىزنى يىغالمايدىغان بولۇپ قالىد-

سىز. ئادەم دېگەن چۈشىنىشكە موھتاج، چۈشىنىش ھاسىل قىلسىڭىز، ئاندىن بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتەلەيسىز.
— مېنىڭ راستلا بارغۇم يوق.
— سىز ھازىر خەقنىڭ يۇرتىدا، ئۆز يۇرتىڭىزدىن كەلگەن ئادەتتىكى بىر تونۇشىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلىشىڭىز كېرەك. ئۇنداق چىدىماسلىق قىلماڭ. نېمە تاماق قىلىشنى شېرىنئاي ئىككىڭلار مەسلىھەتلىشىڭلار، خوش، تېلې-فوننى قويۇۋەتتىم.
مۇرات بىلەن شېرىنئايغا قانچىلىك دوستلۇق، ئادەمگەرچى-لىك قەرزىگە بوغۇلغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئۇلاردىكى سا-پا، كەڭ قورساقلىق، ۋاپادارلىق... ئىشقىلىپ، نۇرغۇن جەھەت-لەردە ئۇلار مېنىڭ ئۇلگە قىلىشىمغا ئەرزىيتتى. شەنبە كۈنى مەن بالدۇرلا كەلدىم. ئۇلارنىڭ كىچىك بولسىمۇ، ئىنتايىن سۆ-يۈملۈك بىلىنىدىغان ئۆيىدە ئالدىراش مېھمان كۈتۈشكە تەييار-لىق قىلدۇق. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇنجى قېتىم مېھمان كۈتۈشى بولغاچ، بىر ئاز تەمتىرەپ قالغانىدى. مەن بۇرۇندىنلا تاماق ئې-تىشكە ئۇستا ئىدىم. بىردەمدىلا قازان كاۋىپى، پولۇ، گۆشنان، لەڭمەنلەرنى تەييارلىدىم. ئۇلار دېگەن ۋاقىتتا كەلدى. يۇرتتىن ئەكەلگەن دورىلىق چايدىن سېلىپ چاي دەملىدىم. ئۇلار پاراڭ سېلىشىپ بولغۇچە شېرىنئاي بىلەن بىر چوكىدىن دېگۈدەك قى-لىپ لەڭمەن سېلىپ چىقتۇق، ئاندىن باشقا تاماقلارنى مېۋە سالاتقا قوشۇپ بىراقلا ئېلىپ چىقتۇق. تاماق شۇنداق كۆڭۈللۈك يېيىلدى. مەن ئۆزۈمنى تەبىئىي تۇتۇشقا تىرىشتىم. ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالدىم - يۇ، چىش يېرىپ بىرنېمە دېمىدىم.
— يەنە قانچىلىك ۋاقىتىڭلار قالدى بىلمىدىم، ئىشقىلىپ، ئۆي تامىقى سېغىنغاندا قاچانلا كېلىمىز دېسەڭلار قولىمىز كۆكسىمىزدە!
— بىزنىڭ يەنە ئۈچ ھەپتىدەك ۋاقتىمىز قالدى، مۇشۇنچى-لىك ئاۋارە قىلغىنىمىزمۇ يېتەر، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدىكى بى-

www.uyghurkitap.com

رەيلەن، — شۇ، بۇ يەرنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى تازا بىلىپ كەتمەيـ
دىكەنمىز، بولسا ئالدىمىزدىكى ھەپتە بىر سودىلىق قىلىشىپ
بەرسەڭلار ياخشى بولاتتى، بالىچاقىلارنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول
بارغىلى بولمايدىكەن!

— بولىدۇ، ئالدىدا تېلېفوندا ۋاقتىنى بېكىتىۋالايلى، بىزنىڭ
مۇنۇ ئىككى خانىم بازارلىق قىلىشقا بەك ئۇستا، — دېدى مۇرات
بىزنى كۆرسىتىپ.

ئۇلار قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى، مۇنۇ مۇراتنى دەيمەن،
خۇددى قەدىناس دوستىدەك ئادىل ھاكىم بىلەن چىقىشىپلا كەتـ
تى. مەن قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرغىلى ئاشخانىغا كىردىم.
شېرىنئاي كەينىمدىن كىرىپ ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ پەس
ئاۋازدا:

— راستلا ياخشى كۆرۈشكىزگە ئەرزىگۈدەك ئادەم ئىكەن.
قاراڭ سالاپىتىنى، نېمانچە ئېسىل ئادەم ئۇ؟ — دېدى.

— كىمنى دەيسىز؟

— بولدى يوشۇرماڭە؟ مۇرات ماڭا دېگەن.

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ خەقنىڭ ئائىلىسى بار. شۇنداق
تۇرۇقلۇق مېنى توسۇماقتا يوق، ماڭا ئىلھام بېرىۋاتىسىزغۇ؟

— مېنىڭچە، نېمىلا دېسەم بىكار، ھېسسىيات ئىشىغا ئالـ
دىراپ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. جىسمىمىز ئۆزىمىزگە مەنسۇپ
بولغىنى بىلەن روھ باشقا نەرسە! ئۇ پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ قانداق
بىر تەرەپ قىلىشىڭىزغا باغلىق.

— ماڭا نەسىھەت قىلىپ توسسىڭىز توسۇڭكى، ھەرگىز ئۇـ
نىڭ ياخشى گېپىنى قىلماڭ. بولمىسا ماڭا بولۇپ بېرىدۇ.

— قىسقىسى، ئۇ ئىشىنىشكە بولىدىغان ئەر ئىكەن، ئۆزىـ
ڭىزنى كۆپ ئەيىبلەپ كەتمەڭ!

— رەھمەت سىزگە.

ئۇلارنى مۇرات باشلاپ كەتتى. ئۇ بۇ يەردىن ئۇلارنىڭ تۇرىدىـ
غان يېرىگە بارىدىغان مېترو لىنىيەسىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ

قويماقچىدى. ئۇزاتقان چېغىمىزدا ئۇ ماڭا لەپپىدە قاراپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشىنى پسىخولوگىيە نەزەرىيەسى بويىچە ئىزاھلاپ بېرەلمىسەممۇ، ئەمما ئۇ ئاجايىپ يېقىملىق قاراش مېنىڭ بارلىق ئازابلىرىمنى يۇيۇپ كەتتى. مەن باشقىچە يەڭگىللەپ قالدىم. تۇرۇپلا قاقاھلاپ كۈلگۈم، ناخشا ئېيتقۇم كېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىمنى سېزىپ قالدىم. بۇ خىل تۇيغۇمنى شېرىنئايمۇ بىلىۋالدى. مەن ئۇنى گەپ قىلغىلى قويماي چىڭ قۇچاقلىۋالدىم.

بىرنەچچە كۈن كەيپىياتىم ئىنتايىن ياخشى بولدى. يەكشەنبە كۈنى بىللە ماگىزىن ئارىلىدۇق. ئۇلار ئائىلىسىدىكىلەرگە كىيىم - كېچەك سېتىۋالماقچىدى. بىز ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە كىيىم تاللىدۇق. مەن تولىمۇ خۇشال ئىدىم، ئۇلار ئالماقچى بولغان كىيىملىرىنى كىيسە ئەستايىدىل باھالايتتىم. ئۆزۈمچە ئارىمىزدىكى ئارىلىق بارغانچە يېقىنلاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. مەن ئوغرىلىقچە ئۇنىڭغا بىر دانە گالستۇك ئېلىپمۇ ئۈلگۈردۈم.

بۇنى تاقامدۇ، تاقىمامدۇ، بىلمەيمەن. لېكىن، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ بېرەلىشىمنىڭ ئۆزى بىر گەپ!

ئۇلار خانىملىرىغا كىيىم سېتىۋالماقچى بولغاندا ئازراق بىئارام بولدۇم، لېكىن ئۆز - ئۆزۈمنى قايىل قىلدىم. مەن قاچان ئۇنىڭغا تېگىشنى ئويلاپ باققان؟ ئۇنىڭ خانىمىنىڭ بولۇشى خۇددى ئۇنىڭ پۇت - قولى ياكى ئاغزى - بۇرنى بولغانغا ئوخشاشلا بىر تەبىئىيلىك. نېمىشقا تۇتۇلۇپ قالغۇدەكمەن؟ شېرىنئاي ئىككىمىز مودىل بولۇپ ھېلى ئۇ كىيىمنى، ھېلى بۇ كىيىمنى كىيىپ باقىمىز، تېخىمۇ ياخشىسى ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ ئۇلارنى باشلاپ يەنە ماڭىمىز.

بىر چاغدا مۇرات:

— بولدى، بىز ئەرلەر ئولتۇرۇپ تۇرايلى. ئىككىڭلارغا ياققان كىيىم بولسا رازمېرى بويىچە سېتىۋېلىڭلار. بىز سىلەرگە ئى-

شىنىمىز، ــ دېدى قىزىقچىلىق قىلىپ.

ــ مۇراتجان، شېرىنئايغا كىيىم ئېلىپ سالارمىزمىكىن دەپ قورقۇۋاتامايدىغانسىز؟

ــ بۇئايشەم، نېماناداق ئىچىمدىكىنى تېپىۋالىسىز؟ پۈتۈن بازاردىكى كىيىملەر خۇددى ئايالىمغا ئاتاپ تىككەندەكلا يارىشىپ تۇرسا، قاپماي مەندە نېمە ئامال بولسۇن؟

ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. مۇرات ئۆز مۇددىئاسىنى ئېيتتى.

ــ راست گەپنى قىلسام، بىزنىڭ بىردەم - يېرىمدەم پاراڭلىشىۋالغۇمىز بار. كىم بىلىدۇ، بىز يەنە قاچان كۆرۈشەلەيمىز؟ ئادىلكا، قانداق دېدىم؟

ــ گېپىڭىزغۇ توغرا، بىراق بۇ ئىككىيلەننى بازارغا قويۇۋېتىشكە تازا خاتىرجەم بولالمىدىم. قاراڭ، سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ماختىشىپ، ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. ئەڭ ياخشىسى ئايرىلمايلى، ــ ئۇنىڭ توساتتىنلا پېتىنى بۇزماي يۈرىدىغان ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ چاقچاق قىلىشى بىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى.

ــ يەنىلا ئادىلكام ئەقىللىك ئىكەن، قېنى ماڭايلى، ــ مۇرات كۈلگىنىچە ئالدىمىزدا ماڭدى. ئاخىر ئۆزىمىز مۇۋاپىق دەپ قارىغان بىرنەچچە قۇر كىيىمنى سېتىۋالدۇق. سودىلىقلار ھەر ھالدا بىرياقلىق بولدى. ھەممەيلەن ئولاش - چولاش مۇسۇلمانچە تاماقخانىغا كېلىپ تاماق يېدۇق. كېچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلار بىلەن پايتەخت كوچىلىرىنىڭ چىراغلىرى بىرىكىپ ئادەمگە خۇددى ئاسمان - زېمىن تۇتىشىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. مەن يەنە بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. مۇشۇ كۆرۈشكەنچە ئۇنى يەنە قاچان كۆرەلەيدىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. ئۇنىڭ ماڭا ھېچنېمە دېمەي كەلگىنىگە ئوخشاش، خوشمۇ دېمەي كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ! بىز خوشلىشىپ ئايرىلدۇق. ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم كۆرۈشكۈدەك دەقىقە پۇرسەت بولمىدى. ئىچىمدىن ئاچايىپ ئاچچىق بىر يىغا قاپساپ چىقتى، تىنىقلىرىمدىن ئوت پۈركۈ-

لۇۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ئۇ نېمە ئىدى؟ نېمىشقا بۇنداق قىلـ.
لىدىغاندىمەن؟

يەنە بۇرنۇم قاناپ كەتتى. يېقىندىن بېرى بۇرنۇمنىڭ قاناش قېتىم سانى كۆپىيىپ قالدى، كىچىكىمدىغۇ بۇ كېسىلىم بار ئىدى، قاچان ئۇنىۋېرسىتېتقا كەلدىم، خېلى بىر مەزگىللەرگىچە قانىمىغان. يېقىندىن بېرى يەنە كۆپ تەكرارلىنىدىغان بولۇپ قالدى. قانىسىمۇ باشقا ۋاقىتتا قانىماي، ھەمىشە ئەڭ ئۇياتلىق ئادەملەر ئالدىدا مۇشۇنداق بولۇۋاتىدۇ.

— سىز بىر تەكشۈرتۈپ كۆرۈڭ، مەن بىلىپ بىرنەچچە قېـ.
تىم مۇشۇنداق بولدى، — دېدى مۇرات شېرىنئاينىڭ سومكىسىـ.
دىن قەغەز ئېلىشقا ياردەملەشكەچ.

— ھېچقىسى يوق، بۇرۇن ياللۇغىنىڭ تەسىرىدە قان تو.
مۇرلار چۇرۇكلىشىپ كەتكەن گەپ، — دېدى شېرىنئاي ماڭا تەـ.
سەللى قىلىپ.

— بۇرنۇمغا يارا چىقىپ قالدىغۇ دەيمەن، دورا ئېلىپ بىر قانچە كۈن سۈرتمىسەم بولمىغۇدەك.

— نېمىلا بولمىسۇن بىر تەكشۈرتۈپ بېقىڭ، — دېدى مۇرات كىرا ماشىنىسى توسقاچ.

— بولدى، مېترودىلا كېتەيلى، — دېدىم خىجالەت بولۇپ.

— مىجەزىڭىز بولمىغاندىكىن تېزرەك قايتىپ كېتەيلى، ئۇ.
نىڭسىزمۇ بۈگۈن ھەممىمىز جىق يول يۈرۈپ كەتتۇق.

دېگىنىمدەك بولدى، ماڭىدىغان چاغدا ئۇ تېلېفون قىلىپمۇ قويمىدى. مەن بىرھازا ئويلىنىپ ئۇنىڭغا ئۇچۇر ئەۋەتتىم.

«قاچان ئۇچىسىلەر؟»

«ئايروپىلانغا چىقتۇق. يەنە نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇچىـ.
مىز. سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ. خوش!»

يول بويىدىكى ئورۇندۇقتا لاسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. مېنىڭ ئايروپورتقا چىقىپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويغۇم بار ئىدى. بىراق، ئۇ ماڭا بۇ پۇرسەتنىمۇ بەرمىدى. سومكامدىكى گالىستۇكقا قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

يىغلاپ تاشلىدىم.

كۆنلەر قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى. يازلىق تەتىلدە بىز ئاسپىرانتلار مەكتەپ تەرىپىدىن تەشكىللىنىپ شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە باردۇق. ئۆزۈمنىڭ سالامەتلىكىمنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى ئەمەسلىكىنى شۇ يەردە بايقىدىم، دېڭىز يۈزىدىن شۇنچىكىلا ئېگىز يەردىمۇ ئۆكسىگېن يېتىشمەي ھاسىراپ قالدىم. سەللا دىققەت قىلمىسام بۇرنۇم قانايدىغان بولۇۋالدى. مەن بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسام بولمايتتى، مەسئۇل يېتەكچىنىڭ كۆزىنى بوياپ يۈرۈپ پائالىيەتنىڭ ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بەردىم. قايتىپ كېلىشىمگە مۇرات بىلەن شىرىنئاي مېنى سۆرەپ دېگۈدەك دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈشلەر تۈگىگەندىن كېيىن شىرىنئاي ئىككىمىز دوختۇرخانا ھويلىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق، مۇرات دىياگنوز كۈتۈپ ئامبۇلاتورىيە بۆلۈمىدە قالدى.

— بۇئايشەم، مېنىڭ تۇرۇپلا بالىلىق بولغۇم كېلىپ قالدى، قاراڭ، ئاۋۇ بالىنىڭ ئوماقلىقىنى، — دەپ كۆرسەتتى ئۇ ئاپىسىغا ئەركىلەپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئىككى ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى بالىنى كۆرسىتىپ.

— مۇرات نېمە دەيدۇ؟

— ئۇنىڭغۇ بەك بالىلىق بولغۇسى بار، بىراق ئاپام ئوبدان ئويلىنىشىڭلار، بالىغا، بالىنىڭ كەلگۈسىگە مەسئۇل بولالايدىغان چاغدا ئاندىن بالىلىق بولۇڭلار، دەيدۇ. دېمىسىمۇ مۇرات ئىككىلىمىز شۇنداق ئالدىراش. قارىغاندا، يەنە تۆت - بەش يىل قاراپ باقساق بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئاپىڭىز توغرا دەپتۇ، بىز ئۇ تەرەپلىرىنى ئويلاپ يېتەلمەيدىكەنمىز.

— قارىغاندا، ئەتە يەنە بىر كېلىپ تەكشۈرتمىسەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى مۇرات ئىككىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— نېمىشقا؟ مەندە چوڭ چاتاق بارمىكەن؟
— ياقەي، نەدە ئۇنداق بولىدۇ، سايماندىن چاتاق چىقىپ تەك-شۈرۈش نەتىجىسى بىكار بولۇپ كەتتى دەيدۇ.
— ۋاي - ۋۇي، ئەتە يەنە سىلەرنى ئاۋارە قىلارمەنمۇ؟
— يائاللا! شۇنداق دەپلا بىزنى ئەتە يەنە كېلىشىپ بېرىڭلار دەۋاتىسىز - ھە؟
— راست، قىزىقلا ئىش قىپتىمەن، شېرىنئاي ئەتە چوڭ ئۆيگە بارىمىز دەۋاتقان. بولدى ئۆزۈملا كېلەي، سىلەرنى ئاۋارە قىلماي.
— ياق، ئەتە بىزمۇ كېلىمىز، مەنمۇ ئۆزۈمنى بىر تەكشۈرت-مەكچىدىم.
— سىزنىڭ نەرىڭىزنى تەكشۈرتىمىز؟ بىر ئوبدانلا تۇرمام-سىز؟ — دېدى شېرىنئاي ھەيران قېلىپ.
— ئاغرىيدىغان يېرىمنى ھېلى دەپ بېرىمەن، — دېدى مۇرات ئىنتايىن ئەستايىدىل قىياپەتتە.
ئەتىسىدىن باشلاپ مەن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم، دوخ-تۇر بولغانلىقىم ئۈچۈن مۇراتلار ھەرقانچە ئالدىسىمۇ كېسىلىم-نى بىلىپ قالدىم. مەن قان راكى ئىدىم. يەنە كېلىپ ئاخىرقى مەزگىلى. قان تازىلاشتىن باشقا، يەنە ۋاقتىدا يىلىك كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇشۇم كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاند-دىلا ئازراق ئۈمىد بار ئىدى.
«يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە، بېشى تاشقا تېگىپتۇ» دې-گەندەكلا ئىش بولدىغۇ؟
مېنىڭ پەقەت داۋالانغۇم كەلمىدى، تۇغۇلغاندىن بېرى جاپا پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەلدى. بولۇپمۇ يېقىندىن بېرى ھېچقاچان بەخت تۇيغۇسى ھېس قىلىپ باقمىدىم. قەلبىمنى ئالىلىقاندىق ئازاب چىرمىۋالدى. مەن يەنە زورۇقۇپ ياشاپ نېمىمۇ قىلارمەن؟ مېنىڭ تارتىشقۇدەك نېمەم بار؟ نارەسىدە بالام بولغان بولسىغۇ، بالامنى قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن بولسىمۇ ياشاپ قالاي دەر ئىدىم.

مۇرات بىلەن شېرىنئاينى دېمىسەم دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىدىكەن بولاتتىم. توغرىسىنى ئېيتقاندا، چىقىپ كېتىپ، بارغۇدەك يەر تاپالمىدىم. يەنە مەن ئۇچۇن جېنىنى سېلىپ بېرىشكە تەييار تۇرۇۋاتقان ئۆز ئاتا ـ ئانامنى ئەنسىرەتكۈم تېخىمۇ كەلمىدى. لېكىن، ئوپېراتسىيەنى قەتئىي رەت قىلدىم.

— مۇنداق ساراڭلىق قىلماڭ، بۇئايشەم، ئوپېراتسىيەنى قانچە بالدۇر قىلسا شۇنچە ياخشى. بىلىپ تۇرۇپ بۇنداق تەرسالىق قىلسىڭىز بولمايدۇ!

— ماڭا ماس كېلىدىغان يىلىكنى نەدىن تاپىمىز؟ ئوپېراتسىيەگە تېخى ئېنىق بىر نەرسە دېگىلى بولمىسا؟

— دېدىمغۇ، سىزنىڭ ئالتە بىر قورساق تۇغقىنىڭىز ئىچىدىن چوقۇم بىر ـ ئىككىسىنىڭ سىزگە ماس كېلىدۇ.

— ئۇلار نېمىدەپ ماڭا يىلىك تەقدىم قىلغۇدەك؟

— ئەگەر ئۇلار ئېھتىياجلىق بولسا سىز بېرەمسىز ـ بەرمەمسىز؟

— مەن دوختۇر، يات ئادەم بولسىمۇ بېرىشنى خالىسام، بېرىۋېرىمەن.

— ئۇلار سىزنىڭ قان قېرىنداشلىرىڭىز، ئەگەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسا ئۇلار چوقۇم خاپا بولىدۇ، سىزدىن ئۇمىدسىزلىنىدۇ.

— ئاتا ـ ئانامنىڭ پەقەت مېنى تۇغۇپ قويغانلا يېرى بار، تېخى بىر يىلنىڭ ئالدىدا بىز يات ئادەملەر ئىدۇق.

— بۇئايشەم، ھەرقانچە كېسەل بولسىڭىزمۇ مۇنداق ناچارلىق قىلماسلىقىڭىز كېرەك. سىزنى تونۇيالمايلا قېلىۋاتىمەن. يۈرۈڭ، مۇرات، كېتەيلى، بىز ئۇنىڭ نەزىرىدە يات ئادەم بولغاندىكەن.

ئۇلار ئاغزىدا شۇنداق دېگەن بىلەن يەنىلا مېنىڭ غېمىم بىلەن ئىدى. بىر ئامالارنى قىلىپ قارامايدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپتۇ، ھايال ئۆتمەي ئۇچىنچى ئاكام كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئۆرۈلدى. ئويلىمايلا دەپ قويغان گېپىمدىن تولىمۇ ئۆكۈندۈم.

— سىڭلىم، بىلەمسىز، دادام ـ ئانام سىزگە بەك ئامىراق، ئولتۇرسا ـ قوپسا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشىدۇ. ھەر ۋاق تا ـ ماقتا سىزنى نىمە يېگەندۇ، قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ، دەپ غېمىڭىزنى قىلىشىدۇ. ئۇلار سىزنىڭ ئاغرىپ قالغىنىڭىزنى بىلسە بەرداش ـ لىق بېرەلمەيدۇ، شۇڭا مەن خىزمەتكە ماڭدىم، دەپ يالغۇز كەل ـ دىم.

— ئوبدان قىپسىز، ئاكا، مەن بىلىمەن، — مەن بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتىم.

— يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىد ـ قىدۇ، دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىككىمىزنىڭ يىلىكىمىزنىڭ ماسلىشىش نىسبىتى خېلىلا يۇقىرى ئىكەن.

— ئاكا، سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمەن.

— ئۇنداق گەپنى قىلماڭ، ھېلىمۇ دادام ـ ئانامالار ئۆزلىرد ـ نى سىزگە قەرزدار ھېس قىلىدۇ. ھەرھالدا تەقدىر بىزگە مۇ ـ شۇنداق پۇرسەتنى بېرىپتۇ. ساقايغاندا سىزنى ئېلىپ كېتىمەن. تۇغقانلار سىز ئۈچۈن باغرىنى ئېچىپ تۇرىدۇ.

— بىراق، مېنىڭ راستلا ئوپېراتسىيە قىلدۇرغۇم يوق.

— ئەمدى بۇ گەپنى دېمەڭ، مەن خاپا بولۇپ قالىمەن.

ئاكام بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوپېراتسىيەگە كىرىشىگە نەچچە كۈنلا قالدى، قارامايدىن چوڭ ھەدەممۇ ھالىمىزدىن خەۋەر ئې ـ لىشقا چىقتى. گەرچە ئەمدىلا نويابىر ئېيى بولسىمۇ، بۇ يىل بال ـ دۇرلا قىش كىردى. دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ يېتىپ ئۇنى ئەسلەپ قالدىم، چۈنكى سىرتتا تۇنجى قار يېغىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىۇ ـ چۇر يوللىدىم. ئەمدى جان تومشۇقتا كەلگەندە باشقا ئىشلارنى ئويلىغۇدەك ھەپسىلەم يوق ئىدى.

«بىزنىڭ بۇ يەردە تۇنجى قار ياغدى، تەبىئىيلا سىزنى ئەسلەپ قالدىم. چۈنكى، سىزنىڭ قەلبىڭىز قاردەك ئاق، قاردەك سو ـ غۇق.»

ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سادا بولمىدى. مەن يەنە ئۇنىڭغا ئىك ـ

كىنچى ئۇچۇرنى يوللىدىم.

«مەندىن قۇتۇلىدىغان بولدىڭىز، مەن قان راكى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىم. نەچچە كۈندىن كېيىن ئوپېراتسىيە قىلىنىمەن، كېسەللىم ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغاچقا، نەتىجىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلمەيمەن، پەقەت سىزگە دەۋالغۇم بار. ماڭا ياردەم قىلغىنىڭىز ئۈچۈن ئۆزىڭىزچە مەغرۇرلىنىپ كەتمەڭ، سىز ئۈچۈن تالاي قېتىم ياش تۆككەنلىكىمنى بىلمەيسىز. ساقىيىپلا قالسام چوقۇم باشقىدىن ئادەم بولىمەن. خوش، سىزنى ئاخىرقى تىنىقلىرىمدا ئەسلەيمەن.»

ئۈنىڭدىن سادا كەلمىدى. ئاخىرقى ئۈمىدلىرىم يوققا چىقتى. بۈگۈن شەنبە. دۈشەنبە كۈنى ئوپېراتسىيە قىلىنىمەن. بارغانچە ماغدۇرسىزلىنىپ كارىۋاتتىن تۇرغۇم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. قاچانلاردا ئۇخلاپ قالدىمكىنتاڭ، كەچ سائەت ئون بىردىن ئېشىپتۇ. دېمەك، باشقىلار شېرىن ئۇيقۇغا كېتىدىغان ۋاقىت بوپتۇ. گۈلنىڭ خۇش پۇراق ھىدى دىمىقىمغا ئۇرۇلۇپ، ئۇيقۇم بىراقلا ئېچىلىپ كەتتى. تومپۇچكا ئۈستىدە يوغان بىر دەستە گۈلسامساق لوڭقىغا چىلىنىپ تۇراتتى. تېخى ئابايلا گۈل يوق ئىدى. كىم كەلدىكىنە؟ مەن يېنىمغا قارىمايلا تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىدىم.

— ئويغاندىڭىزما؟

قۇلىقىمغا ئىشەنمەي دېسەم كۆزۈم كۆرۈپ تۇراتتى، ئۇ يېنىمدا ئولتۇراتتى. مەن چۈش كۆرۈۋاتقان بولسام كېرەك، دەپ ئويلاپ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. ئارىنى سۈكۈت قاپلىدى. بىراق، ئۇنىڭ تىنىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن يەنە كۆزۈمنى ئاچتىم.

— مەن چۈش كۆرۈۋاتامدىم؟

— ياق. مەن ئابايلا ئايروپىلاندىن چۈشتۇم، ئەتە ئەتىگەندە قايتىمەن. دۈشەنبە كۈنى ئىشقا چۈشۈشۈم كېرەك.

مەن زورۇقۇپ تۇرۇپ يۆلىنىپ ئولتۇردۇم. قولۇم بىلەن يۈزۈمنى چىمداپ باقتىم، ئاغرىدى. قارىغاندا، بۇ چۈشۈم ئەمەس

ئىكەن.

— يىغىنغا كەلگەنمىدىڭىز؟

— بۇ كەچتە ماڭا كىممۇ يىغىن ئاچار؟ سىز يىغىن ئاچامسىز يا؟ — ئۇ سۇسقىنا كۈلۈمسىرەپ قويدى، — مېنىڭ يەنە نەچچە سائەت ۋاقتىم بار، تىللىۋېلىشىڭىزغا يېتىدۇ.

— ئەمدى تىللىغۇچىلىكىم قالمىدى. كىم بىلىدۇ، كېلەر ھەپتە بۇ چاغدا مەن بارمۇ، يوق؟

— سىز بار، مەن يوق. چۈنكى، ئەتىلا كەتمىسەم بولمايدۇ. قالايمىقان خىياللارنى قىلماي، ئۆزىڭىزگىمۇ «ئاق خالاتلىق پەرىشتە بولۇڭ» ماقۇلمۇ؟

مەن گەپ قىلمىدىم. يەنە نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. ئەسلىي بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا دېمىسەم بوپتىكەن، بىكارلا ئاۋارە قىپتىمەن. شۇنچە ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ مېنى يوقلاپ كەپتۇ. ئۇ خۇددى يېنىمغا ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ بەرگىلى كەلگەندەك جىمجىمدە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئىلگىرى ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم باردەك، نەچچە كېچە ـ كۈندۈز سۆزلىسەممۇ تۈگىمەيدىغاندەك بىلىنەتتى، بىراق دېيەلمىدىم.

— سىزدىن بىر ئىشنى سورىغۇم بار.

— سوراڭ.

— سىزنىڭ ماڭا قىلغان ياردەملىرىڭىزنى قانداق چۈشەنسەم بولار؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى. بىرھازا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ كەتتىم، خۇددى ئۇنىڭ سىيماسىنى قارىچۇقلىرىمغا سىڭدۇرۇۋالماقچى بولغاندەك. ئۇ نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىپ سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. مەن يەنە جىمجىتلىقنى بۇزدۇم.

— چىقىپ ئارام ئېلىۋېلىڭ، چارچاپ كەتكەنسىز ھەرقاچان!

— ئەتە ئايروپىلاندا ئۇخلىۋالىمەن.

— ئەمسە مەن قانداق قىلىمەن؟ — مەن ئۇنىڭغا ئالىجوقا

سۆزلەپ سىلىشىمدىن ئەنسىرىگەچكە، ئۇنى ئۈزىتىپ قويماقچى بولدۇم.

— سىز خاتىرجەم ئۇخلاڭ، مەن سىزگە قارايمەن.

ھەيرانمەن، ھەرقانچە قىلساممۇ ئەقلىمگە سىغدۇرالمايمەن، مەن راستلا ئۇخلاپ قالدىم، ئۇخلىغاندىمۇ ئاجايىپ تاتلىق ئۇخلاپتىمەن. ئانىسىنىڭ باغرىدا ياتقان بوۋاقتەك مۇنداق خاتىرجەم ئۇخلىشىم ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم.

سەھەردە ئۇ ماڭا پىچىرلىدى.

— مەن ماڭاي، چوقۇم ساقىيىڭ، دوختۇرخانا سىزگە موھتاج.

— ئاقيول بولسۇن! — دېيەلىدىم ئارانلا.

ئۇ ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى. مەن تىترەپ تۇرغان بارماقلىرىمدا ئۇنىڭغا ئۇچۇر يوللىدىم.

«مېنى قۇچاقلاپ قويۇڭ!»

ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئۇچۇر كەلمىدى، مەن ئۇنىڭ يۈزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەن ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم، چوقۇم شۇنداق بولدى.

ئەتىگەندىلا شېرىنئاي يېنىمغا كەلدى.

— خۇشالمۇسىز؟

— نېمىگە خۇشال بولىمەن؟

— نېمىشقا خۇشال بولمايسىز؟

— مەن چۈشىنەلمىدىم.

— نېمىنى؟

— ئۇنىڭ نەزىرىدە مەن كىم؟

— بۇنى چوقۇم نەزەرىيەۋى ئۇسۇلدا ئىسپاتلاش كېرەكمۇ؟

— بىلمىدىم.

— سىز بىر نەرسىنى ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟

— ئېيتقىلى بولمايدىغان بىر تۇيغۇ، خالاس!

— مانا بولدىغۇ!

مەن ئويلىنىپ قالدىم، شېرىنئاي راست دەيدۇ، مەيلى بۇ بىر يېتىم قىزغا ئاتىدارچىلىق قىلىش بولسۇن، مەيلى بۇ بىر خىل ساخاۋەت بولسۇن، مەيلى بۇ رەھبەرلىكنىڭ ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈشى بولسۇن، بۇ ساخاۋەت ماڭا تېگىل بولدى. مەن يەنە شۇ ھېسسىياتتا! ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ مەڭگۇ تۇتاشمايدىغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇپۇق تامان كېتىۋاتقان سەيياھمەن. چىڭگىزخانمۇ «ئاخىرقى دېڭىز»غا يېتىپ بېرىپ توختاپ قاپتىكەن، مەنمۇ ھامان بىر كۈنى «ئاخىرقى دېڭىز»غا دۇچ كېلىشىم مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا ۋاقىت كېرەك. مەن پەقەت داۋاملىق ياشىغاندىلا ئاندىن بۇ پۇرسەتكە ئېرىشىمەن. مەن چوقۇم ياشىشىم كېرەك.

مەن ئوپېراتسىيەگە ئېلىپ مېڭىلدىم. ئاللىقانداق ئۇمىدنىڭ تۇرتكىسىدە كېتىۋاتىمەن، ئەگەر يەنە ياشاش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىسەم ئىدىم، بارلىقىمنى مەندەك ھايات ـ مامات كۈرىشىدە قىيىنىلىۋاتقان كىشىلەرگە بېغىشلايتتىم...

ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. ھاياتلىق قىسمەتلىرىم يەنە ئۇلىنىپ داۋاملاشتى. گەرچە بۇ نۇرغۇن بەدەل، نۇرغۇن قېرىنداشلىق قەرزى ھېسابىغا كەلگەن پۇرسەت بولسىمۇ، ئەمما كۆزۈمنى ئېچىپلا كۆرگىنىم ئاتا ـ ئانام، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنىڭ بىھېساب خۇشاللىقى بولدى. ئاتا ـ ئانام شۇنچە يىراقتىن مېنى دەپ كەپتۇ، ئېنىقكى، بۇ ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى. ئەتراپىڭدا پەرۋانە بولىدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭ بولسا نېمىدېگەن ياخشى؟! تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقىنى ئەسلىدىنلا ئۇلارنىڭ قېنى ئىدى. ئەمدى تېخىمۇ شۇنداق بولدى. مەن ئەمدى ئۇلاردىن ئاغرىنسام بولمايتتى، ئۇلار خۇددى ئۆز گۇناھىنى يۇماقچى بولغان ئادەمدەك ماڭا ئاجايىپ تەكەللۇپ بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئانامنىڭ ۋاقتى ـ ۋاقتىدا بەدەنلىرىمنى سۇرتۇپ قويۇشلىرى، دادامنىڭ ئاجايىپ ئامراقلىق بىلەن قاراشلىرى يۈرىكىمدىكى سوغۇقنى خۇددى باھار شامىلىدەك ئېرىتىپ كەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەندى. باشقىلارنىڭ پەقەت بىرلا دادىسى، بىرلا ئانىسى بولسا، مېنىڭ ئىككى دادام، ئىككى ئانام بولدى. ئىككى جۈپ يۈرەك مەن ئۈچۈن سەدپارە بولدى. ئېھتىمال بۇ تەڭرىنىڭ ماڭا بەرگەن شاپائىتى بولسا كېرەك.

كېسەل كارىۋىتىدا ياتقان مۇشۇ مەزگىللەردە، ئۆز كەسپىمنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ، نەقەدەر مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بىر بىمارنىڭ ھېسسىياتىنى، بولۇپمۇ ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا، ھاياتقا قىيالماسلىق بىلەن بېقىپ، قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلىرىنى قىلالماي ئۆكۈنۈپ كېتىۋاتقان بىر ئىنساننىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەندىم. ئاشۇ ھېچكىمگە تىنغىلى بولمايدىغان ئازغۇن ھېسسىياتلىرىم ئوپېراتسىيەخانىدا قالغان بولغاي ئىلاھىم! ئاران دېگەندە قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشتىم. ئەمدى بۇ پۇرسەتنى قەدىرلەپ، يېڭى ئارمانلىرىم بىلەن كېيىنكى ئۆمرۈمنى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك.

ئۇنى زادى قاچان تۈگەل ئۇنتۇپ كېتىشىنى، قاچان ئۆزۈم ئارزۇ قىلغاندەك ئادەم بولالايدىغىنىمنى بىلمەيمەن. ئۇنى يەنىلا سېغىنىدىغىنىمنى ئىقرار قىلمايمەنۇ، كاللامدا يەنىلا ئۇنىڭ سىيماسى لەيلەپ يۈرىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ ئېڭىمغا شۇنچىلىك چوڭقۇر ئورناپ كەتكىنىدىن ئۆزۈممۇ ھەيران قالىمەن. چۈنكى، ھەر كۈنى سەھەردە كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا چۈشۈمدە ئۇنى كۆرگەن ـ كۆرمىگىنىمنى ئەسلەپ باقىمەن. ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم ماڭا: «تېزرەك ساقىيىڭ، دوختۇرخانا سىزگە موھتاج» دېگەن ئاۋازى ھازىرمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايدۇ.

شېرىنئاي كىرىپ كېلىۋىدى، دادام ـ ئاپام ئىككىمىزنى يالغۇز قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— چىرايىڭىز بىر ئوبدانلا تۇرىدۇ، ساقىيىپ بوپسىز جۇمۇ. تۇرۇڭە ئەمدى ئۈششۈقلۇق قىلىپ يېتىۋالماي، چېچىڭىزنى تاراپ قوياي.

— بولدى، ئەتىگەنلا ئانام تاراپ قويغانىدى.
— توۋا، چوڭ ئاپامغا ھەيرانمەن، ئاجايىپ ئېتىك ئايال جۇ-مۇ. سىزنى مەلىكىلەرنى كۈتكەندەك كۈتۈۋاتىدۇ.
— ھەئە، مەنمۇ ئېزرەك تۇرۇپ كەتسەم دەيمەن، دەرسلىرىمە-دىن ئەنسىرەپلا تۇرىمەن. ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىسام بولمايدۇ.
— قارا، دوختۇر تۇرۇپ دەۋاتقان گېپىنى! ئېزرەك ساقىيىمەن دەپ ئېز ساقايغىلى بولامتىكىن، مايسىنى تارتىپ ئۆستۇرگىلى بولمايدۇ-دە. سەۋر قىلىڭ. ئېخى يەنە بىر يىل ۋاقتىڭىز بار، مېنىڭچە، تىرىشسىڭىز بىر گەپ بولۇپ قالار.
— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي، بالدۇرراق ئوقۇشۇمنى تاماملاپ، بالدۇرراق دوختۇرخانىغا قايتسام دەيمەن، بىر كېسەلنى ئارتۇق داۋالىسا، بىر ئۇلۇش تۆھپە قوشالايمەن ئەمەسمۇ؟
— سىزگە بىر گەپنى دەيمۇ - دېمەيمۇ بىلمىدىم، — ئۇ ئولتۇرۇپ كەتتى.
— مۇنداق بېشىنى دەپ قويۇپ ئاخىرىنى دېمەيدىغان قانداق گەپ ئۇ؟ — مەن ئۇنىڭ ئېغىزىغا قارىدىم. ئۇ ئىككىلىنىپ ناھا-يىتى تەستە سۆزىنى داۋام قىلدى.
— ھېلىقى ئادىمىڭىز تۇنۇگۇن مۇراتقا تېلېفون قىلىپ ئەھۋالىڭىزنى سورىغاندەك قىلدى.
ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتىم.
— مۇرات سىزگە دېمەڭ دېگەنىدى.
— ئەمىسە نېمىشقا دەيسىز؟
— ئەسلىدىغۇ سىزگە مەنسۇپ بولمايدىغان بۇ كىشىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تامامەن ئېسىمىزدىن چىقىرىۋەتسەك بولاتتى. بىراق، ھازىر سىزنىڭ يەنىلا ئۇنىڭ غەمخورلۇقىغا بەكرەك موھ-تاج ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن.
— چۈشەندىم، مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان. ئۇنى ھامان ئۇنتۇپ كېتىمەن. بۇ ۋاقىت مەسىلىسى، خالاس.
— شۇنداق قىلالىسىڭىز ئاندىن تۇغقانلارغا، بىمارلىرىڭىزغا

يۈز كېلەلەيسىز. كۆڭلىڭىزگە كەلسىمۇ ئوچۇقىنى ئېيتاي، سىز مەيلى كەسىپتە قانداق نەتىجە قازىنىپ كەتمەڭ، ئەخلاق جەھەتتە ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتىڭىز، ھۆرمەت تاپالمايسىز. ئەنئەنە بويىچە ئېيتقاندا، سىز خەقنىڭ ئېرىنى ياخشى كۆرۈپ قالسىڭىز ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ. بىز ئاشۇ ئەنئەنىدىن ئايرىلالمايمىز، ھېچبولمىغاندا ئاشۇ ئەنئەنە بويىچە ياشاۋاتقان كىشىلەر توپى ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. شۇنداق بولغاندىكەن، سىز ۋاز كېچىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك.

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، رەھمەت سىزگە! — مەن شېرىنئاينىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم.

ۋاقىت شۇنداق تېز ئۆتتى. ئۆيدىكىلەرگە قىيالمىسامىمۇ، ئۇلار بىلەن قايتىپ كېتىشكە ئۇنىمىدىم. مېنىڭ ئۇلار دېگەندەك بىر يىل كېچىكىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا رايىم بارمىدى. ئاتا ـ ئانام بىر كۆزى كەينىدە دېگۈدەك يۇرتقا قايتتى. ئەمدى زورۇقۇپ كەتمىگەن ئاساستا دەرسلىرىم ئىچىگە شۇڭغۇشتىن باشقا ۋەزىپەم يوق ئىدى. ئاستا ـ ئاستا ھەممە ئىشلار ئىزىغا چۈشۈپ، ياتاق، تەجرىبىخانا، كۇتۇپخانا ئارىسىدا كۈنلىرىمنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم.

تاسادىپىي دىققىتىمنى تارتقان بىر تال گىياھ، ئۇيقۇسىز كېچىلەردە تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر، مەن ئۈچۈن ھېچقانچە ئەھمىيىتىنى بىلگىلى بولمايدىغان ھېيت ـ بايرام ماڭا ئاجايىپ ئېغىر غېرىبلىق باشلاپ كېلەتتى. بۇ غېرىبلىققا ھېچنېمە دال بولمايتتى. يەر شارىدا نەچچە مىليارد ئادەم قىمىرلىشىپ يۈرسىمۇ، ئۆزۈم ئاۋات پايتەختتە تۇرسامۇ غېرىبلىق ئىچىدە يېتىمسىرەيتتىم. بۇ غېرىبلىقنىڭ نەدىن كەلگىنىنى بىلسەممۇ ئېتىراپ قىلمايتتىم. ئەمما، ياخشى يېرى ھېيت ـ بايرام كۈنلىرىنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ يۈرمىدىم، ھەتتا تۇغۇلغان كۈنىدىمۇ سۈكۈت بىلەن ئۇنىڭغا بەخت تىلىدىم. مۇشۇنداقلا ماڭسام، ۋاقىت ھەممىنى ھەل قىلىپ، بۇ كۆلپەتلىك

روھىي خوراشلىرىم ئاخىرلىشىدۇ، دەپ ئويلايتتىم.

بىر يىل ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. مۇرات بىلەن شېرىنئاي ھېلىھەم ئۆز دوستلۇقى بىلەن غېرىبلىق باسقان قەلبىمگە مەلھەم بولۇپ تۇراتتى. ئوقۇش پۈتكۈزۈش دىسسېرتاتسىيەسىگە تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە شېرىنئاي ماڭا بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇنىڭ بويىدا بار ئىدى. گەرچە ۋاقتىنچە بالىلىق بولۇشنى ئويلاشمىغان بولسىمۇ، بۇ تاسادىپىي ھامىلىدارلىق ئۇلارنىڭ بۇ قارارىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. ئۇ بەختىيارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى.

— بويۇمدا بارلىقىنى ئۇقۇپ بەك قورقتۇم. ئاغزىمدا ئالدۇرۇۋېتىمەن دېگىنىم بىلەن، ئەمەلىيەتتە مۇراتنىڭ بالىنى ئالدۇرۇۋېتەيلى دېيىشىدىن بەك قورقتۇم. كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ خۇشلۇقتا ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. بۇ بالىنى چوقۇم تۇغۇپ بېرىسىز دەپ تۇرۇۋالدى. مەنمۇ يېنىكلەپ قالدىم.

— ھەقىقەتەن ياخشى ئىش بوپتۇ. ئانا بولۇش ئاجايىپ ياخشى ئىش بولسا كېرەك، كۆزلىرىڭىزدىن بەخت تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — ئۇ يۈزىنى تۇتۇپ قىزىرىپ كەتتى.

— بولۇپمۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمدىن بالىلىق بولۇش بەك ئۇلۇغ ئىش بولسا كېرەك، — شېرىنئايىغا مۇشۇلارنى دەۋېتىپ ئىچىمدە ئاجايىپ تاتلىق بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى. توۋا، ئەگەر مۇشۇ بىغەرەز ئەبلەختىن بىر بالىلىق بولالىغان بولسام — ھە؟ بىراق، ئۇنىڭ نەزىرىدە مەن ئايال كىشى ئەمەس، پەقەت بىر كادىر، خالاس. ئۇنىڭ ئاشۇ قاتتىق تاشقى قېپى ماڭا ئۇنى خۇددى ماشىنا ئادەمدەكلا كۆرسىتىدۇ. خىيالىمدا ئۇ ھەتتا ئۇخلىغاندىمۇ گالستۇك، شىم - كاستۇملىرى بىلەن ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدىغان ئادەم، باشقا ئىشلارنى ھەرقانچە قىلسامۇ تەسەۋۋۇرۇمغا سىغدۇرالمايمەن.

شېرىنئاي مېنى خىيال ئىچىدىن تارتىپ چىقتى.

— نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟

— ھېچنېمە. شۇ سىزنىڭ قورسىقىڭىز يوغىنايدىغان چاغدا مەن كېتىپ قالىدىغان ئوخشايمەن. تولغاق يېگەن چاغلىرىڭىزدا يېنىڭىزدا تۇرۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى، قانداقمۇ قىلارمەن؟

— كېلەرسىز، مەنمۇ سىزدەك بىر قىز تۇغسام دەيمەن. بالا تۇغۇلغاندا تۇنجى بولۇپ كىم قولىغا ئالسا بالىنىڭ خۇي - پەيلى شۇ كىشىنى تارتارمىش.

— ئەر كىشى دېگەن ئايالىنىڭ ئوغۇل تۇغۇشىنى ئارزۇ قىلارمىش. مۇرات ئۈچۈن بولسىمۇ ئوغۇل تۇغۇڭ.

— مۇرات قىز بولسىمۇ، ئوغۇل بولسىمۇ ئوخشاش، دەيدۇ.

— ھەي، مېنىڭ ئوغۇل بوۋاقنى باققۇم بار ئىدى.

— ئەمىسە بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغاي.

— يىڭناغۇچتەك مۇشۇ بەستىڭىز بىلەن تېخى قوشكېزەك تۇغماقچىمۇسىز؟

— سىزنىكىم بەك غەلىتە، بىر نەرسىنى يېگۈم كېلىدۇ، بىر قېتىم تويۇپ يېدىممۇ، بولدى، ئىككىنچى يېمەيمەن. يەنە باشقا نەرسىلەرنى يېگۈم كېلىدۇ. ئىشقىلىپ، بەكمۇ ئىشتىھالىق بولۇپ كەتتىم. بىر ئەمەس، بىرنەچچىنى تۇغۇمەنمىكىن دەيمەن.

— نەچچىنى تۇغسىڭىز ئىختىيارىڭىز، بىراق سىزنىڭ ۋاقتىڭىزدىكى ئوزۇقلىنىشىڭىزغا مەن مەسئۇل بولاي. نېمە يېگۈڭىز كەلسە ماڭا دەڭ. ئۆز قولۇم بىلەن ئېتىپ بېرىمەن.

— راستىنى ئېيتسام، تاماقخانىلارنىڭ تامىقىغا ئۆچ بولدۇم، ئۆيدە ئېزىلىپ كەتكەن سۇيۇقئاش بولسىمۇ ئېغىزىمغا تېتىيدۇ. شۇڭا، ھازىر كۆپ ھاللاردا ئاپامنىڭ يېنىغا بېرىپ تاماقلىنىۋاتىمەن.

— ئارىلىق يىراق تۇرسا، بەك ئەپسىز بوپتۇ. ئەمدى ئۆزۈم ئېتىپ بېرەي.

— شۇغىنىسى، دەرسىڭىزگە تەسىر يېتىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— مەن تاماق ئېتىۋېتىپمۇ نۇرغۇن مەسىلىلەر توغرىسىدا

سىز بىلەن پىكىرلىشەلەيمەن. مەنمۇ زىيان تارتىدىغان ئىشنى قىلمايمەن ـ دە؟ ـــ ئىككىلىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

شېرىنىئاي كەتكەندىن كېيىن ئۆزۈم تۇغرۇلۇق ئويلىنىپ قالدىم. يېشىم بىر يەرگە باردى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم مەڭگۈ ئانا بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەيدىغان ئوخشايمەن. نېمىشقا مەنمۇ باشقا قىزلاردەك ئۆزۈمگە مەنسۇپ بولغان بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغاندىمەن. دۇنيادا خۇددى ئۇنىڭدىن باشقا ئەر زاتى يوقتەك نېمىشقا ئۇنىلا سېغىنىدىغاندىمەن. كېچە بىر يەرگە بار- غان بولسىمۇ يەنىلا ئۇخلىيالمىدىم. تاڭ ئاتاي دېگەندە ئۇخلاپ قالغان چېغىم، ئويغانغىنىمدا ئۇنى چۈشەپ قالغىنىمنى بايقى- دىم. شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرۈپ چۈش كۆرۈشۈم تۇنجى قېتىم ئىدى.

ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ قىزغىن تەبرىك- لىرى، تىلەكلىرى ئىچىدە ئوقۇشۇمنى تاماملاپ شىنجاڭغا قايت- تىم. مۇشۇ بىر مەزگىلدە ھەقىقەتەن بەك جاپا تارتتىم. دەرسلەر- نى تولۇقلاپ ئۆگىنىشىم ئاسانغا چۈشمىدى. مۇشۇ كۈنلەردە سۆ- يۈملۈك دوختۇرخانىنى، ماڭا تونۇش كېسەلخانا، ئىشخانىلارنى، سۈس سېرىق رەڭلىك ئىش ئۇستىلىمنى ئاجايىپ سېغىندىم. ئەمدى ئۆگەنگەنلىرىمنى قايتۇرۇشۇم، ئۆز خىزمەت نەتىجەم ئار- قىلىق مەۋجۇتلۇقۇمنى ئىسپاتلىشىم كېرەك ئىدى. قارامايدا نەچچە كۈن تۇرۇپلا خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتىم. ئىچ ـ ئىچىم- دىن سېغىنىۋاتقان ئاشۇ تۇپراققا بولغان چەكسىز مۇھەببەت مې- نى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى.

ناھىيە بازىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر خېلىلا زور ئىدى. بىراقلا نەچچە ئولتۇراق رايونى قۇرۇلۇپ كېتىپتۇ. كوچىلار ئوبدانلا رەتلىنىپ قاپتۇ. يېزىلاردا ھەمكارلىق داۋالاش تۈزۈمى يولغا قو- يۇلغاندىن بېرى، دېھقانلارمۇ خۇددى دۆلەت خىزمەتچىلىرىدەك داۋالىنىش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بوپتۇ. دوختۇرخا- نىنىڭ كۆلىمى كېڭەيتىلىپ يەنە بىر بىنا سېلىنىپتۇ. ئۆگەن-

گەنلىرىمنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزىدىغان ھەقىقىي كۈرەش مەيدانىم ئويلىغىنىمدىنمۇ ياخشى ئىدى. خىزمەت قىزغىنلىقىمنىڭ يۇقىرىلىقىمۇ، ئەيتاۋۇر كېلىپ ئەتىسىلا ئىشقا چۈشۈش ئۈچۈن دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كېلىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم. دوختۇرخانا باشلىقى خۇددى دادامدەكلا كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندى.

— قانداق؟ سەللىمازا ساقىيىپ كەتتىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ھازىر سالامەتلىكىم ياخشى. ئاشۇ كۈنلەردە ھەر جەھەتتىن قوللىغانلىقلىرىغا رەھمەت. بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.

— شۇنداق قىلىپ، ئوقۇشۇم پۈتتى دەڭ؟

— ئەمدى ئۆزلىرىگە، دوختۇرخانىغا جاۋاب قايتۇرىدىغان چاغ كەلدى. چوقۇم رەھبەرلىكنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىمەن.

— شۇنداقلا ئويلىغان بولسىڭىز ياخشى. ھېلىمۇ دانىنى بىزدىن يەپ تۇخۇمنى ئېلىپ قارامايغا كېتىپ قالمىدىڭىز، قايتىپ كەلگىنىڭىزنىڭ ئۆزى بىزگە چوڭ تەسەللى بولدى.

— بىرنەچچە يىل بولسىمۇ ئىشلىگۈم بار. مۇنداقلا كەتكۈم يوق. مەن بۇ يۇرتنىڭ نېنىنى يەپ چوڭ بولۇپ ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرالمىدىم.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ، ئەمەلىيەتتە سىزنى بۇنىڭدىنمۇ ياخشى پۇرسەت كۈتۈپ تۇرىدۇ.

— رەھمەت.

— قانداق ئىشلىقىنى ئۇقماي تۇرۇپ رەھمەت دېيىسىزغۇ؟

— سىلى ھېچقاچاندا مېنى يامان يولغا باشلىمايلا ئەمەسمۇ؟

— مۇنداق ئىش. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا ئىككى يىللىق ئەمەلىي ئۆگىنىشكە بارىدىغان بولدىڭىز.

— نېمىشقا؟ — داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم.

— بىيجىڭدا نەزەرىيەۋى سەۋىيەڭىز ئۆستى. ئەمدى كلىنىكىلىق داۋالاش ئىقتىدارىڭىزنى ئۆستۈرسىڭىز، بۇنداق پۇرسەت

كۆرگەنلا ئادەمگە نېسىپ بولىدۇغان بەخت ئەمەسمىدۇ. مۇشۇ بىر سان ئۈچۈن سەھىيە سىستېمىسى تەۋرەپ كەتتى دېسەكمۇ بولىدۇ. ئاخىرىدا يەنە سىزنى مۇۋاپىق دەپ قارىدۇق. ئوقۇغاندىكىن ئاخىرىغىچە ئوقۇپ، راۋرۇس دوختۇر بولۇپ چىقسۇن دېدىققۇ سىزنى!
— مەن قايسى يۈزۈم بىلەن بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالالايمەن؟ ھېلىمۇ رەھبەرلىك جىق ئاتىدارچىلىق قىلدى. يەنىلا ئاساسىي قاتلامدا ئۆگىنەي، ئوقۇشقا باشقىلار بارسۇن.
— بولدى، تۈزۈت قىلماڭ، بۇ سان ئاسان ھەل بولمىدى. ناھىيە رەھبەرلىرىمۇ سىزنى نامزاتلىققا كۆرسەتتى. ئەمدى جاھىللىق قىلماڭ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەندىكىپ كەتتىم. مەندەك بىر ئادەتتىكى دوختۇر ئۈچۈن كىممۇ مۇشۇنداق كۈچ چىقارسۇن؟ چوقۇم ئۇنىڭ قولى بار. ئۇنىڭ مېنى كۆرگۈسى يوق. قۇلىقى تىنچ ياشاش ئۈچۈن مېنى كۆزدىن يوقاتماقچى! مېنىڭ بۇ تۇپراقنى شۇنچىلىك سېغىنىدىغىنىمنى ئۇ ماشىنا ئادەم نەدىن بىلسۇن؟ ئىختىيارسىز ئاتا ـ ئانامنىڭ تۇپراق بېشىغا كەلدىم. مانا نەچچە يىلدا ئانامنىڭ قەبرىسى بېشىدىكى كىچىككىنە توغراق كۆكلەپ سايە تاشلىغۇدەك بوپتۇ. ياشلىرىم قويۇلۇپ تۇراتتى. «ئانا، سىزنى يوقلاپ تۇرالمىدىم. ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشىم كېرەك ئىكەن، مەن ئەمدى تېخىمۇ ئۇزاقتا كېلىدىغان ئوخشايمەن...»
لاي ئارىلاش يامغۇر تامچىلىرى تورۇكلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. قايتمىسام بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۈيۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكەپ، يانچۇقۇمدىن بىر سىقىم بۇغداينى ئېلىپ قەبرە بېشىغا چاچتىم.
— قۇشقاچلار بولسىمۇ ۋىچىرلاپ سىلەرگە ھەمراھ بولسۇن.
كۆز ياشلىرىم يامغۇر بىلەن بەسلەشمەكتە ئىدى. گادىرماچ خىياللار بىر مىنۇتمۇ ئارام بەرمەيتتى. تېلېفونۇمنىڭ جىرىڭلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شى مېنى خىيالدىن تارتىپ چىقتى.

— بۇئايشەمما؟ نەدە سەن؟ بىزنى شۇنداقمۇ ساقلىتامسەن؟

— ئاپلا، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، هازىرلا بارىمەن!

بۆلۈمدىكى دوختۇر، سېستىرالار مېنى كۈتۈۋېلىش هەم ئۇزىتىپ قويۇش يۈزىسىدىن چاي بەرمەكچىدى. بىراقلا ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. قەدەملىرىمنى تېز - تېز يۆتكەپ چوڭ يولغا چىقىپ تاكسىدىن بىرنى توسۇپ ئۇدۇل رېستورانغا قاراپ ماڭدىم. هەمەيلەن تولۇق كېلىپ بوپتۇ، تولىمۇ خىجالەت بولدۇم. تۆرگە زورلاشلىرىغا ئۇنىماي، ئامىنەنىڭ يېنىغا كېلىپلا ئولتۇردۇم. خىزمەتداشلىرىمنىڭ مۇشۇنچىلىك ئىززىتىمنى قىلىشى هەقىقەتەن مېنى تەسىرلەندۈردى.

— نەدىن كېلىشىڭ؟ توپا بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟ — ئامىنە پىچىرلاپ دېگۈدەك سورىدى.

— تۇپراق بېشىغا بارغانىدىم، — دېدىم قۇلىقىغا شىۋىرلاپ.

— قېنى قىزىق چايدىن بىر يۇتۇم ئىچكىنە، ئاداش، ئىسسىپ قالىسەن.

خىزمەتداشلارنىڭ شوخلۇقىغا گەپ توغرا كەلمەيتتى، مەن كەيپىياتىمنى ئۇلارغا تاڭماسلىق ئۈچۈن ئېچىلىپ ئولتۇرغان بولدۇم. سورۇن كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشتى. ئامىنە ئېرىنىڭ كامادىرروپكىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، بۈگۈن مەن بىلەن تازا مۇڭدىشىۋېلىش ئۈچۈن هەتتا بالىسىنىمۇ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنى ئۆيىگە ئەكەتمەكچى بولدى. ئەمەلىيەتتە مېنىڭمۇ بىرسى بىلەن مۇڭداشقۇم بار ئىدى، شۇڭا ئارتۇقچە تارتىنماي ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. پاكىزلىق يېغىپ تۇرغان قۇتىدەك ئۆيدە جىمىم يايراپلا قالدى. ئەگەر مەنمۇ بالدۇرراق بېشىمنى ئوڭشىۋالغان بولسام، مېنىڭمۇ مۇشۇنداق ئۆيۈم بولار بولغىيدى. كېلىپلا مۇنچىغا چۈشۈۋالدىم، ئامىنەنىڭ يېپيېڭى كىچىلىك كىيىمىنى كىيىپ، چاچلىرىمنى سۈرتۈپ ياتاق ئۆيگە كىرگىنىمدە، ئامىنە يوتقان - كۆرپىلەرنى سېلىپ

تەييار قىلىپ قويغانىدى.

— تووا، بۇ كىچىلىك كىيىمنىڭ چىرايلىقلىقىنى بۈگۈن بىلدىم. سىنىڭ ئۇچاڭغا چىقىپلا ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈندا؟

— راست، بەك چىرايلىق ئىكەن.

— ئۆتكەندە بىزنىڭ ئادەم ئەكەپتىكەن. تېخى كىيگۈدەك بولمىغانىدىم. سىنىڭ رىزقىڭ ئوخشايدۇ. ئەتە ئېلىپلا كەت. بەدىنىڭدىكى جىمى چىرايلىق يەرلەرنى مانا مەن دەپ گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدىكەن.

— ئېرىڭ ساڭا ئەكەلگەن كىيىمنى مەن قانداق ئەكېتىمەن؟ ئەتىلا قايتۇرۇپ بېرىمەن. سەن كىيسەڭ تېخىمۇ يارىشىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاشۇ گۈزەللىكىڭدىن ھوزۇر ئالغۇدەك ئادىمىڭ بار. مەن كىمگە كىيىپ بېرەرمەن. يا بۇنى كىيىپ سىرتقا چىققىلى بولمىسا؟ ئېرىڭنىڭ كۆزى بار زادى، سېنىمۇ تاللاپ تۇرۇپ كەلتۈرۈۋالغان، تېخى چىرايلىق كىيىملەرنى سوۋغا قىلىشلىرىنى قارىمامدىغان!

— بالا تۇغۇپ بەدىنىم ئۆزگىرىپ كەتتى، قارىغىنا بەدىنىڭنىڭ چىرايلىقلىقىنى؟ قاشتاشتا ئويۇپ قويغاندەك، خەق بىكارغا كۆيۈپ قالمايدۇ ساڭا!

مەن ئۇنىڭغا تەئەججۇپ بىلەن قارىدىم.

— مۇنداق قارىمىغىنا ئادەمگە، ئادەتتە نېمە كىيسەڭ شۇنداق يارىشىدۇ. كۆڭلۈڭ تېخى ئاق، مىجەزىڭ ئاندىن ياخشى.

— مەن بىلمەي، بىرسى ماڭا كۆيۈپ قاپتىمۇ؟

— قىز بالا دېگەن كۆۋرۈككە ئوخشايدۇ، باينىڭمۇ، گادايىنىڭمۇ ئۆتۈپ باققۇسى كېلىدۇ. بۇ ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەسقۇ؟

— بىراق، سەن بىر ئىشنى مەندىن يوشۇرۇۋاتىسەن، مەندىن سوراشقا ئەپسىز ھېس قىلىۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟

— ئۆزۈڭمۇ بىلىدىغانسەن، بىرسى ساڭا بەك كۆڭۈل بۆلىدىكەن. ئېھتىمال ئۇ سىنىڭ ئىقتىدارىڭنى دەپ شۇنداق قىلىدىغاندۇ، بىراق سەن چىرايلىق بولغاچقا باشقىلار گەپ تېپىپمۇ

ئۆلگۈردى. زادى بۇ دۇنيادا چىرايلىق ئاياللار سۆز ـ چۆچەككە يېقىن، قايسى ئايال ئۆسسە، كۆزگە كۆرۈنسە ئۇنى چوقۇم ئۆزىنى بازارغا سالغان گەپ، دەپ تورۇۋالىدىغان خەق بىز. بىراق، مەن ساڭا ئىشىنىمەن. ئىشەنمەيمۇ ئامالىم يوق. سەن يا بۇ يەردە بول- مىساڭ؟

— ئەمدى بۇ گەپكە نېمە دېسەم بولار؟

— ھېلىقى كىشىنىڭ ئايالى بىزنىڭ دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئايالى بىلەن بەك يېقىن. ئاڭلىسام، ئۇ ئايالدىن سېنى نەچچە قې- تىم سوراشتۇرغانىمىش.

— نېمىدەپ؟

— قارامايلىق بىرسى بار ئىمىش، ئۇنى بىزنىڭ ئادەم يېزى- دىن مۇشۇ دوختۇرخانىغا يۆتكەپ كەلگەنىكەن، ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بەرگەنىمىش، تېخى بېيجىڭدىكى چېغىدا ئاپاق ـ چاپاق بولغانى- مىش. كېيىنمۇ بىر قېتىم يوقلاپ بارغانىمىش، قانداقلا ياخشى ئىشلار بولسا ئۇنىڭ بولار ئىمىش... دېگەندەك. ئىشقىلىپ، بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى تالىشىپ بۇ گەپلەر تېخىمۇ ئا- ۋۇپ كەتتى.

مەن نېمە دەيمەن؟ قورسىقىمنىڭ راستلا ئاغرىقى بار تۇرسا؟ گەرچە ئەزەلدىن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولساممۇ، بىر ئايالنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلىغاندا، مەن تېخىمۇ ئېغىر تىل ـ ھاقارەتكە ھەقلىق ئىدىم. يامان يېرى، ئۇنىڭغا بى- لىپ ـ بىلمەي ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كەپتىمەن. بەلكىم ئۇ مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئايالى بىلەن سوغۇقلىشىپ قالغاندۇ. خەقلەر ئۇنىڭ كەينىدىن كۈلگەندۇ. ئىستىلىدىن گۇمان قىلغاندۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئوبرازىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەن ئۇ- نىڭغا نېمە قىلىپ قويدۇم ـ ھە؟

نېمە دەپ چۈشەندۈرۈش بېرىشنى بىلمەي ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدىم. ئامىنە مېنى چاقىرىپ بېقىپ «بىردەمدىلا ئۇخلاپ قالغىنىنى قارا، ھۇ مۈشۈك!» دەپ قويۇپ ئۇخلاشقا تۇتۇندى. تا-



www.uyghurkitap.com

كى ئۇ ئۇخلاپ قالغۇچە مىدىر ـ سىدىر قىلماي يېتىۋالدىم.
ئۇنى كۆرمىگىنىمگە قانچە ئۇزاق بولغىنىنى بىلمەيمەن. لېـ-
كىن، سۆز ـ چۆچەكلەر يەنە ئۇز يولىدا چىقىپ ئۇلگۇرۇپتۇ. تۇ-
رۇپلا قورسىقىم كۆپتى. ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ قەلبىگە ئېـ-
رىشەلىگەن بولسام ئىدىم، مەيلى دەيتتىم. لېكىن، ئۇ كىشى مـا-
ڭا پەرۋامۇ قىلىپ قويمىغان تۇرسا، يەنە سۆز ـ چۆچەككە قالسام
نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك بۇ؟
تولىمۇ روھسىز ھالدا ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئامىنەنىڭ بىـردەم
ئۇخلىۋال دېگىنىگە ئۇنىماي، ئۇنىڭ ئۆيلىرىنى يىغىشتۇرۇشىغـا
ياردەملەشتىم. ئەمەلىيەتتە قولۇم ئىشتا بولغان بىلەن كاللام يە-
نىلا شۇ ئايىغى چىقماس مۇلاھىزە بىلەن ئـاۋارە ئىدى. تەڭـرى
ھېچقانداق قىزنىڭ بېشىغا مۇنداق كۈننى بەرمىسۇن. ئاشكارىلى-
غىلى بـولمايدىغان، كۆزلىرىگە ئوتلۇق باققىلى بولـمايدىغان،
ئايدا، يىلدا بىرەر قېتىم كۆرگىلى بولمايدىغان، ھەتـتا ئاۋازىنـى
ئاڭلاپ، دەردىڭنى تۆككىلـى بولمايـدىغان مۇنـداق ياخشى كـۆرۈپ
قېلىش ئاجايىپ ئېچىنىشلىق بولىدىكەن. ئـادەم خۇددى دېڭـىزدا
ئادىشىپ قالغان يېگانە قولۋاققا ئوخشاش يېتىپ بارىدىغان نىشا-
نەڭنى تاپالماي، مۆلچەرلىيەلمەي ئاستا - ئاستا ئۈمىدسىزلىنىپ
ئالدى بىلەن روھىڭدىن، ئاندىن جىسمانىيىتىڭدىن ئايرىلىدىغان
گەپ ئىكەن. ئەمدى ئۈمىد باغلىغۇدەك ھېچ نەرسە تاپـالمىدىـم.
شۇنچىلىك گەپ چىققانىكەن، ئۇ ئەمدى ماڭا خۇددى ئالـۋاستىغـا
ئۆچ بولغاندەك ئۆچ بولىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىگىنىم
ياخشى.
— ۋۇي ! خىيالچان قىز، ناشـتىلىـق تەييار بـولدى، ئادەمنـى
خىجالەت قىلىپ ئۆيلىرىمنى تازىلاپ كەتتىڭ، ئەمدى ھەر قېتىم
ئۆي تازىلىغاندا سېنى ئەسلەيدىغان بولدۇم، — ئامىنە ھورى كۆ-
تۈرۈلۈپ تۇرغان ئەتكەنچاينى سۇنۇۋېتىپ شۇنداق دېدى.
ئىسسىق نان، مۇرابا، مېغىزلار بىلەن ناشتىغا تۇتۇندۇق.
— ئـەمەلـيـەتتىغـۇ، بۇ قېتـىمقى ئـوقۇش ساڭا يـاخشى بىـر

پۈرسەت. ئىككى يىل جەريانىدا كىلىنىكىلىق ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىللە يەنە يېڭىچە داۋالاش ئۇسۇللىرى، سايمانلىرى بىلەن تونۇشىسەن. داڭلىق دوختۇرلار بىلەن بىللە بولىسەن، شۇنداق قىلىپ، ئاستا - ئاستا سەنمۇ داڭلىق دوختۇرلار ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىپ قالىسەن. پىتنە - ئىغۋالار خۇددى ماغزاپتەك يوقايدۇ. ئاتا - ئاناڭ بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا كۆرۈشەلەيسەن. بۇنىڭدىن ئوبدان ئىش نەدە بار؟

— بەلكىم دېگىنىڭ توغرىدۇ. بىراق، مەن مۇشۇ يۇرتتا چوڭ بولۇپ، تۇزىنى يەپ، ئازراقمۇ تۆھپە قوشالماي كېتىپ قالىدىغىنىمغا ئۆكۈنىمەن. دوختۇرخانا رەھبەرلىكى مېنى ئوقۇتتى. كېسىلىمنى داۋالىتىشتا زور ياردەم قىلدى. راستلا چىدىمايمەن. مېنىڭ ئۇنداق پىتنە - پاساتلار بىلەن كارىم يوق، قورقۇپمۇ قالمايمەن. ھەممە ئىشلار ھامان ياخشى بولۇپ كېتەتتى.

— نەگىلا بارساڭ ئوخشاشلا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىسەنغۇ؟ مېنىڭچە، ئۆكۈنۈشىنىڭ ھاجىتى يوق. بىراق، پىتنە - پاساتلارغا كەلسەك، دىققەت قىلىشىڭ كېرەك. ئاڭلىماقتا «ئىتلار قاۋاۋېرىدۇ، كارۋانلار يۈرۈۋېرىدۇ» دېگەن بىلەن، بىر قىز بالا ئۈچۈن ياخشى نام - ئاتاق خۇددى كىيىمدەكلا مۇھىم. ھەممىلا ئادەمگە مەن مۇنداق ئادەم ئىدىم، دەپ ئۆزۈڭنى چۈشەندۈرۈپ بولالامسەن؟ — ئۇ قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئاشخانىغا ماڭماقچى بولدى - يۇ، يەنە توختاپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بىر ئايال كىشى ئۈچۈن مۇھەببەتلىك بىر ئائىلە ھەممىدىن مۇھىم. يېشىڭ ئۇلغىيىپ قالغۇچە بالدۇرراق بېشىڭنى ئوڭشىۋال. ساڭا دېسەم، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە سەن مەيلى قانچىلىك داڭلىق ئالىم بولۇپ كەت، يەنىلا بىر ئايالسەن. سەن پەقەت بىر ئەرنىڭ ھىماتىغا ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاندىن ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىنىدسەن. باققان ئاتا - ئاناڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ئويلىنىشىڭ كېرەك.

— ئامىنە، ئۆزۈڭ سۆيگەن ئادەم بىلەن بىر ئۆيگە كىرىپ شۇنداق بەختلىك سەن، بىراق مەن ساڭا ئوخشىمايمەن - دە. مەن



www.uyghurkitap.com

ياخشى كۆرىدىغان ئادەم نەدە تۇرۇپتۇ دەيسەن؟ خەقنىڭ گېپىدىن قورقۇپ كۆزۈمنى يۇمۇپلا توي قىلسام، ئۇ چاغدا بەك مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولارمەن؟

— سەن چىرايلىق ھەم ئىقتىدارلىق تۇرساڭ نېمىشقا ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگۈدەك بىرسىنى ئۇچراتمىغۇدەكسەن؟ مۇشۇنداق تۇرىدۇ. ۋەرسەڭ ياخشى يىگىتلەرنى يامان قىزلار تالىشىپ، ساڭا تالاش پۇرسىتى قالمايدۇ.

بىر نەرسە دېمىدىم، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ كۆزلىرىمدىكى ياشنى تەستە يوشۇردۇم. ئاپىنە سەل جىددىيلىشىپ قالدى.

— ۋاي بولدىلا، ئەتىگەندە كەيپىڭنى ئۇچۇرۇپ قويدۇم. دېمىگەن بولاي. ئۆزۈڭ شۇنچە ئەقىللىك، بىرنېمىنى ئويلىغانسەن.

— ياقەي، سەنمۇ ماڭا ياخشى بولسۇن دەيسەنغۇ؟ بۇنداق دېگەن سەن بىرلا ئەمەس. راست، بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالسام بولاتتى. ئۇنداق قىلالمايۋاتىمەن. قارىغاندا، ۋاقىت ئۆزى بىرنېمە دېسە بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— ھەيرانمەن، مۇشۇ چىرايىڭ، مۇشۇ ئەقلىڭ بىلەن بەختلىك ياشىساڭ بولاتتى. ئېھتىمال ئاياللاردا ئىككىلىسى تەڭ مەۋجۇت بولسا توغرا بولمايدىغان چېغى! سەنمۇزە يا چىرايلىق بولغاندىكىن دۆتەك بولمىدىڭ، يا ئەقىللىك بولغاندىكىن سەترەك بولمىدىڭ. شۇنداقمۇ ئىنسابسىزلىق قىلامسەن؟

— سەن دوستۇم بولغاچ كۆزۈڭگە چىرايلىق كۆرۈنسەم كېرەك. چىرايلىق بولغان بولسام، بىرەر يىگىت ئالىمەن دەپ سەكرەپ چىقار ئىدى. ئۆلتۈرۈپ قالدىم مانا! — ئاپىنەنى خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە چاقچاق قىلدىم.

— ئىشقىلىپ، «سەت ئايالنىڭ دۈشمىنى يوق» دەيتىكەن. يېتەرلىك سەت ئەمەس ئوخشايسەن. خەقلەر ئېرىدىن كۈنلەپ يۈرىدۇ مانا!

— ئۇ دېگەن نادان ئايالنىڭ ئىشى، ئەسلىدە ئۇ ئېرىگە ئىشىنىشى كېرەك ئىدى.

— ۋاي ـ ۋۇي، ئۇ ئايالغىمۇ تەس ئىكەن، ئۇ ئادەم ھېلى ئۇ ـ

www.uyghurkitap.com

نىڭ بىلەن، ھېلى بۇنىڭ بىلەن يۈرسە قانداقمۇ كۆنەپ ئۆلگۈرۈپ بولالايدىغاندۇ؟

مەن تەئەججۇپ بىلەن ئامىنەگە تىكىلدىم.

— بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟ چۈشەنمىدىمغۇ؟

— ئۇ كىشىنىڭ ئىسىل تۇرقىغا قارىسا ئادەم ئەيمىنىدۇ، بىراق بىرلا ئىچىۋالدىمۇ، ئەتراپىغا قۇشقاچلىرىنى يىغىپ بايرام قىلىدىكەن، يەنە كېلىپ قۇشقاچلىرى ساپلا كىچىك قىزلار ئىكەن.

— مەن ئۇ كىشىنى بەك ئىسىل ئادەم دەپ ئويلايمەن.

— نېمىسىنى دەيمەن، بىر قېتىم خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بىر سورۇندا بولۇپ قالغاندۇق. ماڭىمۇ چاقچاق قىلىپ ئۆلگۈردى. بېلىگىز ئۇسسۇلچىلارنىڭ بېلىدەك ئىنچىكە ئىكەنغۇ؟ دەپ بېلىمنى بىر ئوبدان سىلاپ يۈرىدۇ. مۇزىكا توگىشى بىلەنلا قايتىپ كەلدىم. ئىككىنچى ئۇنداق سورۇنلارغا بارمىدىم. بىز دېگەن كادىر. مائاشنى ھۆكۈمەت بېرىدۇ. خىزمەت مەسئۇلىيىتىمىزنى ياخشى ئادا قىلساقلا بولدى. خەقتىن نېمە قورقۇش؟ — ئامىنە قاچىلارنى دەستىلەپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. سۇنىڭ شارىلدىغان ئاۋازىدىن ئۇنىڭ قاچا يۇيۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇ قاچىلارنى يۇيۇپ بولۇپ سورىدى.

— نېمە بولدى، ھەيران قېلىۋاتامسەن؟

— ياق، باشقا ئىشلارنى ئويلاۋاتىمەن. بۇ يەردە قىلىشقا تېگىشلىك يەنە قايسى ئىشلىرىم قالدىكىن؟ ئەتە ماڭىمەن ئەمەسمۇ؟ — ئاۋازىم سەل تىترەپ كەتتى.

— بۈگۈن مەن كەچلىك ئىسمېنىدا ئىشلەيمەن. كۈندۈزى ئىش-كۈشلىرىڭنى قىلىشىپ بېرەي، بولامدۇ؟

— رەھمەت، ساڭا!

مەن خۇددى ئىسىنى يوقاتقان ئادەمدەك قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەي يولغا چىقتىم. ئاپتوبۇسنىڭ يېنىك سىلكىنىشلىرى ئىچىدە بۇ سۆيۈملۈك تۇپراققا قاراپ قىيالماي كېتىۋاتاتتىم. خامۇشلۇق ئىچىدە ئۆز يۈرىكىمنى تىڭشىماقتا ئىدىم. قەلبىمدە ئۇنىڭ خىرۇستالدىن، ياق ئالماستىن ئويۇلغان ھەيكىلى بار ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەل-

لىكىگە، سۆزۈكلۈكىگە، ئۇلۇغلۇقىغا تىل ئاجىزلىق قىلاتتى. مانا ئەمدى ئۇ بىراقلا مۇز ھەيكەلگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. يەنە كېلىپ ئاستا - ئاستا ئېرىمەكتە ئىدى. شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ ئاشۇ مۇزدەك ھەيكىلىنى باغاشلاپ، دانكونىڭ يۈرىكى ئورنىدا ئۆزۈمگە مەشئەل قىلىپ كەلگەنىدىم. ئۇ ئېرىپ كەتسە بولمايتتى. ئۇنى قوغداپ قېلىشىم كېرەك. چۈنكى، ئۇ قەلبىمدىن غايىب بولغان ھامان غېرىبلىق ئۈستىگە غېرىبلىق قوشۇلۇپ، دەرد ئۈستىگە دەرد بولاتتى. خۇددى ئىككى كۆزۈمدىن ئايرىلغاندەك، بىراقلا زۇلمەتتە قالسام بولمايتتى.

ياق! ئامىنە ئۇنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇ شۇنداق ئادەم. ئۇنىڭ قېپى بار. ئۇنىڭ ئاشۇ سىرتقى قېپى ئۇنىڭ ھەقىقىي ئۆزىنى يوشۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئادەملەرنى قەدىرلەشنى بىلىدۇ. ئۇ خەقنىڭ دىققىتىنى بۇراش، نوقۇل ھالدا مېنىڭ سۆز - چۆچەككە قېلىشىمنى، ئىستىقبالىمنىڭ تەسىرگە ئۇچراپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئۇنتۇمىدى. ئەگەر ئۇ شۇنداق ئەسكى ئادەم بولسا، ھازىرغىچە نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋېتەرمىدى؟ بېيجىڭدا ئۇ ئاشۇ ئېسىللىقى بىلەن مېنى تېخىمۇ قايىل قىلمىدىمۇ؟ ئۇ نىشاننى بۇراپ مېنى قوغداپ قالدى. مېنى داغدام يولغا ئىتتىرىپ، ئۈن - تىنسىز ھالدا بەخت تىلىدى.

مۇز ھەيكەل ئېرىشتىن توختاپ بىر گۈڭگا بەدىئىي سۈرەت شەكلىدە ساقلىنىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ مۇشۇ ھالەتتە تۇرۇشىدىن مەمنۇن. چۈنكى، ئۇ ماڭا ھەر ۋاقىت ئۈنۈملۈك ساۋاق بېرىپ تۇرىدۇ. مەن ئەمدى ئۇنى ئېچكىرىلەپ چۈشىنىشنى خالىمايمەن. پەقەت ھازىرقى مۇئەمما چۈشەنچەم ئارقىلىقلا ئۇنى خاتىرەمدە ساقلايمەن. ئالدىمدىكىسى تەقدىر ماڭا تاللاپ بەرگەن يول. ئۆزۈمنىڭ چۆچەكلەردىكىگە ئوخشاش ئۈچ ئاچا يولنىڭ بارسا كەلمەس يولىغا قاراپ ماڭغان بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، ئەمدى بۇ يۇرتقا قايتماسلىق، قايتالماسلىق پېشانەمگە پۈتۈلگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# كۆڭۈل تىنغان كېچە

بۈگۈن 8 ـ مارت ئاياللار بايرىمى. يېرىم كۈنۈم يىغىنغا قاتنىشىش، ئاندىن ئىدارە ئورۇنلاشتۇرغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيتى ۋە ھەر خىل مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش بىلەن ئۆتتى. چۈشتىن كېيىن ئاران دېگەندە ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. بالىلىرىم كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئويناۋېتىپتۇ. بۈگۈن زادىلا ئىش قىلغۇم كەلمىدى، ھەتتا تاماقمۇ ئەتكۈم كەلمىدى. بۈگۈن بولسىمۇ ئازادلىقتا ئېرىشكۈم بار. بالىلار دەرسلىرىنى ئۆزلىرى تەكرارلىغاي، تامىقىنى دادىسى ئاشخانىمىزدىنلا ئەكېلىپ بەرسۇن. مەن شۇ خىيال بىلەن ئېرىمگە تېلېفون قىلدىم. ئادەتتە ئۇ ئاشخانىنى تاقاپ يېرىم كېچىلەردە ئاران ئۆيگە قايتالايتتى. بۈگۈن نېمىلا بولمىسۇن ئېرىمنىڭ بالدۇرراق قايتىپ مېنىڭ بىلەن بىللە بولۇشىنى خالاپ قالغانىدىم.

— ھازىرلا كېلەمسىز؟ — ئاۋازىمنى مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشتىم.

— نېمە ئىش بار ئىدى؟ — ئۇ ئېرەنسىمىگەندەك ياندۇرۇپ سورىدى.

بۈگۈنكى بايرامنىڭ ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەسقۇ؟ بۈگۈنكىدەك كۈندە شەھەردىكى رېستوران، تېز تاماقخانىلار ئاياللار دۇنياسىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولماي؟ ئېرىمنىڭ تېز تاماقخانىسى شەھەردىكى خېلى نامى بار، خېرىدارلىرى كۆپ تاماقخانىلاردىن تۇرسا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭمۇ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە بايرام، قۇتلۇق كۈنلەرنى خاتىرىلەپ باقمىغىنىمىزغا خېلى زامانلار

بولۇپ قالدى، بىرەر قېتىم پۈتۈن دۇنيا ئاياللىرىنىڭ قاتارىدا بايرىمىمنى تەبرىكلەپ، مېنى خۇش قىلىپ قويسا نېمە يامىنى؟ تېز تاماقخانىدىكى ئايال خېرىدارلار بۈگۈنكى بايرام كۈنى ئۆتىنىڭ يادىغا سالمىغىنىغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. نېمىلا بولمىسۇن ئۆتىنىڭ تۇيغۇسىنى ئۆزۈم ئويغىتاي.

— بۈگۈنكى بايرىمىمنى سىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزگۈم بار. سىرتلارغا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىمىزمۇ يا...

— مۇشۇ تاماقخانىغىلا كەلسىڭىز بولمىدىمۇ.

— تۇرمۇشۇمدا ئاز ـ تولا يېڭىلىق ئىزدىگۈم كېلىپ قالدى، ئالدى بىلەن كېلىڭە، ئاندىن دېيىشمەيمىزمۇ؟ ئاشخانىدىكى باللارغا ئىشلارنى ياخشىراق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟ ھە راست، باللارغا تاماق ئالغاچ كېلەرسىز.

مەن يۈزۈمنى يۇيۇپ، ئېرىم ياخشى كۆرىدىغان ھال رەڭ پىلاتى ـ يوپكامنى كىيدىم. گىرىم ئۈستىلى ئالدىغا كېلىپ خېلى ۋاقىتقىچە تۇجۇپىلەپ گىرىم قىلدىم. يۈز تېرىلىرىم قۇرغاقلىشىپ كەتكەچكە، سۈرگەن مايلىرىممۇ خېلى تەستە سىڭدى. گىرىم قىلىپ باقمىغىلىمۇ خېلى زامانلار بولۇپ قاپتىكەن. خېلىلا ئىسكەتكە كىرىپ قالغاندەك بولدۇم. كىيىمىمنىڭ پاسونى، رەڭگى، قىلغان گىرىمىم مېنى خېلىلا ياشارتىۋەتتى. «سىرلىساڭ سىر يالىقى، سىرلىمىساڭ ئىت يالىقى» دېگەن شۇدە. بىر چاغلاردا قىزىمنىڭ دەۋىتى بىلەن سېتىۋالغان تىرناق لاكىنى قولۇمغا ئېلىپ ئاغزىنى ئېچىپ كۆرۈۋىدىم، قۇرۇپ سەل قويۇقلىشىپ قاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ھال رەڭ كىيىمىمگە پار كەلتۈرۈپ ھال رەڭلىك بۇ تىرناق لاكىنى تىرناقلىرىمغا ئاۋايلاپ سۈردۈم، ئاندىن بارماقلىرىمغا ئۈزاققىچە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. كۆڭلۈم بىرئاز غەش بولۇپ قالدى. كۆپۈپ چىققان قول تومۇرلىرىم، يىرىكلىشىپ ئەت تىكەن بولۇپ كەتكەن بارماقلىرىمغا لاك ئانچە ماس كەلمەي قالغاندى.

قولۇپقا ئاچقۇچ سېلىنىپ، ئېرىمنىڭ ماڭا تونۇش كالتە يۆ-
تىلى ئاڭلاندى.

قاندۇقتۇر بىر تاتلىق تەمەدە ئىشىككە قارىدىم. ئۇ قولىدا تا-
ماق قاچىسى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قو-
لىدا بىر دەستە گۈل بولۇشىنى شۇقەدەر خالايتتىم. كۆڭلۈمدە
بىر ئۈمىد نۇرى سۇس يېلىنجايتتى. بەلكىم ھېلىلا ئۇ مەن
ئويلىمىغان بىر سوۋغاتنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ بېرىشى
مۇمكىن، ئۇزۇكمىدۇ ياكى باشقا نەرسىمىدۇ؟

تەمەلىك كۆزلىرىم ئەمدى ئۇنىڭ قولىدىن يانچۇقىغا،
كۆزلىرىگە يۆتكەلدى. بەك جاپا تارتىۋاتىسەن، سەن بولغاچ-
قىلا، مەن خاتىرجەم سوداماغا كىرىشەلىدىم، جاپادا قاپارغان
قولۇڭنى چىقىرە، دېگىنىمچە يانچۇقىدىن يالىلداپ تۇرغان يا-
قۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى چىقىرىپ قولۇمغا سېلىپ قويسا،
بىر ئۆمۈر ئائىلەم ئۈچۈن جان پىدا قىلغىنىمغا رازى ئىدىم.

ئېرىم خىزمەت ئورنىدىن قىلىپ بىر كىچىك ئاشخانا
ئاچقاندى. مەن خىزمەتتىن چۈشۈپ ھارغىنىمغا قارىماي ئۇ-
نىڭغا ياردەملىشىپ، قىيمىلىق تاماقلارنىڭ خۇرۇچلىرىغا
ئىشلەپ تەييار قىلىپ بېرەتتىم. ئېرىمنىڭمۇ قولى ئەپلىك
ئىدى، بىز تەڭ كىچىككىچە ئەتىكى سودا تەييارلىقىنى قىلات-
تۇق، سودا قىزغىنلىقىدا ھارغىنىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتۇق.
ئەكسىچە شۇنداق كۆڭۈللۈك ياشايتتۇق. شۇنداق قىلىپ،
ئاشخانىمىزغا خېرىدارلار خېلى ئۆگەندى، ھەتتا بەزى چۈش
ۋە كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئورۇن كۈتۈپ تۇرىدىغانلارمۇ كۆ-
پەيدى. جىددىي شەھەر تۇرمۇشى كىشىلەرنى ئاستا - ئاستا
تاماقخانىدىكى تەييار تاماققا سۆرەپ ئەكىردىمۇ ياكى رېس-
توران تاماقلىرىدىن زېرىكتىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۆي تامىقىنى
سېغىنغانلار ئاشخانىمىزنى راۋرۇس ئاۋاتلاشتۇرۇۋەتتى. ئەمدى
ئاشخانا ئورنىنى كېڭەيتىپ، مۇلازىمەتچىلەرنى، ئاشپەز ئۇس-
تاملارنى كۆپەيتمىسەك بولمايدىغاندەك قىلاتتى. بۇ پىلانىمىز-

مۇ ئەمەلگە ئېشىپ كىچىك ئاشخانىمىزنى زامانغا لايىق، مۇنتىزىم تۈزۈملۈك خېلىلا چوڭ تېز تاماقخانىغا ئۆزگەر-تىۋالدۇق. مەنمۇ خىزمەتتىن قايتىپ ئۇدۇل ئۆيگە كېلىپ بالىلىرىمغا قارايدىغان بولدۇم. بالىلارنىڭ چوڭىيىشىغا ئە-گىشىپ يۈكىمۇ ئېغىرلاشقىلى تۇردى. كەچلىكى ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ دەرس تەكرارلىشىغا يېتەكچىلىك قىلمىسام بولمايتتى. ئەجرىمگە يارىشا بالىلارمۇ كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك چىرايلىق چوڭ بولۇۋاتاتتى. چوڭ بالام ئو-غۇل، ئۇنى يەنە بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئالىي مەكتەپكە ئۇزاتسام ھاردۇقۇم خېلىلا چىقىپ قالغان بولاتتى. قىزىم تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتىدۇ. بالىلىرىم ئۈچۈن كۆڭلۈمگە نۇرغۇن ئارمانلارنى پۈكتۈم. ئۇلارنى تالانت ئىگىلىرى قىلىپ تەربى-يەلىمەكچى بولدۇم. ئارمىنىمغۇ بەك يۈكسەك، «تىلىگەن تا-پار، تىلىمىگەن قالار» دېگەن سۆزگە بەك ئەقىدەم بار. شۇڭلاشقىمىكىن، بالىلارنىڭ ھەرقانداق قىزىقىشلىرىغا، ھەتتا ئورۇنسىز دەپ قارالغان قىزىقىشلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆ-لەتتىم. ئىشقىلىپ، ھەربىر كۈنۈمنىڭ ھەربىر دەقىقىسى پىلانلىق ئىدى، ئېرىمنىڭ قىلغان ئىشلىرىمغا مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىشى، بالىلارنىڭ خاتىرجەملىك بىلەن قىلغان كۈلكىلىرى ماڭا ئالەمچە شادلىق بەخش ئېتەتتى، ئۆز-ئۆ-زۈمدىن سۆيۈنەتتىم. بۈگۈنكى ئاياللار بايرىمىمۇ خۇددى مەن ئۈچۈن بېكىتىلگەندەك قەدىر-قىممىتىنىڭ نەدىلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ ياشايدىغان ئايالار ئۈچۈن ئۆز بۇيۇكلۇكى-نىڭ تەنتەنىسى ئۈچۈن شادلىنىدىغان قۇتلۇق كۈندەك، بۇ-گۈنكى كۈننى ئۆزۈمگە تەۋە قىلغانىدىم.

ئېرىمدىن ھېچقانداق سادا يوق. ئۇ ئەكەلگەن تاماقنى با-لىلىرىم بىلەن ئولتۇرۇپ يېدۇق. تاماق شىرەسىنى يىغىش-تۇرۇپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتاتتىم، ياندىكى ھۇج-رىمىزدىن ئېرىمنىڭ تېلېفوندا سۆزلەشكەن ئاۋازى ئاڭلى-

ـنىپ قالدى.
— سىزنىڭ تەييارلىقىڭىز پۈتتىمۇ؟ ماشىنا بولغاندىكىن مەن سىزنى ئالغىلى باراي، ھېچ ئىش بولمايدۇ، تېز بولۇڭ — ھە، ئادەمنى تەقەززا قىلماي.
يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئېرىمنى كىم تەقەززا قىلىۋاتقاندۇ؟ گۇمانخور تۇيغۇم تەپەككۇرۇمنى قوزغاپ ھېچ ئارام بەرمەيۋاتاتتى. ئۆزۈمنى ئالداي، بەزلەي دەپمۇ ئۆزۈمنى باسالمىدىم. «ئادەمنى تەقەززا قىلماي...»
ئاھ، تەڭرىم، بۇ خالىغان بىر ئادەمگە دەيدىغان سۆز ئەمەسقۇ؟! مەن يىگىرمە يىل بۇرۇن پەقەت بىر قانچە قېتىملا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شىۋىرلاشلارنى ئاڭلاپ ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ، ئاشۇ بۈيۈك شىۋىرلاشلارنىڭ سېھرى بىلەن ھاياتىمنى، بارلىقىمنى ئۇنىڭغا ئاتىۋەتمىگەنمىدىم. ئۇ ئاشۇ تاتلىق شىۋىرلاشلىرىنى يىگىرمە يىل ئۆتكەندىن كېيىن باشقا بىر ئايالغا... ياق، ياق...
قولۇمدىكى قاچىلار يەرگە چۈشۈپ پارە - پارە بولۇپ كەتتى. ئېرىم ۋە باللىرىم ھۇجرىلىرىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىشىپ ماڭا بىرپەس ھاڭۋاقىنىچە قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئېرىم ئۈن - تىنسىز ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ كەتتى. ئوغلۇم: «ئانا، چارچىغان ئوخشىمامسىز، بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىڭ» دېگىنىچە قاچا سۇنۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى. قىزىم بولسا ئەركىلەپ بىلىكىمگە ئېسىلىپ ئۆز ھۇجرىسىغا سۆرىدى، شۇ ئەسنادا ئېرىممۇ قىزىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى. ئېتتىكلا ئۇنىڭ پايپىقىغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ ئاپپاق پايپاق كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ پايپاق، ئىچ كىيىم دېگەندەك ئۇششاق لازىمەتلىكىنى مەن ئېلىپ بېرەتتىم. ئاق پايپاقنى پاكىز كىيەلمىسە خېرىدارلارنىڭ قېچىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. ئۇستىباشلىرىغىمۇ ئېسىل كىيىنگەندى. مەيلىغۇ، ئېرىم پاكىز، ئېسىل يۈرسە ماڭىمۇ ياخ-



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

شى، مەنمۇ شۇنى ئۇمىد قىلىمەن. بىراق، يەنىلا كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى ئاچچىق بولدى. يېقىندىن بۇيان ئىچىمنى ئۆرتەپ كەلگەن بىر گۇمان بوگۈن تېخىمۇ ئۇلغىيىپ ئابايىقى مەغـ ـرۇرلۇقۇمنى، خۇشلۇقۇمنى سۇندۇرۇۋەتكەندەك بولدى. يىـ ـتىمسىرىگەندەك، بىچارىلىشىپ قالغاندەك بىر تۇيغۇدا قىيـ ـنالماقتا ئىدىم. ئېرىم مەن ماڭدىم، دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتـ ـتى. گۇيپىدە يېپىلغان ئىشىك گويا مېنى بىر قاراڭغۇ جاڭـ ـگالغا مەھكۇم قىلىۋەتكەندەك تۇيغۇنى يۈرىكىمگە سالدى. ۋەـ ـھىمە، قورقۇنچ ئىلكىدە ھۇجرامغا كىرىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا ئاتتىم. ئىچ ـ ئىچىمدىن دەۋرەپ چىقىۋاتقان ئاچچىق يىغا ئىچىدە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تولغىناتتى. نامەلۇم بىر كېلىشمەسـ ـلىكنىڭ قورقۇنچىسىدا يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقاتتى. ئېرىمگە بولغان ئاشۇ كىچىككىنە ئۆتۈنۈش، ئىلتىجالىرىممۇ قوبۇلـ ـسىز قېلىۋاتقانلىقىدىن قەلبىدىكى ئورنۇمنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى دەڭسەپ كۆردۈم. ئاھ، تەڭرىم، يېشى قىرىق بەش ياشقا ئۇلاشقان ئەقلى تولغان بىر ئەر — مېنىڭ ئېرىم ئۆز ئايالىغا، گۆھەردەك ئىككى بالىسىغا خىيانەت قىلارمۇ؟! ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا... ياق، ياق... شۇنداقمۇ بولارمۇ، مېنىڭ ئېرىم ئۆيدىكى سوغا ئۇسسۇزلۇقى قانماي، بويلىغىلى كۆل بارمۇ، دەپ سىرتلارغا ئۆزىنى ئاتىدىغان ئاشۇ بىر قىـ ـسىم ئەرلەر سېپىگە قوشۇلۇپ كېتەرمۇ؟ تۇتۇلۇپ قالغاندا «خام سۈت ئەمگەن بەندىمەن، ئېزىپتىمەن» دەپ ئەقلىي كاماـ ـلەتسىزلىكىنى ئانا سۈتى — ئوغۇز سۈتىگە دۆڭگەپ، ئۆزىنى نىقابلاپ بىزىرىپ تۇرىدىغان نىجاسەت يۈزلۈك تۈزكورلاردىن ئەمەستۇ ـ ھە؟!

كۆز ئالدىمغا مەۋھۇم چىراي بىر ئايال نامايان بولدى. بۇ ئايال ناز ـ كەرەشمە، يېنىك ھەرىكەتلەر بىلەن ئېرىمنىڭ ماشىنىسىغا چىقىۋاتاتتى. «ئادەمنى تەقەززا قىلماي...»

بۇ گەپ قۇلاق تۈۋىمدە قايتا تەكرارلانغاندا شۈركۈنۈپ

كەتتىم.
ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا چوقۇم ئاجرىشىپ كېتىمەن. بالىلارمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. مۇشۇ ئۆينى دەپ جاپانى ئاز تارتتىممۇ؟ ئاشۇ جاپالارنى بەختىم بىلىپ كەتكەنلىرىم ئەمدىلىكتە بەختىمنىڭ ئورىسى بولۇپ قالدىمۇ؟! تارتقان جاپالار ئىسكەتىمنى بۇزدى. مۇشۇ سەۋەبلىك ئېرىم مەندىن تەزگەن بولسا ـ هە؟ نىجاسەت يۇققان ئاياغلىرى بىلەن هالاللاپ قۇرغان ئۆيىمىزنى بۇلغاپ، مەن ۋە بالىلىرىمنىڭ ئەقلىنى كەستۇرۇپ يۇرگەن بولسا ـ هە؟ ئۇ ئادەم ئەمەس!
كۆزلىرىمدىن ياش تاراملاپ قۇيۇلاتتى. غەزەپتىن كىرىشكەن بارماقلىرىم بىلەن يوتقاننى چىڭ قامالاپ تارتىپ بۇ بىۋاپا ئالەمدىن، بىشىمدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەردىن بىراقلا خالىي بولۇپ كەتمەكچى بولغاندەك جىسمىمنى يوتقانغا چىڭ يۆركۈدۇم، ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ هۆكرەپ يۇخادىن چىققۇچە يىغلىدىم. هەسرەتلىك يىغا ئاۋازىمنى يوتقان، قېلىن تام يۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. بالىلىرىم هېچنېمىدىن بىخەۋەر ئۆز ئۇيقۇسى بىلەن خاتىرجەم ئىدى. تەپەككۇرۇم بوغقۇچلىنىپ قالغاندەك نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. خىياللىرىمنىڭ زادىلا ئايىغى چىقمايتتى. ۋاقىت ماڭا تولىمۇ ئۇزاق بىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، ئەتراپتىكى هەربىر تىۋىش يۇرىكىمنى چېكىپ داۋالغۇپ ئۆتەتتى. ئەنە ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى. ئىشىك شاراقلاپ ئېچىلىپ ئۇنىڭ ماڭا تونۇش بولغان هېلىقى يۆتىلى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ تىۋىشلىرىدىن، هىدىدىن مەست ئەمەستەك قىلاتتى. ئۆزۈمنى دەرهال تۇزەشتۇرۇپ ئۇيقۇ هالىتىدە يېتىۋالدىم. ئۇ هوجرىغا كىرىپ ناهايىتى تېزلا يېشىندى ـ دە، يوتقانغا كىردى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ يېنىك خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ سائەتكە قارىدىم، كېچە سائەت بىر بولغانىدى. كىيىملىرىنى يىشىپ، ئاخشام تۇجۇپدلەپ قىلغان گىرىملىرىنى يۇيۇۋەتتىم. هەسرەتلىك كۆز



www.uyghurkitap.com

يېشىمنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدىم. تىترىگەن قوللىرىمنى كىيىم ئاسقۇچقا ئىلىپ قويغان ئۇنىڭ چاپىنىغا ئۇزارتتىم. يانچۇقىدىن يانفوننى ئالدىم ـ دە، مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ بۈگۈنكى تېلېفون نومۇرلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقتىم. ئابايا ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرىكى نومۇرنى ئاختۇردۇم. بىراق، ئۇ نومۇر يوق بولۇپ چىقتى. توۋا، دېدىم ئىچىمدە، ئېرىم باشقىلارغا تېلېفون قىلسۇن ياكى باشقىلار ئېرىمگە قىلسۇن، كىرگەن ـ چىققان تېلېفون نومۇرى خاتىرىلىنىپ قېلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ دېمەك، ئۇ ئۆچۈرۈۋەتكەن. نېمە ئۈچۈن ئۆچۈرۈۋېتىدۇ؟ تېلېفوندا سۆزلەشكەن ئادەم بىلەن بىر مەخپىيەتلىكى بولمىسا ئۆچۈرۈۋەتمەيتتى.

ئويلىغانسېرى گۇمانىم كۈچىيىپ باراتتى. ئەجەبا ئائىلەم ئۈچۈن شۇنچە كۆيۈپ ـ پىشىشلىرىم ئېرىمنى تۇتۇپ قالالماسمۇ؟ ياق، ياق، ئائىلەم بۇزۇلمىغاي، باللىرىم يېتىملىك چۆلىدە تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرمىگەي. ھەرنېمە بولسا ۋاقتىدا توسۇشۇم كېرەك.

مەن ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتىم. نېمىنى ئىزدىگەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. گۇمانىمنى ئىسپاتلىغۇدەك بىرەر نەرسە قولۇمغا چىقىپ قېلىشىدىن شۇنچە ئەنسىرەپ تۇرىمەن. بىراق، قانداقتۇر بىر ۋەسۋەسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئاختۇرۇشنى توختاتقۇم كەلمەيتتى. نەتىجىدە، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىم. مېنىڭ ئەخمەقلىقىمنى كۆرۈڭ، تېلېفون نومۇرنى ئۆچۈرۈپ ئۈلگۈرگەن ئادەم، نەق ئىسپاتنى ئوچۇق ـ ئاشكارا يانچۇقىغا سېلىپ قويامتى؟ تەبىئىي يوسۇندا كاللامغا كەلگەن بۇ سوئاللار ھېچقانداق گۇمانلانغۇدەك نەرسىنىڭ چىقماسلىقىنى ئۈمىد قىلغان ئىستىكىمنى يۇيۇپ، ئۆز ـ ئۆزۈمنى قىينىماقتا ئىدىم. مەن مېھمانخانا ئۆيدە سافادا ئەدىيالنى يېپىنغانچە يېتىپ تۈننى تاڭغا ئۇلىۋەتتىم. ئىشخانا مۇدىرىغا تېلېفون قىلىپ ئاغرىپ قالغانلىقىمنى ئېيتىپ بىر كۈنلۈك رۇخسەت سورىدىم.

www.uyghurkitap.com

ئېرىم ۋە باللىرىمنى يولغا سېلىۋېتىپ ئىشقا چۇشۇش ۋاقتى-
نى كۈتتۈم. ماڭا ھەربىر سېكۇنتمۇ شۇنچە ئۇزاق بىلىنىپ كې-
تىۋاتاتتى. ئولتۇرۇپمۇ ئولتۇرۇپ بولالماي، سائەتنىڭ مېيى
تۈگەپ قېلىپ ئارقىدا قالدىمۇ يا، دېگەن گۇمان بىلەن سوم-
كامنىڭ ئىچى يانچۇقىغا تىقىۋەتكەن يانفونۇمنى قولۇمغا ئې-
لىپ تام سائىتى بىلەن سېلىشتۇراتتىم. توۋا، دەيتتىم ئىد-
چىمدە، نەچچە ۋاقىتلىقى دۇنيادا ئەڭ رەنجىيدىغان ئىشىم
ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈشى ئىدى. بۈگۈن نېمانچە مەن بىلەن
قېرىشىدىغاندۇ بۇ ۋاقىت. ھېچ تاقىتىم قالماي ئۆيدىن چىق-
تىم. يانفونغا ھەق تاپشۇرىدىغان ئورۇنغا كەلگىنىمدە تېخى
بازار ئېچىلمىغانىدى. ئاشۇ سەۋرسىز تاقىتىم بىلەن تې-
پىرلاپ مەن ئۈچۈن ئۇزاق، بەكمۇ ئۇزاق بىلىنگەن ئاشۇ
ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، تېلېفونغا ھەق تاپشۇرىدىغان بازار ئې-
چىلغاندا ئېرىمنىڭ يانفونىنىڭ ئۈچ ئايلىق تېلېفون خاتى-
رىسىنى كۆپەيتىپ چىقتىم. ھەرھالدا ئاسانغا توختىدى.
ئاخشام ئۇنىڭ پورتمانىدىن كىملىكىنى ئېلىۋالغانىدىم. ئەر ـ
ئايال ئىككىمىز يانفون سېتىۋالغاندا توي قىلغان خاتىرە
كۈننى مەخپىي شىفىر قىلىپ كىرگۈزۈۋەتكەن. توي قىلغان
ئاشۇ كۈن مەن ئۈچۈن مۇقەددەس كۈن. ئاشۇ كۈننى ئىككى-
مىزدە بار نەرسىگە ئەبەدىيلىككە مۆھۈرلىۋەتسەم دەيتتىم.

قولۇمدا بىر خاتىرە دەپتەردەك قېلىنلىقتا نۇرغۇن سان ـ
سىپىرلار بىلەن تولغان ئاق ۋاراقلار. يۈرىكىم ئېغىپلا تۇرد-
دۇ. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئىشىكنى تاقىدىم ـ دە، قولۇمدى-
كى نومۇر خاتىرىسىنى شىرە ئۈستىگە يايدىم. باللارنىڭ
چۇشلۇك تامىقىنى تېز تاماقخانىمىزغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوي-
غانىدىم. ئەمدى ماڭا دەخلى قىلىدىغان ھېچكىم يوق. تېلېف-
ون خاتىرىسى ئىچىدىن ئەڭ كۆپ خاتىرىلەنگەن نومۇرنى
ئالدى بىلەن ئايرىپ چىقتىم. بىرقانچە تېلېفون نومۇرلىرى
ئىچىدىن بىر ئالاھىدە نومۇر دىققىتىمنى قوزغىدى. بۇ تېلې-

غون نومۇرى كۇنگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەش ـ ئالتە قې-تىمغا توغرا كېلەتتى. بۇ نومۇر ماڭا ناتونۇش ئىدى، كاللامدا پەقەت بىرلا سوئال تەكرارلىناتتى.

— قانداق ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بار كىشىلەر بىلەن مۇنداق كۆپ ئالاقىلىشىدۇ؟ زادى قانداق كىشى بىلەن؟

تېلېفون قىلىپ بېقىشقا پېتىنالمايۋاتاتتىم. قارشى تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىشتىن، گۇمانىمنىڭ راست بولۇپ قېلىشىدىن قورقاتتىم. بارلىق ماجالىمنى ئىشقا سېلىپ تىترەڭگۈ قولۇمنى يانفونۇمنىڭ نومۇر كۆرسەتكۈچىگە ئاپاردىم. ھەربىر بېسىشىمدا «تىت ـ تىت»لىغان ئاۋاز يۈرىكىمنى چې-كىپ، ۋۇجۇدۇمنى تىترىتەتتى، بىر بېسىم بولۇپ جېنىمغا پاتات-تى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

— ...

— ۋەي، گەپ قىلىڭە.

— ...

ئۇنۇمنىمۇ چىقارمىدىم، جىسمىم لاغىلداپ تىترەيتتى. ئاھ، تەڭرىم، رەشك ئوتىدا كۆيدۇرگۈچە، دوزاخ ئوتىغا تاشلىساڭچۇ مېنى.

ئون بىر رەقەملىك بۇ نومۇر نېرۋىلىرىمنى چىرماپ كېتىۋا-تاتتى. خۇددى ساناقسىز قۇرتتەك مېڭەمنى ئىلەشتۇرۇپ ئارام-سىزلاندۇراتتى. رەشك سەزگۈمنى غىدىقلاپ ئەسەبلىرىمنى قۇزغ-رىتاتتى. كۆزۈمدىن ئاققان ياش خۇددى مېڭەمنىڭ ئىچىدىن تۆ-كۈلۈۋاتقاندەك بىر قۇرۇقدىنىشتا جىسمىم غالىلداپ تىترەيتتى. بىر كۇنۇم ئەنە شۇنداق چىداپ بولمايدىغان ھېسسىيات زۇلمى ئاستىدا ناھايىتىمۇ تەستە ئۆتتى. ئىشىككە شاراقشىپ ئاچقۇچ سېلىنغاندىلا ئۆزۈمگە كېلىپ، شىرە ئۈستىدىكى تېلېفون خاتى-رە ۋاراقلىرىنى ئالدىراپ يىغىشتۇرۇپ سومكامغا تىقىۋەتتىم.

ئوغلۇم ئىشىكتىن كىرىپلا چىرايىمغا قاراپ سەل جىددىي-

لەشتى.

— ئانا، بىرەر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ نېمە؟ چىرايىڭىز بەك تاتىرىپ كېتىپتۇ، يىغلاپسىز ـ هە؟ يۈرۈڭ، دوختۇرخانىغا بارايلى.

ئوغلۇم سومكىسىنى قويدى ـ دە، ئاياغ ئىشكاپىدىن ئايىغىمنى ئېلىپ ئالدىمغا ئەكەلدى.

— بالام، قورسىقىم بەكلا ئېچىپ كەتتى. تاماق يەۋالساملا ئوڭشىلىپ كېتىمەن.

— ئەمىسە يېتىۋېلىڭ، — ئۇ قولىدىكى ئاياغنى جايىغا قويۇپ، ئۈستى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

مەن قىزىمنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ ئۆگىنىش ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتىم.

گۇمانىم ئىسپاتلىنىپ قالسا قانداق بولۇپ كېتەرمەن؟ بالىلىرىمچۇ؟ ئۇلار دادىسىنىڭ ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىنى، ئۆزلىرىنىڭ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغانلىقىنى ئۇقسا نېمە بولۇپ كېتەر؟ جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن پاراڭلاردىن بىر قىسىم ئائىلىلەرنىڭ ئېرىنىڭ ئويىنىشى بىلەن سوقۇشۇپ قويۇپ تۈگىمەس بالاغا قېلىپ، غۇرۇرى، ئىززىتى دەپسەندە بولغاننى ئاز دەپ، ئائىلىسى ۋەيران بولۇپ، جەمئىيەتتە ئېرىنىڭ ئىناۋىتىنى «تۆككەن» گۇناھى ئۈچۈن يەتكۈچە خورلۇق تارتىۋالغانلىقىنى، بالىلىرىنىڭ يېتىم بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئائىلىسىنى ساقلاپ قالغان تەقدىردىمۇ، خۇددى ئۆزىنىڭ ھەقلىقتەك ئايالىنىڭ بېشىغا ئوبرازى كاللىسىدا قېتىۋېلىپ، ئۆز ئايالىنى كۆزگە ئىلماس بولۇۋالغان ئەرلەرمۇ بارغۇ؟ نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك! ئەگەر ئارىمىزغا راستىلا بىر ئايال قىستۇرۇلۇۋالغان بولسا «جەڭ»گە ھەرۋاقىت تەييارمەن ! بۇ «جەڭ»دە چوقۇم يېڭىپ چىقىشىم كېرەك. «ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭ» ئېلىپ بارىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىل ئىشلىتىشىم، ھوشيار بولۇشۇم، شۇنداقلا سالمىقى مىڭ پاتمان كېلىدىغان سەۋر ـ تاقەتنى ساقلىشىم كېرەك!

ئوغلۇم ئۆزىدىن سەل كېچىكىپ مەكتەپتىن قايتقان سىڭلىسىنى ئەيىبلەپ، بۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەن ھامان ئۆيگە تېز قايتىپ كېلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، مېنىڭ ئاغرىپ ياتقانلىقىمنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى خېلىلا يېتىلىپ بېرىۋاتقان ئوغلۇمغا، ئاكا ـ سىڭىل ئىككىيلەننىڭ چوڭقۇر سىڭىشكەن مېھرىبانلىقىغا ئىچىم كۆيۈپ كۆزلىرىمگە لىقىدە ياش كەلدى. قىزىم ئەيمىنىپقىنا يېنىمغا كىردى.

— ئانا، ئاغرىپ قالغانلىقىڭىزنى بىلمەپتىمەن، سىنىپتا نومۇر تەييارلايمىز دەپ...

قىزىم گۇناھكارلاردەك كۆزلىرىنى مەندىن ئەپقېچىپ يەرگە قاراپ، قوللىرىنى ئىشقىلىدى. ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ باغرىمغا چىڭ باستىم. ئىچ ـ ئىچىمدىن چىقىۋاتقان يىغامنى زادىلا توختىتالمىدىم. باللار كەلگەندە چېنىپ قالمىسۇن دەپ شۇنچە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىم كارغا كەلمىدى. ئىچ ـ ئىچىمدىن چىقىۋاتقان، ياق، يۈرىكىمدىن چىقىۋاتقان بىر ھەسرەتنى قىزىمنى باغرىمغا چىڭ بېسىپ ئۈنسىز تۆكۈلۈۋاتقان ئاچچىق ياشلىرىم ئارقىلىق ئاشكارىلاۋاتاتتىم. ئاھ، تەڭرىم، كىشىلىك ھاياتقا، دۇنياغا قىزىقسىنىپ قاراشقا باشلىغان قىزىم دۇنيانىڭ بىۋاپالىقىدىن باغرى ئېزىلىپ، ھاياتنىڭ ئېزىتقۇ دەملىرىنىڭ دەھشىتىدە يۈرىكى چېكىلىپ، ھەممىگە يىرگىنىپ قارايدىغان، دۇنيادا ھەممە نەرسە مەن ئۈچۈن بەردىبىر، دەپ ياشايدىغان ئېرەنسىز تۇيغۇ مەسۇم قەلبىنى چىرمىۋالمىغاي! يىگىتلىكىگە يېتىپ قالغان ئوغلۇمنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى چەيلىنىپ، ئادىمىيلىك دىتى سۇنمىغاي، يۈرىكىگە ئۆچمەنلىك ئوتى تۇتىشىپ، قىساس يالقۇنى چاراسلىمىغاي! ياشلىقىنىڭ ئەڭ نەۋ چاغلىرىنى ئاچچىق ھەسرەت يۇتۇپ كەتمىگەي! ئوغلۇم يەنە بىرقانچە ئايدىن كېيىن مېنىڭ ئارمانلىرىمنى قوغلىشىپ يىراقلارغا، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ما-

ڭىدۇ. دېمەك، ئوغلۇم ھاياتلىقنىڭ ئاچا يوللىرىدا تاللاش باسـ-
قۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ پەيت ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىنىڭ باشـ-
لىنىش پەللىسى ھەم شۇنداقلا كېلەچىكىنىڭ بەلگىلىنىش
پەيتى. مەن ئۇچۇنمۇ مۇھىم پەيت. ھاياتلىقىمنىڭ، ئائىلـ-
ىمنىڭ كامالىتى ھەم كاپالىتى مۇشۇ پەيتنىڭ نۇرانە چىقىشـ-
لىرىدا بالقىغۇسى! شۇڭا، مۇشۇ پەيتتە ئۆزۈمنى زور چىدام
بىلەن بېسىۋېلىشىم، يۈرەك پارىلىرىمنىڭ روھىنى مەھكۇمـ-
لىگۈچى بولۇپ قالماسلىقىم كېرەك. بىر مەھەللىك قىزدـ-
قىشتا روھىي ئالىمى تومانلىشىپ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى
يىتتۇرۇپ قويغان ئېرىم ئالدىدا مەزمۇت تۇرۇشۇم، ئۇنى ئۆز
قولۇم بىلەن ساماۋى چۈشىنىڭ بىخۇدلۇقى ئەسىرلىشىدىن
تارتىپ چىقىرىپ، مېڭىسىنى سەگىتىپ، دادىللىق، ئەرلىك
مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يادىغا سېلىشىم، ئائىلەمنى ساقلاپ
قېلىشىم زۆرۈر. باللارغا مەنلا ئەمەس، دادىسىمۇ كېرەك.
ئىككىمىز دەرقەمتە تۇرۇپ باللارنىڭ ھاياتلىقىنىڭ ئاچا يوـ-
لىدىكى تاللاش پۇرسىتىدە مەدەتكار بولۇشىمىز كېرەك.
مەن قىزىمنى باغرىمدىن ئاستا بوشاتتىم. بۇ چاغدا كۆز
يېشىم پۈتۈنلەي توختىغانىدى. ئوغلۇم چۆمۈچنى تۇتقانچە ماـ-
ڭا قاراپ تۇراتتى. ئابايىقى تۆككەن ياشلىرىم ئوغلۇمنى چۆـ-
چۈتكەن بولسا كېرەك، كۆزلىرىدە ئېسەنگىرەش ئىچىدىكى
بىر سوئال ئەگىيتتى.
— سىلەرنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىڭلارنى تۇيمايلا قاپـ-
تىمەن. چوڭ ئانا ـ چوڭ داداڭلار سىلەرنى كۆرگەن بولسا
قانچە خۇش بولار ئىدى ـ ھە؟
— سىز كۆرۈۋاتىسىزغۇ مانا، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ئۇلارـ-
نىڭ ئورنىدا بىز بار، — قىزىم ئەركىلەپقىنا يۈزلىرىمگە
سۆيدى.
— ھە، شۇنداق، ئانا، مېنى «دادام»، سىڭلىمنى «ئانام» دەپ
بىلىپ خاتىرجەم يېتىۋېلىڭ، تامىقىڭىزنى ھازىرلا پىشۇرد-

مىز. يۇر، سىڭلىم، ئانامنىڭ ئانىسى، تاماق ئېتىمىز.
ھەممىمىز پاراقىچە كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئوغلۇم مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياساۋاتاتتى. مەن ھەردائىم خاپا بولۇپ قالغاندا ئۇ مۇشۇنداق قىلىقلارنى قىلىپ ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى ـ دە، ئائىلىمىزدىكى سوغۇق كەيپىيات ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كېتەتتى.
باللار ئاشخانىغا چىقىپ كېتىشتى، ئاكىسىنىڭ بۇيرۇتمىسى ئاستىدا قىزىم بىر تەخسە قورۇما قورۇپ، گۈرۈچ دۈملەپتۇ. ئۇچىمىز كەچلىك تاماق يېيىشتۇق. ئېرىم خېلىلا كەچ ئۆيگە قايتتى. مەن ئۇنىڭغا ئارتۇقچە ھېچنېمە دېمىدىم. «جەڭ»گە ئۇزۇم يەكمۇيەك چۇشۇشۇم زۆرۈر ئىدى.
ئەتىسى ئىشخانامدا مۇۋاپىق بىر پەيتتە ھېلىقى نومۇرغا تېلېفون قىلدىم. تېلېفوندا «ئاق بوز ئات» ناخشىسى ياڭرايتتى. ناخشىنىڭ ھەربىر ئۇدارى يۈرىكىمنى ئاچچىق چېكەتتى.
«بوگۈن كېچە يار قاشىغا يەتكۈزگىن تېزرەك...»
ناخشا خۇددى قارشى تەرەپنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئاشۇ تەقەززالىقتا يۈرىكىنى چاڭقاتقان ئەر مېنىڭ ئېرىممىدۇ؟ ياق، ياق، ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك. تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئىتتىك قويۇۋەتتىم.
تېز تاماقخانىمىزنىڭ سودىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئايالدۇر ۋە ياكى باشقا ئىشتا ئېرىم بىلەن زۆرۈر ئالاقىسى بار دوروس ئايالدۇر؟!
ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئالداۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، ئۆزۈمنى مۇشۇ ئالدىغانچە ھېچنېمىنى بىلمەسكە سېلىۋالسامچۇ؟ ياق، ياق، ئۇنىڭغىمۇ بولمايدۇ. ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئۇنتۇپ، ئاياللىق دىتىمنى ئۆز قولۇم بىلەن سۇندۇرسام، ئاياللىق غۇرۇرۇمغا ئېرەنسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلسام، ئېرىمنىڭ نىجىس پاتقاققا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرسام، بۇيۈك ئانىلىقنى بەرگەن تەڭرىمۇ كەچۈرمەس مېنى.

تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قايتا قولۇمغا ئالدىم. مەن ئۆچۈن يادا بولۇپ كەتكەن نومۇرلارنى بىر ـ بىرلەپ باستىم. قارشى تەرەپ تېلېفوننى تېزلا ئالدى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

ــ سىز كىم بولىسىز؟ ئاۋازىڭىزدىن تونۇيالمىدىمغۇ؟

ــ مېنىڭ كىملىكىمنى سورىماڭ، كۆرۈشكەندە ئېيتىپ بېرەي، بولامدۇ؟

ــ چوقۇم كۆرۈشۈشىمىز زۆرۈرمۇ؟

ــ شۇنداق، سىزگە دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار ئىدى.

ــ تېلېفوندا دېگىلى بولمامدۇ؟

ــ شۇنداق.

ــ ئەمىسە مەن سىزگە ۋاقتىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆزۈم تېلېفون قىلاي.

ئايال شۇنداق دېدى ـ دە، تېلېفوننى ئۈزۈۋەتتى. ئاچچىقىم كېلىپ تېلېفوننى ياندۇرۇپ قىلىپ نېمىلەرنى دەۋەتمەكچى بولدۇم. ئەمما، «سەۋر» دېگەن سۆزنى ئېسىمگە ئېلىپ ئۆزۈمنى تەستە بېسىۋالدىم، ئۇنىڭ تېلېفونىنى كۈتتۇم. كەچ كىرگۈچە سادا يوق. ئىچىمدە ئادەم بالىسى چىداپ بولمايدىغان رەشك ئوتى گۈرۈلدەپ كۆيمەكتە ئىدى، زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىدىم. «سەۋر»نى ئىچىمدە تومەن مىڭ قېتىم يادلاپمۇ ئىچىمدىكى غەزەپ ـ ئاچچىقنى بېسىۋالالمىدىم. يەنە تېلېفوننى قولۇمغا ئالدىم. قارشى تەرەپنىڭ سىلىق، ئەمما نارازىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ ۋاقتىنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن، ھازىر ۋاقتىم يوق، دېدىمغۇ؟ باشقىلارنىڭ مەيلىگە زورلاۋانلىق قىلىش ياخشى ئىش ئەمەسقۇ دەيمەن.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، تېلېفوننى ئۈزۈۋەتتى. «تاراق» قىلغان قوپال ئاۋاز يۈرىكىمگىلا تەگدى. ئىززىتىم يەرگە ئۇرۇلغاندەك

هېس قىلىپ يىغلىۋەتتىم. ئېرىم شۇ تۇرقىدا بىر ئالۋاستى، قولىدا قان تېمىپ تۇرغان يىرتقۇچ مەخلۇق بولۇپ كۆز ئالدىمغا كەلدى.

— ئەقىلسىز هايۋان! — غەزەپلىك ۋارقىرىۋەتكەنلىكىمنى تۇيمايلا قاپتىمەن. ياندىش ئۇستەلدە ئولتۇرغان خەنزۇ خىزمەتدىشىم نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقاش ئىچىددە ماڭا قاراپلا قالدى. مەن يۇگۇرگەندەك ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. كوچىدا كېتىۋاتىمەن، كۆزلىرىمدىن ياش سەلدەك ئاقماقتا ئىدى. شۇ تۇرقۇمدا ئېرىمنىڭ مىڭ يەرلىرىدىن چىشلەپ، تېنىنى پارە - پارە قىلىۋەتكۈم كەلدى، تېز تاماقخانىمىزنىڭ ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى تۇيمايلا قالدىم. ئىززىتىمنىڭ شۇنچىلىك ئازار يېيىشىگە سەۋەبچى بولغان ئېرىمگە بولغان غەزىپىم ئاياغلىرىمنى مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ توختاتقان بولسا كېرەك.

ھەشەمەتلىك تېز تاماقخانا ئىشىكى ئۇستىدە ئۆزۈم قويغان «ئانا قولى تېز تاماقخانىسى» ۋىۋىسكىسى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ، كەچكى شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. بارلىق تارتقان جاپالىرىم مۇشۇنداق كۈنگە قېلىشمىدى؟ ئاشخانا ئىچىگە كىرىپ بارلىق نەرسىلەرنى ئۇرۇپ چىقىپ پارە - پارە قىلىۋەتكۈم، ئوت قويۇپ كۈلىنى توزۇتۇۋەتكۈم كەلدى. مەيلى ئىدىغۇ، كۆپ بولمىسىمۇ مائاشىمىزغا تايىنىپ ياشاپ كۆڭۈللۈك ئۆتسەك، ئىلگىرىكى كۆڭۈللۈك ئائىلەمنى ئەسلىگە قايتۇرۇۋالسام ھەممىگە رازى ئىدىم. ئىسىت...

شۇ ئەسنادا ئېرىم پۈتۈن ئەينەكلىك دېرىزە يېنىدىكى مۇلازىمەت ئورنىدا پەيدا بولدى. ئۇ مۇلازىمەتچى قىزغا نېمىلەرنىدۇر تاپىلاۋاتاتتى. ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم قاتتىق سېلىپ كەتتى. ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆزۈمنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن تاماقخانا ئۇدۇلىدىكى ماگىزىنغا كىرىۋالدىم. توۋا، نې-

مىشقا شۇنداق قىلدىم، ئۇنىڭدىن نېمىشقا شۇنچە قورققۇدەكمەن؟

ماگىزىندا داۋاملىق مۆكۈنۈپ تۇرىۋېرىشكە بولمايتتى، مەن ماگىزىندىن چىقىپ ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋەردىم. مۇشۇ ماڭغانچە نەگە بېرىشىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا كاللامغا تۇيۇقسىز بىر ئەقىل كېلىپ قالدى ـ دە، ئەتراپقا قارىدىم. بۇ زاماندا يانفون مۇلازىمەت ئورۇنلىرى دوقمۇشتا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. دېگەندەك، يان كوچىغا بۇرۇلۇپ ئازراق مېڭىۋىدىم، تارماق يانفون مۇلازىمەت ئورنىدىن بىرسى كۆرۈندى. يانفون ھەققى تاپشۇرۇۋالغۇچى خېنىمغا ھېلىقى ئايالنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېيتىپ بېرىپ، پۇل تاپشۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. مۇلازىمەتچى خېنىم كومپيۇتېر مائۇسىنى چېكىپ بىرئازدىن كېيىنلا: «ئىسمىڭىز گۈلشەنمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۈستەلگە يانتۇ قويۇلغان كومپيۇتېر ئېكرانىدىن تېلېفون نومۇرىنى، ئىسىم ـ فامىلىسىنى كۆرۈپ ئۈلگۈردۈم. مەن رەسمىيەت ئۈچۈن ئەللىك يۈەن تاپشۇرۇپ قويۇشنى ئويلاپ، شۇھامان قول سومكامنىڭ يېنىمدا يوقلۇقىنى بايقىدىم. توغرا، ئابايا ئىشخانىدىن چىققاندا قول سومكامنى ئېلىشنى ئۇنتۇغانىكەنمەن.

— كەچۈرۈڭ، قول سومكامنى ئىشخانىدا... — مۇلازىمەتچى خېنىم يېقىملىق كۈلۈمسىرەپلا قويدى. بۇ جايدىن ئاستا چىقىپ كەتتىم.

دېمەك، ئايالنىڭ ئىسمى گۈلشەن ئىكەن ـ دە. ئىسمىنى بىلىۋالغاندىكىن بۇ شەھەر ئۇنچە چوڭ ئەمەسقۇ؟ چوقۇم تاپىمەن.

مەن ناھايىتى كەچ ئۆيگە قايتتىم. ئاچقۇچۇممۇ سومكام بىلەن ئىشخانىدا قاپتۇ. ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستىم. ئىشىك ئېچىلىپ ئوغلۇم بىلەن قىزىم ھەيرانلىق ئىلكىدە ماڭا قارىدى. ئۇلارنى مەن ھېچقاچان ئۆيدە تاشلاپ قويۇپ بۇنچە كەچ قالمىغانىدىم. ئۆيگە كىرىپ ساپما كەشىمنى كىيدىم ـ دە، ئۇدۇل تاماق ئۈستىلى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. شۇھامان بالىلارنىڭ نېمە يې-

گەنلىكى ئېسىمگە كېلىپ، ئۇلاردىن سورىدىم.

— كەچتە نېمە يېدىڭلار؟ — ئاۋازىم شۇنچە بوش چىقتى. بالىلارنىڭ ئىسسىقسىز قالغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزۈمنى گۇناھكار چاغلاپ كۆڭلۈم بەكلا بۇزۇلۇپ كەتتى. بالىلارنىمۇ تويۇپ - تويۇماي ئازابىمغا تەڭ شېرىك قىلىپ قويغانلىقىمغا ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرتەنمەكتە ئىدىم.

— ئانا، بىزدىن ئەنسىرىمەڭ، بىز چوڭ بولدۇق. سىزگە نېمە بولدى. يانفونىڭىزغا تېلېفون قىلساق ئالمايسىز، سىزدىن، دادامدىن سەل ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، — ئوغلۇم سوئال نەزىرى بىلەن ماڭا مىختەك تىكىلدى، — بىزنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىمىزنىمۇ ئۇنتۇماڭ، ئانا.

— قول سومكام ئىشخانىدا قېلىپ... سىرتتا ئازراق ئىشىم چىقىپ قېلىپ... — ھېچ تەييارلىقىم بولمىغاچقا، ئوغلۇمنىڭ سوئالىغا مۇجمەل جاۋابنى بېرىپ، ئۇلارغا قاراپ زورۇقۇپ كۈلدۈم. كۈلكەم جاۋابىمدەكلا ساختا چىقتى. ھېچ ئەيۋەشكە كەلمەگەن يۈز مۇسكۇلۇم تارتىشىپ قالغاندەك بىر بىئەپ سېزىمدە كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتىم، شۇ ئەسنادا پەتنۇستا بىر پىيالە چاي كۆتۈرۈپ ئاشخانىدىن چىققان قىزىم مېنى بۇ قىيىن دەقىقىلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

— چاي ئىچىڭ، ئانا، بىرەر نەرسە يېگۈڭىز بارمۇ؟ — ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قىزىق بىر پىيالە قېنىق دەملەنگەن چاينى كۆرۈپ قورسىقىم پىژژىدە ئېچىپ كەتتى، — ئاكام ئىككىمىز قايماق چاي ئىچكۈمىز كېلىپ دادامغا تونۇر قاتلىمىسى ئەكەلدۈرگەنىدۇق، سىزگىمۇ شۇنى قىلىپ بېرەيمۇ؟

— ماقۇل، دادىڭىز كەلدىمۇ؟

— ھەئە، ئۇخلاپ قالدىمىكىن، — قىزىم ياتاق ئۆيىنى ئىما قىلدى.

قىزىم ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئوغلۇم ئۇدۇلۇمدا پۇتىنى ئالماپ، ئورۇندۇق يۆلەنگۈچىگە يۆلەنگەنچە تەگسىز خىياللارغا

www.uyghurkitap.com

پاتقاندى. ئۇنىڭ خۇددى بىر يېتىلگەن ئەركەكلەرگە خاس تەمكىنلىكى بىلەن خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇشى مېنى خېلىلا تەمتىرىتىپ قويدى، شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ ھەسرىتىنى ئۇنىڭغا ئاشكارىلاپ قويغانلىقىمنى ھېس قىلىپ قالدىم.

قىزىم سوقۇلغان ياغاق مېغىزىنى سېلىپ راسلىغان قايماق چاينى ئالدىمغا قويغاندىلا ئېسىمنى يىغىپ، ئىسسىتقۇدا ئىسسىتىلغان تونۇر قاتلىمىسىنى قولۇمغا ئالدىم.

ــــ ئانا، چېيىڭىزنى ئىچىپ بولۇپ ھۇجرامغا كىرسىڭىز بوپتىكەن، گېپىم بار ئىدى، ــــ ئوغلۇم شۇنداق دەپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

چاينى ئالدىرىماي ئىچتىم، ئازابىمنىڭ ئۇستىگە يېڭىلاپ ئازاب قوشۇلغاندى. ھاياتلىقنىڭ سەھىرىدە ھەممىگە زوقمەنلىك بىلەن قاراۋاتقان، ئەمما ھاياتلىقنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىغا تېخى قەدىمى يېتىپ باقمىغان ئوغلۇمنى شۇنچە بالدۇر تۇرمۇشنىڭ سوغۇق، ۋەھىمىلىك دەملىرىگە ھەمشىرىك قىلىپ سۆرەپ كىرگىنىم نېمىسى؟! مىڭ پاتمان ئېغىرلىقتا تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلاشقان ئاياغلىرىمنى تەستە يۆتكەپ ئوغلۇمنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كەلدىم، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقاتتى. يۈرىكىمنىڭ ئاشۇ دۈپۈلدەپ سوقۇشىدا ئانىلىق مەجبۇرىيىتىمنىڭ ئىجرالىنىشىدا يوچۇق قالدۇرغىنىمنى چۈشىنىپ يەتمەكتە ئىدىم.

ئوغلۇمنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگىنىمدە، ئۇ كارىۋىتىدا گىرەلەشتۇرۇلگەن قوللىرىغا بېشىنى قويۇپ تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. ئۇ مېنىڭ كىرگىنىمنى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

ــــ گېپىم بار دېۋىدىڭ.

ــــ راست گەپ قىلىڭ، ئانا، نەچچە كۈننىڭياقى بىر قىسما بولۇپ قالدىڭىز...

شۇ ئەسنادا قىزىم ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ قالدى. ئوغلۇم گېپىدىن توختاپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، سىڭلىسىغا بۇرۇ-

لۈپ چاقچاق قىلدى.

– ھە، ئانامدىن قىزغىنىپ قالدىڭمۇ؟ بىر يىگىتنىڭ خاس ھۇجرىسىغا ئۇسسۇپلا كىرگىنىڭ نېمىسى؟ ئەدەپسىز.

— ئاكا، قوغلىمىغىنا مېنى، يىگىت بولساڭ نېمە بوپتۇ، سەن مېنىڭ ئاكامغۇ؟

قىزىم ئەركىلەپ بوينۇمغا ئېسىلىپ يۈزىنى يۈزۈمگە سۈركەپ، ئاكىسىغا تۇمشۇقىنى ئۇچلىدى، ئوغلۇم قىزىمنىڭ قوللىرىنى بوينۇمدىن ئاجرىتىپ ئۇنى لىككىدە كۆتۈرۈۋالدى، چىرقىرىغىنىغا قويماي ھۇجرىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىرىپ يەرگە قويدى.

— ئانامغا دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار، كىچىك بالا ئاڭلىسا بولمايدۇ، — ئوغلۇم يوغان ئالىقانلىرى ئارىسىغا قىزىمنىڭ يۈزلىرىنى ئېلىپ سىلىققىنا مىجىقلاپ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسى تەرەپكە ئىتتىرىپ قويۇپ، قايتىپ كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ قويدى، ئاندىن نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك كومپيۇتېرنى ئېچىپ ناخشىغا قويۇپ قويۇپ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

— كۆڭلىڭىز بىر ئىشتىن قاتتىق ئاغرىغاندەك تۇرىدۇ، دادام رەنجىتتىغۇ دەيمەن.

— ياق، بالام، داداڭ بىلەن بىللە بولىدىغان ۋاقتىمىز ناھايىتى ئاز، ئۇ ئاشخانىدا ئالدىراشچىلىقتا ئۆتتۈۋاتسا مەن بىلەن سوقۇشىدىغانغا نەدىكى ۋاقتى.

— ئۇنى دېمىدىم، ئانا، راست سوقۇشمىدىڭلار، بىراق بىر ئىشنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— خىزمەت ئىشى بىلەن چارچاپ قالدىممىكىن.

— ئانا، ئۆزىڭىز بىلەن قوشۇپ مېنىمۇ ئالدىماڭ، سىزنى بەك چۈشىنىمەن. خىزمەتتە چارچىسىڭىز، كەيپىياتىڭىز بۇ ھالغا چۈشۈپ قالمايدۇ. يادىڭىزدا بارمۇ؟ بىز تولۇقسىزدا ئوقۇۋاتقاندا دوستۇم ئەلقەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئاجرىشىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئاجرىششىنىڭ سەۋەبىنى سىزمىۇ ئوبدان بىلىسىز، كېيىن
ئۇلار يەنە يارىشىۋالدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە بۇرۇنقى-
دەك خۇشاللىق يوق ئىكەن. ئاتا ــ ئانىسى ھە دېگەندە ئۇرۇ-
شۇپ، ئۆيدە جېدەل قوزغىلىۋاتقانمۇ. ئەلقەمنىڭ مىجەزىمۇ
ئۆزگىرىپ كەتتى. شوخ، چېچەنلىكىدىن قېلىپ جىمغۇرلى-
شىپ كەتتى. دائىم بىر ئىشقا ئاچچىقلانغاندەك، ئىچى پۇشقاندەك
غەمكىن، بىچارە ھالەتتە يۈرىدۇ. دادىسىنىڭ ئىسمىنى
تىلغا ئالسا كۆزلىرى قورقۇنچلۇق چاقنايدۇ. بۇنىڭ نېمە ئۈ-
چۈنلۈكىنى چۈشەنمەن، ئاتا. ئەلقەم، ئىمتىھانغا بىر نەچچە
ئايلا قالدى، چىداپ تۇراي، چوقۇم تىرىشىپ ئىچكىرى ئۆلكى-
لەردىكى ئالىي مەكتەپكە بارىمەن، ئوقۇش پۈتكۈزسەم بۇ يۇرت-
قا ھەرگىز قايتىپ كەلمەيمەن، دەيدۇ.

يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئىچىمدە مىڭ تۇيغۇلارنى
ئوقۇپ، يىلىنىش، ئىلتىجالىق ئىلكىدە ئوغلۇمنىڭ كۆزلىرى-
گە قارىدىم. مەيلى ئىدى، ئوغلۇم قانچىلىك يىراق جايغا بار-
سۇن، ئەر ــ ئايال ئىككىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئارمىنىمىز شۇ،
داڭلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇسۇن. بىراق، ھەرگىزمۇ ئائى-
لىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىك سەۋەبىدىن يۈرىكى قېتىپ، ئۆزىنى
بىزدىن ئېلىپ قاچمىسۇن. مەن ۋە دادىسىنىڭ ئىللىق مېھرى
سىڭگەن ئارمىنىمىزنىڭ كۈچى بىلەن قەيەرگىلا بارسا مەيلى.
تىرىشىپ يول تېپىۋالالىسىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ شۇغۇ بىزنىڭ!

— ھېچ ئىشتىن غەم قىلما، ئوغلۇم، داداڭنىڭ سىلەرنى
دەپ قانچىلىك جاپالارنى تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىسەن. زېھ-
نىڭنى باشقا ئىشقا چاچما. داداڭ سىلەرنى قانچىلىك ئوقۇسا
ئوقۇتىمەن، ھەرگىزمۇ ئالىي مەكتەپ دىپلومى بىلەنلا توختى-
تىپ قويمايمەن. چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇيمەن دېسىمۇ
مەيلى، دەيدۇ. ئۇ بارلىقىنى سىلەرگە ئاتىۋەتتى، داداڭنى نائۇ-
مىدتە قويما. سىڭلىڭغا ئۈلگە بول، ئۇخلىغىن، ئەتە يەنە سە-
ھەر تۇرۇپ مەكتەپكە بارىسەن.

— ئانا، سىڭلىم تېخى كىچىك، ئۇ بىر ئاجىز قىز، بۇنى دادامنىڭمۇ ئېسىگە سېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇماڭ.

مەن ئوغلۇمنىڭ يېنىدىن روھىم چۈشكەن ھالەتتە ھۇجرامغا يېنىپ چىقتىم. ئېرىم تېخى ئۇخلىمىغانىكەن.

— چىراغنى ئۆچۈرەيمۇ؟

— ئۆچۈرۈڭ.

ئۇ ماڭا ئارتۇق ھېچنېمە دېمىدى. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويماي بۇنچە كەچ قالغانلىقىمدىن كايىپمۇ كەتمىدى. ئۇ بۇرۇن بۇنداق كەچ قالسام مېنى سوئال ـ سوراققا كۆمۈۋېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلغىنىمۇ ماڭا بىر تېڭىرقاش، گۇمان، روھىي ئازاب، تەنھالىق ھېس قىلدۇرۇپ يۈرىكىمنى غاجاپ باراتتى. ھەسرەتلىك ئۇھسىنىشلىرىمنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز ئىدىم. بىر ناتىۋان ئۇچۇن يۈرىكىنى يالماپ يۇتۇپ كېتىۋاتقان رەشك ئوتىنى بېسىش شۇنچە ئاسانمۇ؟ ھەربىر ھەسرەتلىك ئۇھسىنىشلىرىم قەلبىمدىكى بارلىق ئاچچىق پىغانىمنى ئاشكارىلاپ قويۇۋاتاتتى. ھەرقانچە كۈچلۈك ئىرادىمۇ تىلنى، ھەرىكەتنى باغلاپ تۇرالىغىنى بىلەن يۈرەكنى چىرمىۋالغان ھەسرەتنى، قەلبتىكى ئاچچىق ئۆرتىنىشنى باغلاپ قالالمايدىكەن.

ئېرىم كەڭ، يىرىك ئالىقانلىرى بىلەن بىلەكلىرىمنى ئاستا سىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئالىقانلىرىدىن تارىغان ئىللىق ھارارەت قاتتىق يۈرىكىمگە ئاستا ـ ئاستا ئېقىپ كىرىپ ئېرىمگە بولغان غەزىپىمنى دەماللىققا سۇسلاشتۇرۇپ بارماقتا ئىدى. مېنى ئىللىق بىر ۋۇجۇد قوپال، ئەمما مېھىرلىك تەرزدە ئۆز باغرىغا تارتماقتا ئىدى. ئېرىمگە دۇمبەمنى قىلىپ ياتقان مەن ئىختىيارسىز ئارقامغا ئۆرۈلۈپ ئېرىمنىڭ باغرىغا چۆكۈپ كەتتىم. شۇ تۇرۇقۇمدا ھەممىنى ئۇنتۇغانىدىم. گۇمان، نەپرەت، ھەيرانلىق، قىيماسلىق ... ھەممە، ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئەسەبىيلىك قوترىغان سېھىرلىك قويۇندا كۆڭۈل قەسرىمدىكى مەندىن يىراقلىشىپ كەتتى، دەپ قارىغان بەخت نۇرى قايتا جىلۋىلەنگەندەك بولدى.

دۇرۇس، روھىغا ھەقىقىي ئاياللىق، ئانىلىق ھېكمىتى كامالىتى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن بىر ئايالغا نىسبەتەن بارماق-لىرىنىڭ ئەت تىكەن بولۇپ كېتىشى، يۈز تېرىلىرىنىڭ يىرىك-لىشىپ كېتىشى جازىبىدارلىقنى يوشۇرۇپ قالالامدۇ؟! ياق، مۇم-كىن ئەمەس!

يەنە بىر سەھەر مېنى ھال رەڭ شەپەقنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن نۇرى بىلەن يېنىك پەپىلەپ ئويغاتتى.

ئېھ، ھايات! قانداق شېرىن – ھە؟ مېھىر سىڭگەن ئۆيدە، ئۆ-زى سۆيگەن، ئەقىدە قىلغان ئېرىنىڭ يېنىدا سەھەرلىك ئۇيقۇ-سىدىن ئويغانسا، باللارنىڭ شادلىق پارلىغان چېھرىنى... ھەمە-مىسى بەخت! ھاياتنىڭ تارتىملىقلىقى!

كۆڭلۈم بىردىنلا غەش بولۇپ قالدى، ئاشۇ بەختىم تۇزۇپ كېتەرمۇ؟!

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇپ بولۇپ ناشتا قىلدىم، باللار ئالىلقاچان مەكتەپلىرىگە كېتىشكەنىدى. بۈگۈنمۇ باللارغا ئۆز قولۇم بىلەن ناشتىلىق تەييارلاپ بېرەلمىگىنىمگە ئۆز – ئۆ-زۈمدىن خىجىل بولدۇم. گۇناھىم ئۈچۈن چۈشتە ئۆز قولۇم بى-لەن تاماق ئېتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئوغلۇم ۋە قىزىم ياخشى كۆ-رىدىغان لەغمەنگە تەييارلىق كۆرۈپ قويدۇم. ئېرىمنى ئويغاتمى-دىم، ئۇنىڭ بىلەن بىئەپ ھالەتتە كۆرۈشۈشنى خالىمىدىم، ئۆ-زۈمنى باللار ئالدىدا روھلۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن سۈس گىرىم قىلىپ، سەل شوخ رەڭدىكى كىيىمىمنى تاللاپ پارلاشتۇرۇپ كىيدىم – دە، ئىشقا ماڭدىم.

كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتاي دەپ تۇرسام قىيىنئانام تېلېفون قىپتۇ. ئىشتىن چۈشۈپ ئۇدۇل چوڭ ئۆيگە قاراپ ماڭ-دىم، قېيىنسىڭلىم ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن قىزىنى قۇ-چاقلاپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ مېنى كۆرۈپ بىر ھىماتچىسىنى تاپقاندەك تۇرۇلۇپلا كەتتى.

— ئاچا، ئەجەب ياخشى كەپسىز، سىزگە دەيدىغان گېپىم بار

ئىدى.

ئەسلىدە ئۇ تۇغۇتىدا قىسمەن قائىدىلەرنىڭ تولۇق ئادا بولمىغانلىقى ۋە باشقا ئەرزىمەس رەنجىشلەر تۈپەيلىدىن مېنىڭ ۋە ئاكىسىنىڭ شۇنچە توسقىنىمىزغا قارىماي ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە ئەر - ئايال ئىككىسى قايتا تېپىشىپ، كۆڭۈل سىرلىرىنى تۆكۈشۈپ قايتا ياراشماقچى بوپتۇ. قېيىنئانام نېمىنى ئويلىدى، ئۇلارنىڭ يارىشىشىنى خالىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانا - بالا بىر - بىرلىرىدىن رەنجىشىپ قاپتۇ. مەن بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن قېيىنئانامغا قېيىنسىڭلىم ئۈچۈن كۆڭۈل ئېيتتىم ۋە ئۇنى قايىل قىلىپ تويغا رازىلىقىنى ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن توي تەييارلىقىدا كۈنلىرىم ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئۆيدە ئېرىم بالىلارنىڭ چوڭى بولغاچقىمىكىن، ھەرقانداق ئىشلار بىزنىڭ قولىمىز، مەسلىھەتىمىز بىلەن بولاتتى، بولۇپمۇ مېنىڭسىز ھەرقانداق ئىش ئىزىدا قالاتتى. مەنمۇ خۇددى ھاياتىمنىڭ مەنىسى مۇشۇنىڭ بىلەن تولۇقلىنىدىغاندەك كۆنۈك ئىدىم، قېيىنئانام بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇپ، بارلىق ھەسرىتىمنى ئىچىمگە سىڭدۈرۈپ، توي ئىشىنى ئوڭۇشلۇق ئاخىرلاشتۇردۇم. بۇ جەرياندا ئېرىمگە ئادەتتىكىدەك مۇئامىلە قىلدىم.

ئىشلار بېسىققاندىن كېيىن بىر كۈنى كەچتە ئىشتىن چۈشىدىغانغا يېقىن گۈلشەنگە تېلېفون قىلدىم.

— گۈلشەنمۇسىز، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، يەنە تېلېفون قىپسىز، شۇنچە مۇھىم ئىشمىدى ئۇ؟

— ھەئە، سىز بىلەن كۆرۈشمىسەم زادىلا بولمايدۇ، كەچلىك تاماقنى بىللە يېسەك قانداق؟

— بولمايدۇ، ئالدىرايمەن. دوستلۇق ئولتۇراق رايونى ئالدىغا كېلىڭ. شۇ يەردە كۆرۈشەيلى.

— ماقۇل، بەشكە ئون مىنۇت قاپتۇ. دەل بەشتە كۆرۈشسەك

بولارمۇ؟

— ئەمسە شۇنداق بولسۇن.

مەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويدۇم ـ دە، قول سومكامنى ئېلىپ ئىشخانىدىن چىقتىم. ئىدارە ئالدىدىن تاكسى توـ سۇپ، دېيىشكەن جايغا كېلىپ ماشىنىدىن چۈشۈش ئۈچۈن ماشىنا ئىشىكىگە قول ئۇزارتتىم ـ يۇ، قولۇمنى يەنە ئىتـ تىك تارتىۋالدىم. سەللا نېرىراقتا تولغان، شۇنچىلىك قاملاشتۇرۇپ كىيىنگەن بىر ئايال تۇراتتى. كۆڭلۈم تۈيۈپ تۇرۇپتۇ، مەن كۆرۈشمەكچى بولغان گۈلشەن چوقۇم شۇ. ئۇ ـ نىڭغا تىكىلگەنچە ئولتۇرۇپلا قالدىم. ئۇ بىرەرىنى ئىزدىگەنـ دەك ئۇياق ـ بۇياققا قاراۋاتاتتى. كۆزلىرى ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى. دۈپدۈگىلەك يوغان بوتا كۆزلىرىنى قويۇق تال ـ تال كىرپىكلەر قورشاۋغا ئالغان، تىنىق قاپقارا كۆز قارىچۇقىـ دىن بىر نۇر بالقىپ تۇراتتى. سىياھتەك قارا، قويۇق ئەگىم قاشلىرى، قۇش تۇمشۇقىدەك ئېگىز ئىلمەك بۇرنى، ئاپپاق جۇلالىنىپ تۇرىدىغان يۈزلىرىگە خويمۇ ياراشقان كىچىك، ئەمما قىلىن لەۋلەر، ئىختىيار قويۇۋېتىلگەن، بېلىگىچە يې ـ يىلغان قاپقارا چاچلار... نېمىدېگەن گۈزەل! يەنە كېلىپ ئۇ مەندىن خېلىلا ياش كۆرۈنەتتى. يۈرىكىمدىكى ئۇلغايغان رەشك ئوتى ۋاژىلداپ كۆيۈپ ۋۇجۇدۇم تولغانماقتا، نېرۋىلىـ رىم ئەسەبىيلەشمەكتە ئىدى.

— خېنىم، ماشىنىدىن چۈشۈۋالسىڭىز بوپتىكەن. بۇ يەردە ماشىنىنى ئۇزاق توختىتىشقا بولمايتتى، كەچۈرۈڭ.

شوپۇرنىڭ ئىلتىجالىرى بىلەن ئېسىمنى يىغىپ، ماشىـ نىدىن چۈشتۇم. ئارىلىقىمىز شۇنچىلىك يېقىن ئىدى، شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ يانفونى سايراپ قالدى.

— ئۆيگە كەلدىم. بۈگۈن بالا باققۇچى ئۆيگە كەتمەكچى ئىدى، — ئايال خۇددى قارشى تەرەپ كۆرۈپ تۇرغاندەك ناز ـ لىق تەبەسسۇمدا يېقىملىق شىۋىرلايتتى، — بۈگۈن ھېچ

يەرگە بارمايمەن.

— ...

— ماقۇل، ماقۇل، خوش.

ئايال چىرايلىق بىر ھەرىكەتتە يانفونىنى سومكىسىغا سالدى. ئۇنىڭ گۈزەل چېھرىدىكى تەبەسسۇم جىلۋىسى تېخى ئۆچمىگەنىدى. ئاھ! جاننى ئالغۇر نازلىق جىلۋە، بىچارە ئېرىم.

— سىز گۈلشەنمۇ؟ — ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— ھەئە، مەن گۈلشەن، سىز...

— ئىسمىم زەينۇرە، سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ... مۇشۇ يەردە سۆزلەشسەك ئەپلىشەرمۇ؟ — يېلىنىش نەزىرىدە ئۇنىڭغا قارىدىم.

— دەۋېرىڭ گېپىڭىزنى، ئالدىرايتتىم.

مەن قول سومكامدىن تېلېفون خاتىرىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرلىرىنى قەلەمدە دۈگىلەك ئىچىگە ئېلىپ قويغانىدىم. قارا دۈگىلەك ناھايىتىمۇ كۆپ ئىدى، ئۇ قولۇمدىكى ۋاراقلارنى ئالدى ۋە ئېرەنسىزلىك بىلەن بىر قۇر قاراپ قويۇپ قايتۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭ چىرايىدا قىلچىمۇ جىددىيلىك يوق ئىدى، مەن ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا غەزەپلەندىم ۋە ھەيران بولدۇم.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟

— نېمە قىپتىمەن؟

— ھېچبولمىغاندا بۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىشىڭىز كېرەك ئىدىغۇ.

— نېمە دېمەكچى سىز؟

مەن ئىشنى بۇزۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، چىرايىمغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتتۇم، بىراق بۇ ھال ماڭا شۇنچىلىك تەس كەلدى، ئۇنىڭ ئاشۇ مەغرۇر تۇرقىدىن ئۆزۈمنى شۇنچىلىك بىچارە، يېگانە، بىقۇۋۋەل ھېس قىلىپ، ئىززىتىم قاتتىق يەرگە ئۇرۇلغاندەك

بىر سىلكىنىشتە جىسمىمغا تىترەك ئولاشتى.
— سىڭلىم، سىز بىر ئايال بولۇش سۈپىتىڭىز، ئاياللىق سەزگۈرلۈكىڭىز بىلەن مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى ئاللىقاچان بىلىپ بولدىڭىز، ئوچۇقلا ئېيتىشىمنى تەلەپ قىلـ- سىڭىز دەۋېرەي، ئېرىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭ!
— ئېرىڭىزنى تېخى تارتىۋالمىدىم. ئۆيىڭىزدە يېتىپ - قو- پۇپ يۈرمەمدۇ ئەنە.
ئۇنىڭ بۇ جاۋابى ماڭا ھەممىنى ئۇقتۇرۇپ بولدى، دېمەك، ئۇ ئىقرار بولغاندى، ئۇنىڭ ئېرىم بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى يوشۇرۇش خىيالىدا يوقتەك قىلاتتى، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق جاۋاب بولامتى؟
— ئېرىم بىلەن مۇناسىۋىتىڭىز بارلىقىنى ئىقرار قىلدىڭىز- ھە؟
— ئۆيىڭىزگە بېرىپ ئېرىڭىزدىن سوراڭ. ئۇ نېمە دەپ جاۋاب بەرسە مېنىڭمۇ جاۋابىم شۇ.
— مېنىڭ چوڭ جېدەلدىن بۇرۇنقى تېرىۋېتىشىمدىن قورق- مامسىز؟
— قولىڭىزدىن كەلگىنىنى قىلىڭ.
ئۇ يېنىمدىن مەغرۇر دەسسەپ كېتىپ قالدى، ھەممە خورـ- لۇق، ھەسرەت - نادامەتنى يالغۇز يۈرىكىمگە سىغدۇرۇپ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم.
جىمجىت كېچە، جاننى خورتىدىغان يالغۇزلۇق، كۆزۈمنى يۇمسام‌لا خۇددى ھەممە نەرسەم كۆز ئالدىمدىن بىراقلا يىتىپ كېتىدىغاندەك، بىر ۋەھىمىنىڭ دەھشىتىدە قاتقان قارىچۇقلىرىم ئىشىككە مىختەك قادالغان، قۇلاقلىرىمنىڭ سەزگۈلىرى شۇقە- دەر ئېشىپ كەتكەنىدىكى، سىرتتىن ئاڭلانغان ھەربىر تىۋىش يۈرىكىمنى بىر ئۈمىدتە چېكەتتى. تۈيغۇلىرىم سىرتىدىكى ئاشۇ شەپىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئېرىمنىڭ ئەمەسلىكىدىن بىشارەت بەرگەندە، ئېرىمنىڭ سىيماسى روھىي دۇنيايىمنىڭ بىر قاراڭغۇ

چوڭقۇرلۇقىغا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك ئەندىكىپ كېتەتتىم، يىگىرمە يىل بىر ياستۇققا باش قويغان ئېرىمنىڭ تىنىقى، ھەتتا كىشىنى بىزار قىلىدىغان خورىكىمۇ يۈرىكىمگە خاتىرجەملىك تۇيغۇسىنى سېلىپ، مەن ئۇچۇن خۇددى بىر كۆنۈككەن يېنىك پەپىلەشتەك تۇيۇلاتتى، ئېرىمنىڭ جىسمىدىن، تىنىقىدىن تارىغان ماڭا تونۇش ھىد جىسمىم ۋە روھىمغا بىر تاتلىق شېرىنلىك تارىتىپ لەزىز چۈش قوينىغا باشلايتتى، ئەنە شۇ تىنىق، ئەنە شۇ ھىد ئەمدىلىكتە مەندىن بارا ـ بارا يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئايالنى كۆرگەن كۈندىن باشلاپ ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىممۇ سۇسلاپ كېتىۋاتاتتى، ئايالنىڭ گۈزەل چېھرى، ناز ـ كەرەشمىلىك خۇلقى ھەرقانداق بىر نورمال ئەركەكنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقاتتى.

«ئېرىڭىزنى تارتىۋالمىدىم، ئۆيىڭىزدە يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرمەمدۇ ئەنە» ئايالنىڭ شۇنچە كۆرەڭلىك بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزى خۇددى «ئېرىڭىزنىڭ جىسمى سىزنىڭ يېنىڭىزدا بولغىنى بىلەن روھى، ھېسسىياتى، مۇھەببىتى ئاللىقاچان مەندە، بۇنى بىلمىدىڭىزمۇ؟» دەۋاتقاندەك قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايتتى. «قولىڭىزدىن كەلگىنىنى قىلىڭ» دېيىشلىرىچۇ تېخى. قارىغاندا، ئۇ ئايال مەن بىلەن بىر مەيدان «ئەر تالىشىش كەسكىن جېڭى»غا تەييارلىق كۆرۈپ قويغان ۋە شۇنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا كېرەك. ئېرى يوق ئايال ئىكەن ـ دە.

ئېرىم كېچىچە ئۆيگە قايتمىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىقى يېقىنىنىڭياقى ئاۋۇپ كېتىۋاتاتتى. تېز تاماقخانىدا يېتىپ ـ قوپىدىغان مۇلازىمەتچىلەرگە تېلېفون قىلىپ ئەھۋال ئىگىلەش، پېيىغا چۈشۈش تەس ئىش ئەمەس، بىراق ئېرىم بىلەن بۇ ئىشتا يۈزلىشىپ قالغۇم يوق. بەك چارچاپ كەتتىم. ئۆيگە قايتقاندا ئېرىم، بالىلىرىم ئالدىدا زورىغا ئۆزۈمنى خاتىرجەم، خۇشال تۇتۇشۇم، ھەربىر قەدىمىمنى ئاۋايلاپ بېسىشىم، كۈچىنىپ ياسىنىشلىرىم، خىزمەتداشلىرىم، دوستلىرىم

ئالدىدىكى ساختا كۆرۈنۈشۈم، خىزمەت، ئائىلىدىكى جىددىيلىك، يېگانە، مەخپىي «كۆرەش»ىمنىڭ كەسكىنلىشىشى... ھەممىسى، ھەممىسى مېڭەمنىڭ زېھنىنى خورىتىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلغىيىۋاتقان كۇنداشلىق نېرۋىلىرىمنى تىغدەك ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ، ئېرىمدىكى ھەربىر ئۆزگىرىش، چىراي ئىپادىسى، قاراشلىرى... ھەممىسىنى تەقىب ئاستىغا ئالغانىدىم.

بۈگۈن كەچ ئىشتىن چۈشۈپ دوستلۇق ئولتۇراق رايونىنىڭ ئالدىغا باردىم ۋە گۈلشەننىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۈم، ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ئۇدۇل ئولتۇراق رايونىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشتۈم. ئىشتىن چۈشۈپ ئالدىراش ئۆيلىرىگە قايتىشىۋاتقان ۋېلىسىپىتلىكلەر، ماشىنىلىقلار، پىيادىلەر... ئولتۇراق رايونىنىڭ تار يوللىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇۋەتكەچكە، مېنىڭ ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشكىنىم ئانچە چېنىپ كەتمىدى، گۈلشەن بىر بىنانىڭ بىرىنچى كورپۇسىغا كىرىپ كەتتى. ئەمما، قايسى ئۆيگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. بىنا ئىچىدىن بىر ياشانغان كىشى چىقىپ مەندىن كىمنى ئىزدەيدىغانلىقىمنى سورىدى.

— گۈلشەننى ئىزدەيتتىم، ئۆيى قايسىكىن؟

— ھە، گۈلشەن قىزنى دەملا، 1 - كورپۇس 302 - ئۆيدە. مېنىڭ ئۆيۈممۇ گۈلشەن قىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئاستىدا. گۈلشەنقىز ئۆيىگە كەلدى ھەرقاچان، ئۆيدە بولماي قالسا بىزنىڭكىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، قىزىم.

— رەھمەت، ئاۋۋال گۈلشەننىڭ ئۆيىگە كىرىپ باقاي، ئۇ ئۆيدە بولمىسا شۇنداق قىلارمەن يا...

مەن ئۇ مويسىپىت بىلەن خوشلىشىپ پەشتاقتىن ئاستا ئۈستىگە كۆتۈرۈلدۈم. 302 - نومۇرلۇق ئۆي. يۈرىكىم دەھشەتلىك گۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىۋاتاتتى.

مەن قوللىرىمنى ئىشىك قوڭغۇرىقىغا ئۇزارتتىم. ئىشىك



www.uyghurkitap.com

قوڭغۇرىقىنى باستىم ـ دە، ئىتتىك ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم. ئۇنىڭ ئىشىكنىڭ كۆزىتىش تۆشۈكچىسىدىن مېنى كۆرۈپ ئىشىكنى ئاچماي تۇرۇۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدىم. يېنىك تاقىلدىغان ئاياغ تىۋىشى ئىشىككە يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكىمنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇشى تېخىمۇ تېزلىشىپ كەتتى. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن تەكەللۇپسىزلا ئۆيگە ئۆزۈمنى ئاتتىم، خۇددى ئۇ مەيدەمدىن ئىتتىرىپ ئىشىكنى گۈپپىدە يېپىۋالىدىغاندەك. گۈلشەن ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتقانچە ماڭا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. مېنىڭ ئۆيگىچە قوغلىشىپ كېلىدىغانلىقىمنى ئويلىمىدىمىكىنە؟ مەن ئۇدۇل مېھمانخانا ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى سافاغا چۆكتۈم، ئۇ ئىشىكنى يېپىپ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئۆيىدىمۇ خۇددى ھېلىلا سەھنىگە چىقىدىغاندەك چىرايلىق كىيىنىپ، ئىنچىكە ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ بىلەنلا تاقىلداپ مېڭىپ يۈرگىنىگە قاراپ ھەيران قالدىم. تولغان چىڭ بىلەك ـ پاچاقلىرى، ئويما ياقىلىق مايكىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بويۇن ـ مەيدىلىرى شۇنچىلىك سۈزۈك ھەم يالتىراق ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، رەقىبىم ھامان كۈچلۈك ئىدى.

ئۆيمۇ خۇددى ئۆي ئىگىسىدەك چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، ھەممە تەرەپلىرىدىن گۈزەللىك، سەنئەتلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. مەن گەپ قىلىشقا ئاغزىمنى ئۆمەللەپ تۇرۇشۇمغا، ئۆيدىن سەككىز ـ توققۇز ياشلاردىكى چىرايلىق بىر قىزچاق چىقىپ قالدى، گېپىمنى يۇتۇۋېتىشقا مەجبۇر بولدۇم.

— ئانا، تاپشۇرۇقۇمنى ئىشلەپ بولدۇم.

— ئاچىڭىزنى چاقىرىپ چىقىڭ، ئۆكىلىرىڭىزنىڭ قورسىقى ئاچتى، ئۇلارنىڭ تامىقىنى يېگۈزسۇن.

قىزچاق ئەمدىلا ئىشىككە قاراپ مېڭىۋىدى، ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە بالا باققۇچى قىز بولسا كېرەك — قوشكېزەك ئوغۇل بالىلارنى يېتىلىگەن بىر قىز كىرىپ كەلدى. قوش-

كېپزەكلەر ئۈچ ياشلاردا بار ئىدى، باللار ئاپىسىغا ئوخشايت-تى. باللارنىڭ ئوماق، چىرايلىقلىقىغا، ساغلاملىقىغا ئىچىم كۆيۈپ ئانىلىق مېھرىم قوزغالدى. قوشكېزەكلەر كەلگەنچە ئا-نىسىنىڭ ئېتەكلىرىگە ئېسىلىپ ياماشتى، گۈلشەن ئۇلارنى باغرىغا تارتىپ چىڭ قۇچاقلاپ يېنىش - يېنىشلاپ سۆيدى. بىردەم ئويناشقاندىن كېيىن ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەن بالا باققۇچىغا بۇيرۇدى.

— خەدىچە، باللارنى ئېلىڭ، تاماقنى تەييار بولدىمۇ؟

— مانا، ئاچا، تەييار بولدى.

قىزچاق بالا باققۇچى قىزغا ياردەملىشىپ ئۇكىلىرىغا تاماق يېگۈزۈشكە كىرىشىپ كەتتى. قوشماقلار شۇنچە ئوماق ۋە شوخ ئىدى. بىر مىنۇتمۇ جىم تۇرمايتتى، خېلى ھەرەجلەردىن كېيىن باللارغا تاماق يېگۈزۈش جېڭى ئاخىرلاشتى. گۈلشەن ئۆيدە ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخۇدۇك ھالدا كورىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياترى «يەنە بىر كۆرسەم»نىڭ ئى-چىگە كىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ ھەتتا ئۆيدە مېنىڭ بارلىقىمنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزۈمنى زورىغا بېسىۋېلىپ ئول-تۇردۇم. باللار ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە يۈگۈرۈشۈپ سەكرەپ - تاقلاپ ئوينىشىپ ئۆينى «قىي - چۇ»غا تولدۇرۇۋېتىشتى. نې-مە دېيەلەيتتىم؟ باللارنىڭ ئالدىدا ئانىسىنىڭ ناپاكلىقىنى تىلغا ئالسام بولمايتتى. ئۇلارمۇ خۇددى مېنىڭ يۈرەك پارىلى-رىمدەك گۇناھسىز بىغۇبار ناتىۋانلار تۇرسا. لەنەت تەگكۈر تې-لېۋىزىيە تىياترىمۇ ئاخىر ئاياغلىشىپ، كىشىنى زېرىكتۈرۈ-دىغان ئېلانلار باشلىنىپ كەتتى، شۇ چاغدىلا گۈلشەن ماڭا ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى.

— كېيىمنى باللارنىڭ ئالدىدا دەمدىم ياڭ؟ — مەن ئۇنىڭ-غا مىختەك قادالدىم.

— سىرتتا پاراڭلىشايلى.

مەن گۈلشەنگە ئەگەشتىم. يۇلتۇزدەك جىمىرلاشقان كوچا چىراغلىرى ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. بىز بىر خىلۋەت جايغا كېلىپ توختىدۇق.

— سىڭلىم، سىز مۇشۇ گۈزەللىكىڭىز بىلەن ھەرقانداق بىر ئەرنى ئۆزىڭىزگە رام قىلالىۋالالايسىز، ئۆزىڭىزگە لايىق ئەردىن بىرنى تېپىڭ. مېنىڭ ئېرىمنىڭ ئۈنچە قىلىپ كەتكۈدەك نېمىسى بار؟ ئۇ بالىلىرىمنىڭ دادىسى، ئۇلارغا دادا بولمىسا بولمايدۇ.

گۈلشەن ماڭا لاپپىدە قارىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن ئەلەمگىمۇ، غەزەپكىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر چېقىن چاچراپ چىقتى. ئاشۇ چېقىن يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ، تېنىمنى لاسسىدە بوشاشتۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ قاراشلىرىدىن مەغلۇپ بولىدىغاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. شۇڭا، تېخىمۇ بەك سەگەك، چىڭ تۇرۇشقا تىركەشتىم. ھەرقانچە كۈچەنسەممۇ ئاۋازىم تىترەڭگۈ، بوش چىقتى.

— بىر ئايال بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۈچ بالىنىڭ جاپاسىنى مۆلچەرلىگۈچىلىكىم بار، ئۇلارغا چوقۇم دادا بولمىسا بولمايدۇ. بىراق، مېنىڭمۇ بالىلىرىمغا دادا كېرەك — دە.

— خاتالاشتىڭىز، بالىلىرىمنىڭ دادىسى بار.

— ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئائىلەمگە چاڭ سالىسىز؟

— دېدىمغۇ، ئېرىڭىزنى تارتىۋالمىدىم، ئاساسسىز كىشىگە قارا چاپلىماڭ.

— كۈنىگە بەش — ئالتە قېتىم تېلېفوندا سائەتلەپ پاراڭلاشقانلىقىڭىز ئاساس ئەمەسمۇ؟ ئېرىم ئىككىڭلارنىڭ تۈگىمەيدىغان قانداق پاراڭلىرىڭلار بار؟ ئەگەر بۇ مەسىلىگە مېنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاب بېرەلىسىڭىز، مەن سىزدىن چوقۇم كەچۈرۈم سورايمەن. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، مەن سىزنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمەن، بىلدىڭىزمۇ؟ ئالدىنقى

قېتىم كۆرۈشكەندە ماڭا قىلغان سۆزلىرىڭىزنىڭ ۋەزنىنى مۆلـ
چەرلەپ كۆرۈڭ، ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىقرار سۆزى بولماس؟ مەن
دېمىدىم دەپ تېنىۋالماسسىز؟

ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتىم. شۇنداق چىرايلىق بىر ئايالنىڭ باغ-
رىنىڭ بۇنچە قاتتىقلىقىغا ئەقلىم يەتمەيتتى.

— سىزدىن ئۆتۈنەي، سىڭلىم. سىزمۇ بىر ئانا، بالىلىرىم-
نىڭ ھەققى – ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ...

— سىز ماڭا يېلىنماي، ئېرىڭىزگە يېلىنىپ بېقىڭ. ئۇنى
ئۆزىڭىزگە قارىتىڭ. مېنىڭدىن يامانلىشىڭىزنىڭ زۆرۈرىيىتى
بارمۇ؟

گۈلشەن گەپ تۈگىدى، دېگەندەك پېشىنى قېقىپ كېتىپ
قالدى.

مەن ئۆمرۈمدە بۈگۈنكىدەك خورلانغان ئەمەس ئىدىم. قەدىر-
قىممىتىمنىڭ بىر ئايال ئالدىدا، يەنە كېلىپ ئۆزۈمگە ئوخشاش
ناتىۋان ئايال قولىدا بۇنچە چەيلىنىشىنى، ئېتىبارسىز قىلىنىشى-
نى ھېچ ئويلىماپتىمەن. ئاشۇ باغرى تاش ئايالدىن، ئادەمىيلىك
جەھەتتە روھى قۇرۇقدالغان بىر مۇھەببەت تىلەمچىسىدىن بىچا-
رىلەرچە ھىمات تىلەپتىمەن، مەن نېمانچە ئەخمەق، نېمانچە ئە-
قىلسىز!

مەن يەنە ھېچقانداق كۆڭۈل تىنچلىقىغا ئېرىشەلمەي، ئەلە-
مىمگە ئەلەم قوشۇپ، كۆز يېشىمنى ھەمراھ قىلىپ ئۆيگە قايى-
تىشقا مەجبۇر بولدۇم. قارىغاندا، پىلانىمنى ئۆزگەرتىپ باشقى-
چىرەك يول تۇتمىسام بولمىغۇدەك.

يەنە شۇ بۇرۇقتۇرمىچىلىق، ئازابلىق تولغىنىش، بالىلىرىم
ئالدىدىكى زورۇقۇپ قىلىنغان ياسالمىلىق... بەك چارچىدىم. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە ئېرىمنىڭ يېقىندىن بۇيان ئۆزىنى مەندىن ئەپقې-
چىشلىرى جېنىمغا پاتاتتى. پەرىزىمچە، ئۇ ئاللىقاچان ھەممىنى
بىلىپ بولدى، ئۇمۇ تەۋەككۇل قامچىسىنى قولىغا ئالغان ئوخ-
شىمامدۇ؟ مانا، بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەۋپ ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئاخىر مەن ئۈچۈن دوزاختىنمۇ ئازابلىق، ئەمما مەن زاردـ
قىپ كۈتكەن پەيت يېتىپ كەلدى.

مەن تاكسى بىلەن ئېرىمنىڭ ئاق رەڭلىك ماشىنىسىنىڭ
ئارقىسىدىن قوغلىشىپ ماڭدىم. ماشىنىدا گۈلشەن، مېنىڭ
كۈندىشىم بار ئىدى، ئۇلار شەھەر سىرتىغىراق جايلاشقان
ھەشەمەتلىك بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانساراي ئالدىغا كېلىپ
توختىدى، مەنمۇ شوپۇرغا بۇيرۇپ، ئۇلاردىن سەل نېرىراقتا
ماشىنىنى توختاتقۇزدۇم. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپ خۇددى بۇ
جاھاندا ئۆزلىرىدىن باشقا ئادەم يوقتەك بەخىرامان مېڭىپ
مېھمانساراي ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى. مەن گۇگۇم قويىنىدا
ئۇلارنى ئېنىق كۆردۈم. ۋەيلۇن دوزاخنىڭ ئوتىدىنمۇ يامان
كۈنداشلىقتا ئىنسان بالىسىنىڭ بەرداشلىق بېرىشى ھەقىقەـ
تەن تەس ئىكەن. بىراق، مەن يەڭدىم! ئانىلىق مېھرىم، ئايالـ
لىق مەسئۇلىيىتىم، ئائىلەمنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدىم
تەڭداشسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. مەن بار ماجالىمنى
يىغىپ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇلارغا ئەگىشىپ مېھمانسارايغا
كىردىم. كىرىشىمگە ئۇلار لىفىتقا چىقىپ، لىفىتنىڭ ئاپتوـ
ماتىك ئىشىكى يېپىلدى. بىراق، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە
ئىنتىزارلىق بىلەن تىكىلىپ، تويماي بېقىشىشلىرى قەلـ
بىمدە ئەبەدىيلىككە قېتىپ قالدى. شۇ دەقىقىدە ھوشسىزلىـ
نىپ يېتىپ قالمىغىنىمغا ھەيرانمەن.

ئاللىقانداق بىر قۇدرەتنىڭ تۈرتكىسىدە نېرۋىلىرىم دەرـ
ھال ھەرىكەتلەندى. مەن بارغانچە يۇقىرىلاۋاتقان لىفىتنىڭ
رەقەملىك كۆرسەتكۈچىسىگە قادالدىم، رەقەملىك كۆرسەتكۈچ
21 نى كۆرسىتىپ توختىدى. مەن ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ
يەنە بىر لىفىتقا چۈشۈپ رەقەملىك كۆرسەتكۈچنىڭ «21»
رەقىمىنى باستىم. لىفىت 21 ـ قەۋەتكە چىقىپ بىر سىلكىـ
نىپ توختىدى. مەن لىفىت ئىچىدىن چىقىپ ئەتراپقا ئەلەڭـ
لەپ قارىۋەتكەندىن كېيىن مۇلازىمەت ئورنىغا كەلدىم ۋە

www.uyghurkitap.com

مۇلازىمەتچى قىزدىن مۇلايىملىق بىلەن سورىدىم.
— ئابايامقى بىر جۈپ ئەر ـ ئايال مېنىڭ يىراقتىن كەلگەن
ساۋاقداشلىرىم ئىدى. ھاردۇق سوراپ كەلگەنىدىم، قايسى ياتاققا
ئورۇنلاشقاندۇ؟
— 2105 ـ ياتاققا، — قىز ئەدەپ بىلەن جاۋاب بەردى.
2105 ـ نومۇرلۇق ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئاشۇ ئۆيئىچىدە
ناپاك لەنىتىلەر ئۆز كۆڭۈل شادلىقى بىلەن مېنىڭ ۋە بالىلىد-
رىمنىڭ غۇرۇرىنى پايخان قىلىۋاتاتتى، رەھىمسىزلەرچە
دوزاخ ئوتىغا ئىتتىرىۋاتاتتى. شۇ دەقىقىدىكى ئازابىمنى،
خورلۇقلىرىمنى نېمە دەپ ئىپادىلەي، غەزەپ بىلەن مۇشتۇ-
مۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈشۇمگە، ئوغلۇمنىڭ «ئانا، ئەلقەم ئىچكد-
رى ئۆلكىلەرگە ئوقۇشقا كەتسەم مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيمەن
دەيدۇ» دەپ ئەگىتىپ ئېيتقان سۆزلىرى قۇلىقىم تۈۋىدە
جاراڭلاپ كەتتى. بىر غايىۋى كۈچ ئىشىكنى مۇشتلاش ئۈچۈن
ئېگىز كۆتۈرۈلگەن قوللىرىمنى ئاستا تۆۋەنگە تارتتى. ھەم
يېپىلغان ئىشىكنىڭ بۇلۇڭلىرىدا، جىمجىت كارىدورنىڭ تام
ـ تورۇسلىرىدا ئوغلۇم ۋە قىزىمنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆز-
لىرى، يەنە ھەر خىل ئىپادىدىكى ساناقسىز كۆزلەر...
مەن ئۇن ـ تىنۋىشسىز كېتىپ قالايمۇ؟ ئېرىمنىڭ ناپاكلىد-
قىغا كۆز يۇمامىمۇ؟ بۇمۇ قولۇمدىن ھەرگىز كەلمەيدۇ. ئېرىم-
نىڭ مەندىن پۈتۈنلەي سوۋۇپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتىم.
بىزنىڭمۇ تالاي شېرىن كېچىلىرىمىز بولغان، ئۇنتۇلغۇسىز
بەختكە چۆمگەن دەملەرنى ساناپ بېرەلمەيمەن. ئاشۇ گۈزەل
ئەستىلىكلەر ئېرىمنىڭ قەلبىدىن پاك ـ پاكىز ئۆچۈرۈلۈپ
كېتەرمۇ؟ ۋاقىتلىق كۆمۈلگەن چوغ ھامان يېلىنجاپ ئۆز
كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەندىكى سەۋرچانلىق كۆمۈلگەن
چوغنىڭ يۈزىنى ئېچىۋېتەلىشى مۇمكىن.
ئىسيانىمنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن قولۇمنى قايتا كۆ-
تۈرۈپ ئىشىكنى بوش مۇشتلاپ قويۇپ، ناھايىتى تېزلىكتە

كارىدورنىڭ ئەگمىسىگە ئۆتۈپ ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم، بىر-
ئازدىن كېيىن كارىدوردا ئېرىمنىڭ مۇلازىمەتچى قىز بىلەن
پاراڭلاشقىنىنى ئاڭلىدىم.
— ئىشىكنى سىز چەكتىڭىزمۇ؟
— ياق، ئەپەندى، ئابايا سىلەرنى بىر ئايال يىراق يۇرتتىن
كەلگەن ساۋاقداشلىرىم ئىدى، دەپ ئىزدەپ كەپتىكەن، ياتاق نو-
مۇرىنى ئېيتىپ بەرگەنىدىم.
— تەقى - تۇرقى قانداقراق ئايال ئىكەن؟
— ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچىنى تۇرمەكلىۋالغان، كۆزلىرى يوغان
ئايال.
كارىدوردا بىر مەھەل ئىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن
ئېرىمنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى.
— سىز تاكسى توسۇپ قايتىپ تۇرۇڭ، بولامدۇ؟ كەچۈرىسىز.
جىددىي قەدەم تىۋىشى بارا - بارا يىراقلاپ كارىدور يەنە ئىم-
تاس بولۇپ قالدى. پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى.
مەن بىنادىن چۈشۈپ چوڭ يول بويىدىكى دەرەخزارلىقتا
قانداق كىرىپ قالغانلىقىمنى ھېلىغىچە ئەسلىيەلمەيمەن، بىر
دەرەخكە ئېسىلغانچە ئىچىمدىكى پىغانلىرىم بىراقلا پارتلاپ بار
ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ يىغلىدىم، يىغام شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق
ئىدى. شۇنچە خورلۇقلارنى ئۈن - تىۋىشسىز يۇتۇپ، ناپاك، شەپ-
قەتسىز، دىتسىز ئېرىمگە تەلمۈرگەن يۈرىكىمنى - مەيدەمنى
مۇشتلىدىم، كۆز ئالدىمدا شەرمىسار ھالدا نامايان بولغان مەۋ-
ھۇم كۆلەڭگىنى تېپىپ مۇشتلىدىم. ئاخىر ھالسىزلىنىپ يېتىپ
قالدىم. قانچىلىك ياتتىم، بىلمەيمەن، چۈش بىلەن رېئاللىق ئا-
رىسىدا تىركەشكىنىم ئېسىمدە.
توپىغا مىلەنگەن ئۇستىباشلىرىم، چۇۋۇلۇپ سالۋارىغان چاچ-
لىرىم تاكسى شوپۇرلىرىنى قورقۇتتى بولغاي، مەن توسقان تاك-
سىلار مېنى ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. خېلىغىچە پىيادە ماڭغاندىن
كېيىن مەن توسقان بىر تاكسى ئاخىر يېنىمغا كېلىپ توختىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— نەگە بارىسىز؟

توغرا، نەگە بارىمەن؟ مەن گاڭگىراپ قالدىم. ئۆيگە قايتسام ئىشنى ئۆزۈم ئويلىغاندەك ھەل قىلالارمەنمۇ؟ ئىرىمنىڭ كۆڭلىنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋالالارمەنمۇ؟ گۈلشەنچۇ؟ بىردىنبىر ھەل قىلىش چارىسى گۈلشەننى تەزدۇرۇش. شۇنداق قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن گۈلشەننىڭ ئېرى بىلەن كۆرۈشەي.

— ئورۇندۇقنى پاسكىنا قىلىۋەتمەڭ، ئايال كىشى بولغاندىكىن ئاز ئىچسىڭىز بولمامدۇ؟ مەن سىزدىن نەگە بارىسىز، دەپ سوراۋاتىمەن!

شوپۇرنىڭ ئاچچىق كىنايىسى يۈرىكىمگە نەشتەردەك سانجىلدى.

— دوستلۇق ئولتۇراق رايونىغا.

كۆرۈڭ ما ھاقارەتنى. رەسۋاچىلىقنى يېپىپ ئۆزۈم رەسۋا بولدۇممۇ ئەمدى. چىداي، يىگىرمە يىل بىر ياستۇقتا باش قويغان ئېرىم مېنى شۇنچە ھاقارەت قىلغان يەردە، ئۆزگىلەر مېنى ئاياغ ئاستىدىكى توپىچىلىك كۆرەرمىدى؟

گۈلشەننىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە ماشىنىدىن چۈشۈپ كىيىملىرىمدىكى توپا ـ توزۇندىلارنى قېقىشتۇرۇپ، چاچلىرىمنى تۈزەشتۈرۈۋالدىم.

گۈلشەنلەرنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىشىم بىلەن ناھايىتى تېزلا ئىشىكنى بىر ئەر ئاچتى.

— بىركىمنى ئىزدەمتىڭىز؟

— ھەئە، سىز گۈلشەننىڭ ئېرى بولامسىز؟

— مەن شۇ. قېنى ئۆيگە كىرىڭ، ئىسمىم شۆھرەت.

مەن شۆھرەتنىڭ باشلىشى بىلەن سافاغا كېلىپ ئولتۇردۇم. بۇ ئەر شۇنچىلىك كېلىشىملىك ئىدى. مېنىڭ ئېرىم بىر بۇس پۈراپ تۇرىدىغان ئادەمغۇ؟ تووا قىلدىم. گۈلشەن ئاشۇ سۇباتلىق ياش ئەرنى مېنىڭ ماي چاپان ئېرىمگە تېگىشىۋېتەرمۇ؟

— خەدىچە، مېھمانغا چاي ئاچىقىڭ، — شۆھرەت ئىچكىرىگە

قاراپ يېنىك توۋلىدى. باللارنىڭ خاتىرجەم كۆلكىلىرى ئىچ-كىرىكى ئۆيدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
— بولدى، چاي ئىچكۇدەك ھەپسىلەم يوق. سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى.
— گۈلشەن بىر چايغا كەتكەن.
— ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن، ھازىر ئۇنىڭ يېنىدىن كېلىشىم.
— ھە... ئۇ نەدە؟ — شۆھرەت ماشا تەئەججۈپ بىلەن قارىدى.
— گەپنى ئۇدۇللا دەۋېرەي. گۈلشەننىڭ ئېرىم بىلەن مۇنا-سىۋىتى بار. چۈشەندىڭىزمۇ، ئىككىسى ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈشۈۋاتىدۇ.
شۆھرەت ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە بو-يۇنداپ قاراپ قويۇپ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.
— ئاساسسىز كۇنداشلىق قىلىۋاتامسىز، قانداق؟ بىزنىڭ ئۈچ بالىمىز بار. مەن ئايالىمنىڭ ناشايان ئىشلارنى قىلىدىغانلى-قىغا ئىشەنمەيمەن. گۈلشەن بەك چىرايلىق ئايال. لېكىن، باشقا گۇناھى يوققۇ؟! ئۇنى ئارامىدا قويساڭلار بوپتىكەن.
— ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئايالىڭىزنىڭ چىرايىنى ماختاپ ئولتۇرغىنىڭىز نېمىسى؟ ئاساسىم بولمىسا سىزنى ئىزدەپ ئۆ-يىڭىزگىچە كېلەمتىم؟ پاكىتنى كۆرسەتكىلى ئۇلار بار جايغا باشلاپ بارامتىم يا؟
ئاۋازىم ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا يۇقىرى چىقىپ كەتتى.
— باشقا جايغا بېرىپ پاراڭلىشايلى، قانداق دەيسىز؟
— بولىدۇ.
— سىز ئاۋۋال چىقىپ سىرتتا مېنى ساقلاڭ. مەن باللارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئارقىڭىزدىن چىقىمەن.
مەن ئولتۇراق رايوننىڭ ئالدىغا چىققاندا، بىر قارا رەڭلىك كىچىك ماشىنا يېنىمغا كېلىپ توختىدى. شۆھرەت ماشىنىغا چىقىشىمنى ئىشارەت قىلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىز ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا رەڭلىك چىراغلاردا جۇلالىنىپ تۇرغان بىر چايخانا ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. چايخانا ئىچى شۇنچىلىك تىنچ، ئازادە، مېنىڭ بۇنداق جايغا تۇنجى كېلىشىم ئىدى. مەن بۇرۇن بۇنداق چايخانىلارنى ناشايان ئىشلارنىڭ ئۇۋىسى دەپ قارايتتىم. يېنىك مۇزىكىنى تىڭشىغاچ ئەركىن ـ ئازادە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان كىشىلەرنى كۆرۈپ قورۇنۇشۇم سەل پەسكويغا چۈشتى. بىز ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىككى كىشىلىك ئايرىمخانىغا كىرىپ جايلاشتۇق، رەسمىيەت ئۈچۈن ئاز ـ تولا ئىچىملىك بۇيرۇتۇپ قويدۇق.

— ئايالىڭىزغا شۇنچە ئىشىنەمسىز؟ ئازراقمۇ ئاچچىقىڭىز كەلمىدىمۇ؟ بەك ھەيران قېلىۋاتىمەن. سىزنىڭ ئەركەكلىكىڭىزگە ئىشەنچىم سۇسلاپ كېتىۋاتىدۇ، بىلەمسىز؟

— ئۆز ئايالىمغا بولغان ئىشەنچىم مېنىڭ ئەركەكلىكىمەنى سۇندۇرغان بولسا ـ ھە؟ سىزمۇ بىر ئايالغۇ، ئېرىڭىزنىڭ ئىشەنچىگە نائىل بولسىڭىز، بۇ سىزنىڭ قەدىرلىنىشىڭىز ئەمەسمۇ! ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشەنچنى سىز باشقىچە بىر مەنىدە چۈشىنەمسىز، قانداق؟

— سىز مېنى شۇنچە ساپاسىز چاغلىدىڭىزمۇ؟ بىر ئايالنىڭ ھەقىقىي قەدىر ـ قىممىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ ياشايدىغان ئايال مەن، شۇنداق بولغاچقا ئىشنى يولىدا بېسىقتۇرايلى، دەپ سىزنى ئىزدىدىم.

— ھەددىدىن ئاشقان گۇمانخورلۇقمۇ كىشىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزىدىكەن.

— مەن گۇمانخورلۇق قىلمىدىم. ئېنىق ئاساسىم بار. سىز بىلەن ھەمكارلاشسام دېيمەن. باشقا مۇددىئايىم يوق، ئۇلارنى ساقچىغا تۇتۇپ بەرسەممۇ، چوڭ جېدەل چىقىرىپ خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلساممۇ بولاتتى. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن مەن نېمىگە ئېرىشىمەن؟ سىز قانداق ئەرگە ئايلىنىپ قالىسىز؟ بۇنى ھېس قىلالامسىز؟

— مېنىڭ قايتا خاتالىشىپ قالغۇم يوق. مەن ئىلگىرى گۈلشەننىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ، ئۇنى قارىلىغانىدىم. قىزىم تۇغۇلۇپ ئۈچ ياشقا كىرگەنىدى. بىر كۈنى كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتاي دەپ تۇرسام گۈلشەن يىغلاپ تېلېفون قىپتۇ. ئۇ دەرھال ئىدارىسىگە كېلىشىمنى ئېيتتى. مەن ھودۇققىنىمچە ئىدارىسىگە چاپتىم، ئىدارە ھويلىسىغا ئادەملەر توپلىشىۋاپتۇ. گۈلشەن مېنى كۆرۈپ تونۇپ يېرىپ يۈگۈرگەنچە كېلىپ بوينۇمغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۆت - بەش ئايال يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ھەممىسى تەڭ سۆزلەيتتى. دۇنيادا بار بارلىق سەت تىللار بىلەن گۈلشەننى تىللايتتى، مېنىمۇ بوش قويمىدى، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، مەن لاتا باش ئىكەنمەن. گۈلشەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنىڭ ئېرىنى تارتىۋاپتۇمىش. سىلەر ئاياللار بۇ خىل ۋەزىيەت ئالدىدا قانداق قىلىسىلەر، بىلمەيمەن. لېكىن، بىر ئەر كىشىگە نىسبەتەن، ئەڭ چوڭ چارىسىزلىق تىل بىلەن جەڭ قىلىش ئىكەن. بىچارە گۈلشەننىڭ «ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار خاتالاشتى، مېنى خورلىدى...» دېگەن نالىلىرى ھېلىقى تۆت - بەش ئايالنىڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان پىلىموتتەك تىل ئوقلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ مەندىن مەدەت تىلەپ كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ماڭا تەلمۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇ بىچارە ھالىنى ئەرلىك غۇرۇرۇم بېسىپ چۈشتى. ئۇنى كىشىلەرنىڭ، خىزمەتداشلىرىنىڭ كۆزىچىلا دارقىرىتىپ سۆرەپ ماشىنىغا بېسىپ ئۆيگە ياندۇرۇپ ئېلىپ كەلدىم. مەن ئۇنىڭ ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ يارقىسىغا كىرىۋالغانلىقى، كۆيۈپ قالدىم دەپ ھەتتا ئىدارىسىگىچە بېرىپ، كوچىلاردا ئالدىنى توسۇپ ئارامىدا قويمىغانلىقى، بۇنى ماڭا نومۇس قىلىپ دېيەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، يىلىنىپ - يالۇۋۇرۇشلىرىغا قارىماي ئۇنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتىم. شۇنچە كۆپ ئا-

دەملەر ئارىسىدا كۆلى كۆككە سورۇلغان ئەرلىك غۇرۇرۇم ئەقلىمنى كېسىپ قويغانىدى. گۈلشەن بۇنىڭلىق بىلەن يا-مانلاپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتمىدى. سوتقا ئەرز سۇندى، ئا-خىر ساقچىلارنىڭ، ئاياللار بىرلەشمىسىدىكى خادىملارنىڭ ۋە ئىدارىسىدىكى رەھبەرلەر، خىزمەتداشلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىش-نىڭ ھەقىقىتى گۈلشەن ئېيتقاندەك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، بەك خىجىل بولدۇم. سىز بىر ئايال بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن گۈلشەننىڭ قانچىلىك خورلۇق تارتقانلىقىنى مۆلچەرلىيەلەيسىز. شۇ چاغدا ئۇ بىگۇناھ ھاقارەتلىنىپ باشقىلار تەرىپىدىن خارلىنىۋاتقاندا، مەن ئۇنىڭ ئېرى تۇرۇپ قوغداش تۇگۇل، ئۇنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ بەرگىنىمنى ئويلىسام ۋىجدانىم ھازىرغىچە ئازابلىنىدۇ. ئىشەنچسىزلىك ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئادىمىيلىكىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدىكەن. قاراڭ، مەن ھازىر گۈلشەننىڭ، بىر ئاجىز ئايالنىڭ نەزىرىدە قايسى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدىم؟

شۆھرەت ھەسرەتلىك بىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن گۈلشەننى بەك ياخشى كۆرىمەن، مەن ئۇنى دەپ بۇ يۇرتقا ئۇرۇمچىدىن كېلىپ تۇرۇپ قالغان. ھازىر بۇ شەھەرگە مېھرىم چۈشۈپ قالدى، يېقىندا ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئۆستۈرۈلدۈم، مۇشۇ شارائىتىم بىلەن گۈلشەننى ماددىي جەھەتتىنمۇ تويۇندۇرالايمەن، گۈلشەنمۇ مېنى، ئائىلىمىزنى سۆيىدۇ. ئۇ دۇرۇس ئايال، ئۇنىڭغا ئازار بەرگۈم يوق.

شۆھرەتنىڭ بۇ بايانلىرىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىمگە ئىختىيارسىز ياش كەلدى. ئۆزۈمنىڭ ئائىلىسىنىلا ئەمەس، بۇ ياش ئەر - ئاياللارنىڭمۇ ئائىلىسىنى قوغداپ قېلىشتەك بىر ئىستەك تەبىئىي يوسۇندا كۆڭلۈمگە ئورناشتى. مەن شۇنچىلىك ئالىيجانابمۇ ياكى ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقمۇ، بۇنىسىنى پەرق ئېتىشكە ماجالىم قالمىغانىدى، مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، شۆھرەت ۋە مەن رىئاللىق-

نىڭ ئىچىگە كىرىپ مەسىلىنى ھەل قىلغىنىمىز ئەڭ تۈزۈك.
— ئۇنداقتا بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟ — مەن قول سومكام-
دىن ھېلىقى تېلېفون خاتىرىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندۇم.
ئۇ قارا دۈگىلەك ئىچىگە ئېلىنغان ئۆزىگە بەكمۇ تونۇش بول-
غان تېلېفون نومۇرىغا قاراپ قېتىپلا قالدى، ئۇنىڭ قەغەز
تۇتقان قولى بىلىنەرلىك تىترەيتتى. ئۇ قەغەزلەرنى ماڭا ياند-
دۇرۇپ بېرىپ، شىرەگە جەينەكلىگەن قوللىرى بىلەن بېشىنى
چاڭگاللاپ بىرھازا خىيالغا پېتىپ سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ كەت-
تى، ئەرلەر قارىماققا قەيسەر كۆرۈنگىنى بىلەن بەك ئاجىز
ئىكەن، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئائىلى ۋە مېنىڭ ئېرىم تەرىپىد-
دىن قاتتىق خورلاندى. ئەركەكلىكى پايخان قىلىندى. بىر ئەر
ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولارمۇ؟! بۈگۈنكى رەسۋاچد-
لىقنى ئۇ ئۇقمايلا قالسۇن. مەن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇز-
دۇم.
— شۆھرەت، قانداق قىلاي دەيسىز؟
ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كەسكىن دېدى:
— مەن بۇ ئىشقا چوقۇم ئىگە بولىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ.
مېنىڭ ئائىلەمنى ۋەيران قىلغۇم يوق. بىزنىڭ ئۈچ بالىمىز
بار. ئۇلارغا ئۆز ئاپىسى كېرەك.
— مېنىڭ ئېرىمدىن ئايرىلىپ قالغۇم، بالىلىرىمنى تۇر-
مۇشنىڭ باياۋانلىرىدا سەرسان قىلغۇم يوق.
— ھەممىمىزگە تىنچلىق كېرەك، سىزگە مەدەت بولسۇن
ئۈچۈن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي. بەلكىم ھەر ئىككىلىمىز-
نىڭ سەۋرچانلىقىنى ساقلاپ قېلىشىمىزغا ياردىمى بولار.
— مەن گۇلشەننىڭ ئىككىنچى تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قال-
غاندا قېرىنشقاندەك ئۈرۈمچىگە بىر ئايلىق كاماندىروپكىغا
كېتىپ قالدىم. بۇ جەرياندا باشقا يۇرتتىن كەلگەن بىر ئوقۇ-
غۇچى قىز بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، كەچۈرگۈسىز گۇناھتىن
بىرنى ئۆتكۈزۈپ قويدۇم. ئىش تۈگىگەندە ھەرقانچە قىلسىمۇ

www.uyghurkitap.com

ئورنىغا كەلمەيدىكەن. مەن كاماندىروپكىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلدىم. گۈلشەن مەن قايتىپ كېلىپ ئەتىسىلا يەڭگىدى. بالا قوشكېزەك ئوغۇل ئىدى، شۇ ۋاقىتتىكى خۇشاللىقىمنى سىز ھېس قىلالمايسىز، ئۈچ بالىنىڭ دادىسى بولغانلىقىمدىن چەكسىز شادلاندىم، پەخىرلەندىم. بىر ئەر بولۇشنىڭ لەززى-تىنى تازا تېتىدىم، گۈلشەننىڭ ئاتا ـ ئانىسى تالاشقانغا ئۇنى-ماي، دوختۇرخانىدىن ئۇدۇللا ئۆيىمىزگە ئەكېلىۋالدىم، بىراق خۇشاللىقىم ئۇزاققا بارمىدى، گۈلشەن قىرقى ئىچىدە ئىدى، ھېلىقى قىز بىر كۈنى مېنى ئىزدەپ ئۆيگىلا كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ بويىدا بار ئىكەن. شۇ چاغدىكى گۈلشەننىڭ ئېچىنىش-لىق ھالىتىنى مەڭگۈ تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. گۈلشەن ھېلىقى قىزنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— سىز تېخى كىچىك، ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغان يىگىت تاپالايسىز. مېنى كۆردىڭىزمۇ؟ سەمرىپ ئىسكەتىمدىن قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۈچ بالامنى قانداق باقىمەن؟ ئۆتۈنەي، سىڭلىم، ئېرىمنى قويۇۋېتىڭ.

گۈلشەننىڭ يىلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلىرىغا چىدىيالمىدىم. بوۋاقنى باغرىغا تېڭىپ قىزغا يۈكۈنۈپ يالۋۇرۇۋاتقان گۈلشەن-نىڭ ئالدىغا كېلىپ لوككىدە چۆكتۈم. تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىمنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدىم. بۇ مېنىڭ ئەر سانىلىپ تۇنجى قېتىم كۆز يېشى قىلىشىم ئىدى. گۈلشەن ئىككى بوۋاقنى ماڭا تۇتقۇزدى ـ دە، يۈگۈرگەنچە ياتاق ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، ئەللىك مىڭ يۈەنلىك پۇل چېكىنى ئېلىپ چىقىپ قىزنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئېلىڭ، سىڭلىم، بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭكى. يۇرتىڭىزغا كېتىڭ، مۇشۇ پۇل بىلەن ئۆي سېتىۋالسىڭىزمۇ ياكى بىرەر ئىشنىڭ ئېپىنى قىلىۋالسىڭىزمۇ جان بېقىپ كېتەلەيسىز. ماڭا ئائىلەمنىڭ تىنچلىقى، ئۈچ بالامنىڭ دادى-سى كېرەك. باشقا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، ئۆتۈنەي، سىڭ-

لىمىم.

مەن قىزنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ھامىلە چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرغاندىن كېيىن ئۇنى يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويدۇم، ئۇ پۇلنى ئېلىپ جىمىمدە كېتىپ قالدى. گۈلشەن نەچچە ئايغىچە خامۇشلا يۈردى. ئۇ ماڭا ناھايىتى ئاز گەپ قىلاتتى. يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىمغا ئۈنسىز، ئىپادىسىز قاراپ تۇراتتى. باللارنى باغرىغا بېسىپ ئۈنسىز ياش تۆكەتتى. ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن بۇ جازاسى مېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغاندىنمۇ بەتتەر قىينايتتى، ئاشۇ كۈنلەردە قانچىلىك ۋىجدان ئازابى تارتقانلىقىمنى بىلمەيسىز. خوتۇن - بالىلىرىمنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈپ ئۆز گۇناھىمنى يۇيۇشنى ئىچىمدە مىڭ يادلاپ يۈردۈم. ئۇنىڭغا ھەددىدىن ئارتۇق كۆيۈنۈشلىرىم، ۋاپادارلىق كۆرسىتىشلىرىم ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئىللىتتى بولغاي، ئەسلىگە قايتىپ قالدى. مانا باللارمۇ چوڭلاپ قالدى، باللىرىمغا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىچى كۆيىدۇ. ئەتراپىمدىكى ئەرلەر بەختىمگە ھەۋەس قىلىشىدۇ. لېكىن، بۇ بەختىمنىڭ ئارقىسىغا بىر ئازابلىق سىر يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەمدى گۈلشەننىڭ دىلىغا ئازار بەرگۈم، گۈلشەندىن ئايرىلىپ قالغۇم تېخىمۇ يوق. باللارنى خاتىرجەم مۇھىتتا ساغلام چوڭ قىلىشىم كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسام، پەقەت نەسىل قالدۇرالىغان بولغۇدەكمەن. بىراق، دادا بولالمىغۇدەكمەن. بىر پارازىت قۇرتمۇ نەسىل قالدۇرالايدىغۇ؟ مەن بۇ ھەقىقەتنى ئۆز سەۋەنلىكلىرىمدىن ھەقىقىي تونۇپ يەتتىم.

شۆھرەت يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— تېلېفون خاتىرىسىدىكى نومۇرلاردىن باشقا ئۇلارنىڭ ئۇچراشقانلىقىنى كۆردىڭىزمۇ؟

— ياق، ياق...

— ئابايا گۈلشەن بار يەردىن كەلدىم... ساقچىغا تاپشۇرۇپ

بەرسەممۇ بولاتتى... دېگەندەك گەپلەرنى قىلىۋاتاتتىڭىزغۇ؟ ماڭا
راست گەپ قىلىڭ. مېنىڭ ئالدىنىپ يۈرگۈممۇ، سىز ئېيتقان-
دەك ئەرلىك غۇرۇرۇمنى سۇندۇرغۇممۇ يوق.
مەن ھودۇقۇپ قالدىم.
— ياق، ماڭا ئىشىنىڭ، ئۆزىڭىز گۈلشەننى چايغا كەتتى، دې-
دىڭىزغۇ، ساقچىغا تاپشۇرىدىغىنىم... شۇ... ھېلىقى... ئاپايا
سىزگە كۆرسەتكەن ۋاراقلارنى... دەيمەن...
— بولىدۇ، مەنمۇ ئارتۇقچە گۇمانخورلۇق قىلماي، گۈلشەن
بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىپ كۆرەي، ئۇ يەنىلا مېنى، ئائىلىمىزنى
سۆيسە ئۇنى قوغداپ قېلىشقا رازىمەن.
شۆھرەت مېنى ئۆيۈمگىچە ئەكېلىپ قويۇپ كېتىپ قال-
دى. مەن بىنا ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ
ئولتۇردۇم.
قېيىنئانامنىڭ ئالدىغا بارماي بولمىدى. ياشىنىپ قالغان ئا-
نىنى پاراكەندە قىلغۇم يوق ئىدى. بىراق، ئېرىم بۇنىڭلىق بىلەن
گۈلشەندىن ۋاز كەچمەيدۇ. قارىغاندا، ئائىلىمىزدىنمۇ ۋاز كەچ-
كۈسى يوقتەك قىلىدۇ. دېمەك، ئۇ ئايالنى ئالداپ ئۆتمەكچى
ئوخشايدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە شامال ئۆتمەيدىغان تام يوق دې-
گەندەك، ئائىلىمىزدىكى تىنچسىزلىق ھامان ئاشكارىلىنىدۇ. ئۇ
چاغدا قېيىنئانامغا تېخىمۇ چوڭ پاراكەندىچىلىكنى تۇغدۇرۇپ
بەرمەسمۇ؟! ئەگەر بىر ئانىنىڭ نەسىھەتىمۇ كار قىلمىسا بۇنداق
ئەرنى تۇتۇپ قالغىلى بولمايدۇ، ھەم بۇنداق ئەر ئۈچۈن ئازاب
چېكىپ يۈرۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئىسىت باللار...
مەن ئېرىمنىڭ ئۆيگە كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ بې-
قىش ئۈچۈن ئۆيگە كىردىم. كىرىپلا بوسۇغىدىكى پالاسقا قارد-
دىم. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئېرىمنىڭ بىر جۈپ ئايىغى تۇراتتى. بۇ
ھال مېنىڭ دەردلىك كۆڭلۈمگە ئاللىقانداق بىر ئىللىقلىق يام-
رىتىپ يېنىك تىنىدىم ۋە ئارقامغا يېنىپ چىقىپ كەتتىم. چۈن-
كى، ئۇنىڭ بىلەن يۈزلەشكۈم، ئۇرۇشۇپ ـ تالاشقۇم يوق. ئەر-

زىمدۇ؟ قېيىنئانامنىڭكىدە يېتىپ قالارمەن.
يېرىم كېچىدە ئىشىكنىڭ قېقىلىشىدىن چۆچۈگەن قېيىنئا-نام ئەنسىز ۋارقىرىۋەتتى.
— كىم؟
— مەن، ئانا.
— ھە، سىزمىدىڭىز، قىزىم، — ئۇ ھاسىراپ كەتكەندى، — يېرىم كېچىدە سىزگە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ - ھە؟
— ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى، ئانا.
— يۈرۈڭ، قىزىم، بىرەر نەرسە يېگۈڭىز بارمۇ؟
— ياق، ئانا، ھېچنېمە يېمەيمەن.
مەن قېيىنئانامغا ئەھۋالنى يىغلاپ تۇرۇپ قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. ئۇ گەپلىرىمنى سەۋرچانلىق بىلەن تىڭشىدى.
— بەك غەيرەت قىپسىز، قىزىم. چىداملىق ئىكەنسىز، ئاللا دۇرۇس نىيەتلىك بەندىسىنىڭ رىزقىنى ھەرگىز قاچۇرمايدۇ. بىر ئانا تۇرۇپ بىلمەپتىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى، ئۇنىڭ سىزگە مېھرى چوڭقۇر، ئىككىڭلار كۆڭلى قاملاشقان ئەر - خوتۇنلار. «ئازماس ئاللا» دەپتىكەن، قىزىم. ئۇ دۆيۈز بىر قېتىم ئېزىپتۇ. بالامغا جان بەرگىنىم بىلەن ئەقىل بېرەلمەپتىمەن. سىزمۇ ئەپۇچان بو-لۇڭ، ھەممىنى مەن ئوڭشايمەن. ئوڭشىيالمىسام ئاخىرقى ئۆمە-رۈمدە سىز بىلەن ياشاپ ئۆتەرمەن. ھازىر خاتىرجەم يېتىپ ئۇخلاڭ، ھاردۇق يەتكەندۇ ھەرقاچان.
قانداقمۇ ئۇيقۇ كەلسۇن؟ گادىرماچ خىياللار ئىچىدە مېڭەم غوڭۇلدايتتى، قېيىنئانامنىڭ ئۇھسىنىشلىرى يۈرىكىمنى تېخى-مۇ ئېزەتتى.
مەن سەھەر تۇرۇپ ئىشقا مېڭىشقا تەرەددۇتلاندىم، ئەينەككە قاراپ چۆچۈپ كەتتىم. بىر كېچىدىلا مومايغا ئايلىنىپ قالغان-دىم. قىزىرىپ ئىششىغان، نۇرى قاچقان كۆزلىرىم، تاتارغان چىرايىم... ئاھ، تەڭرىم. شۇنچە يىل بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، بىر تەرەپتىن تۈگىمەس ئائىلە ئىشلىرى،

بالا تەربىيەلەش، ئاشخاننى روناق تاپقۇزىمەن دەپ پالاقشىشلى-
رىم ئىسكەتىمنى بۇنچە بۇزۇۋەتمىگەنىدى، دىل ئازارى، كۆنداش-
لىق نېمىدېگەن يامان.

— مەن بىلەن بىللە بېرىڭ، قىزىم، — قېيىنئانامنىڭ بۇ
سۆزى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى، — دەرقەمتە تۇرۇپ سۆزلەش-
كىنىمىز تۈزۈك.

بىز تېز تاماقخانىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بوسۇغىدىلا ئۇچ-
رىشىپ قالدۇق. قېيىنئانامنى باشلاپ كەلگىنىمنى كۆرۈپ ئې-
رىم ھەممىنى چۈشەندى بولغاي، چىرايى بوزىرىپ كەتتى ۋە ھو-
دۇققانچە بىزنى بىر ئايرىمخانىغا باشلىدى.

— نېمە تاماق يېگۈڭلار بار، ھازىرلا تەييار قىلىمەن.

— ھارام نەرسىنى يېمەيمەن، — قېيىنئانام مىچچىدە يىغلى-
ۋەتتى.

— ھارام دەيسىزغۇ، ئانا... ئاران بىر كەلگىنىڭىزدە...

قېيىنئانام تاراملاپ تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ
ئۇچىدا ئېرتىپ ئۇلگۇرمەيتتى:

— ھازىر قىلىۋاتقانلىرىڭ ھارام بولماي نېمە؟ تۇۋا، جېنىم
بالام، سېنىڭ كۆڭلۈڭگە قانداق قىلىپ ھارام چۈشۈپ قالغاندۇ ـ
ھە؟ جايناماردىن قوپماي ئولتۇرۇپ قىلغان دۇئالىرىم نەگە كەت-
تى، يىگىتلىككە يېتىپ قالغان ئوغلۇڭغا ئاشۇنداق دادا بولماق-
چىمۇ؟ سەن ھارامدىن ھارام پۈتىدۇ. ئوغلۇڭنىڭ كەلگۈسىدە
ھارامغا پېتىپ يۈرۈشىگە، قىزىڭنىڭمۇ كەلگۈسىدە بىر ھارام
يولغا ماڭغان نىجىسنىڭ قولىدا خارلىنىشىغا قاراپ تۇرالامسەن؟
يۈرىكىڭ چىدارمۇ؟ سېنىڭ قىلغانلىرىڭغا مەن چىدىمىدىم،
بالام. كۆيۈرلۈق ئەرنى يىقىتىدۇ، چېكىدىن ئاشقان ھەرقانداق
بىر ئىشنىڭ ھامان سورىقى بولىدۇ.

ئانام تىلىقىپ ـ تىلىقىپ يىغلايتتى.

— ئانا، يىغلىماڭ، يىغلىغىنىڭىز مېنى قارغىغانلىقىڭىز ئە-
مەسمۇ؟

— بىلەمسەن شۇنى، بالام؟ ئاشۇ ئىشنى قىلغىنىڭدا مېنىڭ، ئايالىڭنىڭ، بالىلىرىڭنىڭ يىغلىشىنى ئويلىمىغانمىدىڭ؟ مەنغۇ يىغلاپ ـ يىغلاپ گۆرگە كىرىپ ئارام تاپارمەن. بىراق، بالاڭ ئۆ ـ مۈرلۈك يىغلاپ قالماسمۇ؟ بۇنىڭ ئۇۋالى كىمگە؟ ئەلۋەتتە ماڭا، ساڭا، گۆردىكى داداڭغا بولىدۇ. گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— نېمە دەيمەن، ئانا، — ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك بوش ئىدى.

— هارامدىن قول ئۈزەمسەن، يوق؟ ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساڭ بەرگەن ئاق سۈتۈمگە ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى ئەمەسمەن.

— بولدى، ئۇنداق گەپنى ئاغزىڭىزدىن چىقارماڭ، ئانا، — ئۇنىڭ ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك چىقتى.

مەن زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىدىم. ئايرىمخانىدىن يۈگۈرگەنـ ـچە چىقىپ كەتتىم. ئارقامدىن دەمبەس قەدەم چىققان قېيىنئانام قولۇمدىن چىڭ تۇتۇۋالدى.

— يۈرۈڭ، قىزىم. كۆڭلۈم بەك بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. دادىـ ـڭىزنىڭ تۇپراق بېشىغا بارايلى. رەھمەتلىكنىڭ روھى سېزىپ قالدىمۇ، يېقىندىن چۈشۈمگە تولا كىرىدىغان بولۇپ قالدى، چۈ ـ شۈمدە ئۇ هە دېگەندە بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ.

— مەن ئاپىراي، ئانا، ئېرىم ئانىسىغا تەلمۈرۈپ قارىدى. ئۇ ـ نىڭ بۇ قارىشىدىن خىجالەتچىلىك، ئۆتۈنۈش چىقىپ تۇراتتى.

ئانا ئوغلىنىڭ بۇ هالىتىگە چىدىمىدى بولغاي، كۆز ياشلىرى يەنە تاراملاپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

— بولىدۇ، بالام، سەنمۇ بار. ئاشۇ ساناقسىز قەبرىلەرنى كۆ ـ رۈپ ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسىنى هېس قىلىپ كۆر. ئاندىن هاياتنىڭ قىممىتىنى، هاياتلىقتا تىرىكلەر بىر ـ بىرىنىڭ قەدرىنى قىلىپ ياشاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىپ قالارسەن. ئوغرىنىڭ يۈرىكى بىر ئۆمۈر دەككە ـ دۈككىدە ئۆتىدۇ. سەنمۇ بىر چوڭ ئوغرى، بىلەمسەن، بالام، ئەتراپىڭدىكى يېقىنلىرىڭنىڭ خاتىرجەملىكىـ ـنى، بىراۋنىڭ ئائىلە بىرلىكىنى ئوغرىلىدىڭ، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ گۇناھلىق ئىش بولماس.

www.uyghurkitap.com

— بولدى قىلىڭ، ئانا، دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن.

قەبرىستانلىق شۇنچىلىك تىمتاس، سۈرلۈك ئىدى. ئاددىيغىنا قوپۇرۇلغان قەبرە ئالدىدا ئۈچەيلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇق. ئوغلىنىڭ قىسقا، ئەمما مۇڭلۇق قىرائىتىنى ئاڭلاپ دىللى ئېرىپ، كۆڭلى بۇزۇلغان ئانا يىغلاپ تۇرۇپ دۇئا ـ تىلاۋەت باشلىدى.

«ئېھ، قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا! ئوغلۇمنى دادىسىنىڭ روھى يۆلىشگە قادىر قىلغايسىز، دىلىغا ئىمان ـ پاكلىق بەرگەيسىز...» ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ قۇيۇلاتتى، لەۋلىرى توختاۋسىز قىمىرلايتتى.

— ... مىنىڭ مەرتەم رازى...

بۇ ھالغا زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئېرىم قەبرىنى قۇچاقلاپ ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئائىلىمىز تىمتاسلىققا چۆمدى. ئۇ بالىلارغا ئادەتتىكىدەك مۇئامىلە قىلاتتى. زۆرۈر تېپىلمىسا ماڭا گەپ قىلمايتتى. بەزى ھاللاردا تېز تاماقخانىدىلا ئۇخلاپ قالاتتى، بۇنداق چاغدا بالىلارغا تېلېفوندا ئۆيگە كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلغانلىرى قېيىداشمۇ، ماڭا بولغان ئۆچمەنلىكمۇ ۋە ياكى گۈلشەننى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەي قىينىلىۋاتامدۇ، بىلمىدىم. بەلكىم ھەممىسى باردۇر. ئۇنىڭغا بىرئاز ۋاقىت بېرىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدىم. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىز قوغلاپمۇ بارمىدىم. بارغان ـ تۇرغان جايلىرىنى سوراپمۇ قىينىمىدىم، مەيلىگە قويۇۋەتتىم. مەيلى ئۇ نېمىلا قىلمىسۇن، ئائىلىسىدىن ۋاز كەچمىگەنىدى. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ ئۇچۇن قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق ئىشلارنى ئۇنسىز ئورۇنلاپ، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ سەمىگە ئايالى بارلىقىنى سېلىپ تۇردۇم.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈلشەندىن ماڭا تېلېفون كەلدى. ئۇ ماڭا مەن بىلەن بىر كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى دېدى.

مەن ئۇنىڭغا ئىلگىرى شۆھرەت بىلەن بارغان چايخانىغا بېرىش تەكلىپىنى بەردىم، بىز ئاشۇ رەڭلىك چىراغلار جۇلالىنىپ تۇرغان چايخانا ئالدىدا ئۇچراشتۇق، چايخانىغا كىرىپ ئىككى كىشىلىك ئايرىمخانىغا جايلىشىپ ئاز - تولا مېۋە شەربىتى ۋە يېمىشلەرنى بۇيرۇتۇپ قويدۇق.

گۈلشەن بىئەپ ھېس قىلدىمۇ، ماڭا يەر تېگىدىن لەپپىدە قاراپ قوياتتى - دە، قولىدىكى مېۋە شەربىتى قۇيۇلغان ئىستاكاننى سۇس تىترىگەن قوللىرىدا سىقىملايتتى. ئۇ ئاشۇنداق قىلىش ئارقىلىق قولىنىڭ تىترىشىنى مەندىن يوشۇرۇپ قالماقچى بولسا كېرەك. ھازىر ئۇنىڭدا بۇرۇنقى كۆرەڭلىكنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىغانىدى، مەن ئاخىر بۇ خىل ھالەتنى بۇزۇپ سۆز باشلىدىم.

— مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش شۇنداق زۆرۈر بولۇپ قالغانمىدى؟

— شۇنداق، ماڭىلا ئەمەس، ھەر ئىككىمىزگە زۆرۈر دەپ قارىدىم. ھازىر مۇناسىۋىتىڭلار قانداق؟

— سىزچە قانداق بولسا بولاتتى؟

گۈلشەن بۇ كىنايىلىك سۆزۈمدىن ئەندىكىپقىنا قارىدى، ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدە يېلىنىش بالقىپ تۇراتتى:

— ئەلۋەتتە ياخشىلىنىپ كېتىشىنى خالايمەن.

— بۇ راست سۆزىڭىزمۇ؟ ئەگەر راست شۇنى ئۈمىد قىلسىڭىز، ھازىر تۇرمۇشىمىز ناھايىتى خاتىرجەم.

— سىز مېنىڭ ئېرىم بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىنكى ئىشلارنى بىلگۈڭىز يوقمۇ؟

— ئەلۋەتتە بىلگۈم بار. ئېرىڭىز سىزنى تىنچلاندۇرغان بولسىلا، مەن تېخىمۇ بەك خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن بولىمەن.

— تەنە قىلىشمايلى، سەمىمىي كۆڭلىمىز بىلەن پاراڭلاشساقمىكىن دەيمەن.

— سىزدە سەمىمىيەت بولسىلا مىڭ قەترە شۈكۈر دېگەن بولاتتىم.

گۈلشەن ياش يامرىغان خۇمارلىق كۆزلىرىنى يەرگە ئاغدۇر-دى:

— بىلىمەن، سىز مېنى ساختىپەز دەپ بىلىسىز. بىراق، سۆزۈمنى سەۋر بىلەن ئاڭلىسىڭىز مېنى خاتا ئەيىبلىگىنىڭىزنى بىلىپ قالىسىز.

— مەنمۇ شۇ ئۈمىدتە. سىزنى خاتا ئەيىبلىگەن بولۇپ چىق-سام، دىلىمدىكى جاراھەت ئىغىزى پۈتكەن بولاتتى.

گۈلشەن ماڭا قاراپ ھېكايىسىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا گۈلشەن خەدىچە بىلەن ئۆي تازىلاۋاتاتتى. تېلېفون سايراپ كەتتى. گۈلشەن تېلېفوننىڭ كۆرسىتىش ئېكرانىدىن شۆھرەتنىڭ يانفون نومۇرىنى كۆرۈپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى.

— ۋەي، ياخشىمۇسىز؟

گۈلشەن تېتىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. شۆھرەتنىڭ يانفونىدىن باشقا بىر ناتونۇش ئاۋاز كېلىۋاتاتتى. ئۇ بىر ئازدىن كېيىن ئەس-لىگە كېلىپ ياندۇرۇپ سورىدى.

— سىز كىم بولىسىز؟

— بۇ يانفوننىڭ ئىگىسى بىلەن يىگىرمە مىنۇت ئىلگىرى ئالاقىلىشىپتىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئۇ مېنىڭ...

— تېز بولۇڭ، يانفون ئىگىسى قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ ها-ياتى خەۋپ ئىچىدە...

دەھشەتلىك چىرقىراشتىن ئەندىكىپ كەتكەن خەدىچە ۋە با-لىلار يۈگۈرگىنىچە گۈلشەننىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— ئاچا...

— ئاپا...

...

نارەسىدىلەر سافاغا يۆلەنگىنىچە يەردىلا ئولتۇرۇپ قالغان ئا-پىسىغا ئېسىلىپ يىغلىشاتتى. خەدىچە بولسا نېمە قىلارىنى بىل-

مەي گۈلشەننى يۆلەشتۈرۈپ باقتى. لۆڭگىنى ھۆلدەپ، تىترەك باسقان بەدەنلىرىنى، تاتارغان يۈزلىرىنى سۈرتتى. گۈلشەن بىر - دىنلا ئېسىنى تاپقاندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.

— ئاچا، كېيىمىڭىزنى يەڭگۈشلىۋېلىڭ...

خەدىچەنىڭ گېپى جاۋابسىز قالدى.

گۈلشەننىڭ ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىنا ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەن بىر كىرا ماشىنىسى شوپۇرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ «ماشىنا كېرەكمۇ؟» دېدى. گۈلشەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ «دوختۇرخانىغا مېڭىڭ» دېدى.

ئۆي بىلەن دوختۇرخانا ئارىلىقى گۈلشەنگە خۇددى ئايغى چىقماس يولدەك بىلىنىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى.

ئۇ ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟

گۈلشەننىڭ كاللىسىدا بۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. دەھشەتلىك بىر ۋەھىمە ئىچىدە يۈركى ئاغاتتى. مېڭىسىنىڭ ئىچىدە تۈمەن مىڭ ھەرە غوڭۇلدايتتى.

دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى ئالدىدا تۇرغان قاتناش ساقچىسى كىرا ماشىنىسىدىن چۈشۈپ يەر دەسسىگۈدەك - مۇ مادارى قالمىغان گۈلشەننى يۆلىۋالدى ۋە كېسەلخانىغا باشلاپ كىردى.

ئاھ، تەڭرىم! گۈلشەننىڭ بوسۇغا ئاتلاپ كىرىشىگە ئۆلگۈ - رۈپ، دوختۇرلار جىددىي قۇتقۇزۇش ئۇنۇم بەرمەي جان ئۈزگەن كىشىنىڭ يۈزىنى ئاق ئەدىيالدا ئاستا يېپىپ قويۇشتى. ئەدىيال قانغا بويالغانىدى. گۈلشەن دەھشەتلىك چىرقىراپ ھوشىدىن كەتتى. دوختۇرلار يەنە جىددىي قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە كىرىشىپ كەتتى.

گۈلشەن ھوشىغا كەلگەندە ئۇ ئۆزىنى باشقا بىر ئاپپاق ئۆيدە كۆردى، ئۇ ئۆرە بولۇش ئۈچۈن تىركەشتى - يۇ، بەدىنىنى زادىلا قىمىرلىتالمىدى. كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۆزىنىڭ نەدە ياتقاز -

لىقىنى بىلمەكچى بولدى، بىراق كۆز ئالدىنى بىر قەۋەت تۇمان قاپلىۋالغاندەك ھەممە نەرسە شۇنچىلىك تۇتۇق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تېخىمۇ كۈچەپ باقتى. ئاشۇ تۇمان ئىچىدە غۇۋا بىر گەۋدىنى كۆردى، كۆردى ـ دە، ئىتتىك كۆزىنى قايتا يۇمۇۋالدى.

شۆھرەتكە ئەجەب ئوخشايدىكىنە، ياق، ئۇ ئەمەس. ئۇخلاپ چۈشەكەۋاتامدىم يا؟ ئۇ يۈزۈمگە يۈزىنى يېقىپ يىغلاۋاتامدۇ نېمە؟ يۈزلىرىم بەك ھۆل بولۇپ كەتتىغۇ!... ئەجەب تونۇش ھىد... شۆھرەت يېنىمدا بارمىدۇ؟!... توغرا، توغرا، تېلېفون... ئاندىن مەن دوختۇرخانىغا كەلگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن...

— ياق، ياق... — گۈلشەن چاچراپ ئورنىدىن تۇرغانچە ئالدىدىكى گەۋدىگە تىكىلىپ قېتىپلا قالدى.

ئۇ شۆھرەت ئىدى ! ئۇ گۈلشەننىڭ قولىنى چىڭ سىقىملىغىنىچە گەپ قىلىۋاتاتتى.

— گۈلشەن، بۇ مەن. ئېسىڭىزنى تېپىڭ. قورقماڭ، مەن ھايات! سىز ۋە باللىرىم ئۈچۈن بولسىمۇ ياشايمەن، بىز بىللە قېرىيمىز. گۈلشەن، گۈلشەن...

— راستلا سىز شۇمۇ؟ سىز راستلا ھاياتما؟ چۈشۈم ئەمەستۇ ـ ھە؟

— مەن ھايات. مانا مەن قولىڭىزنى تۇتۇپ تۇرمامدىم.

— بۇ... بۇ قانداق ئىش؟

— ساقچىلار ئالماشتۇرۇپ قويۇپتۇ، گۈلشەن. ئۆلگۈچى ئەسلىدە بىر ئوغرى. مېنىڭ يانفونۇمنى ئوغرىلىغان ئوغرى، — شۆھرەت سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىزگە تېلېفون قىلىپ بازاردىن لازىملىق نەرسە سېتىۋالغاچ كىرىمەنمۇ، دەپ سورىسام، سىز مېۋە ئالغاچ كىرىشىمنى ئېيتتىڭىز. شۇنىڭ بىلەن مەن مېۋە بازىرىغا بېرىپ باققالدىن مېۋە سېتىۋېلىۋاتسام يانفونۇم سايراپ كەتتى. شەھەر باشلىقىدىن كەلگەن تېلېفون ئىكەن. ئۇ جىددىي ۋەزىيە بارلىقىنى، تېزدىن ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا بېرىشىم لازىملىقىنى ئېيتتى. سۆزلىشىپ بولۇپ يانفوننى يانچۇ-

قومغا سالاي دەپ تۇرسام، تۇيۇقسىز بىر ئوغرى يانفونۇمنى ئېلىپ قاچتى. ئۇنى قوغلاشقا، ساقچىغا مەلۇم قىلىشقىمۇ ئامالسىز قالدىم، چۈنكى شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە دەرھال بې-رىشىم كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ماشىنىنى ياندۇرۇپ ئارقامغا قايتتىم. شەھەر باشلىقى ھەرقايسى ئىدارە ـ ئورگان مەسئۇللىرىغا جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ يۇقىرىدىن كەلگەن رەھبەرلەر بىلەن بىللە يېزىلارغا بېرىشنى تاپشۇر-دى. ئۇ كۈنى بەك كەچ ئۆيگە قايتتىم. قولۇمدا يانفون يوق ھەم خىزمەت جىددىيچىلىكىدە سىزگە بۇ ئەھۋاللارنى ئېيە-تىپ قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن بولغان ئەھۋاللارنى بالىلاردىن ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ياذ-فونۇمغا تېلېفون قىلدىم. يەنىلا شۇ قاتناش ساقچىسى ئېلىپ سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئېيتىۋىدى، دەرھال دوختۇرخانىغا چاپتىم. ئەسلىدە يانفونۇمنى ئېلىپ قاچقان ئوغرى چوڭ يولنى توغرا كېسىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا مېۋە بازىرىغا مال يۆتكەۋاتقان چوڭ يۈك ماشىنىسى ئۇنى سوقۇۋېتىپتۇ، قاتناش ساقچىلىرى ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئادەملىرىنى تې-پىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدىكى يانفوننىڭ نومۇر خاتىرىلىد-گۈچىنى ئاختۇرۇپ بىزنىڭ ئۆينىڭ تېلېفون نومۇرىنى بې-سىپتۇ. سىز كېسەلخانىغا كىرگەن پەيتىڭىزدە ئوغرىدىن قان كۆپ چىقىپ كېتىپ قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي جان ئۈزگەنىكەن. چوڭ ئۇقۇشماسلىق شۇنىڭدىن كېلىپ چىد-قىپتۇ، سىز مېنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ بىلىپ ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشۈپسىز، يېنىڭىزدا قاراپ ئولتۇرغىلى نەچچە سائەت بولدى، گۈلشەن، بىلەمسىز؟

گۈلشەن ئېرىگە تىكىلگەنچە قېتىپ قالغان چىرايلىق كۆزلىرىنى ئاستا ھەرىكەتلەندۇرۇپ يەرگە ئاغدۇردى ۋە تۇ-گۈلگەنچە ئېرىنىڭ باغرىغا كىرىپ كەتتى. شۆھرەتنىڭ كەڭ كۆكرىكى ئۇنىڭ ئىسسىق ياشلىرى بىلەن نەمدەلدى.

— گۈلشەن، سىزنىڭ يېنىڭىزدا ئولتۇرغان مۇشۇ نەچچە سائەت ئىچىدە مەن جىق ئىشلارنى ئويلاپ چىقتىم. مەن ئۇ-چۇن سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ. بىلىمەن، سىزگە يۆلەنچۈك بولالمىدىم، دىلىڭىزنى رەنجىتتىم. سىزگە ئارقا — ئارقىدىن كەلگەن دىل ئازارى ئاخىر سىزنى يىقىتتى. بۇنىڭ ئورنىنى تول-دۇرىمەن، ئورنىڭىزدىن تۇرغۇزىمەن. گەپ قىلىڭ، گۈلشەن، نې-مە دېسىڭىز مەيلى. مېنى تىللىۋالسىڭىزمۇ، ئۇرۇۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ.

گۈلشەننى دوختۇرخانىدىن ياندۇرۇپ چىققان شۆھرەت بىر-قانچە كۈنگىچە ئىشقىمۇ بارماي ئۇنى كۈتتى. بۇ ۋاقىت گۈلشەن ئۇچۇن ناھايىتىمۇ تەستە ئۆتۈۋاتاتتى، پۇشايمان، نومۇس، دې-لىغۇللۇق بىرلىشىپ، خۇددى بەدىنىدە مىڭلاپ ئۆمۈچۈك قىد-مىرلاۋاتقاندەك ئازابلىماقتا ئىدى. ئۇيقۇسى قاچقان، يۈرىكى ئۆز رىتىمىنى بۇزغانىدى. ئۇخلايتتى — يۇ، ئۆزىنى قىپيالىڭ-غاچ ھالەتتە كۆرەتتى — دە، ئار — نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولۇپ ئۆزىگە مەسخىرىلىك قاراۋاتقان ئادەملەر توپىنى يېرىپ قاچات-تى. يا بولمىسا قىپيالىڭاچ ھالەتتە ناتونۇش بىر ئەر بىلەن بىر ئۆيگە سولىنىپ قېلىپ چىقالماي قىينىلاتتى ياكى تۇ-يۇقسىز بۇ ھالەتتە شۆھرەت پەيدا بولۇپ قېلىپ، بىر داس نىجاسەتنى ئۇنىڭ يۈزىگە تۆكەتتى — دە، باللارنى ئېلىپ يىراقلاپ كېتىپ قالاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى دەھشەت بىر سىقىلىشتا سىرقىرايتتى — دە، ئويغىنىپ كېتەتتى. ئوي-غىنىپمۇ ئەسەبىيلىك بىلەن چىرقىرايتتى، بۇنداق چاغدا شۆھرەت ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ تىنچلاندۇرۇشقا ئۇرۇناتت-تى، بىراق گۈلشەن ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى. باغرى-دىن بوشىنىشقا ئۇرۇناتتى، شۆھرەتنىڭ ئۇنى تىنچلاندۇرۇش ئۇچۇن قىلغان چىرايلىق سۆزلىرى بىلەن سەلگىنە ئېسىگە كەلگەن گۈلشەن يەنە تۇگۈلگەنچە ئۇنىڭ باغرىغا كىرەتتى، ئۆكسۈپ — ئۆكسۈپ يىغلايتتى، ئازاب ئىچىدە قىينىلاتتى. ئۇ-



uyghurkitap.com

نىڭ باغرىدا پەپىلىنىشكە، ۋەھىمە ئىچىدە قىيىنىلىۋاتقان يۈ-
رىكىنىڭ ئۇنىڭ ئىللىق باغرىدا تەسكىن تېپىشىغا، ئازغۇنلۇق
چىرمىغان جىسمىنى ئۇنىڭ باغرىغا قويۇشقا ۋىجدانى كۆيەتتى.
قىسقىسى، گۈلشەن ئېرىگە ئۆرە بېقىپ قاراشقا، زۇۋان سۈرۈش-
كە جۈرئىتى يوق ئىدى، بۇ ھالدىن شۆھرەت ئەندىشىگە چۈشۈپ
قالدى، ئىچى سىيرىلدى.

— جېنىم گۈلشەن، گەپ قىلىڭ. ماڭا قانداق گېپىڭىز بول-
سا قالدۇرماي دەۋېتىڭ. ئىچىڭىزنى بوشىتىڭ. بۇنداق ئىچىڭىز-
گە ئېلىپ يۈرىۋەرسىڭىز توڭىشىسىز. قاراڭ، بالىلارغا، ئۇلارنى
شۇنچە قىيىنغۇدەك نېمە گۇناھ قىلدى؟! ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدا مۇھەببەتتىن ھالقىغان ئائىلىمىزگە بولغان مەسئۇلىيەت
دىلىمىزغا ئورنىشىپ بولدى دەپ ئويلايمەن. ھەممىگە كۆزىڭىزنى
يۇمۇپ يېتىۋالسىڭىز بولمايدۇ.

گۈلشەن يوتقانغا پۈركۈنۈپ شۇنچىلىك ھەسرەتلىك يىغلىدى-
كى، شۆھرەتنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ كەتتى.

— گۈلشەن، بوپتۇ قانغۇچە يىغلىۋېلىڭ. ئىچىڭىزدىكى دەرد-
نى ماڭا دېگۈڭىز كەلسە ھەرۋاقىت دەردىڭىزگە دەرمان بولۇشقا
قادىرمەن. ئىلگىرى سىزگە كۆپ ھەمراھ بولالمىدىم. ئېرىڭىزلا
بولۇپ دوستىڭىز بولالماپتىمەن، ئەگەر دېگۈڭىز كەلمىسە ئۇمۇ
مەيلى، دەردنى قايتا ئېغىزغا ئېلىشمۇ ئازاب. مەيلى نېمىلا دې-
مەي، مانا مەن يېنىڭىزدا بار.

گۈلشەن ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ چىرايلىق بىر ھەرد-
كەتتە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئالىقانلىرى بىلەن پېشانە - چېكى-
لىرىنى ئۇۋۇلاپ قويدى ۋە سافا يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ بىر نۇق-
تىغا تىكىلگىنىچە سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

— شۇ تەرىقىدە كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتىۋەر-
دى، مەنمۇ ئاستا - ئاستا ئەسلىمگە كېلىشكە باشلىدىم. تۇرمۇ-
شىمىزمۇ ئىزىغا چۈشۈپ قالدى.

مەن ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ قانائەت تاپالمىدىم. نۇرغۇن

سوئاللار مېڭەمنى چىرمىۋالغانىدى.
— گۈلشەن، ئېرىڭىزگە ھېچبولمىغاندا چۈشەنچە بەرمىدى-
ڭىزمۇ؟ مەن شۆھرەت بىلەن دەل مۇشۇ چايخانىدا پاراڭلاشقان.
تېلېفون خاتىرىسىنىمۇ كۆرسەتكەنىدىم.
— بىلىمەن. دەل سىز 2105 - نومۇرلۇق ياتاقنىڭ ئىشىد-
كىنى چېكىپ قويۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇدۇل ئۆيۈمگە بې-
رىپسىز. مەن ئۆيگە كىرىشكە پېتىنالماي بىنا ئالدىدىكى گۈل-
لۈكتە ئېسىمنى يوقاتقان ھالدا ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ قالدىم.
قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، بىلمىدىم، سىز بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ
ھايال ئۆتمەي يېنىپ چىقتىڭىز، ئاندىن شۆھرەت چىقىپ
كەتتى. سىزنى ئاچچىقىدا شۆھرەتكە ھەممىنى دەيدۇ، دەپ پە-
رەز قىلىپ، ئۆيگە كىرىپ ئۇنى كۈتۈپ تۇردۇم. تاياق يېسەم
يەنە شۇنچىلىك يەرمەن. ھەممىنى ئېنىق دەپ مەسىلىنى ھەل
قىلاي، ئىشلارنى ئاخىرلاشتۇراي دېدىم. بىراق، ئۇ قايتىپ
كېلىپ ھېچنېمە دېمىدى. مۇئامىلىسىنىمۇ ئۆزگەرتمىدى،
چۈشەندۈرۈشكىمۇ پۇرسەت بەرمىدى، ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى مېنى
شۇنچىلىك ئازابلىدىكى، ساراڭ بولايلا دېدىم. شۇنداق كۈنلەر-
نىڭ بىرىدە ھېلىقى چوڭ ئۇقۇشماسلىق يۈز بېرىپ قالدى.
— كېيىنچۇ؟
— ئەگەر ئۇ راستلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا قانداق قىلار ئى-
دىم. شۇ دەقىقىدىلا ئۇنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغىنىمنى، ئۇنىڭ
مېنىڭ بارلىقىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئۆزۈمنى چۈشەن-
دۈرۈش ئىمكانىيىتىمۇ بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ۋىجدان
ئازابىدا چوقۇم ئېلىشىپ قالغان بولاتتىم. كېيىن ئىككىمىز
نۇرغۇن كۆڭۈل سىرلىرىمىزنى تۆكۈشتۇق. مەن ھەممىنى دې-
دىم، گۇناھىمنى تىلىدىم. بىراق، سىز 2105 - نومۇرلۇق ياتاق-
نى دېمىگەنىكەنسىز.
— شۇنداق، ئۇنى دېمىگەن.
— راست چىداملىق ئايال ئىكەنسىز. بىلەمسىز، مەن ئېرىد-

ڭىز تەرىپىدىن ئاشۇ ياتاقتا باشلانغان شۇ دەقىقىدە ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىم ئېسىمگە كەلدى. قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم، ئاياللىق ئار ـ نومۇسۇمنىڭ ئۆزۈم تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. ئايال كىشى ئۈچۈن ئېپپەت خارچىلىقىدىنمۇ ئېغىر ئازاب بولمىسا كېرەك. دەل شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلدى. ئىشىك چەككەن سىز ئىكەن-سىز، بۇنى كۆتكۈچى قىزدىن ئۇقتۇق. ئارقىڭىزدىن ئېرىڭىزمۇ كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ مەندىن كەچۈرۈم سورىشىنى ئۈمىد قىلات-تىم، خارلانغان ئىززىتىم ئېتىبارسىز تاشلىنىپ قالدى. توغرا، كىمدىن يامانلايمەن؟ بالدۇرراق ھوشۇمنى تاپمىغان ئۆزۈم تور-سام. ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى چېكىدىن ئاشقان يېقىنلىق-نىڭ ھامان شەھۋانىي ھەۋەسكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالىشىم كېرەك ئىدىغۇ؟

— راستىلا سىلەردە غەيرىي مۇناسىۋەت بولۇپ باقمىغانمۇ؟

— قەسەم قىلاي، ماڭا ئىشىنىڭ.

— ئۇنداقتا ئىككىڭلار ئوتتۇرىسىدىكى شۇقەدەر يېقىنچىلىق-نى نېمە دەپ چۈشىنىمەن؟

— مەن ئىقرار، ئېرىڭىز بىلەن تېلېفوندىلا ئەمەس، ئايرىم ئۇچرىشىپ سائەت ـ سائەتلەپ پاراڭلاشقىنىم راست. شۆھرەت سىزگىمۇ ئائىلىمىزدىكى ئىشلارنى دەپ بەرگەنىكەن. ماڭا ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشىمەسلىك كېلىۋەردى. شۆھرەت پەيدا قىلغان رەسۋاچىلىقنى ئەللىك مىڭ يۈەن بىلەن ياپتىم. بىراق، بۇنداق ئازابقا ئادەم بالىسىنىڭ بەرداشلىق بەرمىكى تەس ئىكەن، مەن پەقەتلا چىديالمىدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭغا پەقەتلا ئىش-شەنمەس بولدۇم. ھەممە ئىشلىرى گۇمانلىق تۇيۇلاتتى. ئاشۇ قا-باھەتلىك چۈشنى قايتا كۆرۈپ قالىدىغاندەك ۋەھىمە، ئەندىشە، گۇمان ئىچىدە ياشاپ نېرۋام بۇزۇلۇشقا باشلىدى، ئىچىمدىكى ھەسرىتىمنى بىراۋغا تۆكۈپ بوشانغۇم كېلەتتى. بىراق، قې-رىنداشلىرىمغا دېيەلمەيتتىم، دوستلىرىمغا ئېيتىمۇ دېگۈم يوق.

ئاياللارغا ئىشەنمەس بولۇپ كەتكەنىدىم، ئاياللار تەرىپىدىن بىگۇناھ ھاقارەتلىنىشىم زادىلا يۈرىكىمدىن چىقمايدۇ، توۋا دېگۈم كېلىدۇ. ئەرلەر خۇددى قىلغىنى دۇرۇس ئىشتەك ئاياللارغا بىدزىرىپ قارىشىدۇ. ئارقىمىزغا كىرىۋېلىپ ئىپپىتىمىزنى خارلىماقچى بولۇشىدۇ. بىراق، ئاياللىرىچۇ؟ ئۆز ئەرلىرىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنۇپ بارچە گۇناھنى بىگۇناھ ئايالغا يۈكلىمەكچى بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ خارلانغان، پايخان قىلىنغان غۇرۇرىنى، يارىماسلىقىنى يوشۇرماقچى بولۇشىدۇ. بىراق، بۇ قىلغانلىرى بىلەن ئەرلەرگە يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىپ، يەنىمۇ كۆپ ئاياللارنىڭ ئىپپەت خارچىلىقىغا قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قېلىدىشىنى ئويلىمايدۇ.

گۈلشەننىڭ كۆزلىرى سەسكىنىش، نەپرەت، ئۆچمەنلىك ۋە ئاللىقانداق بىر ئىپادىدە چاقناپ كەتتى.

— كىشىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. بۇنىڭ خاتىرجەملىكنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىزگە ياردىمى بولىدۇ.

— توغرا، مېنىڭ خاتاغا يول قويغانلىقىممۇ ھەممىگە بىر تەرەپلىمە قاراپ، كىشىلەرگە توغرا باھا بېرەلمىگەنلىكىم، سەممىي كۆز بىلەن قارىيالمىغانلىقىمدىن بولدى. ئىرادەم ھەقىقەتەن ئاجىز ئىكەن، شۇنداق قىلىپ ئېرىڭىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ماڭا ئەڭ ياققىنى شۇنچە بەردەم ئەرلىكىگە باقماي ئاق كۆڭۈللۈكى بولدى.

— شۇنچىلىك ئاددىيما؟

— شۇنداق، ماڭا دەل ئاق كۆڭۈل دىلكەش كېرەك ئىدى. بىز ئاياللار ئاجايىپ ئىنسان ئىكەنمىز، ئۆزىمىزنى ئەرلەر بىلەن باراۋەر دەيمىز ـ يۇ، ئۇلارنىڭ بىزنى ئاسرىشىنى، كۈتۈشىنى، قوغدىشىنى، قىسقىسى، بىزگە جان ـ دىلى بىلەن مەسئۇل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىكەنمىز ھەم مۇشۇ تەرەپتىن ئىختىيارسىز ئەرلەرگە باغلىنىپ قالىدىكەنمىز. ئۇلارنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى ھە-

قىقمي ئەركەكلىك دەپ قاراپ ھۆرمەت ئاتىقى بېرىدىكەنمىز. مۇھەببەت ھەممىگە قادىر. ئەرلەردىكى مۇشۇ تەرەپ مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسى بولماي نېمە؟

— دېگىنىڭىزچە بولغاندا، ئېرىمنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىز؟

— ياق، ياق، ئېرىمنىڭ سايىسىنى ئىزدىدىم، دېسەم ئەڭ توغرا بولىدۇ. شۆھرەتمۇ ئاشۇ مۇھەببىتى بىلەن مېنى چەكسىز بەختكە ئېرىشتۈرگەندى، كېيىن ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالدىم، بۇ پاتقاقتىن يەنىلا شۆھرەت قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

گۈلشەن ئىستاكاندىكى مېۋە شەربىتىنى قېنىپ ـ قېنىپ ئىچتى. ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرى باشقىچە نۇرلىنىپ كەتكەندى، ئۇ بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك قولىدىكى ئىستاكاننى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى ۋە ماڭا يۈزلەندى.

— ھە راست، ئېيتىشنى ئۇنتۇپتىمەن. شۆھرەت شاگىرتلىكىگە ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيەگە بارىدىكەن. ئائىلە بويىچە ماڭىدىغان بولدۇق. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ماڭا ياخشى پۇرسەت ئىكەن، ساياھەت سالامەتلىكىڭىزنى تەلتۆكۈس ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، دەيدۇ.

— قاچان ماڭىسىلەر؟

— ئەتە سەھەر ئۇچىمىز. ئۇزاقراق تۇرۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كېيىن شۆھرەتنىڭ خىزمىتى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئۆسكۈدەك ـ دە؟

— شۇنداق.

— مۇبارەك بولسۇن.

— رەھمەت، مېنىڭ ئالدىدا سىز بىلەن ئوچۇق ـ يورۇق پاراڭلىشىپ ئارىنى ئوچۇق قىلىۋېتەي، ھەممىمىز خاتىرجەم بولايلى دېدىم.

— توغرا قىپسىز، بىلىپ قېلىڭ، ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت مۇشۇنداق بولىدۇ.

— بۇنى سىزدىن ئۆگەندىم.

مەن گۈلشەن بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە قايتتىم. ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن شەپە چىقارماي ھۇجرامغا كىردىم. چىراغ ئۆچۈرۈلمىگەنىدى، ئېرىم ئۇخلاپ قالدىمۇ ياكى ئۇخلىمىدىمۇ، ئەيتاۋۇر تام تەرەپكە قاراپ ياتاتتى. بىردىنلا تومپۇچكا ئۇستىدىكى گۈلدانغا چىلانغان بىر قۇچاق ئەتىرگۈل دىققىتىمنى تارتتى. گۈلداننىڭ يېنىدا تۇرغان ئاغزى ئېچىقلىق قۇتىدا قىپقىزىل ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنىڭ جۇلاسى كۆزلىرىمنى چاقنىتىۋەتتى. ھە توغرا، ئېسىمگە كەلدى، بۈگۈن ئىككىمىزنىڭ يىگىرمە يىللىق قۇتلۇق توي خاتىرە كۈنىمىز ئەمەسمىدى؟

مەن ئەتىرگۈللەرنىڭ يۇمران بەرگىلىرىگە يۈزلىرىمنى يېقىپ گۈل ھىدىنى ھىدلىدىم. كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگەن ياش گۈل بەرگىدە شەبنەم كەبى يالتىرايتتى. ئۈزۈكنى ئاۋايلاپقىنا قولۇمغا سالدىم، ئۈزۈكنىڭ جۇلاسى ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ گۈل بەرگىلىرىنىڭ رەڭگىگە سىڭىشىپ كەتتى. شۇ دەقىقىدە ئېرىم مەن تەرەپكە ئۆرۈلۈپ قوپال يىرىك قوللىرى بىلەن قولۇمنى كاپپىدە تۇتتى ــ دە، مېنى باغرىغا تارتىپ چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئۇ دۇنيادىكى بارچە شېرىنلىكنى لەۋلىرىمدىن سۈمۈرۈۋالماقچى بولغاندەك قىلاتتى. يۈرىكىم ئېيتقۇسىز بىر خۇشلۇقتا تېپىرلاپ كەتتى.



# تاش شەھەردىكى ئايال

(پوۋېستلار)

پىلانلىغۇچى: ئادىلجان ئابدۇسالام
تۈزگۈچى: شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار ئەخەت
مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۈل ئابلىمىت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ يېبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 14.75
نەشرى: 2012 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2012 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 15446 - 3
باھاسى: 37.00 يۈەن